

جالالىدىن بەھرام

# ئامەت ۋە ئاپەت

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئامەت ۋە ئاپەت

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

ISBN 978-7-228-09910-8

9 787228 099108 >

www.uyghurkitap.com

ھازىر زەھەرلىك چېكىملىك ياشلىرىمىزدا بارغانسېرى ئېغىر ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلانماقتا. بۇ ئاپەت خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدى بولغان ياشلارنى بەختسىزلەر، مەھبۇسلار، ساراڭلار، جەسەتلەر لاگېرىغا ئىتتىرمەكتە. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، مىللەتنى يالغۇز توپ - زەمبىرەكلا ئەمەس، چې - كىملىك نەيچىسى، ئېچىملىك رومكىسى بىلەن بۇزۇقچىلىقمۇ خار - زەبۇن قىلالايدۇ !

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

جالالىدىن بەھرام

# ئامەت ۋە ئاپەت

بىرىنچى توم

( رومان )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

福与祸. 上册/加拉力丁著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.3（2015.5 重印）

ISBN 978-7-228-09910-8

Ⅰ.福… Ⅱ.加… Ⅲ.长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第019122号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 责任校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 米尔扎提·阿布都拉·塔吉 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 16.125 |
| 插　　页 | 4 |
| 版　　次 | 2006年4月第1版 |
| 印　　次 | 2015年5月第9次印刷 |
| 印　　数 | 38001-41000 |
| 定　　价 | 33.00 元 |



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

... ئوتتۇز ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ، يۈز يىللىق ھايات قىسمەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن «ئا . ئا...»غا بې-غىشلايمەن...

— ئاپتوردىن

مەن بېشىمدىن ئۆتكەن ئون نەچچە يىللىق كەچۈر-مىشلىرىمنى جالالىدىن بەھرامغا سۆزلەپ بېرىشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم . بۈگۈن بۇ ئارزۇيۇمغا يەتتىم... ئىچىمگە ئۇيۇپ كەتكەن نادامەت تاغلىرى گويا ئېرىپ كەتكەندەك بولدى . گەرچە سۆزلە-گەنلىرىم ئىلگىرى - كېيىن ، ئېگىز - پەس بولسىمۇ ، ئالتۇن قازغۇچىلار قۇمدىنمۇ كېپەك ئالتۇننى ئايرىپ ئالالايدىغۇ ! يازغۇچىغا ئۇشۇقچە تەلەپ - ئىلتىماسلىرىم يوق ، پەقەت قەلىمىدىن بۇرۇنقىدەكلا چىنلىق ھەم سەمە-مىيلىك شەربەتلىرى تامسا ، مەندە ھېچقانداق ئارمان قالمايتتى ، شۇنداقلا ھايات قىسمەتلىرىم قۇرداشلىرىمغا ، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمغا ھەم بارلىق زەھەر ئاشنالىرىغا زەررىچە ساۋاق بولالىسا ، خەلقىم ئالدىدا ئىنسانلىق بۇر-چۇمنى ئادا قىلالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنەتتىم...

ئا . ئا... دىن

2005 - يىلى 23 - يانۋار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........................................ 1

ئىككىنچى باب ........................................ 23

ئۈچىنچى باب ........................................ 45

تۆتىنچى باب ........................................ 66

بەشىنچى باب ........................................ 84

ئالتىنچى باب ........................................ 101

يەتتىنچى باب ........................................ 135

سەككىزىنچى باب ........................................ 158

توققۇزىنچى باب ........................................ 188

ئونىنچى باب ........................................ 214

ئون بىرىنچى باب ........................................ 249

ئون ئىككىنچى باب ........................................ 281

ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 315

ئون تۆتىنچى باب ........................................ 345

ئون بەشىنچى باب ........................................ 362

ئون ئالتىنچى باب ........................................ 390

ئون يەتتىنچى باب ........................................ 414

ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 441

ئون توققۇزىنچى باب ........................................ 477

www.uyghurkitap.com


يىگىرمىنچى باب ............................ 491

يىگىرمە بىرىنچى باب ............................ 511

يىگىرمە ئىككىنچى باب ............................ 532

يىگىرمە ئۈچىنچى باب ............................ 568

يىگىرمە تۆتىنچى باب ............................ 590

يىگىرمە بەشىنچى باب ............................ 613

يىگىرمە ئالتىنچى باب ............................ 624

يىگىرمە يەتتىنچى باب ............................ 648

يىگىرمە سەككىزىنچى باب ............................ 680

يىگىرمە توققۇزىنچى باب ............................ 705

ئوتتۇزىنچى باب ............................ 738

ئوتتۇز بىرىنچى باب ............................ 762

ئوتتۇز ئىككىنچى باب ............................ 782

ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ............................ 798

ئوتتۇز تۆتىنچى باب ............................ 831

ئوتتۇز بەشىنچى باب ............................ 861

ئوتتۇز ئالتىنچى باب ............................ 893

ئوتتۇز يەتتىنچى باب ............................ 900

ئوتتۇز سەككىزىنچى باب ............................ 926

ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ............................ 960

قىرىقىنچى باب ............................ 976

خاتىمە ............................ 1011

# بىرىنچى باب

— قەدىردان ، مۇنداق قىلە ، قۇلىقىڭنىڭ ئارقىسىنى كۆرۈپ باقاي ...

— تۇتما جۇمۇ ، ئاغرىيدۇ .

— ۋاييەي ، قۇلىقىڭنىڭ يېرىلىپ كەتكەن يېرى قاقاچ باغلاپ كېتىپتۇ...

— مۇئەللىم قۇلىقىمنى يۇلۇپ پىرقىرانقىلى تۇرسا ، سەن نېمىگە چىرقىراپ يۈرىسەن ؟

— قۇلىقىڭنىڭ ئارقىسىدىن قان شۇرقىراپ ئاققاندىن كېيىن قورقتۇم ـ دە...

— ھەي مەدىنە ، سەن چىرقىراپ كەتكەندە ، بىرى بىر نېمە دېۋىدى ، ھەممە باللار كۈلۈشۈپ كەتتىغۇ ؟

— سەن داۋاملىق چېچىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە چىگىپ قويىدىغان سائادەت قارا مەدەك بولمامدۇ . بېشىڭنى يەيدىغان سوبو : «ئېشەكنى ئۇرساڭ ، قېچىر ئۈركۈيدۇ... » دەۋاتامدۇ...— مەدىنەنىڭ سۆتەك ئاق ، بېجىردىم چىرايى ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى .

— ئۇ نېمە دېگىنى ئەمدى ، كۈلۈشۈپ كەتكۈدەكمۇ گەپ ئەمەسكەنغۇ ؟

— ھەي پەپىلىقۇش دېۋەك ، شۇنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىدىڭما ؟ بىرىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا ، يەنە بىرىنىڭ تۇيىقى سىرقىرايدۇ ، دەپ ئۆزىچە ئىككىمىزنى چاپلاپ كەتكىنى ئۇ...

— چاپلىسا چاپلاۋەرسۇن ، مەن چوڭ بولغاندا سېنى ئالماقچى بولغانغۇ...

— ۋىيەي ما قېلىنىنى ، كىچىك چاغلىرىمىزدىكى «ئاغىچا

www.uyghurkitap.com

ئايلام»نى راست دەپ قالدىڭما؟

— ئەمىسە ماڭا تەگكۈك يوقما؟

— بولدى قىلە، ئادەمنىڭ ئۇياتقۇسىنى كەلتۈرۈپ، ئۇقۇماي ئۈرۈمچىگە كېتىدىغان بوپسەن ـ ھە؟ توۋا، مانىڭ قاراملىقىنى!

— «ئەمدى ئۇقۇمايمەن» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتىم، دادام بىلەن ئانام ھېچنېمە قىلالمىدى. نەق شۇ چاغدا «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ باشلىقى ئابلىز ئىمىن دېگەن ئادەم كىرىپ قالدى، ئۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، بىزنىڭ «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»مىزنىڭ قارىمىقىدىكى مېھمانخانىنىڭ رېستورانىغا ئاشپەز لازىم، قەدىردانىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ ئاشپەزلىك كۇرسىغا بېرەيلى، دېۋىدى، ئۆيدىكىلەرمۇ ئامالسىزلىقتىن ماقۇل دېدى.

مەدىنە چىمچىلاق قولىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئۇزۇن جىمىپ كەتتى.

قەدىردان بىلەن مەدىنە بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ بىر كوچىدا بىللە ئويناپ چوڭ بولغان باللار. مەدىنەنىڭ دادىسى ئابدۇسالام، ئانىسى ئەلانۇر ئاتىسا ئاتىقى، تۇتسا سېپى بار نامى يوللۇق دوختۇرلاردىن ئىدى. تۇغۇت دوختۇرى ئەلانۇر قەدىردانىنى تۇغدۇرۇپ تۆت ئاي تۆت كۈن بولغاندا مەدىنەنى تۇغدى. قەدىردان بىلەن مەدىنە خۇددى ئاكا ـ سىڭىللاردەك چوڭ بولدى. ئۇلار كوچىدا باللار بىلەن ئويىنغىلى تۇرسا، خەقلەر ئۇلارنى: «چىلگە باشلار» دەپ قويۇشاتتى. دېمىسىمۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ سىيرىپ چۇشۇرۇۋەتكەن تاقىر بېشى دۇپدۇگىلەك بولۇپ، مەدىنەنىڭ چوققىسىدىكى ئىنچىكە ئۆرۈپ قويغان بىر تۇتام چېچى چاشقان قۇيرۇقىدەك قۇلىقىدا پىلدىرلاپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. قەدىردانىنىڭ كۆكىرىپ تۇرغان تاقىر بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى «نىياز چېچى» نىمۇ ئۆرۈپ قويغاچقا، گەجگىسىگە كەندىر چىگىسى ئېسىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا، باللار مەدىنەنى: «چوقاباش» دەپ چاقىرسا، قەدىردانىنى: «گەجگەمباش» دەپ، چېچىنى تارتىپ ئوينىشاتتى...

خەيرىيەت ، ئۇلار 1 ـ سىنىپتىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققۇچە-لىك بىر سىنىپتا ، بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇشتى . مەدىنە تال چىۋىقتەك نازۇك ، خۇش پېئىل ، ئاق كۆڭۈل ، سەممىي قىز بولدى . قەدىردان ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ، شاھ مەھەم-مەتنىڭ مەدداھلىق رىۋايەتلىرىدە تەسۋىرلەنگەن قاشلىرى بىلەك-تەك ، كۆزلىرى جامدەك ، كۆكرەكلىرى دىۋىدەك ، بويى ئۆسكەن-لەڭ بالا بولدى . قەدىرداننىڭ سۆز ـ ھەرىكەت ، يۈرۈش ـ تۇ-رۇش ، مۇئامىلىلىرىدىن قورقۇمسىزلىقى ، تەۋەككۇلچىلىكى ، كەسكىنلىكى چىقىپلا تۇراتتى . ئۇنىڭ 7 ـ سىنىپنى پۈتكۈزمەي چىقىپ كېتىشىگىمۇ ئاشۇ چۇس مىجەزى سەۋەب بولغانىدى . ھەپتە ئالدىدا ، قەدىردان دەرس ئاڭلاۋېتىپ ئارقىسىدىكى بالىنىڭ سىياھ قۇتىسىنى ئەمدىلا ئېلىپ تۇرۇشى ، مۇئەللىم بورنى ئۇنىڭغا ئاتتى . بور ئۇنىڭ پېشانىسىگە «تاقلا» قىلىپ تېگىشى ، بالىلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى .

— دەرس ۋاقتىدا نېمىگە ئارقاڭغا قارايسەن ؟

— مۇئەللىم ، قەلىمىمنىڭ رېڭى قالماپتىكەن ، — بالىلارنىڭ كۈلكىسىدىن قىزىرىپ كەتكەن قەدىردان ئاچچىقنى ئارانلا بېسىۋالدى ، — ئادەمگە بور ئېتىپ...

— ۋۇي ، كۆرۈك توخۇدەك ھۈرپىيىسەنغۇ ؟ — ماتېماتىكا مۇئەللىمى تاقىلداپ يېتىپ كەلدى ، — ماڭا قىلىدىغان گېپىڭمۇ بار ئوخشىمامدۇ ؟

— قەلەمدە رەڭ بولمىسا دەرسلەرنى نېمىدە يازىمەن ؟ يازمى-سام ، پۈتلىرىدىكى مايماق كەپشلىرىنى ئاتالا...

بىر سىنىپ بالا پاراقلاپ كۈلۈشتى ، ئىزا تارتقىنىدىن بويۇن-لىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن مۇئەللىم ئېتىلىپ كەلگەنچە قەدىردان-نىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى . ئەمما ، مـۇئەللىـم دوسكا ئـالدىغا كېلەر ـ كەلمەي ئارقىسىدىن ئۇچۇپ كەلگەن سىياھ قۇتىسى ئۇنىڭ ئاپپاق كۆڭلىكىنى كۆپكۆك بويىۋەتتى . غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن مۇئەللىم قەدىرداننىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ چاقپەلەكتەك پىر-

www.uyghurkitap.com

قىرىتىۋەردى ، مەدىنە قاتتىق چىرقىرىۋەتتى شۇ چاغدىلا قولاق ئارقىسىدىن يامراپ چىققان قان بويۇن ھەم ياقىلارنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن مۇئەللىم ئەندىكىپ قەدىردانىڭ قولىنى قويۇۋەتتى...

مانا قەدىردان مەكتەپكە كەلمىگەن ھەپتىدىن بېرى ، مەدىنە ئۇچۇن مەكتەپ ئىچى چۆلدەرەپ قالغاندەك بىلىندى . ئۇ يوللارغا ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ قارايتتى ، ئەتىگەندە مەكتەپكە ماڭغاندا تاھىيەلىك پارتكوم قورۇسىغا كۆز تىكەتتى . قىسقىسى ، قەدىردانسىز بۇ كۈنلەردە ئۇ چۈشەكىگەندەك گاراڭ بولۇپ يۈردى... توۋا ، چوققىسىدا چاشقان قۇيرۇقىدەك ئىنچىكە ئۆرۈمە چېچى ، گەجگىسىدە كەندىر چىگىسىدەك نىياز چېچى قويۇۋالغان بۇ «چىلگە باشلار »نىڭ ئەمدىلىكتە بىر - بىرىنى كىنەيدىغان ، كۆرمىسە كۆرگۈسى كېلىدىغان ئۆسمۈرلۈك باغلىرىغا قەدەم ئېلىشىنى كىم ئويلىغان ؟ تېخى ئۆزئارا تەكەللۇپ قىلىشىپ كېتىشلىرىچۇ ... مانا ھەش - پەش دېگۈچە بالىلىق كۆكلەمنى ئۆزىتىپ قويۇپ ، ھەر ئۇچراشقاندا بىر - بىرىگە «كۆز سالدىمى» قىلىدىغان ، بىر - بىرىنى باشقىلاردىن قىزغىنىدىغان ، يۈرەككە تالىق گەپ - سۆزلەردىن قىزىرىدىغان بولۇپ قېلىشتى ... مەدىنە بىرەر ئوغۇل بالا بىلەن ئۆزاقراق مۇڭدىشىپ قالسا ، قەدىردان نەچچە كۈنگىچە كۆڭلىدە باتناپ قالاتتى . ئەگەر قەدىردان قىزلار ئىچىدە ئۆزىنى كۆرسىتىپ ، كۈلكە - ھەزىل قىلىپ قالسا ، مەدىنە كۆڭلى غەش ھالدا بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرەتتى ياكى قارا قېشىنى يىمىرىپ ، تۇمشۇقىنى دومسايتىپ تاتلىققىنا زەردە قىلىۋالاتتى ، تېخى قەدىردانىنى بىرەر - ئىككى كۈن كۆرمەي قالسا ، «كىم بىلەن چاتاقلىشىپ يۈرىدىغاندۇ ؟ » دەپ ، كۆڭلىنىڭ ئەلەمزەدە بولۇپ كېتىشلىرىچۇ تېخى... مەدىنە قەدىردانىنىڭ ئوغۇل بالىلاردا كەم تېپىلىدىغان قاملاشقان سىن - سىپاتىدىن زوقلىناتتى ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە ھەۋەس قىلاتتى ، كەلگۈسىدىكى بىر كۈنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە ، كۆڭلى مېھىر ۋە لەززەتكە تولاتتى...

مەدىنە بۈگۈن ئەتىگەن ساۋاقداشلىرىدىن قەدىردانىنىڭ ئۈرۈم-
چىگە كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قانداقتۇر بىر نەرسە يۈرىكىگە
غاسسىدە سانجىلغاندەك بولدى. ئۇ مۇئەللىمدىن «ئاشقازىنىم قات-
تىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ رۇخسەت ئالدى - دە، ئۇدۇل
ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئالدىغا كەلدى. «يې-
زا خىزمىتى بۆلۈمى»، «تەشۋىقات بۆلۈمى»، «خەلق ئىشلار
بۆلۈمى» قاتارلىق بۆلۈملەرنىڭ بوجاڭلىرى ئۈچۈن بىر يو-
رۇش ئايرىم - ئايرىم قورۇلار خۇددى تىزىپ قويغان چاقماق
قەنتتەك قاتىرىسىغا سېلىنغانىدى. تال - بوستانلىق، نادىر -
ئەتىۋارلىق گۈل - گىياھلار ئېچىلىپ كەتكەن، تاملىرى ناۋات
رەڭ چاقچۇق بىلەن بېزەلگەن ئەڭ چەتتىكى قورۇدا «تەشكىلات
بۆلۈمى» باشلىقى ئاباس بوجاڭ ئولتۇراتتى. ناھىيەلىك پارتكوم
بويىچە «تەشكىلات بۆلۈمى» باشلىقى ئاباس بوجاڭنىڭ ھۆرمەت-
ئىناۋىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى خەيرىگۈل بولسا
ئوقۇتقۇچىلار سېپىدە بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلىگەن داڭلىق ماتېما-
تىكا مۇتەخەسسىسى، دەپ تەرىپلىنەتتى.

ئۆيگە كىرىشتىن خىجىل بولغان مەدىنە قەدىردانىنىڭ چىقىپ
قېلىشىنى كۈتۈپ، ناھىيەلىك پارتكوم ئائىلىلىكلەر قورۇسى دەر-
ۋازىسى ئالدىدا ساقلاۋاتقان مۇشۇ دەقىقىدە، «ئەمگەك مۇلازىمەت
شىركىتى» قارىمىقىدىكى «ياشلار بىناسى»نىڭ دىرېكتورى ئوبۇل-
ھەسەن قەدىردانىنى ئۈرۈمچىگە ئاشپەزلىك ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەۋە-
تىش توغرۇلۇق ئاباس بوجاڭنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بولۇپ، ئۆ-
زىنىڭ ھال - ئەھۋالى ئۈستىدە داد ئېيتىۋاتاتتى. لېكىن، ئىچ-
كەركى ئۆيدە كىتاب كۆرۈۋاتقان قەدىردانىنىڭ كۆزى كىتاب سەھى-
پىلىرىدە بولسىمۇ، قۇلىقى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە ئىدى.

— 700 توننىدىن ئارتۇق! — دېدى ئاباس بوجاڭ ئېغىر
تەلەپپۇزدا، — قۇرۇق يەل - يېمىشنى نېمانچە يىغىۋالغان؟

— قانداق قىلىمەن، «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى» يۇقى-
رىدىن تەقسىم قىلغان ئوقۇغۇچى ياكى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى-

نىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، باللىرى بولسۇن، ھەممىنى مېنىڭ تارماقلىرىمغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مەن ئۇلارنى بېقىشىم كېرەك، ئە-دە... شۇڭا ھەرخىل ئامال - چارىلەرنى قىلىۋاتىمەن.

— قۇرۇق يەل - يېمىش نەم ئامبارلاردا تۇرۇۋەرسە بۇزۇلىدۇ، — دېدى ئابباس خاپا بولغان ئاھاڭدا، — بۇ... بۇ قىپقىزىل زىيان - دە! شۇڭا بۇ 700 تونىنا بىر نېمىنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋەت...

— بولىدۇ، بۇجاڭ، بولىدۇ... مەن ئۇنىڭ كويىدا بولاي.

— كويىدا بولۇش بىلەن ئىش تاڭاتمايدۇ. توپ ئالىدىغان يەرلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، دەرھال ئالاقىلەشكىن، بولامدۇ؟

— خوش... خوش... بۇجاڭ... ئەمىسە مەن چىقاي...

— توختا، مەنمۇ ئىدارىگە بارىمەن، ئىككىمىز بىللە چىقىپ كېتىلى.

ئابباس بۇجاڭ چاپىنىنى، ئايىغىنى كىيىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، دەرۋازا ئالدىدا قەدىردانىنى ساقلاۋاتقان مەدىنە جىددىيلىشىپ، ئۇ-ياقتىن - بۇياققا مېڭىپ هويلا ئىچىگە قارىماقتا ئىدى. ئۇ تاقەتسىزلىنىپ: «بېشىڭنى يەيدىغان جۇۋاينىمەك كەتكۈر تەرسا، ئۇ-زىنى ئەجەب ئەتىۋار قىلدا...» دەپ تۇمشۇقىنى بىر ئەپلىك دومساي-تىپ تىللاپ تۇرۇشى، ئابباس بىلەن ئوبۇلھەسەن قولتۇقىغا پوپكى-لىرىنى قىستۇرغان هالدا هويلىدا كۆرۈندى، ئۇلارنىڭ مېڭىش يۆنىلىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، دەرۋازا ئالدىدا توختاشتى. 44 - 45 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئابباس ئوتتۇرا بوي، تەمبەل، قىزىتىلغان مىس تەلەڭگىدەك قىزغۇچ قارىراق، دۇپدۇگىلەك يۈ-زى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ياشلىقىدىن تارتىپ ئىغىر - بېسىق، سالماق، كەم سۆز بولغاچقىمۇ، گەپ قىلغاندا تەمكىن، ھەربىر سۆزنى خۇددى تارازىدا ئۆلچەۋاتقاندەك ئالدىرىماي قىلاتتى.

— ئوبۇلھەسەن، — دېدى ئاببا ئىغىر تەلەپپۇزدا، — ئەمدىلا 14 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بالىنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ، پۇل تۆلەپ قىلغانىغا تۇشلۇق بىر نېمە ئۆگىنەلەرمۇ؟

— ئابباس بۇجاڭ ، خاتىرجەم بولسىلا ، — ئوبۇلھەسەن ئو-رۇق ، ئۇچلۇق ئېڭەكلىرىنى سىلاپ قويىدى ، — قەدىردان ئالدى-مىزدا چوڭ بولغان بالا ، ئۇنىڭ قانچە جىڭ ، نەچچە سەر كېلىدىغان-لىقى ئۆزۈمگە ئايان ، ئۇ چوقۇم ياخشى ئۆگىنەلەيدۇ…

— «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ باشلىقى ئابلىز ئە-مىنمۇ ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ قەدىردانىنى ماختاۋاتىدۇ . ھەي تاڭەي… بۇ بىر قارام ، تەۋەككۇلچى بالا… تېخى ئويۇن باللىرى - دە…

— ئا بۇجاڭ ، ئاشۇنداق قارام ، تەۋەككۇلچى ، باشقىلاردا يوق خاسلىققا ئىگە باللار ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ نوچىلىرى ، ئۇچار دۇلدۇللىرى ، سەرخىل سەردارلىرى بولىدۇ دېسىلە…

— ھەي بولدى ، بولدى ، سىلەرگە گەپ تۇشاتقىلى بول-مايدۇ … ھەر ھالدا كۆز - قولاق بولۇڭلار ، ھە ، ئۇنى ئۇرۇمچىگە كىم ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماقچى ؟

— «شىنجاڭ مېھمانخانىسى» بىلەن ئالاقىلىشىپ بولدۇق . «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ سەيگۈيۈەنى جاپپار ھاجىمغا ئىككى ماشىنا گۆلە - قاق بېسىپ بېرىمەن ، شۇنى ساتقاچ قەدىر-داننى بىللە ئەكىتىدىغان بولدى .

— قەدىردانىمىڭ رەسمىيىتىچۇ ؟

— «شىنجاڭ مېھمانخانىسى» ئاشپەزلىك كۇرسىنىڭ ئالتە ئايلىقى ئۈچۈن 2000 يۈەن تۆلەيدىغان بولدۇق…

— 2000 يۈەننى مەن بېرەي ، — دېدى ئابباس بۇجاڭ يولغا راۋان بولۇپ ، — بولمىسا قەدىردانىنى ئەۋەتمەيمەن .

ئوبۇلھەسەن قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى ، ئابباسنىڭ ئارقىسىدىن بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ ، ئۇمۇ ئۆز يولىغا ماڭدى . دەرەخ ئارقىسىدا ھەممە گەپنى ئاڭلىغان مەدىنە يۈرىكى پۇچىلانغان ھالدا كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى ، قەدىردان يۈگۈرۈپ چىقىپ قال-دى . بىردىنلا يۈرىكى سىيلىپ كەتكەن مەدىنە ئاستا تولغىدى :

— قەدىردان !

— ھۆي مەدىنە ، بۇ يەردە تۇرىسەنغۇ ، مەكتەپكە بارمىدىڭما ؟

— رۇخسەت سورىغان .

— نېمىشقا ؟

— سىنىڭ بىلەن كۆرۈشەي دەپ...

مەنمۇ شۇ تۇرقۇمدا سىنى ئىزدەپ مەكتەپكە ماڭغان...

— ئەمىسە يۈر ، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ بېغىغا كىرەيلى .

— ھەي ، ئەڭ ياخشىسى كوئېنلۇن باغچىسى...

كوئېنلۇن باغچىسى شەھەرنىڭ سىرتىدىراق بولسىمۇ ، ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى . بۇ باغچە 60 ـ يىللاردا «كوئېنلۇن سۇ ئامبىرى» دەپ ئاتالغان ، ئەتراپلىرى قومۇش ، يېكەن ھەم كۆچەتلەر بىلەن قاپلانغان ئاجايىپ زور كۆل ئىدى . ئىسلاھاتتىن كېيىنلا بۇ كۆلنىڭ ئەتراپلىرى قورشىلىپ ، راۋاق ، شىپاڭ ۋە ھەر خىل دەم ئېلىش ئەسلىھەلىرى ياسىلىپ ، بارا ـ بارا باغچىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . قەدىردان بىلەن مەدىنە كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېگىز ھەم قېلىن ئۆسكەن يېكەنلىك ئىچىدىكى دەم ئېلىش سۇپىسىغا كېتىشتى ... زېھنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ ئىككى ئۆسمۈرنىڭ تومتاقلا باشلانغان سۆھبىتىنىڭ ئاخىرىغا قىزىقماي قالمايدۇ ، دەپ ئويلايمەن . قېنى ھەممىمىز ئۇلارنى ئۇركۇتۇۋەتمەي ماراپ باقايلى...

قەدىردان بىلەن مەدىنەنىڭ مۇڭدىشىۋاتقىنىغا بىر سائەتتىن ئېشىپ قالدى . قەدىرداننىڭ مەدىنەنى ئىزدەپ مەكتەپكە مېڭىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى . بۈگۈن ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئاتىسى ئابباس بوجاڭ ئايالى خەيرىنگۈلگە ، دوختۇر ئابدۇسالام بىلەن ئەلانۇرنىڭ تۇركىيەگە چىقىپ كېتىش ئۈچۈن بەزى رەسمىيەتلەرنى ئۆتەگەنلىكىنى دەپ بەردى... «ئالتە ئايغىچە مەدىنەنى كۆرمەي چىدىغىلى بولارمۇ ؟ !» دەپ سارامسىمىگە چۈشۈپ قالغان قەدىردان ئۈچۈن بۇ خەۋەر خۇددى «تېرىق پاتمىغان گېلىمغا ئات كاللىسى غولدۇر ـ غوپ» دېگەندەكلا بولدى . شۇڭا ، ئۇ باياتىن بىرى بۇ توغرۇلۇق مەدىنەنىڭ گەپ ئېچىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ ، بىراق بۇ قىز قەدىرداننىڭ

ئۇرۇمچىگە بېرىشنى توسۇش ئۈچۈنلا باغچىغا كەلگەندەك قىلاتتى .

— ھەي ، — دېدى قەدىردان چوڭ كۆزلىرىنى ئالايتىپ ، — مەنغۇ ئۇرۇمچىگە بارسام ئالتە ئايدا قايتىپ كېلىمەن ، لېكىن سەن بارسا كەلمەس يەرگە كېتىدىغان تۇرۇقلۇقمۇ ، زۇۋانىڭنى ئېچىپ «مۇ ...» دەپ مۆرەپمۇ قويمايسىنا .

— ۋاي خۇدايىم ، سەنمۇ ئاڭلاپسەن - دە ؟ ئەسلىدە ساڭا قانداق چۈشەندۈرەرمەن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم ، — مەدىنە دىمىققاندەك بولۇپ يەرگە قارىدى ، — ھەممىنى قىلغان تۇركىيەدىكى چوڭ دادام ، ئۇ : «بۇ يەردە دوختۇرخانا ئاچساڭلار ، مىليونېر بولۇپ كېتىسىلەر... ئۇ نېمەڭلار بولىدۇ ، بۇ نېمەڭلار بولىدۇ ...» دەپ قىزىقتۇرۇپ... لېكىن مەن... دوختۇرلۇقتا... ئازراق ئوقۇۋېلىپ قايتىپ كېلىمەن... راست ، سەن ماڭا ئىشەنگىن... چوقۇم... چوقۇم...

بولدى ، گەپ ئەگىتىپ زورۇقمايلا قوي ، — قەدىردان ئاچچىقىدا ۋارقىرىۋەتتى ، — ئەمدى بىزنىڭ كۆرۈشمىكىمىز ئاسمانىدىكى غازنىڭ شورپىسى ، ئۇقتۇڭما ؟

— نېمە پەيلىڭنى بۇزىسەن ؟ — قىز مىچىچىدە يىغلىۋەتتى ، — سېنىڭ خىيالىڭچە ، بىز ئۆمۈرۋاقى كۆرۈشەلمەيدىكەنمىز - دە ... كۆرۈپتۇر ، ئاشۇنداق دېگىنىڭگە ، ئۆمىلەپ بولسىمۇ يېنىپ كەلمىسەم ...

— پاھ ، پاھ ، يېنىپ كېلىمىش تېخى ، — قەدىردان ئاچچىقىنى قىزدىن چىقىرىۋاتاتتى ، — ئۇ دېگەن قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئەمەس ... تېلېۋىزوردا كۆرگەن ھەشەم - دەرەملىك ئۆيۈنلارغا پىشىپ قېلىپ ، يۇرتۇڭنىمۇ ئۇنتارسەن ؟

— تولا يېغىرىمنى ئاچىمىغىنا ، — قىز ئېسەدەپ كەتتى ، — ئۆز يۇرتىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ ؟ مومام رەھمەتلىكمۇ : «تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ تورغىيىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ» دەيدىغان .

قەدىردان قىزنىڭ ئەجەب مىسكىن ھالىنى كۆرۈپ تەرەپبال

www.uyghurkitap.com

ئىچى ئاغرىپ قالدى . ئەمدى ئۇنىڭغا قىيىداپ تاۋان تاشلىغانىنىڭ پايدىسى نېمە؟ ئۇنىڭ ئامالى قانچە؟ ھەممىنى قىلىۋاتقانلار پۇلغا تويماس چوڭلار تۇرسا... پۇل دېسە ، ئانىسىنىڭ بىجىقتىنى كېسىپ كېلىدىغان ئادەملەر نېمانداق كۆپىيىپ كەتكەندۇ؟ مانا مەدىنەمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ زورى بىلەن كېتىۋاتامدۇ ... راست ، ئۇنىڭ يىغىرىنى تاتلاپ ئازابلىسام ، مەن قانداقمۇ ئادەم بولاي ... ئۇ قىز ... ئۇ قىز ... راستتىنلا بەك بىچارە...

— قاچان ماڭىسىلەركەن؟ — قەدىردان ئەندىكىپ سورىدى ، — خاپا بولما ، بايا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ ...

— ھېچقىسى يوق ، — مەدىنە ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە قەدىردانغا ئېسىلدى ، — ئامالىم يوق... قەدىردان ، راستتىنلا ئامالىم يوق...

— بولدى يىغلىمىغىنا ، سەن يىغلىساڭ ، مېنىڭمۇ يىغلىغۇم كېلىدىكەن ... — قەدىردان ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئەپقاچتى ، — ئەمدى كۆچۈپلا بىر ۋىراقى كېتەمسىلەر؟

مەدىنە «ھەئە» دېيىشكە تىلى بارماي ، بېشىنى سىلكىدى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قەدىردانىڭ يۈرىكى ئېچىشتى ... راست ، ئېيتقۇسىز ئېچىشتى ... مەدىنەنىڭ يۇمران ، پاك يۈزلىرىنى سۆيۈپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرى خۇددى گۈل بەرگلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان شەبنەمنى ئەسلىتەتتى... توۋا ، ياندىكى تاشنىڭ قەدرى يوق ، دېگەندەك ، بۇ قىزنىڭ بۇنچىلىك لاتاپەتلىك ، ئۆز ھەم مېھىر - شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى قەدىردان نېمىشقا سەزمىگەن بولغىيدى؟ ئۇنىڭ ئەمدىلا بىلىگە چۈشكەن قاپقارا چاچلىرىنى ئەپچىل ئۆرۈپ ، ياسىنىپ - تارىنىپ يۈرۈشلىرى ، ھېلىقى گېپى سېسىق سائادەتنى : «ئۆلگۈر يەكپاي كەپىش» دەپ قىزغىنىشلىرى ، «غەلىتە خۇيۇڭ بار دە» دېگەن چاغدىكى تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ دومسىيىپ قويۇشلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىردان ئۈچۈن ئەمەسمىدى... بۇ قارام ، تەۋەككۇلچى ، قوپال جىسىم يۈرەكنى ئەركىلىتىدىغان ، سىلاپ تۇرۇپ يىغلىتىدىغان ، بۇلبۇلدەك سايرىتىپ ، ئانا تۆگىدەك بوزلىتىدى.

غان، نازۇك، شېرىن ـ شەربەت ئىما ـ ئىشارىلەرنى ئەجەب سىنەكىمەي ئۆتكۈزۈۋېتىپتىما! راست، ئۇ... ئۇ نېمىدېگەن دۆت! ئەسلىدە مۇھەببەت دېگەن شۇ ئىكەن ـ دە... تېخى: «سېغىنىپ كەتسەم قانداق قىلارمەن؟» دېگەنىنىڭ ئۆزىمۇ يەنىلا مۇھەببەت ئىكەن ئەمەسمۇ؟! ئەمما بۇ تاتلىق ھەم ھەسرەتلىك تۇيغۇلارنى مەدىنە ئۇنىڭدىن بالدۇرراق ھېس قىلغانىكەن! دۇنيادا ئۇنىڭدەك چىن ئەقىللىق قىز يوقتۇ! يورۇقلاش دەريا ۋادىلىرىنىڭ جەننەت-تەك ساھىللىرىنى ھەرقانچە مالتىلاپ، مەدىنەدەك يەنە بىر قىزنى تاپقىلى بولماس...

— قەدىردان، گەپ قىلمايسەنغۇ، — مەدىنە يۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ جىمىپ كەتكەن قەدىردانغا سۆزۋۇندى، — ئايرىلىدىغان چې-غىمىزدا بىرەر ئېغىز گېپىڭ يوقما؟

— بارسا كەلمەس يەرگە كېتىۋاتساڭ، ساڭا نېمىمۇ دەيمەن؟ — قەدىردانىنىڭ ئاۋازى خۇددى يىغلىغاندەك غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقتى، — ئەمدى ھەرقانداق ۋەدە، قەسەميادلارنىڭ ئورنى قالمىدى ـ دە!

— ئەڭ بولمىسا، — قىز تەتۈر قارىۋالدى، — «سېنى ياخشى كۆرەتتىم» دېگەن بىر ئېغىز سۆزۈڭنى ئاڭلىۋالغۇم بار ئىدى...

— ئۇنداق... دېسەم... — قەدىردان دىمىقىدا سوغۇققىنا كۈلدى ـ يۇ، كۆزلىرى لىپمۇلىپ ياشقا تولدى، — يۈرىكىم تېخىمۇ ئېچىشىپ كېتەر...

قىز يىغلىۋەتتى، ئەمما قەدىردان ئۇنىڭ قولىدىن تارتقانچە باغرىغا باستى، ئاندىن ئالۇچىدەك رەڭدار، يۇمران، كىچىك لەۋ-لەرگە يۇمشاق تۇك قاپلىغان لەۋلىرىنى ئاستا بېسىپ، ھايال ئۆتمەيلا تارتىۋالدى... لېكىن ئۇ تۇنجى قېتىم قىز لەۋلىرىدىن ئىچكەن بۇ سۆيگۈ شەربىتىنىڭ ئادەمنى بىھوش قىلىدىغان لەززىتى-نىڭ نەقەدەر شېرىن ھەم باھاسىز ئىكەنلىكىنىڭ قەدرىگە ئانچە يېتەلمىدى!

— قەدىردان، — دېدى تۇنجى سۆيۈشنىڭ لەززىتىدىن ھايا-

جانلانغان قىز ، — ئۆرۈمچىگە قاچان ماڭىسەن ؟
— ئەتە چۈشتىن كېيىن...
— سەن قايتىپ كەلگۈچە بەلكىم مەن بۇ يەرلەردە يوق...
— تۈركىيەدە مەندەك قەدىردانلار جىقتۇ ...
— بېشىڭنى يەيدىغان ساراڭنىڭ گېپىنىڭ سىپسىقلىقىنى قارا...
— ئەمىسە قانداق قىل دەيسەن ؟
— هەي ، كەچتە ئاقتاشتىكى ئورمانغا بارامدۇق ؟ ئەمدى بۇنداق...
— راست دەيسەن ، ئەمدى بۇنداق پۇرسەتلەر يوق... — قەدىردان ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ، — ئەمىسە شەھەرگە يېقىنراق تامباغدىكى بولجالىققا بارايلى .
— بولىدۇ ، مەن : «دوستلىرىمنىڭ ئۆيىدە ئۆگىنىش قىلىمەن» دەپ قوياي ، سەنچۇ ؟
— ئەتە ئۆرۈمچىگە ماڭغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە دوستلىرىم بىلەن خوشلىشىمەن - دە...

قەدىردان تامباغ بولجالىقىدىن ئوتتۇرا كېچە بىلەن تىترەك ئولاشقان هالدا قايتىپ كەلدى . ئۇ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ، يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالغان بولسىمۇ ، خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى . ئۇياققا ئۆرۈلۈپ ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ ، قايسى چاغلاردا ئۇيقۇ كارۋىنى سۆرەپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى ، ئەمما خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە زەئىپ ئىڭراپ ، جۆيلۈپ ، چۆچۈپ ، پۇتلىرىنى ئېتىپ بىئارام بولدى . چۈنكى ، ئۇ ئاجايىپ ۋەھىمىلىك هەم سىرلىق چۈش كۆرگەنىدى...

ئاپپاق كىيىملەر بىلەن جەننەتتىن چىققان غىلمانلارغا ئوخشاپ قالغان قەدىردان بىر كۆكۈلمەيدانلىق بوستانلىقتا كېتىۋاتقۇدەك... ياپپېشىل ئوت باسقان ئېدىر - جىلغىلاردا بۇغا - ماراللار يايراپ ، بۇلبۇل ، كەكلىك ، تورغايلار سايراۋاتقۇدەك... ئىككى

تەرەپتىكى ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار ئاستىدا ئۈنچە ـ مارجان، ياقۇت ـ كەھرىۋا، ئالتۇن ـ يامبۇ، گۆھەر ـ ئىنجۇلار كۆز چاقنىتىپ ۋىلقىلداپ تۇرارمىش! قــەدىــردان ئــۇلارنــى ســۈ-زۈپ، يانچۇق ـ قويۇنلىرىغا ساپتۇ... ساپتۇ... يەنە ساپتۇ... تۇمشۇقلىرى قىپقىزىل، پەيلىرى ئالچىپار بىر شاتۇتى قەدىردانىنى مەسخىرە قىلغاندەك: «دۇنـيا ـ بـايلـىق ئـۆتكۈنـچىدۇر... ئەسقاتمايدۇ... ئەسقاتمايدۇ...» دەپ سايراۋاتقۇدەك، قەدىردان ئۇنى ئىچىدە: «مېڭىسىنىڭ سۈيى بار، ساراڭ...» دەپ تىللاپ كېتىۋې-رىپتۇ. ئۇ بىر چاغدا قارىسا، چېكى كۆرۈنمەيدىغان بىر دەشت-چۆلگە چىقىپ قاپتۇ، يېنىدىكى جاۋاھىراتلارنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەي-مىش، پاكىز ئاپپاق كىيىملىرى ئورنىدا يىرتىق جەندە، بېشىدا ئەسكى كۆلا، پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ بىر سايىلغا ئايلىنىپ قاپتۇ. تېخى قۇرۇق ـ قاقشال توغراقلار، چەكسىز قۇملۇقلار، ئادەم، ئات ـ ئېشەك سۆڭەكلىرى قاپلىغان قورقۇنچلۇق جەزىرىلەر... قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە قىپقىزىل ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئاپتاپ تومۇ-زىنى يۇتۇۋاتقان كىلەلەر، قۇملۇق كىرپىلىرى، قۇرۇقلۇق يىلان-لىرى ئۆمىلەپ يۈرەرمىش، ئۇ ئەجەب سۈرلۈك چۆللەر ئىچىگە كىرگەنسېرى، چاچ ـ ساقاللىرى دەقىقىسېرى غېرىچلاپ ئۆسۈپ، پۇتىنىڭ ئوشۇقلىرىدا يەلپۈنۈپ، سۆرىلىپ يۈرگۈدەك... «ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كارامەتتۇر؟» دەپتۇ قەدىردان ئۆز سىياقىدىن چۆچۈپ، ئەمما شۇ چاغدا بىردىنلا بىنەپشەرەڭ، ئاق لالەرەڭ، سۈس ھاۋا رەڭلەر چاقناپ، جاھان نۇرغا تولۇپتۇ، خېلى بىر چاغلارغىچە كۆزىنى ئاچالماي قالغان قەدىردان: «بۇ ئاللانىڭ يەر يۈزىگە چۈشكەن شىۋىقەدرى نۇرى بولسا كېرەك...» دەپ ئويلاپ-تۇ، ئەمما زەن سېلىپ قارىغۇدەك بولسا، نۇرنىڭ نەق مەركىزىدە جەننەتنىڭ ئاق تۇتۇندەك لىباسىنى يېپىنغان، بېشىدا ناۋات رەڭ ھىلھىلە رومال، يۈزىگە ئىنجۇ يالتىراق كەشتىلەنگەن چۈمبەل ئارتقان، كۈمۈش چاچلىق پەرىشتە ئانا تۇرارمىش، قەدىردان پە-رىشتە ئانىنى كۆرۈپ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى بولغاي، ئۇن سېلىپ

يىغلاپ كېتىپتۇ .

— ئاھ ! كۈمۈش چاچلىق پەرىشتە ئانا ، — دەپتۇ قەدىردان كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي ، — بۇ نېمە كارامەت ، بىردەمدىلا چاچ - ساقاللىرىم ئۆسۈپ ، سايىل دەرۋىش قىياپىتىگە كىرىپ قالدىمغۇ !

— بالام ، — دەپتۇ كۈمۈش چاچلىق پەرىشتە ئانا يېقىملىق ، يۇمشاق ئاۋازدا ، — بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ چاچ - ساقاللىرىڭنىڭ بۇنداق ئۆسۈپ كېتىشى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى بولماي ، يامانلىقنىڭ بېشارىتىدۇر .

— پەرىشتە ئانا ، مەن تېخى بالا تۇرسام ، قانداقمۇ ئاللانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرەي ؟

— ئاللا ھەممە يەردە ھازىرۇ نازىردۇر ، ئوقتۇڭمۇ ؟

— ئوقتۇم ، ئوقتۇم . مەن گۇناھكارمەن ، گۇناھ قىلدىم ، گۇناھ قىلدىم …

— ئەي نادان مەخلۇق ، تەۋبە قىل ، چىن دىلىڭدىن بىر ئاللاغا سىغىن !

— ئەي مەرھەمەتلىك پەرىشتە ئانا ! — دېدى قەدىردان خىجىل-لىق ئىلكىدە يەردىن ئۈستۈن قارىيالماي ، — چاچ - ساقاللىرىم-نىڭ پۇرسەت ئىچىدە ئۆسۈپ كېتىشى ، ئۇستىباشلىرىمنىڭ جەندە - كۇلاغا ئايلىنىشىپ قېلىشلىرىدىن گۇناھى كەبىر ، گۇناھى سەغىرلىرىمنىڭ ئېغىرلىقى ئايان بولدى ، بۇندىن كېيىنكى ئۆمۈر مەنزىللىرىمدە يەنە قانداق تارتقۇلۇقلىرىم بار ؟ بېشارەتلىرىگە ئانا سۈتىگە تەلپۈنگەندەك تەقەززادۇرمەن .

— كەل ، بالام ، كەل ، يېنىمغا كەل .

قەدىردان تېلىقىپقىنا ئاق لىباسلىق ئانىنىڭ قېشىغا باردى ، ئانا بىگىز قولىنى ئۇنىڭغا چىنىگەندى ، قەدىردان ئانىدىن تۇغما ھالدا يالىڭاچلىنىپ قالدى … ئاندىن ئانا كۆككە بېقىشى ، بىر دەستە بۇلۇت پەيدا بولدى - دە ، قەدىردانىنىڭ ئۈستىگە يامغۇرىنى تۆكۈۋەتتى .

— ئەمدى پاكلاندىڭ ، بالام . ماڭا يېقىنراق كەل !

پەرىشتە ئانا ئالىقىنىنى قەدىردانىنىڭ بېشىغا قويۇشى ، چوققىسىدىن كىرگەن بىر ئىللىق هارارەت تاپىنىغا كەلدى ، ئۇ دەسسەپ تۇرغان يەر دىر - دىر تىترىدى ، قەدىردانىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خۇددى سىمابتەك ئېرىپ كەتتى ، پەرىشتە ئانا ئالىقىنىدىن قەلب سۇلتانىغا يېتىۋاتقان ۋەھىيلەرگە ئىشىنەلمەي قالغاندەك ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى . دەرۋەقە ، ئۇ ئالىقىنى ئارقىلىق ئايان بولۇۋاتقان شەپقەتسىز قىسمەتلەرنىڭ تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان بىر نۆدەرنىڭ تەقدىر - پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلىكىدىن ئاغرىنغاندەك چوڭقۇر تىنىپ ئۇھ تارتتى...

— ئاھ رەببەنا ! بىر نۆدەرنىڭ ياش ئۆمرىگە بۇنچىۋالا بالا تاغلىرىنى پۈتۈپ قويساڭ ، بۇ سېنىڭ ئادىللىقىڭمۇ ؟— دېدى پەرىشتە ئانا نالە قىلغاندەك تەلەپپۇزدا ، — بالام ، كەتكىن ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭگە يۈك ئارتىۋالما ، سەن تېخى يۇمران يوپۇرماقسەن ، ئاللادىن ئامانلىقىڭنى تىلە ! ئاللا مەقبۇل ئەتسە ئەجەب ئەمەس ، قارا قىسمەتلەر كۆتۈرۈلۈپ كېتەر !

— بۇ ... بۇ نېمە دېگەنلىرى ، مېهرىبان ئانا ، — پەرىشتە ئانىنىڭ ۋەھىملىك بېشارىتى قەدىردانىدا قورقۇشقا قارىغاندا قىزىقىشنى قوزغىۋەتكەنىدى ، — سىلى مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ يوشۇرغان بېشارەتلىرى ماڭا تەقەززالىق ئازابلىرىنى ئېلىپ كەلمەمدۇ ! رەھىم قىلىپ دەپ بەرگەن بولسىلىرى .

— ساڭا رەھىم كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا دېگۈم كەلمىدى ... ۋەزنى بۇنداق ئېغىر ، تەپسىلاتى چىگىش ، دەرد - ئەلىمى چوڭقۇر ، جۇدالىق نادامەتلىرى رەھىمسىز ، جەريان - پاجىئەلىرى ئەگرى - توقاي بولغان بۇنداق هايات قىسمەتلىرىنى سېنىڭدەك يۇمران ناتىۋانغا پۈتۈپ قويغانلىقىغا ئەقلىم لال بولۇۋاتىدۇ ، بالام ...

— قۇلىقىم سىلىدە ، كۇمۇش چاچلىق پەرىشتە ئانا !

— جانابىي ئاللا هەرقانداق ئوغۇل بالىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدە

بىر قېتىم ئامەت بېرىدۇ ، — دېدى پەرىشتە ئانا گېپىنى يىراقتىن ئايلاندۇرۇپ ، — ئەمما شۇ ئامەتنى سېزەلىگەن ، قەدرىگە يېتەلىگەن ئادەملا ئامەتلىك بولۇر ! سەن بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ ئامەت تاجىنى كىيىسەن ! بۇ ئامەت سەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ بەرىكەتلىك بولۇر ، ئەمما چۈش مەزگىلىدىكى دەرەخ سايىسىدەك قىسقا بولۇر ، ئازابلىرىڭ قىش كېچىسىدەك ئۇزۇن بولۇر ! نادامەتكە تولغان كەچمىشلىرىڭ بىر قەرنەگە يېتىپ بارۇر ! قىسقىسى ، 30 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ، 100 يىلـلىق قاباھـەتلىك قىسمەتلەر بېشىڭغا كېلۇر !

— ئەپۇ قىلسىلا ، پەرىشتە ئانا ، بىر قەرنە دېگەننىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم ...

— ئاللا ئىنسانغا ئاتا قىلغان 33 يىللىق ئۆمۈر بىر قەرنەدۇر ، بالام .

— پەرىشتە ئانا ، — دېدى قەدىردان ۋۇجۇدىنى تىترەك باسقان هالدا ، — گەرچە سىلى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان دەھشەتلىك ھەقىقەتتىن بىشارەت بەرگەن بولسىلىرىمۇ ، بىراق بۇ بىشارەتلىرى تولىمۇ رەھىمسىزكەن .

— بالام ، بىشارىتىم رەھىمسىز ئەمەس ، بەلكى ھايات شەپقەتسىزدۇر ، ئۇنىڭ ئادەملەرگە بېرىدىغان نېمىتى ئازابتۇر ، شۇڭا ئادەملەر بۇ ئازابلىق ھاياتقا ئامراق . ئېسىڭدە بولسۇنكى ، ئۆلمەك ئاسان ، ياشىماق قىيىن...

كۆزنى چېقىپ تۇرغان نۇر تارىلىپ كېتىشى ، پەرىشتە ئانىمۇ غايىب بولدى . قەدىردان : «پەرىشتە ئانا...» دەپ توۋلىغان پېتى ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ كارۋات يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ، يۈز ، بويۇن ، مەيدىلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋاتقاندا ، ئاباس بوجاڭ بىلەن خەيرىگۈل خانىم كېچىلىك كىيىملىرى بىلەنلا كىرىپ كېلىپ ، قەدىرداننىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇردى . خەيرىگۈل ئوغلىنىڭ باشلىرىنى سىلاپ ، مەڭزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتتى .

— ۋارقىراپ ئەجەب قورقۇتۇۋەتتىڭ ، بالام ، قارا بېسىپ

قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ئورنۇڭنى سالغاندىغۇ سۇپۇرۇۋەتكەنىدىم ...
— ئانا ، مەن... مەن ... — قەدىردان ئېسەدەپ كەتتى ، — ئەجەب قورقۇنچلۇق ھەم سىرلىق بىر چۈش كۆردۈم...
قەدىردان كۆرگەن چۈشىنى شۇنچە ئىخچام ھەم چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بولغۇچە ، ئاباس بۇجاڭ بىلەن خەيرىگۇل خانىمنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى... ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ، باشلىرىنى چايقىدى . خەيرىگۇل ئېرىنىڭ ئاغزىغا ، ئاباس خوتۇنىنىڭ چىرايىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ خېلى ئۇزاق تۇرغان بولسىمۇ ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئاغزىدىن «يا ئۇنداق ، يا بۇنداق» دېگەن ئاۋاز چىقمىدى .
— چۈش دېگەن ، بالام ، — خەيرىگۇل ئۆزىمۇ چۆچۈپ قالغانىدى ، — بۇغرىغا كىرگەن تۆگىگە ئوخشايمىش ، قانداق تەبىر بەرسە ، شۇ تەرەپكە ماڭىمىش ، خۇدايىم بەخت - تەلىيىڭنى بەرگۈدەك ...
— ئانىڭ توغرا دەيدۇ ، بالام ، ھەرگىز ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ ئۈركۈپ ، ۋايىم يەپ يۈرمە ، ئاخشام بەك كېچىدە كەلدىڭ ، يوللاردا بىرەر ئىش تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ ، شۇڭا چۈشۈڭ بۇزۇلۇپ قاپتۇ .
— ھەي دادىسى ، ئورۇمچىگە بارمىسۇنمۇ يا؟ ئەجەب ئەنسىرەپلا قالدىما .
— مەكتەپتە ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ، ئەمدى بىرەر كەسىپ ، ھۈنەرنىمۇ ئۆگەنگىلى قويمىساق ، بۇ بىرگە كۈندە ئۇسسۇل ئويناپ بېرەمدا؟
— بارىمەن ، — دېدى قەدىردان بىردىنلا ھۈرپىيىپ ، — ئەمدى بىر چۈش كۆرۈش بىلەنلا يەل قويۇپ بەرسەم ، بۇندىن كېيىن ھېچ ئىش قىلمىسام بولىدۇ شۇ .
— ھەببەللى ، ئەمدى ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ! تۇرمۇشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا ، ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدە پىشىپ يېتىلمىگەن بالىنى ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ .

— ھېلىقى پەرىشتە ئانىنىڭ بەرگەن بېشارەتلىرى مېنى ئەجەب ئەندىشىگە سېلىپ قويدا ...

— نېمانداق ئەنسىزلىك قىلىسەن؟ — دېدى ئابباس ئاچچىقى بىلەن، — يولغا چىقىدىغان بالىغا چىرايلىق نەسىھەتنىڭ بولسا قىلمامسەن، تىلىڭدا تىكەن تېرىپ يۈرگۈچە ... بالىنىڭ يۈرىكىگە ئەنسىزلىك تىرنىقىنى پاتۇرۇپ نېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ بۇ خوتۇن!

— بولدى، بالام، ئۇخلا، — خەيرىگۈل خىجىللىق ئىلكىدە ئېرىگە قارىدى، — ئەتە ئەتىگەن پاراڭلىشايلى.

ئابباس بىلەن خەيرىگۈل قەدىردانىنى قىپچىپ يۆگەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ھوجرىسىغا كىرىپلا تام چىرىغىنى ياندۇردى-دە، كارىۋىتىغا چىقىشتى. ئەمما، خەيرىگۈل ياستۇققا يۆلەنگىنىچە بىر چېكىتكە تىكىلىپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئابباس ئايالىنىڭ ئۆزىگە قېيىداپ قالغانلىقىنى سەزدى بولغاي، خەيرىگۈلنىڭ ئاپپاق، بېجىرىم يۈزىگە، چوڭ كۆزلىرىگە، سارغۇچ قوڭۇر قاشلىرىغا، خۇش پىچىم بويىغا تىكىلىپ قارىغىنىچە پوسۇقىدە كۈلۈۋەتتى:

— ھەي خوتۇن، دومسىيىپ قالدىڭلىغۇ، مېنىڭ قايسى گەپلىرىم تىنىڭ كەتتى، ھە؟

— «تىلىڭدا تىكەن تېرىپ...» دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ گېپىم بار دەپلا قىلىدىكەنسىز!

— ھوي شۇنداق دەپ سالدىمما؟ خاپا بولماڭلا ... ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئەسلىدە: «يولغا چىقماقچى بولغان بالىنىڭ يۈرىكىگە ئەنسىزلىك سالما» دېمەكچىدىم. ھەي... مېنىڭ دۆتلۈكىمنىزە...

ئابباس بۇجاڭ 30 ياشقا كىرەر-كىرمەيلا ئەمەل ئېتىغا مىنگەن ئادەم. ئاۋامنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئاقىدىغان بۇنداق سىياسىيونلار بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى، ئەقىل-پاراسىتىنى، كۆڭۈل رىشتىنى خىزمەتكىلا ئاتىۋەتكەچكىمۇ، تەبىئىتى ئېغىر، كەم سۆز، ئائىلىدە ئايالىنىڭ ئېگىز-پەس، ئاقا-تۆقا

ئىشلىرىغا يول قويىدىغان رايىشلاردىن بولۇپ قالىدىكەن . خەيرى-
يەت ، ئاباس بۇجاڭ ئاشۇ كەم سۆز ، سۆيۈملۈك ، ئوچۇق چىراي
ئايالى بىلەن سەن ـ پەن دېيىشمەي 19 يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ . بولمىسا
ئۇ تالاغا چىقسا دانا ، ئۆيگە كىرسە كالۋا ئەرلەردىن ئەمەس ! توغرا ،
بەزى كەيپى چىگىش چاغلاردا گاھى بىلىپ ، گاھى بىلمەي غودۇ-
دۇڭ گەپلەرنى قىلىپ خوتۇنىنىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ قوياتتى ،
بىراق هايال ئۆتمەي ، تۇز كۆڭلى بىلەن كۈلۈپ ئۆزرە ئېيتاتتى ،
پەقەتلا ئىچىدە غوم ساقلىمايتتى . ئالىمادىس : «ئاباس خەيرىگۇل
بىلەن لىڭگىرتاقتاق بولۇپ قاپتۇ... » دېسە ، ناھىيەلىك پارتكوم
بېغىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ، قايسىلا قورۇغا خۇرجۇنسىز دىۋانىدەك
قونۇۋېرىدىغان قۇشقاچلار چېغىدا جاۋۇلداپ كېتەر . بۇ يەنىلا ئاب-
باسنىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن كەلگەن ئەمىن تۇرمۇش ئىدى .
ئاباس بەزى هالقىلىق ئىشلاردا دەيدىغانىنى دەۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ
رايىنى بىلدۇرەتتى . خەيرىگۇل دەماللىققا كاللىسىدىن ئۆتكۈزەل-
مەي ، كوتۇلداپ قالغۇدەك بولسا ، ئاباس هەرگىز : «مېنىڭ توغ-
را ، سېنىڭ خاتا... » دەپ تۇرۇۋالمايتتى ، «هەقىقەتنى قېزىش »
ئۇچۇن مۇنازىرىلىشىپمۇ ئولتۇرمايتتى ، پەقەت : «هوي ، خاپا بو-
لۇپ قالدىڭما ؟ قارا مېنىڭ دۆتلۈكىمنى ، سەمەتنى ئەمەت دەپ
ساپتىمەن ... » دېگەندەك يۇمشاق ، ياغلىما گەپلەر بىلەن خوتۇنىنى
بىردەمدىلا يۇمشىتىپ قوياتتى . «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپ-
تۇ » دېگەندەك ، خەيرىگۇلمۇ بۇنداق ياۋاش كالىغا تاياق تەڭلىيەل-
مەيتتى ، ئۇ نېمىلا دېگەن بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇت-
قۇچىسى ـ دە ! شۇڭا ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ شۇ دېمەتلىك بولغۇچە
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرەر قېتىم : «ئانىاڭ ، قىزىڭ ... » دې-
يىشكىنىنى بىلمەيدۇ . تۇنجى بالا گۈلنۇر بۇ يىل 17 ياشقا كىر-
دى . ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 9 ـ سىنىپىدا ئەلا ئوقۇۋاتىدۇ .
4 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئابدۇراخمان بولسا مەكتەپ بويىچە
«3 تە ياخشى» ئوقۇغۇچى ! پەقەت بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىردانلا
«دېگىنىمنى قىلىمەن» دەيدىغان جاھىللاردىن ئىدى ، بولۇپمۇ ئۇ-

www.uyghurkitap.com

نىڭ قورقۇمسىزلىقى ، ئۆز بىشىمچىلىقىدىن ئاباس ھەزەر ئەيلەيتـ-
تى ھەم پات ـ پاتلا : «پاھ ، پاھ ، بۇ مۇتتەھەم دادامنىڭ كىيىنى-
كىيىپلا چىقتا...» دەپ بىشىنى چايقايتتى .

قەدىردان تۆت ـ بەش ياش چاغلىرى بولسا كېرەك ، ئاھىيە-
لىك پارتكومنىڭ ئىشچىسى بەكرى ئىمىن بىر كۈنى باغ ھەم
كۆكتاتلىقنى سۇغىرىۋاتاتتى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ باللىرى
ئېرىق قىرلىرىدا يۈگۈرۈشۈپ ئويناۋاتاتتى ، ئۇلار سۇغا تاش ـ
چالمىلارنى ئاتاتتى ، بەزىلىرى قولىدىكى چىۋىق ـ تاياقلارنى سۇغا
شالاپلىتىپ ئۇرماقتا ئىدى . باللارنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق بىر
بالا : «كىم سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان شاخ ـ شۇمبا ، قوناق پاسارلى-
رىنى سۈزۈۋالالىسا ، شۇ باتۇر !» دېيىشى ، ھەممە باللار چوڭ
ئېرىقتا لىپمۇلىپ لۆمشىپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ قورقىنىدىن
تۇرۇپ قالدۇ ، ئەمما بويى كەتمەن دەستىسىدەكمۇ كەلمەيدىغان
قەدىردان : «مەن باتۇر...» دېگىنىچە ، ئانىسى كىيدۈرۈپ قويغان
ئالىيىشىل يېڭى پوپايكىسى بىلەنلا سۇغا سەكرەيدۇ . سۇ ئۇنىڭ
بويىدىن ئېشىپ كەتكەچكە ، ئۇ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، شاخ ـ
شۇمبا ، قوناق پاسارلىرىنى قىرغاقتىكى باللارغا سۇنغاچ ئالدىغا
ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . ئۇ يەنە بىر قەدەملا ماڭسا كوركىراپ چۈ-
شۈۋاتقان ئازمىغا كىرىپ كېتەتتى . نەق شۇ چاغدا ، بالىدىن ئەنسى-
رەپ كەلگەن ئاباس قەدىردانىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ ئالغاندا ،
ئۇنىڭ ئايىغى لاي تېگىدە قالغان بولۇپ ، گىلەمنىڭ رەڭگارەڭ يۇڭ
يىپلىرىدا توقۇلغان پوپايكىسىدىن ھەرخىل رەڭلەر ئاياغ ئاستىغا
ساقىماقتا ئىدى...

قەدىردان ئون ياش چاغلىرىدا باللار بىلەن قۇرۇلۇش قىلى-
ۋاتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ بەش مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى
قۇم دۆۋىسىگە سەكرەپ ، قاش ـ قاپاقلىرى يېرىلىپ ، جەينەك ـ
قوللىرى سۈرۈلۈپ ئۆلگىلى تاسلا قالغانىدى ، ھەتتا ئۇ بىر قېتىم
باللارغا ئوغۇت بېسىپ كېتىۋاتقان ئېشەك ھارۋىسىنىڭ چاقىنى
كۆرسىتىپ : «ئۇنىڭ ئىچىنىڭ ھەممىسى يەل ، قاراڭلا مانا...»

دەپلا ، كېتىۋاتقان هارۋىنىڭ چاقى ئاستىغا پۈتىنى تۇتۇپ بېرىپ ، چىرقىراپ يىغلىغانچە بىر ئايدەك دوختۇرخانىدا يېتىپ ، ئېزىلىپ كەتكەن پۇت بارماقلىرىنى داۋالىغانىدى . شۇنداقتىمۇ ، ئابباس بىلەن خەيرىگۈل ئوغلىنىڭ زېھنىياتىغا ، قورقۇمسىزلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايتتى .

— دادىسى ، ئەجەب جىمىپ كەتتىڭىزغۇ ، ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ يا؟ — خەيرىگۈل ئېرىگە قايرىلىپ قارىدى ، — ئۇخلاپ قالدىمىكى دېسەم ، ئېغىر - ئېغىر تىنىۋاتىسىز .

— هەي... مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا قەدىردانىدىن ئەنسىرەيمەن ، — دېدى ئابباس ئېغىر تىنىپ ، — ئۇنىڭ قورقۇمسىزلىقى ، تەۋەككۈلچىلىكى ، بىرەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايدىغان ئۆز بېشىمچىلىقىنى ئويلىساملا ، يۈرىكىم سىيىلىپ كېتىدۇ . ئامال قانچە ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىپ باقمىسۇنمۇ ؟

— ئۇ ئاشۇ قوماچتەك پاراسلاپ تۇرغان مىجەزى بىلەن بىر ئۆمۈر چۆمۈچ ، ساپلىق تۇتۇپ ، قازان بېشىدا تۇرارمۇ ؟

— مانا ، مانا... مەنمۇ شۇنىڭدىن خاتىرجەم ئەمەس . ئۇ مىجەزى قوداڭشىپ قالغان كۇنى ، مۇئەللىمىگە سىياھ قۇتىسىنى ئاتقاندەك ، چۆمۈچ - ساپلىقنى ئاشپەز ئۇستامنىڭ بېشىغا ئېتىشتىن يانمايدۇ .

— قانداق قىلىدىغان گەپكىنتاڭ... — خەيرىگۈل ئاغزىنى تۇتۇپ ئەسنىدى ، — «ئايال كىشىنىڭ قورسىقىدىن ئارغامچا - توقىناق ، بوغا - لىڭگىرچاقتىن باشقىسى چۈشىدۇ » دېگىنى راستىكەن . ئاچىسى بىلەن ئىنىسى بىر ئوبدان ئوقۇۋاتىدۇ ، قەدىردانىزە ئىش تېرىپلا يۈرگەن . چوڭ ئۆيدە هېچكىم «هاي » دېمىگەچكە ، ئاشۇنداق باشتۇڭ بولۇپ قالدىمىكىنتاڭ ...

— بولۇپمۇ ئۇنى هېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان قارام قىلىۋەتكىنى دادام . بولدى ، ئۇخلاڭلا ، ئەتە يەنە مەكتەپكە بارىدىغانسىلە ؟

— ئەتە تېخى مېنىڭ ماتېماتىكا دەرسىمدىن مەكتەپ بويىچە

ئوچۇق دەرس ئۆتكۈزمەكچى .

ئاباس بۇجاڭ بىلەن خەيرىگۈل ئوغلىنىڭ ئىسمىنى يەپ ياس-تۇققا باش قويۇۋاتقان پەيتتە ، قەدىردان تېخىچە ئۇخلىمىغاندى . ئۇ تورۇسقا تىكىلىپ ياتقىنىچە نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى :

— ئامىتى بارمۇ ، ئازاب - تاغلىرى بارمۇ ياكى دەھشەتلىك پاجىئە - نادامەتلىرى بارمۇ ، ھەممىنى كۆرۈپ باقاي ··· قېنى ئۇلار مېنى يەپ كېتەمدۇ ياكى مەن ئۇلارنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ دەس تۇرالامدىم ! رەھمەتلىك بوۋاممۇ : «تەۋەككۈل دەرياسىغا سەكرىمە-گۈچە ، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ» دەيت-تىغۇ !

# ئىككىنچى باب

«ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ سەيگۇيۇەنى جاپپار ھاجىم بىلەن قەدىردان ئىككى ماشىنىغا بېسىلغان 20 توننا گۆلە ـ قاقنى «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ ھويلىسىغا ئەكىردشى، قاقچىلىق ھايانكەشلىرى خۇددى سېسىق گۆشنى ھىدلاپ كەلگەن چىۋىنلاردەك گۇررىدە ئولاشتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە يوتىسىدا قىزىل غىلاپلىق يوغان پىچاق پۇلاڭلاپ تۇرغان قارا چوقۇر ھەم قاتاڭغۇر بىرى ئىككى ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا قۇيۇندەك پىرقىراپ ۋارقىرىماقتا ئىدى:

— ئاغىنىلەر، بۇ ئىككى ماشىنا گۆلە ـ قاقنى مەن بالدۇر سۆزلىشىپ قويدۇم. كىمكى سودىغا قۇم ئارىلاشتۇرسا، مەندىن يامانلىمىسۇن! ھاي نۇرادىل پاناق، تۇرسۇن كاللا، قېنى سىلەر؟

— مانا بىز، مەتتۇرغۇنكا، خاتىرجەم سوداڭنى قىلىۋەر، ماشىنا ئەتراپىدا بىز بار...

ماشىنا كابىنكىسىدىن سەيگۇيۇەن جاپپار ھاجىم ئىنجىقلاپ يەرگە چۈشتى. ئۇ 40 ياشلاردىن ئاشقان، سېمىز، مىس رەڭ چىرايىنىڭ سىلىق ھەم پارقىراپ تۇرۇشىدىن كوسا ئىكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى، كۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي، بۇرنى خۇددى قوتۇر ئامۇتنى پاتۇرۇپ قويغاندەك يوغان ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ئۈتتۈرا بوي ئادەم بولسىمۇ، بەدىنى تەكشى سەمرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پاكار كۆرۈنەتتى... جاپپار ھاجىم ئۆزىنى قورشىۋالغان ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا گىدىيىپ تۇرغان مەتتۇرغۇنغا مەنىستىمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىدى ـ دە، دىمىقىنى قاقتى، بىراق ئەتراپقا ئولىشىۋالغان قاقچى باللار ھەم مېۋە ـ چىۋە ھايانكەشلىرى شۇنچە كۆپ تۇرۇقلۇق، ھېچقايسىسىنىڭ غىڭ قىلالماي جىم تۇرۇشىدىن

جاپپار ھاجىم سەل ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى . شۇ ئەسنادا ھېلىقى مەتتۇرغۇن دېگەن قاتاڭغۇر ئادەم ماشىنا ئۈستىگە چىقىپ بىر تاغارنىڭ ئاغزىنىڭ كىچىككىنە يېرىنى ئاچتى ـ دە ، ئىككى ئۈچ چۆمدەك گۈلە ـ قاقنى ئېلىپ چۈشتى . ئەتراپتىكىلەر دۈپدۈگىلەك سورۇن ھاسىل قىلىپ ، جاپپار ھاجىم بىلەن قەدىرداننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى .

— گۈلىنىڭ ئەھۋالى مۇشۇكەن ، — دېدى مەتتۇرغۇن ئالىقىنىدىكى گۈلىنى كۆرسىتىپ ، — قېنى ، بولىدىغان باھاسىنى دەپ باقساڭلا .

— بۇ شالتاق گۈلىكەنغۇ ، — دېدى نۇرادىل پاناق خىڭشىلداپ .

— قورساق ئاغرىتىدىغان شاتراق گۈلە دېسە بولغۇدەك ، — تۇرسۇن كاللا كۆزگە ئىلمىغاندەك ئاغزى ـ بۇرنىنى پۈرۈشتۈردى .

— ھەي ، ھەرقايسىڭغا زورلاۋاتقىنىمىز يوققۇ . سەن ئالمىساڭ ، ئادەم چىقمامدا ؟ نېمىگە مالنى كەمسۈندۈرىسەن ؟ — قەدىردان كۆزلىرىنى ئالايتىپ گۈلەيدى ، — ساتمايمەنغۇ ، قانداق قىلىسەن ؟ كۆتۈڭنى شاتراقلاتمايدىغان گۈلىنى تېپىپ ئال…

قاراپ تۇرغانلار بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى . ئۆزلىرىنىڭ ئوسال ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن غەزىپى كەلگەن مەتتۇرغۇن شىلىم نۇرادىل پاناق بىلەن تۇرسۇن كاللىغا ئاپانمايلا تىل سالدى :

— غەلۋىرقوڭ گۇيلار ، سېسىق ئاغزىڭدىن نېمە پوق ئېقىتىۋاتىسەن ! سودا دېگەننى چىرايلىق قىلمامدۇ ، خاپا بولما ، ئۇكا ، — مەتتۇرغۇن شىلىم جاپپار ھاجىمغا قاراپ ھىجايدى ، — قېنى ئاكا ، قاقنىڭ ئېتىنى قويۇپ بەرسىلە .

— ئەمدى شۇ… ئەمدى كىلوسىغا ئىككى يۈەندىن بېرىشەلا .

— قاق بەك شالتاقكەن ، ئاكا ، چېغىدا بىر نېمە دېسىلە ؟

— ئەمدى شۇ خاماندىكى توپىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ ، گۈرجەكتە تاغارغا ئۇسقاندىن كېيىن ئاشۇنداق 30 نىڭ ئىچىدىن بىرى يېگىلى بولمايدىغان شالتاق ھەم توپا … شۇڭا ئىككى يۈەن ـ دە .

قەدىردان جاپپار ھاجىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، قولاقلىرىغا

ئىشىنەلمەيلا قالدى . ئۆزىنىڭ مېلىنى خېرىدارغا سۇندۇرۇپ ، كۇرسىنى چۇشۇرۇپ ساتىدىغان نەدە بۇنداق سۇپۇرگە زىيانكەش سودىگەر بولسۇن ، ئەلۋەتتە ، سودا ئىشىدا «قاغا بالام ئاپپاق ، كىرپە بالام يۇمشاق» دېگەندەك ، ئىلاجى بار مەدھىيەلەپ ئۇلۇغلىمامدۇ …

— ئەمىسە چالتاي ـ مالتىيىنى قويۇپ بىر يۇەندىنلا بولسۇن ، بولامدا ؟ — دېدى مەتتۇرغۇن شىلىم جاپپار ھاجىمنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ ، — ئۆزلىرىمۇ قاقنىڭ سۇپىتىنىڭ ناچارلىقىنى دەۋاتامدىلا… قانداق دېدىم ، ئاغىنىلەر ؟

ئەتراپتىكى چاي پۇلى ئېلىشقا تەمە قىلىپ تۇرغان دەللاللار : «ئوبدان باھا بولدى» ، «ياخشى سورىدى» ، «ھازىر قاقنىڭ باھاسى چۇشۇپ كەتتى» دېيىشىپ ۋارقىراشتى . ئالىتاغىل ئاۋازلاردىن لاسىدە بوشاپ قالغان جاپپار ھاجىم ئىككىتايىن بولۇپ ئەتراپقا قارىغىلى تۇردى ، لېكىن قەدىردانىنىڭ «بىلەك»تەك توم قاشلىرى مىژژىدە تۇرۇلۇپ ، ۋارقىرىغان سالاچىلارغا تىكىلدى .

— بۇ دېگەن جانانە بىلەن خوۋەينى ئۆرۈكنىڭ قېقى ، قاردىمامىسلەر گۆشلۈك تۇرغىنىنى ، — دېدى قەدىردان قولىدىكى گۇلە ـ قاقنى كۆرسىتىپ ، — كىلوسىنى بىر يۇەندىن ساتمايمىز…

— ئەمىسە بىر يۇەن ئون پۇڭ ، — مەتتۇرغۇن شىلىم ئەتراپتا سودىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۇتۇپ تۇرغان قاق ھايانكەشلىرىدىن ئەندىكىپ يەنە ئۆرلىدى ، — بوپتۇ ، يەنە ئون پۇڭ قېتىپ قوياي ، ئەمدىغۇ بولغاندۇ ؟

شۇ ئەسنادا قەدىردان توپ ئارىسىدا ئۆزىگە كۇلۇپ قاراپ تۇرغان نۇرمەت ، ھېلىمجان ، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مۇتىللا ساۋۇتنىڭ ئوغلى غەيرەت جاڭدۇلارنى كۆرۈپ قالدى . گەرچە بۇ باللار قەدىرداندىن ئالتە ـ يەتتە ياش چوڭ بولسىمۇ ، بىر گۇجان كوچىلىق ئىدى . بۇ باللارنىڭ ئىچىدە غەيرەت جاڭدۇ كىيىنىش ھەم سىن ـ سىپات جەھەتتىن كۆزگە

ئالاھىدە چىلىقاتتى . ئۇ ئىگىز بوي ، بۇغداي ئۆڭ ، قاش ـ كۆزلە-
رى قاپقارا ، ياسىنىپ ـ تارىنىپ يۈرىدىغان يىگىت ئىدى .

— ھە قەدىردان ، قاق ئەكەلگەنمىدىڭ ؟— دېدى غەيرەت جاڭ-
دۇ قول سۇنۇۋېتىپ ، — ئاتباس بۇجاڭ سېنى 7 ـ سىنىپتا
ئوقۇۋاتىدۇ ، دەۋاتاتتى .

— مەن ئوقۇغىلى كەلگەن ، جاپپار ھاجىمغا ياردەملە-
شىۋاتىمەن…

— مۇنداق دېگىن ، — غەيرەت جاڭدۇ قەدىرداننىڭ مۈرىسىگە
ئۇرۇپ قويدى ، — قايسى مەكتەپكە كەلدىڭ ؟

— «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»نىڭ ئاشپەزلىك كۇرسىغا .

قەدىردان غەيرەتتىن : «يۈرتتىن لاتىمۇلات ئېپىنىپلا كەت-
تىڭمۇ ؟ » دەپ سورىماقچى بولدى ـ يۇ ، دەرھال تىلىنى تىيدى .
چۈنكى ، ناھىيەنىڭ سىياسىي ـ قانۇن شۇجىسى مۇتىللا ساۋۇت
ئوغلىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەنىدى . يۈرتتا غەيرەت توغ-
رۇلۇق : «خروئىن ساتىدىكەن» ، «20 كىلو نەشە بىلەن
تۇتۇلۇپ قاپتۇ» ، «ساختا پۇل يۆتكەپ ، ھەپسىدىكەن … » دېگەن-
دەك قۇلاق ياقتى گەپلەر كۆپ ئىدى .

— بولىدۇ ، ئۇكا ، مەن ئالدىرايمەن ، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ
خوشلىشىپ ، — ۋاقتىڭ يەتسە ، بىرەر خىجالىتىڭ بولسا مېنى
ئىزدە…

— بولىدۇ ، غەيرەتكا .

غەيرەت جاڭدۇ ئۇزاپ كېتىشى ، ھېلىمجان ئىسىملىك ئاق
سېرىق ، ئورۇق ، ئىگىز بالا قەدىرداننىڭ قولىنى ئالىقىنىغا ئال-
دى . پاكار ، دىقماققىنا ، قىزىل يۈزلۈك نۇرمەت بولسا قولىنى
قەدىرداننىڭ مۈرىسىگە قويدى .

— دەم ئېلىش كۈنلىرىگە كەلسەڭ ، — دېدى ھېلىمجان
ئاۋاق ، — ھەممىمىزنى مۇشۇ «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دىن
تاپالايسەن .

— چوقۇم كەل جۇمۇ ، — نۇرمەتمۇ كىچىك كۆزلىرىنى



www.uyghurkitap.com

چىمچىقلاتتى ، — ئۆرۈمچىدە تونۇش - بىلىشلەر بولمىسا ئادەم زېرىكىپ قالىدۇ .

شۇ ئەسنادا جاپپار ھاجىمنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن ، قەدىردان مەھەللىلىكلەر بىلەن ئالمان - تالمان خوشلىشىپ توپ ئىچىگە كىردى ، جاپپار ھاجىم زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ پۇل ساناۋاتاتتى ، يەردىمۇ يەنە بىرنەچچە كالىلەك پۇل تۇراتتى...

— جاپپاركا ، قاقنى سېتىۋەتتىڭىزما ؟ — ئالدىراپ سورىدى قەدىردان .

— سېتىۋەتتىم ، — دېدى جاپپار ھاجىم قەدىردانغا قارىغايلا بارمىقىدىغا تۈكۈرۈپ ، — قېنى ، سەنمۇ مەن سانىغان پۇللارنى قايتا سانا .

— قانچىدىن بولدى ؟

— ۋاي - ۋۇي ، ئەجەب چۇقچىلاپ كەتتىڭا چوڭ ئانامدەك ، بىر يۈەن يىگىرمە بەش پۇڭ بولدى .

— نېمە ؟ !

قەدىردان ئورنىغا مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى ، نەرىگىدۇر چوغ چۈشكەندەك ئىچى ئېچىشىپ كەتتى . بىراق ، چىققان كۆز ئورنىغا كەلمىگەندەك ، سودىدا ئالىقان ئۇرۇپ پۇتۇشۇپ بولغاندى . جاپپار ھاجىم بولسا : «دەردىسە گۇلە - قاقتىن ئەجەب قۇتۇلدۇم» دېگەندەك ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە پۇل ساناۋاتقان ئىككى شوپۇرغا نېمىلەرنىدۇر دېمەكتە ئىدى .

— سىلەر مالنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇشۇ مېھمانخانىدا مېنى ساقلاڭلار ، — دېدى جاپپار ھاجىم نوپۇزلۇق ئەربابلار پەدىسىدە گېلىنى قىرىپ قويۇپ ، — مەن مالنى ئېلىپ بولۇپ سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن .

گۇلە - قاقنى تېزلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكىنىدىن قالتىس يايراپ كەتكەن جاپپار ھاجىم شۇ كۈنى قەدىردان بىلەن «گۆھەر زېمىن» مېھمانخانىسىنىڭ ئالىي ياتىقىدا يېتىپ قالدى . چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قالغان قەدىردانغا ھاجىمنىڭ ئۆزىنى داڭلاپ

قىلغان گەپلىرى خۇددى ئاغزىغا مۇشت ئۇرغاندەك بىلىندى . شۇڭا ، ئۇ : «ھېرىپ قاپتىمەن··· » دەپلا يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالدى . ئەلۋەتتە ، ئەرزان سېتىلىپ كەتكەن 20 تونىنا قاق قەدىردانىنىڭ شەخسىي مېلى ئەمەس ، ئۇ نۇرغۇن ئادەمنى تۇمشۇق تىرەپ بېقىۋاتقان «ياشلار بىناسى»نىڭ مېلى . شۇنداق ئىكەن ، بىرنەچچە مىڭ يۈەن پۇل ئۇلار ئۈچۈن ئەنقانىڭ سۈتىدەك تۈتىيا ئەمەسمۇ ! «ياشلار بىناسى»نى ھۆددىگە ئالغان ئوبۇلھەسەن قانچىلىغان ناھىيە ، يىراق يېزا - كەنتلەردىن مىڭ مۇشەققەتتە يىغقان گۆلىنى بالىسىنىڭ ئويۇنچۇقىدەك سورىغانغا بېرىۋەتسە ، ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشمامدۇ ! مانا ، ھېلىقى قىزىل كۆز ھايانكەشلەر تەييارغا ھەييار بولدى - دە ··· توۋا خۇدايىم ، قاقنى ئالىمەن دەيدىغان خېرىدارلار شۇنچە كۆپ بولغاندىن كېيىن ، تالاش - تارتىشقا قويسا ، باھاسى تېخىمۇ ئۆرلىمەمدۇ ، نەدىكى قارا پاتاڭغا چاپلىشىۋالغۇچە ···

ئىچى كۆچلۈك قەدىردان خاپىلىقتا ئۇيان ئۆرۈلە - بۇيان ئۆرۈلە ، قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى . ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتا قىلغاندىن كېيىن ، «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»غا تاكسى بىلەن كەلدى . ھاجىم قەدىرداننى تىزىملىتىپ ، ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرگەندىن كېيىن ياتىقىنى ئورۇنلاشتۇردى ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىدە ئالماقچى بولغان ماللىرىنىڭ كۆپلۈكىنى سۆزلەپ ، مېھمانخانا دىرېكتورىدىن قەدىردانغا بىر ھەپتىلىك رۇخسەت بېرىشنى ئۆتۈندى .

«ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بىر چوڭ بازار بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھەرخىل كىيىم - كېچەك ، رەخت ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، ۋېلىسىپىت ، موتوسىكلىت ، گاز ئوچاق ، بەش خىل مېتال ، ئېلېكتر سايمانلىرىدىن توڭلاتقۇ ، كىر ئالغۇ ، ئۈن ئالغۇ ، توك دەزمال ، رادىيو قاتارلىقلار سېتىلىدىغان تۈرلۈك ماللار دۇكانلىرى بار ئىدى . ئەمدى «ياشلار بىناسى» بولسا ئەسلىدە «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى» قارمىقىدا بولۇپ ، بۇ بىنا

ئىچىدە رېستوران ، مېھمانخانا ، دۇكانلاردىن باشقا ، ياشلار ئۇچۇن بىليارت ، شاھمات ئويناش بۆلۈملىرى ، ھەتتا تانسا ئۆگىنىش ، چېنىقىش زاللىرىمۇ بار ئىدى . بۇ تۈرلەردىن ھېچقانچە كىرىم قىلالماي ، خادىملىرىنى بېقىپ كېتەلمىگەن «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى» «كاللىمۇ يېمەي ، چىشىمۇ چاقماي» دېدىمۇ ، ئەيتاۋۇر ، «ياشلار بىناسى»نى ئۆزىنىڭ بوغالتىرى ئوبۇلھەسەنگە ھۆددىگە بەرگەنىدى . بۇ قېتىم جاپپار ھاجىم «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركە-تى» ئىگىدارچىلىقىدىكى دۇكانلارغا مال ئېلىشتىن سىرت ، سې-تىلغان گۇلە - قاقىنىڭ پۇلىغا «ياشلار بىناسى»نىڭ دۇكانلىرىغى-مۇ مال ئالماقچى ئىدى .

جاپپار ھاجىم بىلەن قەدىردان توپ سېتىش بازارلىرىدىن تېزىملىكتىكى ماللارنى ئېلىپ ، ئالغانلىرىنى يەنە شۇ ئورۇنغا ئامانەتكە قويۇپ ماڭدى . ئەمما ، مال ئېلىۋاتقانىنىڭ بەشىنچى كۈنى قەدىردان بىلەن ھاجىم ئېگىز - پەس بولۇشۇپ قالدى . ھاجىم : «پۇلى ئەرزان ، ئۆزى ھەيۋەتلىك» دەپ ، غەلىتە ھەم چاكىنا لايى-ھەلەنگەن ، ئاجايىپ - غارايىپ چىراغلىرى ئۆچۈپ - يېنىپ تۇرى-دىغان ئۇنئالغۇ ، رادىيولارنى ئېلىۋەردى… ئاخىر تاقەت قىلالمىغان قەدىردان كۆڭلىدىكىنى دەۋەتتى :

— ھاجىم ، قارىسىلا ، بۇنداق سۆلىتى بار ، ساپاسى يوق نېمىلەرنى سەھرالىقلارلا ئالىدۇ ، شەھەرلىكلەر ھازىر مال-نىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ، ئەڭ مۇھىمى ، ماركىسىنى زىغىرلاي-دىغان بولۇپ قالدى ، شۇڭا ئاز ئالساقمۇ ياخشىلىرىنى ئالساق…

— ھەي ، ھەي… ما بالىنىڭ ئاتىكارچىلىقىنى كۆرمەمدىغان ، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ ، خۇددى جاھان كۆرگەن شەمەيلىك سود-گەرلەردەك گەپ قىلىسىنا !

— ھاجىم ، ئۆزلىرى سەيگۈيۈەن بولغانلىرى بىلەن زامان ، دەۋر بىلەن ھېسابلاشمايدىكەنلا…

— ھوي چېكەتكە ، گەپ قىلمىسام خېلىلا سەكرەيسەنغۇ ! ئون نەچچە يىلدىن بېرى سەيگۈيۈەنلىك قىلىپ نېمىنى ئېلىپ ، نېمىنى

قويىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەنما ؟
— جاپپار هاجىم ، مېنىڭ سىلى بىلەن تاكاللاشقۇم يوق ، دېدى قەدىردان ئاچچىقى بىلەن ، — ئەڭ بولمىسا يانچۇق ئۇتتۇرالغۇ-سىدىن يۈزنى ئالايلى .
— ۋۇي ، ئاشۇ ئالىقاندەك نەرسىنىما ؟ ئۇنىڭ پۇلىغا ئاررافلا قوشساق ، جاراڭ - جۇرۇڭ ، ۋاڭ - ۋۇڭ سايراپ تۇرغان يوغىنى كېلىۋاتسا ... توۋا قىلدىم ، جىگدىچىنىڭ قانىتىدەك بىر نىمىنى !
— هاجىم ، هازىر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خەنزۇ تىلى ، چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى . ئۇلار تىڭشىغۇچنى قولىقىغا تىقىپ قويۇپ ، يولدا كېتىۋېتىپمۇ ، ھەتتا ھاجەتتە ئول-تۇرغاندىمۇ ئۆگىنىۋېرىدۇ . بىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىلا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بۇنداق ئۇنئالغۇنى تاپالماي ئۇرۇمچىدىن ئەكەل-دۈردى ...
— قەدىردان بالا ، دېگىنىڭ بەلكىم توغرىدۇ ، — دېدى جاپپار هاجىم كارتىنىدە كېكىرىپ قويۇپ ، — لېكىن «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى» نىڭ دىرېكتورى ئابلىز ئىمىن بىلەن ئالمىدىغان مالنى مۇزاكىرىلىشىپ پۇل ئەكەلدىم . شۇڭا ، تىزىملىكنىڭ سىرتىغا چىقالمايمەن .
— ئەمىسە گۈلە - قاقىنىڭ پۇلىغا ئالايلى .
— ھەي ئىش كۆرمىگەن خام بالا ، ئۇبۇلھەسەن قوبۇل قىلمى-سا ، مەن ئۇ ئۇنئالغۇلارنى تىزىپ قويۇپ ، ئوشۇق قىلىپ ئويناي-مەنما ؟
— ئەگەر سېتىلماي قالسا مەن ئىگە بولاي ...
— ماڭقاڭنى چاقە ، هۆپۈپۈپ پىش ... ئىگە بولىمىش تېخى . يەنىلا شۇ «ئېشەك باينىڭ ، تاغار باينىڭ ، يىقىلسا يۆلىمەيمەن ، ئۆلسە تۆلىمەيمەن» دەپ ، ئاببا بوجاڭغا تاۋان تاشلاپ تۇرارسەن ؟
— قانداق جاھىل ئادەمسەن ! — قاتتىق ۋارقىراشتىن قەدىر-داننىڭ بويۇنلىرى ئېسىلىپ كەتتى ، — جاهان بىلەن ، دەۋر بى-لەن ، ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن هېسابلاشمايدىغان سەندەك

سەيگۇيۇەننى كۆرمىگەن !

جاپپار ھاجىم ئەندىكىپ جىممىدە تۇرۇپ قالدى . ئۇ كۆڭلىدە : «ئاببا س بۇجاڭنىڭ بۇ شۇمنى جاھىل ، قارام ، تەۋەككۇلچى دەپ قاقشىغىنىچە باركەن » دەپ ئويلىدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ گەدەنكەش مەنمەنچىنىڭ سۆزلىرىنىڭ بەزى ئاساسلىرى بارلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى ، شۇڭا بىر دىنلا يۇمشاپ ، ئىپادىسىزلا ھىجايدى :

— بولدى ، بولدى ، قەدىردان بالا ، يېرىلىپمۇ كەتمە . سەن دېگەن ئۇ نەرسىدىن يۈزنى ئەمەس ، ھازىرچە ئوننى ئېلىپ كۆرۈپ باقايلى ، بۇ مال مېڭىپ قالسا ئاندىن بىر گەپ بولسۇن…

قەدىردان جاپپار ھاجىمنىڭ تېرىنىڭ يىرتىقىدەك پىت كۆزلىرىگە ، قىزغۇچ ئېسىلىپ تۇرغان قوش ئېڭەكلىرىگە ، سالپىيىپ چۈشكەن ئېڭەك گۆشلىرىگە قارىغىنىچە : «توۋا ، مۇشۇنداق دۆت ئادەمنى سەيگۇيۇەن قىلىپ قويغان قانداق كالۋا ئادەمدۇ ؟ » دېگەنلەرنى ئويلىدى .

— مەيلى ، ئوننى ئالساق ئالايلى ، — دېدى قەدىردان روھسىز ھالدا ، — مەن تېخى تەييار ماشىنا بولغاندىن كېيىن ، كىرا پۇلى بولسىمۇ تېجىلىپ قالار ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن .

جاپپار ھاجىم بىلەن قەدىردان شۇ كۈنى «گۆھەر زېمىن» مېھمانخانىسىدىكى ياتىقىدا ئۇن ـ تىنسىزلا يېتىپ قېلىشتى . ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەن «دوستلۇق» رايونىنىڭ چوڭ بازىرىدىكى قازاق چايخانىسىغا كىرىپ ، قايماقلىق چايغا نان چىلاپ يېيىشتى . تۈنۈگۈنكى لىككىرتاقتاقتىن كېيىن قەدىردانىڭ قاپىقى زادىلا ئېچىلمىغانىدى . «ئاتىكارچى ، چېكەتكە ، ماڭقاڭنى چاق ، ھۆپۆپۆپ پىش ، دېگەن گەپلىرىم ئېغىر كەلگەن ئوخشايدۇ … » دەپ ئويلىغان جاپپار ھاجىم : «مەن ھەر قېتىم مال ئالغىلى كەلگەندە مۇشۇ چايخانىدا ناشتا قىلىمەن ، قايمىقى يېگى ، سېرىق مېيى ساپ» دېۋىدى ، قەدىردان چىش يېرىپ بىر نىمە دېمىدى . بۇرۇۋقتۇرمىلىق ئېچىدە جىلە بولۇپ قالغان جاپپار ھاجىم سىرتقا چىقىپ ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دىكى ئىككى شوپۇرغا : « «چاڭجياڭ يولى

توپ سېتىش سودا مەركىزى ،گە دەرھال كېلىش » دەپ ۋارقىرىدى . ئاندىن ئۇلار ئىككىسى يەنە جىمجىتلا تاكسىغا چۈشۈشتى.

— قەدىردان ، — دېدى ئالدىدا ئولتۇرغان ھاجىم ئارقىسىغا قايرىلىپ ،— بۈگۈن «قىزىلتاغ» ، «پويىز ئىستانسىسى» ، «چاڭجياڭ يولى» توپ سېتىش مەركەزلىرىدىكى ماللارنى راۋۇرۇس قاچىلاپ ، ئىككى ماشىنىنى يولغا سېلىۋېتەيلى . رۇخسەت ۋاقتىڭدىن يەنە بىر كۈن بار . شۇڭا ، ئەتە «ئاپتونوم رايونلۇق مېۋە - چىۋە شىركىتى»گە بېرىپ ، قۇرۇق يەل - يېمىش «دىڭۋار رۇخسىتى» رەسمىيەتلىرىنى بېجىرەيلى ، بولامدۇ ؟

قەدىردان ئېغىرراق تىنىپمۇ قويمىدى ، ھەتتا ئۇ ئۈچ ئورۇندىكى ماللارنى تۈرلىرى بويىچە رەتلىك بېسىپ ، ماشىنىلارنى يولغا سالغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، يەنىلا گەپ قىلمىدى ھەم جاپپار ھاجىمنىڭ چىرايىغىمۇ قارىمىدى . بارغانسېرى خىجىللىق ئىسكەنجىسىدە بۇرۇقتۇم بولۇۋاتقان ھاجىم ئۆزىنى پايلىماي ئوت بىلەن ئويناشقانلىقىنى ھېس قىلدى . چۈنكى ، قەدىردانىنىڭ چىرايىدىن مەنسىتمەسلىك ئۇچقۇنلىرى يېلىنجاپ تۇراتتى . شۇنداقتىمۇ ، ئەتىسى ئۇلار «غەربىي دىيار مېۋە - چىۋە شىركىتى»گە بىللە بېرىپ ، شىركەت باشلىقى جاڭ يۈڭچىڭ بىلەن كۆرۈشتى . ئۇ ئادەم : «قانچىلىك قۇرۇق يەل - يېمىش بولسا ئالىمىز ، بىراق ئۇنىڭ ئەۋرىشكىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ ‹دىڭۋار رۇخسىتى› رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرەلمەيمىز» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى . جاپپار ھاجىم بىلەن قەدىردان «قوڭغۇرتاش مېۋە - چىۋە شىركىتى»گە ئۈمىد بىلەن بارغانىدى ، بىراق شىركەت باشلىقى لۇڭ داتۇ جاڭ يۈڭچىڭغا ئوخشاشلا گەپ قىلدى . ئاخىر ئۇلار «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا بېرىپ قاقچىلىق سودىگەرلىرى ، قۇرۇق يەل - يېمىش ھايانكەشلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندىن كېيىن «داخىيەن مېۋە - چىۋە شىركىتى»گە بېرىپ ، شىركەت باشلىقى ياڭ مىڭسەن بىلەن كۆرۈشتى . ياڭ مىڭسەن 40 ياشلاردىكى ئورۇق ، ئېگىز ، قاتاڭغۇر ئادەم ئىدى . ئۇ سول تەرەپ قۇلاق تۈۋىدىكى ئۇزۇن چاچلىرىدا تاقىر بېشىنى يېپىۋالغان بولۇپ ، ئۈزمەي تاماكا چېكىپ

تۇراتتى .

— سىلەردە بار قۇرۇق يەل - يېمىش جەمئىي نەچچە تونىنغا بارىدۇ ؟

— 300 تونىنىدىن ئاشىدۇ ، — دېدى جاپپار ھاجىم ئۈمىدلەنگەن ھالدا ، — يەنە لازىم بولسا يېزىلاردىن يىغىپ بەرگىلىمۇ بولىدۇ .

— 700 تونىنىدىن ئارتۇق قۇرۇق يەل - يېمىش بار ، — قەدىردان ھېچ ئەمتىردىمەيلا ھاجىمنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى ، — سىلى «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ ئامبىرىدىكىنى دەۋاتىدىلا ، مەن «ياشلار بىناسى» دىرېكتورى ئوبۇلھەسەن ئاكامنىڭ ئامبىرىدىكىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن .

جاپپار ھاجىمنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى . ئۇ كۆڭلىدە : «بۇ شوم نەلەردە يۈرۈپ بۇ ئىشلارنى بىلىۋالغاندۇ ؟» دەپ ئويلىغان بولسا ، ئۈيغۇرچە گەپنى ئانچە - مۇنچە يامداپ قىلىدىغان ياڭ مىڭسەن قەدىردانغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قالدى .

— ئەمىسە ، — دېدى ياڭ مىڭسەن خەنزۇ تىلىدا ئېنىق قىلىپ ، — گۈلە - قاق ، قارىئۆرۈك قېقى ، ئۈزۈم ، مونەكلەرنىڭ ئەۋرىشكىسى بارمۇ ؟ شۇنى كۆرۈپ ئاندىن توختاملىشىش ھەققىدە سۆزلىشەيلى .

— ئەكەلمەپتىكەنمىز ، — جاپپار ھاجىم دىققاندەك بولۇپ ئەتراپىغا قارىدى ، — ھەممىسى ئىشەنچلىك ماللار... سىز... سىز خاتىرجەم بولۇڭ...

— بولمايدۇ ، بۇ ئاز سودا بولمىسا . مەن قۇيرۇق كۆرسىتىپ ، ئۈچكە ساتقانلارنى كۆپ كۆرگەن ، — ياڭ دىرېكتور ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى ، جاپپار ھاجىممۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ كېلىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى . ھاجىمنىڭ خۇشامەتلىرىدىن ئىچى سىقىلغان قەدىردان تاقەت قىلالمىدى :

— ھاجىم ، مالنى كۆرۈپ سودا قىلىش بۇ ئەقەللىي بىر ساۋاتقۇ ، — دېدى قەدىردان قوللىرىنى سىلكىپ ، — سىلى تاش

ئەكىلەملا ، شىغىلمۇ ياكى تاغارغا توپا ئۇساملا ، قوينىڭ مايىقىنىمۇ ، بۇ ئىنىق بولماي تۇرۇپ ، «توختام روخسىتى» قىلىپ بەرسە ، كېيىن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس ـ دە .

— خاۋ[1] ، — دېدى ياڭ دىرېكتور باشمالتىقىنى چىقىرىپ ، — ئىنتايىن توغرا گەپ قىلدىڭ...

ئۆزىنى ئۆزى لەت قىلىنىۋالغان جاپپار ھاجىم ياتاققا كەلگۈچە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ياڭ دىرېكتورنىڭ بارمىقىنى چىقىرىپ قەدىردانىنى ماختاپ ، ئۆزىگە قاراپمۇ قويمىغانلىقى ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى . شۇڭا ، ياتاققا كىرگەن ھامان ، چاپىنىنى كارىۋات ئۈستىگە پىرقىرىتىپ تاشلاپ ، ئايغىنى سىلىپ سايما كەشنى كىيدى ـ دە ، دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى ھەم خىلىغىچە پۇشاڭشىپ ئولتۇرۇپ كەتتى .

— مەن بىر يانچۇقۇمغا گۈلە ـ قاق ، يەنە بىرىگە مونەك ، قالغانلىرىغا قارىئۆرۈك ، قۇرۇق ئۈزۈم قاچىلاپ يۈرىدىغان دورىپۇرۇش ، سەكسەن خالتا بولمىسام... تېخى ھەممىسىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى سورايدا ، شىپتىراڭغۇ دوزاخ شوتىسى...

— ھەممە ئادەم ئىش ـ ئوقىتىگە ، كەسپىگە ئاشۇنداق پۇختا بولىدۇ ، — دېدى قەدىردان ئاچچىقى بىلەن ، — سىلىمۇ پۈتلىرىغا ئادەتتىكى بىر كەپش ئالسىلىمۇ ئۇنىڭ خۇرۇمىغا ، چەم ـ پاشنىلىرىغا ، ھەتتا تىكىشلىرىگىچە زىغىرلاپ كەتكەندەكلا ئىش...

— ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ، — ھاجىم بېشىنى چايقىدى ، — نەلەردە يۈرۈپ بۇنچىۋالا قاغجالما بولۇپ كەتكەنسەن ؟

— سىلى تېلېۋىزور ، رادىيو ، گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى سودا ئېلانلىرىنى كۆپرەك كۆرۈپ ، ئاڭلاپ ، ئوقۇپ بەرسىلە بولغۇدەك ، — قەدىردان يۈز ئاياشنى بىلمەيتتى ، — مۇشۇ سەۋىيەلىرى بىلەن ھازىرقى دەۋردە سەيگۇيۇەنلىكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىلا...

— ئاپلا ، — ھاجىم ئېڭىكىنى قاماللىدى ، — يەنە يىغىرىمغا

---

1 خاۋ — ياخشى .

تەگكىلى تۇردۇڭغۇ! نەچچە كۈننىڭياقى گاچا بولۇۋالىسەن، تىلىڭ چىقسا ئادەم تىللايسەن.

— مەن سىلىگە ئوخشاش ئادەم تىللىمايمەن.

— «مۇشۇ سەۋىيەلىرى بىلەن سەيگۈيۈەنلىكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىلا» دېگىنىڭ تىللىغان بولماي نېمە؟

— تىللاش بىلەن ھەقىقەتنى ئايرىۋالالمىغانلىقىنىڭ ئۆزى سەۋىيەنىڭ تۆۋەنلىكى بولماي نېمە؟ «ئاتىكارچى»، «چېكەتكە»، «ماڭقاڭنى چاق»، «ھۆپۈپۈپ پىش» دېگەنلەر تىل ـ ھاقارەت، كەمسىتىش دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇقتىلىما؟

تۇنجۇقۇپ ئولتۇرۇپ كەتكەن جاپپار ھاجىمدىن ئەمدى گەپ چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قەدىردان ئالماشتۇرىدىغان ئىچ كىيىملىرىنى ئېلىپ مۇنچىغا كىرىپ كەتتى. ھەر تەرەپتىن توسۇلۇپ قالغان جاپپار ھاجىم بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەتلىك شاپتۇلدەك قىلىن كالپۇكلىرىنى مىتىلدىتىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ تىللىدى. دەرۋەقە، جاپپار ھاجىمدەك مەككە ـ مۇكەررەمگە بارغان، ئاللا يولىدا ھەج ـ تاۋاپ قىلغان، ئادەملەرنى ئازدۇرىدىغان شەيتانغا تاشمۇ ئاتقان مۇنداق ئەھلى مۇسۇلمان، ئاتا يوللۇق ئادەم ئالدىدا مەمەدانلىق قىلماي، «ۋاي ھاجىم، سىلىنىڭ بەرھەق، مېنىڭ ناھەق» دەپ قويسا، بۇ شۇمنىڭ ھېلىقى بىرنېمىسى ئۈزۈلۈپ كېتەرمىدى! توۋا، مۇشۇ زاماننىڭ ياش بالىلىرىغا نېمە بالا تەگدى، ھەممىلا ئىشتا ئالدىپەشلىك قىلىۋاتقان، قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ، يوچۇق ئىزدەۋاتقان، كەمسۇندۇرۇپ، مەسخىرە قىلىۋاتقان... بايا: «مالنى كۆرۈپ سودا قىلىش ئەقەللىي ساۋاتقۇ» دېۋىدى، ھېلىقى ياڭ دېگەن گاداي ماڭا قاراپ ئەجەب سەت ھىجايدا... «ھاجى بولغىنىڭ بىلەن سەنمۇ تۆت سەر يېرىم جىڭ كەلمەيدىكەنسەن» دېگەندۇ تايىنلىق. تېخى ماۋۇ سويما: «تاش ئەكىلەملا، شىغىلمۇ ياكى تاغارغا توپا ئۇساملا، قوينىڭ مايىقىنىمۇ» دېيىشىگە، ھېلىقى ياڭ دېگەن شىپتىراڭغۇ دوزاخ شوتىسى بارمىقىنى چىقىرىپ: «خاۋ... ئىنتايىن توغرا گەپ قىلـ

دىلى...» دەپ ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ كەتتى... ئۇنىڭ گېپىنى توغرا دەپ دوست تارتىپ بەرگەندىن كېيىن ، ئاشۇنداق چىپى چىپچەكلەپ ، ئىشىكى تۆت چىشلىق ھاڭگا بولىدىغان گەپ... ۋاي بولدىلا ، ئۆزۈمنى نېمانچە ئۇپرىتىپ كېتىمەن ، بۇندىن كېيىن مۇشۇنداق بۇرنى كۆپكەن ياش ھوپۇماق شاۋچىلارنىڭ ئالدىدا غىدىقسىۋالساق بولمىدىمۇ . بۇ لەنتى گەدەنكەشلەرنى مۇشۇنداق زۇۋانىدار ، بىلەرمەن ، مەمەدان ، ئاتىكارچى قىلىۋەتكەن زادى نېمە !؟ ھىم... توغرا ، تېلېۋىزور ! مەشرىقنىڭ ، مەغرىبنىڭ دەپ ھەممە تايىپنىڭ رەڭگارەڭ بىر نېمىلىرىنى قويۇۋېرىپ باللارنى بۇزۇۋەتتى . شۇڭا ، ئۇ تېلېۋىزور ئەمەس ، بەلكى «دىل بۇزۇر» كەن ئەمەسمۇ...

ئۆزىنىڭ «پەلسەپىلىك» پىكىرلىرىدىن ، دۇنيا قاراش ، ئەدەئەنىۋى نەزەرىيىلىرىدىن مەمنۇن بولغان جاپپار ھاجىم پۇتىنىمۇ يۇماي ، ئاغزىنىمۇ چايقىماي ئورنىغا كىرىپ يېتىپ ، خېلى بىر ۋاقلارغىچە ھەمدەم خىياللارغا چىرمىلىپ ئۇخلاپ قالدى . قەدىردان مۇنچىدىن چىققاندا ئۇ ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە ، تورۇسقا پۈۋلەپ پۇشتەك چالغىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . قەدىردان بىر چىنە سوۋۇغان قايناق سۇ ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئورنىغا كىرىپ ياتتى . ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ ، مېھمانخانا ھويلىسى ۋە كوچىدىكى يېنىپ تۇرغان چىراغلارنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك ، ياتاق ئىچى سۇس ھاۋارەڭ نۇر ئىلكىدە يورۇپ تۇراتتى . جاپپار ھاجىمنىڭ «پۇشتىكى» ئۆزۈلمەي بىر خىلدا چېلىنىپ تۇرغاچقا ، ئۇيقۇسى قاچقان قەدىردان ئىككى ياستۇقنى كارىۋات يۆلەنچۈكىگە تىرەپ يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ، جاپپار ھاجىمنىڭ سۇس كۆرۈنۈۋاتقان سىماسىغا قارىدى ھەم ئىچىدە : «بىچارە» دەپ پىچىرلىدى . راست ، ئۇ بىچارە ئىدى . بىر چاغلاردا «سىنىپىي كۈرەش» ، «سولچىللىق» ، «شەخسكە چوقۇنۇش» ئۇنى ئەتىيازنىڭ شامىلىدەك ھەم ئىللىق يەلپۈپ ، ھەم ھەرىدەك چېقىپ يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەنىدى ! ئۇ ھازىرمۇ «ئالدىپەشلىك» قىلماي ، باشلىقنىڭ

سىزغان سىزىقىدىن چىقمىسا ، داۋاملىق چىرايىدىن كۈلكە ، گەپ - سۆزلىرىدىن ياخشىچاقلىق ، ھەربىكەتلىرىدىن مۇلايىملىق ، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىچارىلىك ، سالام ھەم تەزىملىرىدىن چەكسىز سادىقلىق چىقىپ تۇرسا ... قىسىقىسى ، باشلىقنىڭ نەزەر - گۇزىرىدىن ئۆتسە... ئۇ ياشايدۇ ، راست ، قولىدىكى بىر پارچە نېنىنى تارتقۇزۇپ قويماي خاتىرجەم ياشايدۇ . شۇڭا ئۇ مال سېتىۋالغاندا ، «باشلىقىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەن» ، «باشلىق تەستىقلىغان ، مۇزاكىرە قىلغان» دەپ ، تىزىملىكنى گويا قۇرئاننىڭ سۈرىسىدىن چارە بىلىپ ، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ ، خەلققە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ، «باشلىق كۆرگەن تىزىملىكتە يوق» دەپ ، ئالدى - ئارقىسىغا قارايدۇ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قەدەم ئېلىپ ، پۇلنىڭ ئالدى يۈزى ، ئارقا يۈزىگە نەچچە رەت زەن سالىدۇ ، بۇنداقلارنى ئىسلاھاتچىلار : «ئاسارئەتىقىلەر» ، «ئىسلاھات پاراۋوزىنى ئارقىغا تارتقۇچىلار» ، «مۇلايىم كاج ئالىيجانابلار» دەپ تەرىپلىگىنى بىكار ئەمەس ... ئىسلاھات دېگەنگە قەدىردانىنىڭ بوۋىسى يۈسۈپ كارۋاندەك يۈرەكلىك ، قورقۇمسىز ، تەۋەككۈلچى ئادەملەر بولسا تۇز تامىدۇ .

قەدىردان بەش يېشىدىن تارتىپ يېزىدا بوۋىسى يۈسۈپ كارۋان بىلەن مومىسى مايسىخانىنىڭ قېشىدا چوڭ بولدى . ئۇنى ئاباس بىلەن خەيرىنگۇل بىر نەچچە قېتىم ئەكىلىۋالغان بولسىمۇ ، شەھەرگە پەقەتلا كۆنمىدى . شۇڭا ، ئۇ يېزا مەكتىپىدە ئوقۇدى . قەدىردان 5 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ، 91 ياشقا كىرگەن يۈسۈپ كارۋان ئالەمدىن ئۆتتى . ئاباس ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئوغلى بىلەن ئانىسىنى شەھەرگە ئەكىلىۋالدى ، بىراق مايسىخان موماي بىر يىلغا قالماي قەدىناسى ئارقىسىدىن باقىيغا رەھلەت قىلدى .

قەدىردان چوڭ ئۆيدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيدۇ . دېمىسىمۇ ، ئۇ 5 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىمۇ بوۋىسىنىڭ ئىچىدە ياتاتتى . يۈسۈپ كارۋان ياشلىقتىكى خاتىرىلىرىنى ئەسلەشكە ھېرىسمەن ئادەم ئىدى ، ئۇ قەدىردانىنىڭ چۈشىـ

نىش ـ چۈشەنمەسلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى ، ھەم نەۋرىسىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقى بىلەنمۇ كارى يوق ، ھېكايىسىنى ئېيتىۋېرەتتى . يۇسۇپ كارۋان كۆپىنچە ئۆزىنىڭ چۆل ـ جەزىرە قۇملۇق ـ دەشتلەرنى كېزىپ ، شەھەرمۇشەھەر سودىگەرچىلىك قىلغان ھاياتىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەشكە ئامراق ئىدى . دېمىسى-مۇ ، ئۇ خوتەندىن قەشقەر ، ئاقسۇ ، كۇچا تەرەپلەرگە ئەتلەس ، شايى ، بەقەسەم ۋە سېرىق ، ئاق ، ناۋات رەڭ يىپەك چۈنچەنلەرنى ئاپىرىپ سېتىپ ، ئۇ يۇرت بازارلىرىدىن پىستە ـ بادام ، خورما ، گۈلە ـ قاق ، كىشمىش ، مېيىز قاتارلىق قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەر-نى ئېلىپ ، تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ، ئۇلىدا سۇ قىلاتتى ، ئۇلىدىن بولسا بۇلغار ، چىگرىن ، كۆن ، شاۋرۇن قاتارلىقلارنى ئېلىپ ، ئالتە شەھەر بازارلىرىدا ساتاتتى .

يۇسۇپ كارۋان نەۋرىسىگە باتۇرلۇق ھەققىدە كۆپرەك سۆز-لەيتتى . ئۇ چۆل ـ جەزىرىلەردە كارۋان تارتىپ كېتىۋاتقىنىدا ئالدىنى توسقان بۇلاڭچى ، قاراقچى ، ئوغرىلار بىلەن قانداق ئېلىش-قانلىقىنى ھېكايە قىلغاندا ، قەدىردان كۆزلىرىنى ئالايتىپ ، لەۋلى-رىنى چىشلەپ ، كىچىك مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ جىددىيلىشىپ كې-تەتتى . ھەتتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر باش قويۇش بىلەن خامىرى چۈۋۈلۈپ كەتكەن ، چېكىسىگە يېگەن بىر مۇشت بىلەن كۆز ئالمى-سى ساڭگىلاپ قالغان ، بىر پەشۋادا چىشلىرى تۆكۈلۈپ چۈشكەن كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولاتتى…

— بىر قېتىم ، قارا بالام ، قـولـلـىـرىـدا قىلىچ ـ نەيزە ، يەتتە ـ سەككىز قاراقچى قوغلاپ كەتتى ، — دەيتتى يۇسۇپ كارۋان ئاۋازىغا سىرلىق تۈس بېرىپ ، — قېچىۋاتىمەن… قېچىۋاتىمەن… ئاخىر 30 غۇلاچ كېلەرمىكىن ، بىر تىك يار لېۋىگە كېلىپ قال-دىم ، پەسكە قارىسام چەكسىز قۇملۇق تۇرىدۇ ، مەن : «يا تەۋەك-كۇلتۇتەئەلالللا » دېدىم ـ دە ، كۆزۈمنى يۇمۇپ سەكرىدىم …

— بوۋا ، ھازىرقى گېپىڭنى ئۇقالمىدىمغۇ ؟

— «تەۋەككۇل قىلدىم ، ئاللا ئاق يول بېرەرسەن» دېگەن

گەپ ، بالام .

بىر كۈنى مايسىخان ئانا ئاچچىقلاپ قالدى :

— ھەي دادىسى ، راست ـ يالغانىنى قوشۇپ ، نەدىكى قورقۇنچ- لۇق بىر نىمىلەرنى سۆزلەپ ، بالىنىڭ يۈرىكىنى ياراي دەملا ؟

— ھەي مەزلۇم ، «دەرد ـ ئەلەملەر كېلىدۇ ، ئوغۇل بالانىڭ باشىغا . سايدا تۇگمەن چۆرگىلەيدۇ ، كۆزدىن ئاققان ياشىغا » دې- گەن غەزەلنى ئاڭلىغانمۇسەن ؟ — يۈسۈپ كارۋان ساقاللىرىنى تۇ- تاملىدى ، — ھەببەللى ، شۇڭا ئوغۇل بالىنى قورقماس ، قارام ھەم جىگەرلىك چوڭ قىلىش ئۈچۈن ، كىچىكىدىن تارتىپ يۈرىكىنى تاۋلاش كېرەك . ئۆمۈر مەنزىلىدە تاغدەك بالالار قازنىدا قاينىما- غان ئوغۇل بالا ، ئۇ يېرىم ئوغۇل بالا ، ئۇقتۇڭما ؟

ئەمما يۈسۈپ كارۋان سودا ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلىگىنى- دە ، ئۇنىڭ قاتمۇقات جىيەكلىك كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچراپ ، چېھرى شام چىراغدەك يورۇپ كېتەتتى .

— قارا ، بالام ، ھەر بىر سودا ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى ئالىدى- غان لەززىتىڭنى تىل بىلەن ئىزھار قىلىپ بولالمايسەن ، — دەيتتى بوۋاي تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ ، — ھەتتا شۇنداق ئىشلار- مۇ بولىدۇكى ، مۇشتۇمدەك بەدەل تۆلەپ ئالغان تېرىقتەك پايداڭمۇ ساڭا جەننەتنىڭ نېمىتىدەك بىلىنىدۇ .

يۈسۈپ بوۋاي ئاشۇ خاتىرىلەرنى ئەسلەش ئارقىلىق ياشلىقىغا قايتقاندەك بولامدۇ قانداق ، سودا ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلىسىلا ، ھاياجانلىق ھېسسىياتلار ئىچىدە ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلى- كىنى تۇيمايلا قالاتتى . ئۇ سودىدىكى ئەڭ ئىنچىكە ، سىرلىق ھەم مەخپىي ئۇسۇللارنى بايان قىلىۋاتقىنىدا ، قەدىردان بوۋاينىڭ ئىچى- گە كىرىپ ، ھەممىنى بىر يولىلا بىلىۋالغۇسى كەلگەندەك ، بارغان- سېرى سىبجىپ كېلىپ ، ئاغزىغا تىكىلىپلا قالاتتى .

— سودىدا ئېلىشنىلا بىلىپ ، بېرىشنى بىلمىگەن ، پايدىدىن ياشىرىپ ، زىياندىن تۇگىشىپ كېتىدىغان ئادەملەر ھەقىقىي سودى- گەر بولالمايدۇ ، بالام ، — دەيتتى بوۋاي قەدىردانىنىڭ كۆزىنىڭ

ئىچىگە قاراپ ، — مال ئېلىشتا دىتلاش بىلەن خېرىدارنىڭ رايىنى دىتلاش ئەڭ مۇھىم . بازار ھەر كۈنى ، ھەر زامان ئۆزگىرىپلا تۇرىدۇ ، بۈگۈنى بەقەسەم تون بازار تاپسا ، ئەتىسى چۈنچەن يەكتەك ئەتىۋار بولۇۋاتقان ، چۈشتىن بۇرۇن بەس ـ بەستە ئۈنچە دوپپا ئېلىنىۋاتقانلار ، چۈشتىن كېيىن گىجىم رومال سوراۋاتقان…

— بوۋا ، — دېدى كىچىك قەدىردان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاۋې-تىپ ، — مەن چوڭ بولسام چوقۇم سودىگەر بولىمەن…

— بالام ، سودىگەرچىلىكنى ئاسان چاغلاپ قالدىڭما ؟— بوۋاي نەۋرىسىنىڭ چىلگىدەك يۇمىلاق بېشىنى سىلىدى ، — سودا دېگەن قويۇڭغا بۆياقتىن چىگىت بېرىپ ، ئۇياقتىن سەمرىدىمىكىن دەپ قويرۇقىنى تۇتىدىغان ئىش ئەمەس ، تەۋەككۇل قىلىپ ھەممىنى چېچىۋېتىپ ، ئارقىدىن ئاستا ـ ئاستا يىغىۋالىدىغان سەۋر ـ تاقەتلىك سودىگەرگىلا ئاللا غەنىيلىك مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلىدۇ…

… «گۆھەر زېمىن» مېھمانخانىسىنىڭ ياتىقىدا بوۋىسى بىلەن خىيالەن مۇڭداشقان قەدىردان «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىنىپ قويدى . دەرەخ بويى كۆتۈرۈلگەن يېرىم ئاي پەردىلىرى قايرىلغان كەڭ دېرىزىلەردىن ياتاقنى ئاپپاق يورۇتۇپ تۇراتتى . سىرتتا ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى ئاڭلىنىپ ، چىراغ نۇرلىرى ياتاق تورۇسىدا يالت ـ يۇلت چاقنايتتى . جاپپار ھاجىم ھېلىھەم پۈشتەك پۈۋدەپ ئۇخلىماقتا ئىدى . قەدىردان ئەتە «شىنجاڭ مېھمانخانىسى مەكتىپى»گە بارىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، يوتقىنىغا پۈركىنىپ ياتتى ، ئەمما ئۇ قاچانلاردا تاڭ ئېتىپ قالغان-لىقىنى تۇيمايلا قالدى . ھاجىم ئۇنى تۈرتۈپ ئويغىتىۋەتتى :

— ھەي قەدىردان ، تۇره ! قاچانغىچە ياتىسەن ؟

قەدىردان كىچىلىك كىيىملىرى بىلەنلا يۈز ـ بويۇنلىرىنى سۈرتۈۋاتقان ھاجىمنى كۆرۈپ غودۇڭشىدى :

— نېمانداق سەھەر تۇرۇۋالدىلا ؟ چۈشتىن كېيىن سائەت بەش ـ ئالتىلەردە ماڭىدىغان تۇرسىلا .

— بۈگۈن سېنىڭ ئوقۇشۇڭ باشلىنىدىغان كۈن ، — دېدى

جاپپار هاجىم كۆڭلىكىنى كىيىۋېتىپ، — ئەمما مەن سىنى ياقۇپ هاجىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تونۇشتۇرۇپ قويمىسام بولمايدۇ.

— «ئازاد» ماركىلىق چوڭ ماشىنىدا يۈك توشۇيدىغان ھېلىقى بودەك ساقال ھاجىمدۇ؟ ئۇنى تونۇشتۇرۇپ قويمىسىلىمۇ تونۇيمەن، بىزنىڭ ئۆيگە نەچچە قېتىم كەلگەن.

— ئۇرۇمچىدىكى ئۆيىنى بىلەمسەن؟

— ياق.

— ھەببەللى، ئاباس بوجاڭ: «ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويىغاچ، ئۇنىڭغا بەزى ئىشلارنى تاپىلاپ قوي» دېگەنىدى.

ھە بىلدىم، دادام مېنىڭ ئوقۇۋاتقان ياكى ئويناۋاتقانلىقىمنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن، ياقۇپ ھاجىمنى ئىشپىيونلۇققا سالىدىكەن ـ دە…

— ھەي، نېمانداق ئاغزىڭ ئاچچىق بالا سېنىڭ، ئەيمەنمەي ئاباس بوجاڭغىمۇ تىل تەگكۈزۈۋاتىسىنا!

— ئەمىسە ئۇ بودەك ساقالغا مېنى تاپىلاپ نېمە قىلىدىكەن؟

— ئۇنداق تەتۈر چۈشەنسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ئۇرۇمچى دېگەن مۇرەككەپ شەھەر، مۇساپىرچىلىقتا زېرىكسەڭ ـ تېرىكسەڭ، بىرەر نەرسىدىن خىجالەتچىلىك تارتساڭ ساڭا ھەمقان بولامدۇ…

— بولدى، ئويناشتىم. ئويناشقانغىمۇ شۇنچە ئەزۋەيلەپ كەتكەن بارمۇ؟

ئۇلار ئەتىگەندە ھېلىقى قازاق چايخانىسىدا ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن چوڭ يولغا چىقىپ تاكسىغا چۈشتى. تاكسى «سەككىز قەۋەت»تىن ئۆتۈپ، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ ئارقىسى بىلەن داجەيگۇغا يېتىپ كەلدى. شوپۇر جاپپار ھاجىمنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن تار بازار مەيدانلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاخىر يەرلىك ئۆيلەر زىچ جايلاشقان ئاھالىلەر رايونىغا كىلىپ توختىدى. جاپپار ھاجىم ئىككى ئادەم توغرىسىغا پاتمايدىغان قىسىلچاق كوچىلاردىن ئۆتۈپ، كۆك سىرلانغان چوڭ تۆمۈر دەرۋازىغا قەدەم ئالدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

قەدىردانىنى ھويلا ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئىككى قەۋەتلىك تۆت چاسا بىنانىڭ كارىدورىغا باشلاپ كىردى .

— بۇ بىر قېرى تۇڭگاننىڭ قورۇسى ، — دېدى جاپپار ھاجىم كارىدوردا كېتىۋېتىپ ، — مۇشۇ بىنادىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئىجارىگە بېرىلىدۇ .

— ئۇنداقتا ئۇ تۇڭگان پۇلنى ئۇسسۇۋالغۇدەك...

— ياقۇپ ھاجىمنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە ، ئايدا 12 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىدىغان ئوخشايدۇ .

ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى . جاپار ھاجىم ئىشىكنى بوش ئۇرۇشى ، ئىچكىرىدىن : «كىرىۋېرىڭ ، ئىشىك ئوچۇق» دېگەن ئاۋاز كەلدى . ئۇلار ئۆيگە كىرىشى بىلەن سەلەرگە ، بېنزىن ، تېرپېنتىن قاتارلىق مايلارنىڭ ئاچچىق ھىدى دىماقلارغا ئۇرۇلدى . ياقۇپ ھاجىم ئاسما مايكىسى بىلەن ئۆي ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان سولياۋ پالاز ئۈستىدە ماشىنىنىڭ قايسىدۇر زاپچىسىنى رېمونت قىلماقتا ئىدى . ئۇنىڭ قوللىرى بىلەكلىرىگىچە قاپقارا ماي بولۇپ ، يۈزىگىمۇ قارا ـ قورىلار سۇۋالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ئورنىدىن تۇرغانچە ، قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە يېيىپ ئۆزرە سورىدى :

— تازا سەت بولدى ، ماشىنىنىڭ ماي تەڭنىسى ئېقىپ قاپتىكەن ، ئوڭلاۋاتاتتىم . رېمونتخانىغا ئاپارسام پالانچى پۇل... قېنى ئولتۇرۇڭلار ، مەن قولۇمنى چايقاپ چاي قىلاي .

— بولدى ئاۋارە بولمىسىلا ، ھاجىم ، — دېدى جاپپار ھاجىم جىددىي تەلەپپۇزدا ، — بىز قورسىقىمىزنى تويغۇزۇپ كەلدۇق . بۇ بالا ئابباس بوجاڭنىڭ ئوغلى قەدىردان بولىدۇ...

— شۇ ، شۇ ، چىرايى تېمانداق تونۇشكىن دەيمىنا...

— قەدىردان «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»غا ئاشپەزلىكنى ئۆگەنگىلى كەلدى . ئابباس بوجاڭ بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويسا دەپ تاپىلىۋىدى...

— هوي ، تاپىلاش كېتەمدۇ ، ئۇقۇپلا قالساق بولدى . قەدىر-دان ئۆز ئىنىمىزدەك بالا ، ئابباس بۇجاڭنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ساخا-ۋەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق .

ياقۇپ هاجىم ئوتتۇرا بوي ، بۇغداي ئۆڭلۈك ، 35 ـ 36 ياشلاردىكى ئادەم بولۇپ ، يېشىغا ماس كەلمىگەن بودەك ساقىلى ئۇنى 50 ياشلىق ئادەمدەك كۆرسىتىپ قويغانىدى . قەدىردان كونا ئەدىيال يېپىلغان كارىۋات ، ئاددىي گاز ئوچاق ، بىر ياغاچ ساندۇق ھەم قوزۇققا ئىلىقلىق جايىنامازدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىگەن بۇ ئۆيگە قاراپ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى . ياقۇپ هاجىم بۇنى سېزىپ قالدى بولغاي ، قەدىردانغا چاقچاق قىلدى :

— ھە ، قەدىردان ئىنى ، ھەشەمەتلىك سارىيىمغا ھەيران بولۇۋاتامسەن؟ قانداق قىلىمىز ، يوقسۇزلۇق ...

— ياقۇپ هاجىم ، — دېدى جاپپار هاجىم كۈلۈپ قويۇپ ، «قانچىلىغان ماشىنىلارنى كىراغا سېلىپ ، بوسۇغىسى ئالتۇن-دىن بولۇپ كەتتى» دەپ ئاڭلايمىز ، يوقسۇزلۇقتىن گەپ ئاچسىلا غەلىتىلا ئاڭلىنىدىكەن ...

— ھەممىسى ئالدى ـ قاچتى گەپلەر ، — ياقۇپ هاجىم غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى ، — كىراغا سېلىۋاتقان «ئازاد»تىن بىر ، «شەرق شامىلى»دىن ئىككى ماشىنام بار . بەزىدە تېخى تۈرۈۋپلا بىرەرى «تومۇقاپ» قالىدۇ ... ھەي ، ماشىنا كۆپ بولغانغا يەتمەي-دىكەنغۇ .

— ئۇنداقتا ماشىنىنى كۆپەيتىدىغان پىلانلىرى بار ئوخ-شىمامدۇ؟

— بولمامدىغان ، ئەگەر پۇلۇم بولغان بولسا «توشۇش ھەم يۆتكەش» كالونىدىن بۇگۇنلا بىرنى قۇرغۇم بار...

ئۇلار ، ئۇرۇمچىگە كېلىپ ھەرخىل كەسىپ ھەم تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ھال ـ كۈنى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋات-قان ، زىيان تارتىپ ۋەيران بولۇۋاتقان ، ھەتتا قانۇنسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ تۈرمىگە كىرىپ قالغان بىر يۇرتلۇقلار ھەققىدە

خېلى كۆپ سۆھبەتلەشتى . ئاخىرىدا ياقۇپ ھاجىم :

— ئەڭ مۇھىمى ، دىلىڭنى پاك ئىمان ، دىيانەت نۇرى يورۇتۇپ تۇرمىسا ، نىيەت ھەرگىز خالىس بولمايدۇ ، نىيەت خالىس بولمىدىمۇ ، ھامان زاۋاللىقتا يۈزلىنىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، — دەپ سۆھبەتنى خۇلاسىلىدى .

جاپپار ھاجىم بىلەن قەدىردان ئورنىدىن تۇرغانىدى ، ياقۇپ ھاجىم ئۇلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ، چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا ئېلىپ كەتتى···

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

ھەپتىدىن بېرى تاماقلار تۈرى، قورۇمىلار سانى ھەم ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىق نەزەردىيە دەرسلىرىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرى پۈتۈپ كەتكەن قەدىردان شەنبە، يەكشەنبىنى ئارانلا كۈتۈۋالدى. ئۇ شەنبە كۈنى ئەتىگەندىن چۈشكىچە كىر كىيىم، قول ياغلىق، پايپاقلىرىنى يۇيۇپ ياتىقىغا ئېسىۋەتكەندىن كېيىن، كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا بىر يۇرتلۇقلارنى ئىزدەپ كېتىپ قالدى. ئۇ چۈشىدىغان بېكەتتىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، ناتونۇش بېكەتتە گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى. ئەتراپتا بىرنەچچە خەنزۇلارمۇ ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرۇشاتتى. قەدىردان خەنزۇچە بىلمىگەچكە ئۇلاردىن سوراشقا پېتىنالمىدى. ئۇ ئەمدىلا: «ئارقامغا قاراپ مېڭىپ باقاي» دەپ تۇرۇشى، توققۇز ـ ئون ياشلاردىكى يۇمىلاق ئاي يۈزلۈك بىر قىز داستىخانغا يۆگەلگەن بىر نەرسىنى كۆتۈرگىنىچە پەيدا بولۇپ قالدى. قەدىردان قىزغا بىرلا قاراپ، يۈرىكى ئېغىپ، چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. چۈنكى، ئاي يۈزى مەرمەردەك سۈزۈك بۇ قىز مەدىنەنىڭ سۈرىتىلا ئىدى.

— سىڭلىم، — دېدى قەدىردان قورۇنۇپقىنا، — «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا بارماقچىدىم، باشقىلا بىر يەرگە كېلىپ قالدىم.

— خېلى بەك ئۆتۈپ كېتىپسىز، ئاكا، — قىزنىڭ تەلەپپۇزى شۇنچىلىك يۇمشاق ھەم يېقىملىق ئىدىكى، مەدىنەنىڭ ئاۋازىدىن پەرقى يوق ئىدى، — بۇ يەر ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدى، يۈرۈڭ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتەيلى.

— توغرا، توغرا، قايتقاندا يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بېكەتتە

www.uyghurkitap.com

تۇرىمىز ـ ھە؟ — قەدىردان قىزىرىپ كەتتى، — سىز بولمىسە-ڭىز يەنە ئازىدىكەنمەن.

— مەن «دوستلۇق»قا بارىمەن، — دېدى قىز قىيا بېقىپ، — سىزمۇ شۇ يەردە چۈشۈپ قالسىڭىز ئاسانلا تاپالايسىز.

— توغرا، توغرا، «دوستلۇق»قا بىرنۋالساملا تاپالايمەن...

ئۇلار قىزىل چىراغ يېنىش بىلەن يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى.

— ئۇرۇمچىگە يېڭى كەلگەن ئوخشايسىز ـ ھە؟

— شۇنداق، — قەدىردان قىزنىڭ پارقىراپ تۇرغان كىچىك ئاغزىغا قارىدى، — سىز ئۇرۇمچىلىكمۇ؟

— ياق، بىز كۇچادىن. لېكىن، مەن قاچان كەلگىنىمنى بىلمەيمەن، بەك كىچىك ئوخشايمەن.

— ئېتىڭىز نېمە؟

— مېھرىبان.

— مېنىڭ ئىسمىم قەدىردان، خوتەندىن ئوقۇغىلى كەلدىم.

ئۇلارنىڭ ساددا، سەمىمىي سۆھبىتى تەبىئىي يۇرۇشۇۋاتقاندا ئاپتوبۇس كېلىپ قالدى. ئۇلار ئاپتوبۇسقا بىللە چىقىشتى. قەدىردان دەرھاللا ئىككى بېلەت ئالدى. قىز قىزىرىپ: «رەھمەت» دەپ قويدى. قەدىرداننىڭ بايىقى سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرغۇسى، قىز نېمىلا دېسە دېسۇن، پەقەت ئاشۇ بىراۋلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاشلا ئارزۇسى بار ئىدى.

— بۇ تەرەپتىن كېلىۋاتىسىز، ئۆيۈڭلار مۇشۇ تەرەپتىمۇ؟

— ياق، ئانام ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا، — قىز بىلىنەر ـ بىلىنمەس خورسىندى، — يېتىۋاتقىنىغا 20 كۈن بولدى.

— نېمە كېسەل ئىدى؟

— دېگىلى بولمايدىغان كېسەل...

قىزنىڭ كۆزلىرى لىپمۇلىپ ياشقا تولۇپ، بىر يانغا قارىۋال-

دى . شۇندىن كېيىنلا قەدىردان يېنىكلىك قىلىپ سوئال سوراشقا پېتىنالمىدى . «دوستلۇق» بېكەتتە چۈشۈپ قالغاندا ، مېھرىبان : «خوش» دەپلا ، ئۆدۈلدىكى قايناق بازار ئىچىگە كىرىپ كەتتى . قەدىردان قىزنىڭ قارىسى يوقالغۇچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى ، كېيىن بوينىنى ھەرقانچە سوزۇپمۇ قىزنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن ، روھى چۈشكەن ھالدا «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا مېڭىپ كەتتى .

قەدىردان «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ ھويلىسىغا كىرىپلا ، ۋاڭ - چۇڭنىڭ دەستىدە بېشى گاراڭلا بولۇپ قالدى . ماركىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان يولۇچى توشۇش ئاپتوبۇسلىرى ، يۈك ئاپتوموبىللىرى ، مىنىبۇسلار ھويلىنىڭ تۆت تەرىپىگە زىچ تىزىلىپ كەتكەن ، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا خۇددى قۇم بارخانلىرىدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ھەرخىل ماللارنىڭ دەستىدىن ئاياغ باسقۇدەك يەر قالمىغانىدى . سومكا ، چامادان ، سولياۋ خالتا ۋە ھەرخىل بوپىلارنى كۆتۈرگەن ، قولتۇقلىغان ، يۈدۈۋالغان يولۇچىلار ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ ، ئۆياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى ، ئەنسىز توۋلىشاتتى . يولۇچى توشۇش ئاپتوبۇسلىرىغا خېرىدار تېپىپ بېرىپ جان باقىدىغان چاپارمەنلەر كىملەرنىدۇر تارتىشتۇرۇپ سۆرەيتتى ، قايسىدۇر ماشىنىنىڭ پاكىزلىقى ، كارىۋىتىنىڭ ئەپلىكلىكى ، يوتقان - كۆرپىسىنىڭ يېڭىلىقى ، ماشىنىغا رەڭلىك تېلېۋىزور ئورنىتىلغانلىقىنى ماختاپ ، جاۋغايلىرىدىن كۆپۈكلەر چاچرايتتى ؛ تىجارەتچى ، سودىگەرلەر بەس - بەستە بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ، تاي - تاي ماللارنى ، خىلمۇخىل قەغەز ساندۇقلارنى ، ئەدىيال ، كىگىزلەرگە ئورىلىپ باغلانغان قانداقتۇر ماللارنى ، ھەتتا ئۆي زىننەتلەيدىغان رەڭگارەڭ ماتېرىياللارنى ئاپتوبۇسنىڭ ئۈستىدىكى يۈك قاچىلايدىغان جازىسىغا باسماقتا ئىدى . ھەر كىم ئۆز ماللىرىنىڭ ئىشەنچلىك ھەم پۇختا بېسىلىشى ئۈچۈن ۋارقىرىشاتتى ، قاباھەت تىللار بىلەن تىللايتتى ، ھەتتا بەزىدە ئاپتوبۇس ئۈستىدە تۇرۇپ مۇشتلىشىپ كې-

تىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى . «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ هويلىسىنىڭ مەينەتلىكىدىن كۆڭۈل ئېلىشاتتى ، ئۇششاق باللار-نىڭ قەدەمدە بىر ئولتۇرۇپ قويغان چوڭ - كىچىك تەرەتلىرى ، هەر تەرەپكە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن سولىياۋ خالتا ، قەغەزلەر ، مېۋە شۆپۈكلىرى ، ھەرخىل ئىچىملىك قۇتىلىرى قالايمىقان يېيىلىپ ياتاتتى...

قەدىردان تۇيۇقسىزلا نۇرمەت پاكارنى كۆرۈپ قالدى . لېكىن ، ئۇ قەدىردانىنى گويا تونۇمايدىغاندەك بېشىنى گىلدىڭلىتىپ قويدى - دە ، دېھقان سىياق ئىككى ئادەمنى قوللىرىدىن يېتىلەپ كېتىپ قالدى . قەدىردان ئىچىدە : «توۋا ، بۇ خەق پۇلنى كۆرگەندە ئانىسى بىلەن دادىسىنىمۇ تونۇماس بولۇپ قالىدىغان ئوخشىمامدۇ » دەپ تۇرۇشى ، نۇرمەت پاكار ھېلىقى ئىككى ئادەمنى ئاپتوبۇس خوجايىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ بەش بارمىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشى ، ھېلىقى بۇقا گەدەنمۇ بېشىنى لىڭشىتتى . شۇندىن كېيىنلا نۇرمەت پاكار يۈگۈرۈپ كېلىپ قەدىردان بىلەن كۆرۈشتى :

— خاپا بولمايسەن ، بايىقى ئىككى گاداينى ئەچچە چاپارمەن ئارىسىدىن ئاران تارتىپ ئاچىقالىدىم ، قاراپ تۇرۇپ ئىككىسىنى تارتقۇزۇپ قويساق ، ئۇلار يەنە ئۇنىڭ كۆزى ئوچۇقلا كېتىدۇ - دە...

نۇرمەت پاكار قەدىردانىنى باشلاپ تۆتىنچى قەۋەتتىكى ياتىقىغا ئاچىقتى . قەدىردان ياتاققا كىرىپلا بۇرنىنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ ، نۇرمەتنى خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن قولىنى پەسكە چۈشۈردى . چۈنكى ، ياتاقتىن قاڭسىق تەر ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ ، دىماقلارنى ئېچىشتۇرماقتا ئىدى .

بۇ سەككىز كىشىلىك ياتاق بولۇپ ، سەككىز كارىۋاتنىڭ ئۈستىدىكى يوتقان - كۆرپە ، ئەدىيال ، ياستۇقلار كۆلگە پۇچىلىنغاندەك كىر ھەم مەينەت بولۇشتىن سىرت ، قالايمىقان چېچىلىپ تۇراتتى . تېخى ياتاقنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرى ، كارىۋات ئاستىلىرىدا سوغۇق ئىچىملىك قۇتىلىرى ، پىۋا ، ھاراق بوتۇلكىلىرىدىن

باشقا ، ئەسكى ئىشتان ، كونا پايپاق ، يىرتىق ئاياغلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن ، دەرۋەقە ، ياتاقتا بىر خىل بەتبۇي پۇراق سىڭىپ قالغانىدى .

— ھەممىمىز ئوقەتچى بالىلار . بەزىلىرى كېچىلىرى ئوقەت قىلىپ ، كۈندۈزى ئۇخلايدۇ ، — دېدى نۇرمەت خىجىللىق ئىلكىدە قىزىرىپ ، — بىرەر سودىنىڭ شەپىسى بولغان ھامان ھېچنېمە بىلەن چاتىقىمىز يوق يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كېتىمىز . بايىمۇ كۆرـ دۈڭ ، ئىككى خېرىدارنى دەپ ساڭمۇ قارىماي كەتتىم…

— ھېلىمجان كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟

— ئۇ ئەتىگەن سەھەردىلا «قوڭۇرتاش مېۋە ـ چېۋە شىركىـ تى»گە قاق كەپتۇ دەپ چىقىپ كەتكەن ، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى .

— غەيرەت جاڭدۇمۇ قاقچىلىق قىلامدۇ ؟

— ياقەي ، ئۇ چوڭ ئوقەت قىلىدۇ…

— قانداق چوڭ ئوقەت ئۇ ؟

— باشقىلارغا دەپ يۈرمە ، ئاق تاماكا سېتىش بىلەن شۇغۇللىـ نىدۇ…

— ئەمىسە ئۆزىمۇ چېكىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟

— ساتىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى چەكمەيدۇ ، ئەمما غەيرەت شۇنداق ئىچىدۇكى ، ئىشتانلىرىغا چىقىرىۋەتكىنىنى تۇيماي قالىدۇ .

— ئەگەر ساقچىلار بىلىپ قالسا ، كاللا كېتىدىغان ئىشتە بۇ !

— قىزىقكەنسەن ، ساقچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ بەزى گېلى يوغانلار بار ، خىروئىن ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئاتامانلىرى ئۇلارنىڭ گاللىرىغا ئۇرۇپ تۇرغاچقا ، ئادەتتە بۇ يەرلەرگە تەكشۈرۈپ كىرمەيدۇ . ئىدـ شەنمىسەڭ سائەت توققۇز ـ ئونلاردىن كېيىن بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ باقە ، پۈتۈن ياتاقلاردا ئوپچە خىروئىن چېكىش ، گۇرۇپپا بولۇپ قىمار ئويناش قىزىپ كېتىدۇ .

— ھەي نېمە دەۋاتىسەن ، بۇ… بۇ راستما ؟

— ئالتىنچى قەۋەتتە ئاتۇشلۇق باللار بار، تېخى ئۇلار كارىدورغا ئىككى ئادەمنى قاراۋۇل قويۇپ، ئاندىن چېكىش ۋە ئويناشقا چۈشىدۇ.

— ئۇنداقتا باشقا مېھمانخانىلاردا ياتاقلار بولمامدۇ؟

— قىزىقكەنسەن، باشقا مېھمانخانىلارنىڭ بىر كېچىلىكى ئەڭ تۆۋىنى 60 يۈەندىن، يۇقىرىسى 1000 يۈەنگىچە بارىدۇ، تاپقان پۇلنىڭ تايىنى يوق، ئۇنداق ياتاقلاردا ياتساق، قوغىدا ئىشتان يوق، ئېتى مارجان بوۋىلەردىن بولۇپ قالمايمىزمۇ؟

— ئەمىسە بۇ ياتاقلارچۇ؟

— بىر كۈنلۈكىمىز 12 يۈەن، 15 كۈندە بىر قېتىم يوتقان - كۆرپىلەرنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. ھە راست، كۈندە بىر قېتىم سۈپۈرۈپ، ئەخلەتلەرنى ئاچىقىپ كېتىدىغان خادىملار بار.

يامالىق تېغىنىڭ ئاسمىنى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ، كۈن ئولتۇردى، كۆپ ئۆتمەيلا تاغلىق شەھەر ئۇرۇمچىنى گۆگۈم پەردىسى ئۆز قوينىغا ئالدى. كوچا چىراغلىرى بىردەك يېنىپ، تومۇردىكى قاندەك تېز چېپىشىۋاتقان رەڭگارەڭ ئاپتوموبىللار، تۈرلۈك - تۈمەن ئادەملەر نەلەرگىدۇر ئالدىرىشاتتى… قەدىردان دېرىزىدىن سىرتقا قاراپلا ئورنىدىن تۇردى.

— نۇرمەت، مەن ماڭاي، قارىغىندا، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ…

— كېتىمەن دېمە، ئۇرۇمچىگە يېڭى كەلدىڭ، ئىزىپ كېتىدىسەن. ھېلىمجانمۇ ھېلى كېلىپ قالىدۇ. ئۈچىمىز سىرتقا چىقىپ تاماق يەيلى، ئاندىن كارىۋاتلىرىمىزنى جۈپلەپ، گۈڭگۈر - مۇڭگۇر مۇڭدىشىمىز.

قەدىردان بىلەن نۇرمەت پاكار ئىككىسى: «كېتىمەن، كەتمەيسەن…» دەپ تالىشىپ تۇرۇشى، ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىمجان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئېغىر سولياۋ خالتا بار ئىدى.

— ۋاي، ۋاي، كۆڭۈلدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق جۇمۇڭلار، — دېدى ھېلىمجان سولياۋ خالتىنى نۇرمەتكە بېرىۋېتىپ، —

قەدىردان كېلىپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلۇۋىدى ، شۇڭا سامسا ، كاللا ـ پاچاق ئـالغاچ كېـلىۋىدىم . قـېنى نۇرمەت ، داستىخانلىرىڭنى سالامسەن !

نۇرمەت ئىككى كارىۋات ئارىلىقىدىكى تومپۇچكا رولىنى ئۆتەيدىغان ئېگىز قىزىل ساندۇق ئۈستىگە سېلىنغان داستىخاننى ئالدى ، ئاندىن ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ ، ئىچىدىن چايدان ، سىركايە چىنە ، تۆمۈر تەخسە ، پىچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ داستىخان ئۈستىگە قويدى .

— چىينى ئىچىۋالمىسۇن دەپ چايداننى ساندۇققا سېلىۋېتىدىكەنسىلەر ـ دە ، — دېدى قەدىردان سەل ھەيرانلىق ھېس قىلىپ .

— ئىچىسىغۇ مەيلى ، — ھېلىمجان بېشىنى چايقىدى ، — مەست كىرىپ چاقمايدىغان ، سۇندۇرمايدىغان ، دېرىزىدىن ئاتمايدىغان نەرسىسى قالمايدۇ بۇ گۇيلارنىڭ . مانا هازىر ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بەشىنچى قەۋەتتىكى ياتاقلارغا يىغىلدى ياكى ئالتىنچى قەۋەتتىكى ئاتۇشلۇقلارنىڭ ياتىقىدا قىزىۋاتىدۇ .

— ئۇ يـەردە نېـمىش قىـلـىـدۇ ؟ — قەدىردان ھېلىمـجانغا قارىدى .

— ھەي ، بايا ئېيتتىمغۇ ، — نۇرمەت خروئىن چېكىش ، هاراق ئىچىش ، قىمار ئوينىشنىڭ ئىشـارىتىنـى قىلدى ، — مـۇشۇنداق ئىش ...

— ئاشۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قېرىنداشلىرى ئاڭلىسا ، نېـمە بولۇپ كېـتەر ، — قـەدىـردان بېـشىـنى چايقىدى ، — ھۆكۈمەتتىن تەپ تارتمايدىكىنە...

— بالىلارنىڭ مىڭ ئۆلۈپ ، بىر تىرىلىپ تاپقان پۇللىرىنى غەيرەت جاڭدۇدەك ئىمانسىزلار ئاسانلا يىغىۋالىدۇ ، — دېدى ھېلىمجان سامسىلارنى داستىخانغا ئېلىۋېتىپ ، — قېنى ئالغاچ ئولتۇرە ، قورسىقىڭمۇ ئېچىپ كەتكەندۇ ؟ مەن كاللىنىڭ گۆشىنى پارچىلىۋېتەي .

— تېلېۋىزورلاردا خروئىن چەككەن، ساتقانلارنىڭ ئەدىپىنى قالتىس بېرىدىكەن بولمىسا، — قەدىردان غودۇڭشىپ قويدى، — ئەجەب بۇ يەردىكى ساقچىلار...

— ئۇ دېگەن تېلېۋىزوردىكى ساقچىلار، — دېدى نۇرمەت ھىجىيىپ، — بۇ يەردىكى ساقچىلارمۇ بىر ـ ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك قورشاپ تۇتىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن جەرىمانە ئۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن قويۇۋېتىدۇ.

— ھېلىقى «تۇۋۇى توختىماس سېۋەت» دېگەن چۆچەكنى ئاڭلىغانمۇسەن؟ — دېدى ھېلىمجان كۈلۈپ، — مەن ساڭا سۆزلەپ بېرەي، ئاندىن چۈشىنىپ قالىسەن.

ھېلىمجان ئورۇق، سوزۇنچاق يۈزلىرىگە كۈلكىلىك يۇمۇر يۇراقلىرى سىڭگەن ھالدا ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى. قەدىردان بىلەن نۇرمەت ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ تۇراتتى.

«بىر باينىڭ چەكسىز كەتكەن بىر نەشپۈتلۈك بېغى بار ئىكەن، ھەر كۈنلۈكى كۆپكۆك ئوتلاقتا تۆكۈلگەن نەشپۈتنى يىغىشقا چارىسىز قالغان باي بىر ھىيلە ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ ‹تۇۋۇى توختىماس سېۋەت› توقۇتۇپ، باغنىڭ ھەممە يېرىگە قويۇۋېتىپتۇ. مايمۇنلار نەشپۈتنى تېرىپ سېۋەتكە سېلىۋېرىدىكەن، باي دۇمباقنى قاتتىق چالغان ھامان، مايمۇنلار سېۋەتلەرنى ئەپقاچقاندا، ھەممە نەشپۈت بىر يەرگە تۆكۈلۈپلا قالىدىكەن، باي بەخىرامان يىغىۋالىدىكەن ...»

— قانداق، چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى ھېلىمجان كۈلۈپ، — ئەمدى ۋىجدانى دۇمبىسىگە چىقىپ قالمىغان ساقچىلارمۇ يوق ئەمەس، ئۇلار چەككەنلەرنى پۇل تۆلىتىپ، زەھەر تاشلاش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىپ، ساتقانلارنى قانۇن ـ نىزاملىرى بويىچە جازالايدۇ.

ئۇلار چايداندىكى تەييار دەملەنگەن چاينى ئىچكەچ، سامسا، كاللا ـ پاچاقلارنى مەززە قىلىپ يېيىشكەچ، ئۆتكەن ـ كەچكەن پاراڭلارنى قىلىشماقتا ئىدى، بولۇپمۇ ھېلىمجان بىلەن نۇرمەتنىڭ

دېگەن گەپلىرى قەدىردانىنىڭ قەلب خاتىرىلىرىگە ئوغىدەك ئۆيۈپ قىلىۋاتاتتى .
— ھەي قەدىردان ، — دېدى ھېلىمجان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ، — ھېلىقى جاپپار ھاجىم دېگىنىڭ ئەجەب دۆت ئادەمكىنا ، ھېچبولمىغاندا بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئىككىنچىسىگە ئۆتىدىغان سەرخىل قاقنى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بىرىنچىسىگە سېتىۋەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، شۇنچە خېرىدار ئاشۇ قاقىقا تەمە باغلاپ تۇرسا...
— مېنىڭ گۇمانىم ، — دېدى نۇرمەت قولىدىكى سامىسىنى بىر چىشلەپ قويۇپ ، — مەتتۇرغۇن شىلىم سىرتىلا ئۇ گادايىنىڭ يانچۇقىغا بىرەر - ئىككى مىڭنى شۇڭغۇتۇۋەتتىمىكىن دەيمەن...
— توغرا ، مەنمۇ شۇنداق گۇمان قىلىمەن . جاپپار ھاجىم مەتتۇرغۇن شىلىم بىلەن ئۆزئارا ئېلىم - بېرىمى بار كونا ئۆلپەت ! — ھېلىمجان ئاچچىققىنا كۈلدى ، — ھاجىم كۆزىنى بىرلا قىسىپ قويسا ، مەتتۇرغۇن شىلىمدەك چاپلىشىدۇ... ئۇنى بىكارغا شىلىم دېمەيدۇ .
— راست دەيسىلەر ، — قەدىردانمۇ بېشىنى چايقىدى ، — گۇلە - قاق ئەڭ بولمىدى دېگەندىمۇ 20 — 30 يۈز ئەرزان كەتتى...
— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ، — نۇرمەتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، — مەتتۇرغۇن شىلىم شۇ كونىلا قاقنى « داخىيەن مېۋە - چىۋە شىركىتى »گە بىر يۈەن 90 يۈڭدىن ئۆتكۈزدى... 20 تونىنا مالدىن ئۆزىگە نەق 13 مىڭ يۈەن پايدا قالدى...
— مەتتۇرغۇن شىلىم قاقىقا ئىشەنچ قىلىپ ، ياڭ جىڭلىغا بىرەر - ئىككى مىڭ يۈەن شۇڭغۇتمىغان گەپ ، بولمىسا قاق بىرىنچى دەرىجىنىڭ بىرىنچىسىگە چوقۇم يارايتتى .
— بىرىنچى دەرىجىنىڭ بىرىنچىسى قانچە پۇل ؟ — سورىدى قەدىردان .
— مۇنداق قارا ، ئۇكا ، — دېدى ھېلىمجان ، — بىرىنچى دەرىجىنىڭ بىرىنچىسى ئىككى يۈەن ئون پۇڭ ، ئىككىنچىسى ئىك-

كى يۆەن ، ئۈچىنچىسى بىر يۆەن 90 پۇڭ ، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بىرىنچىسى بىر يۆەن 70 پۇڭ ئەتراپىدا ، ئىككىنچىسى بىر يۆەن 50 — 55 پۇڭغىچە ؛ ئۈچىنچىسى بىر يۆەن 45 پۇڭ ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ ؛ ئەمدى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بىرىنچىسى بىر يۆەن 30 پۇڭ ، ئىككىنچىسى بىر يۆەن 20 پۇڭ ، ئۈچىنچىسى بىر يۆەنگىچە بولىدۇ… ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە ھەر كىلوسىغا 20 پۇڭدىن قوشۇلىدىغان كىرا ھەققىمۇ بار .

— مۇنداق گەپكەن ـ دە ، — دېدى قەدىردان ، — بۇنىڭمۇ ئۆلچەملىرى باركەن .

— قەدىردان ئۇكا ، سەن ئۇقمايسەن ، — ھېلىمجان قەدىردانىنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ قويدى ، — قاچىلىق دېگەن شۇنداق بىر سودىكى ، ئەگەر ئامىتىڭ كەلسە بىر قېتىمدىلا شۇنچىۋالا نۇرغۇن پۇلنىڭ قەيەردىن كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەيلا قالىسەن . ئالايلى ، ئۆي ـ مۈلۈك لىدىرى ئابدۇش باي ، شىنجېڭدا قورۇق يەل ـ يېمىش شىركەتلىرى ، پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان كونسېرۋا زاۋۇتلىرى بار مۇختەر بايۋەچچىلەر قاچىلىق بىلەن بېيىغان بايلار…

ئۇلار پاراڭ بىلەن جاھاننى تاسقاپ ، كېچە سائەت 12گە ئاز قالغانلىقىنى تۇيمايلا قېلىشقانىدى . ھېلىمجان بىلەن نۇرمەت كارىۋاتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىردەمدىلا ئورۇن سالدى . قەدىردان ئوتتۇردا ، ھېلىمجان بىلەن نۇرمەت ئىككى چەتتە يېتىپ ، يەنە بىردەم يۇرتتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەل ـ ئاغىنىلەر ھەققىدە پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىشتى . ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇشقاندا ، ياتاق ئىچى تونۇگۇنكىدىنمۇ بەتتەر سېسىق ، قاڭسىق ، ئېچىق قوسۇق پۇراپ كەتكەنىدى . ئەتراپتىكى كارىۋاتلاردا كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەنلا ئوڭتەي ـ توڭتەي يېتىشقان تۆت بالا ئۆلۈكتەك ئۇخلىماقتا ئىدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يۈزى قوسۇقتا چىلىشىپ قالغان بولسا ، ئوڭدىسىغا ياتقان بىرىنىڭ يوغان ئېچىلغان ئاغزىدىن ئاپپاق كۆپۈك ھەم غەلە ـ غەشلەر ساقىپ ،

ئېگەك ، بويۇنلىرىدا توختاپ قالغانىدى ، ھەتتا غەيرەت جاڭدۇڭنىڭ ئىشتانلىرى چۆپ ـ چۆپ سۇيدۇك ، ئۇنىڭدىن نىجاسەت ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى . قەدىردان ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىملىرىنى كىيىپ كارىدورغا چىقىۋالغۇچە كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېلىمجان بىلەن نۇرمەت چىقتى ـ دە ، ھاجەت-خانىغا بىللە كېتىشتى . ئۇلار يۈز يۇيۇش ئۆيىگە كىرىپ ، تامدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان جۈمەكلەر ئالدىغا كېلىشتى...

ئەمدى ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر ، كارىدور ، ھاجەتخانا ، يۈز يۇيۇش ئۆيىدىكى پاسكىنىچىلىقلارنى تەسۋىرلەشتىن قەلەمنى ئازاد قىلايلى . چۈنكى ، بايىقى ياتاقتىكى سېسىقچىلىقنى يېزىۋاتقاندىلا ، ئۇ چىدىماي ، قەغەز يۈزىگە نەچچە يەرگە قۇسۇۋەتتى !

قەدىردان شۇ كۈنى ماگىزىنلارنى كۆرۈپ ، بازار ئايلىنىپ ، كەچكە يېقىن ياتىقىغا قايتىپ كەلدى . 18 كىۋادرات مېتىرلىق بۇ ئازادە ياتاقتا قەدىرداندىن باشقا مالىك ئىسىملىك بىر تۇڭگان بالا ، يەنە غۇلجا ناھىيەسىدىن كەلگەن خالزات ئىسىملىك دېھقان بالىسى ياتاتتى . ئۇلار ئۇرۇمچىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى . قەدىردان يېيىپ قويغان كىيىملىرىنى ئې-لىپ دەزماللىدى ، ئاندىن ئىشكاپ ئىچىدىكى ئاسقۇلارغا ئېسىۋەت-تى . ئەمما ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دىكى ھېلىقى «مەنزىرە» لەر كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن كۆڭلى ھۆ بولاتتى ، ھەتتا ئەتىسى تۇڭگان ئۇستام مەلۇم بىر قورۇمىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىۋات-قاندا ، ئۇيغۇر ئۇستام يېسىۋېلەك بىلەن ياڭيۇنىڭ سەككىز خىل قورۇمىدا قانداق شەكىللەردە توغرىلىدىغانلىقىنى سۆزلەۋاتقاندا ، ئۇ ھۆ بولغىنىچە تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى...

قەدىردان ، خالزات ، مالىك ئۈچ ئوقۇغۇچى كەچتە ئۆگىنىش-تىن چۈشكەندىن كېيىن ، ياتىقىدا لېكسىيە خاتىرىسىنى قايتا بىر قېتىم كۆچۈرۈپ چىقىپ ، مۇھىم دەپ قارالغان مەزمۇنلارنىڭ ئاستىغا بەلگە سىزىپ قويىدى ، گۇگۇم بىلەن تەڭ خالزات : «ئەتە ئەتىگەن ئۆگىنىشكە ئۇلگۈرۈپ كېلىمەن» دەپ كىچىك دادى-

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ ئۆيىگە كىتىپ قالدى . مالىك ئۇيغۇر تىلىنى راۋان سۆزلەيەلمىگەچكە ، ئۇلار بىردەم تىلىۋىزور كۆرگەندىن كىيىن يىتىپ قالدى . قەدىردان ياستۇققا بىشىنى قويار ـ قويمايلا كۆزى ئىلىنىپ كەتتى . ئۇ نەچچە مىنۇت ، قانچە دەقىقە ئۇيقۇ كارۋىنىغا ئەگەشتى . بۇنىسى قاراڭغۇ ، لىكىن هايال ئۆتمەي ئويغىنىپ كەتكەنلىكى راست . تۈۋا ، ئاشۇ كىچىككىنە ئۇيقۇ بالىسىنىڭ ئۇنىڭغا سوۋغات قىلغان «چۈشى» تولىمۇ قىسقا بولسىمۇ ، ئەمما لەززەت ئازابى ئالەمچە بولدى !

خەيرىيەت ، قەدىردان چۈشىدە مەدىنەنى كۆردى ! ئاپپاق ئايدىڭ كىچىمىش ، بۇككىدە توقايلىقلار ئىچىدە ئەجەبمۇ سۈرلۈك بىر ئىقىن شىلدىرلاپ ئىقىۋاتقۇدەك… ئۇنىڭ بويىدا كۆڭلەك ئىتەكلىرىنى بىلىگە باغلىۋالغان مەدىنە ئۆرە تۇرىمىش… ئىقىن لىۋىدە ئولتۇرغان قەدىردان سول قولىدا ئۇنىڭ دۈپدۈگىلەك ، يۇمران ساغرىسىدىن تۇتۇپ ، ئوڭ قولىدا يوتىلىرىدىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان تامچىلىرىنى قول ياغلىقىدا سۈرتۈۋاتقۇدەك… قول ياغلىقىنى سۇدا چايقاپ سىقىۋىتىپ ، يەنە سۈرتكۈدەك… يەنە سۈرتكۈدەك…

قەدىردان چۆچۈپ ئويغىنىپ ، خۇددى تامىغ بولجالىقىدىن ئوتتۇرا كىچىدە كىلىپ تىترەپ كەتكەندەك ، بەدىنىگە جۇغ ـ جۇغ ئولىشىپ ، قورقىنىدىن ئىڭەكلىرى كاسىلداپ كەتتى… ئەمما ، ئۇ مەدىنەنىڭ چىھرىنى ئاپئاشكارا كۆرگەندى ! ئۇ ئىچىدە : «تۈۋا ، بۇ چۈش تامىغ بولجالىقىدىكى ھىلىقى ئىشنىڭ چۈشكە ئايلانغان سۈرىتىغۇ… » دەپ پىچىرلىدى…

… ئاي نۇرىنىڭ سۈس كۆكۈچ سىھرىي تۇمانىغا پۈركەنگەن بولجالىق . ئەتراپ جىمجىت ، شىلدىرلاپ ئىقىۋاتقان سۈزۈك ئىقىن ، كۆز چاقنىتىپ تۇرغان سۇدىكى ئاينىڭ شولىسى… مەدىنە بىردىن قەدىردانىنى قۇچاقلىۋالدى ، قەدىردانمۇ قىزنىڭ بەللىرىدىن قاماللاپ بىر توپ بولجا غولىدىن سىيرىلغىنىچە ئوتلاققا ئولتۇرۇپ قالدى . بۇ چاغدا قىزنىڭ بىشى ئوغۇلنىڭ سول بىلىكىدە ئىدى . مەدىنەنىڭ كوپتىسىنىڭ تۈگمىلىرى تامامەن يىشىلگەن ، ئالمىدەك

كۆكسى ئۇچۇشقا تەرەددۇتلەنگەن بىر جۈپ ئاق كەپتەردەك چىلىقىدىنىشىغا تەرەپكە ئاستا سىلجىدى، كۆزلىرى يۇمۇلغان قىز ۋە ھەم تىترىسىسىدە، تىلى تۇراتتى... قەدىرداننىڭ ئوڭ قول ئالىقانلىرى شۇ تەرەپكە ئاستا سىلجىدى، كۆزلىرى يۇمۇلغان قىز ۋە ئوغۇل بىر - بىرىنى ھاسىراشتەك نەپەس يېتىشتۇرەلمەي قېلىشتى... سەگۇ تېرەكلەر ئۇچىغا قونۇۋالغان ئاي شايىدەك نېپىز بۇلۇتلار ئىچىگە يوشۇرۇندى...

دەرۋەقە، شۇ كېچىسى بەك قورقۇپ كەتكەن قەدىرداننىڭ كېچىچە جۆيلۈپ چىقتى... بولۇپمۇ كۆمۈش چاچلىق پەرىشتە ئانىسىنىڭ: «ئاللا ھەممە يەردە ھازىرۇ نازىردۇر» دېگەن سۆزى ۋە ئۆزىنىڭ: «گۇناھكارمەن... گۇناھ قىلدىم... گۇناھ قىلدىم...» دېگەن تۇۋۇسى ئۇنى ئەنسىزلىك بۆشۈككە بۆلەپ قويدى... مانا بايىمۇ ھېلىقى بۆشۈك چۈش سىياقىدا بىر تەۋرەنگەنىدى، قەدىردان باشقىدىنلا ئازاب ئوچىقىدا ئۆرتەلدى. بىراق، ئۇنىڭ قارىمۇقىنىڭ قاسىرىقىدەك خۇشاللىقى شۇ بولدىكى، ئۇ مەدىنىنىڭ چېھرىنى بىر كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ يەنىلا نەزەرىيە ئاڭلاش، ئەمەلىيىتىنى كۆرۈش ھەم ئىشلەش، چەيدونى دۆشىگە تېز، ئىنچىكە ۋە ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ ئۇرۇپ مەشىق قىلىش، قايسىدۇر قورۇما خورۇچلىرىنىڭ تەڭشىلىشى، ماتېرىياللىرىنىڭ قانداق شەكىلدە توغرىلىشى ھەم قورۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش بىلەن چار - چاپ كەتكەن بالىلار ئەمدىلا ئۇۋە دەپ تۇرۇشى، «شىنجاڭ مېھمانخانىسى رېستورانى»دا ئۆتكۈزۈلگەن توي ياكى مەرىكىگە قاتناشتۇرۇپ، پىراكتىكا سىنىقىدىن ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق سىناق پات - پاتلا بولۇپ تۇراتتى. كېچە سائەت 12 لەرگىچە ئىشلىگەن ئوقۇغۇچىلار سەھەرلىكى سائەت تۆتلەردە تۇرۇپ كېتەتتى. بۇنداق توي، مەرىكە، ھېيت - بايرام، خاتىرە كۈنلەر قاتىلاڭچىلىقى ھەم نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش جىددىيچىلىكى، ھەرخىل كۆكتاتلارنى چەبدەسلىك بىلەن توغراش مەشقى ئالدىراشچىلىقى بىلەن ھەپتىلەرنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى

بىلمەيلا قىلىشاتتى...

قەدىردان ئۈرۈمچىگە كەلگەن بۇ ئىككى ئاي ئىچىدە ھېلىم-
جان، نۇرمەتلەرنى ئىككى قېتىم ئىزدەپ باردى. ئۇلار بىر قېتىم
ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ياقۇپ ھاجىم ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى كۆتۈ-
رۈپ كېلىپ، ئارىدىن ئۇن نەچچە كۈن ئۆتكەندە قەدىردان ئۇنى
ئىزدەپ باردى. تېخى ئۆتكەن ھەپتە ئوبۇلھەسەندىن بىر پارچە خەت
بىلەن 5000 يۈەن پۇل تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە، يانچۇق ئۇنئالغۇ-
سىنىڭ «بارمۇ، يوق» دېگەندەك ئەتىۋارلىق بولۇپ كەتكەنلىكى،
شۇڭا سوپىتى ياخشى يانچۇق ئۇنئالغۇسىدىن ئېلىپ، خەت بىلەن
پۇل ئاپارغان ئادەمدىن ئەۋەتىشنى ئۆتۈنگەنىدى. قەدىردان ئەتىسىلا
ھەممىنى بېجىرىپ، ئۇ ئادەمنى يولغا سېلىۋەتتى.

ئۈرۈمچىدە قەھرىتان سوغۇقلار باشلاندى. بۈگۈن يەكشەنبە
بولغاچقا، قېلىن كىيىنگەن قەدىردان «مۇساپىرلار مېھ-
مانخانىسى»غا بېرىپ ھېلىمجان بىلەن نۇرمەتنى تاپالماي كەينىگە
ياندى. ئۇ خىيال بىلەن يول چېتىدە ئاستا كېتىۋاتاتتى، ئاياغ
ئاستىدىن بىر خىلدا غاچىلدىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. كاۋاپچىلار،
زاسوپېزلەر، باققاللار ۋارقىرىشىپ خېرىدار چاقىرىشىۋاتقان
«دوستلۇق» بازىرىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلگەن قەدىردان ئەتراپقا
ئېغىر نەزەر بىلەن قارىدى ھەم بىر چاغدا ئۇچرىشىپ قالغان
مېھرىبانىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ قىز مېھرىبانلىقى، مۇلايىملىقى،
ئايدەك يۇمىلاق چىرايى، ھەتتاكى گەپ قىلغان ۋاقتىدىكى ئاھاڭلى-
رىغىچە مەدىنەگە ئوخشايتتى. قەدىردان ئۆپچۆرىسىگە سەپسېلىپ،
ئىچىدە: «توغرا، مېھرىبان مۇشۇ تەرەپكە ماڭغاندەك قىلغان» دەپ
پىچىرلىدى. ئۇ ئەمدىلا بازارنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە مېڭىشى، بىر
كىم ئۇنى ۋارقىرىدى. قەدىردان ئەتراپىغا بويۇنداپ قاراپ، چاقىر-
غان ئادەمنى تاپالمىدى. بۇ چاغدا ھەرخىل تىجارەت دۇكانلىرى،
بوتكىلار ئورۇنلاشقان قاتاردىكى بىر ئاشخانا دېرىزىسىدىن غەيرەت
جاڭدۇ قولىنى كۆتۈرۈپ يەنە ۋارقىرىدى:

— قەدىردان! ھەي قەدىردان! بىز مەيەردە.

غەيرەت جاڭدۈنى كۆرۈپلا قەدىردانىنىڭ گەجگىسى قورۇدى . ئۇ ئىچىدە : «ئەجەب بىمەھەل ۋاقىتتا ئۇچراپ قالدى بۇ قۇلاق كەستى ھىشىق...» دەپ پىچىرلىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ خىروئىن ساتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن بېرى ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالغانىدى ، شۇنداقتىمۇ مېھماندوستلۇق قىلىۋاتقان بىر ئادەمنى لەت قىلىش-نىڭ ئۆزى ئادەمگەرچىلىك ئەمەس ئىدى .

قەدىردان ئاشخانىغا كىرگەندە ، بىرنەچچە خىل قورۇمىلار قويۇلغان تاماق ئۈستىلى ئەتراپىدا غەيرەت جاڭدۈدىن باشقا ، ئەيسا خېنەنجىر ، ئەبەي گىتار ئولتۇراتتى . قەدىردان «مۇساپىرلار مېھ-مانخانىسى»غا ئىككىنچى قېتىم بارغاندا ، غەيرەت جاڭدۇ بۇ بالى-لارنى تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى . لېكىن ، ئەتىسى ھېلىمجان ئاڭلاپ ، غۇژژلا قايتقى تۇرۇلدى ۋە : «ئۇلار بىلەن دادى - مۇئامىلە قىلغۇدەك بولساڭ ، بۇندىن كېيىن بىزنى ئىزدىمە» دەپ توڭلا تەگدى . كېيىن ئۇرمەت پاكاردىن ئۇ باللارنىڭ خىروئىن ئەتكەس-چىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتكەنىدى . مانا ئەمدى ئاشخانىدا يەنە ئۇچرىشىپ قالغىنىنى كۆر-مەمدىغان...

— ھە قەدىردان ، قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن ؟ — ئاق سېرىق ، يۈزىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن ئەيسا خېنەنجىر قولىنى ئۇزاتتى ، — خېلى بولدا كۆرۈنمىدىڭ ؟

— ئوقۇۋاتقان باللار ئالدىراش بولىدۇ - دە ، — دېدى قاپقارا يۈزى ئىككى جاۋغىيىدا يېپىلىپ تۇرغان ئەبەي گىتار . ئۇ ئۇ-زۇن چېچىنى بوغۇۋالغاچقا ، ئارقىسىدىن قەمبەل چوكانغا ئوخ-شايتتى ، — قانداق ، ئۆگىنىشلىرىڭ ياخشىدۇ ؟

— قەدىرئەھۋال ، بوپقالىدۇ ، — قەدىردان خۇشياقمايلا جاۋاب بەردى ، — ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىشىمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ .

— بولدى ، بولدى ، ئاغىنىلەر ، نېمانچە تولا سوئال - سوراق بۇ ؟ — دېدى غەيرەت جاڭدۇ قەدىردانغا قاراپ ، — قورسىقىڭ

قانداق ، بىرەر تەخسە لەڭمەن ئەكەلسۇنمۇ ؟

قەدىردانىنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى . لېكىن ، ئۇ باللارچە خىيال بىلەن : «سىلەردەك ئەتكەسچىلەرنىڭ تامىقىنى يېمەيمەن» دېگەن ئىرادە تۈرتكىسىدە : «قورسىقىم توق··· » دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى .

— ئەمىسە قورۇملاردىن ئالغاچ ئولتا ، كاۋاپتىن بۇيرۇتايمۇ يا ؟— سورىدى غەيرەت جاڭدۇ ياندۇرۇپلا ، — ھەي ئۇستام···

— غەيرەتكا ، بولدى قىل ، — قەدىردان ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى ، — دېدىمغۇ ، مەن ھازىرلا تاماق يەۋالغان ، نېمە قىلىسەن ئىسراپ قىلىپ .

قەدىردان ئۇستەلدىكى بىرنەچچە خىل گۆش قورۇمىسى ، توخۇ قوردىقى ، توخۇ كاۋىپى ھەم سوغۇق سەيلەرگە قاراپ قويدى . بىر بوتۇلكا ئىلى ئالىي ھارىقى يېرىملاشقان ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىمۇ توخۇ تاجىدەك قىزىرىشقا ئۈلگۈرگەنىدى .

— قەدىردان ئۇكا ، ئۆتكەندە ياتاقتىمۇ ئىللاتاۋارا بىر يۈتۈممۇ ئىچكىلى ئۇنىمىدىڭ ، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ يېرىم رومكا ھاراقنى تەڭلەپ ، — مانا قارا ، يېرىم قۇيدۇم ، قولۇمنى ياندۇرما···

— غەيرەتكا ، بۇنداق قىلساڭ چىقىپ كېتىمەن ، — قەدىردان ئورنىدىن تۇردى ، — مېنىڭ بويۇمغا قاراپلا ھاراق تەڭلەۋاتامسەن ؟ مېنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىم ساڭا سىر ئەمەسقۇ .

— بىلىمەن ، سەن مېنىڭ ئۇكام بىلەن نەچچە كۈنلۈك پەرق قىلىسەن ، بۇ يىل مانا ··· مانا 14 ياشقا كىردىڭ .

— ئەمىسە مەن 14 ياشتا ئىچكىلى تۇرسام ، 24 ياشقا كىرگەندە بالانىڭ قېپىنى يارامدىم···

ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى . غەيرەت خىجىل بولدىمۇ ، ئەيتاۋۇر قولىدىكى ھاراقنى ئۆزى ئىچتى ـ دە ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— ئەمىسە ئۇكا ، مانىغۇ چېكەرسەن ؟— سەل تەڭشىلىپ

قالغان ئەيسا خېنەنجىر قەدىردانغا تاماكا تۇتتى ، — بىرەر كەيپ قىلمىغان ئوغۇل بالىنى ئوغۇل بالا دېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ…

— خوش ، ئاكىلار ، — قەدىردان ئورنىدىن تۇردى ، — مەن قايتاي…

— ۋاي بولدى ، ئولتا ، ئولتا ، — غەيرەت جاڭدۇ ئۇلپەتلىرىدىگە هومايدى ، — كۆتۈكنى قىسساڭ بولمامدۇ ، ھەي گۇيلار ، بۇ تېخى كىچىك بالا تۇرسا…

— چاقچاق ، ھەي چاقچاق ، — دېدى ئەيسا خېنەنجىر بوينىنى تولغاپ ، — چاقچاقنىغۇ چۈشەنگۈچىلىكى باردۇ ؟

— مۇنداق ئىشتى ، ئۇكا ، — غەيرەت جاڭدۇ غەلىتىلا ھجايدى ، — سەن ئوقۇۋاتىسەن ، ئۇرۇمچىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى ، پۇل كۆپرەك كېتىدۇ . قانداق ، پۇل تېپىشنى خالامسەن ؟

— مەن ئوقۇۋاتسام…

— ئوقۇشۇڭغا تەسىر يەتمەيدۇ . دەم ئېلىش كۈنلىرىڭدە ، كۆپىنچە كەچ تەرەپلەردە ئىككى سائەتتەك ئىشلەپ بېرىسەن ، ئايلىقىڭغا 800 يۈەن بېرىمىز .

— قانداق ئىش ئۇ ؟

— بىزنىڭ بىر بۇرادىرىمىزنى ماشىنا سوقۇۋېتىپ پالەچ بولۇپ قالدى دېگىنە ، — غەيرەت جاڭدۇ ئىككى ئاغىنىسىگە قاراپ قويدى ، — كۈندە كەچتە شۇنىڭغا تاماق ئاپىرىسەن . ئاق خالاتلىق ، ماسكا تاقىغان ، قارا كۆزەينەكلىك بىر دوختۇر ئالدىڭغا چىقىدۇ . سەن قولۇڭدىكى ئىسسىق ساقلاش قاچىسىنى ئۇنىڭغا بېرىپلا يېنىپ كېلىسەن .

قەدىردانىنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئاغدى ، چۈنكى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھېلىمجانىنىڭ سۆزلىرى ئەكس سادا بېرىپ قايتا ياڭرىماقتا ئىدى : «غەيرەت پۇل بېرىپ بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا قەتئىي ئۇنىما ! بىر قېتىملا سېپىلىپ قالساڭ ، پۇتۇڭنى تارتىۋالالمايسەن ، ئۆزۈڭنىمۇ ، تىلىڭنىمۇ ، تەقدىرىڭنىمۇ باغلىۋالىدۇ… »

— ھە ، جىمىپ كەتتىڭغۇ ، قىلامسەن ، يوق ؟ — غەيرەت تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى ، — ئۆزىمىزنىڭ بىر يۇرتلۇقى دەپ

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمەن، بولمىسا قىلىدىغانلار جىق…
— غەيرەتكا، ئاشۇ قىلىدىغانلارغا بەرگىن. مەن ھۈنەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، يۇرتۇمغا قايتمىسام بولمايدۇ. پۇلدىن ھەرگىز خىجالىتىم يوق،

قەدىردان خوشمۇ دىمەي چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ يولدا كېتىۋېتىپمۇ، بېكەتتە ئاپتوبۇس ساقلاۋېتىپمۇ، گويا بىر كىم «توختا!» دەيدىغاندەك ئەتراپىغا ئەنسىزلىك ئىچىدە قارايتتى، ھەتتا ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىنمۇ بۇ قورقۇنچ يۈرىكىدىن كۆتۈرۈلمىدى. يۇقىرىدا بىز قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەدىردان «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا ئىككىنچى قېتىم بېرىپ ھېلىمجان ھەم نۇرمەتلەرنى تاپالماي تۇرغىنىدا، خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان غەيرەت جاڭدۇ، ئەيسا خېنەنجىر، ئەبەي گىتارلار كارىدوردا دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇنى ياتىقىغا باشلاپ كىرگەنىدى. شۇ چاغدىمۇ ئۇلار ئۇنىڭغا ھاراق تەڭلەپ، تاماكا تۇتۇپ زوتالىق قىلىپ باققان بولسىمۇ، قەدىرداننىڭ بىردىنلا بۇركۈتتەك تىكىلىپ ھۆرپىيىشىدىن ئىنامىغا پېتىپ جىم بولۇشقانىدى. ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇنجى قېتىم بەرگەن تەسىرىدىن كېلىپ چىققان ئەقلىي خۇلاسە كۆپىنچە ھاللاردا توغرا بولۇپ چىقىدىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئادەمدىكى ئىزگۇ روھ ئىگىسىنى ئالدىمايدىكەن. ئۆزى تاياقتەك ئورۇق، بېشىنى گەجگىسىگە پاتۇرۇپ، ئۇچلۇق ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ئەيسا «خېنەنجىر»[1]، چېچىنى بوغۇۋالىدىغان، سېمىز، تەمبەل ئەبەي گىتارلارنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپلا رايى يانغان قەدىردان ئامالىنىڭ يوقىدىن ئۇلارنىڭ سورۇنىدا ئولتۇرغانىدى. لېكىن، ئەتىسى ھېلىمجان ئاڭلاپلا خېلىلا چېچىلىپ قالدى. دېمىسىمۇ، ئەيسا خېنەنجىر خېنەن خورازلىرىنى قىمارغا سېلىپ نامى چىققان قىمارۋاز؛ ئەبەي گىتار يالغان تونۇشتۇرۇش، ھەرخىل كىنىشكىلارنى ياساش ئارقىلىق ئىككى قېتىم تۇتۇلۇپ قويۇپ بېرىلگەن ئادەم ئىدى. كېيىن غەيرەتنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ھەر ئىككىلىسى خەتىرى كۆپ، ئەمما پۇلى جىق بولغان خرۇئىن سې-

[1] خېنەن جى — خېنەن توخۇسى، خورىزى.

تىش كەسپىگە بىشىچە شۆڭغۈپ كىرىپ كەتتى...

قەدىردان خىيال بىلەن «چاڭجىياڭ يولى» بىكىتىگە كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى . ئۇ ئاپتوبۇستىن ئەمدىلا چۈشۈپ تۇرۇشى ، ئەدىنىدۇر پەيدا بولغان ياقۇپ ھاجىم ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ تۇراتتى .

— سىنى ساقلاپ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى ، ئاداش ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ئۇنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ ، — يۇر ، مۇشۇ يېقىن ئارىدا بىر تۇڭگان ئاشخانىسى بار ، تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى .

ئۇلار «چاڭجىياڭ يولى» توپ سېتىش بازىرىدىكى چاققانغىنا تۇڭگان ئاشخانىسىغا كىرىپ لەڭمەن يېيىشتى ، ئاندىن قىزىق دەملەنگەن چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى .

— «ياشلار بىناسى» خوجايىنى ئوبۇلھەسەن ساڭا يەنە 6000 يۈەن پۇل ئەۋەتىپتۇ . ئۇنىڭ 1000 يۈەنىنى ئۆزۈڭگە خىراجەت قىلىپ ، قالغىنىغا يانچۇق ئۇنئالغۇسى ، لېنتا يۆگەش ، ياندۇرۇش ئەسۋابى ئالىدىكەنسەن ، ئۈنئالغۇنىڭ ماركىسى ئۆتكەندە ئالغىنىڭ بىلەن ئوخشاش بولىدىكەن .

— ياقۇپكا ، ئانام ـ دادىملار قانداق تۇرۇۋېتىپتۇ ، سورىمىدىڭىزمۇ ؟— دېدى قەدىردان قانداقتۇر ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان بىرەر ئىشنى ئۈمىد قىلىپ ، — مەن كەلگەندىن بېرى بىر قېتىملا خەت تاپشۇرۇۋالدىم ، ئۇنىڭغىمۇ نەچچە ئايلار بولۇپ كەتتى .

— مانا ، — ياقۇپ ھاجىم قويۇن يانچۇقىدىن ئىككى دانە كونۋېرتلىق خەتنى چىقىرىپ بەردى ، — بىرى ئاناڭدىن ، يەنە بىرى بىرەر تونۇشۇڭدىن ئوخشايدۇ ، كونۋېرت ئۈستىگە ئىسمىنى يازماپتۇ .

— كىم ئالغاچ كەپتۇ ؟

— ناھىيەلىك سودا كوپىراتىپىنىڭ سەيگۈيۈەنى ماخمۇت ئالغاچ كەپتۇ .

قەدىردان كونۋېرت ئۈستىدىكى «قەدىردانغا تېگىدۇ» دېگەن خەتكە قاراپلا ، كىمنىڭ پوچېركىسى ئىكەنلىكىنى مۇسەللەپ بول-

دى . ئۇ خەتلەرنى ئوقۇشقا قانچىلىك تەقەززا بولسىمۇ ، ياقۇپ ھاجىمنىڭ گەپلىرىنى تەركى ھۆرمەت بولمىسۇن ئۈچۈنلا كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇراتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ياقۇپ ھاجىمنىڭ بايانلىرىغا خېلىلا قىزىقىپ قالدى .

«ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى »نىڭ سەيگۇيۇەنى جاپپار ھاجىم ئۆتكەندە يۇرتقا بارغاندا ، «ياشلار بىناسى »نىڭ خوجايىنى ئوبۇلھەسەنگە قەدىردانىنى خېلىلا دادلاپ بېرىپتۇ . «ئون دانە يانچۇق ئۈنئالغۇسىنى ئاشۇ مۇتتەھەم ئالدۇردى » دېيىش ئارقىلىق جاۋابكارلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ ، بىراق ئوبۇلھەسەن ئۇزاق ئۆتمەي ، قەدىردان ئارقىلىق يەنە 100 دانە يانچۇق ئۈنئالغۇسىنى ئەكەلدۇرۇپ ، ئۇمۇ تۇگەپ كېتىپتۇ . بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى »نىڭ دىرېكتورى ئابلىز ئىمىن سەيگۇيۇەن جاپپار ھاجىمنى تىللاپ ، ئېشەكتىن چۈشكەندەك قىلىۋېتىپتۇ ، بولۇپمۇ : «قېنى شۇنچە يىل سەيگۇيۇەنلىك قىلغانلىرى ، كىچىك بالىچىلىكمۇ دىتلىرى يوقما ؟ قاچانغىچە كونا كەپشىنى كىيىپ ، يېڭى يولدا ماڭىدىلا ؟ » دېگەن تەنبىھلىرىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولغان جاپپار ھاجىم نەچچە كۈنگىچە بېشىنى كۆتۈرەلمەيلا قاپتۇ…

— يانچۇق ئۈنئالغۇسى بىلەن لېنتا ياندۇرۇش ئەسۋابىنى ئۈچ كۈنگىچە ئېلىپ تەييارلاپ قوي ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ئاشخانىدىن چىقىۋېتىپ ، — پەيشەنبە كۈنى ماخمۇت سەيگۇيۇەن «شىنجاڭ مېھمانخانىسى » ئالدىغا ماشىنا ئەكىلىدۇ .

قەدىردان ياقۇپ ھاجىم بىلەن خەيرلىشىپ ياتىقىغا كەلدى ـ دە ، مەدىنەنىڭ خېتىنى ئاچتى . خەتنىڭ «تىنچلىق ـ ئامانلىق » سەھىپىلىرىنى تېز ـ تېز ئوقۇپ ، مۇنۇ قۇرلارغا كەلگەندە ، كۆز قارىچۇقلىرى سوزۇلۇپ تۇمانلار ئىچىدە قالدى : « … قەدىردان ، ئەمدى ئايرىلىشقا ئەلھۆكمىلىلا دېمەكتىن باشقا چارەم يوق ، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ، قىزلىق چېچەكلىرىم توزۇغان سۆيۈملۈك يۇرتۇمدىن ئايرىلىمەن ، شۇنداقلا تەمتەم ماڭغان چېغىمدىن باشلاپلا يۈرىكىمنىڭ قات ـ قاتلىرىغا سى-

ڭىپ كەتكەن ھايات سۈلتانىم بىلەن غايىبانە ۋىدالىشىمەن… قەدىردان، مەن كەتكەندىن كېيىن مېنى ئەسلەرسەنمۇ؟ يادمۇ ئېتەرسەنمۇ؟! ئەمما مەن سېنى زىنھار… زىنھار ئۇنتالمايمەن… سېنى ئەسلەش، سېغىنىش… سېنىڭ خىيالىڭ بىلەن ياشاش مېنىڭ ئۆمۈر مۇساپەمدىكى ھايات مىزانىمدۇر… سەن خاھ ئىشەن، خاھ ئىشەنمە، مەن مۇستەقىل ياشىيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان كۈنۈمدىن باشلاپ ۋەتەنگە قايتىش… سېنى ئىزدەپ تېپىش قەسىمىم بولۇپ قالىدۇ…»

قەدىردان خەتنىڭ داۋامىنى كۆرەلمەي قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىنى يالتىراق يالقۇنلار قاپلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ چاغقىچە بولغان «يالتىيىپ قالار…» «ماڭالماي قالسا ئەجەب ئەمەس…» دېگەندەك ئۈمىدلىرى كۆپۈككە ئايلانغانىدى. مانا ئەمدى تۈنجى مۇھەببەت ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ئۆچمەس داغ قالدۇردى…

قەدىردان ئەتىسى «شىنجاڭ مېھمانخانىسى» دىرېكتورىدىن يېرىم كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ، ئېلېكتر سايمانلىرى توپ سېتىش مەركىزىگە بېرىپ 5000 يۈەنلىك يانچۇق ئۈنئالغۇسى ھەم لېنتا ياندۇرۇش ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ، قوتۇرما ساندۇقلارغا قاچىلاپ، چىڭ چاپلىغاندىن كېيىن يەنە شۇ دۇكانغا ئامانەت قالدۇردى. ناھىيەلىك سودا كوپىراتىپىنىڭ سەيگۈيۈەنى ماخمۇت پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا يۈك بېسىلغان «ئازاد» ماركىلىق بىر ماشىنىنى ئېلىپ كەلدى. قەدىردان ناھىيەلىك سودا كوپىراتىپىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سەيگۈيۈەنى ماخمۇت توغرۇلۇق خېلى كۆپ ياخشى گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆرۈشۈشى بىرىنچى قېتىملىق ئىدى. دەرۋەقە، ئوتتۇرا بوي، بوي - بەستى تولغان، قارىراق كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئىشەنچ ھەم جەسۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار كابىنكىدا ئولتۇرۇپ، «ئېلېكتىر سايمانلىرى مەركىزى»گە بىللە كېتىشتى…

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

ھەرقانداق تاماق تۈرى ۋە 32 خىل قورۇما قورۇشنى تولۇق ئۆگەنگەن قەدىردان ئالتە ئايلىق ئوقۇشنى بەش ئاي ئون كۈندە ئاياغلاشتۇرۇپ يۇرتىغا قايتتى. ئۇنى ھېلىمجان، نۇرمەت، غەيرەت جاڭدۇ، ئەيسا خېنەنجىر، ئەبەي گىتارلار ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىدە ئۇزىتىپ قويدى. بىراق، قەدىردان ئۈچۈن ئېگىز بىنالار، زاۋۇت - فابرىكىلار بىلەن بېزەلگەن شەھەر - يېزىلار، ئاددىي دېھقان ئۆيلىرى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرىدىغان مېھرى ئىسسىق كەنتلەر، قاقشال باغلار، چەكسىز قۇملۇق، چۆل - جەزىرىلەر، گىياھ ئۈنمەس تاقىر تاغلار، قىزىل يۇلغۇن قاپلىغان داللار ئارا باسقان 28 سائەتلىك يول گويا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان مۇساپىدەك بىلىنىپ قالدى. چۈنكى، بۇ ئوت يۈرەك بالىنى پەرىشتە ئانا بېشارەت قىلغان قىسمەتلەر ساقلاۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ قاباھەتلىك قوينىغا چاپسانراق يېتىپ كېلىشنى تىلەۋاتقاندەك، قەدىردانىنى خىيال تورلىرىغا چىرماپ قويغانىدى...

راست، قەدىردانغۇ ئاشپەزلىكنى خويمۇ ئوبدان قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، ئاش - تائام، قورۇمىلارنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ قىلىپ، باشقىلارنى تاڭ قالدۇرالايدۇ، لېكىن بۇ كەسىپ جاھانغا تەلپۈنۈۋاتقان بىر ئوت يۈرەك ئۈچۈن خۇددى تۆگىنى ئوچۇمدا سۇغارغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالامدۇ! دۇلدۇل قانداقمۇ قوتۇر ئېشەكلەر ئوقۇرىغا كۆنەلىسۇن! راستىلا قەدىردانىنىڭ تەقدىرى ئوچاق بېشىغا باغلىنىپ قالارمۇ؟! ئۇنىڭ ياش ئۆمرى چۆمۈچ بىلەن ساپلىق تۇتۇپ قازانغا تەلمۈرۈش بىلەن ئۆتسە، بۇ قانداق بولغىنى؟! ياق، ياق... بۇ خىياللار خۇددى ئاسمانغا مىخ قاققاندەك تولىمۇ بىمەنە بولۇپ قالدى! ئاددىي بىر كوچا سۈپۈرگۈچى ياكى كۆمۈر ساتقۇ-

چى ، ئەدناسى يۇندا كۆلچەكلىرىنى راۋانلاشتۇرغۇچى ئىشچىلار چې-
غىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي ئەمگىكى بىلەن ئاۋامنى خۇش قىلىدۇ ، ئارامغا ئارام بېغىشلايدۇ ، تۇرمۇشىغا خاتىرجەملىك ، كۆڭلىگە تەسكىنلىك ئاتا قىلىدۇ . مانا بۇ مېھرىبانلىققا تەۋە مۇھەببەتتۇر ! ئۇلار بۇ مۇھەببەتنى ئاتا قىلغانىكەن ، خەلقمۇ ئۇلارنى كۆڭلىدىن سۆيۈنۈپ ئەسلەيدۇ ، مەدھىيەلەيدۇ ، بەخت - ئامەت تىلەيدۇ . ئەمدى بۇ دۇنيا غەمخانىسىغا تۆت كۈنلۈك مېھمان بولۇپ كەلگەن بەندىسى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئالىي مۇكاپات بولمىسا كېرەك ! بۇ چەكسىز كائىناتتا نە ئادەم ۋە ياكى مەخلۇقات غېمىنى يېمەي ، ئەلىمگە ھەمقان بولماي ، ھەتتا : «ئۇ كېتىپ قاپتۇ - ھە» دەپ ئىچ ئاغرىتىپمۇ قويمايدىغان... قىسقىسى ، ئەنە شۇنداق چىۋىندەك قەدىرسىز كېتىدىغانلار ئازمۇ ؟ !

شۇنداق ئىكەن ، قەدىردان ئۆگەنگەن ئاشۇ كەسپى ئارقىلىق ئەلگە نەپ بېرەلەيدۇ ، ئەلنىڭ رازىلىقىنى ئالالايدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ باش دىرېكتورى ئابلىز ئىمىن ، «ياشلار بىناسى»نىڭ دىرېكتورى ئوبۇلھەسەنلەر قەدىرداننى زور ئۈمىدلەر بىلەن ئەۋەتكەن تۇرسا ، شۇلارنىڭ ئاغزىغا قارىماي بولامدۇ ؟ قېنى بىر مەزگىل ئىشلىگەچ ، بىرقانچىلىغان شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ ، ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرسە بولىدۇغۇ... ئاندىن كېيىن چەرخى پەلەك نەلەرگە ئېتىپ ، نەلەرگە ئۇچۇرسا تەقدىر پېشانىسى ! يا قايىنامدىن ، يا سايرامدىن چىقار...

قەدىردان ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ، شادلىق ھەم كۆڭۈلسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن خىياللار بىلەن ناھىيەلىك پارتكوم ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى ئۆيىگە كەلدى . خەيرىگۈل ئۇنىڭغا ئېسىلىپ شاپىلداپ سۆيدى . ئاباس : «پاھ ، پاھ ، تېخىمۇ ئېگىزلەپ كېتىپسەن» دەپ دولىسىغا ئۇردى . ئاچىسى گۈلنۇر : «ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى يېقىپتۇ ، ئاقىرىپ ، سەمرىپ قاپتۇ» دەپ ، ئىنىسىنىڭ قامەتلىك گەۋدىسىدىن زوقلاندى . خەيرىگۈل بولسا : «ۋاي جېنىم بالام ، ئالتۇن قوزام ، سېنى ھېچكىم 14 ياشلىق بالا دېمەيدۇ ،

ساڭا تىلتۇمار ئېسىپ قويسام بولغۇدەك» دەپ، قەدىردانىنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ تويماي ـ تويماي قاراپ كەتتى...

قەدىردان ئەتىسى پاكىز يۇيۇنۇپ، رەتلىك كىيىنىپ سىرتقا چىقتى. ئۇ دەرۋازا ئالدىدا توختاپ، گويا: «قەدىردان» دەپ بىراۋلار يۇگۇرۇپ چىقىدىغاندەك، دەرەخ دالدىلىرىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. راست، بۇلتۇر 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مەدىنە ئۇنى مەشەدە ساقلىغانىدى، ئىككىسى كوئېنلۇن باغچىسىغا، ئاندىن تامباغ بولجالىقىغا بېرىپ مۇڭداشقان... ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن ـ ھە؟ مانا شۇنىڭغىمۇ يېرىم يىل بولۇپ قاپتۇ...

گەرچە مارت ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولسىمۇ، يەنىلا ئەتىسى ـ ئاخشىمى دولا قورۇغۇدەك سوغۇق ئىدى. قەدىردان غازپېيى ئادىداس چاپىنىنىڭ تۈگمە ـ سىيرىتمىلىرىنى ئېتىپ «ياشلار بىناسى»غا كەلدى. ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئوبۇلھەسەننىڭ ئىشخانىسىنى بوشراق چېكىشى، «كىرىڭ» دېگەن ئاۋاز كەلدى. قەدىردان ئىشخانىغا كىردى، باش كۆتۈرمەي نېمىنىدۇر يېزىۋاتقان ئوبۇلھەسەن قارىمايلا: «ھە، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟» دەپ سورىشى، قەدىردان: «خوتۇن ئالماقچىدىم، قىزىل قەغەز كېسىپ بەرسىڭىز...» دېيىشى، ئوبۇلھەسەن غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، بىر دەقىقە قېتىپلا قالدى ـ دە، ئاندىن ۋارقىرىۋەتتى:

— قەدىردان! — ئوبۇلھەسەن قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ كەلگىنىچە ئۇنى قۇچاقلىۋالدى، — ھەي كاساپەت، خەۋەر قىلىپ قويساڭ بولمامدۇ؟ ھە، قاچان كەلدىڭ؟

— تۈنۈگۈن كەچ قايتىپ كەلدىم.

— ئوقۇشنى تۈگىتىپلا كەلدىڭما؟

— ھېسابلاپ باقسىڭىز چىقىدۇ، مانا مېنىڭ ئوقۇش تاماملاش رەسمىيەتلىرىم.

قەدىردان چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئوقۇش تاماملاش ئىسپاتى ھەمدە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئېلىنغان سىناق، خۇلاسە، باھا-

لاش كىنىشكىسى، جەدۋەللەرنى ئۈستەلگە قويدى. ئوبۇلھەسەن خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقلارغا قاراپ كېتىپ، تامىقىنى چاكىلداتقىنچە بېشىنى بىر ھازا گىلدىڭلاتتى.

— رېستورانىمىزدا تېخنىكىسى يۇقىرى، سىستېمىلىق ئوقۇغان بىرەر ئۇستام يوق ئىدى، — دېدى ئوبۇلھەسەن ئالىقانلىرىنى ئىشقىلاپ، — ئەمدى بۇ كاۋاك تولدى. قاچان ئىشقا چۈشەي دەۋاتىسەن؟

— دىرېكتور ئالىيلىرىنىڭ ئاغزىغا قارايمىز - دە…

— «دىرېكتور ئالىيلىرى» دېگۈچىلىكى يوق، — ئوبۇلھەسەن ئۇھ تارتىپ قويدى، — «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»گە «ۋالىينىڭ بالىسى»، «ھاكىمنىڭ تۇغقىنىنىڭ تۇغقىنى»، «پېشقەدەم شۇجىنىڭ نەۋرىسى» دېگەندەك شورپىسىنىڭ شورپىلىرىنى تەڭلەۋېرىپ، كىرىمنىڭ تايىنى يوق، باقىدىغان ئادەم كۆپىيىپ كەتتى. سەن ماختىغان «دىرېكتور ئالىيلىرى» ھازىر پوتلىسىنى تارتالماي قالدى.

— ھەي، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئىسلاھاتلار ئۈرۈمچىدىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن، — قەدىردان چاپىنىنىڭ سىيرىتمىلىرىنى يېرىم ئېچىۋەتتى، — بۇ يەردە چوڭى كىچىكىگە ئارتىلىۋالىدىغان داش قازان يەنىلا باركەن…

— شۇ ئەمەسمۇ. بىليارت، شاھمات، بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش، تانسا ئۆگىنىش بۆلۈملىرىگە ئادەتتە كەسپىي خادىمدىن بىرىلا يېتەتتى، — ئوبۇلھەسەن ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — ھازىر يەتتە - سەككىزدىن ئارتۇق ئادەم بار، بىكاردىن - بىكار مۈگدەپ ئولتۇرۇپ مائاش ئالىدۇ.

— ھەي، ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل بولغىلى بولمامدۇ؟

— ساراڭ بولما، — ئوبۇلھەسەن بويىنىنى تولغىدى، — ئۇ چاغدا: «ئادەملىرىڭنى كوممۇنىزمغا ئۆزۈڭ ئاپار» دەپ، «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ دۈمبىسىگە ئارتىپ قويساق، ھاپاش قىلارما؟ بىلىپ قوي، بۇ يەردە باشلىقنىڭ دېگىنى قانۇن، باشلىق

پىرتتىدە ئۇسۇرۇپ قويسىمۇ ، نەچچە كۇنگىچە قولىڭىزنى چىكە-
مىزگە ئىلىپ قىتىپ تۇرىدىغان گەپ…
— ئۇبۇلھەسەنكا ، توغرا دەيسىز ، — قەدىردان بىشىنى چايقى-
دى ، — يۇرتىمىزنى «ئەمەل تەتقىقات ئۇنىۋېرسىتېتى» دېسە خاتا
بولمايدىكەن ، ھەرقانداق ئەمەل قانۇندىن ئۇستۇن تۇرىدىكەن . مەن
ئۇرۇمچىلىك ساۋاقداشلىرىم بىلەن كۆپ سۆھبەتلەردە بىللە بولدۇم
ھەم ئەمەلىيەتنى كۆردۇم . ئۇلار ھەرقانداق كاتتا ئەمەلدار بولسى-
مۇ ، چوڭ بولسا ئاكا ، كىچىك بولسا ئىنى ، تەڭ بولسا ئىسمىنى
ئاتاۋېرىدىكەن . لېكىن ، بۇ يەردە ئەمەلنى قوشۇپ چاقىرمىسا خاپا
بولىدۇ ، بۇ نېمىدېگەن ئاڭسىزلىق…
— بىزدە قۇللۇق ئىغىر ، ئۇكا . بۇ قۇللۇق ئىدىيە ئەمەلدار-
لارنىڭ ئىمتىياز كالتىكىنى ئىلاھلاشتۇرۇۋەتكەن . بولمىسا مەركەز
كادىرلارنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلاش توغرۇلۇق داۋاملىق ھۆججەت ،
ماتېرىيال چۈشۈرۈپ ، پارتىيە مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ ، ئۆگىنىش-
لەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ . بولدى ، ئۇكا ، بۇ گەپلەرنى قىلىش-
مايلى . يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن باللار بىلەن كۆرۈشمىدىڭمۇ ؟
ئائىلى ، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مۇتەللا ساۋۇت-
نىڭ ئوغلى غەيرەت جاڭدۇ يەنىلا شۇ كونا سەنئەتگە دەسسەپ
يۇرۇپتۇما ؟
— سىز نەدىن بىلىسىز ؟
ئۇبۇلھەسەن بولتۇر يازدا دۇكانلارغا مال ئىلىش ئۈچۈن ئۇ-
رۇمچىگە بارغان كۇنى ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە چۈشتى . ياقۇپ
ھاجىم ئالدىنقى كۇنى غەيرەت جاڭدۇ ، ئەيسا خىنەنجىر ، ئەبەي
گىتارلارنىڭ تۇرمىدىن ئاقلىنىپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .
بولمىسا ئۇلار ئالدى 200 گىرام ، تۆۋىنى 100 گىرام خروئىن
بىلەن تۇتۇلغانىدى . لېكىن ، ئادۋوكاتنىڭ ئاقلىشى بىلەن ئۇلار
گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلدى . قانۇندا 50 گىرام خروئىن بىلەن
تۇتۇلغان ئادەمگە ئىغىر قانۇنىي جازا بېرىلىدىغانلىقى ئىنىق ئىدى .
ئەمما ، ئۇلارنىڭ خروئىن سېتىش ئۇسۇلى باشقىلارنىڭكىگە ئوخ-

شىمايتتى ، غەيرەت جاڭدۇ خروئىننى كونا پايپاق ئىچىگە سېلىپ ، شەھەر ئىچىدىكى ئەخلەت ساندۇقلىرىنىڭ بىرىگە تاشلاپ قويۇپ خېرىدارلىرىنى ساقلايتتى ، سودىنى قىلىپ بولۇپ ، ئەخلەت سان- دۇقىدىن ئېلىۋال ، دەيتتى . ئەيسا خېنەنجىر بولسا شەھەرنىڭ راسا ئاۋات يەرلىرىدىكى چىملىقلارغا خالتىلىق خروئىننى تاشلاپ قو- يۇپ ، ئۈستىنى يېرىم پارچە خىش بىلەن ياكى كونا سولياۋ خالتا بىلەن باستۇرۇپ قوياتتى ، خېرىدارىغا شەرەت قىلىپ قويسىلا ئۆ- لارمۇ كۆنۈك ئىدى . ئەبەي گىتارنىڭ خروئىن سېتىش ئۇسۇلى سەل غەيرىيرەك بولۇپ ، مال يۆتكەيدىغان ئالدىنقى كۈنى كونا مال بازىرىدىن ئەبجەق گىتاردىن بىرنى ئەرزانلا ئالاتتى ـ دە ، ئۇنىڭ ئارقىسىنى خىمىيەلىك دورا بىلەن ئېچىپ ، ئىچىگە خالتىلىق خروئىننى چاپلىغۇچتا چاپلاپ بولۇپ ، گىتارنى بۇرۇنقى ئەسلىگە كەلتۈرەتتى . كونا خېرىدارلىرى : «گىتارنى ساتامسەن ؟ » دەپ سورىغاندا ، گىتار ئىچىدە 200 گىرام بولسا ئىككى بارمىقى- نى ، بىر كىلو بولسا باشمالتىقىنى تۈيدۇرماي چىقىرىپ ، باھاسى- نى كېلىشەتتى... ئەبەي گىتار گىتار بىلەن تۇتۇلغاندا : «بۇنى مەن كونا مال بازىرىدىن سېتىۋالغان» دەپ دۇكانچىنىڭ قېشىغا ئاپار- غان ، دۇكانچىمۇ : «بىر بالا ئەرزانلا بەرگەچكە ئېلىپ قويۇپتىكەن- مەن» دېگەن . بۇنىڭ بىلەن ئادۋوكات : «گىتار مېھمانخانا ياتاقلى- رىدىن ياكى رېستوران سورۇنلىرىدىن ئوغرىلانغان ، ئوغرى ئۇنىڭ ئىچىدە نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلىك مالنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەچكە ، 30 — 40 يۈەنگە ئەرزانلا سېتىۋەتكەن» دەپ خۇلاسە چىقىرىپ ، ئەبەي گىتارنى ئاقلىغان . غەيرەت جاڭدۇ ۋە ئەيسا خېنەنجىرلارنىڭ يانچۇقلىرىدىن خروئىن چىقمىغانىكەن ، ئۇلار گۇناھسىز ھېسابلان- غان... قىسقىسى ، غەيرەت جاڭدۇ ، ئەيسا خېنەنجىر ، ئەبەي گىتار- لار خروئىن سېتىشتا كونا خارابىلىكلەر ، ئەسكى تاملىق تۈگمەن- لەر ، قومۇشلۇق سازلىقلارغا بېرىپ يۈرمەيتتى . ئۇلار ئاشۇنداق شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىدا بەخىرامان يۈرۈپ خروئىن ساتا- لايتتى...

www.uyghurkitap.com

— پاھ ، نېمىدېگەن ھېيلىگەر نېمىلەر ، — دېدى قەدىردان ھەيران بولۇپ ، — ئەسلىدە سىز ئەيسا خېنەنجىر ، ئەبەي گىتارلارنى بۇرۇنلا تونۇيدىكەنسىز - دە ؟

— ئەيسا خېنەنجىر گۇمىدا بىر مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئوغلى ، — ئوبۇلھەسەن ئۇستەلگە چېكىپ قويدى ، — ئەبەي گىتار بولسا چىرا ناھىيەلىك دائىمىي كومىتېت باشلىقىنىڭ ئوغلى ، غەيرەت جاڭدۇمۇ ناھىيەمىزدىكى سىياسىي - قانۇن كومىتېتى شۇجىسىنىڭ ئوغلى . قىسقىسى ، ھازىر يامان يولغا كىرىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ تولاراقى ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرى .

ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ، چۈش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەي قېلىشتى . ئوبۇلھەسەن قەدىرداننى ئۆيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى ، ئۇ ئۇزرە ئېيتىپ ئۇنىمىدى . ئوبۇلھەسەن كېلىشىپ قويغان پىلان بويىچە ئەتىسى ئەتىگەن قەدىرداننى رېستوران خادىملىرى ئالدىدا : «كەسىپ ئەھلى» ، «قورۇما قورۇش مۇتەخەسسىسى» ، «رېستوراننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى» دەپ تونۇشتۇردى . رېستوران خادىملىرى ئىچىدىكى سەل توختالغانلىرى : «توۋا ، تۆكى چۈشمىگەن سويمىغۇ بۇ... » دېيىشىپ كالپۇكلىرىنى ئۆرۈشتى ، «توخۇمنىڭ ئىچىدە چوكولداۋاتقان بىر چۈجە بىزگە باشلىق بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان... زامانە ئاخىر بولدىمۇ نېمە ؟ » دېيىشىپ ، مەسخىرىلىك كۈلۈشكەنلەرمۇ بولدى... شۇنداقتىمۇ ، قەدىردان پەرۋايى پەلەك ھالدا ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى ، ئەمما ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ كۆكتاتنى تۇرى بويىچە ياڭزا چېقىرىپ توغراش ئۇسۇلى ، قورۇما قورۇغاندىكى قورۇما خورۇچلىرىنى تەڭشەشلىرى ، قورۇمىنى ئوت ئالدۇرۇپ تەم كىرگۈزۈش پىلانلىرى ئاشخانىنىڭ ياش خادىملىرىنى ھەيرەتتە قالدۇردى بولغاي ، ئۇلار كۈندە ئىشتىن چۈشكەندە قەدىرداننىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ ھۈنەر «ئوغرىلايدىغان» بولدى . قەدىردانمۇ ھېچقانداق مەخپىيەتلىك ساقلىماي قورسىقىدا بار «ئۇماچ» نىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ ئەستايىدىل ئۆگەتتى . كېيىنچە چوڭلارمۇ ئۇنىڭ غەرەز-

سىز، ئاق كۆڭۈللۈكىدىن تەسىرلەندى بولغاي، كۈندىن - كۈنگە يېقىنلىشىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا قورۇما قورۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتەر - ئۆتمەيلا، ئۇلار قەدىردانىنى رېستوران باشلىقلىقىغا ئۆزلىرى سايلاشتى.

ئايلار ئۆتكەنسېرى قەدىردانىنىڭ ئۆز كەسپىدىن، شۇنداقلا ئاشخانا خىزمىتىدىن رايى يېنىپ، كۈندىن - كۈنگە سوۋۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆگەنگەنلىرى ئىشلەنمەي بىر يولىلا كۆمۈلدى. ئالىي ماتېرىيال تەلەپ قىلىدىغان 30 نەچچە خىل قورۇمىنى ھېچكىم تەلەپ قىلىپ باقمىدى. قۇربان ھېيت، بايرام، خاتىرە كۈن، توي - مەرىكىلەردىمۇ يۇقىرىسى 130 — 150 يۈەن، بولمىسا 80 — 90 يۈەنلىك ئۈستەللەرنى بۇيرۇتاتتى. بۇمۇ يەنىلا شالاڭ ئىدى. قىسقىسى، تۇرمۇش سەۋىيە ئۆلچىمى ئۇنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى تەرك ئېتىپ، روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلمايدىغان، كەم سۆز، كەم دىدار بولۇپ، پۇرسەت تاپسىلا مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ بېغى ياكى كوئېنلۇن باغچىسىغا بېرىپ، ماي ئايلىرىنىڭ تەبىئەت ھۆسنىدىن ھوزۇر ئېلىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە ئولتۇراتتى.

بىر كۈنى ئوبۇلھەسەن ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، رېستوران زالىدىكى ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. قەدىردان ئىچىگە يىغىلىپ قالغان قورساق كۆپۈكىنى بىر يولىلا چىقىرىۋالدى.

— قانداق قىلىسەن، ئۇكا، — دېدى ئوبۇلھەسەن روھسىز ھالدا، — يۇرتىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى شۇ تۇرسا. روھىڭنى چۈشۈرمە، ئوڭلىنىپ قالار…

— مېنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدىگەنمىدىڭىز؟ — سورىدى قەدىردان، — ئەجەب تۇيۇقسىزلا كېلىپ قاپسىز؟

— مەن ئەتىدىن باشلاپ بىرنەچچە ئادەمنى ئېلىپ ناھىيە، يېزا، كەنتلەرگە بېرىپ قۇرۇق يەل - يېمىش ئۈچۈن ئالدىن پۇل تارقىتىمەن.

— يالدۇر ئەمەسمۇ، ئۆرۈكلەرنى ئەمدىلا ئاپتاپقا

www.uyghurkitap.com

يېيىۋاتسا...

— بالدۇرراق ئالدىنى ئالمىساق، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن قاق ھايانكەشلىرى ئىگىلىۋالىدۇ.

— بۇلتۇرقى قاقلىرىڭىز تۈگىگەنمۇ؟

— نەدىكىنى، ئامباردا يەنە 50 تونىنىدەك گۈلە- قاق بار شۇڭا، بۇ يىل ئازراق ئالايمىكىن دەيمەن.

— مېنىڭچە، ھەممىنى يىغىڭ، ئاكا، — دېدى قەدىردان ئىشەنچ بىلەن، — بۇلتۇرقىدىنمۇ كۆپرەك يىغىڭ، قاقتىن نۇرغۇن پۇل يىغىۋېلىشقا كۆزۈم يېتىدۇ.

— نېمە ئامالىڭ بار؟

— مەن ھېلىمجان، نۇرمەتلەر بىلەن قايتىدىغان چېغىمدا سۆزلەشتىم، ئۇلار مەيدىسىگە ئۇردى، — قەدىردان ئوبۇلھەسەننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئۆزى ھەققىدە بىر نېمە دېمىدى، — شۇڭا ئىشەنچىم بار.

— سېنىڭمۇ بۇنداق سودىلارغا ئېپىڭ بار، يانچۇق ئۈنئالغۇسىدىنلا نەچچە ئون مىڭ يۈەن پايدا ئالدۇق، — ئوبۇلھەسەن قەدىرداننىڭ دولىسىغا ئۇردى، — ئورنۇڭغا بىرنەچچە بالىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن بولساڭ، كېيىنچە سېنى سەيگۈيۈەن قىلىش ئارزۇيۇممۇ يوق ئەمەس...

— قېنى شۇ چاغ كەلسۇن، ئوبۇلھەسەنكا. بۇ گېپىڭىز ماڭار يوللىرىمغا شولا چاچقاندەك بولدى، كۆڭلۈممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى...

شۇ كۈنى كەچتە ئوبۇلھەسەن موتوسىكلىتتا كېتىۋېتىپ، پوپكا قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان ئابباس بوجاڭنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئۇنىڭغا يانداپ كېلىپ، موتوسىكلىتتىن چۈشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئابباس بوجاڭ، ئىشتىن چۈشكەن ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق، ھە، ئوبۇلھەسەن، قەدىردان سېنى قاقشاتماي ئوبدان ئىشلەۋاتامدۇ ياكى قۇيرۇق تۇتقۇزماي خاپا قىلىۋاتام-

دۇ ؟ — دېدى ئابباس جىددىي تەلەپپۇزدا ، — مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساپ ، يالغان ئېيتىدىغان بولساڭ ، مەن بەربىر ئۇقۇپ قالىمەن ، ئۇ چاغدا نەم - نەمگە ئۇسسۇل ئويناپ قالىسەن .

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىسىز ، بۇجاڭ ، — ئوبۇلھەسەن كۈلدى ، — قەدىردانىنىڭ ئىشلىشىدە گەپ يوق ، ئالامەت كۆچ بېرىۋاتىدۇ ، كالللىسىمۇ پىلىموتتەك ئىشلەيدۇ - دە...

ئوبۇلھەسەن قەدىردان بىلەن بولغان ئەتىگەنكى سۆھبەتنى ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە يەتكۈزدى ، ئۆزىنىڭ كۆزقاراش- پىلانلىرى ۋە قەدىردانىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرىگىچە ئالا قويماي . بىراق ، ئاباس بىردىنلا قاپىقى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ ، پۇشۇلداپ كەتتى .

— ھەي پەيلىقۇش دېۋەڭ ، ئاشۇ ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرغان بىر موزاينىڭ چالغان دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ ، قۇرۇق يەل - يېمىشنى جىق ئالىدىغان بولدۇڭمۇ ؟ — ئاباس ئورنىدا چىپلا توختىدى ، — «ياشلار بىناسى»نىڭ دىرېكتورىمەن دەيسىنا تېخى ! دىرېكتورمۇ سەندەك بولامدۇ ، كىچىك - كىچىك شۇملار «ناي - ناي» دەپ چاۋاك چېلىپ بەرسە ، يەر تاللىماي ئۇسسۇل ئوينايدىغان...

ئوبۇلھەسەن بويۇن - قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ ، گەپ قىلالمايلا قالدى ، ئېچىدە قەدىردان بىلەن بولغان سۆھبەتنى دېگەنىگە پۇشايمانمۇ قىلدى . ئۇ بۇنداق تۈۋىسىغا ياندۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن . بۇنىڭ ئەكسىچە : «ئاباس بۇجاڭ ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كېتەر !» دەپ ئويلىغان تۇرسا...

— تېخى سەيگۈيۈەن قىلىش نىيىتىڭمۇ باركەندە - ھە ؟ تۈۋا قىلدىم خۇدايىم ، — ئاباس سول قولىنى ئامۇتتەك تۈگدى ، — مۇشۇنچىلىك بالىنى سەيگۈيۈەنلىككە سالساڭ ، خەقلەر ئاغزىدا ئەمەس ، قوڭىدا كۈلەر !

بولدى دېگۈچە دەشنەم يېگەن ئوبۇلھەسەن موتوسىكلىتنى يېتىلەپ كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ قارىسى ئالامان ئارىسىدا غايىب

بولغاندىن كېيىنلا ئابباس يولىغا ماڭدى. بىراق، ئۇنىڭ دوپدوگەلەك سېمىز مىس رەڭ چىرايى ئاچچىقىدىن قارىداپ كەتكەندەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ، بىر ھايتاق ئالىقاپنى كەسپىدە ئوقۇتۇپ، 800 يۈەنلىك بىر قەپەسكە سولاپ، ئىنىسىغا پاتقۇزماق ئاسانمۇ؟! ئەمدىلا «ئۇھ» دەپ كۆڭلى تەسكىن تاپقاندا، مۇنۇ ئوبولھەسەن دېگەن دېۋەڭ ھەرىنىڭ ئۇۋىسىنى ياغاچتا چوقچىلاپ، پىرىخوندەك پىرقىراتقىنى نېمىسى!؟

ئابباس بۇجاڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ بايىقى ئاچچىقىنىڭ تەسىرى يەنىلا يوقىمىدى، گېزىت كۆرۈپ باقتى، لېكىن خەتلەر سۇۋاشما بولۇپ ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. تەكچىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيماقچى بولۇپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشى، خەيرىگۈل مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىرىنىڭ قارىداپ ئىسسىلىپ كەتكەن چىرايىغا بىرلا قاراپ، بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆڭلى تۇيۇپ بولدى، شۇڭا: «سىزگە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟» دېگەن سۆز ئاغزىدىن چىقىپ بولغۇچە، ئابباس ئوبولھەسەن بىلەن بولغان ئىشنىڭ زىر-زەۋەرلىرىگىچە سۆزلەپ، ئايالى خەيرىگۈلنىڭمۇ سەپرايىنى ئۆرلىتىپ قويدى.

— بۇ چاغقىچە پوقنى ئوسۇرۇقتا باسقاندەك سىلاپ-پەپىلەپ، رېستورانغا ئاران كۆندۈردۇق دېسەك، ماۋۇ ئوبولھەسەننىڭ ئۇنىڭ كۆتىگە ئوت قويغىنى نېمىسى، — خەيرىگۈل ئالىقانلىرىغا شاقىلدىتىپ ئۇردى، — 800 يۈەن مائاشنى ئېلىپ، سىڭگەن نېنىنى يەپ يۈرسە بولمامدۇ، مەن ھازىرلا ئوبولھەسەننىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇرنىدىن بولاق، كۆتىدىن يۇملاق قىلمىسام...

خەيرىگۈل چاپىنىنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىشى، باياتىن بېرى ئىشىك ئارقىسىدا ھەممە گەپنى ئاڭلىغان قەدىردان ئۆيگە ئوسۇپلا كىردى. ئۇنىڭ غوززىدە يىغلىغان قاپقارا قوشۇما قاشلىرى، ئۇچقۇنلار چاچراۋاتقان چوڭ كۆزلىرىدىن ئەندىككەن ئانا: «ئىشتىن چۈشتۈڭما» دەپ قويدى، ئەمما ئوغلىنىڭ ئىشىك سىرتىدا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ بولدى.

— هە ئانا ، كىمنى بۆرنىدىن بۇلاق ، كۆتىدىن يۇمىلاق قىلى-ماقچى؟ ئوبۇلھەسەن ئاكامنىما؟
— يا ئەمدى··· مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ···
— ئانا ، سىز ئوقۇتقۇچى ، ماقۇما ، — قەدىردانىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندى ، — ئوقۇشتىن چىكىنگەن بىر ھايتاقنى ئورۇمچىدە ئوقۇتۇپ ، 800 يۈەن مائاش بېرىپ ، بېشىنى سىلىغان بىر ئادەمنى كوچىدىكى قارا قورساق خوتۇنمۇ ئۇنداق دېمەس···
قەدىردانىنىڭ گېپى ئاباس بۇجاڭغىمۇ قامچىدەك تەگدى ، شۇ-ڭا ئۇ دىمىققاندەك بولۇپ ، دېرىزە تەرەپتىكى گۈل تەكچىلىرىگە ئاغدى - دە ، ئاستا غودۇڭشىدى :
— قەدىردان ، بولدى قىل···
— نېمىشقا بولىدى قىلىغۇدەكمەن ! — ۋارقىرىدى قەدىر-دان ، — سىلەر مېنى بىر ئۆمۈر قازان مۇئەككىلى بولسۇن دېمەك-چىمۇ؟ مېنى چۈمۈچ بىلەن ساپلىقتا يارالغان دەپ ھاقارەت قىلماق-چىما؟ مۇشۇ گۈجان كوچىسىدا بىللە چوڭ بولغان باللار ئورۇم-چىدە نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ بىلەمسىلەر؟!
— بالام ، — دېدى ئاباس ئارقىغا يېرىم قايرىلىپ ، — 14 ياشلىق بالىنى سەيگۈيۈەن قىلىپ قويسا ئېغىر كەلمەمدۇ دەپ ، ئاناڭ ئىككىمىز سەل خاپا بولدۇق شۇ··· بۇ··· بۇ يەنىلا ساڭا كۆيۈنۈشقۇ···
— سەيگۈيۈەن بولۇش تەلىپىنى مانا مەن قويدۇم ، — دېدى قەدىردان ، — لېكىن ئوبۇلھەسەنكام ماڭا يېرىم كۈن تەربىيە ئىشلەپ بولالماي ، ئاخىر ئاتا - ئاناڭغا سېلىپ باقاي ، دېگىنى يامان بوپتىما؟
ئاباس بۇجاڭ بۇگۈنكى ئىشتا سەل ئەمەس ، خېلىلا يەڭگىلى-تەكلىك قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمەي تۇرۇپ ، ئوبۇلھەسەننىمۇ بەكلا سەتلىۋېتىپتۇ . قول ئاستىدا جان كۆيدۈرۈپ ، جاپا تارتىپ ئىشلەۋاتقان بىر خادىمغا نېرى - بېرىسىنى سورۇشتە قىلمايلا قوپاللىق قىلىش بىر رەھبىرىي كا-

دىرنىڭ ئىستىلىمۇ ؟ ! ئەمدى ئىگىز بويىنى پەس قىلىپ ، قاتتىق بويىنىنى ئېگىپ ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىمىسا بولامدۇ ؟ !

گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغان ئابباس بوجاڭنى تەڭلىك ئىسكەنجىسىدە قىسىپ ، نومۇس ئوتىدا كۆيدۈرۈۋاتقان يەنە بىرى ئوغلى قەدىردان ئىدى ! ئابباس بوجاڭ تىترىگەن قوللىرىدا گۈلگە سۇ قۇيۇۋېتىپ : «ئۇنى 14 ياش دەپ سەل قاراپ- تىمەن ···» دەپ پىچىرلىدى . دېمىسىمۇ ، قەدىردانىنىڭ : «ئانا ، سىز ئوقۇتقۇچى ، ماقۇما···» ، «قارا قورساق خوتۇنمۇ ئۇنداق دېمەس···» ، «بىر ئۆمۈر قازان مۇئەككەلى بولسۇن دې- مەكچىمۇ ؟» ، «چۆمۈچ بىلەن ساپلىقتا يارالغان ، دەپ ھاقارەت قىلماقچىمۇ ؟» دېگەن سۆزلىرىنى 14 ياشلىق بالىنىڭ سۆزى دېسە كىممۇ ئىشىنەر ؟ ! يەنە كېلىپ ، ئۇ سۆزلەر ئادەتتىكى ئوقۇم بىلەن چەكلەنمەي ، ئېغىر ئالالمىغان جاراھەتلەرنى يارىدىغان نەشتەر ئى- دى . ئابباس ۋە ئابباسلار··· خەيرىگۈل ۋە خەيرىگۈللەر مۇشۇ ياشلارنىڭ چېڭىدا قاپتۇ . ئۇلار ھەممە يوللارنى بوشىتىپ ، ئۆزلى- رى چېكىنسە بولغۇدەك··· بىراق ، ھايات قىسمەتلىرىنىڭ ئاچچىق زەردابلىرىنى ئىچمىگەن ، چەرخى - پەلەك بورانلىرى قامچىلىمى- غان ، ئازاب ئىسكەنجىلىرىدە بوغۇلمىغان ، قەھرىتان زىمىستانلار چاياندەك چاقمىغان بۇ دەۋر دۇلدۇللىرى دەۋر دىشۋارچىلىقلىرىغا ئۇچرىماسمۇ ؟ ھايات سازلىقلىرىدا پاتقاقتا پېتىپ قالماسمۇ ؟ ئازاب ئاتەشلىرىدە كۆيۈپ كۆل بولماسمۇ ؟ مانا بۇلارنى سەمىگە سېلىش ، تارت ئايىغىنى ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش يەنىلا شۇ ئابباس ۋە ئابباس- لارنىڭ ، خەيرىگۈل ۋە خەيرىگۈللەرنىڭ خىزىر ئاتا روھىدەك ئۇلۇغ پەرز ۋە سۈننەتلىرىدۇر···

— بولدى ، بالام ، بۇندىن كېيىن تەقدىر - ئىقبالىڭغا ئۆزۈڭ ئىگە بول ، مەن ھەم ئاناڭ ساڭا كاشىلا بولمايمىز . ئەمما ، ھوشيار بول ، ھاياتلىق يولى سەن ئويلىغاندەك تۈپتۈز ئەمەس ، ئادەم تە- سەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك قاباھەتلىك چۈش ئىلكىگە مەھكۇم بولىدى- غان چاغلارمۇ بار ، ئۆلەي دەپ ئۆلەلمەيدىغان ، بىراق ئازابىڭ

تۇگىمەيدىغان، تۆرەلگىنىڭگە ئالەمچە پۇشايمانلار يەيدىغان ھايات قىسمەتلىرى قارار تاپىدىغان كۇنلەرمۇ بولىدۇ...

ئابباس بىردىنلا قېرىپ، مۇكچىيىپ قالغاندەك سەل ئېڭىشكەن پېتى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خەيرىگۇلمۇ ئۈن - تىنسىز ماڭدى، ماڭدى - يۇ، ئوغلىغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى، بولۇپمۇ ئاباسنىڭ بېشى چۈشكەن، ئۆزى ئېڭىشكەن ھالىتى قەدىرداننىڭ ئۆپكىسىنى ئۆرلىتىپ، كۆزلىرىنى ياشقا تولدۇردى...

— دادا، ئانا، — پىچىرلىدى قەدىردان ياشلىرى تۆكۈلگەن ھالدا، — مېنى كەچۈرۈڭلار... سىلەرنى رەنجىتكۈم يوق ئىدى، بىراق زوۋۇلام سىرتتىن ئېلىنغانمۇ ياكى پەرىشتە ئانىنىڭ بېشارىتىدىكى پاجىئەلەر مېنى چاقىرىۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ، كۆڭلۈم سىرتتىلا تارتىپ تۇرىدۇ...

قەدىردان ئۇن كۇندەك ئۆيگىمۇ كەلمىدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمىدى، كېچە - كېچىلەپ ئۆزىگە سوئال - سوراقلارنى ياغدۇرۇۋەتتى، ئەمما ئۆزىدىنمۇ ئەيىب تاپالمىدى. شۇڭا، ئۇنىنچى كۇنى كېچىسى ئوبۇلھەسەننىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلار ئىچكەركى كىچىك دەم ئېلىش ئۆيىدە بىرەر سائەتتەك مۇڭداشتى.

— ئاباس بوجاڭ ئىشخانامغا كىرىپ كەچۈرۈم سورىدى، — دېدى ئوبۇلھەسەن قىزىرىپ، — يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەممە گۇناھنى ئۆزۈڭگە يۈكلىۋالغان ئوخشايسەن.

— ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداققۇ، — قەدىرداننىڭ ئاۋازى غاراڭغۇرۇق چىقتى، — ئوبۇلھەسەنكا، يېڭى گۇلە - قاقنىڭ ئامبارغا كىرىم قىلىنىشىغا يەنە ئىككى ھەپتىدەك باركەن، شۇڭا بولتۇرقى قاق بولسىمۇ مەيلى...

— كونا قاق ئازراقلا نەم تارتىپ قالسا، ئۇرۇقچىسى بىلەن گۆشى ئايرىلىپ مىچىلداپ قالىدۇ، — دېدى ئوبۇلھەسەن، —

ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆكىرىپ سېسىيدۇ.

— مەيلى، سېسىپ بولغۇچە بىر تەرەپ قىلىنىۋەتكىلى بولار.

— مەن ئاباس بۇجاڭغا: «قەدىردانىنى يالغۇز ئەۋەتمەيمەن، ئۇكام ئوبۇليار ئىككىسى بىللە ماڭىدۇ» دەپ خاتىرجەم قىلدىم. ئۇقتۇڭما؟

— ئۇقتۇم، — قەدىردان كۇلۇپ قويدى، — دەسلەپتە ھەمراھ بولغىنى ياخشى.

— ئەسلىدە توختاملاشقان قاق ئامبارغا كىرگەن ھامان ئارىلاشتۇرۇپ سېتىۋېتەرمەن، دەپ ئويلىغان. بۇنداق قىلسامۇ ھالاللىق بولمايدىكەن. بوپتۇ، كونا قالدۇق بولغاندىن كېيىن ئەرزانىراق بولسىمۇ سېتىۋېتىڭلار.

— قانچىلىك قاچىلاپ بېرىسىز؟

— ھازىرچە ئىككى ماشىنا، يەنى 22 توننا بېسىپ بېرىمەن، — دېدى ئوبۇلھەسەن كەسكىن تەلەپپۇزدا، — بۇ قېتىم يېقىنراق بولغان لوپنۇرغا ئاپىرىسىلەر. بولتۇر مەن ئۈچ ماشىنا ئاپىرىپ بىر كۈننىڭ ئىچىدە سېتىۋەتكەن. لوپنۇر ئاشلىق پونكىتىدىكى ھامۇت زەنجاڭنى تاپساڭلار مالنى چوشۇرىدىغان ئامبار بېرىدۇ.

— قاچان يولغا چىقالايمىز؟

— «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ ماشىنىلىرى ۋەزىپە بىلەن بوز يەرگە كەتمىگەن بولسىلا، ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقالايسىلەر.

— ئۇنداقتا ئەتە بىر كۈن تازىلىقىمنى قىلىپ، تەييارلىقلىرىمنى پۈتكۈزۈۋالسام بولغۇدەك...

— ئۇكام ئوبۇليارمۇ تېخى پىشمىغان خام بالا، ئوبدانراق كۆز - قۇلاق بولارسەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئوبۇلھەسەنكا.

— سەن دېگەن ئۇرۇمچىدە يېرىم يىلدەك تۇرۇپ پىشىپ



www.uyghurkitap.com

قالغان ، ئەمما بۇ قىتىمقى تىجارەت سەن ئۈچۈن بىر سىناق . مۇشۇ سىناقتىن ئۆتەلىسەڭ ، بۇندىن كېيىنكى يوللىرىڭ راۋان بولىدۇ ، بۇنى ئېسىڭدىن چىقارما .

يەكشەنبە كۈنى . «شەرق شامىلى» ماركىلىق ئىككى ماشىنىغا قاق بېسىلىپ تەييار قىلىنغان بولسىمۇ ، شوپۇرلار كۈن يانغاندىراق يولغا چىقىشنى قارار قىلىشتى . شۇڭا 12 كۈندىن بېرى «ياشلار بىناسى» مېھمانخانىسىنىڭ ياتىقىدا يېتىۋاتقان قەدىردان ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ناھىيەلىك پارتكوم ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كەلدى . ئۇ سېرىق سەمبە ، تاجىخوراز ، پىلپىل ، گوۋ‑زىبان ، ئورۇس گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ھويلىسىغا ئەيمىنىپقىنا كىردى . مانا تال بوستاندىكى ئۈزۈملەرمۇ چېكىلىپ قاپتۇ . تۇرۇپلا قەدىردانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى . تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ قورۇغا كۆزى قىيمايۋاتامدۇ ، مىڭ جاپادا بېقىپ ، شۇ دېمەتلىك قىلغان ئاتا ـ ئانىسىنى رەنجىتىپ قويغانلىقىدىن ئىچى پىغان بىلەن ئۆرتىلىۋاتامدۇ ياكى پەرىشتە ئانا بېشارىتىدىكى شۇم تەقدىرگە تۇنجى بولۇپ قەدەم ئالغانلىقىدىن يۈرىكى ئەلەم بىلەن نالە قىلىۋاتامدۇ ، ئىشقىلىپ ، قەدىردانىنىڭ كۆڭلى بۇزۇل‑غانلىقى راست… ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا كارىدور ئىشىكى‑نىڭ تۆمۈر تۇتقۇچىنى تۇتتى ھەم كارىدورغا ئاستاغىنا قەدەم ئال‑دى . پاھ ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تونۇش پۇراقلىرى… ياق ، جەننەت ھىدلىرى دىماقلىرىغا ئۇرۇلدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە لىپمۇلىپ سۈزۈك ياشلارغا تولدى !

دەرۋازا ، ئىشىكلەر ئوچۇق ، بىراق ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى . مېھمانخانا ، ھۇجرىلارنىڭ ئىشىكلىرى «تۈز قۇلۇپ» بولغاچقا ، ئىچىدە ئادەم بار ـ يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايتتى ، قەدىردان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھۇجرىسى ئىشىكى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى ، بېشى مەيدىسىگە ئېگىلدى .

— دادا ، ئانا !— ئۇ ئاستا پىچىرلىدى ، — مەن… مەن

ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم… مەن … مەن… ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەي-
مەن ، يۈرىكىم بىردە ھاياجان بىلەن ئۇرسا ، بىردە ھەسرەت بىلەن
نالە قىلىدۇ ، تۇرۇپلا سىقىلىدۇ ، ئەجەب مىسكىن يىغلايدۇ…
«تېخى بالا ئىدىڭغۇ» دەپ شىۋىرلايدۇ… بىلمىدىم ، ماڭار يوللىرىم
شۇم قىسمەتلىرىم تامان ئاپىرىپ تاشلامدۇ ؟ ! بىلمىدىم ، باسقان
قەدەملىرىمدىن گۈل - غۇنچىلار ئۈنەمدۇ ۋە ياكى تىكەن - زاغزاغ-
لار ! تۇرۇپلا «ئاتا - ئانامنى زار يىغلىتىپ ، قايسىبىر ئەرشىئەلاغا
يېتەرمەن» دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سورايمەن ، بىراق يۈرىكىم : «بۇ
سېنىڭ مەيلىڭ ئەمەس…» دەپ مېنى بەزلەيدۇ…

قەدىردانىنىڭ چوڭ كۆزلىرىدىن ئالدىراپ چۈشۈۋاتقان يو-
غان - يوغان ياش تامچىلىرى ساقالسىز يۇمران يۈزلىرىنى يۇيۇپ ،
ئېڭەكلىرىدىن مەيدىلىرىگە تامچىلىماقتا ئىدى .

— جېنىم دادا ، سېنىڭ بېشىمنى سىلىغان ئالىقانلىرىڭ ھارا-
رەتلىك قۇياش ئىدى ! كۆيۈمچان ئانا ، سېنىڭ باغرىڭ مەن ئۈچۈن
مىسلى بىر جەننەت ئىدى ! مەن ئاشۇ قۇياشنى ، ئاشۇ جەننەتنى
تاشلاپ كېتىۋاتىمەن… مېنى شەيتان ئېلىپ كېتىۋاتامدۇ ياكى
قىسمەتلىرىم چىللاۋاتامدۇ ، بۇ ماڭا قاراڭغۇ . بەلكىم ۋۇجۇدۇمدى-
كى بالىلىق مەنمەنلىكلىرىم ، قىزىقىشلىرىم مېنى ۋەسۋەسىگە سې-
لىپ قوزغىتىۋاتقاندۇ ! سىلەر مېنى كەچۈرۈڭلار ، ئۆزۈمنىڭ شو-
رى ئۆزۈمگە ! خوش دادا ، خوش ئانا ! ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار ،
سىلەرنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم…

شۇ كۈنى سائەت بەشلەردە ئوبۇلھەسەن قارىقاش يولىدا ئىككى
ماشىنىنى ئۆزىتىپ قويدى . ئارقىدىكى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا
ئوبۇليار ، ئالدىدىكىسىدە قەدىردان بار ئىدى . تۈنجى قېتىم سىناق
سەيگۈيۈەنلىككە قەدەم ئالغان شۇ كۈنى ئۇ 15 ياشتىن تۆت ئاي
بەش كۈن ئاشقانىدى . قەدىردان ھازىر بارلىق غەم - ئەندىشىلەر-
دىن خالىي ، سەپەر ھاياجىنى ئۇنى شادلاندۇرماقتا ئىدى .
ماشىنىلار ئەينەك بېتىدەك تۈپتۈز ئاسفالت يولدا خۇددى كىرىچتىن

ئاجرىغان يا ئوقىدەك چاپماقتا ، يوللار ، دەل ـ دەرەخ ، ئىستولبى-
لار گويا دەھشەتلىك يەر تەۋرەشتىن ئاغدۇرۇلۇۋاتقاندەك ئارقىسىغا
يىقىلماقتا ، چاقنىڭ شاپىلدىغان ، موتورنىڭ بىر خىلدا گۈركىرى-
گەن ئاۋازىدىن : «ئامەت ، ئاپەت ، ئـامـەت ، ئـاپـەت ، ئامەت ،
ئاپەت… » دېگەندەك سادا ئـاڭلانغـاندەك قـىلاتتى . قەدىردان ئې-
غىر خورسىندى…

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بەشىنچى باب

لوپنۇر ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئامبىرىغا بېسىلغان 22 تونىنا قاقنىڭ سېتىلماي ياتقىنىغا 35 كۈن بولدى. ياتاققا كىرىپ يېتىپ ئۇخلاپ، تالاغا چىقىپ خېرىدار ئىزدەپ، تاماق يەپ قاچا بىكارلاپ، خالادا ئولتۇرۇپ قورساق بوشىتىپ زېرىكىپ كەتكەن ئوبۇليار 24 كۈن بولغاندا يولدا ماشىنا توسۇپ يۇرتىغا قېچىپ كەتتى. ئەمدى ھەممە بالايىتوقۇناق، شالدىر - شاپىلاق قەدىردانغا قالغانىدى. ئۇ مېۋە - چېۋە توپ سېتىش بازارلىرىغا كىرىپ، مېلىنى ماختاپ باشلاپ كەلگەن خېرىدارلىرى بىرنەچچە تاغارلاردىن ئۇچۇمداپ ئالغان گۆلە - قاقىقا قاراپلا: «بۇ بۇلتۇرقى كونا مال ئىكەن» دېسە، بەزىلىرى: «قۇرت چۈشۈشكە باشلاپتۇ» دېيىشىپ يېنىپ كېتەتتى... كۈنلەر ئۆتكەنسېرى قەدىردانىڭ ۋۇجۇدىنى ئەنسىزلىك ئىسكەنجىلىرى بوغۇۋالدى. مانا، كۈنلۈكى 20 يۈەندىن 35 كۈندە جەمئىي 700 يۈەن ئامبار ھەققى زىممىسىگە ئارتىلدى. ئۆزى قاقلارنى ساقلاپ ئامباردا ياتقاچقا، مېھمانخانا پۇلى تېجىلىپ قالغان بىلەن، يېمەك - ئىچمەك، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئۇچۇنمۇ پۇل سۇدەك كېتىۋاتىدۇ. كۈندىن - كۈنگە ئەندىشە ئىچىدە قالغان قەدىردان گۆلە - قاقنى ئۇدۇل ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېتىشنى ئويلاپ قالدى. بىراق، پۇلنى، ئامبار ھەققىنى نەدىن ھەل قىلىدۇ؟ ئۇ ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا، ئاخىر ئوبۇلھەسەنگە تېلېفون بەرمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئاشلىق پونكىتىنىڭ باشلىقى ھامۇت: «قەدىردان، ساڭا تېلېفون» دەپ چاقىرىپ قالدى. خۇددى ئالتۇن توشقان تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتكەن قەدىردان ئۇچقاندەك ئىشخانىغا كىردى - دە، تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ئۇ ئويلىغاندەكلا، تېلېفوندا ئوبۇلھەسەننىڭ ئاۋازى ياڭرىدى:

— ھەي قەدىردان ، مەن ھەممە ئىشنى ئوبۇلياردىن ئاڭلىدىم ، سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى ، سىلەرنى خالتا يولغا سېلىپ قويۇپ ، كۆپ جاپاغا قويدۇم .

— ئوبۇلھەسەنكا ، ھازىر بۇنداق گەپلەرنى دەيدىغان ۋاقىت ئەمەس ، — دېدى قەدىردان تۇرۇۋېكىنى ئۇ قولىقىدىن - بۇ قولىقىغا يۆتكەپ ، — مەن قاقلارنى ئۇرۇمچىگە يۆتكىمەكچىدىم . بىراق ، ئامبار ھەققى ۋە كىرا پۇلىدىن قىسىلىۋاتىمەن ، قانداق قىلاي ؟

— مەن ساڭا پۇل پېرېۋوت قىلىمەن ، 24 سائەت ئىچىدە تاپشۇرۇۋالىسەن ، — تۇرۇۋېكىدا ئوبۇلھەسەننىڭ ئاۋازى چۇڭقۇلىدى ، — ئەمما گۆلە - قاقنى تېز بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىرا ، ھاۋا قاتتىق ئىسسىۋاتىدۇ ، ئامبار قۇرغاق ھەم ئىسسىق كېلىپ قالسا ، گۆلە - قاق قۇرتلاپ كېتىدۇ ، نەم بولسا ، كۆكىرىپ سېسىيدۇ ، ئۇقتۇڭما ؟

— ئۇقتۇم ، خاتىرجەم بولۇڭ ، ئۇرۇمچىگە يۆتكەش ئالدىدا ئادەم ياللاپ ، گۆلە - قاقنى ئاپتاپقا سېلىپ ، شامالدىتىپ قايتا قۇرۇتىمەن .

— ھەي ، ئەسلىدە ئۇ قاق ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئىككىنچىدىسىگە چۈشىدىغان ، يەنى كىلوسى بىر يۈەن 50 پۇڭلۇق قاق ئىدى ، ھازىر بىر يۈەندىن ئالسىمۇ ، ياق ، قانچىدىن ئالسا ، 60 — 70 پۇڭدىن ئالسىمۇ بېرىۋەت ... چۈنكى ئۇ پۈتۈنلەي پايدىغا قالغان قاق . بىكاردىن - بىكار تۆكۈۋېتكەندىن كۆرە ، ئۆزىنىڭ چىقىم ۋە كىرالىرىنى تۇزلىسىمۇ مەيلى . ھەي قەدىردان ، يەنە بىر مۇھىم گەپ ، كۆلىچى خالمەت قارىم مال تىزىملىكى بىلەن 50 مىڭ يۈەن پۇلنى ئايروپىلاندا ئېلىپ كەتتى ، ئۇنى ياقۇپ ھاجىمدىن تاپشۇرۇۋال ، ئىلاجى بار مال بىلەن بىللە كەلگىن .

يانچۇقىغا چاشقان كىرسە يامانلاپ چىققۇدەك بولۇپ قالغان قەدىردان شۇ كۈنىلا لوپنۇر بازىرىدىن ئۇتتۇرا ياشلىق ئىشلەمچىدىن ئىككىنى تېپىپ ، كۈنلۈكىنى 50 يۈەندىن سۆزلەشتى . ئۇلار

www.uyghurkitap.com

300 تاغاردەك گۈلە ـ قاقنى ئاشلىق قۇرۇتىدىغان مەيدانغا يېيىـ
تىپ ، راۋۇرۇس قۇرۇپ بولغۇچە كۆرەكتە ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ
بېرىدىغان بولدى ، ھەتتا ئۇلار تاغارلارغا قايتا قاچىلاپ ، ماشىنىلار
غا بېسىپ بېرىشنىمۇ ھۆددىگە ئېلىشتى .

دېگەندەك ، قەدىردان ئەتىسى چۈشتىن كېيىن لوپنۇر ئاشلىق
پونكىتىغا كەلگەن 4000 يوەنلىك پۇل چېكىنى تاپشۇرۇۋالدى .
ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئاپتاپقا سېلىپ شامالداتقان قاقلارنى ئىككى
ئىشلەمچى تاغارلارغا قايتا قاچىلاپ ، ئاغزىنى چاشقان قۇلىقى قىـ
لىپ سىم بىلەن يۇمەپ تىكىشكە باشلىدى . ئىش تاپقىنىغا خۇش
بولۇپ كەتكەن ئىشلەمچىلەر بالا سەيگۈيۈەندىن بەكمۇ سۆيۈندى
بولغاي ، ھالاللىق بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلىقى
تۇرقىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى ، پېشانىسىدىكى گىرەلىشىپ كەتكەن
قورۇقلاردىن ئاققان تەر كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇۋەتكەنمۇ قانداق ،
ئۇلار پات ـ پاتلا يەڭلىرىدە سۈرتۈپ قوياتتى . شۇ ئەسنادا شەھەر
يوك توشۇش كالونىدىن ئىككى ماشىنىنى 1600 يوەنگە سۆزلىشىپ
ئېلىپ كەلگەن قەدىردان ئۆزىمۇ ئىشتان ـ كۆڭلەكنى سېلىپ
ئىشقا كىرىشىپ كەتتى . ئۇ قاقلار ماشىنىغا بېسىلىپ بولغۇچە ،
40 كۈنلۈك ئامبار ھەققىگە 800 يوەن تۆلەپ تالون كەستۇرۇۋالـ
دى . ئىككى ئىشلەمچىنىڭ ئىش ھەققى كۈن ھېسابى بويىچە 400
يوەن بولغان بولسىمۇ ، قەدىردان :

— جاپا چەكتىڭلار ، بىر ۋاخ تاماق ئېلىپ بەرسەم بولاتتى ،
لېكىن ئۈلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايمەن ، شۇڭا بۇ پۇلغا ئىككىڭلار
تاماق يەپ ، ئاشقىنىغا بالىلىرىڭلارغا بىر نەرسە ئالارسىلەر ، —
دەپ ، يەنە 50 يوەن قوشۇپ بەرگەنىدى ، ئىشلەمچىلەر كۆزلىرىگە
ئىشەنمەيلا قالدى . دۇنيادا مۇنداقمۇ ساخاۋەت ئىگىلىرى بار ئىـ
كەن ، پاھ... 50 يوەن ، بۇ ئاشۇ بىچارە ئىشلەمچىلەر
ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل ـ دە ! ئۇلار ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى
مۆلدۈرلىتىپ ، قەدىردانغا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا باشلىدى :

— خۇدايىم مەرتىۋىلىرىنى ئۈستۈن قىلار ، سەيگۈيۈەن بالا .

توپا ئالسىلا ئالتۇن ، كۆل ئالسىلا كۈمۈش بولار… بارلىق قىيىنـ
لىرىنى ئاسان قىلار…

— خوش ئەمىسە ، ئاكىلار ، خوش ، هامۇت ئاكا !

ئاشلىق پونكىتى دەرۋازىسىدىن ئىككى ماشىنا ئىرغاڭلاپ چىققۇچە ، ئاشلىق پونكىتىنىڭ باشلىقى هامۇت ۋە ئىككى ئىشلەمـ
چى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇردى…

— تۇۋا ، — دېدى هامۇت ياقىسىنى تۇتۇپ ، — چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەكلا بالىكىنا…

— يېشىنى سوراپ باقساق ، — دېدى يۈزى قۇيماقتەك قورۇ-
لۇپ قالغان ئىشلەمچى ، — «سىلەر مېنى كىچىك كۆرۈۋاتامسىـ
لەر ، مەن 35 ياشتىن تۆت ئاي ئاشتىم» دەيدۇ…

— مېنىڭچە ، — دېدى هامۇت ، — ئۇنىڭ يىگىرمىسى يالـ
غان ، قالغىنى راست .

— ئاپىرىن ئۆزلىرىگە ، — بېشىنى گىلدىڭلاتتى يەنە بىر ئىشلەمچى ، — نەق كۆڭلۈمدىكىنى دېدىلە .

هامۇت بىلەن ئىككى ئىشلەمچى بالا سەيگۈيۈەن ھەققىدە زوقـ
لىنىپ پاراڭ قىلىشۋاتقاندا ، ئىككى ماشىنا لوپنۇردىن ئۆزاپ ، ئىكـ
كى تەرىپىنى قېنىق هال رەڭ يۇلغۇنلار قاپلىغان كونا ئاسفالت يولدا كېتىۋاتاتتى . بۇ يول ئارقىلىق شەهەرگە كىرمەي ئۇدۇللا قارا شەهەرگە كىرىپ كەتكىلى بولاتتى . هازىر قەدىردان گۈلە ـ
قاقتىن خاتىرجەم ئىدى . چۈنكى ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز قاقىرام ئاپتاپ ۋە شامالغا سېلىنغان قاق خۇددى يېڭى قاقتەك قۇرۇپ شاراقلاپ كەتكەنىدى . هازىر ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقىنى ، قاقنى تونۇش ـ بىلىشلەر بولمىغان يات ئادەملەرگە سېتىش مەسىلىسى ئىدى . بۇنىڭدا ئۇ كۆڭۈل ئاياپ تەڭلىكتە قالىدىغان ئىشلار يۈز بەرمەيتتى ھەم قاق كۆڭلىگە خوپ كەلگەن باهاغا چىققاندا ئاندىن ساتاتتى . هازىر يېڭى قاق بازارغا تېخى كىرمىگەن ، كونا قاق ئاياغلاشقان ، بازارغا كىردى دېگەندىمۇ قۇرت چۈشكەن ياكى نەملىـ
شىپ كۆكىرىشكە باشلىغان «مىيانە» گۈلە ـ قاقلار ئىدى . قەدىر-

دانىنىڭ ئېلىپ كېتىۋاتقىنى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئىككىنچىسىگە چۈشىدىغان خېلى گۆشلۈك گۆلە ـ قاق بولۇپ، ھازىرقى گۆلە ـ قاق قىس ۋاقىتتا خېرىدارلار تولىشىپلا بەرسە، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئىككىنچىسى، ئەڭ بولمىغاندا ئۈچىنچىسىگە كۆتۈرگىلى بولاتتى. ئەمما، تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ ئارىلىشىپلا قالسا، گۆلە ـ قاقنىڭ كۆزى ئوچۇقلا كېتەتتى...

بۇ قېتىمقى 22 توننا قاق ئۇبۇلھەسەننىڭ دېيىشىچە ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئىككىنچىسىگە تەئەللۇق، يەنى كىلوسى بىر يېرىم يۈەنلىك مال ئىدى. بىراق ئۇ يىل ئاتلاپ كەتتى، قۇرت چۈشمىدى دېگەن ھالەتتىمۇ، 20 — 30 قاقنىڭ ئىچىدە بىرەرى قۇرتلىماي قالمايتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قۇرتلۇقلىرى كۆپىيىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لوپنۇردىكى ئامباردا 40 كۈن شامالغا سېلىنماي تىنچىقتا بېسىلىپ ياتتى. شۇڭا، قاقتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئۇبۇلھەسەن ئالدىراپ ـ تېنەپ: «بىر يۈەندىن بولسىمۇ، 60 — 70 پۇڭدىن بولسىمۇ بېرىۋەت، بىكاردىن ـ بىكار تۆكۈۋەتكەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ چىقىمىنى بولسىمۇ تۇزلىسۇن» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى، ھەتتا قەدىردانىنى ئىككىلىنىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرىدىمۇ: «ئۇ پۈتۈنلەي پايدىغا قالغان قاق» دېيىشنىمۇ ئۇنۇتۇپ قالمىدى...

ئەمدىكى گەپ قاقنى قەيەرگە ئاپىرىپ سېتىش مەسىلىسى ئىدى. «غەربىي دىيار مېۋە ـ چېۋە شىركىتى»، «قوڭغۇرتاش مېۋە ـ چېۋە شىركىتى»، «داخىيەن مېۋە ـ چېۋە شىركىتى» قاتارلىق ئورۇنلاردا بىر يۇرتلۇق قاق تىجارەتچىلىرى، ھايانكەشلىرى، ئېلىپساتارلىرى كۆپرەك، ئەڭ يېقىن تونۇشلارمۇ ئۇچراپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «موسۇلمانلار شىركىتى» قارىمىقىدىكى «مېۋە ـ چېۋە توپ سېتىش بازىرى» «ئىسلام سودا بازىرى» دەپ تونۇلغاچقا، بۇ يەرگە شالاڭراق كېلەتتى.

تونجى قېتىم «سەيگويۈەن»لىك ئوتتۇغاتنى تاقاپ، پۇل ئاتلىق قىز ئۈچۈن «بازار» دەپ ئاتىلىدىغان ئوت كەتكەن ئورمانغا

قەدەم ئالغان قەدىردانىنىڭ 22 تونىنا قاق ھەققىدە ئويلىمىغىنى قالمىدى . شۇنىڭغا قارىغاندا ، تىجارەت بىلەن سودا ئىسىملىك سەتەڭنىڭ پايدا نازىدىن ئادەمنى جىددىيچىلىك ئىسكەنجىلىرىدە بوغۇپ قىينايدىغان لەززىتى يامان ئوخشايدۇ . ئەنە شۇنداق ھاياجان ، جىددىيلىك قايناملىرىغا كىرىپ قالغان قەدىردان ئۇرۇمچىنىڭ بوسۇغىسىغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى تۇيىماي قالدى . بىر كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگەن ماشىنىلار گۇگۇم بىلەن تەڭ «يېشىل قارىغاي مېھمانخانىسى»غا «ئىنجىقلاپ» كىرىپ كەلدى . قەدىردان ئىككى شوپۇرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىنُ ياتاققا بىلەت ئېلىپ بەردى ، ئۆزىگە بولسا ئايرىم ياتاق ئالدى . ئاندىن ئۇ كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىپ داجەيگۇدىكى ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ماڭدى . خالمەت قارىم ئوبۇلھەسەن تېلېفون بەرگەن كۈنى يولغا چىققان تەقدىردىمۇ ، تۈنۈگۈن ئەتىگەندىلا ئۈرۈمچىگە چۈشىدۇ ، بۇ چاغقىچە بەلكىم پۇل ۋە مال تىزىملىكىنى ياقۇپ ھاجىمغا بېرىپمۇ بولغاندۇ . قەدىردان خالمەت قارىمنى تونۇمايتتى ، پەقەت «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دىكى بىر يۈرتلۇق ھەقەمسايىلىرىدىن ئۇنىڭ كۆلچى ئىكەنلىكى ، كۆپىنچە گۇاڭجۇ ، كۇنمىڭ ، گۇيلىن تەرەپلەرگە كۆك كىشمىش يۆتكەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى .

قاراڭغۇ چۈشكەن ، داجەيگۇنىڭ ئاھالىلەر جايلاشقان تار كوچىلىرىدا چىراغلار گۇڭگا يورۇپ تۇراتتى . قەدىردان سەيگۇيۈەن جاپپار ھاجىم بىلەن بىر چاغدا ماڭغان ھېلىقى قىسىلچاق كوچىلاردىن ئۆتۈپ ، ئايدا 12 مىڭ يۈەن ئۆي ئىجارىسى يىغىۋالىدىغان تۆڭگاننىڭ قورۇسى ئالدىغا كېلىشى ، كۆك سىرلانغان چوڭ تۆمۈر دەرۋازىدىن ئىككى ئادەم چىقىپ ، چىراغ ئاستىدا نېمىلەرنىدۇر دېيىشمەكتە ئىدى . ئۇلارنىڭ بىرى ياقۇپ ھاجىم بولۇپ ، يەنە بىر ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى قەدىردان تونۇيالمىدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ھاجىم ، تەنلىرى ساق ، ئۆزلىرى ئوبدان تۇردىلىمىكى...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، مانا ھازىرلا خالمەت قارىم بىلەن

www.uyghurkitap.com

گېپىڭنى قىلىۋاتاتتۇق ، — دېدى ياقۇپ هاجىم بودەك ساقىلىنى تۇتاملاپ ، — قېنى خالمەت قارىم بىلەن كۆرۈشۈپ قوي .

— تىنچلىقمۇ ، ئۇبدان تۇرغانلا ؟

قەدىردان ئۇچلۇق سويماباش ، دوقا ماڭلاي ، ئاق سېرىق ، قاش ـ كىرپىكلىرىنىڭ تايىنى يوق ، سىدام يۈز ، يوغان بۇرنىنىڭ ئۇچىنى قىپقىزىل قاپارتمىلار قاپلاپ كەتكەن ، 44 ـ 45 ياشلاردا بار بۇرۇتسىز ، لېكىن ئېڭەك ئۇچىدا بىر تۇتامىمۇ كەلمەيدىغان قىزغۇچ قىسقا ساقىلى بار ، قارا يەكتەكلىك بۇ ئادەمگە قاراپ ئىچىدە : «بۇنىڭ نەرى سودىگەرگە ئوخشايدۇ ، ھېلىلا كاتەكتىن قېچىپ چىققان توخۇ ئوغرىسىنىڭ ئۆزىلىغۇ» دەپ ئويلىدى ، شۇنداقتىمۇ رەسمىيەت ئۇچۇنلا : «قاچان كەلدىلە ، ئوبۇلھەسەنكام ئۆزلىرىنىڭ تۆسىبلىرىنى قىلغانىدى ، بىزدە كۆلچى سودىگەرلەر بەكمۇ ئاز...» دېگەندەك ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ ، كۆڭلىنى ياساپ قويدى .

— دىرېكتور ئوبۇلھەسەن ، — دېدى خالمەت قارىم سالاپەتلىك كىنە يۆتىلىپ قويۇپ ، — «تىزىملىكتىكى مالغا پۇل يەتمەي قالسا ، ياقۇپ ھاجىم بىرىپ تۇرسۇن» دېگەنىدى .

— ئەلۋەتتە ، ئەلۋەتتە ، بۇ چاغقىچىمۇ شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇغۇ ، — دېدى ياقۇپ هاجىم ، — هوي يۇرۇڭلار ، ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچكەچ پاراڭ قىلمايمىزمۇ . مانا قەدىردانىمۇ كېلىپ قالدى .

خالمەت قارىم بۇگۈن كەچتە ئۇچراشمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى . ياقۇپ هاجىم قەدىردانىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ، كارىۋاتتىكى كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى ، لېكىن قەدىردان ئولتۇرار ـ ئولتۇرمايلا پوسۇقىدە كۈلۈۋەتتى .

— ھە كۈلسەنغۇ ، كۈلگۈدەك بىر ئىش بولدىما ؟ — ياقۇپ هاجىم پىيالىلەرگە چاي قۇيۇۋېتىپ ، قەدىردانغا قارىدى ، — قېنى دەپ باققىنا ، مەنمۇ ئاڭلاپ باقاي...

— ئاۋۇ خالمەت قارىم دېگەن گادايىنىڭ ساقىلىغا كۈلگۈم

كېلىشۋاتىدۇ، — دېدى قەدىردان يەنە كۈلۈپ سېلىپ، — خۇددى ئۆچكە يۈگىدا ياسىغان تەيكۈچىنىڭ ئۆزىغۇ.

— جاپپار ھاجىم سىنى «گېپى ئەيىلدىك» بالا دېگىنى راستىكەن ـ دە، — ياقۇپ ھاجىممۇ كۈلۈپ سالدى، — بىردەمدىلا خالمەت قارىمىنىڭ ساقىلىنى كىچىك بالىنىڭ تېپىپ ئويناۋاتقان تەپكۈچىگە ئوخشاتقىنىڭنى قارا. مېنىڭمۇ ساقىلىم بار ئادەم، ئىچىڭدە نېمىلەرگە ئوخشىتىپ بولدۇڭكى...

— ياقۇپكا، ئاڭلىسام يېشىڭىز 36 لاردا باركەن، نېمە قىلىسىز ساقال قويۇۋېلىپ، — قەدىردان كۆڭلىگە ياقمىغاننى ئۇدۇللا دەۋېرەتتى، — بەك مەينەت چىراي كۆرۈنۈپ قالىدىكەنسىز، قاپقارا بۇرۇت قويۇۋالسىڭىز نېمىدېگەن ياخشى.

— ھە، ئەمدى ھۇجۇمنى ماڭا قارىتاي دەمسەن؟

— بۇنى ھۇجۇم دەپ چۈشەنسىڭىز قانداق بولىدۇ، — دېدى قەدىردان، — زامانغا لايىق، ئىلمىي بايلاردىن بولۇش ياكى ھاجىملار ساقال قويمىسا بولمايدۇ، دەيدىغان رەسمىيەتمۇ بارمۇ؟

— ھەي ساقال تارغىقى، بولدى قىلە. قېنى چاي ئىچ. قاچان كەلدىڭ؟

— زاۋال ۋاقتى بىلەن. ئاۋۇ تەپكۈچ ساقالدىن پۇلنى تاپشۇرۇۋالدىڭىزمۇ؟

— ھەي، ھەي، تۈزۈك گەپ قىل، ئۇ دېگەن 30 پارە قۇرئاننى يادا ئالغان قارىم، بىلەمسەن؟ ساڭا 50 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن ئالىدىغان ماللارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلىپ كەپتۇ.

— ئىككىمىز بىللە ئالارمىز؟ تېخى بۇ قېتىم ئىككى ماشىنىڭىزنى مەن ئىشلەتمەكچى. قورقماڭ، كىرا ھەققىنى ئەل قاتارى بېرىمەن.

— پاھ، پاھ، ئوبۇلھەسەننىڭ «بالا سەيگۈيۈەن» دەپ پو ئاتقىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە. ھە، ئەكەلگەن ئىككى ماشىنا گۈلە ـ قاق «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دا قالدىما؟

— ياق، «يېشىل قارىغاي مېھمانخانىسى»دا.

— ھوي، نېمىشقا؟ ئاداش - ئايماقلىرىڭ، بىر يۇرتلۇقلىرىڭ ئەشەدە تۇرسا...

— شۇنىڭ ئۈچۈن، «يېشىل قارىغاي»غا چۈشتۈم، — دەپ ياقۇپ ھاجىم چاي ئىچمەكچى بولۇپ كۆتۈرگەن چىنىسىنى تۇتقىنىچە ئۇزاق تېڭىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: «بۇ بالا 20 — 30 ياشلارغا بارغاندا نېمە ئىشلارنى تەۋرىتىۋېتەر؟ قارا، ‹تونۇش - بىلىشلەر تەڭلىككە سالىدۇ› دەپ، مالنى ‹مۇساپىرلار مېھمانخانىسى›غا چۈشۈرمىگىنىنى...» دېگەن ئوي لاپپىدە ئۆتتى.

— شوپۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇڭمۇ؟

— ئىككىسىگە بىر ياتاق ئېلىپ بەردىم، ئۆزۈمگە ئايرىم.

— نېمىشقا ئايرىم ئالدىڭ؟

— سەيگۈيۈەنىنىڭ يېنىدا پۇل بولسۇن - بولمىسۇن، ئۇ دۈشمەنلىك بولىدۇ.

— ئەقلىڭگە ئاپىرىن!

— ياقۇپكا، مەن قايتاي، ئەتە مالنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ ئۆيىڭىزگە كېلىمەن، بىر يەرگە چىقىپ كەتمەڭ.

— خاتىرجەم بول.

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىككى ماشىنا گۈلە - قاقنى «مۇسۇلمانلار شىركىتى» مېۋە - چېۋە توپ سېتىش بازىرىغا ئېلىپ كىردى. كۆرگەنلەر كۆرمىگەنلەرگە، ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا قولاق يېقىشىپ، بىردەمدىلا ماشىنا ئەتراپىغا ئۇيغۇر - خەنزۇ مېۋە - چېۋە خوجايىنلىرى، قاق ھايانكەشلىرى، مېۋە - چېۋە تىجارەتچىلىرى توپلاندى. ئۇلار قاقنىڭ ئەۋرىشكىسىنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، ھېچقانداق ئېۋەن تاپالماي قېلىشتى، شۇنداق بولسىمۇ بازار - دە! «سىيگەككەن، چىچقاقكەن»، «ئاۋۇ تازكەن، ماۋۇ بەزكەن» دەپ، بۇقىنى موزايلىتىپ، قوچقارنى قوزىلاتمىسا، ئۇنى بازار دېگىلى بولامدۇ؟!

— ھەي، — دېدى بىر خەنزۇ قاق سودىگىرى ئۇيغۇرچىنى ئارانلا يامداپ، — شۇ بىر چېپى (ۋاگون) بوساڭ ياكشى بوگاد-

كەن ، 60 توڭنا... ئەمەسكەن شۇ...
— شۇ... شۇ ، — ئارىغا قىستۇردى پىپى تۇماق قاقچى ، — 60 توننا بولغان بولسا بىر ۋاگون توشقان بولاتتى ، ئۇنىڭ باھاسىمۇ يۇقىرى بولىدۇ .
— شۇڭا بۇ 22 توننا قاقىقا ئادەتتىكى مال ھېسابىدا باھا قويۇلىدۇ ، — دېدى دوپپىسىنىڭ جىيەكلىرى مايلىشىپ كەتكەن بومبا ساقال بىرى ، — قېنى ئىنى ، بىر نېمە دېمەمسەن ، باھاسىنى خوپ كۆرگەنلىرى ئالىدۇ ، قالغانلىرى پېشانىسىدىن كۆرىدۇ .
قاقىنىڭ باھاسىنى كېلىشەلمەي ، شاۋ ـ شۇۋ بولۇۋاتقاندا ، توپ سىرتىدا مەتتۇرغۇن شىلىم بىلەن نۇرادىل پاناق قۇلاق يېقىشىپ ، كۇسۇرلاشماقتا ئىدى .
— مەتتۇرغۇنكا ، — دېدى نۇرادىل پاناق پەس ئاۋازدا ، — بۇلتۇر 10 ـ ئايدا قاق ئەكەلگەن قەدىردان دېگەن شۇغۇ .
— شۇ ... شۇ... ئابباس بوجاڭنىڭ بالىسى دېگەندەك قىلغان .
— ئۇنىڭ دادىسى نېمە بوجاڭدۇ ؟ — نۇرادىلنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى .
— ھېلىم ئاۋاق ، نۇرمەت پاكارلارنىڭ دېيىشىچە «گوڭشېن بوجاڭ» ئىمىش .
خەنزۇچە ئاتالغۇ ، ئەمەل دەرىجىلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەن مەتتۇرغۇن شىلىم بىلەن نۇرادىل پاناق «گوڭشېن بوجاڭ»نىڭ ئوغلىغا مۇتتەھەملىك قىلىپ ، سودىنى بۇزالمىدى ، شۇڭا سورۇن ئىچىگە ھىجىيىپ كىرىپ كەلدى .
— قەدىردان ئۇكا ، كېپقاپسەن . خەۋەر قىلغان بولساڭ ئالدىڭغا چىقمايتتۇقمۇ ، — مەتتۇرغۇن شىلىمنىڭ سۇنغان قولى بوشلۇقتا ساڭگىلاپ قالدى ، — قاقىنىڭ بولىدىغان يېرىنى دېگىنە ، مەن سېنىڭ كونا خېرىدارىڭغۇ ـ ھە ؟ !
— ساڭا بىر ئېغىزلا گەپ ، — دېدى قەدىردان ئاچچىقىدا ، — مەن دېگەن باھانى بېرەلىسەڭ قاق سېنىڭ ، ئەمما سودىلىشمەن دېسەڭ ، مەندىن رەنجىمە...

— ئەمىسە دېگىنە قېنى ؟
— بىر يۈەن 70 پۇڭ !
— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە ، باياتىن بىرى بىر يۈەن 50 پۇڭنىڭ ئۈستىگە چىقمىدىغۇ .
— ئۇلارغا سەن ئوخشىمايسەن !
— نېمىشقا ؟
— سەن ئالساڭ ، بۇلتۇرقى قاقنىڭ زىيىنىنى تولدۇرۇپ ئالىمەن ، ئۇقتۇڭما ؟
— بۇ... بۇ... — مەتتۇرغۇن شىلىم دۇدۇقلاپ كەتتى ، — بۇلتۇرقى گەپنى...
— جاپپار ھاجىمدەك يۇمشاق باشنى قويۇۋەتكىنىڭ بىلەن ، مەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايمەن !

سورۇندا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى . قەدىردان مەتتۇرغۇن شىلىمنىڭ كۆزىچە قاقنى بىر يۈەن 52 پۇڭدىن سېتىۋەتتى . ئارقىسىغا بىر قانچىلىغان چاپانچىلارنى سىلىۋېلىپ بازارمۇ بازار زوتالىق ، مۇتتەھەملىك ، ئوششۇقلۇق قىلىپ دەندەپ قالغان مەتتۇرغۇن سورۇندىن سالپىيىپ چىقىپ كەتتى . نۇرادىل پاناق ئۇنىڭغا : «ئەدىپىنى بېرەيلىمۇ ، ئاكا ؟» دېۋىدى ، مەتتۇرغۇن : «ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ ، ئوغرى ، ئۇنىڭغا چېقىلىپلا قويساڭ ، خوتەن ، ئورۇمچى ، ھەتتا ئىچكىرىلەردىمۇ نۆشۇدۇر قىستۇرۇۋالغان ئىشەكتەك قېچىپلا يۈرسەڭ بولىدۇ» دەپ سىلكىۋەتتى .

كونىلار : «بالا ، قىلغان ئىشى چالا» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن . يۇقىرىسى 50 ، تۆۋىنى 10 يۈەنلىك بىر قوچاق پۇلنى قوينىغا تىقىپ كېتىۋاتقان قەدىردان خۇددى مەزگىلسىز سەمرىپ كەتكەن قورساقلىق بايۋەچچىدەك ئىرغاڭلاپ ئارانلا ماڭاتتى . ماڭغانسېرى پۇل پەسكە سىلىنىپ ، كۆڭلەك ئېتىكى ئىشتان تاسمىسىدىن چىقىپ كېتەتتى . قەدىردان كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ، يانلىرىنى ھەم ئارقىسىنى سىلىغاچ ، كوچا ئاپتوبۇسىغا ئارانلا چىقىۋالدى . ئاپتوبۇس ئىچىدە ئادەم كۆپ بولغاچقا ، ئۆرە تۇرغان قەدىردان

توْنقوْچ بالداقنى توْتسا ، قوينىدىكى پوْلدىن ئەنسىرەيتتى ، توْتمىسا يىقىلاتتى . شوْ ئەسنادا بىرنەچچە سوْرۇن تەلەت نىمىلەر ئەتراپىنى قورشاپ سوْۋۇنوْشقا باشلىدى . بەزى قوللار كوْڭلەكنىڭ ئارقىسىنى سىلىسا ، بەزىلىرى بىقىنلىرىنى تارتىشتۇراتتى . قەدىردان توْنقوْچ-نى قويۇۋېتىپ ، قورساقلىرىنى قوْچاقلىۋالغانىدى ، دەلدوْگوْنوْپ يىقىلىپ چوْشكىلى تاسلا قالدى . بوْ چاغدا يانچوْقچىلار بىر - بىرىگە كوْز بېقىشىپ ، ئوْنى تېخىموْ قىستاپ ئارىغا ئېلىۋالدى . ئاپتوبوْس بېكەتتە توختىغان هامان قەدىردان ئوْلارنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقتى - دە ، شوپوْرنىڭ قېشىغا باردى . ئوْ قوينىنى كوْرسىتىپ ، ھەممىسىنىڭ پوْل ئىكەنلىكىنى ، ئاپتوبوْستا ئوْچ يانچوْقچى بارلىقىنى تەستە ئوْقتوْردى . خەنزوْ شوپوْر ئوْنىڭ داجەي-گوْغا بارىدىغانلىقىنى ئوْقوْپ : «مەشەدە قىوزغىالىمىاي ئولتوْر» دېدى - دە ، ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئالىيىپ قاراپ قويدى . ئاپتوبوْس داجەيگوْ بېكىتىدە توختىغاندىن كېيىن شوپوْر قەدىردانىنى پەسكە ئەچوْشوْپ ، تاكسىغا سېلىپ قويدى . تاكسى ئوْڭ تەرەپتىكى تار كوچىغا ئايلىنىپ كىرگەندە ، قەدىردان ھېلىقى ئوْچ سوْرۇن تەلەتنىڭ ئاپتوبوْس ئەينىكىدىن ئوْزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كوْردى .

ياقوْپ ھاجىمنىڭ كوْڭلى توْيغاندەك ، كوچىدا يول بېشىغا قاراپ توْراتتى . قەدىردان تاكسىدىن چوْشكەن ھامان ، ئوْنىڭ توْر-قىغا قاراپ يا كوْلوْشنى ، يا خاپا بولوْشنى بىلمىگەن ھاجىم ئوْنى دەرھال ئوْيگە ئەكىرىپ كەتتى . قورساق ، بىقىن ، ئارقىلىرىدىكى كالالەك - كالالەك نەرسىلەردىن ئىچى پوْشوْپ كەتكەن قەدىردان ئوْيگە كىرىپلا كوْڭلىكىنى بىرلا تارتىۋىدى ، كارىۋات ئوْستىگە باغلاقلىق پوْللار چوْشتى .

— ھەي... يەنىلا كىچىكلىكىڭ بار - دە ، سىڭىلىڭ ، — ياقوْپ ھاجىم باش چايقىدى ، — ئىككى ماشىنا مال ئېلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ بىرەر سومكىسى ياكى سەپەر چامادانى ، ئەڭ بولمىغاندا ھەميان ئورنىدا پوپكىسى بولمىسا... شوْنچە پوْللارنى ئوغرىلاردەك

قويۇنلىرىغا تىقىپ، ئېغىر ئاياغ خوتۇنلاردەك قورسىقىنى پومپاي-تىپ يۈرسە...

— بولدىلا، ھاجىمكا، تولا تاپا-تەنە قىلى-ۋەرمىسىڭىزچۇ، — قەدىردان كارىۋاتتىكى پۇللارغا قاراپ قويدى، — تىزىملىكتىكى ماللارنى قاچان ئالىمىز؟ خالمەت قارىم ئەكەلگەن 50 مىڭ يۈەن بىلەن ھازىر 80 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

— نېمە، 30 مىڭدىن كۆپ دېدىڭما؟ — ھاجىممۇ چېچىلىپ ياتقان پۇللارغا قاراپ قويدى، — نېمانداق كۆپ ئۇ؟ گۆلە-قاقنى قانچىدىن ساتتىڭ؟

قەدىردان «مۇسۇلمانلار شىركىتى» توپ سېتىش بازىرىدىكى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، ھاجىم بىر چىكىتكە تىكىلگىنىچە خېلى ئۇزاق زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە كۆڭلىدە، سودا-تىجارەت كەسپىدە تۇغما تالانتىنىڭ بارلىقىغا شەكسىز ئىشەندى.

— ھەي قەدىردان، — ھاجىم سەل ئويلىنىۋالدى، — 60 — 70 پۇڭدىن سېتىۋەت، دېگەن مالنى ئىككى يېرىم ھەسسە ئاشۇرۇپ سېتىپسەن، قانداق، ئوشۇقى سېنىڭ بولار؟

— بۇ ھەقتە ئارىمىزدا توختام يوق، — دېدى قەدىردان كېسىپلا، — شۇڭا ھەممىنى بېرىۋېتىشىم كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستى-گە، ئوبۇلھەسەنكام ئادەملىرىنى بېقىپ بولالماي، ھەلەكلىكۇمغا چۈشۈپ قالدى.

— پاھ، قالتىسكەنسەن جۇمۇ، سېنىڭدەك سەيگۈيۈەننى كۈن-دۈزى چىراغ يېقىپمۇ تاپقىلى بولماس.

قەدىردان شۇ كۈنى «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا بېرىپ، ھېلىمجان، نۇرمەتلەر بىلەن كۆرۈشۈپ مۇڭداشتى، ئاندىن ئۇلارنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ مېھمان قىلدى. ئۇلار تاماق يېگەچ، يۇرتى خوتەندە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە قايناپ-تېشىپ سۆز-لەشتى، ئۇ يەردىكى تونۇش-بىلىش، ئەل-ئاغىنىلەرنى ئەسلە-شىپ دېيىشمىگەن گەپلىرى قالمىدى. ئۇلار راسا قىزغىن مۇڭدى-

شىپ ئۇلتۇرغىنىدا . ئاشخانىغا سۆلىتىنى ئات تارتالمايدىغان غەيرەت جاڭدۇ ، ئاق سېرىق يۇزىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن ، قاتاڭغۇر ئەيسا خېنەنجىر ، ئارقىسىدىن قارىسا تەمبەل چوكانغا ئوخشايدىغان ئۇزۇن چاچ ئەبەي گىتارلار كىرىپ كەلدى . ئۇلار بۇلتۇر كۇز «دوستلۇق»تىكى ئاشخانىدا بولۇنغان كۆڭۈلسىز سۆھبەتنى ئۇنتۇمىغان بولسا كېرەك ، قەدىردان بىلەن سۇسلا سالاملاشتى .

— ئاڭلىساق ، سەيگۇيۇەن بولۇپ كېتىپسەن ، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگەن هالدا ، — قانداق ، ئايلىقىڭغا 800 يۇەن بېرەلىدىمۇ ؟

— 1000 يۇەن بېرىۋاتىدۇ ، — قەدىردان غەيرەتنىڭ كۆرەڭلىكىنى سۇندۇرۇش ئۇچۇنلا يالغان ئېيتتى ، — تېخى مۇكاپاتى بۇنىڭ سىرتىدا .

— شۇنداقمۇ ؟ — غەيرەت جاڭدۇ قىزاردى ، — ئۇنداق بولسا قالتىسكەن . ئاڭلىساق ، بۇ قېتىم ئىككى ماشىنا مال ئەكەپسەن ، لېكىن هېلىمجان ، نۇرمەتتەك جانجىگەر ئاغىنىلىرىڭدىن يوشۇرۇپ خەقلەرگە سېتىپسەنغۇ ؟ ئەلدىن ـ ئەلگە نەپ ، دېگەن گەپ بار ، بىراق پۇلنى كۆرگەندە كۆزۈڭ قىزىرىپ ، هېلىمجان ، نۇرمەتتەك ئاغىنىلىرىڭنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەنسەن ـ هە ؟ !

غەيرەت جاڭدۇ بىر قەپەس سۆزمەنلىك قىلىپ كېتىپ قالدى . لېكىن ، ئۇنىڭ تەئەددى ـ كىنايىلىرى قەدىردان بىلەن هېلىمجانغا نەشتەردەك سانجىلدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاغىنىدارچىلىق ۋە دوستلۇققىمۇ سوغۇق سۇ سېپىۋەتتى . هېلىمجان قەدىردانغا گۇمانلىق كۆزلىرىنى تىكتى :

— قەدىردان ، غەيرەت نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ ؟ — دېدى هېلىمجان قىزارغان هالدا ، — ئاشۇنداق ئىشلارمۇ بولدىما ؟

— بولدى ، بۇنى بۇگۇن سىلەرگە دېمەكچىدىم ، ئاڭغىچە غەيرەت دەپ سالدى ، — دېدى قەدىردان ئىلاج بار سۆز ئورانىغا دىققەت قىلىپ ، — بۇلتۇرقى قاق ، ئۇنىڭ ئۇستىگە لوپنۇر ئاشلىق

پونكىتنىڭ ئامبىرىدا 40 كۈن ياتقان مال . كۆپىنچىسىگە قۇرت چۈشكەن . شۇڭا ، «ئاناڭ بازار ، داداڭ بازار» دەپ ئېلىشقا سېتىۋەتتىم...

— شۇنداق بولسىمۇ بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويساڭ ، ئامەسلىھەت ئىش قىلمايمىزمۇ ، — نۇرمەت پاكارمۇ خاپا بولغانىدى ، — ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلماپسەن .

— بۇنداق دېمەڭلار ، — قەدىرداننىڭ غۇزۇلا ئاچچىقى كەلدى ، — بۇندىن كېيىن سىلەرنى ئىزدىمىسەم بولىدۇ . مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاغىنىدارچىلىق بىر - بىرىنى ئالدايدىغان ساختىپەزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس . غەيرەت جاڭدۇڭنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ .

تاماق شىرەسىنىڭ ئەتراپىدا ئادەم يوقتەك جىمجىتلىق باستى . بىر چاغدىلا ھېلىمجان بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئاغىنىلىرىگە قاراپ كۈلدى .

— بولدى ، بۇ ئىشنى تەگىمەيلى ، ئويلاپ باقسام ، قەدىرداننىڭمۇ يۇقىرى ئالدىدا تىلى قىسىلىدىغان يەرلىرى باركەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى ھەم بالا سەيگۈيۈەن ، ئەلۋەتتە ، تەشكىلنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىسا بولمايدۇ .

— خاپا بولما ، — نۇرمەت قۇلاقلىرىغىچە قىزاردى ، — قوپال گەپ قىلىپ سالدىم .

قەدىردان خۇددى چۈش يۇتۇۋالغاندەك خامۇش ھالدا «يېشىل قارىغاي مېھمانخانىسى»غا قايتىپ كەلدى . ئۇ كوچا دوقمۇشىدىكى «پولۇ پادىشاھى ئاشخانىسى»غا تېلېفون بېرىپ ، گۆش بېسىپ بىر قاچا پولۇ ئەكىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى . بايا ئاشخانىدا ھېلىمجان ۋە نۇرمەتلەر بىلەن بولغان كۆڭۈلسىزلىكتە قەدىردان تامىقىنى يېمەيلا چىققانىدى . ئۇ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ پۇت - قوللىرىنى يۇيۇپ چىققۇچە پولۇمۇ كىردى . قەدىردان قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ كارىۋىتىغا يانپاشلىدى ، بىراق ئۇنىڭ كاللىسىدىن غەيرەت ، ھېلىمجان ، نۇرمەتلەرنىڭ دېگەن گەپلىرى زادىلا نېرى كەتمىدى ، قانداقتۇر بىر سوئال ئالدىدا ئەلەڭلەپ تۇراتتى . بۇ سوئال : سودى-

گەر ، تىجارەتچىلەر ، كارخانا ، شىركەت خوجايىنلىرى ، خەلقئارا-لىق سودىلارنى تەۋرىتىۋاتقان مىليونېر لىدىر ، دىرېكتورلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ساھەسىدە زادى دوستلىرى بولامدۇ ، دېگەن-دىن ئىبارەت ئىدى . ئەلۋەتتە ، دوستلۇق — مېھىر - شەپقەت ، باراۋەرلىك ، مەردلىك ، ئۆزئارا ھۆرمەت ھەم پىداكارلىقلارنى ئۆز-زىگە مىزان قىلىدىغان ئۇلۇغ ئىجتىمائىي بىرلىك تۇيغۇسىدۇر . ئۇ نۆۋەتتە ئۆز دوستىغا مېھىر - شەپقەت شەربەتلىرىنى سۇنالاي-دۇ ، باراۋەرلىك ، ئۆزئارا ھۆرمەتنى جاندىن ئەزىز بىلىدۇ ، دوس-تىنىڭ قايغۇسى ئۇچۇن قايغۇرىدۇ ، ئازابى ئۇچۇن تولغىنىدۇ ، ھەتتا مەردلىك ، پىداكارلىق بىلەن جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ . ئەمما ، سودا دۇنياسىنىڭ پۈتۈن تېنى — مەنپەئەتتۇر ! ئۇنىڭ جېنى — پۇلدۇر ! بىردىنبىر مىزانى — رىقابەتچىلىك ، رىقابەتچىلىكنىڭ يەشمىسى — دۈشمەنلىشىشتۇر ! خۇلاسە كالام : «دۈشمەنلىشىپ تۇرۇپ پۇل تاپ» دېيىلگەنىكەن ، ئەمدى ئۇ تەرىپىنى ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۆزى يېشىۋالىدۇ .

قەدىردان ئويلا - ئويلا ، ئاخىر بىردىنلا قەلبىنىڭ چوڭقۇر ھەم قاراڭغۇ يەرلىرىدە لاپپىدە يانغان بىر چىراغ دىلىنى ۋاللىدە يورۇتۇۋەتكەندەك بولدى . دەرۋەقە ، سودىگەر ئىجتىمائىي مۇناسى-ۋەتتە ، بولۇپمۇ ئۆز «قوۋمى» ئىچىدە دوستلۇق ۋە بۇرچ كوچىلى-رىغا كىرىپ قالغاندا ، تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ، يەنى مۇز بولۇپ توڭلىتىپ ، ئوت بولۇپ كۆيدۈرىدىغان ھارارەتتە ئەمەس ، بەلكى مۆتىدىلرەك ھارارەتنى ساقلاپ قالغاندا ، زىخمۇ ، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىكەن . قەدىردان 7 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ، ئەدەبىي-يات مۇئەللىمى دانالار ھېكمەت جەۋھەرلىرىدىن مىسال ئېلىپ مۇنداق بىر شېئىرنى دوسكىغا يېزىپ بەرگەنىدى :

بولماسلىق كېرەك دوستلۇقتا ئۇنداق
ئىككى ئارىغا سىغمىغۇدەك موي .
دۈشمەنلىكمۇ بولمىغاي ئۇنداق ،
ئالالمىغۇدەك مۇھەببەتتىن بوي .

www.uyghurkitap.com

ئىككى تەرەپتى ئەيلىگەي رازى ،
بولسا ھەركىمدە مۆتىدىلرەك خوي…

ئوتنىڭ شەپىسىنى كۆرەر – كۆرمەي قوماچتەك ئېتىلىپ تۇرىدىغان قەدىردانغا بۇ شېئىرنىڭ قايسى مىسرا ، قايسى سەھىپىلىرى ياراپ كەتكەن ، ئىشقىلىپ ، خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋالغان ، ھەتتا يادلاپمۇۋالغاندى . مانا بۇگۈن غەيرەت جاڭدۇ «ئىككى ماشىنىنى مىلىگنى جانجىگەر ئاغىنىلىرىگدىن يوشۇرۇپ سېتىپسەنغۇ» دېيىش ئارقىلىق دوستلار ئوتتۇرىسىغا ئوت قويسا ، ھېلىمجان ، نۇرمەتلەر : «ھەي ، بىز گۇلە – قاق ياكى پۇل ئۇچۇن دوست بولغان ئەمەس» دېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، «ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلماپسەن» دەۋاتقىنىنى قارا . بولدى ، بۇندىن كېيىن سودا كوچىسىغا كىرگەنىكەنمەن ، «ئارىغا موي سىغمىغۇدەك دوستلىرىم ، مۇھەببەتتىن ھىد ئالالمىغۇدەك دۇشمەنلىرىممۇ بولمايدۇ . ھېلىمجان ، نۇرمەت ، غەيرەت جاڭدۇلارنىڭ ئورتاق ئىلمان بۇرادىرى بولىمەن ، خالاس» .

قەدىردان ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە باردى . ئۇلار تۆت كۇنگىچە «چاڭجياڭ يولى» ، «پويىز ئىستانسىسى» ، «قىزىلتاغ» ، «شياۋشىمېن» توپ سېتىش بازارلىرىنى ئايلىنىپ ، تىزىملىك بويىچە 80 مىڭ يۇەنلىك مال ئالدى . ئاندىن ھاجىمنىڭ ئىككى ماشىنىسىنىڭ كىرا ھەققىنى سۆزلىشىپ ماللارنى باستى .

# ئالتىنچى باب

1990 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ باشلىرى ، قەدىمىي توغراق ، قارىياغاچ ، تۇخۇمەك ، ياختا يۇلغۇنلار قاپلاپ كەتكەن «قارا يۇل ـ غۇن» ئېيتىدائىي ئورمانلىقى ئىچىدە خۇددى كۆپ ۋاگونلۇق پو ـ يىز دەك 30 يۈك ئاپتوموبىلى جىپدەللەپ كېتىۋاتاتتى . بۇ رەسمىي سەيگۈيۈەن تاجىنى تاقىغان 16 ياشلىق قەدىردان ئۇرۇمچىگە يۆتكە ـ گەن 300 تونا گۆلە ـ قاق ئىدى ! دىرېكتور ئوبۇلھەسەننىڭ : «سەن ئايروپىلاندا ماڭ» دېگىنىگە كۆنمىگەن قەدىردان 30 ماشى ـ نىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كېتىۋاتقان ياقۇپ ھاجىمنىڭ «ئازاد» ماركى ـ لىق ماشىنىسىدا ئولتۇراتتى . «كارۋان» دېگەن ھەيۋەتلىك ئىسىم قويۇۋالغان يۈك توشۇش كالونىنىڭ خوجايىنى ياقۇپ ھاجىمنىڭ ھازىر ئارانلا ئۈچ «شەرق شامىلى» ، ئىككى «ئازاد» ماركىلىق بولۇپ ، جەمئىي بەش ماشىنىسى ، ئۆزىنى قاتقاندا يەنىلا بەش شوپۇرى بار ئىدى . ھازىر ياقۇپ ھاجىمنى كۆرگەن ھەرقانداق ھەقەمسايە ، بۇرادەرلىرى تونۇماي قېلىشى تۇرغانلا گەپ ، چۈنكى قەدىردان ئۇنى «مەينەت چىراي» دېگەندىن كېيىن ، ئۇ ئۆزۈن ئۆتمەيلا بودەك ساقىلىنى ئالدۇرۇۋېتىپ ، تولىمۇ ئىسكەتلىك بۇ ـ رۇت قويۇۋالدى ، ھازىر ئەمدىلا ئۆيلەنگەن ياش يىگىتلەرگە ئوخشاپ قالدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن ئىككى قىزى : «قەدىرداننىڭ تىلى دورا بوپتۇ» دەپ تولىمۇ خۇش .

ياقۇپ ھاجىم غەلىتە ئادەم ، ئۇ قورسىقى بىلەنمۇ ، كىيىم ـ كېچىكى بىلەنمۇ ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ ، ھەتتا ئائىلىسىگىمۇ ۋاي دەپ كەتكۈدەك پۇل ـ پۇچەك ئەۋەتمەيدۇ . ئۇنىڭ ئىككى جۈپ ئايىغى ، ئۆيدە كىيىدىغان ساپما كەشىنى قوشقاندا ئۈچ جۈپ ئايىغى بار . بۇ ئاياغلارمۇ چەملەنگەن ، بەزىلىرىنىڭ ئۇپرىغان پاشنىلىرى

تولۇقلانغان ... قىسقىسى، هازىر ئۇنى بېقىۋاتقان ئاشۇ بەش ماشىنىمۇ ماشىنا بازىرىدىن ئالدى 40 مىڭ، كەينى 22 مىڭ يۈەنگە ئېلىنغان كونا ماشىنىلار. بىراق، بەزىلىرىگە ئون نەچچە مىڭ، بەزىلىرىگە بەش - ئالتە مىڭ يۈەن خەجلەپ زاپچاسلىرىنى يېڭىلىۋالغان. ئۇ پۇل تاپمىدى ئەمەس، تاپتى، لېكىن ئەمدى يىغىلىپ ئىككى - ئۈچ كاللەككە يېتىپ بولغۇچە ماشىنا ئالىدۇ. قەدىردان ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە، ئۇنىڭ «ئازاد» ماركىلىقتىن بىرى، «شەرق شامىلى» ماركىلىقتىن ئىككى، جەمئىي ئۈچ ماشىنىسى بار ئىدى. ئۇ بىر يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ماشىنىنى بەش قىلىۋالدى. قەدىردان تۇنجى قېتىم هاجىمنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقىتتىكى مەنزىرە تا هازىرغىچە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ: كونا ئەدىيال يېپىلغان كارىۋات، ئاددىي گاز ئوچاق، بىر ياغاچ ساندۇق، قوزۇقتا ئىلىقلىق جايناماز ۋە داۋاملىق گاز ئوچاق ئۈستىدە: «هەممىڭلاردىن مەن ئەتىۋارلىق» دېگەندەك چوقچىيىپ تۇرىدىغان قارا قازان مۇشۇ ئۆينىڭ ئاساسلىق خوجايىنلىرى ئىدى. هاجىم بىرەر - ئىككى يۈز ماشىنىسى بار، «توشۇش - يۆتكەش» كالونىنى قۇرۇش ئارزۇسىدىن هازىرغىچە ۋاز كەچكىنى يوق. تېخى مۇشۇ يېقىندىلا قەدىردان ئۇنىڭغا:

— هاجىم، يېتىپ - قوپۇش، كىيىم - كېچەكنىڭغۇ مەيلى دەيلى، لېكىن قورساققا ئوبدانراق يېمىسىلە قانداق بولغىنى، — دېۋىدى، هاجىم كۈلۈپ قويۇپ:

— تويغۇدەك يەۋاتىمەنغۇ، — دېدى ۋە غەلىتىلا رىۋايەتنى سۆزلەپ بەردى:

«ئۆتكەن زاماندا تاغ ئۆڭكۈرىدە ياشايدىغان بىر دانا مۇنەججىم بولغانىكەن، ئۇ هەر كۈنى ئۆڭكۈر ئالدىدىكى ئېرىقتىن ئېقىپ كېلىدىغان بىر باش سەۋزىنى يەپ، 40 يىل تائەت - ئىبادەت قىپتۇ. بىر كۈنى تاڭ سەهەر ئاللادىن ۋەهىي كېلىپ: ‹ئەي مېنىڭ تەقۋادار بەندەم، تىلىكىڭ نېمە، دېگىن، ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزەي› دەپتۇ. مۇنەججىم: ‹مەن هەر كۈنى بىر باش سەۋزە يەپ

40 يىلنى ئۆتكۈزدۈم، شۇڭا بىر قېتىم ئازۇ نېمەتلەر ئارىسىغا چۆككۈم بار، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاللا ئۇنى تىلىكىگە يەتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ يېمىگەن ـ ئىچمىگىنى قالماپتۇ. كېچىچە قورسىقى ئاغرىپ، خالاغا ئۇلگۈرەلمەي سىرتقىلا ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇ ئەتىگەنلىكى چىقىپ ئولتۇرغان يېرىگە تىكىلىپ قارىيالماي، «ھۆ» بولۇپ كېتىپتۇ ھەم بەتبۇي پۇراق دەستىدىن كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ. شۇ چاغدا ئاللادىن ۋەھىي كېلىپ: «ئەي تەقۋادار بەندەم، نازۇ نېمەتلەر ئىچىگە يەنە چۆككۈڭ بارمۇ» دېگەنىكەن، ئۇ: «تەۋۋا قىلدىم، خۇدايىم، تەۋۋا قىلدىم ... مەندىن كۇپۇرلۇق ئۆتتى... بۇ نېمە رەسۋاچىلىق، نېمىدېگەن بەتبۇي پۇراق، نېمىدېگەن كېلەڭسىز ھەم بەتبەشىرە.... يەنىلا مېنىڭ بۇرۇنقى ئىنچام تۇرمۇشۇم بەكمۇ ياخشى ئىكەن» دەپتۇ مۇنەججىم دانىش».

— ھاجىم، — دېدى قەدىردان ماشىنا ھەيدەۋاتقان ھاجىمغا قاراپ، — ماشىنىنى ياندىن ئالدىغا ئۆتكۈزسىڭىز، ئالدىمىزدىكى بېكەتتە تاماق يېسەك، شوپۇرلارنىڭمۇ قورسىقى ئاچقاندۇ، سىزنىڭچۇ؟

— ئاچمىدىغان...

— ئۇنداقتا قانداق قىلارمىز؟

— نېمىنى دەيسەن؟

— مۇشۇ چۆلدىن سىزگە بىر باش سەۋزە تاپقىلى بولارمۇ؟

— سەۋزىنى قانداق قىلاتتىڭ؟

— ھېلىقى مۇنەججىم دانادەك سەۋزە يېسىڭىز ... تېزىكىڭىز ئىنچام بولمامدۇ!

— سەن مۇتتەھەمگە رىۋايەت سۆزلىگەن مەنمۇ ئەخمەق، — دېدى ياقۇپ ھاجىم راست خاپا بولغان ھالدا. ئۇ ئاچچىقىدا ماينى بولدى دېگۈچە بەردى ـ دە، ماشىنىلارنى يانداپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

شۇ كۈنى يوك توشۇش كارۋىنى بوگور بېكەتكە بىر ـ بىرلەپ كىرىشكە باشلىدى. يول ئېگىز، بېكەت پەستە بولغاچقىمۇ، ئۇن تونىنا يوك بېسىلغان ماشىنىلار ئاستا ئىرغاڭلاپ پەسلىمەكتە ئىدى.

بىر دەمدىلا بۇگۇر بېكەتنىڭ كەڭرى كەتكەن قورۇسىغا ئۆستىگە يېشىل بىرېزېنت يېپىلغان 30 ماشىنا ئىككى رەت تىزىلدى. قەدىر-دان ياقۇپ ھاجىمنى تىلماچلىققا سېلىپ، خەنزۇ شوپۇرلارنىڭ يەيدىغان قورۇما، تاماقلىرىنى يېزىۋالدى، ئاندىن ئۇيغۇر شوپۇر-لارنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى ھەم شۇ بويىچە ئاشخانىغا تاماق زاكاز قىلدۇردى.

شوپۇرلار ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىشىپ تاماق يەۋاتقاندا، قەدىردان ياقۇپ ھاجىمنى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. خوتەن 6 ـ كالونىدىن ئاجرىتىلغان 18 شوپۇر، ياقۇپ ھاجىم ئۆزى بىلەن بەش شوپۇر، ئەخمەت دانىياز ماشىنا ئەترىتىدىن ئاجرىتىلغان يەتتە شوپۇر، جەمئىي 30 شوپۇر قەدىردانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتا ئىدى. لې-كىن، خەنزۇلار ئىككىگە ساقالمۇ چىقمىغان بىر بالىنىڭ ئۆزلە-رىگە يول بويى تاماق ئېلىپ بېرىپ، مېھمانخانىلاردا ياتقۇزۇپ ھەم بۇيرۇق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران ئىدى. ئۇلار بەش بارمە-قىنى تۇگۇپ: «مۇشۇنچىلىكلا بالا ئىكەن» دەپ بىر ـ بىرىگە كۆرسىتەتتى. قەدىردانىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن، ياقۇپ ھاجىم گېلىنى قىرىپ قويۇپ، خەنزۇ شوپۇرلارغا يەتكۈزدى:

— ئىككى شوپۇر كېلىشىپ بىر ياتاقتا ياتساڭلار بولىدۇ. بۈگۈن كىمكى ھاراق ئىچسە ياكى سائەت بەشتە يولغا چىقىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزسە، توختام بويىچە ھەربىر شوپۇرغا بېرىلىدىغان 100 يۈەن پۇل تۇتۇپ قېلىنىدۇ. ئەگەر ھاراق ئىچىش سەۋەبىدىن يولدا ھادىسە تۇغدۇرسا، كالون رەھبەرلىكى سوتقا تارتىلىپ، جاۋابكار-لىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. مەن كېچە سائەت تۆت يېرىمدا يولغا چىقىپ ھەرقايسىڭلارنى كۈتىمەن، ئەتە كەچ قاراڭغۇ چۈشۈپ بول-غۇچە توقسۇن بېكەتكە چۈشىمىز.

ئەتىسى سائەت بەش بىلەن قوزغالغان ماشىنىلار بېكەت دەرۋا-زىسىدىن ئۆزاپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن سىگ-نال بېرىشىپ ھەممىسى چوڭ يولغا چىقىپ بولغاندىلا، قەدىردان چۈشكەن ياقۇپ ھاجىمنىڭ ماشىنىسى قوزغالدى. ماشىنىلار يەنىلا

ئۆرۈنغا سوزۇلغان پويىز ۋاگونلىرىدەك تىزىلىپ ، توغراقلىق چۆللەر ، يۇلغۇن ھەم پاختا يۇلغۇن قاپلىغان قۇملۇق ئېدىرلار ، ئاپپاق شورلۇقلار ، سەگۇ ۋە كۆكتىېرەك قاپلىغان كەنتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . ياقۇپ ھاجىم ماشىنىنى بىر خىل خوتتا ھەيدەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىدە ، ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن قەدىردانغا ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە ھەيران بولاتتى . دەرۋەقە ، قەدىردان جاپپار ھاجىم بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە 14 ياشتا ئىدى . شۇ چاغدا 20 توننا سورتلۇق گۆلە ـ قاقنى ئەرزانلا سېتىۋەتكەن جاپپار ھاجىم توغرۇلۇق ئېچىنىپ سۆزلەپ بەرگەنلىكى ھېلىھەم ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئېسىدىن چىققىنى يوق . كېيىن قەدىردان ئۈرۈمچىدە ئالتە ئاي ئوقۇپ ، رېستوراندا يېرىم يىلدەك ئاشخانا باشلىقى بولدى . ئۇ 15 ياشتىن ئاشقاندا سىناق سەيگۈيۈەن قالپىقنى كىيىپ ، 22 توننا قاقنى ئەجەب بەلەن سېتىۋېتىپ بىردىنلا ئىناۋەت قازىنىپ كەتتى . «60 — 70 يۈەن بولسىمۇ سېتىۋەت» دەپ گۆلە ـ قاقنا ئىشەنچ قىلالمىغان ئوبۇلھەسەن بىر يۈەن 52 پۇڭدىن سېتىلغانلىقنى ئاڭلىغاندا ، ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىدى . تېخى ئۇنىڭ پۇلىنى 50 مىڭ يۈەنگە قېتىپ ، ئالغان ماللىرىنىڭ بازىرى شۇنچىلىك راۋاج بولدى . شۇ كۈنلەردە ئوبۇلھەسەننىڭ خۇشلۇقى دەپ ئېيتقۇسىز ئىدى . ئۇ ئالدىنقى قېتىم ئەۋەتكەن 100 دانە يانچۇق ئۈنئالغۇ ، 22 توننا گۆلە ـ قاق سودىسى ، شۇنداقلا ياقۇپ ھاجىمنىڭ ماشىنىسىدا ئېلىپ كەلگەن 80 مىڭ يۈەنلىك ماللارنىڭ مۇكاپات پۇلى دەپ ، قەدىردانغا 5000 يۈەن بەرگەنىدى ، ئۇ زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى . بۇ قېتىم ياقۇپ ھاجىم ئاق ئوغۇت يۆتكەش مۇناسىۋىتى بىلەن خوتەنگە بېرىپ قالغانىدى . شۇڭا ، قەدىردان : «كىرا پۇلىنى باشقىلار خەجلىگەندىن كۆرە ، سىز خەجلەڭ» دەپ ، ئۇنىڭ بەش ماشىنىسىنى كىراغا سالدى . «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ باشلىقى ئابلىز ئىدىمىن ياقۇپ ھاجىمغا دادلاپ :

— ئەتىگىنەي ، قەدىردانىنى «كىچىك» دەپ كۆزگە ئىلماي ،

«ياشلار بىناسى»غا بىرىۋېتىپ ، ئەددەسىز خاتا قىپتىمەن . مانا هازىر ئوبۇلھەسەن ئۇنىڭ ساخاۋىتىنى كۆرۈۋاتىدۇ . ئەسلىدە جاپپار هاجىمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان بالىكەندۇق ، دەپ پۇشايمىنىنى سۆزلەپ بەردى .

توغرا ، بۇ بالىدا زادى نېمە خىسلەت بار ؟ ياكى ئۇنىڭدا ئۆزۈن يىللىق سودا تەجرىبىسى بولمىسا... ئىرسىيەتمىكىن دېسە ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى تۇغما سودىگەر ئەمەس . بەلكىم ئۇ تۇغۇلۇشىدىلا بوۋىسى يۇسۇپ كارۋاننى تارتقان بولۇشى مۇمكىن ، شۇڭا بىر - ئىككى قېتىم قاق سودىسىنى كۆرۈپلا ، ئۇنىڭ ئىنچىكە قانۇنىيەت-لىرىنى ئىگىلىۋالغاندى . ئەگەر بۇ بالىنى جەمئىيەتنىڭ تەتۈر شاماللىرى ئۇچۇرۇپ ، خالتا كوچىلارغا باشلىمىسا ، بالىلىق نادان-لىقىدا ناشايان ئىشلارغا چېپىلىپ قالمىسا ، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئامەت كۆشەندىلىرى بولغان خىروئىن ، زىناخورلۇق ، قىمارلارغا بېرىلمىسە ، ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىقبال يۇلتۇزى چاقناپ ، كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ . خۇدا ئۇنى ئاشۇنداق كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس قاباھەت-لىك قىسمەتلەردىن ، پاجىئەلىك تەقدىرلەردىن ئامان قىلسۇن ! كۆز تەگمىسۇن ! ئادىمىيلىكنى ، ئادىمىيلىك ئىنساپىنى ، پاك ئى-مان - دىيانىتىنى ئۆزىگە مەڭگۈ يار قىلسۇن ! ئەڭ خەۋپلىك ئادىمىي شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشىدىن خۇدا ئۆز پاناھىدا ساق-لىسۇن...

ماشىنا كابىنكىسىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى . پەقەت موتور-نىڭ بىر خىلدا گۈرۈلدىشى خۇددى ئەللەي ناخشىسىدەك ئۇيقۇ كارۋىنىنى چىللايتتى ، لېكىن ھېچكىم ئۇخلىمىغانىدى . ياقۇپ هاجىم سەل قايرىلىپ ، قەدىردانىنىڭ چوڭقۇر خىيالغا چۆككەنلىكى-نى ھېس قىلدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى كابىنكا ئەينىكىدىن يىراقلارغا قادىلىپ قالغانىدى . خىيال دېگەن تىزگىنسىز ئاساۋ ئاتقا ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭغا مىنگەن ئادەم چىقمىغان تاغ - داۋان ، چاپمىغان ئېدىر - ئويمان ، كەزمىگەن تۈشۈك - تۆشۈكلەر قالمايدۇ... قەدىردان باياتىن بېرى دادىسى ئاباسىنى كۆڭۈل ئېكرا-

نىدا كۆرۈپ ھەم ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە سۆزلىشىپ كەلدى . تېخى ئىچىدە : «كەچۈرگىن ، دادا...» دەپمۇ پىچىرلىدى . ئابباس بۇرۇن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى . ئۇ چاغلاردا قەدىردان كىچىك بولغاچقا ، ئېنىق ئېسىگە ئالالمايدۇ ، بەزى ئىنچىكە خاتىرىلەرمۇ تاڭدىكى تۇماندەك كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى . پەقەت قە-دىردان ئېسىنى بىلگەندە ، بالىشقىلارنىڭ دادىسىنى : «ئاب-باس بوجاڭ » ، «ئا بوجاڭ » ، «بوجاڭ » دەپ ، كولۇپ ، قورۇلۇپ چاقىرىدىغانلىقى كۆز ئالدىغا كېلىدۇ . خەيرىيەت ، ئۇنىڭ «بۆلۈم باشلىقى » ، «ئىشخانا مۇدىرى » ، «مۇئاۋىن ئىدارە باشلىـ-قى » دېگەندەك بۇرۇنقى كالتە - كۆسەي ئەمەللىرىنى سۆزلەپ يۈرمىگەندىمۇ ، مۇشۇ يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى ئۇ «تەشۋىقات بۆلۈمى » ، «يېزا ئىگىلىك بۆلۈمى » ، «تەشكىلات بۆلۈمى »لىرى-نىڭ بوجاڭى بولۇپ كەلدى . ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ئۇنى ھاكىم-لىققا ئۆستۈرۈش خىيالىمۇ يوق ئەمەس . ئېغىر - بېسىق ، كەم سۆز ، سوغۇق قان بۇ ئادەم زادى ئەمەلدار بولۇشقا تېگىشلىك ماتېرىيال ئىدى . ئۇ بىر ئۆمۈر «خىزمەت ... خىزمەت » دەپلا بىر ئۇندە ، بىر تىندە ئۆتۈپ كەتتى ، ئائىلىنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقى خەيرىنگۈلنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغان بولۇپ ، ئابباس بىرەر - يېرىم قېتىم بازارغا چىقىپ : «گۆشۇڭ قانچە پۇل ؟ » ، «كۆكتاتلىرىڭ يېڭىدۇ ؟ » دەپ سوراپ باققان بەندە ئەمەس . توغرا ، خەيرىنگۈل ئۇنى چىقارتمىدى ئەمەس ، ئابباس بىرقانچە قېتىم چىققان بولسى-مۇ ، بىراق ساتارمەنلەرنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىنى تاشلاپ بېرىپ ، خەيرىنگۈلنىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلىتىپ قويدى . كۆرۈڭ ، سودا - سې-تىق دېسە بېشى ئاغرىيدىغان ، بىرەر ساتارمەنىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ھار ئالىدىغان ، ئۆمرىدە بىرەر قېتىم : «ماۋۇ نەرسىنى ئەجەب ئەرزان ئېلىۋالدىما... » دەپ ، قىلغان سودىسىدىن سۆيۈنۈپ باقمى-غان ئاBباسنىڭ موزىيى سەيگۈيۈەن چىقىپ قالدى دېسە ، تام - تورۇسلارمۇ ئىشەنمەس... بۇ خۇددى «ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇز-نى ، بالىسى ئېتىپتۇ توڭغۇزنى» دېگەندەكلا گەپ - دە ...

www.uyghurkitap.com

قىسقىسى، ئابباس پۇل بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئىشلاردىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ، قورقىدۇ. ئوبۇلھەسەن تۇنجى قېتىم قەدىردانىنىڭ سەيگۇيۇەن بولۇش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتقاندا، بۇ چاغقىچە بىرەر كىمگە قاش كۆتۈرۈپ ئالىيىپ باقمىغان ئابباسنىڭ چىچەدلىپ كەتكىنى شۇ ۋەجىدىن ئىدى. مانا بۇ قېتىممۇ 300 تونىنا گۆلە - قاقنى ئۇرۇمچىگە يولغا سېلىشتىن بۇرۇن، قەدىردان دادىسىغا تىنماسلىقنى ئۆتۈندى. ئوبۇلھەسەن ئۇنىڭ رايى بويىچە ئىش كۆرگەن بولسىمۇ، «كېيىن ئاڭلاپ قالسا قانداق بولار؟» دېگەن ئەنسىرەشتىن خالىي بولالمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىردانغا ئىشەنسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا بالا - دە ... 300 تونىنا گۆلەقاق ئاز بولغاندىمۇ 300 مىڭ يۈەن تۇرسا! بۇ ئاز پۇلمۇ؟ شۇڭا ئوبۇلھەسەن ۋىلايەت بويىچە ناھىيە، يېزا - كەنتلەردىن سېتىۋالغان 1000 توننىدىن ئارتۇق گۆلە - قاق ئىچىدىكى سۈپىتى ئەڭ تۆۋەن 300 تونىنا قاقنى تاغارلارغا قاچىلىغانىدى. ئۇ بۇ ئىشنى قەدىردانغا يۈزتۇرا ئېيتتى:

— قەدىردان، يېڭى قاق بازارغا يۈزلەنگەندە، ئەڭ ناچارلىرىنى ئاۋۋال بىر تەرەپ قىلىدىغان قائىدە بار، — دېدى ئوبۇلھەسەن تاغارلاردىكى قاقنى كۆرسىتىۋېتىپ، — ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بۇ قېتىم يۆتكەيدىغىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئۈچىنچىسىدىگە چۈشىدىغان مىيانە قاق، يەنى كىلوسى 80 پۇڭ بولسا، كىرا ھەققى 20 پۇڭنى قوشقاندا بىر يۈەن بولىدۇ. ئەگەر بازاردا قاق كاساتچىلىقى بولۇپ قالغۇدەك بولسا، 90 — 95 پۇڭ بولسىمۇ سېتىۋەت ... شۇنداقتىمۇ بىزگە زىيان بولمايدۇ، چۈنكى ئامباردىكى سورتلۇق قاقلار بىزگە پايدىسىغا قالىدۇ.

— بازارنى يېڭى قاق بېسىۋالغان تەقدىردە، سەل ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، يېنىڭغا 20 مىڭ يۈەن سېلىپ قويىمەن، شوپۇرلارنىڭ ياتاق، تامىقىغا ئازادە خەجلىسەڭمۇ يەنە 15 مىڭ يۈەن يېنىڭدا قالىدۇ، — دېدى ئوبۇلھەسەن قەدىرداننىڭ

دولىسىغا ئۇرۇپ ، — ھە راست ، ماشىنىلارنىڭ كىرا پۇلىدىن ھەربىر ئادەم ئۇچۇن 100 يۈەندىن تۇتۇۋېلىپ ، قالغىنىنى تۆلىۋەت. تىم ، ئۇرۇمچىگە يېتىپ بارغاندا شوپۇرلارنىڭ پۇلىنى بېرىۋەت . بۇ ئۇلارنىڭ مائاشىدىن سىرت تاپان ھەققى .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ئىوبىۇلىھەسەن ئاكا ، — دېدى قەدىردان ، — قاقلارنى سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىدەك سېتىشقا تىرىشىمەن .

... قەدىردانىڭ خىياللىرى داۋاملاشقانمۇ بولار ئىدى ، لېكىن چۇش بىلەن تەڭ ماشىنىلار كورلا بېكەتكە كىرىپ كەلدى . شوپۇرلار قورسىقىنى تويغۇزۇپ ، ئاچچىق دەملەنگەن چايدىن ئىچىپ قانغاندىن كېيىن يەنە ماشىنىلىرىنى ئوت ئالدۇردى .

— قەدىردان ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم يولغا چىققاندا ، — بايا قارىسام خىيالغا پېتىپ قاپتىكەنسەن ، كەيپىڭنى بۇزماي دەپ گەپ قىلمىدىم . چىرايىڭدىن بىر نەرسىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىڭ چىقىپ تۇرىدۇ .

— موللا تاپقاقكەنسىز جومۇڭ سىز ، — قەدىردان كۈلۈپ قويدى ، — ئەگەر بازارنى يېڭى قاق بېسىپ كەتكەن بولسا ، لوپنۇردا 40 كۈن ياتقاندەك ئىش بولارمۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىم .

— قاق سەرخىل بولسا ، ئۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ، — قانداق ، قاقلىرىڭدا ئىشەنچ باردۇ ؟

— نەدىكى ، 300 تونىنا مىيانە قاق ئېلىپ كېتىۋاتىمەن .

— نېمە ؟ — ھاجىم چۆچۈپ قارىدى ، — چاقچاق قىلما ...

— چاقچاق ئەمەس ، ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ ئۇچىنچىسىگە ئارانلا يارايدىغان ناچار مال .

— بۇ... بۇ... ئوبۇلھەسەننىڭ نېمە قىلغىنى ؟

— ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ئەڭ ناچارلىرىنى ئاۋۋال بىر تەرەپ قىلىدىغان قائىدە باركەن...

— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ، سەن دېگەن تەجرىبىسىز ، يېڭى سەيگۈيۈەن تۇرساڭ... — ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئاچچىقىنىڭ

كەلگەنلىكى چىرايىدىن بىلىنىدى ، — بەلكىم ئوبۇلھەسەن : «ناچار-لىرنى كۆزدىن يوقىتىپ ، خاتىرجەم بولاي» دېگەندۇ ، يەنە بىر پەرەز ، ساڭا تولۇق كۆڭۈل تۇختىتالمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن .

— نېمە ، ماڭا ئىشەنمىگەنمىدۇ ؟

— ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، نۇرغۇن ئادەمنى بېقىۋاتقاندىكىن ، ھەرخىل ئەنسىرەشلەردىن خالىي بولالمىقى تەس ، — ھاجىم ئاچچىققىنە كۈلۈپ قويىدى ، — ھەي ، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئۈچىنچىسى دېگىنىڭ نەچچە پۇللۇق قاق ئۇ ؟

— بىر كىلوسى 80 — 85 پۇڭلۇق قاق ، كىرا پۇلىنى قاتقاندا بىر يۈەن بولىدۇ .

— ئوبۇلھەسەن قانچىدىن بەلگىلەپ بەردى ؟

— بىر يۈەندىن ، ئەگەر بازاردا قاق جىق بولسا ، 90 — 95 پۇڭدىن بولسىمۇ مەيلى ، دېدى .

— مەن ساڭا دەپ قوياي ، «مېنى قۇتراتتى» دەپ ئويلىساڭمۇ مەيلى ، — ھاجىمنىڭ تەلەپپۇزى جىددىي ئىدى ، — ھازىر دېگەن ئىسلاھات ، تاۋار ئىگىلىكى دەۋرى ، ھەركىم ئۆز ئىقتىدارىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ ئىگىلىك تىكلەيدىغان پۇرسەت . ھېلىقى 60 — 70 پۇڭدىن ساتساڭمۇ مەيلى دېگەن 22 تۇننا قاقنى بىر يۈەن 52 پۇڭدىن سېتىپ ھەممە پۇلنى بېرىۋەتتىڭ ، ئاز بولغاندىمۇ 20 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقتىڭ . ھازىر ئوبۇلھەسەن 100دىن ئارتۇق يانچۇق ئۇنئالغۇسىدىن ، 22 تۇننا قاقتىن ، ئىككىمىز بىللە ئالغان 80 مىڭ يۈەنلىك مالدىن قانچىلىك پايدا ئالغىنىنى خۇدادىن باشقا بىر ئۆزى بىلىدۇ .

— ماڭا مۇكاپات دەپ 5000 يۈەن بېرىۋىدى ، ئالمىسام ، كېيىن ئانامغا بېرىپ قويۇپتۇ...

— ئاران 5000 يۈەنما ؟ كۆردۈڭمۇ ، ھەممە ئادەمنىڭ قولى ئىچىگە ئېگىلىدۇ . شۇڭا ، ئامىتىڭ كېلىپ قېلىپ پايدا ـ كۆنەم بولۇپ قالغۇدەك بولسا ، دەرھال بانكىغا قوي . ئوبۇلھەسەن 90 — 95 پۇڭ دېگەنىكەن ، ئەڭ تۆۋەن 90 پۇڭدىن ئۆلچەم قىلىپ پۇل

ئۆتكۈز ، قالغىنى ھەقلىق ھالدا سىزنىڭ بولىدۇ ، ئۇقتۇڭما؟
— ئۇقتۇم...
— ئاڭلىشىمچە ، دېھقانلاردىن قاقنى 50 يۇەندىن 70 يۇەنگىچە ئالىدىكەن . ئۇرۇمچىدە ئالدىنى ئىككى يۈەن ئون يۇەندىن ، تۆۋىنىنى بىر يۈەنگىچە ساتىدىكەن . ئويلاپ باقە ، 1000 تونىنا قاقتا ئاز بولغاندە 800 مىڭ ياكى بىر مىليون پۇل قالىدۇ ، بۇ پۇللار ئوبۇلھەسەننىڭ ھېسابىدا بولىدۇ ، ھەرگىز ئىككى ـ ئۈچ يۈز يۈەن مائاش ئېلىۋاتقان خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى ئۆسۈپ قالمايدۇ . مانا سىزنىڭ قىممىتىڭ ئىقتىدارىڭدا ، ئىقتىدارىڭ قىممەت يارىتىشتا . شۇڭا ، ئۇلار ساڭا ئامراق .

غايەت زور يىلاندەك تولغىنىپ كېلىۋاتقان ماشىنىلار پەيدىنـ پەي پەسلەۋاتقان داۋاندىن خۇددى غالتەكتەك غىلدىرلاپ توقسۇن تەرەپكە ئۆزاپ كەتتى . ھەرە چىشىدەك ئايغىربۇلاق تاغ چوققىلىرى ئولتۇرۇپ كەتكەن قۇياش نۇرىدا بىنەپشە رەڭ تاۋلىنىپ تۇرسىمۇ ، يانباغرى ، قاپتاللار ، چوڭقۇر ھاڭلار ، ئېدىر ـ جىلغىلار سۆسۈن رەڭ سايىلەر بىلەن قاپلانغانىدى .

توقسۇن مېھمانسارىيىنىڭ سىمونتلانغان كەڭ ھويلىسىدا ماـ شىنىلار بىر رەت تىزىلىپ تۇراتتى . خىلمۇخىل تاماق ۋە قورۇمىـ لار بىلەن كۈتۈۋېلىنىدىغان شوپۇرلار مېھمانساراي ئاشخانىسىنىڭ زالىدا تاماكا چېكىشىپ ، قارتا ئوينىشىپ ئارام ئالماقتا ئىدى . قەدىردان ياقۇپ ھاجىمنى باشلاپ ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى ھەم قولىدىكى قـەغـەزگە قاراپ ئەتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى :

— ھۆرمەتلىك شوپۇر ئاكـىـلار ، ئـۇسـتـامـلار ، جاپا تارتىڭلار ، — قەدىردان ھەممىگە تەكشى قاراپ قويدى ، — ئەتە چۈشكىچە ئۇرۇمچىگە كىرىمىز . 6 ـ كالون ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈـ مى بىلەن تۈزگەن توختامىمىزدىن خەۋىرىڭلار بولۇشى مۇمكىن . ئۇرۇمچىگە بارغاندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە مال ماشىنىدىن چۈشۈـ رۈلمەيدۇ . ياتاق ، تاماققا مەن ئىگە بولىمەن . ئۈچ كۈن ئىچىدە

باسىدىغان يوك ئورنىنى قىلالىساڭلار، تۆتىنچى كۈنى مېنىڭ مېـ-
لىمىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە ھەقلىقسىلەر. ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېـ-
يىن ھەممىمىز «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»غا چۈشىمىز، تاماق ۋە
ياتقىمىز شۇ يەردە بولىدۇ.

قەدىردان ياقۇپ ھاجىم تەرجىمە قىلىپ بولغۇچە يېنىدا قاراپ تۇردى. ئاندىن ئۇلار ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتاقلىرىغا كىرىپ كەتتى. لېكىن، مالنى مېۋە ـ چىۋە توپ سېتىش شىركەتلىرىدىكى مەخسۇس لەمپىلىك مال چۈشۈرۈش سەينالىرىغا ئاپارمىغانلىقىدىن ھەيران بولغان ياقۇپ ھاجىم ئويلىنىپ قالدى. تېخى شوپۇرلارنىڭ ياتاق، تاماق چىقىملىرىنى كۆتۈرۈشنىڭ ئۆزىلا ئوشۇقچە ئىدى. شۇڭا، ئەتىسى يولغا چىققاندا بۇ سىرنى ئاتايىتەن چۈقچىلاپ بېقىدۇ، قەدىردان غەرەزسىزلا كولۇۋەتتى:

— بۇ ئىشنى سورايدۇ، دەپ ئويلىمىدىم، دېگەندەكلا بولدى، — دېدى قەدىردان، — ئىككى نۆۋەت قاق سېتىش جەريانىدا بەزى ئىشلارنى بىلىپ قالدىم. شۇڭا، ھەر ئېھتىمالغا قارشى مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللاندىم...

ئۈرۈمچىدە ئەڭ چوڭ مېۋە ـ چىۋە سودىسى بولىدىغان تۆت ئورۇن بولۇپ، «غەربىي دىيار مېۋە ـ چىۋە شىركىتى»، «قوـ ڭۇرتاش مېۋە ـ چىۋە شىركىتى»، «داخىيەن مېۋە ـ چىۋە شىركىتى»، «مۇسۇلمانلار شىركىتى» قاتارلىقلار ئىدى. بۇ توپ سېتىش بازارلىرىغا شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مال كىرەتتى. مال بىلەن تەڭ، قاقچىلار، مېۋە ـ چىۋە تىجارەتچىلىرى، ھايانكەشلەر، دەلاللار مىغىلداپ كېتەتتى. ئۇلار گەرچە مەنپەئەت كويىدا بىر ـ بىرىگە كۈشەندە بولسىمۇ، بەزى ھاللاردا بىرلىشىۋالاتتى. «ھەي، پالانىنىڭ مېلى كۆپ، ھەممىمىز مۇنچە پۇلدىن يۇقىرى ئۆرلىمەيلى، بىرنەچچە كۈن ساقلاپ ئاخىر ياۋاشلايدۇ...» دەپ، كۆپ مالنى ئىسكەنجىسىگە ئالسا، بەزىلىرى: «مېلىڭ ئاز ئىكەن، ئۈچ ـ تۆت ۋاگونغا توشمايدىكەن (بىر ۋاگون 60 توننا)، شۇڭا ئادەتتىكى باھادا

ئالىمەن » دەپ ، ئازلىقىنى باھانە قىلاتتى . شۇڭا ، قەدىردان كۆپ دەپ خام كېكىرىدىغان ، ئاز دەپ ئاچ كېكىرىدىغان سودىگەر دەللال-لارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن ، تۆت بازاردىكى ئۈستى سولياۋ لەمپىلىك مال چۇشۇرۇش سەينالىرىغا چۇشۇرمىگەنىدى . ئۇ سومى-كىدىكى ئەۋرىشكىنى كۆرسىتىپ ، قانچىلىك لازىم بولسا ، شۇنچى-لىك چىقىرىپ بېرىدىغانلىقىنى دەيتتى . ئازغا ئازچە ، كۆپكە كۆپچە ۋەدە قىلاتتى .

— ۋاي - ۋاي ، ئېمىدىگەن قاقباش سەن ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم بېشىنى ئىرغىتىپ ، — لېكىن ، شوپۇرلار يوك بېسىپ قايتىپ كېتىمىز دېسە قانداق قىلىسەن ؟

— بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشتۇققۇ . ئۇلار ئۈچ كۈنگىچە يوك تاپالىسا ، تۆتىنچى كۈنى مېنىڭ مېلىمنى چۇشۇرۇۋەتسە بولىدۇ . بىراق ، ئۈچ كۈنگىچە مەن ئۇلارنىڭ ياتاق ، تاماقىنى كۆتۈرىمەن . ئۇ چاغقىچە مالنى بىر تەرەپ قىلىشقا كۆزۈم يېتىدۇ . سىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە .

— ۋاي قاغدالما ، ۋاي قاغدالما... ئاناڭنىڭ قورسىقىدىلا قېرىپ كېتىپتىكەنسەن...

— سىز دەپ بېقىڭا ، ياقۇپكا ، — دېدى قەدىردان ، — ئەگەر مالنى مەن مۇشۇ تۆت بازارنىڭ بىرىگە چۇشۇرگىنىمدە ، ئاشۇ بازاردىن بىرەر خېرىدار ياكى شۇ شىركەتكە ئۆتكۈزەلىسەمغۇ تەلەيىم ، ئۇنداق بولماي ئەۋرىشكە كۆرسىتىش ئارقىلىق باشقا يەرگە ساتسام ، يۆگۈرۈپ يۈرۈپ 30 ماشىنا تېپىشىم ، مال باسىدىغانغا بىر قانچە ئادەم ياللىشىم كېرەك ... ئۇنىڭغا قانچىلىك پۇل كېتەر ؟

— توغرا ، بۇ تەرىپىمۇ بار .

— ئىشىنىمەنكى ، ئۈچ كۈنگىچە بىر تەرەپ قىلىمەن ، قىلال-مىسام پېشانەمدىن كۆرۈپ ، قاينام بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆكى-مەن ، قاچان سېتىلسا شۇ چاغقىچە ئەسنەپ يۈرىدىغان گەپ .

— ئۇنداقمۇ بولماس ، خۇدايىم ئاقىۋول بېرەر...

— مەن ئۇرۇمچىگە كىرىپلا تۆت بازارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۇ-

www.uyghurkitap.com

رىمەن . شوپۇرلارنىڭ تۇرمۇشى سىزگە قالدى ، تۇرۇم بۇرۇنقىدەك ، ياتاق ، تامىقى 40 يۈەندىن ئاشمىسۇن ، تالون ئېلىشنى ئۇنتۇماڭ .

— هازىرقى ۋاقىتتا مۇشۇ 40 يۈەن يەنىلا كۆپ ، ئويلاپ باق ، بىر تەخسە لەڭمەن ئۈچ يۈەن تۇرسا…

— بىر نەچچە كۈنلۈككە بولىدۇ . كىم بىلىدۇ ، بۈگۈن كەچكىچە بىر تەرەپ قىلىۋېتەمدىم تېخى .

ماشىنىلار ئارقا ـ ئارقىدىن تىزىلىپ «ئۈچتاش»قا كېلىشى ، قەدىردان قارا سومكىسىدىن پۇل ئېلىپ ياقۇپ هاجىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ـ دە ، ئىككى كۈنلۈك راسخوت ، دەپ قويۇپلا ماشىنىدىن چۈشتى ، ئاندىن تاكسى ياللاپ «غەربىي دىيار مېۋە ـ چېۋە شىركىتى»گە يۈرۈپ كەتتى . بۇ يەردىكى مالىمانىنى كۆرگەن قەدىرداننىڭ ئىچى سىقىلدى . قالايمىقان تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلار ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان هەرخىل تاغارلار ، يەرلەردە چېچىلىپ ، دەسسىلىپ كەتكەن گۈلە ـ قاقلار ، ماشىنىلارنىڭ ئارىلىقلىرى ۋە ئۈستىلىرىدە گۈلە ـ قاق ئەۋرىشكىسىنى كۆرۈپ ، تېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىۋاتقان قاقچىلار ، هايانكەشلەر ، قاق سودىگەرلىرى توپ ـ توپ يۈرۈشەتتى . سولياۋ لەمپىلىك سەينا نەچچە قورۇدەك چوڭ بولسىمۇ ، پۇت باسقۇدەك يەر قالمىغانىدى . هەر بىر ۋىلايەت ، ناهىيە ، يېزىلاردىن ئەكەلگەن قاقلار خۇددى پوتەيدەك ئېگىز دۆۋىلەنگەن ، ئىگىلىرىنىڭ بېشى چۈشكەن هالدا ، بەزىلىرى تاماكا چېكىپ ، بەزىلىرى گازىر چېقىپ ، تېخى توپلىشىپ قارتا ئويناۋاتقانلىرىمۇ كۆپ ئىدى . قەدىردان بەزى دېهقانلارنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى . ئۇلار : «قاقچىلىق بىلەن بېيىغىلى بولىدىكەن» دەپ ، ئۆزى تۇرۇشلۇق كەنت ـ يېزىلاردىن قاق سېتىۋېلىپ ، زور ئۈمىدتە كىرا قىلىپ ئېلىپ كەلسە ، هايانكەشلەر مەسخىرە قىلغاندەك ، ئالغان باهاسىدىن بىر هەسسە تۆۋەن سوراپ ، ئۇلارنىڭ روهىنى چۈشۈرۈۋەتكەنىدى . شىركەت ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىدىن بىرەرى خۇشال چىققان هامان ، بىچارە قاق ئىگىلىرى يۈگۈرۈپ

كەلگىنىچە ئۆيى ئوتتۇرىغا ئېلىنىۋېلىپ، سوئال - سوراقنى ياغدۇر-ۋېتەتتى:

— قانچىلىك ئالدى؟

— نەچچىنچى دەرىجە قاق ئىدى؟

— كىلوسى قانچىدىن بولدى؟

— نېمە شۇڭغۇتقانىدىڭ؟

قەدىردان بۇ بازاردىن ئۇمىدسىزلىك بىلەن قايتىپ، «قوڭۇر-تاش مېۋە - چېۋە شىركىتى»گە باردى. بۇ يەردىكى ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. بىراق، هايۋان ئۆلسە، قۇرتلار بەزمە - مەشرەپكە چۈشكەندەك، هايانكەش، ئېلىپساتارلار قۇتراپ كەتكەن بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتە: «يامغۇر بىرلا ياغسا، مېلىڭ نەم تارتىپ ئوغۇت بولىدۇ»، «هەي، ئىسسىقىدا بېرىۋەت، كېيىن چوققاڭنى چىشلە-سەڭ قاتتىق، قوڭۇڭنى چىشلىسەڭ سېسىق بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دەيتتى… تېخى: «هەي، ئەمىسە مەن كەتتىم، ئارقامدىن ۋارقىرىساڭ ئۇسۇرۇۋېمۇ قويمايمەن جۇمۇ» دەپ قورقاق سالىدىغان-لارمۇ بار ئىدى. قەدىردان بىر تاغار قاقنا ئولتۇرۇپ، قۇرۇق نان غاجاۋاتقان چار ساقال دېھقاننىڭ قېشىغا كەلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تاغا، سىلى نەدىن؟

— كۆچادىن، بالام، كۆچادىن. ئېتىم سەدىللاخۇن…

— سىلىنىڭمۇ گۆلە - قاقمۇ؟

— 60 تۈنىنا مونەك، 120 تۈنىنا گۆلە - قاق…

— قانداق، خېرىدار كېلىۋاتامدۇ؟

— ھەممىسى هايانكەشلەر، كىلوسىنى 45 پۇڭ، 50 پۇڭ قىلىۋاتىدۇ. كىرا ھەققى، 17 كۈنلۈك چىقىم زىيان بولسىمۇ مەيلىتى، ئىنىغا چىقسىلا بېرىۋېتەتتىم. مەيلىلا دەي دېسەم، مەنمۇ بۇ قاقنى يېزىلىق هۆكۈمەت ئامبىرىدىن هۆددىگە ئالغان، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز قەرزگە بوغۇلۇپ قالىمەن، ئەمما قاق سەرخىل، قېنى يەپ باقسىلا، بالام، — چارساقال يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم گۆلە-قاقنى قەدىرداننىڭ ئالىقىنىغا تۆكتى، — غىلتاڭ يېمىش ئۆرۈك

دېسىلە ، تېخى تاتلىق مېغىز…
— تەمى بولىدىكەن ، — دېدى قەدىردان بىر تال گۆلە -
قاقنى پۇۋلەپ ئاغزىغا سېلىپ ، — نەچچە پۇلدىن ئۆتكۈزۈۋالغان؟
— بىر خۇداغا ئىشەنسىلە ، چىمپىشىق گۆلە - قاقنى يەتتە
موچەندىن ، مونەكنى توققۇز موچەندىن…
— شىركەتتىن ئالمىدىڭمۇ ؟
— نەدىكىنى ، كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇرنىغا قولىنى تى-
قىپ چىقىۋاتىدۇ . بەزىلەر بىرەر يارتا گۆش ، بىر - ئىككى ساد-
دۇق ئالما ، نەشپۈت دېگەندەك نەرسىلەرنى گېلىغا ئۇرۇپ باقتى .
بىراق ، ئۇ نېمىلەر ھۆددىگە سۆندە بولمىدى .
— مارالبېشىلىق كېرىم دوقا ، — دېدى ئۇدۇلدىكى تاغارلار-
نى ساقلاۋاتقان ئاپپاق ساقال بىر كوماك بوۋاي ، — شىركەت
خوجايىنىغا پۈتۈن بىر قوي گۆشىنى تاغارغا تىقىپلا ئەكىرىپتى-
كەن ، ئۇ خاڭسۇ : «ئامبار توشۇپ كەتتى ، ئىچكىرىدىن قاق سودى-
گەرلىرى كەلمەيۋاتىدۇ ، شۇنداق بولسىمۇ 10 توننا قېقىڭنى ئېلىپ
قوياي » دەپتۇ…
— ئۇنچىلىك نەرسىلەر چىشىنىڭ كامىرىغا كىرىپ
كېتىدۇ ، — دېدى چارساقال نان ئۇۋاقلىرىنى كاپ ئېتىۋې-
تىپ ، — ئاڭلىساق ، ئۇلار تۆۋىنى ئۈچ - تۆت مىڭ ،
بولمىسا بەش - ئالتە مىڭ تەمە قىلىدۇ ، دېيىشىدۇ . ئۇنچىلىك
پۇل نېمىش قىلسۇن . تېخى پۇلنى ئېلىپ بولۇپ : «سېنى نەدە
كۆردۈم » دېسە دەۋېرىدۇ… مۇشۇككە ئويۇن ، چاشقانغا قىيىن…
— سەدىللاكا ، ھايانكەشلەرگە ساتمىسىلا ، — دېدى قەدىردان
ئورنىدىن تۇرۇپ ، — مېنىڭ قاق سودىگىرى تونۇشۇم بار ، ئۇ
بۈگۈن - ئەتە كېلىپ قالىدۇ ، شۇنىڭغا ئىزىغا بولسىمۇ ساتقۇزۇپ
بېرەي .
— بولىدۇ ، بالام ، بولىدۇ . 17 كۈن ساقلاپتىمەن ، بىر -
ئىككى كۈن دېگەننىڭ يېنىشى يوق . ئەمىسە كۆڭلۈمنى توق تۇ-
تۇپ ، ئۆزلىرىنى ساقلاي .

قەدىردان چوڭ كوچىغا چىقىپلا كۆڭگە قارىدى . ئۇ سائەتنىڭ ئىككى بولۇپ قالغانلىقىنى مۆلچەرلىدى ، بىراق «مۇسۇلمانلار شىركىتى» مېۋە ـ چېۋە توپ سېتىش بازىرىغا بېرىشتىن يالتايدى . ئۇنىڭ كۆڭلىگە «داخىيەن مېۋە ـ چېۋە شىركىتى»نىڭ خوجايىنى ياڭ مىڭسەن كەلگەندى . بۇلتۇر جاپپار ھاجىم بىلەن بىللە بارغاندا ، ياڭ خوجايىن باشمالتىقىنى چىقىرىپ ، قەدىرداننى «خاۋ...» دەپ ماختىغانىدى . قېنى بۇ قېتىم ئۇ «خاۋ» دەمدۇ ياكى «بۇخاۋ» دەمدۇ ، ئەلۋەتتە سىناپ باقسا بىلىدۇ ـ دە .

قەدىردان تاكسى ياللاپ داخىيەنگە يۈرۈپ كەتتى . ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا ئۆزىنى تاشلاپ ، كۆزىنى يۇمغىنىچە بايىقى چار ساقال سەدىللاخۇننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . راست ، دېھقانلار ئادەتتىكى قاقچىلار ، بىرەر يارتا گۆش ياكى بىرەر ـ ئىككى ساندۇق ئالما ، نەشپۈتنى چوڭ بىلىشىدۇ . لېكىن ، ھازىر ئۇنچىلىك نەرسىلەر خوجايىنلارنىڭ پىستە كۆچۈكلىرىنىمۇ خۇش قىلالمايدۇ . پۈتۈن بىر قوينىڭ گۆشىنى قايتۇرۇۋېتىشقا كۆزى قىيمىغان ھېلىقى باشلىقمۇ ئىنجىقلاپ يۈرۈپ ، ئارانلا 10 توننا گۈلە ـ قاقنى ئاپتۇ . ئۇلار تۆۋىنى ئۈچ ـ تۆت مىڭ ، بولمىسا بەش ـ ئالتە مىڭ ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىسىغا تەمە قىلىۋاتقان يەردە ، بىر يارتا گۆش ، شالتاق ـ شۇپىلا نېمىگە دال بولاتتى . بۇ قېتىم قەدىرداننىڭ ئەكەلگىنى ئاز مال ئەمەس . ناۋادا ، بىر كىلو قاققا ئون پۇڭ قېتىلغان تەقدىردىمۇ ، 300 توننا مالدا 30 مىڭ يۈەن قېلىپ قالىدۇ... مۇشۇ پىرسەنت بويىچە 20 پۇڭ ، 30 پۇڭ ئوشۇق سېتىلغاندا ، ئەسلىي باھادىن 60 مىڭ يۈەن ، 90 مىڭ يۈەن ئارتۇق پۇل بولىدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇنىڭدا يەمچۈكنى قانچە چوڭ تاشلىغانسېرى ، بېلىقنىڭ يوغىنى قارماققا ئىلىنىدىغان گەپ...

قەدىردان خۇددى بۆرگە چېقىۋالغاندەك شارتتىدە تىكلىنىپ ئولتۇردى ، كاللىسىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي ، دەرھال سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، سۈت قەغەزگە ئورالغان پۇلنى ساناشقا باشلىدى . سومكىدا ئوبۇلھەسەن بەرگەن 20 مىڭ يۈەندىن

پارچە ـ پۇراتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا 14 مىڭ يۈەن بار ئىدى. ئەتىگەن ھاجىمغا ئىككى كۆنلۈك راسخوت دەپ 1500 يۈەن بەردى. شۇنىڭغا قارىغاندا، 4500 يۈەن تۈگەپتۇ... ئوبۇلھەسەن «گۈللەقاق سېتىلماي ئۇزاق يېتىپ قالساڭ، ياتاق، ئامبار ۋە تاماق پۇلۇڭ» دەپ پۇلنى ئارتۇقراق بەرگىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بوپتۇ...

قەدىردان 10 مىڭ يۈەن پۇلنى رەتلىك قىلىپ، ئاق سۇت قەغەزگە چىرايلىق قىلىپ يۆگىدى، ئاندىن ئۈستىگە ماي قەلەم بىلەن «10» رەقىمىنى يوغان قىلىپ يېزىپ، چېكىتتىن كېيىن ئۈچ نۆلنى قاتىرىسىغا قويدى، ئاندىن سومكىسىغا قايتىدىن سالدى ـ دە: «قېنى بىر سىناپ باقاي، قىمارۋازنىڭ ئوشۇقىدەك يا چىككا بولىمەن، يا پۈككا...» دەپ شىۋىرلىدى.

ماشىنا ئۈرۈمچى شەھىرىدىن چىققاندىن كېيىن مىلتىقتىن ئاتقان ئوقتەك ئۇچتى، چۈنكى بۇ يوللاردا شەھەرنىڭكىدەك ماشىنا قىستاڭچىلىقى يوق ئىدى. قەدىردان كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، پىكىر ـ خىيالى ياڭ مىڭسەن خوجايىنىنىڭ «سوۋغات»نى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقىدا قالدى. ئەگەر ئۇ 10 مىڭ يۈەننى ئالدىمۇ، ئۇمىد قەدىردانىنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ھەسسىلەپ يۇقىرى بولاتتى. ناۋادا ياڭ خوجايىن قەدىردانىنى: «كىچىك بالا دېگەننىڭ ئاغزى بىلەن قوڭىنىڭ پەرقى يوق، كوچا ـ كويلاردا ماختىنىپ سېسىتىدۇ...» دەپ كۆڭۈل تۇختىتالماي قالدىمۇ، قەدىردان تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ ئېغىر دىشۋارچىلىق ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ... قېنى، ئىلاج بار تۈكنى يېتىشىغا سىلاپ، يولۋاسنىڭ مۈگدىكىنى پىششىقتەمەي، «توكۇر كالا» ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەن تۈلكىدەك سىلىق ـ سىپايە بولۇپ باقسا، بىر گەپ بولۇپ قالار...

قەدىردان ماشىنا ئەينىكىدىن بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن تۈمەن يول لىنىيەلىرىنى كۆرۈپ، پويىز ئالمىشىدىغان ئاچالغا كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، دېگەندەك، تاكسى ھايال بولمايلا داخىيەنىنىڭ بىنالار زىچ جايلاشقان تۆت كوچا ئېغىزىدىن

ئۆتۈشى ، شوپۇر : «نەگە بارسەن ؟ » دەپ سورىدى . قەدىردان
ئاغزىغا ئوبدانلا ئۆزلىشىپ قالغان «داخىيەن گوپىن گۇڭسى » [1]
دېگەن سۆزنى دانىمۇ دانە قىلىپ دېيىشى ، شوپۇر كۈلۈۋەتتى ھەم
ماشىنىنى يۈرۈشمە تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا توختاتتى .

قەدىردان شوپۇرنى رازى قىلىپ «شي شي » [2] دېدى ـ دە ،
دەرۋازىغا ئەمدىلا قەدەم ئېلىشى ، ياندىكى قاراۋۇل ئۆيىدىن ھەربىي-
چە بەلگىلىرى يوق يېشىل كىيىملىك بىر قىزى چىقىپ ئۇنى
توستى . قەدىردان ئۇنىڭ جىقلا گەپلىرىنى ئۇقالماي ، سومكىسىدىن
بىر ئۇچۇم گۇلە ـ قاقنى ئېلىپ : «ياڭ جىڭلى ··· ياڭ
جىڭلى ··· » دەۋەردى . شۇ ئەسنادا ئۇدۇلدىكى بىنادىن چىققان ئوت-
تۇرا ياشلىق بىر خەنزۇ : «ئۇنى قويۇۋېتىڭ » دەپ ۋارقىرىشى ،
قەدىردان خۇشاللىقىدا : «ئاشۇ شۇ ··· نەق شۇ » دەپ ۋارقىرىۋەتتى
ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ ياڭ مىڭسەن بىلەن كۆرۈشتى .

— ياڭ خوجايىن ، مېنى تونۇۋاپسىز ـ ھە ؟ مېنىڭ ئىسمىم
قەدىردان ئەمەسمۇ ، — قەدىردان ھاياجانلانغانىدى .

— ھەي ، مەن سېنى تونۇغمىسا ··· سەن كىچىك بالاڭ : «ياڭ
جىڭلى » دېگەڭ تۇسا ، مەن شۇ چاكىردى ، — ياڭ مىڭسەن ئىككى
يىلنىڭ ئالدىدىكىدەكلا ، ئۇيغۇرچىنى تەستە يامىداپ
سۆزلەيتتى ، — سەڭدە گەپ بوسا ، مەندە ئىشخانا كىر ···

ياڭ مىڭسەن قەدىرداننى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ سافاغا
تەكلىپ قىلدى ، ئاندىن ئىستاكاندا قايناق سۇ ئېلىپ كەلدى .
قەدىردان ئۇسسۇغان بولسىمۇ ، قايناق سۇغا قاراپمۇ قويماي ، ئىك-
كى يىل ئالدىدا بىر سەيگۇيۇەن بىلەن توختاملاشقىلى كەلگەنلىكى ،
لېكىن ياڭ مىڭسەننىڭ قاق ، مونەك ، قارىئۆرۈكنىڭ ئەۋرىشكىسى-
نى كۆرمەي تۇرۇپ توختاملاشقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىغا
قەدەر تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ، ياڭ مىڭسەننىڭ چە-
رايى ۋىللىدە ئېچىلىپ ، كۈلۈپ كەتتى .

---

[1] داخىيەن گوپىن گۇڭسى داخىيەن مېۋە ـ چېۋە شىركىتى .
[2] شي شي — رەھمەت .

www.uyghurkitap.com

— دۆي ، دۆي ،[1] «تاغادا تاش بامۇ ، تۆپا بامۇ»… ھە شۇ كوينىڭ تېزەك بامۇ … كۆمەسە كاڭداك سودا بولىدىمۇ شۇ . ۋېگەڭ ئاشۇ گەپ مەن ئۇنۇتمىسا شۇ…

— مانا ، مانا ، يادىڭىزدا باركەنغۇ ، — قەدىردان ياڭ مىڭسەندىنىڭ ئورۇق ، ئېگىز سىياقىغا ، سول تەرەپتىكى ئۇزۇن چېچىنىڭ ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ يېپىۋالغان ئايىپاڭ بېشىغا قاراپ قويدى ، — ياڭ خوجايىن ، سەمرىپ قاپسىز - ھە ؟

— شۇندامۇ ؟ — ئۇ كۈلۈپ كەتتى ، — مەن ئۆزى شۇ بىلمەيدۇ… ھە بالاڭزا ، نېمىشكا كەلدى شۇ… دېسۇڭ…

— مەن خوتەندىن گۈلە - قاق ئەكەلگەن ، شۇڭا سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم .

— «ياڭپىن»[2] بوسا ئاسۇڭ…

قەدىردان سومكىدىن ئىككى ئوچۇم كەلگۈدەك گۈلە - قاقنى ئېلىپ ئۈستەلگە تۆكۈپ قويدى . ياڭ مىڭسەن بىر ھازا قاراپ كېتىپ ، قەدىردانغا تىكىلدى :

— كانچە دۈن[3] ئەكەلدى شۇ ؟

— 300 تونىنا .

— ئوھۇي ، ئۇزۇڭ ياغۇز ئەكەلدى شۇ ؟

— شۇنداق .

— كاك بولىدۇ شۇ… ئۇچىنچى دەرىجەنىڭ ئۇچىنچى سورتى بوسۇڭ ، كاڭداك ؟

— بوپتۇ ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن ، — قەدىردانىنىڭ خۇشاللىقى يۈزىگە تەپتى ، — ئەمىسە ، باھاسىنى قويۇپ ئامبارغا خەت قىلىپ بېرەمسىز ؟

ياڭ مىڭسەن دېمىققاندەك بولۇپ ، دېرىزە ھەم دېرىزە پەردىلىرىگە قارىدى . شۇ ئەسنادا كۆزلىرى غىل - پاللاپ ، قەدىردانىنىڭ

---

① دۆي ، دۆي — توغرا - توغرا .
② ياڭ پىن — ئەۋرىشكە .
③ دۈن — تونىنا .

قوچىقىدىكى قارا سومكا ئۇستىدە ئويىندى… ئۇ قەدىردانىنىڭ ھېچ ئىپادىسىز سىياقىغا قاراپ ، ئامبارنىڭ بوش ئەمەسلىكى ، يىغىلغان قورۇق مېۋە ـ چېۋىنى كۆلىگە يۆتكىمىگەنلىكى ، قاچانكى ئىچكى-رىدىن قاق سودىگەرلىرى كېلىپ ، ئامبارلار بىكارلانسا ئالىدىغاز-لىقىنى ئېيتىپ ، تاماكىسىنى چەككىنىچە يەردىن ئۇستۇن قارىماي تۇرۇۋالدى . بايىقى چىرايلىق گەپلەرنىڭ ، ئىللىق چىرايلارنىڭ بىردىنلا سوغۇق تەلەتكە ئايلانغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەن قەدىردان سومكىدىن ئاق بولاقنى ئېلىپ : «ئوبدانراق كۆرۈۋال» دېگەندەك ، «10.000» دېگەن ساننى ئۇنىڭغا قارىتىپ ، ئۇستەلگە قويۇپ قوي-دى . شۇنداقلا : «بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم» دېگەننى قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى . ئاق بولاق ئۇستىگە ، ياق ، راست گەپنى قىلغاندا ، «10.000» دېگەن سانغا لەپپىدە قارىغان ياڭ خوجايىنىنىڭ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان خۇشاللىق شۇ ھامان تېشىغا تېپىپ ، يۈز ـ بويۇنلىرى خورازنىڭ تاجىدەك قىزىرىپ كەتتى . ئۇ بۇ چاغقىچە ئۇيغۇر قاقچىلىرى ئىچىدىن بۇنداق «كۆكۈل» قويغانلىرىنى ئۇچ-رىتىپ باقمىغانىدى . ئۇلار بىرەر ـ ئىككى ساندۇق ئالما ، ئۈزۈم ، نەشپۈت ياكى بەش ـ ئون كىلو گۆش كۆتۈرۈپ كىرەتتى… توۋا ، قاقچى دېۋانىلەر باشقىلارنىمۇ ئۆزىدەك دېۋانە كۆرەمدىكىنە؟ ھازىر جاھان نەدە كېتىۋاتىدۇ؟ بۇلار نەدە قېلىۋاتىدۇ؟ ئىچكىرى ئۆلكى-لەردە قوش قوللاپ تۇتىدىغان «كۆكۈل»نى پۈتۈن ـ سورۇك بىر پويىز ، نەچچە ئون مىڭ توننىلىق پاراخوت ، ئايروپىلانلار تارتالمايدۇ… ئادەم قارىسا قۇسقۇدەك شاتراق ئۆرۈك سودىسى بولغاندىن كېيىن بوپتۇلا دېسە ، زاڭلىق قىلغاندەك ، ھەر كاتتا سودىگەرلەر چېغىدا بىرەر چىچقاق پاقلاننىڭ گۆشى ، بىرنەچچە قۇتا كونسېرۋا ، ناۋات كۆتۈرۈپ كىرىپ ، خۇددى تەيۇەننى ئازاد قىلىپ بەرگەندەك كېرىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىچۇ تېخى… بەش ـ ئالتە يۈز ، ھەتتا بىرەر مىڭ توننا مېلى بارلارمۇ نومۇس قىلماي ، بىر ـ ئىككى مىڭ ، ئېشىپ كەتسە ئۈچ ـ تۆت مىڭ يۈەن سېلىنى-غان كونۋېرتنى ئالدىغا تاشلاپ قويغان ، يا ئۇنى پىرقىرىتىپ

يۈزىگە ئاتقىلى بولمىغان . مانا ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم مۇنۇ شاكىچىكتەك بولمامدۇ ! ھۇ ئەقلىنى چىلىپ ئىچكەن دېۋەڭ-لەر ، سا پوقى يەۋالغانلار…

— ھەي كادىداڭ ،[1] سەن مېنى بەك خىجىل قىلدىڭ شۇ ، — ياڭ مىڭسەن ئۈستەل تارتمىسىدىن تامغا بېسىلغان توختام-لىنىش تالوننى ئالدى ، ئاندىن ئۈستەل ئۈستىدىكى قاقىقا يەنە بىر قاربدى ، — كاك ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئىككىنچىسى بوسۇڭ…

ياڭ مىڭسەن تۇتقۇزۇپ قويغان تالونغا كۆز تاشلاشنى بىئەپ كۆرگەن قەدىردان قارىمايلا قويۇن يانچۇقىغا سالدى . بۇ ئەلۋەتتە ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ، بولۇپمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئىد-شەنچ - ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدىغان ئۇسۇل ئىدى . ئىجتىمائىي مۇنا-سىۋەتتىكى بۇ ئىنچىكە مىزانغا سەل قارىمايدىغان ياڭ مىڭسەن ، ئورنىدىن تۇرغان قەدىرداننىڭ دولىسىغا ئۇردى :

— سەن شۇ تالوڭغا نېمىشكا كارىمايدۇ شۇ ؟

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن ، سىز مېنى ھەرگىز كۆيدۈرۈۋەت-مەيسىز .

— خاۋ… خاۋ… — ياڭ مىڭسەن باشمالتىقىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى ، — سەن بالاڭزا بوسىمۇ ، لاۋخەندەك ناۋزى[2] ياماڭ - ھە ، مالنى كاچاڭ ئۆتكۈزىدۇ ؟

— ئەتە ئەتىگەن ئەكىلىمەن ، ياڭ خوجايىن ، — قەدىردان ئىلتىجا بىلەن قاربدى ، — مېنىڭ بىر قېرى تۇغقىنىم 100 تونىنىدەك قاق ، 50 تونىنىدەك مونەكنى «قوڭغۇرتاش مېۋە - چېۋە شىركىتى»گە چۈشۈرۈپتۇ . ئاڭلىسام ، شىركەت باشلىقى بىلەن كۆڭلىڭىز يېقىن ئىكەن . تېلېفون بېرىپ قويغان بولسىڭىز ، ئۇ-نىڭغىمۇ كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلغان بولسام…

— ھەي ، ماڭىلا ئەكەسۇڭ .

— ئەكەلسەڭ بەك ياخشى بولاتتى ، بىراق يۈتكەشكە

---

[1] كادىداڭ — قەدىردان .
[2] ناۋزى — كاللاڭ ، ئەقلىڭ مەنىسىدە .

15 ـ 16 ماشىنا تاپمىساق بولمايدىكەن .

— ھىم... بولىدۇ . مەن لۈك داتۇغا تېلېفون بەسۈك...

— رەھمەت ، ياڭ خوجايىن . بۈندىن كېيىن سىزنى يوقلاپ تۇرىمەن ، خوتەندىن سىزگە نېمە لازىم ، ئالغاچ كېلىمەن .

— ھەي... سەن شۇ... مەيەنى ، — ياڭ مىڭسەن يۈرىكىنى كۆرسەتتى ، — ئوبدان چۈشەندى ئەمەسمۇ ، يۈر ، مەندە ئۆي كۆرۈۋاسۇڭ .

قەدىردان ئۆزرە ئېيتماقچى بولدىيۇ ، بۇ ئويىدىن دەرھاللا ياندى . ئۇنىڭ ئۆينى كۆرۈۋېلىشىنىڭ زىيىنى يوق ئىدى . بەزىدە كۆزگە چېلىقىپ قالغۇدەك «كۆڭۈل» ئېلىپ كەلگەندە ، ئۇدۇللا ئۆيگە بارمامدۇ . بەلكىم ياڭ خوجايىنمۇ شۇنى كۆزلەپ ئۆينى كۆرسەتمەكچى بولغاندۇ ؟

ياڭ مىڭسەننىڭ ئۆيى يولىنىڭ ئۇ قاسىنقىدىكى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە ئىدى . تۆمۈر رېشاتكا بىلەن ئىھاتە قىلىنغان ھويلىدا تۇخۇم شەكىللىك بىرقانچە گۈل تەكچىسى بار ئىدى . رېشاتكا ئەتراپىدىمۇ رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان ، گۈل خۇمار ھاشاراتلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى . ياڭ خوجايىننىڭ ئۆيىنىڭ تاملىرى كۆپىنچە كۆپ كۆزلۈك ئەينەك ئىشكاپ بولۇپ ، ئىچىگە قەدىمكى زاماننىڭ تۆگە ، ئىككى چاقلىق ھارۋا ، كۈڭزىنىڭ مودېللىرى تىزىلغانىدى . ياڭ مىڭسەن خۇشلۇقىدا ، ئۆيگە قاقچى ئۇيغۇر باللىرىنىڭ كۆپ كىرىدىغانلىقىنى ، شۇڭا ئۇلارغا تاماق ئېتىدىغان قازان ـ قومۇچ ، ساپلىق ، چىنە ـ قاچىلارغىچە ئايرىم ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى . ئۇ قەدىردانىنى ئىچكەركى قازناق ئۆيگە ئەكىرىپ كۆرسەتتى . ياڭ مىڭسەن ئائىلىنىڭ ئىشتىن كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقى ، شۇڭا تاماق يەپ كەتمىسە خاپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالدى ، شۇنداقتىمۇ قەدىردان ، خەنزۇ ، ئۇيغۇر شوپۇرلاردىن 30 ئادەم ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئەدەپ بىلەن ئۆزرە سورىدى .

قەدىردان تۆت كوچا ئاغزىغا چىقىپ تاكسىغا چۈشتى ـ دە ،

«شىنجاڭ مېهمانخانىسى»غا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا ئۆزىنى تاشلاپ، قولىدىن يان-چۇقىدىكى تالونىنى ئالدى-دە، كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي يېنىش-يېنىشلاپ قاراپ كەتتى. چۈنكى، تالوندىكى 300 ۋە 1.25 يۈەن دېگەن رەقەملەر «مېنىڭ راستلىقىمغا ئىشەن» دېگەندەك، چوڭ-چوڭ يېزىلغانىدى.

كۆڭ ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. چىرىغىنى يورۇتۇپ كېتىۋاتقان ماشىنا شەھەرگە كىرىش بىلەن سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى، شۇنداقتىمۇ كەچ سائەت ئونغا يېقىن «شىنجاڭ مېهمانخانىسى» ئالدىغا يېتىپ كەلدى. قەدىردان شوپۇر-نىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىپ، مېهمانخانا زالىغا كىرىپ، نۆۋەتچى خا-دىمدىن شوپۇرلارنىڭ ياتىقىنى سوراپ بىلىۋالدى، ئاندىن ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ياقۇپ هاجىمنى تېپىپ ئەهۋالنى دېگەندىن كې-يىن، ئىككىسى ياتاقمۇياتاق كىرىپ، ئەتە ئەتىگەن ناشتىنى داخې-يەندە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇۋەتتى. ياقۇپ هاجىم بۈگۈن ئەتى-گەندىلا ئىككى كىشىلىك ئايرىم ياتاقتا بىلەت كەستۇرۇپ قويغانلى-قى ئۈچۈن، قەدىردان ئىككىسى بىر ياتاقتا يېتىپ قالدى. 300 توننا مالنىڭ سېتىلىش ئەهۋالىنى ئۇققان ياقۇپ هاجىم قەدىرداد-نىڭ كىچىك تۇرۇپ قوللانغان ئامال-چارىلىرىگە هەيرانۇ هەس قالدى، ئىچىدە «ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ باشلىقى ئاب-لىز ئىمىنىنىڭ پۇشايمان قىلغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن، دەپ ئويلىدى. ئەلۋەتتە، 10 مىڭ يۈەننى يەمچۈك قىلىپ، 75 مىڭ يۈەننى قولغا كەلتۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

— هەي قەدىردان، ئوبۇلهەسەن 90 — 95 يۈك بولسىمۇ مەيلى، دېگەندىن كېيىن، ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە پۇل ئەۋەت-سەڭ، ئۆزۈڭگە 170 مىڭ يۈەن قالىدۇ...

— ياق، بولمايدۇ. خوتەندە بېكىتكەن بويىچە كىلوسىغا بىر يۈەندىن 300 مىڭ يۈەن ئەۋەتىمەن.

— مۇشۇنداقلا قىلىدىغان بولساڭ ئۆزۈڭ زىيان تارتىسەن.

— نېمىشقا؟
— «دېگەن باھايىمىزدا ساتىدىكەن» دەپ، مالنىڭ باھاسىنى بارغانسېرى ئۆرلىتىدۇ.
— قاقنىڭ دەرىجىسى، پۇلى بېكىتىلگەنىكەن، ئۇنداق قىلالمايدۇ.
— مېنىڭ ماشىنىدا دېگەنلىرىم بۇياقتىن كىرىپ، ئۇياقتىن چىقىپ كېتىپتۇ ـ دە....
— مەن دېگەن بىر ئادەم، كۇنۇم كېتىپ باردۇ، لېكىن «ياشلار بىناسى»دىكى شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنى بېقىش ئانچە ئاسان ئەمەس.
— مۇشۇ تونۇشۇڭ بىلەن روناق تاپالمايسەن.
— ھاجىم سىزدەك بولسا، مەن ئۆمۈر بويى ھەج قىلمايمەن...

ياقۇپ ھاجىم تورۇپلا قالدى. ئۇ، شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ پۇل تېپىش مۇددىئاسى بىلەن قەدىردانىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. قەدىردانىدا پۇل تېپىپ «ياشلار بىناسى»دىن ئىبارەت بىر يەرگە ئۇيۇشقان كوللېكتىپنى قولىدىن يېتىلەپ جەننەتكە ئاپارسام دەيدىغان بۇنداق ئۇلۇغ مۇددىئالار تېخى يېتىلگەن ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭدا ئىچ ئاغرىتىشلا بار. ئاشۇ 200 — 300 يۇەن مائاش ئېلىۋاتقان، شۇنىڭدىن ئۆزىگە ئالەمچە شادلىق تېپىپ، ھاياتقا، ياشاشقا ئىشەنچ تۇرغۇزۇۋاتقان بىچارىلەر «ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇش» دېگەن ۋەھىمىدىن قۇتۇلسا، ئېرىنىڭ ياكى ئايالىنىڭ، شۇنداقلا بالىلىرىنىڭ ئالدىدا چىرايى سارغىيىپ يۈرمىسە، كېچىلىرى يوشۇرۇن ياش تۆكمىسە، بەس، مانا شۇنىڭ ئۆزى جەننەت ھۆزۈرى! قەدىردان يېرىم يىلدەك ئاشپەز بولۇش جەريانىدا بۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆردى ھەم ئاڭلىدى. كېچىلىرى ئويلاپ ئۇيقۇدىن بىدار بولغان چاغلىرىنى ساناپ بېرەلمەيدۇ. ئىشتىن قالدۇرۇلۇپ، تارام ـ تارام ياش تۆككەنلەرنى، ئۈمىدسىزلىك، روھسىزلىق، ئەتىنىڭ ئەندىشىلىرىدىن كۆزلىرىنىڭ خۇنى كېتىپ، خۇددى مۇر-

دىغا ئوخشاپ قالغانلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكى چوغ ئۈستىدىكى جىگەردەك ئۆرتىلىپ كەتتى… شۇڭا ئۇ ئوبۇلھەسەن ئاكام دېسە ئون ئۆلۈپ، بىر تىرىلىدۇ.

كىچىكلىكىمۇ، بۇ بىزگە قاراڭغۇ، پۇل تېپىشقا قارىغاندا، پۇل تېپىش جەريانىدىكى جىددىيلىك، ئويلىنىش، ھالال ھىيلە ـ مىكىر، تەۋەككۇلچىلىك، قورقۇمسىزلىقلار قەدىردان ئۇچۇن گويا بىر جەڭگاھتەك بىلىنىدۇ. شۇڭا، تىنىم تاپماي تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈرىدۇ. مانا ھازىر ياقۇپ ھاجىمنىڭ كۆيۈنۈپ قىلغان نەسىھەتلىرى ئۇنىڭ ئۇچۇن سۇنۇق تىيىنغىمۇ ئەرزىمىدى، ھەتتا ھاجىمنى خاتا ئەيىبلىدى.

— بولدى ئۇخلا، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — ئەتە قاقلارنى ئۆتكۈزىدىغان گەپ…

— ھاجىمكا، قوپال گەپ ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ، خاپا بولماڭچۇ، — قەدىردان دەرھاللا ئۆزىنى سىزىۋالغانىدى، — مۇشۇ ئاغزىمنىزە، كاكىل لايدا چاپلىشۇەتكۈم كېلىدۇ.

— بولدى، بولدى، تولا ئۆزۈڭنى ئەيىبلەۋەرمەي ئۇخلا…

ئەتىسى تاڭ سەھەر يولغا چىققان 30 ماشىنا كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە داخىيەنگە يېتىپ باردى. ئۇلار ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن، ماشىنىلار مېلى بىلەنلا توز گىرگە بېسىلدى. مال ئامبارغا چۈشۈرۈلۈپ، ماشىنا كەينىگە يانغاندا يەنە گىردە تارتىلىپ، ھەقىقىي مال ئېغىرلىقى بەلگىلەندى. قەدىردان بىلەن ياقۇپ ھاجىم چۈشكىچە ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شوپۇرلارنى ئاشخانىدا ئوبدان مېھمان قىلىپ، تاپان ھەقلىرىنى بېرىپ خوشلاشتى، ئاندىن ياقۇپ ھاجىمنىڭ «ئازاد» ماركىلىق ماشىنىسىدا ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— ياقۇپكا، بۇنىڭ تېگىشلىكىنى بۈگۈنلا خوتەنگە سېلىۋېتەلەمسىز؟ — قەدىردان 375 مىڭ يۈەنلىك چەكنى ھاجىمغا تۇتقۇزدى، — مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى.

— شۇنچە جىددىيلەشكۈدەك قانداق ئىشتى ئۇ؟

«قوڭۇرتاش مېۋە ـ چېۋە شىركىتى»دىكى بىر كۆچىلىق بوۋايغا ۋەدە قىلىپ قويغانىدىم ، مېلىنى ساتالماي ياتقىنىغا 17 كۈن بوپتۇ...

— «سېتىپ بېرىمەن» دەپلا بىر تەرەپ قىلغىلى بولامدا ؟ — ھاجىمنىڭ كۆزلىرى ئالايدى ، — شۇنداق ئاسان بولىدىغان بولسا ، ئاشۇ شىركەت قورۇلىرىدا يېتىپ كەتكەن مال ئىگىلىرى سېتىپلا كەتسە بولمىدىمۇ ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ھاجىمكا ، مەن تۈنۈگۈن كەچ داخىيەندە چېغىمدىلا ھەل قىلىپ قويغان .

— قانداق قىلىپ ؟ — ھاجىم تىكىلىپلا قالدى .

— داخىيەن شىركەت باشلىقىنى تېلېفون بەرگۈزدۇم ...

— سەنما ؟ — ھاجىمنىڭ ئاغزى مەسخىرىلىك پۈرۈلدى ، — ئاشۇ ياڭ خوجايىن سېنىڭ گېپىڭگە كىرەمدۇ ؟

— بولدى قىلىڭە ، ھاجىمكا ، يېنىڭىزدا نەچچە پۇل بار ؟

— تۈنۈگۈن «راسخوت قىل» دەپ بەرگەن پۇلۇڭدىن 700 يۈەن ئاشتى .

— يېنىڭىزدا پۇل بولسا ماڭا 5000 يۈەن بېرىڭ ، ئۇنى قولىڭىزدىكى چەكتىن ئېلىۋېلىڭ ، بولامدا ؟

— كىرا ھەققى ئۈچۈن بەرگەن پۇلۇڭنى يەنە ئېلىۋالىدىغان بولدۇڭمۇ ؟

ياقۇپ ھاجىم قەدىردانىنى شەھەرنىڭ سىرتىدىلا ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ قويدى . چۈنكى ، يوك ماشىنىلىرىنى شەھەر ئىچىگە كىرگۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن ، چەت كوچىلار بىلەن ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . شۇڭا ، قەدىردان «قوڭۇرتاش مېۋە ـ چېۋە شىركىتى»گە تاكسى ياللاپ كەتتى .

قەدىردان شىركەتنىڭ تىقما ـ تىقماق قورۇسىغا كىرىپ ، دۆۋە ـ دۆۋە قاق قاچىلانغان تاغارلارنى ، رەتسىز توختىتىلغان ماشىنىلارنى ئايلىنىپ لەمپە ئاستىغا كەلگەندە ، سەدىللاخۇن بوۋاي تاغارلار ئۈستىدە تۈگۈلۈپلا ئۇخلاپ قالغانىدى . قەدىردان بوۋاينى

www.uyghurkitap.com

ئويغىتىشقا كۆزى قىيماي تۇرغىنىدا ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆتكەنكى كوماك بوۋاي ۋارقىرىۋەتتى :

— هاي سەدىللاخۇن ، قوپاڭلا دەيمە ، خېرىدار كەلدى...

كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بوۋاي مەڭدەپ تۇرۇپ كەتكىنىچە قەدىردانغا چەكچىيىپ قالدى . ئۇ چالا ئۇيقۇلۇقتا تونۇيالمىغانىدى .

— سەدىللاخۇنكا ، بۇ مەن ، تونۇيالمىدىلىما ؟

— هەي ، هەي ، سەت بوپتۇغۇ بۇ... — بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى ، — سىلىنى ساقلىتىپ قويغان چېغىم بار...

— يوقسۇ ، مەنمۇ هازىر كەلدىم .

— هە بالام ، قاق ئالىدىغان هېلىقى تۇغقانلىرى كەلمىدىمۇ ؟

— كەلدى ، شۇڭا ماللىرىنىڭ هەقىقىي ئەهۋالىنى بىلەي دەپ كەلدىم .

— مونەك توققۇز موچەن ، قاق يەتتە موچەندىن هەممىسى 138 مىڭ كوي ، 14 مىڭ 400 كوي 18 ماشىنىنىڭ كىراسى ، جەمئىي 152 مىڭ 400 كوي بولىدىكەن . ئۇندىن باشقا ، شوپۇرلارنىڭ قورسىقىنى بېقىپ كەلدىم شۇ .

قەدىردان مونەك بىلەن گۆلە ـ قاقنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ ، شىركەت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا ماڭدى . ئۇ ئىككىنچى قەۋەتكە چىققۇچە يەنىلا ئەنسىرەشتىن خالىي بولالمىدى . ئەگەر ياڭ خوجايىن تېلېفون بەرمىگەن بولسا ، ئەلۋەتتە ، قايتىپ كېتىپ «كۆڭۈل»گە يەنە ئازراق «كۆڭۈل» قوشۇپ ئەكەلمىسە ، سودا روياپقا چىقمايتتى . شۇڭا ، قەدىردان ئىشىكنى سەل هودۇقۇپراق چەكتى ، ئەمما ئىشخانا ئىچىدە كىملەردۇر ئۇرۇشۇۋاتقاندەك قىلاتتى ، شۇنداقتىمۇ لۇڭ داتۇ خوجايىنىنىڭ : «كىرىڭ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . قەدىردان ئەيمىنىپقىنا كىرىپ ، ئىشىك ئالدىدىلا توختىدى . چۈنكى ، لۇڭ داتۇ بىر خەنزۇ سودىگەر بىلەن قوللىرىنى شىلتىشىپ قاتتىق ۋارقىرىشىۋاتاتتى . هېلىقى سودىگەر قولىدىكى تالونى كۆرسىتىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ كالدىرلايتتى . قەدىردان

ئۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە چالۋاقاشلىرى تۈگىگۈچە ساقلاپ تۇردى. بىر چاغدىلا ئۇ شاپاشلاپ كېلىپ كىملەرنىدۇر تىللاپ چىقىپ كەتتى. ئىشىكنىڭ شۇنداق قاتتىق يېپىلىشىدىن «جاڭگىدە» قىلغان ئاۋاز دېرىزىلەرنى دىرىلدىتىۋەتتى. لۇڭ داتۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غەزەپ بىلەن «باجىگى خۇندەن…»[1] دەپ قاتتىق ۋارقىرىشى، ئۇنىڭ ئېگىز، قامەتلىك تولغان گەۋدىسى سىلكىنىپ، سېمىز دۈپدۈگىلەك مىس رەڭ چىرايى قارىداپ كەتتى، قوش بۆرەكتەك ئەتلىك كالپۇكلىرى توختىماي تىترەۋاتاتتى. قەدىردان ئىچىدە: «ھەي، سەل بىئەپ، بىمەھەل ۋاقىتتا كېلىپ قاپتىمەن» دەپ ئۆكۈنۈپ تۇرۇشى، لۇڭ داتۇ قورسىقىدىكى خاپىلىقىنى بوشاتماقچى بولغاندەك، قايناپ سۆزلەپلا كەتتى. ئۇنىڭ ئالىقانلىرىغا شاقىلدىتىپ ئۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، غەزەپ بىلەن يەرگە تۈكۈرۈپ سۆزلەشلىرىنىڭ ھېچنېمىسىنى ئۇقالمىغان قەدىردان گويا خوجايىنىنىڭ گەپلىرىنىڭ زىر-زەۋەرلىرىگىچە بىلىۋالغانداك، خەيرخاھلىق چىراي بىلەن قاراپ تۇراتتى. بىر چاغدا لۇڭ داتۇ سەل پەسكويغا چۈشۈپ، قەدىردانغا قارىدى:

— ياڭ مىڭسەن تېلېفوندا دېگەن بالا سەنمۇ؟ مالنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئەكەلدىڭمۇ؟ — دېدى لۇڭ داتۇ قولىنى سۇنۇپ، — قېنى مەن كۆرۈپ باقاي…

قەدىردان لۇڭ داتۇنىڭ «ياڭ مىڭسەن»، «تېلېفون»، «ئەۋرىشكە» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى مۇسەللەپ بولدى-دە، مونەك بىلەن گۈلە-قاقنى ئۈستەلگە تۆككەچ، ئاق قەغەزگە ئورالغان بولاقنى ئۈستەلگە قويدى. بولاق ئۈستىگە «6.000» دېگەن رەقەم يېزىلغانىدى. لۇڭ داتۇ بولاققا بىر قاراپ، چىرايى لەپپىدە ئېچىلىپ، قاق، مونەكلەرگە سىنچىلاپ قارىدى، ھەتتا ھەر ئىككىلا ئەۋرىشكىنى چىشلەپ تەمىنى تېتىپ باقتى، ئۇرۇقچىسىنى چېقىپ مېغىزىنى يەپ باقتى. ئاندىن شىركەت تامغىسى بېسىلغان تالوننى ئېلىپ مالنىڭ قانچىلىك ئى-

(1) باجىگى خۇندەن — بۇ ئەبلەختى.

www.uyghurkitap.com

كەنلىكىنى سورىدى . قەدىردان ئۈچ قېتىم قاق ئۆتكۈزۈش جەريا-
نىدا «توننا» دېگەن گەپنى ئۆگىنىۋالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ لۇڭ
داتۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشتىن بۇرۇنلا ئىچىدە قايتا - قايتا
ھەجىلەپ پىششىقلىغان «قاق 120 توننا» ، «مونەك 60 توننا»
دېگەن گەپنى يامان ئەمەس تەلەپپۇز قىلالىدى . لۇڭ داتۇ خوجايىن
ئاق بولاقنى دەرھاللا تارتمىسىغا سېلىۋېتىپ ، تالونغا تېزلا بىر
نېمىلەرنى يېزىپ بولۇپ جارتلا قىلىپ يىرتتى - دە ، قەدىردانغا
بەردى ۋە نېمىلەرنىدۇر دېگەنىدى ، قەدىردان ئۇققان قىياپەتتە بې-
شىنى گىلدىڭلاتتى . ئۇ سىرتقا چىقىپلا «ئۇھ» دەپ تامغا يۆلەن-
دى . لۇڭ خوجايىن يەنە گەپ سورىغان بولسا ، قەدىردان ئىشخانى-
دىن قېچىپ چىقىپ كېتىدىغان يەرگە يەتكەنىدى . بۇ نېمىدېگەن
خىجىللىق ، نېمىدېگەن ئوڭايسىزلىنىش ! مەكتەپتە نېمىشقىمۇ
خەنزۇ تىلى دەرسىنى ياخشى ئوقۇمىغان بولغىيدى . ياڭ مىڭسەن
ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇپ سۆزلىسىمۇ ، مەقسىتىنى ئۇقتۇرالىغاچقا ،
قەدىردانىنىڭ ئىشى ئوڭۇشلۇق بولغانىدى ، ئەمدى ماۋۇ لۇڭ يوغان
باش ھېلىمۇ ياخشى ھېلىقى «باجىگىي خۇندەن» بىلەن ئۇرۇشۇپ
قالغاچقا ، بىرمۇنچە قورساق كۆپۈكىنى تۆكۈپ بېرىپ گەپ سورى-
مىدى ، شۇنداقلا قەدىردانىنىڭ خەيرخاھلىق چىرايى ۋە 6000 يۈەن
«كۆڭۈل»نىڭ خۇشلۇقىدا تالوننى ئىككى يېنىغا قارىمايلا كېسى-
ۋەتتى . بولمىسا مۇھىم سوئاللارنى سوراپ ، ئۇقالماي قالسا ،
قەدىردانمۇ «باجىگىي خۇندەن» ئاقىۋىتىگە يولۇقۇشى مۇمكىن ئى-
دى . قەدىردان تىل قىسىنچىلىقىنىڭ ئاقىۋىتى ، ئادەمنى ئەڭ
ھالقىلىق پەيتلەردە رەسۋا قىلىدىغانلىقىنى ، بولۇپمۇ تىجارەت ۋە
سودىدا پايدا - زىيان توقۇنۇشىنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى
ھېس قىلدى .

قەدىردان نومۇس ھەم خىجىللىق ئىسكەنجىسىدە لۇڭ خوجا-
يىن بەرگەن تالوننىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ئالمان -
تالمان تالوننى كۆرۈپ ، تامغا يۆلەنگىنىچە ئاسمانغا قاراپ ، ئىككى
مۇشتۇمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ : «ۋا···» دەپ ۋارقىرىۋەتتى . دېمى-

سىمۇ، تالوندا گۆلە ـ قاق بىر يۈەن 20 پۇڭ، مونەك بىر يۈەن 30 پۇڭ يېزىلغانىدى. قەدىردان خۇشاللىقىدا ئىككى ـ ئۈچ پەلەمـ پەيىنى بىر ئاتلاپ پەسكە چۈشتى ـ دە، ئۇدۇل كەلگەن قاقچى سودىگەرنىڭ ھېسابلاش ماشىنىسىنى سورىدى، چۈنكى ھەرقانداق توپ سېتىش بازىرىدىكى ئالغۇچى ۋە ساتقۇچىلارنىڭ قولىدا ئالىقانـ دەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك ھېسابلاش ماشىنىلىرى بار ئىدى. قەدىردان تالوندىكى رەقەملەرنى كۆپەيتىپ، قاق ۋە مونەكنىڭ 222 مىڭ يۈەن بولغانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. سەدىللاخۇنىنىڭ دېيىشىچە، قاق، مونەك ھەم ماشىنا كىرالىرى بولۇپ 152 مىڭ 400 يۈەن بولاتتى. بۇ پۇلنى چىقىرىۋەتكەندە، قەدىردانغا نەق 69 مىڭ 600 يۈەن پايدا قالاتتى. لېكىن، «ئوغرى بولساڭ ئىنساپ بىلەن بول، قازىنىنى ئالساڭ تۈۋىقىنى قوي» دېگەن گەپ بار، بىچارە قاقچى بوۋاي ئۈمىد بىلەن، جاپا بىلەن مال ئەكەلگىنىگە تۈشلۈق، ئۇنىڭ ئەجرىنى كۆرمىسە بولامدۇ؟

قەدىردان ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ كۇنۇپكىلىرىنى قايتىدىن بېسىپ، ئېكراندا كۆرۈنگەن سانلارنى خاتىرىلىۋېلىپ، تالوننى مال ئۆتكۈزۈۋېلىش ئامبىرىدىكى مەسئۇل خادىملارغا بەردى. ئۇلار كىملەرنىدۇر ۋارقىرىغانىدى، كۆپكۆك خالات كىيگەن بىرنەچچە بالىلار قىيقىرىشىپ پارقىراپ تۇرغان، لېكىن ئۆزى چاققانغىنا يۈك يۆتكەش ماشىنىلىرىغا چىقتى. بۇ ماشىنىلارنىڭ يۈك باسىدىغان كوزۇپى بولمىغاچقا، رول ئالدىدا يەردىن بىر غېرىچچە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مەنزىگە يۈك قويۇلاتتى. قەدىردان ئۇلارنى باشلاپ كەلگەنـ دە، سەدىللاخۇن يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، قەدىردانىنىڭ قولىنى تۇتتى.

— بالام، مەن دېگەندەك بولدىما؟ بەك زىيان بولۇپ كەتسە، قاق ئىگىلىرىگە تۆلەپ بولالماي قالماي يەنە…

— سەدىللاكا، سىلى دېگەندىنمۇ ياخشى بولدى. قېنى ئاۋۋال قاقنى باسايلى. ئۆزلىرى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ بەرسىلە، مەن مالنى جىڭلايدىغان يەرگە باراي…

مال ئۆتكۈزۈۋېلىش بەكمۇ قولايلىق ئىدى. يۈك يۆتكەش ماشىنىلىرى يەر يۈزى بىلەن تەكشى تۇرغان تۈز گىر ئۈستىگە كەلگەندە، بىرنەچچە سېكۇنت توختاپ، ئاندىن ئامبار ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. يۈك يۆتكەيدىغان بەش ماشىنا 100 مېتىرمۇ كەلمەيدىغان قىسقا يولدا ئارقا ـ ئارقىدىن چېپىپ يۈرۈپ، ئىككى سائەت ئىچىدە ھەممە مالنى ئامبارغا ئەكىرىپ بولدى. قەدىردان ئۇلارنىڭ قىلىپ بەرگەن ئىسپات تالونىنى ئېلىپ، سەدىللاخۇن بىلەن خىزمەت بىناسىغا كىردى. بوغالتىرىيە بۆلۈمىگە كىرىپ ـ چىقىشۋاتقان، شۇنداقلا بوغالتىر ئالدىغا توپلىشىۋالغانلار بەكمۇ كۆپ ئىدى. شۇڭا، سەدىللاخۇن: «ئۆزلىرى كىرىپ بېجىرىپ چىقسىلا، مەن كارىدوردا ساقلاي» دەپ، ئاستى تۇتاش سولياۋ ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە كېلىپ ئولتۇردى.

قەدىردان بوغالتىرىيە بۆلۈمىدىن يېرىم سائەت ئەتراپىدا قايتىپ چىقتى. ئۇ سەدىللاخۇن بىلەن بىنا ئالدىدىكى گۈللۈككە بېرىپ ئولتۇردى. بۇۋاينىڭ تەقەززا بولۇۋاتقانلىقى تىترەۋاتقان ساقاللىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— سەدىللاكا، مونەك، قاق، كىرا پۇللىرى يادىلىرىدا باردۇ؟

— بولمامدىغان، بالام، ھەممىسى 152 مىڭ 400 يۈەن دەپ نەچچە قېتىم تەكرارلاپ بولدۇم…

— ئەمىسە بۇ چەكنى تۇتسىلا ھەم ئۇبدان قارىسىلا، قانچە پۇل بوپتۇ؟

سەدىللاخۇن چەكنى بىردە يىراق تۇتۇپ، بىردە يېقىن ئەكىلىپ قارايتتى ۋە ئىشەنمىگەندەك قەدىردانىنىڭ كۆزىگە تىكىلەتتى، نېمە دېيىشىنى ياكى چەككە ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى.

— ئا… بالام، بۇ پۇل مېنىڭما؟

— ئەلۋەتتە سىلىنىڭ ـ دە…

— يا دەيمىنا، سىلىنىڭ پۇللىرى قوشۇلۇپ قالمىغاندۇ؟

— تۇۋا دېسىلە، قاق سىلىنىڭ تۇرسا.

— مۇ... مۇشۇ... بىر... بىر يۈز... يەتمىش ... تۆ ... تۆت مىڭ مېنىڭما؟

— سىلىنىڭ بولمىسا، مېنىڭ ئوخشايدۇ ئەمىسە، ماڭا بېرىۋەتسىلە.

— چا... چاقچاق قىلمىسىلا، بالام. بۇ ... بۇ ... خېلىلا جىق تۇرىدۇ دېسە ...

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، سەدىللاكا، سىلى يەتتە موچەن دېگەن قاقلىرى توققۇز موچەن، توققۇز موچەن دېگەن مونەكلىرى 11 موچەندىن بولدى. شۇڭا، بۇ 174 مىڭ يۈەن سىلىنىڭ. مونەك، قاق ھەم كىرا پۇللىرىنى چىقىرىۋەتسىلە، سىلىگە 21 مىڭ 600 يۈەن پايدا قالدى. ئەمدىغۇ بولغاندۇ؟

— ئا... جېنىم بالام... خىزىر ئەلەيھىسسالام ھەرخىل سىياقلاردا كۆرۈنىمىش ... ئۆزلىرى خىزىر ئەلەيھىسسالام بولۇپ قالمىسىلا يەنە ... — سەدىللاخۇن يىغلىۋەتتى، — يۈرسىلە، بانكىغا بارايلى، ئاشۇ پايدىدىن سىلىگىمۇ بىر ئۈلۈش بېرەي ...

— رەھمەت، — قەدىردان كۈنگە قاراپ قويدى، — دەرھال سودا ـ سانائەت بانكىسىغا بېرىپ پۇللىرىنى ئېلىۋالسىلا، ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاخ بولۇپ قالدى.

— بالام، مېنىڭ مېلىمنى ئەسلىدە ئۆزلىرى سېتىپ بېرىپتىلا. ئېيتسىلا، لۇڭ خوجايىن بىلەن تونۇشقانچىلىقلىرى... يا... ياق، تونۇشلۇقلىرى بار ئوخشىمامدۇ؟

— مەن دېگەن سەيگۈيۈەن، ھەرقانداق ئەمەلدارنى تونۇمايمەن، پەقەت مېنىڭ پۇلۇم تونۇيدۇ.

قەدىردان سەدىللاخۇننىڭ رەھمەت ـ ھەشقاللىسى، تىلىگەن تىلەكلىرىنى ئاخىرغىچە ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا تاقەت قىلالمىدى. ئۇ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈنگە كۆزىنى قىسىپ قارىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى ۋە: «خوش، ئاغا» دەپ قويۇپلا، «قوغۇرتاش مېۋە ـ چېۋە شىركىتى» توپ سېتىش بازىرىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ چوڭ يولغا چىقىپلا تاكسىغا چۈشتى . ئۇ ئادىتى بويىچە ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلىدى – دە ، مەيدە يانچۇقىدىكى 48 مىڭ يۈەنلىك چەكنى قولىغا ئالدى . ئەسلىدىكى 69 مىڭ 600 يۈەن پايدىدىن سەدىللاخۇننى خوش قىلىش ھېسابىغا قېلىپ قالغان بۇ 48 مىڭ يۈەن قەدىردانىنىڭ ئەقىل – پاراسەت ئەجرى ۋە جاپا ھەققى ئىدى . ھېسابلاش ماشىنىسىدا ئالدىن ھېسابلىنىۋالغان قەدىردان بوغالتىرغا : «مال ئىككى كىشىنىڭ ، چەكنى ئايرىپ يېزىڭ» دەپ بۇيرۇغانىدى . لۈك خوجايىنغا بەرگەن 6000 يۈەن «كۆكۆل»نى چىقىرىۋەتكەندە ، قېلىپ قالغان 42 مىڭ يۈەن بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە ئىنساپ بىلەن ئالغان پايدىسىنىڭ ئىككىنچىسى ئىدى . تاكسىدا ئۈچقانداك داجەيگۇ رايونىغا كېتىۋاتقان قەدىردان كۈمۈش چاچلىق پەرىشتە ئانىسىنى تۇيۇقسىزلا يادىغا ئالدى...

# يەتتىنچى باب

— پاھ ، پاھ ، ياقۇپكا ، ئۆي تامىقى دېگەن باشقا گەپكەن ـ دە ، — دېدى قەدىردان ئاش سۇيى ئىچىۋېتىپ ، — مەن ئۆمرۈمدە بىر يېرىم تەخسە لەغمەن يەپ باقمىغان...

— بۇگۈن تاڭ سەھەردىن چۈشكىچە داخىيەندە ، چۈشتىن كېيىن «قوغۇرتاش شىركىتى»دە مال ئۆتكۈزىمەن دەپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ، قورسىقىڭ راسا ئېچىپتۇ ـ دە .

— ئۇنى بىر دېمەڭ ، ئانامنىڭ ئەتكەن تاماقلىرى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ ، ئۇچۇپلا خوتەنگە كەتكۈم كەلدى دېسە ، — قەدىردان لەغمەن يەۋاتقان ياقۇپ ھاجىمغا قاراپ قويدى ، — خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك ، لەغمەن ئېتىپ تورۇپسىز ئەمەسمۇ !

ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ ، قەدىردان ئاچچىق چاي دەملىدى ، ياقۇپ ھاجىم قاچا ـ قۇچا ، قازانلارنى يۇدى ، ئاندىن شىرەنى قايتا سۈرتۈپ ھۇزۇرلىنىپ چاي ئىچىشكە باشلىدى . قەدىردان «قوغۇرتاش مېۋە ـ چىۋە شىركىتى»دىكى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى ، ياقۇپ ھاجىم چاي ئىچىۋېتىپ قېقىلىپ كەتتى . ئۇ ئىچىدە : «بۇ بالا يىگىرمىدىن ئاشقاندا بالانىڭ قېپىنى يارامدۇ نېمە؟ قورقماي 300 تونىنا مـالنى يۆتكەپ ، ئورۇمچىگە كېلەر ـ كەلمەي ، ئۇنىڭ يولىنى قىلىشتىن سىرت ، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى قارا» دەپ ئويلىدى .

— قارا ، بۇ گەپلەرنى ماڭا دېدىڭ ، لېكىن باشقىلارغا تىنىما جۇمۇ ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم بىگىز بارمىقىنى جونۇپ ، — قىسقىسى ، سودا توغرۇلۇق قاقشاپ بەرگىنىكى ، ماختانما...

— ئۇقىمەن . بۇنى سىزگە دەۋاتىمەن ، باشقىلارغا دېگىلى مەن ساراڭ ئەمەس .

— بۈگۈن 300 مىڭ يۈەننى سەن دېگەندەك ئوبۇلھەسەنگە سېلىۋەتتىم، — ھاجىم سومكىسىدىن قول ياغلىقا چىگىلگەن پۇلنى ئېلىپ شىرەگە قويدى، — بۇ ساڭا تەئەللۇق 75 مىڭ يۈەن پۇل...

— بۇنىمۇ بانكىغا قويۇۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— بۇ پۇلنى ماڭا قەرز ھېسابىدا بەرگىن، — دېدى ھاجىم، — ئەتىگەن مەن ساڭا بەرگەن 5000 يۈەننى چىقىرىۋەتسەڭ، 70 مىڭ يۈەن پۇلۇڭ ئۆتكەن بولسۇن.

— يەنە ماشىنا ئالامسىز؟

— شۇنداق، ئەمما ساڭا قاچان لازىم بولسا، تەييار قىلىپ بېرەلەيمەن.

— ئەمىسە ماۋۇ نەق پۇلدىن 20 مىڭ يۈەننى ماڭا بېرىڭ، — قەدىردان يانچۇقىدىن چەكنى ئالدى، — بۇ 48 مىڭ يۈەننى قوشۇپ ھەممىسىگە ماشىنا ئالامسىز ياكى ئاشقىنىنى بانكىغا قويامسىز، ئىختىيارىڭىز...

— ئۇنداقتا ئۆزۈمنىڭ 5000 يۈەن پۇلۇمنى تۇتۇۋالسام، — دېدى ياقۇپ ھاجىم بارماقلىرىنى ساناپ، — سېنىڭ 98 مىڭ يۈەن پۇلۇڭ ماڭا ئۆتكەن بولىدۇ. قانداق، ھۆججەت يېزىپ بېرەيمۇ؟

— ئا... قويۇڭا، ئۇنداق بىر نېمىنى نەدە ساقلايمەن. بۇ دېگەن ئىشەنچىسىز پاتلارنىڭ ئىشى، — قەدىردان ئورنىدىن تۇردى، — مەن قايتاي.

— نەگە بارىسەن؟

— «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا.

— ئۇ يەر بەك قالايمىقان، — دېدى ھاجىم ئەنسىرەپ، — ئوغرى، قىمارۋاز، نەشە، خرويىن چېكىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بار...

— بىر يۇرتلۇق، بىر مەھەللىلىك ئاغىنىلىرىم تۇرسا، ئەڭ مۇھىمى ئوبۇلھەسەنكام بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئەپلىك، تېلېفون كەلسىلا چاقىرىپ قويىدۇ.

قەدىردان 20 مىڭ يۈەن پۇلنى ئىشتان يانچۇقىغا پۇرلەپ سالماقچى بولۇۋىدى ، ياقۇپ ھاجىم كارتۇات گىلىمىنى قايرىپ ، ئاياللارنىڭ ئۇزۇن نىلون پايپىقىنى ئالدى . ئۇ پۇللارنى 5000 يۈەندىن قىلىپ ، نېپىز سولياۋغا ئوراپ پايپاق ئىچىگە كىرگۈزدى . ئاندىن قەدىردانىنىڭ كۆڭلەك ـ مايكىلىرىنى قايرىپ بېلىگە باغلاپ قويدى .

— پۇل لازىم بولسا ، ھاجەتخانىغا كىرىپ ئالغىن ، ئۇخلىغاندا مايكىنى سالما ...

— بۇ ھىيلىلەرنى نەدىن ئۆگىنىۋالغان بولغىيتتىڭىز ؟

— مەن دەسلەپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە شۇنداق قىلغان .

— ماۋۇ پايپاق نەدىن كەلگەن ؟ — قەدىردان گۇمان بىلەن سورىدى ، — شۇنىڭغا قارىغاندا ، ياتىقىڭىزغا ئاياللارنى ئەكىرىپ ، كاسنا ھۈنەر قىلىدىكەنسىز ـ دەە...

— پوق يېمە ! ئۆتكەن ئايدا يەڭگەڭ كېلىپ 20 كۈندەك تۇرۇپ كەتكەن تۇرسا...

— مۇنداق دەڭە...

— مەن دېگەن بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلماي ئۆتەيدىغان ھاجى تۇرۇپ ، شۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلىمەنما ؟

— ۋاي ھازىر ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ ، بىر ياقتىن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ ، بىر ياقتىن ناماز ئوقۇپ ، خۇدايىم بىلەن ئالمىـ غان ـ بەرمىگەن بولۇپ يۈرىدىغانلارمۇ بار .

ياقۇپ ھاجىم كۈلۈۋەتتى .

— يائاللا ، جاپپار ھاجىمنىڭ دېگىنىچە بار ، سىنىڭ ئاغزىڭ بىر بالايىئاپەت...

قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى . قەدىردان ھاجىم بىلەن خوشلىـ شىپ چىققاندا ، كوچا چىراغلىرى يېنىپ كەتكەن ، يامغۇر سىمىلـ داپ يېغىۋاتاتتى . قەدىردان تار كوچىدىن چىقىپلا چوڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى 2 ـ يولنىڭ ئاپتوبۇسى كەلدى . ئاپتوبۇستا ئادەم شالاڭ ئىدى . قەدىردان ئارقا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى .

بۇ ئەسنادا ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر قىز ئۇنىڭغا يالتىتىدە بىر قاراپ قويىدى . قەدىردان دەسلەپتە ئانچە سەزمىگەنىدى ، بىراق قىز ئىككىنچى قېتىم قايرىلىپ قارىغاندا ، قەدىرداننىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك تەرتىپسىز ئۇرۇپ كەتتى . قىزنىڭ چىرايى تونۇشلا ، يەنە كېلىپ ئۇ مەدىنەگە شۇنچىلىك ئوخشايتتى . بىردىنلا ئىككى يىل ئىلگىرى مۇشۇ يولدا تونۇشقان ھېلىقى سۆيۈملۈك قىز ئېسىگە كېلىش بىلەن ، قەدىردان ئىچىدە : «مېھرىبان» دەپ سالدى ھەم بويۇنداپ قارىدى . قىزنىڭ قۇچىقىدا يەنىلا داستىخانغا ئورالغان قاچا - قۇچىلار باردەك قىلاتتى . ئۇ قىزنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا يۆتكەلگەن بولۇپ زەن سالدى . توغرا ، بۇ ئاشۇ چاغدىكى ئون ياشلىق مېھرىبان ئىدى . ئۇنىڭ چىرايى ھېلىھەم تاتىراڭغۇ بولسىمۇ ، غۇنچە بويى تولۇپ ، كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىدى ، ئۇبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۆكسى ئۇنىڭ بالاغەت باغى ئېرەم بوستانىنىڭ ئىشىكىنى ئەمدىلا ئېچىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى . قەدىردان ئەيمەنمىگەن ئۇنىڭغا قايرىلدى .

— سىز... سىز مېھرىبانغۇ دەيمەن ؟ — قەدىردان ئالامەت قىزىرىپ كەتتى ، — خاتالاشمىسام سىز... سىز شۇ...

— سىز قەدىردانغۇ ، — قىزنىڭمۇ ئانار شەربىتىدەك قىزىرىدىشى ئۇنى بۆلەكچىلا لاتاپەتلىك قىلىۋەتتى . — بايا ئاپتوبۇسقا چىققاندىلا تونۇغانىدىم .

— ئەمىسە قەستەن تونۇماسقا سالسىز - دە ؟

— كوچىلاردا ، ئاپتوبۇسلاردا ، قىستىسى ، ئاممىۋى سورۇنلاردا ، — قىزنىڭ بوستاندەك كىرپىكلىرى چوڭ كۆزلىرىنى چۈمپەردىدەك ياپتى ، — قىز - ئوغۇللارنىڭ سۆزلىشىشلىرى ، بولۇپمۇ ئۇنلۈك كۈلۈشلىرىنى كۆرسەم ، نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولىمەن...

— ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەستەن شۇنداق غىلجىڭلاپ ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ . ئۇلار ئوغۇل بولسۇن ، قىز بول-

سۇن ، ياخشى باللار ئەمەس .

— سىز ھازىرمۇ ئوقۇۋاتامسىز ؟ — قىز قەستەن پاراڭ تېمىسىدىن چەتنىدى ، — بىر چاغدا «خوتەندىن ئوقۇغىلى كەلدىم» دېگەندەك قىلغانىدىڭىز .

— ياق ، ھازىر مەن بىر شىركەتنىڭ سەيگۇيۇەنى ، نېمە ، ئىشەنمەمسىز ؟ كۇلۇۋاتىسىزغۇ ؟

— ئىشەنسەم ـ ئىشەنمىسەم مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى ؟

مېھرىبانىنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزىدىن قەدىردان لاسسىدە بولۇپ قالدى . چۈنكى ، بۇ سۆز كالتەكتەك تېگىپلا قالماي ، بەلكى ئۆزىنى قاچۇرۇۋش ، قەدىردانىنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىشتەك تولىمۇ كۆڭۈلسىز مەنىگە ئىگە ئىدى . شۇڭا ، قەدىردان ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇپ جىمىپ قالدى . بۇ ھال قىزنى خىجىل قىلدى بولغاي ، ئاستا ئېڭىشىپ پىچىرلىدى :

— خاپا بولدىڭىزما ؟ كەچۈرۈڭ ، كۆڭلۈم بەك پاراكەندە ، شۇڭا...

قەدىردان شارتلا ئارقىغا قايرىلىشى ، مېھرىبان چىرايلىق كۆزلىرىنى ئەپقاچتى . ئەمما ، ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە ئېسىلىپ تۇرغان نەملىك يالقۇنىنى كۆرۈپ قالغان قەدىردانىنىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر ئېچىشىپ كەتتى .

— ھۇي ، يىغلاۋاتىسىزغۇ ؟ مەن... مەن... ھەرگىز خاپا بولمىدىم... راست ... راست دەيمەن... مەن دېگەن ئۇنچىلىك گەپلەرگە خاپا بولىدىغان نېپىزلەردىن ئەمەس... يالغان بولسا يۈزۈمنى چىمدىپ بېقىڭا...

مېھرىبان پوسۇققىدە كۇلۇۋەتتى . نېمە ئۈچۈنكى ، ئۇلار پىچىرلىشىپ دېگۈدەك گەپ قىلىۋېتىپمۇ ئەتراپقا نەزەر تاشلايتتى ، ئۆزلىرىنىڭ كۇسۇرلىشىۋاتقانلىقىدىن خىجىل بولۇپ ، پات ـ پاتلا تۇز قاراپ ئولتۇرۇشاتتى . شۇنداقتىمۇ مېھرىبان چاندۇرماي ئائىلىسىگە كەلگەن كېلىشمەسلىكنى سۆزلەپ بەردى .

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مېھرىبان قەدىردان بىلەن ئۇچرىشىپ ،

ھەپتىمۇ ئۆتمەي ئانىسىنىڭ كۆكسى راكنى ئوپېراتسىيە قىپتۇ. گەرچە ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، دېيىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئانىسى ئىككى يىلدىن بېرى ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ، سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمەپتۇ. مانا ئەمدى ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا يېتىۋاتقانغا 20 كۈندەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەپتىدىن بېرى ئاش - تاماقتىن قېلىپ، سەكرات ئازابىنى تارتىۋېتىپتۇ...

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — قەدىردان خەيرخاھلىق بىلەن پىچىرلىدى، — خۇدايىم شىپالىق بېرىدۇ... ئۇنداقتا ھازىر تاماق ئاپىرىپ بېرىپ كېلىشىڭىزكەن - دە؟

— دادامغا ئاپىرىپ بەردىم. ئانامغا ئىككىمىز نۆۋەتلىشىپ قارايمىز...

— دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— كاۋاپچىلىق. يىغقان - تۈگكەن پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئانامغا خەجلەپ تۈگەتتۇق.

— باشقا قېرىنداشلىرىڭىز يوقما؟

— مەن بالىلارنىڭ چوڭى، بىر ئىنىم كېزىكتە، ئىككى سىڭلىم قىزىل چىقىپ تۈگەپ كەتكەن... ۋاي خۇدايىم، «دوستلۇق»تىن ئۆتۈپ كەتكىلى تاسلا قاپتىمىز...

ئۇلار ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، كوچا دوقمۇشىدىكى بوتكا دالدىسىدا توختىدى. قىز ئەتراپىغا قاراپ چۆچۈپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى تۇرمۇش مىزانلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىغان، شەرم - ھايالىق قىزلارنى ئەسكە سالاتتى.

— مېھرىبان، ئۆيىڭىز نەدە؟

— دەپ بەرسەممۇ تاپالمايسىز. لەمپىلىك بازار ئىچىدىن ئۆتكەندە بىر ئاھالىلەر مەھەللىسى بار. بۇ يەردىكى سىلىنىپ كەتكەن قىڭغىر - قىيسىق ئۆيلەر، ئۆمۈچۈك تورىدەك كوچىلار، ئاياغ - ئۇچىنى بىلگىلى بولمايدىغان يوللار مىغ - مىغ... خوش ئەمىسە، مەن كەتتىم...

— مېھرىبان ! مەن… مەن سىزنى نەدىن تاپىمەن ؟
— «دوستلۇق» ئەتراپىدىن ، — دېدى مېھرىبان كەينىگىمۇ قارىماي ، — لېكىن مېنى ئىزدىمەڭ…

قەدىردانىنىڭ كۆزلىرىدىن شۇنداق تېز يۇمىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش كۆڭلىكىنىڭ ئاپپاق ياقىسىغا سىڭىپ كەتتى… تۇۋا دەپ ياقىنى تۇتماقتىن باشقا چارە يوق . بۇ 16 ياشلىق يىگىتچاق مېھرىباننى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ ياكى مېھرىبان مەدىنەگە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ؟ ! بىراق ، مېھرىبان نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ؟ ئۇنىڭ : «سىز قەدىردانغۇ» دېگىنى ، ئەلۋەتتە ئۇنتۇماي ئەسلەپ تۇرغىنى ـ دە… شۇنداقتىمۇ ئۇ تېخى كىچىك ، ئەمما ياز ئىسسىق كەلگەن يىللىرى مېۋىلەر بالدۇر پىشىپ قالغىنىدەك ، ئۇمۇ دەۋر شامالىرىنىڭ سۆيۈپ ئۆتۈشىدىن ئالدىراپ ئېچىلىشقا تەرەددۇتلەنگەن غۇنچە ـ دە…

قەدىردان مېھرىباننى ئويلا ـ ئويلا ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى . كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلەيدىغان قارىمۇتۇق ، ۋىجىككىنە ئايال پاتەمخان پەشتاختىغا بېشىنى قويۇپ بىر خىلدا ئۇخلاۋاتاتتى . قەدىردان پەشتاختىنى تاقىلدىتىپ بىرقانچە قېتىم ئۇرسىمۇ ، مىت قىلماي ئۇخلاۋەرگەچكە ، قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى :

— ياتاقـقا بېـلەت كېسەملا ـ كەسمەملا ؟ هاي گـەپ قىلىۋاتىمەن !

— ھە ؟ ! — چۆچۈپ ئويغانغان پاتەمخان مەڭداپ قالدى ، — تاماققا داڭ ئۇردىما ؟

قەدىردان پاتەمخاننىڭ پۇرلىشىپ كەتكەن يۈز تېرىلىرىگە ، ئۇتقاچتەك قىزارغان يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىگە ، سالپىيىپ كەتكەن قاپاقلىرىغا ، نەق مەڭزىدىكى تۇگمە ئىزىغا قاراپ ، تۇيۇقسىزلا ئۆچلۈكى تۇتۇپ قالدى .

— مېھمانخانا ئاشخانىسىنىڭ داڭ ئۇرىدىغىنىغا يەنە بىر كېچە بار دەيمەن … ياتاققا بېلەت كېسەملا ـ يوق !

— ئا··· تېمانداق توۋلايدۇ ، ماۋۇ ئادەمنىڭ ئۈۋۈنى ··· — پاتەمخان ياتاق تۈرلىرى ۋە باھاسى يېزىلغان كارتوچكىنى پەشتاختىغا پاقىدا تاشلىدى ، — ئەرزان ياتاقلار قالمىدى ، ئەلىتاك قىممەتلىرى بار ، بويلىشالامسەن ، مەدەك ···

— ھەي قارىۋاتقۇ ، تىلىمىماي گەپ قىل ، پەشتاختىدىن سەكرەپ چۈشتۈمۇ ، بوغۇزلىۋېتىمەن جۇما ! — قەدىردان شارتلا يانپىشىنى تۇتۇپ قويۇشى ، پاتەمخاننىڭ بايىقى ھەيۋىسى تۇزغاقتەك توزۇپ كەتتى . شۇڭا ئۇ : «ۋاي جېنىم ، ماۋۇ سۇندۇكنىڭ ئاچچىقى غەزەپ يامانكەيىيا» دەپ ئاستا غودۇڭشىدى .

— قالىسىلا ، غوجام ، ئوبدان قالىسىلا . چەندازىلىرىدا دۆمبىسى قىزىل سەلىياخۇن بولسا ، ئاشۇ قىممەت ياتاقتا ياتقانلىرىمۇ تۈزۈك ، — دېدى پاتەمخان قەدىرداننىڭ قاپىقىدىن ئەندىكىپ ، — سەككىز كىشىلىك ياتاقنىڭ بىر كارىۋىتى ئون كويچەن بولغىنى بىلەن ، سېسىق پايپاق ، قاسماق پوت ، جۇسەي ئوسۇرۇق ، قاڭسىق تەر دەستىدىن ئەتىسى غەلىتىلا گالدۇ - گۇلدۇڭ بوپقاللا··· تېخى خىلمۇخىل خورەكلەر بۇنىڭ سىرتىدا ، ئەمدى تۆت كىشىلىك ياتاق 20 كويچەن دېسىلە ، بۇنىڭدىما يېرىم غەلىتە ، پۇچۇق گالدۇ - گۇلدۇڭ بوپقاللا··· ئەڭ ياخشىسى 35 كويچەنلىك ئىككى كىشىلىك ياتاق . ھازىر ئىش - ئوقەتنىڭ تايىنى بولمىغاچقا ، يېتىمچى ، مۇساپىرلار قىممەت كۆردى بولغاي ، ئادەم ياتمىدى .

— ئەمىسە ماڭا ئون كۇنلۇك تالون كېسىپ بەرسىلە .

— ھىم ··· مىنە ئون كۈنلۈك دېدىلىما ؟ — پاتەمخان كېيىنكى گەپلىرىنى ئىچىدە غودۇڭشىدى ، — ۋاي خۇدايىم ، ئۆزى سويمىدەك تۇرغىنى بىلەن ، قوۋۇرغىسىدا مېيى بار پېتىمكەنىيا ···

— ھازىر بۇ ياتاقتا ئادەم بارمۇ ؟

— يوق ، غوجام ، ئەمما ياتىدىغانلار چىقىپ قالسا تالون كېسىۋېرىمىز . بىراقزە ، يالغۇز ياتىمەن دېسىلە 60 كويچەن··· بىرە چوكان ياكى سېكىلەكنى ئەكىرىپ ياتسىلا ، ئەلۋەتتە غىڭ - پىڭ قىلماي 100 كويچەن بېرىدىلا .

قەدىردان پاتەمخاندىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ، ئىككىنچى قەۋەت-تىكى 25 - ياتاقنى ئېچىپ كىردى . ئادەم ياتمىغاچقىمۇ ، يوتقان - كۆرپىلىرى كونا بولغىنى بىلەن پاكىز ئىدى . سەككىز كىشىلىك ياتاقنىڭ 15 كۈندە ، تۆت كىشىلىك ياتاقنىڭ ئون كۈندە يوتقان - كۆرپە ، ئەدىياللىرى ئالماشتۇرۇلاتتى . ئىككى كىشىلىك ياتاقنىڭ ئالاھىدىلىكى ، يوتقان - كۆرپىلىرى بىر ھەپتىدە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلۇشتىن سىرت ، يۈت يۇيىدىغان داس ، چىلەكلىرى بار ئىدى . ھەر كۈنى بىر چايدان قايناق سۇ بىلەن ئىككى دانە پىيالە ئەكىرىپ بېرەتتى ، بولۇپمۇ ئۈچ كىشىلىك دىۋان بىلەن چاي شىرەسى يېقىن - يورۇقلىرىدىڭ كېلىپ قالسا بەكمۇ ئەسقاتاتتى .

قەدىردان ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» ئاشخانىسىنىڭ داڭ ئۇرۇشىغا ساقلاپ تۇرماي ، دوستلۇقتىكى قازاق چايخانىسىغا بېرىپ ، ئەتكەنچايغا نان چىلاپ راسا پەيزى قىلىپ يەۋالدى . ئۇ جاپپار ھاجىمدىن بىر خوش بولغان يېرى ، مۇشۇ قازاق چايخانىسىغا كۆندۈرۈپ قويغانلىقى ئىدى . بۇ يەرنىڭ سېرىق ماي ، خام قايماق ھەم ھۈمەل بىلەن گۇل كەلتۈرۈۋەتكەن ئەتكەنچىيى بەتتە پولۇغا تېگىشكۈسىز ئىدى . قازاق چايخانىسىدىن ھۇزۇرلىنىپ چىققان قەدىردان تاكسىغا ئولتۇرۇپ «غەربىي دىيار مېۋە - چىۋە شىركىتى» گە كەلدى . بۇ بازارنى بارلىق مېۋە - چىۋە توپ سېتىش بازارلىرىنىڭ ئانىسى دېسە لاپ بولمايتتى . شۇڭا ، قۇرۇق مېۋە - چىۋە بېسىلغان سەينالارمۇ كۆپ ھەم چوڭ ئىدى ، ھەتتا مېۋە - چىۋىلەرنىڭ تۈرى بويىچە نەچچە قورۇغا بۆلۈنەتتى . بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى «يولى بار» لار ، «ئالىقىنى كەڭرى» لەر ، «سېخىي جەننىتى» لەر قانچىلىغان مېلى بولسا ، ۋاقتى - قەرەلىدە ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى . قالغانلىرى مېلىنى نەچچە ئايلاپ ساتالماي ، قۇرتقا يەم قىلىپ ياكى سېسىتىپ «تاشلىق ساي» غا ئاپىرىپ تۆكۈۋېتەتتى . قەدىردان بۇ كەڭرى «سودا ئالىمى» نى ئايلىنىپ چۆش بولۇپ كەتتى . بىراق ، بۇ بازارنىمۇ ھايانكەشلەر

قاپلاپ كەتكەنىدى . ئۇلار چاپانچىلىرىنى ، مۇتتەھەم لۈكچەكلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ توپ - توپ يۈرۈشەتتى . مال ئىگىلىرى 70 پۇڭدىن ، 80 پۇڭدىن ئالغان دەپ راست گېپىنى قىلسا ، زار - زار قاقشاپ تۇرسىمۇ ، 35 پۇڭ ، 40 پۇڭ دەپ بېسىم ئىشلىتەتتى ، ھەتتا بەزىلىرى مال ئىگىلىرىنى «بېرەمسەن - يوق !» دەپ بۇرۇنلىرىنى ئىلىۋېتەتتى... قەدىردان بۇ بازارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشكىچە ئىگىلىدى . بىر ئايدىن بېرى مېلىنى ئۆتكۈزەلمەي ، ئىزىغىمۇ ساتالماي يېتىپ كەتكەن بىرنەچچە ئادەمنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەينىگە ياندى . بۇ ئەسنادا كەكە ساقال ، كۆك شاپاق دوپپىلىق 50 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئادەم ھاسىراپ يېتىپ كەلدى .

— توختىسىلا ، ئۇكام ، بالا سەيگۈيۈەنى تونۇملا ؟

— بالا سەيگۈيۈەن ؟

— شۇنداق ، كۇچالىق سەدىللاخۇننىڭ مېلىنى سۇ قىلىپ بەرگەن بالا سەيگۈيۈەنچۇ !

— ھە ، مۇنداق دېسىلە ، ئۇ... ئۇ مەن بولىمەن...

— مانا ، مانا ، كۆڭۈلدىن ئۇلۇغ نېمە يوقتە ! پېشانىلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ . «ھەي شۇمىدۇ ؟» دەپ كۆڭلۈم تۇيغانىدەك قىلىۋىدى ، نەق سىلىكەنلا ئەمەسما ؟

— ئۆزلىرى كىم بولىدىلا ، نېمە ئىشلىرى بار ئىدى ؟

— مەن ئاقسۇدىن ، ئىسمىم كېرىماخۇن ، يەنە ئىككى بۇرادىرىم «قوڭۇرتاش مېۋە - چېۋە شىركىتى»دە قالدى...

كېرىماخۇن قەدىردان قولىنى سىلكىپلا كېتىپ قالىدىغانىدەك ئالدىراپ - تېنەپ سۆزلىمەكتە ئىدى . ئەسلىدە ئۇلار ئۈچ ئادەم «قاقچىلىق قىلىپ بېيىپ كەتكەنلەر بار ئىكەن» دېگەن گەپكە ئىشىنىپ ، قورۇ - جايلىرىنىڭ يەر خەتلىرىنى بانكىغا گۆرۈگە قويۇپ قەرز ئالغانىدى ، ئاندىن يېزا - كەنت ئامبارلىرىدىن ، دېھقانلاردىن 400 توننا گۈلە - قاق يىغىۋېلىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكىدى . خۇددى ئۈرۈمچى ئاسمىنىدىن چەلپەك ياغىدىغانىدەك ، 40 ماشىنىدا ئېلىپ كەلگەن مال خېرىدارسىز قىزىل بالىدەك يېتىپ

قالدى . ئۇلار تەرەپ ـ تـەرەپكە يـۈگـۈرۈشـۈپ بـاقتى . بىراق ، ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۈت بولۇپ چىقتى . ھايانكەشلەر 50 يۈگىدىن يۇقىرى ئۆرلىمىدى . بۇ يىل قاقنىڭ ئادەتتىكىدىن كۆپ كىرىشى قاقنىڭ كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، قاق ھايانكەشلىرىنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈۋەتكەنىدى . ئۇلار قاقلىرىنى زىيىنىغا ساتاي دېسە ، بانكىدىن ئالغان قەرزنى تۆلىيەلمەي ، قورۇ ـ جايلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ، ساتماي دېسە ، ئورۇمچىدە پات ـ پاتلا يامغۇر يېغىپ ، قاقلار نەمدىشىپ ، كۆكىرىپ كېتىۋاتقان... مانا قاقنى ئېلىپ كەلگەن 46 كۈندىن بېرى ياتاق ، يېمەك ـ ئىچمەك دېگەندەك تۇرمۇش چىقىملىرىلا ئۇلارنى خورىتىپ ، قاقسەنەم قىلىپ قويغانىدى ...

— گەپنىڭ پوسكاللىسى ، سېتىپ بەر دېمەكچىمۇ ؟ — دېدى قەدىردان كۈنگە قاراپ قويۇپ ، — ماللىرى ھازىر نەدە؟

— «قوغۇرتاش مېـۋە ـ چېـۋە شىركىـتى» توپ سېـتىش بازىرىدا .

— مۇنداق دېسىلە ، مەن تېخى تۈنۈگۈنلا سەدىللاخۇنىنىڭ مېلىنى سۇ قىلىپ بەردىم ، — قەدىردان ئىككىلىنىپ قالدى ، — بۈگۈن يەنە كىرسەم ، «بۇنىڭ تۇغقىنى نېمانچە جىقتۇ» دەپ مەندىن بىزار بولار ؟

— جېنىمغىنا تۇغقىنىم ، مەن سىلىنى تۈنۈگۈندىن بېرى ئىزدەپ ئاران تاپتىم... مۇشۇ بىر قېتىم بېشىمىزنى ئوڭلاپ قويسىلا ، بۇندىن كېيىن قاقچىلىق دېگەن كوچىغا قاراپ سىيسەم ئىللا تاۋارا...

قەدىردان كېرىماخۇننىڭ چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى ، شۇڭا قاقنى كۆرگەندىن كېيىن بىر قارارغا كېلىشنى ئويلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېرىماخۇننى باشلاپ كوچىغا چىقتى ، ئاندىن تاكسى بىلەن «قوغۇرتاش»قا يۈرۈپ كەتتى . «قوغۇرتاش» توپ سېتىش بازىرىنىڭ سولىياۋ لەمپىلىك سېمونت سەيناسىدا ئىككى يېرىگە چىڭ چاسا قىلىپ تىزىلغان تاغارلار پوتەيدەك چوقچىـ

www.uyghurkitap.com

يېىپ تۇراتتى . قەدىردان ئىككى دۆۋىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن ، ئاستىدىكى ، ئوتتۇرىدىكى ، ئەڭ ئۈستىدىكى ئۈچ تاغارنىڭ ئاغزىنى ئازراق ئېچىپ ، ھەر بىرىدىن ئالغان بىر ئوچۇمدىن گۈلە ـ قاقنى سومكا ، يانچۇقلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم سالدى ، ئۇ ئاستىدىكى تاغاردىن ئالغان گۈلە ـ قاقنى چىڭ سىقىمداپ كۆرۈپ كېرىماخۇن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە كۆرسەتتى :

— قاراپ بېقىڭلار ، بۇ بىر ئوچۇم گۈلە ـ قاقنىڭ بىرلە-شىپ ، بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ قالغىنىنى ، چەتتىكى تاغارلار بۇنچىلىك نەمدەشكەن يەردە ، ئوتتۇرىلىرىدىكى شامال كۆرمىگەنلە-رى قانچىلىك بولۇپ كەتكەندۇ ؟ — قەدىردان تامغىنى قاقتى ، — ئاستىدىكى ئۈچ قۇر ، ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئىككى قۇر تاغارنى ئاپتاپقا سېلىش كېرەك...

— ۋاي خۇدايىم ، — دېدى كۆك كۆز ، سېرىق ساقال ، قىرىق ياشلاردىكى ئادەم . ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ھىيلىگەرلىكى چىقىپلا تۇرات-تى . — بۇ تاغارلارنى قانداقمۇ يۆتكەپ بولغىلى بولا ؟

— سىلەر ئۈچ ئادەم تۇرساڭلار ، يەنە ئىككى ئادەم ياللىساڭلار بولمىدىمۇ ؟

— قاقنى ساتالماي تۇرغاندا ، يەنە پۇل خەجلەمدۇق ؟

— ئىختىيارىڭلار ، — قەدىردان مېڭىشى ، ئۇنى كېرىماخۇن تۇتۇۋالدى ، — قاق سىلەرنىڭ ، سېسىپ نەچچە يۈز مىڭ يۈەن زىيان بولامدۇ ، مېنىڭ بىلەن ئالاقىسى يوق...

— جېنىم ئۇكام ، بۇ بۇرادىرىمىز قوپالراق ئادەم ، خاپا بول-ماڭ ، — دېدى كېرىماخۇن يىغلىغاندەك بولۇپ ، — ئۇششاق باللىرىمىز بار ئادەم ، قورۇ ـ جايلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالغۇچە ئۆلگىنىمىز تۈزۈك...

— ئەمىسە كىلوسىنى قانچىدىن ئالدىڭلار ؟

— بىر كويچەندىن ، — دېدى سېرىق ساقال ئالدىراپلا ، — شۇنداققۇ ، كېرىماخۇنكا ، ئەخمەتاخۇنكا ؟

— ئەمىسچۇ قارا ، — قەدىرداننىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى ، —

بىر كويچەندىن ئاپسەن ، ئۇن كويچەندىن سېتىۋال ، بولامدا؟
قەدىردان بۇرۇلۇپلا ماڭغاندى ، كېرىماخۇن بىلەن ئەخمىتاخۇن يالۋۇرۇپ ئېسىلىۋالدى . ئۇلار سېرىق ساقالغا تاپا ـ تەنە قىلىشىپ ، ۋارقىرىشىپلا كەتتى .
— مەن ھەر كۈنى نەچچە يۈز تۈننىلاپ قاق ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەم ، قېقىڭغا بىرلا قاراپ نەچچە پۇللۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىم؟ — قەدىردان قوللىرىنى شىلتىدى ، — مېنى قويماقچىمۇسەن؟ مېنى قويۇش ئۈچۈن قويمىچىلىق مەكتىپىدە ئۇن يىل ئوقۇپ كەل ، بولامدا؟
— خاپا بولمىسىلا ، غوجام ، بۇ ئاشۇنداق سەل لاۋزا ئادەم ، گېپىنىڭ تۇتۇرۇقى يوق ، — دېدى يۈزلىرىنى قورۇق قاپلاپ كەتكەن ئەخمىتاخۇن ، — بۇ بىرقانچە ئورۇندىن ئالغان قاق ، تۆۋىنى ئالتە موچەندىن ، يۇقىرى سەككىز موچەندىن بولدى . ئۆزلىرى ئىزىغىلا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بوسىلىرى بولىۋېرەتتى...
— ئېنىق دېسىلە...
— يەتتە موچەندىن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولسىلا ، — كېرىماخۇن ساقاللىرىنى سىيپىدى ، — 280 مىڭ يۈەن بولىدىكەن ، ئەمدى 40 ماشىنىنىڭ كىرا ھەققى 48 مىڭ يۈەننى قوشساق جەمئىي 328 مىڭ يۈەن بولغۇدەك...
— بولىدۇ ، ھەر قايسىلىرىنىڭ نىيىتى خالىس بولسا ، دېگەندەك لىرىدىن كۆپرەك پۇلغا سېتىلىشى مۇمكىن . ئەگە بولمىغاندىمۇ ئىزىدىن تۆۋەن چۈشۈرۈۋەتمەيمەن ، — دېدى قەدىردان ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ، — ئەمما مېنىڭ ئەجىر ھەققىم ئۈچۈن 5000 يۈەننى بېرىسىلەر .
— بېرىمىز... بەرمەمدىغان ، — ئۇلار دەرھاللا قوشۇلۇشتى ، — بۇ ئەلۋەتتە جاپا ھەققىدە...
قەدىردان ئۇلارغا ئاستىدىكى تاغارلارنى ئاپتاپقا سېلىپ ، بىر ـ ئىككى كۈن قۇرۇتۇش ، ئۆزىنىڭ قاق ئالىدىغان يەرلەرنى ئالاقىلىشىپ كەلگۈچە ساقلىشىنى دېگەندە ، ئۇلار بىردىنلا سولتى-

يىپ قېلىشتى. چۈنكى، كېرىماخۇن، ئەخمىتاخۇن ھەم سىرىق ساقاللار، كۆڭلىمىزنى ياساپ قويۇپ كەلمەيدۇ، دېگەن ئويدا بولۇ-ۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا ئورۇنغا سېتىشقا توغرا كەلگەندە، قايتىدىن ماشىنا كىرا قىلىشقا توغرا كېلەتتى. چاشقان تۆشۈككە پاتمىسا، كۆتىگە غەلۋىر ئېسىۋالغاندەك، تاماقنا پۇلدىن قىسىلىۋاتقان يەردە، كىراغا نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئۇلارنىڭ بېشى-نىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتكەن قەدىردان ئۇلارغا مەدەت بولغۇدەك گەپلەرنى قىلدى.

— ماشىنا كىراسىدىن غەم قىلماڭلار، ئۇنى مەن يولىدا ھەل قىلىپ بېرىمەن، — دېدى قەدىردان تەمكىن ھالدا، — «قوڭۇر تاش» شىركىتىگە تونۇگۈنلا مال ئۆتكۈزدۇم، بۇ يەرگە تەڭلەۋەر-گىلى بولمايدۇ. يەنە بىر گەپ، ھەرقانداق مۇسۇلمان ئەمەلگە ئاشماس ۋەدىلەرنى قىلىپ، ئادەم ئالدىماسلىقى كېرەك... مەن كەتتىم، ئىشەنسەڭلا ئەنە، ئىشەنمىسەڭلا مانا...

— بولىدۇ، ئۆزلىرىنى ساقلايلى، — ۋارقىرىدى كېرىماخۇن بىلەن ئەخمىتاخۇن، — ھازىردىن باشلاپ قاقلارنى ئاپتاپقا سېلىش-نى باشلايمىز.

قەدىردان ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي، كوچا دوقمۇشىدا بىردەم توختاپ قالدى. ياڭ خوجايىن ۋە لۇڭ خوجايىنلارغا تونۇ-گۈنلا مال ئۆتكۈزدى، ئەمدى ئۇ يەرگە يەنە تەڭلەۋېرىشكە يۈز چىدىمايتتى. «غەربىي دىيار مېۋە - چىۋە شىركىتى»نىڭ خوجايى-نى جاڭ يۈڭچىڭ قەدىردانغا ئىسمى تونۇش بولغان بىلەن، ئۆزى تونۇش ئەمەس ئىدى، تەبىئىتى ئىسسىقمۇ، سوغۇقمۇ ياكى مۆتى-دىلمۇ بىلمەيتتى. ئەگەر بولمىسا ياڭ خوجايىن لۇڭ يوغان باشقا قەدىردانىنى ھاۋالە قىلغاندەك، جاڭ خوجايىنغىمۇ ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىنى قىلىپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى يەنە باشقا بولاتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن «داخىيەن مېۋە - چىۋە شىركىتى» «غەربىي دىيار مېۋە - چىۋە شىركىتى»نىڭ تارمىقى تۇرسا... شۇڭا، ئالدى بىلەن ياڭ خوجايىننى ئاردا سالاچىلىققا سېلىپ،

ئاندىن جاڭ خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كىرسە بىر قەدەر ئىشەنچلىك بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قەدىردان، تاكسى بىلەن داخىيەنگە يۈرۈپ كەتتى.

قەدىردان ياڭ مىڭسەننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشى، ئۇنىڭ چۇشلۇك تاماققا مېڭىشىغا توغرا كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا، ياڭ خوجايىن ئۇنى «بىللە تاماق يەيمىز» دەپ ئاچىقىپ كەتتى. بۇ تەكلىپ قورسىقى ئېچىپ كەتكەن قەدىردانغا موكلا ياقتى. ئۇلار تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى «مالىك توخۇ قوردىقى پادىشاھى» ئاشخانىسىغا كىرىپ، توخۇ قوردىقى ۋە چۆپ بۇيرۇتتى. تاماق چىققىچە بولغۇچە يەنە مالىنىڭ بار - يوقلۇقى ھەققىدە سۆزلەشتى. قەدىردان ئۆزىنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشى، ياڭ خوجايىن دەرھاللا ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ سۆزلەپ كەتتى.

— جاڭ يۈگچىڭ مىجەز كاتتىك، سودادا گىرى ئادەم، — دېدى ياڭ مىڭسەن چېيىنى پۇۋلەۋېتىپ، — يەنە مۇھىم گەپ شۇ، ئويگۇرچىنى زادىلا بىلمەيدۇ. سەن ئۇنىڭ بىلەن كانداك گەپ كىلىڭ بوسۇڭ؟

— ئەمىسە قانداق قىلسام بولا؟

— ماڭىلا ئۆتكەزسە بولىدىغۇ شۇ...

— ئامبار توشۇپ كەتتى، دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— «شەندۇڭ مېۋە - چىۋە پىشىكلاپ ئىشلەش زاۋۇتى» بىلەن توختام تۈزدۇڭ شۇ، — دېدى ياڭ مىڭسەن چايىدىن ئوتلاۋېتىپ، — 20 مىڭ تونىنا كۇرۇك مېۋە - چىۋىنى بۇگۇڭ ئاتىگەندىن تارتىپ پويىزگا توشۇۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا راستىنىلا ئالىدىكەنسىز - دە؟

— قالدىسى ئىشخانىدا پاراڭلىشايلى، — دېدى ياڭ مىڭسەن شىرەگە قويغان بىر لېگەن توخۇ قوردىقىغا ئىشتىھا بىلەن قاراپ قويۇپ، — ھازىر كوساكنى ئەپلەڭ بوسۇڭ...

ئۇلار توخۇ قوردىقى يېرىملاشقان ھامان ئۈستىگە چۆپ سالدۇرۇپ يېيىشتى. «لازىلىقتا باققان توخۇ»نىڭ قوردىقى كۆزلەرنى

ياشقا تولدۇرۇپ ، بۇرۇنلارنى مىشىلدىتىۋەتتى . ياڭ خوجايىن ھە- دەپ قەغەزگە مىشقىرماقتا ئىدى . ئۇلار بىر چاغدىلا چايلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ئىدارىگە مېڭىشتى . ئىككىنچى قەۋەتكە ئەمدىلا چىققان قەدىردان هاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ بېلىدىكى پۇلدىن 15 مىڭ يۈەن پۇلنى ئېلىپ گېزىت قەغىزىگە ئورىدى - دە ، ئۈستىگە 15 مىڭنى رەقەمچە يېزىپ قويدى . ئاندىن ئىشخانىغا كىرىپ ئەمدىلا دىۋانغا ئولتۇرۇشى ، ياڭ خوجايىن «ئەۋرىشكىنى ئەكەلدىڭمۇ» دەپ سورىدى ، قەدىردان سومكىدىن ئىككى ئوچۇم كەلگۈدەك گۈلە - قاقنى خىزمەت ئۈستىلىگە تۆكۈش بىلەن تەڭ ، 15 مىڭ يۈەن «كۆڭۈل»نى تەڭلا قويۇپ قويدى . ياڭ مىڭسەن مىننەتدارلىقىنى بېشىنى گىلدىڭلىتىش بىلەن ئىپادىلىدى ، ئەمما قەدىردان تالوندىكى بىر يۈەن 20 پۇڭ دېگەن رەقەمگە ئانچە ھەيران بولۇپ كەتمىدى .

— ھەي كادىداڭ ، — ياڭ خوجايىن قەغەزگە ئورالغان پۇلنى بارمىقىدا ئۆرۈپ قويدى ، — مەن شۇ توغرا چۈشەندى بوسۇڭ ، باشقىلارغا «كوڭۈل» بەرگەندە كىزىل كاكازگە بولاڭ بوسۇڭ… ئاڭ بوسا بومەيدۇ . ئادەم تاشلاڭلا بوسا ، ئاكنى باشقا ، بىلىگە ئاتسا بولىدۇ ، ئۆزۈڭ چاپاڭ كېلىپ كىيىدۇ شۇ…

— ئوھۇي ، مەن خاتا قىپتىمەن ، ياڭ خوجايىن ، خاپا بولماڭ . ئەگەر دەپ قويمىغان بولسىڭىز چاتاق بولىدىكەندۇق .

— يەنە شۇ كاكنى خۇتيەن ئەكەل بوسۇڭ . بۇگۇڭ - ئەتە ئامباردىكى مالنى پويىزگا باسىدۇ . ئۇقتىما سەن ؟

— ئۇقتۇم ، ئۆگۈنلۈككە ئەكىلەي…

— ھەي كادىداڭ ، سەن يىراكنى ئويلىسا خەنزۇ تىلىنى ئوبداڭ ئۆگەنسە بولىدۇ ، — دېدى ياڭ مىڭسەن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ، — سەن ھازىر گۇڭسىلار بىلەن سودا كىلىدۇ شۇ ، كېيىن كۆلىدىن كەلگەن لاۋبەنلەر بىلەن سودا كىلىڭ بوسا ، چاتاك شۇ . فەيىي (تەرجىمان) سالمايدىغان مى مى خېتۆڭلار[1] مۇ بار …

— مۇشۇ ئىشتىن بىشىم قېتىۋاتىدۇ .

① مى مى خېتۆڭ — مەخپىي توختامنامە .



www.uyghurkitap.com

— هازىر ئۈچ ئاي ، ئالتە ئاي ، بىر يىل ئوكۇكلار بارگۇ . كىچە ئوكۇك ، كۈندۈز ئوكۇك ، ھەممىسى بار .

— قەيەردە بار ؟

— ھەممە يەردە بار .

شۇ كۈنى كەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، قەدىردان داجەيگۇدىكى ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە باردى . ئۆيدە تەپكۈچ ساقال خالمەت قارىم ۋە ناھىيەلىك سودا كوپىراتىپىنىڭ سەيگۇيۇەنى ماخمۇتلار بار ئىدى . ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك ، ماخمۇت قەدىردان ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئالغان 100 دانە يانچۇق ئۈنئالغۇسى بىلەن لېنتا ياندۇرغۇچنى خوتەنگە ئالغاچ كەتكەن ئوتتۇرا بوي ، بوي ـ بەستى تولغان ، قارىىراق كەلگەن ، كۆزلىرىدىن بىر خىل ئىشەنچ ھەم جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان 35 ياشلاردىكى سەيگۇيۇەن يىگىت ئىدى . خالمەت قارىم بىلەن ماخمۇت ئىككىسى بۈگۈن ياقۇپ ھاجىمنىڭ ماشىنىلىرىنى كىراغا سېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى . خالمەت قارىم تورپاندىن ئالغان يېشىل كىشمىش ئۈزۈمنى پويىز ئىستانسىسىغا يۆتكىمەكچى بولسا ، ماخمۇت سەيگۇيۇەن ناھىيەلىك سودا كوپىراتىپقا ئالغان ماللىرىنى خوتەنگە يۆتكىمەكچى ئىدى . ئاخىر ئۇلار بىرمۇنچە ۋارقىرىشىپ ـ جارقىراشقاندىن كېيىن تۆت ماشىنا تورپانغا ، «ئازاد» ماركىلىق خوتەنگە ماڭىدىغان بولۇپ كېلىشتى . ياقۇپ ھاجىم خالمەت قارىم بىلەن ماخمۇتنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپلا ، قەدىرداندىن : «قورسىقىڭ قانداق ؟ » دەپ سورىدى .

— قورسىقىم توق ، ھاجىمكا ، — قەدىردان ۋاللىدا قاراپ قويدى ، — سىزگە سالىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى .

— قېنى دېگىن ، قولۇمدىن كەلسىلا ياردەم قىلىمەن .

— مېنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغۇم بار ئىدى ، — دېدى قەدىردان ، — بولمىسا نۇرغۇن ئىشلاردا يولۇم توسۇلۇپ قالغۇدەك .

— ھەببەللى ، مەن ساڭا دېيەلمەي يۈرەتتىم ، — ياقۇپ ھاجىم بېشىنى ئىرغىتتى ، — ئۆتكەندە شوپۇرلارغا تەرجىمانلىق قىلىپ

بەرگەن چېغىمدىلا كۆڭلۈمگە كەلگەن .
— مەن كەچلىك كۇرسىدا ئوقۇۋي دېگەن .
— چۈشىنىشلىك ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم كۈلۈپ ، — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئالتۇن ئاچقۇچ» تەربىيەلەش مەركىزى بار . ئۇ يەردە خەنزۇ تىلى ، ياپون تىلى ، ئىنگلىز تىلى ، ئەرەب تىلى ، رۇسچە ، قىسقىسى ، ھەممە تىل ئۆگىنىش كۇرسلىرى بار .
— ئەمىسە ، ھاجىمكا ، بۇندىن كېيىن پات - پات كېلىپ تۇرالمايمەن ، — قەدىردان ئورنىدىن تۇردى ، — بەزىدە ۋاقتىڭىز چىقسا «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا بېرىڭ . ئىككىنچى قەۋەت 25 - ياتاق...
— بولىدۇ ، ساڭا دەيدىغان يەنە بىر گەپ ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ، — مەندىكى 98 مىڭ يۈەن پۇلۇڭنىڭ 80 مىڭ يۈەنىگە ئىشلىتىلگەن «ئازاد»تىن ئىككىنى ئالدىم . ھازىر چوڭ رېمونتتا ، ئاشقان 18 مىڭ يۈەننى سېنىڭ نامىڭدا بانكىغا قويۇۋەتتىم . مانا چېكىڭ . مەخپىي نومۇرى 00001 . بۇندىن كېيىن پۇل تاپساڭ بانكىغا قوي . مەخپىي نومۇر بەلگىلەپ ئېسىڭدە چىڭ تۇت . چەك ھەم كىنىشكىنى ساقلاپ بېرىدىغان مۇلازىمەت ئورنى بار . ئۇنداق نەرسىلەرنى يېنىڭدا ساقلىما . تاپقان پۇلۇڭنى پوچىلىق قىلىپ باشقىلارغا دەپ يۈرمە ، ئۇقتۇڭما ؟
— ئۇقتۇم . سىزنىڭ مۇشۇنداق باشقۇرۇشىڭىزغا كۆنۈپ قاپ-تىمەن دېسە .
— ئەمىسە پۇتۇڭ تايغان ، بېشىڭ سايغان تەرەپكە كېتىۋەر-سەڭ بولامتى ؟ بىلىپ قوي ، ئابباس بوۋاڭ سېنى ماڭا تاپشۇرغان ...
— بۇنىمۇ ئۇقتۇم . يەنە «ئۇقتۇم»غا قانداق تەنبىھلىرىڭىز بار...
— بولدى ، ھىيلىگەر ، قايتساڭ قايت ، تولا كېچىگە قالما ...
قەدىردان خالتا كوچىدىن چىقىپ چوڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى - دە ، 2 - يول ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ توختىدى .

ئاپتوبۇسمۇ هايال ئۆتمەيلا كەلدى . قەدىردان ئاپتوبۇسقا چىقىپلا
ھىلىقى ئورۇندۇققا تىكىلىپ قارىدى ، بىراق مۇلايىم مېھرىبان
يوق ئىدى . بۇنداق ئازابلىق ھېسسىيات «دوستلۇق» يولىغا چۇ-
شۇپ ، تۆت كوچا ئاغزى دوقمۇشىدىكى بوتكا ئالدىغا كەلگەندە يەنە
بىر قېتىم تەكرارلاندى… قەدىردان مېھرىبان يەر بېقىپ قىزىرىپ
تۇرغان بوتكا دالدىسىغا شۇنچىلىك قاراپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىراۋ-
لارنىڭ ئىزلىرىنى كۆرەلمىدى .

قەدىردان ياتىقىغا كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋىتىغا تاشلىۋەتتى .
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مېھرىبان زادىلا كەتمەيۋاتاتتى . ئۇنىڭ خىيال-
لىرى قاچانغىچە داۋام ئەتتى ، قاچانلاردا ئۇيقۇ كارۋىنىغا قېتى-
لىپ ، ئۇيقۇ چۆللىرىگە كىرىپ كەتتى ، بۇلار ئۇنىڭغا مەۋھۇم
ئىدى ، پەقەت شۇ ياتقىنىچە كىيىملىرى بىلەنلا سەھەرلىكتە ئويغاز-
غانلىقىنى بىلىدۇ . ئۇ كېچىچە ياخشى ئارام ئالالمىغانلىقى ئۇچۇنمۇ
پۇتۇن بەدەنلىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى ، شۇنداقتىمۇ يۈزىنى
چالا - بۇلا يۇيۇپلا سىرتقا چىقتى . لېكىن ، قاياقتىندۇر كەلگەن
غەيرەت جاڭدۇ « هاۋ» دەپلا ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇلار بىردەم
ئەھۋال سوراشقاندەك بولدى . «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ
قىيپاش ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان يولنىڭ ئۇ چېتىدە «ھۆسنار-
خان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» بار ئىدى . «مۇساپىرلار مېھ-
مانخانىسى»نىڭ ئاشخانىسى ئەتىگەن ، چۈش ، كەچ ئۈچ قېتىملا
ئېچىلىپ ، ھەرقانداق تاماق ئالدىغا بار ، كەينىگە يوق بولۇپ قالات-
تى . شەنبە ، يەكشەنبە كۈنلىرى بولسا ئېچىلمايتتى . شۇڭا ، «مۇ-
ساپىرلار مېھمانخانىسى»دىكى تىجارەتچى ، سودىگەر ، ھايانكەش ،
ئوغرى ، قىمارۋاز ، شوپۇر ، نەشىكەشلەر ئۇدۇللا «ھۆسنارخان
جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا كىرىپ بىر قاچا تاماق ئېلىۋال-
سا ، بىر تاغار پاراڭ سوقۇپ ، جاھاننى تاسقايتتى . مۇشۇ تۇرقىدى-
مۇ غەيرەت جاڭدۇ «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاش-
خانىسى»غا ماڭغانىدى .

— يۈرە ، ماڭ ، مېھمان قىلىش مەندىن ، مېھمان بولۇش

www.uyghurkitap.com

سەندىن ، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ قەدىردانىنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ ، — تولا ئۆزۈڭنى قاچۇرما... ئەڭ بولمىسا ئاشخانىغا كىرىپ كۆزۈڭنىڭ پىتىنى ئۆلتۈرۈپ چىق .

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟

— ھۆسنارخان خوجايىنىنىڭ 14 ياشلىق زۇلئاي دېگەن بىر قىزى بار . پاھ ، پاھ ، پاھ ... كۆزۈڭ بىلەن يەۋەتكۈدەك ، — غەيرەت تاماقلىرىنى چاكىلداتتى ، — بىزنىڭ بۇرادەرلەرنىڭ تولىسى ئاشۇ قىزنى كۆرۈش ئۈچۈنلا ئاشخانىغا كىرىدۇ .

— ئۇنداقتا ئۇ قىزنى مودېللاردەك ئەينەك تەكچىگە تىزىپ قويغان بولسا ، — دېدى قەدىردان مەسخىرىلىك كۈلۈپ ، — ئاشخانىغا خېرىدارلار پاتماي قالغۇدەك...

— ياق ، ئۇن ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا ، — غەيرەت قەدىردانىنىڭ دۈمبىسىدىن بوشراق ئىتتەردى ، — بىر يۇرتلۇق ، بىر مەھەللىدىن تۇرۇپ ئەجەب ئۆزۈڭنى قاچۇرىسەن .

— غەيرەتكا ، بۈگۈن خاپا بولما ، مۇھىم بارىدىغان يېرىم بار ، ئۇلار مېنى ساقلاۋاتىدۇ ، — قەدىردان ئۆزرە سورىدى ، — كېيىنكى قېتىمدا بولدى سېنى مەن مېھمان قىلاي ، بولامدۇ ؟

— مۇشۇ گېپىڭ راستمۇ ؟ بولدى ، «يولۋاس ئىزىدىن ، يىگىت سۆزىدىن يانماپتۇ» دېگەن تەمسىلنى ئۇنتۇپ قالما ئەمىسە .

— بولدى ، گېپىمىز گەپ ، مەن ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن .

قەدىردان تاكسى بىلەن بىردەمدىلا «قوڭغۇرتاش» توپ سېتىش بازىرىغا يېتىپ كەلدى . كېرىماخۇن ، ئەخمەتاخۇن ، سېرىق ساقال ئۇچى ئاپتاپقا يېيىلغان گۈلە - قاقنى پۇتلىرى بىلەن ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئىلەشتۈرۈپ ، شامالغا سېلىۋاتاتتى . قەدىردان ئىككى قولىدا ئوچۇمداپ ئالغان قاقنى قاراپ ، ئۇنى سىقىپ بېقىپ قاقچىلارغا تىكىلدى .

— سىلەر قاقنى چۈشتىن كېيىن كۈن يانغۇچە ئاپتاپقا سېلىپ ، ئاندىن تاغارلارغا قاچىلىۋېتىڭلار ، — دېدى قەدىردان ، — مەن كېرىماخۇنكام بىلەن بازار ئالدىدىكى كىرا ماشىنىلىرىنى سۆزلىشەي .

«قوڭۇرتاش مېۋە ـ چىۋە شىركىتى» توپ سېتىش بازىرىنىڭ ئالدىدا ھەرخىل چوڭ ـ كىچىك يۈك ماشىنىلىرى نەچچە قاتار تىزىلىپ كېتەتتى . بىرەر ـ ئىككى ئادەم ماشىنىلار ئارىسىغا كىرگەن ھامان شوپۇرلار گۇررىدە يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە : «نېمە ئىز بار ، مەن يەتكۈزۈپ بېرەي» ، «يۈك بولسا تاتمايلىما» ، «باھادا كېلىشىپ قالىمىز» دېيىشىپ كېتەتتى ... دېگەندەك ، قەدىردان بىلەن كېرىماخۇن كېلىشى بىلەن شوپۇرلار ئۇلارنى ئورىۋالدى .

— مۇنداق ئىش ، بىزدە 400 تونىا مال بار ، داخىيەنگە يەتكۈزۈپ بېرىسىلەر ، — دېدى قەدىردان شوپۇرلارغا قاراپ ، — قېنى دەپ بېقىڭلار ، قانچە پۇل ئالىسىلەر

— بولدى ، مەن كۆتۈرە ئالاي ، — دېدى ئۆسكىلەڭ ساقاللىرى چارلىشىپ كەتكەن 48 — 50 ياشلاردىكى شوپۇر ، — يۈرە ، ئۇكا ، ئاۋۇ يەردە ئايرىم پاراڭلىشايلى ...

ئۇلار ماشىنىلاردىن سەللا يىراقلىشىپ ، بىر ئىشەك ھارۋىسىنىڭ قېشىدا توختىدى .

— ئۇكا ، 15 مىڭ يۈەن بېرىسەن ، 400 تونىا مېلىڭنى بىر قېتىمدىلا پاكىز يەتكۈزۈپ بېرىمەن ... بولامدا ؟ ئەكە قولۇڭنى ...

— ۋايتوۋا ، 15 مىڭ يۈەن ؟ — كېرىماخۇننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ، — نېمانداق قىممەت ئۇ ؟

— ھەي ئاكا ، ئاغزىم بار دەپلا گەپ قىلىدىكەنسەن ، — دېدى قەدىردان ، — خۇداغا ئىشەنسەڭ ، ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگىچە 48 مىڭ يۈەن بىلەن كەلدى ، ئەندىزە بىرەر سائەتلىك يولغا 15 مىڭ يۈەن دەيسىنا ، بىز بانكىنىڭ تېمىنى تەشمىدۇق .

— ئەمىسە دەپ باقە ، ئۇكا ، قانچە بېرىسەن ؟

— 10 مىڭنى بېرىمەن .

— ئۇنداقتا ئون تونىا مېلىڭنى داخىيەنگە ئاپارساق 250 يۈەن بېرەمسەن ؟ ئىنساپ قىل ، ئۇكا ، بىزمۇ نان تېپىپ يەيلى .

— بولدى ، ئۇنداق بولسا بىز باشقىلار بىلەن سۆزلىشىپ

باقىلى...

— توختا ، ئۇكا ، ئون تونىنا مىلىڭغا 300 يۈەندىن ، 12 مىڭ يۈەنلا بەرگىن...

— ئۇنداق بولسا ، ئاپارغان شوپۇرلىرىڭ يوك باسىدۇ ، مەن يوك باسىدىغانغا ئادەم تاپمايمەن .

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، ئەجەبمۇ قاتتىق بالىكەنسەن .

— بىر گەپنى دەپ قوياي ، قاقنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ ، پۇلۇڭنى بانكىدىن ئېلىپ بېرىمەن .

— چاتاق يوق ، مەن ئەتە كىمنى ئىزدەيمەن ؟

— مۇشۇ ئاكىمىز ، — قەدىردان كېرىماخۇننى كۆرسەتتى ، — ئەتە مەشەددە سېنى ساقلايدۇ . بىر گەپ ئوچۇق بولسۇن ، بىرەر ماشىناڭ يولدا بۇزۇلۇپ قاقنى ئۆتكۈزەلمەي قالساق ، ماشىنىغا بېسىلغان قاقنىڭ نەق يېرىم پۇلىنى تۇتۇۋالىمەن...

— ئۇكام ، — دېدى كېرىماخۇن تاتارغان هالدا ، — 12 مىڭ يۈەن پۇلنى شوپۇرغا بەرسەك ، بىزگە بەك زىيان بولۇپ كەتكۇدەك...

— كېرىماخۇنكا ، سىلىگە زىيان بولغۇدەك ئىشنى قىلىپ ، كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالايمەنما ؟ — قەدىردان ئاچچىققىنا كۈلدى ، — خاتىرجەم بولسىلا ، ئون پۇڭ زىيان بولغۇدەك بولسا مېنىڭ ياقامغا چىڭ ئېسىلىۋالسىلا...

— خۇدايا توۋا دېسىلە ، بىر بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرۇۋاتسىلا ، شۇنداقمۇ يۈزسىزلىك قىلامەنما ؟

— سىلىغۇ ئۇنداق قىلمايلا ، — قەدىردان كېرىماخۇننىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى ، — بۇنداق دېسەم سىلى كېچىچە ئۇخلىيالمايلا ، شۇنداققۇ ؟ يەنە دەپ قوياي ، سىلى زىيان تارتسىلا مەنمۇ ئۇخلىيالمايمەن . خوش ، مەن ئەتە تاكسى بىلەن بالدۇرراق كېلىپ ئۈستىدە تۇرمىسام بولمايدۇ .

— شۇنداق قىلمىسىلا ، بىز ئۇرۇمچىلىك هارامزادىلەرگە



www.uyghurkitap.com

ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيمىز .

— دېھقانلار ئارىسىدا ھارامزادىلەر يوقتەك گەپ قىلدىلىغۇ؟ ھېلىقى سېرىق ساقال ، كۆك كۆز ئۇنداق ئەمەسما؟

— ۋاي خۇدايىم ، بەك يامان بالىكەنلا ، خەقلەرنىڭ «بالا سەيگۇيۇەن» دېگۇچىلىكى باركەن .

قەدىردان كېرىماخۇندىن ئايرىلىپ تاكسىغا چۈشتى ـ دە ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «ئالتۇن ئاچقۇچ» تەربىيەلەش مەركىزىگە ئۆزىنى تىزىملىتىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى ...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپ
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەككىزىنچى باب

بانكىدىن پۇلنى ئاجرىتىپ ، شوپۇرلارنى يولغا سېلىۋەتكەن قەدىردان قالغان پۇلنى سومكىغا سېلىپ ، بانكىدىن چىقتى . ئۇ كېرىماخۇن ، ئەخمەتاخۇن ۋە هارامزادە سېرىق ساقالنى تاكسىغا سېلىپ «دۆڭكۆۋرۈك»كە ئېلىپ كەلدى . ئۇلار كوچا دوقمۇشىدىكى «كاۋاپ پادىشاھى»غا كىرىپ ، چاققانغىنا خاس خانىدا ئولتۇرۇشتى . ئۇچ دېھقاننىڭ نەپسى كاۋاپقا تاقىلدىماي ، قەدىرداننىڭ قولىدىكى سومكىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلەتتى .

— ئەمىسە كاۋاپ كېلىپ بولغۇچە قاقنىڭ ھېساباتىنى قىلىپ كۆرەيلى ، — دېدى قەدىردان ئولتۇرغانلارغا قاراپ ، — كېرىماخۇن ، ئەخمەتاخۇنكا ، سىلەر قاقنى قانچە پۇلغا سات ، دەپ بەرگەندىڭلار ؟

— يەتتە موچەندىن ئۆز ئىزىغا سېتىپ بەرسىلە ، دېگەن ، — كېرىماخۇن شېرىكلىرىگە : «شۇنداققۇ» دەپ قويدى ، — شۇنداق بولغاندا ، ماشىنا كىرالىرىنى قوشۇپ 328 مىڭ كويچەن بولىدىغان ئوخشايدۇ .

— ئەمىسە ھەممىڭلار زېھنىڭلارنى يىغىپ ئاڭلاڭلار ، قېقىڭلارنى توققۇز موچەندىن ساتتىم . پۇلى 360 مىڭ يۈەن بولدى ، — قەدىردان پۇلنى شىرەگە ئالدى ، — ئەسلىي چىقىمىڭلارنى چىقىرىۋەتكەندە ، سىلەرگە 32 مىڭ يۈەن پايدا قالغاندى ، بۇنىڭدىن 12 مىڭ يۈەننى شوپۇرلارغا بەردۇق ، ھازىر نەق پايدا 20 مىڭ يۈەن بولدى . ھەر بىرىڭىزگە 5000 يۈەندىن تېگىدۇ .

قەدىردان ئۆزىگە تەئەللۇق 5000 يۈەننى ئايرىۋېلىپ ، قالغان ھەممە پۇلنى كېرىماخۇننىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى :

— قېنى سانىۋېلىڭلار…

— جېنىم ئۇكام… مەن… مەن ھېچ ئىشىنەلمەي تۇرىمەن، — كېرىماخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى، قالغان ئىككىسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خىجىللىق ئىلكىدە قەدىردانىنىڭ قولـ لىرىنى تۇتۇشتى، — مەن تېخى شۇنچە نۇرغۇن قەرزنى تۆلىيەلمەـ گەندىن كېيىن ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغان، غوجام…

— مەنمۇ ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن، — ئەخمەتاخۇننىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى، — بالىۋاقامنىڭ يىغا ـ زار بىلەن قورۇدىن كۆچكىنىنى كۆرۈش ئۆلۈم بىلەن باراۋەرغۇ!

— تېخى ھەر بىرىمىزگە 5000 يۈەندىن پايدا قېلىشى ئۇخلاپ چۈشىمىزدىمۇ يوق ئىدى، — دېدى سېرىق ساقال يىغلامسىراپ، — ئەمدى يۇرت ـ جامائەت، بالىلىرىمىزـ نىڭ ئالدىغا يۈزىمىز يورۇق بارىدىغان بولدۇق.

— كۇچالىق سەدىللاخۇننىڭ: «مەن بىر خىزىرغا يولۇقتۇم» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن، — كېرىماخۇن كۆزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتتى، — خۇدايىم قىيىنلىرىنى ئاسان، يىراقلىرىنى يېقىن، دۈشمەنلىرىنىڭ يۈزىنى سۆرۈن قىلا…

— خاپا بولمىسىلا، بالا سەيگۈيۈەن، — سېرىق ساقالمۇ ئېڭىشكىنىچە غودۇڭشىدى، — مەن شۇ ئالدى ـ كەينىنى ئويلىـ مايلا گەپ قىلىپ سالىدىغان ئەسكى خۇيۇم بار…

شۇ ئەسنادا دورا ـ دەرمەكلىرى سېپىلگەن نان بىلەن بىر لېگەن كاۋاپ كىردى. ئۇلار قېنىق دەملەنگەن چاي ئىچكەچ، راسا مەززە قىلىپ يېيىشتى. 46 كۈندىن بېرى گېلىدىن بىرنېمە ئۆتـ مەي، موك يېتىپ، موك قوپۇپ قاغجىراپ كەتكەن بۇ ئادەملەر مانا بۇگۈن ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاچ بۆرىدەك يېيىشمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا قەدىردان يەنە بىر لېگەن كاۋاپ كۆتۈرۈپ كىردى.

ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويماي يېيىشىۋاتقان ئاقسۆلۈك قاقچىـ لار ئاخىر گارت ـ گۇرت كېكىرىپ، شىرەدىن قوللىرىنى تارتىشـ

تى ، لېگەندە ئېشىپ قالغان بىر نەچچە زىخ كاۋاپ ، دورا - دەرمەك-
كە مىلەنگەن نان پارچىلىرىغا ھېچكىمنىڭ قارىغۇسى كەلمىدى ،
ئەمما ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ قىزىق چاي ئىچىشمەكتە ئىدى . قەدىردان
قوللىرىنى تازىلىق قەغىزىدە پاكىز سۈرتكەندىن كېيىن «تاپان
ھەققى» دەپ ئالغان 5000 يۈەننى يانچۇقىدىن ئېلىپ شىرەگە
قويدى ۋە پۇلنى ساناپ 2000 يۈەندىن ئىككى يەرگە ئايرىپ ،
ئاخىرقى 1000 يۈەننى ئايرىم قويدى . باشقىلار ئۇنىڭغا ھەيران
بولۇپ قاراشتى .

— ئاكىلار ، ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇرۇق - تۇغقاندەك بولۇپ
قالدۇق ، — دېدى قەدىردان تەمكىن ھالدا ، — شۇنىڭ يۈزىدىن
بۇ 2000 دىن 4000 يۈەن كېرىماخۇنكام بىلەن ئەخمەتاخۇنكامغا
تەئەللۇق ، ئەسلىدە بۇ سېرىق ئاداشقا بەرمەي دېگەنىدىم ، بىراق
ئازمايدىغان ئادەم يوق ، شۇڭا ئۇنىڭغا 1000 يۈەن پۇلنى ئاتىدىم .

قەدىردان بۆلۈنگەن پۇللارنى ئۇلارنىڭ قوللىرىغا قوندۇرۇپ
قويۇپ ، ئورنىدىن تۇردى - دە : «خوش ، يۈرتقا ساق - سالامەت
بېرىۋېلىڭلار» دېگىنىچە كاۋاپخانىدىن چىقىپ كەتتى . قاقچىلار
ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . ئۇلار بىر - بىرىد-
گە قاراپ ، بىر ھازا ئولتۇرغىنىچە ئورنىدىن تۇردى . كېرىماخۇن
كاۋاپخانىنىڭ خوجايىنىنى چاقىرىپ : «كاۋاپنىڭ پۇلىنى تۆلىۋې-
تەي» دېۋىدى ، خوجايىن : «بايا چىقىپ كەتكەن بالا تۆلىۋەتتى»
دەپ جاۋاب بەردى . كېرىماخۇن ، ئەخمەتاخۇن ۋە سېرىق ساقاللار
سىرتقا چىقىپ ئەتراپقا خېلى بەك قارىغان بولسىمۇ ، بالا سەيگۈ-
يۈەننى تاپالمىدى .

بۇ چاغدا تاكسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇر-
غان قەدىردان 120 مىڭ يۈەنلىك چەكنى يانچۇقىدىن ئېلىپ ، خېلى
ئۇزۇن قاراپ كەتتى - دە ، ئاستا شىۋىرلىدى :

— 15 مىڭ «كۆكۆل»نى چىقىرىۋەتسەم ، 105 مىڭ تاپان
ھەققى قاپتۇ . بەك ئاچ كۆز بولۇپ كەتتىممۇ قانداق ؟ ياق ! ئۆلۈۋې-
لىش ، باللىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىش قارارىغا كەلگەن ئادەم-

لەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئاسانمۇ؟ ھەتتا قولىغا 7000 يۈەندىن پۇل تۇتقۇزۇش… بۇ دېھقان ئۇچۇن ئاز پۇل ئەمەس ـ دە! «سېنىڭ قىممىتىڭ ئىقتىدارىڭدا، ئىقتىدارىڭ قىممەت يارىتىشتا…» بۇ… بۇ… كىمنىڭ گېپى؟ توغرا، ياقۇپ ھاجىمنىڭ… ئۇ شۇنداق دېگەن. توغرا، بۇ 105 مىڭ يۈەن ئەقىل ـ پاراسەت، ئىقتىدارنىڭ مېۋىسى! باشقىلارنى خۇش قىلىش ئەلۋەتتە جەننەت ساۋابىدۇر، شۇڭا قەدىردانىنى «خىزىر» دەپ ئاتاشتىغۇ…

400 تونا قاقنىڭ كىلوسىنى بىر يۈەن 20 پۇڭدىن ئۆتكۈزۈپ، 105 مىڭ يۈەن پايدا ئالغان قەدىردان ئىنساپسىزلىق قىلغانلىقىدىن ۋىجدان ئازابىغا قالدى بولغاي، ئۆزىنى ئاقلاپ باقتى، تەسەللى بەردى، شۇنداقتىمۇ ئىچىدە بىر يېرى چوغ چۈشكەندەك ئېچىشىپلا تۇردى…

«دوستلۇق» رايوندا تاكسىدىن چۈشۈپ قالغان قەدىردان 105 مىڭ يۈەننى «سودا ـ سانائەت بانكىسى»غا بىر يىللىق قەرەل بىلەن قويۇۋەتتى. بىراق، يېنىدىكى 18 مىڭ يۈەنلىك چەكتىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالدى. ئۇ «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دىكى ياتىقىغا كىرىپ بىلىدىكى پايپاقنى يەشتى، ئۇنىڭدا ياقۇپ ھاجىم سېلىپ بەرگەن 20 مىڭ يۈەندىن نەق 5000 يۈەن قالغانىدى. قەدىردان بۇ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، بانكىدىن ئاجراتقان 18 مىڭ يۈەننى پايپاق ئىچىگە ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ بېلىگە قايتا باغلىدى. ئاندىن پەسكە چۈشۈپ ياتاقنىڭ بۇندىن كېيىنكى بىر ئايلىق ھەققى ئۈچۈن 1050 يۈەن تۆلەپ، تالوننى سومكىسىغا سالدى.

كەچ بولۇشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن قەدىردان شۇ كۈنى كەچقۇرۇن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «ئالتۇن ئاچقۇچ» تەربىيەلەش مەركىزىدىكى يېڭى ئوقۇش ھاياتىنى باشلىدى. ئۇ ئېغىر ئەل ياتقۇ ۋاقتىدىلا ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، ئەتىسى چۈشكىچە ئۆگەنگەنلىرىنى ھەجىلەپ تاپشۇرۇق ئىشلىدى، ئاندىن چۈشلۈك تامىقىنى «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»دا يېدى. ئۇ شۇ چاغدىلا «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دىكى قاغجىراپ كەتكەن بويتاقلارنىڭ ھەۋەس ـ ئىشتىياقىنى قوزغاپ، ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىت-

www.uyghurkitap.com

قان 14 ياشلىق زۇلئاينى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى . بادام يۈز-
لۈك ، ناۋات رەڭ چىراي ، قوڭۇرغا مايىل چوڭ كۆزلىرى
يالت - يۇلت قىلىپ ، كۆڭۈل كۆللىرىگە قارماق تاشلايدىغان ،
غۇنچە بوي ، بەدىنى مىقمىدە تولغان بۇ قىز دەرۋەقە غەيرەت چاڭدۇ-
نىڭ دېگىنىدەك «كۆزىدە يەۋەتكۇدەك» نازلىق پەرى ئىدى . قەدىر-
دان يەردىن ئۇستۇن قارىمىغان هالدا ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى .
ئۇ شۇ كۈنى ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ، «دوستلۇق» ماگىزىنىدىن
يېڭى مودىلىق يېشىل پوپايكىدىن بىرنى ، ئالدى كەشتىلەنگەن
كوپتا ئېلىپ سومكىسىغا سالدى . ئاندىن ئىككى تەرىپى ئاشخانا ،
ناۋايخانا ، ساتىراشخانا ، سوغۇق ئىچىملىك ، هاراق - شارابلار
سېتىلىدىغان دۇكانلار ، ئوتتۇرىسى كاۋاپچى ، زاسۇيچى ، سېرىقئ-
ئاش ، هۆل يەل - يېمىش هارۋىلىرى ، تۇمۇرلۇك پوكەيلەر بىلەن
تولغان ئۇزۇن لەمپىلىك بازاردىن ئۆتتى - دە ، يەنە ئازراق مې-
ڭىپ ، يەرلىك ئاهالىلەر جايلاشقان مەهەللىگە يېتىپ كەلدى . ئۇ
ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن : «ئىسمى مېهرىبان ، دادىسى كاۋاپچىلىق
قىلىدۇ» دەپ سوراپ ، مېهرىباننىڭ ئۆيىنى زادىلا تاپالمىدى .
ئۇچرىغانلا ئادەم : «بۇ مەهەللىدىكىلەرنىڭ هەممىسى دېگۈدەك ياقا
يۇرتلاردىن توپلانغان كەلگۈندىلەر ، تولىسى كاۋاپچى ، زاسۇيچى ،
سېرىقئاش ساتىدۇ... ئىسمىنى بىلمىسىڭىز ، تاپماق تەس» دېيىش-
تى . قەدىردان شۇ كۈنى كەچتە ئوقۇغىلى كىتىپ ، ئەتىسى ئەتى-
گەندە مېهرىباننى ئىزدەپ يەنە كەلدى . لېكىن ، تاپالماي قايتىپ
كەتتى .

— خەپ ، — دېدى ياتىقىغا قايتىپ كەلگەن قەدىردان ، —
بۇ قېتىم ئۇچرىتىپ قالسام دادىسىنىڭ ئىسمىنى سوراپ بىلىۋالمى-
سام... تېخى بىللە بېرىپ ئۆيىنىمۇ كۆرۈۋالىمەن ، ئەگەر ئۇنىمى-
سا ، ئارقىسىدىن ماراپ بارىمەن ...

قەدىردان چۈشلۈك تاماققا چىقىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئورنىدىن
تۇرۇشى ، ياتاققا بىر مەهەللىلىك تونۇشلىرىدىن هېلىمجان ئاۋاق
بىلەن نۇرمەت پاكار كىرىپ كەلدى . قەدىردان ئىككىسىنى

باشلاپ «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا كەلدى. ئۇلار بۇلۇڭدىكى ئۈستەلدىن ئورۇن ئېلىپ تورۇشى، تاماق تىزىملىكىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن زۇلئاي قەدىردانغا تىكىلىپ قارىغىنىچە: «قېشى نېماچە توم ھەم قارا، كۆزى نېمىدېگەن چوڭ، قايرىلما كىرپىكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىچۇ تېخى...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— نېمە يەيسىلەر؟ — سورىدى زۇلئاي كىرپىكلىرىنى لەپپەدە تاشلاپ، — ياكى تىزىملىككە قاراپ بىر نېمە دەمسىلەر؟

— نېمە يەيسىلەر، ئاغىنىلەر؟ — دېدى قەدىردان قىزغا قاراپمۇ قويماي، — قېنى دەڭلار؟

— قەدىردان، لەڭمەنلا يېسەكچۇ، — ھېلىمجان نۇرمەتكە قارىدى، — سەنچۇ، نۇرمەت؟

— سىلەر نېمە يېسەڭلار مەنمۇ شۇ...

«قەدىردان، — زۇلئاي كېتىۋېتىپ ئىچىدە پىچىرلىدى، — ئەجەبمۇ چىرايلىق ئىسىمكىنا!»

قەدىردان، ھېلىمجان ئاۋاق، نۇرمەت پاكارلار ئاشخانا ئىشىدكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، پەشتاختىنا ئىچىدە تۇرغان زۇلئاي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە «قەدىردان ...» دەپ پىچىرلىدى ھەم نېمە ئۈچۈندۇر 14 ياشلىق يۇمران، غۇبارسىز قىزلىق تېنىنى ئىسسىق بىر ھارارەت، ئىللىق بىر ئېقىن قىزىتىۋەتتى ... زۇلئاينىڭ تېنى ئەنە شۇنداق جىمىرلاۋاتقاندا، ئۈچ ئاغىنە يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە كېتىۋاتاتتى.

— ئاڭلىساق، سېنى بارلا دەيدۇ، بىراق ئۇچرىتالمايمىز، — دېدى ھېلىمجان ئاۋاق، — نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن؟

— نېمە ئىش قىلاتتىم، «ياشلار بىناسى»دىن مال ئەۋەتسە، ئەپلەپ-سەپلەپ سېتىپ پۇلىنى ئەۋەتىپ بەردىم، بولمىسا يەپ-ئىچىپ، ئوقۇپ يۈرۈۋاتىمەن.

— ھۆي، راستىنلا ئوقۇۋاتامسەن؟ — سورىدى نۇرمەت پاكار ھەيران بولۇپ، — قايسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىسەن؟

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «ئالتۇن ئاچقۇچ» تەربىيەلەش مەركىزىدە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن.

— مۇنداق دېگىن، نېمىشقا ئەمدى؟ — نۇرمەت يالدۇرۇپلا سورىدى، — تۇرۇپلا خەنزۇچە ئۆگەنگۈڭ كېلىپ قاپتىغۇ؟

— شۇمۇ گەپ بوپتۇ، — دېدى ھېلىمجان، — ئوقۇغانىڭ زىيىنى يوققۇ.

— يا دەيمىنا، خوتەندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا خەنزۇچە دېسە بەش كۈنلۈك يەرگە قاچىدىغان يىتىمتى بۇ...

— ھازىر مەن سەيگۈيۈەن بولۇپ قالدىم دېگىنە، ئاداش، — قەدىرداننىڭ بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى، — خوتەندىن كەلگەن ماللارنى بەزىدە خەنزۇ خوجايىنلارغا سېتىشقا توغرا كېلىدىكەن، بۇنداق چاغلاردا نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولىدىكەن كىشى.

— بۇ دېگىنىڭ توغرا، — دېدى ھېلىمجان، — تىل بىلمەسلىكتىن زىيان تارتىدىغان، سودا يىيىپ كېتىدىغان، باشقىلار قاتتى-سوقتى قىلىپ بوزەك تاپىدىغان ئىشلارنىمۇ تولا كۆردۇق. ئادەم كېيىنىنى كۆزلىسە ئوقۇسا بولىدۇ.

چۈشلۈك تاماقتىن چىقىپ دەرس تەكرارلىغان قەدىردان كەچكە يېقىن تاكسى بىلەن مەكتىپىگە كەتتى. ئۇ نۇسرەت مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى سائەت خام سۆزلەرنى ئايرىم مەندە ۋە بىرلەشتۈرۈپ جۈملە تۈزۈشنى ئۆگەندى، ئاندىن بىر سائەت سۆزلىشىشنى مەشىق قىلدى.

— نۇسرەت مۇئەللىم، — دېدى بىر كۈنى قەدىردان، — قۇرۇق مېۋە-چېۋىلەرنىڭ ئىسىملىرى، تۈر، دەرىجىلىرى، توختام تۈزۈش تۈزۈملىرى، سانلارنى قوشۇش-ئېلىش، بۆلۈش دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئاساس قىلغان گەپلەرنى ئۆگەتسىڭىز. نەزەرىيە، تەتقىقات، مۇھاكىمە، تەسەۋۋۇر دېگەن نەرسىلەرنى ئۆگىتىۋېرىدىكەنسىز. مەن بۇ يەرگە ئالىم بولغىلى كەلمىگەن، ئاددىي تىل ئۆگەنگىلى كەلگەن.

— قىزىقىكەنسىز، — مۇئەللىم كۈلۈۋەتتى، — سىز نېمە

ئىش قىلىسىز ؟

— مەن سەيگۇيۇەن، قاق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىمەن...

— مۇنداق دەڭ، — نۇسرەت مۇئەللىم ئويلىنىپ قالدى، — لېكىن ئالتە ئايلىق دەرس پىلانى تۈزۈلۈپ بولغان تۇرسا، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

— ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانغا خۇدايىم تۈزۈپ بەرگەن سېتكا ئەمەستۇ ؟

— نېمە دەيدىغانسىز، — مۇئەللىم تەڭلىكتە قالدى، — مەن تەربىيەلەش مەركىزى بېكىتكەن دەرسلىكنى ئۆتىمەن، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقالمايمەن.

يەكشەنبە دەم ئېلىشتا پۈتۈن بىر كۈن ياتىقىدا خەنزۇ تىلى مەشىق قىلغان قەدىردان دۈشەنبە كەچتە مەكتەپكە باردى. ئۇ ئۈچ سائەتلىك دەرستىن كېيىن مۇئەللىمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، مەكتەپ ئالدىدىكى ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى. ئۇلار بىر قاچىدىن چۆچۈرىنى تەرلەپ - پىشىپ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن كاۋاپ يېيىشتى.

— مېنى ئەجەب مېھمان قىلغۇڭىز كېلىپ قاپتىغۇ ؟ — دېدى نۇسرەت مۇئەللىم سەل ھەيران بولۇپ، — لېكىن ئۆتكەنكىدەك دەرس سېتكىسىنى ئۆزگەرت، دەيدىغان بولسىڭىز، بۇنىڭغا ئامالىم يوق جۇمۇ.

— دۇنيادا ئامال قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، — دېدى قەدىردان ئىشەنچ بىلەن، — ئەگەر قىلىمەنلا دەپ ئىرادە باغلىسا، شەيتاننىمۇ ئېشەك قىلىپ مىنگىلى بولىدۇ...

— يائاللا، ئۆزىڭىز كىچىك تۇرۇپ دېمەيدىغان گېپىڭىز يوقكەن.

— قاراڭ، مۇئەللىم، ماۋۇ 10 مىڭ يۈەن پۇلنى سىزگە بەردىم، — قەدىردان بىر باغلام پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەدەپ بىلەن قويدى، — بولدى، مۇئەللىم، ماڭا ئۇنداق سەت ئالايماڭ، ئۆزىڭىز ھازىرلا مېنى كىچىك بالا دېدىڭىز، بۇنداق غەزەپلىك قارىسى-

www.uygburkitap.com

ڭىز . كىچىك بالا چىدىيالمايدۇ ، قورقىدۇ ، يۈرىكى ئاسقىپ كېتىدۇ...

— بۇ... بۇ پۇلنى ماڭا... نېمىشقا بېرىسىز ؟

— سىز دېگەن خەنزۇ تىلىنىڭ پىر كامىلى ، بىلمەيدىغىنىڭىز يوق ، — قەدىردانىنىڭ چىرايىدىكى يېلىنىشنى كۆرگەن مۇئەللىم خىجىل بولۇپ قالدى . — ھازىر ئىسلاھات دەۋرى ، ھەممە نەرسە تاۋار تۈسىنى ئالغان . شۇڭا ، سىز بىلىمىڭىزنى ماڭا سېتىڭ . بۇنداق دېسەم ، «بىلىمىمنى ساڭا سېتىۋېتىپ ، ئۆزۈم ئېشەك بالامدىم» دەپ ئاچچىقلاپ قالماڭ يەنە...

مۇئەللىم كۈلۈۋەتتى .

— سىز سەيگۇيۇەن ئەمەس ، ئەسلىدە ناتىق بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسىز ، — مۇئەللىم خىلىلا پەسكويغا چۈشكەنىدى ، — بولىدۇ ، مەن سىز ئۈچۈنلا ئىزدىنىپ ، ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر دەرسلىك تۈزۈي . بۇنداقتا سىنىپقا ئىككى خىل تەييارلىق بىلەن كىرىشىم كېرەك . ئەمما ، ماۋۇ پۇلىڭىزنى ئېلىپ كېتىڭ .

— ئالمىسىڭىز ، باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كېتىمەن ، — قەدىردانىنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى ، — پۇلۇمنى ئالماي تۇرۇپ مەن ئۈچۈن جاپا چەكسىڭىز ، ماڭا ئۆگەتكەن بىلىمىڭىز خۇددى بىراۋنىڭ بېشىدا كالتەك تەڭلەپ تۇرۇپ ئاغزىدىكى چايناۋاتقان نېنىنى تارتىۋالغانغا ئوخشاپ ، ۋىجدان ئازابىغا قالىمەن . ئۇنىڭدىن كۆرە ئوقۇمىغىنىم تۈزۈك .

— ياۋۇللا ، مەن سىزدەك بالىنى كۆرمىگەن . نەچچە ياشقا كىردىڭىز ؟

— يەنە بىر يىل سەككىز ئايدىن كېيىن 18 ياشقا كىرىمەن .

— ئۇنداقتا 16 ياشتا ئىكەنسىز ـ دە ؟

خاتىرجەملىك قەلب ئارامىنىڭ ئۇزۇقىمىش . شۇ كۈنى قەدىردان ھوزۇرلىنىپ ئۇخلىدى . ئەتىسى ئەتىگەن «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» ئاشخانىسىدا قىزىق سۈت بىلەن نان يەپلا ياتىقىدا

خەنزۇ تىلىنى سۆزلەشنى مەشىق قىلدى . لېكىن ، بىر خىل سۆز-
نى تەكرارلىغاندا ، ئاھاڭ ھەر قېتىم قېيىپ ، ئالدىنقىسى كېيىن-
كىسىگە ئوخشىمايتتى . مۇئەللىم بىلەن تەڭ ئوقۇغاندا زەپمۇ توغ-
را ، ئاھاڭدار چىقىۋاتقان سۆزلەر مانا ئەمدىلىكتە بىردە ئوڭغا ،
بىردە سولغا ، تۈرۈپلا پەسكە ، بىردەمدىلا يۇقىرىغا سامداپ ، ھېچ-
نېمىگە ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى . قەدىردان بىرنەچچە قېتىم
كىتاب - دەپتىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى . ئۇ پەقەت توغرا
تەلەپپۇز قىلىشنىلا نەچچە كۈن مەشىق قىلدى . ھەر كۈنى مەكتەپ-
تىن كېلىپلا شۇ كۈنى ئۆگەنگەن سۆز - جۈملىلەرنى ياتقىدا كېچە
بىر ۋاقلارغىچە ھەجىلەيتتى . قەدىردان غەزەپلىنىپ ، ئاچچىقلاپ ،
كىتاب - دەپتەرلەرنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەنلىك بىلەن ئۆگەن-
مەكچى بولغان نەرسىلىرىنىڭ قورقۇپ قالمايدىغانلىقىنى ، ئۆزلۈ-
كىدىن ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ
يەتكەندە ، خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى . ئۇ بىر كۈنى تەلەپپۇز
قىلىشنى مەشىق قىلىپ ، چۈش بولۇپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى .
قەدىردان قورسىقىنىڭ بىردىنلا «كىر» قىلغىنىنى ئاڭلاپ ئورنى-
دىن تۇرۇپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى .
ئۇ ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ، ئىشكنى
گۈپلا يېپتى - دە ، كارىدورغا چىقتى . قەدىردان كارىدوردا كېتىۋې-
تىپ دېرىزىدىن پەسكە قارىغانىدى ، ھويلىدا كىم بىلەندۇر پاراڭلى-
شىۋاتقان غەيرەت جاڭدۇنى كۆرۈپ قالدى .

— غەيرەتكا ، — قەدىردان قولىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرى-
دى ، — بىردەم توختا ، مەن ھازىرلا چۈشىمەن...

قەدىردان پەسكە چۈشۈپ ، غەيرەت جاڭدۇنىڭ قېشىغا كېلى-
شى ، ئۇنىڭدىن گۈپلا قىلىپ ھاراق ھىدى كەلدى ، ئۆزىمۇ دەلدەڭ-
شىپ جىم تۇرالمايتتى .

— غەيرەتكا ، كۈپكۈندۈزدىلا مەست بولۇۋاپسەنغۇ ؟

— بېيجىڭدىن بىر بۇرادىرىم كەپتىكەن ، شۇنىڭ بىلەن ياتاق-
تىلا ئازراق ئىچىپ قالدۇق .

— بايا كۆرۈشۈپ تۇرغان تاقىرباشما ؟

— شۇ... شۇ... ئۇنى سەن ئايپاڭباش كۆرمە، ئۇ دېگەن باي گۇي.

— بېيجىڭدىن كەلگەن ئاغىنەڭنى ئاشخانىغا باشلىماي، ياتاقتا قۇرۇق هاراقتا زورلىدىڭما؟

— ئۇ بەك ئالدىراش هەم ئاممىۋى سورۇنلارغا ئۆچ.

— غەيرەتكا، ئەبەي گىتار، يەنە هېلىقى خېنەن توخۇسى دېگەن ئاغىنىلىرىڭنى چاقىر، چۈشلۈك تاماق بىلەن مېهمان قىلاي.

— ئەبەي گىتار بىلەن ئەيسا خېنەنجىر ئىككىسى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

قەدىردان بىر چاغدا هېلىمجاننىڭ: «ئۇلار نۆۋەتلىشىپ ئىچ-كىرىدىن خىروئىن ئەكىلىدۇ...» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى-يۇ، چاندۇرمىدى.

— ئۇنداق بولسا، غەيرەتكا، ئاشخانىنى ئۆزۈڭ تاللا، قىممەت-ئەرزان دەپ ئولتۇرما...

— ۋاھ، قالتىسقۇ سەن، — غەيرەت قەدىرداننىڭ دولىسىغا قارسىلا بىرنى ئۇردى، — بىراق، ئۇكا، چۈشتىن كېيىن بارىدىغان يېرىم بار، شۇڭا «جەننەت»[1] كە كىرىلى.

ئۇلار «جەننەت»نىڭ كىچىككىنە خاس خانىسىغا كىرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشى، زۇلئاي خۇددى ماراپ تۇرغاندەكلا پەيدا بولدى. ئۇ شۇنچىلىك خۇشخۇي ئىدىكى، تاتلىققىنا كۈلۈمسىرىگىنىچە بىر تولغاندى، ئۇنىڭ بۇ ناز-كەرەشمىلىرى گۈزەللىكىگە خالدەك ياراشتى.

— نېمە يەيسىلەر؟ — زۇلئاي قەدىردانغا لەپپىدە كۆز تاشلىدى، — بىردەمدىلا تەييار قىلدۇرۇپ بېرىمەن.

— غەيرەتكا، سىزنىڭ نېمە يېگۈڭ بار؟ — سورىدى قەدىردان.

— ئوخشاش... بولدىلا، دىڭ-دىڭ سومەندىن ئىككى

---

① جەننەت — «هۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى. هۆسنارخان خىروئىن ئەتكەسچىسى بولغاچقا، ئاشۇ مەخپىي ئىسمىنى قوللىنىدۇ.



www.uyghurkitap.com

تەخسە بولسۇن .

— لازا سالسۇنمۇ ، سالمىسۇنمۇ ؟ — زۇلئاي قەدىردانغا قاراپ گەپ قىلىۋاتاتتى .

— لازىسى بولمىغان ئاش بولامدۇ ، خانقىز ، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ كۆزلىرىنى قىسقان ھالدا .

— يا بۇ مېھماننى دەيمىنا ، — زۇلئاي قەدىردانغا يەنە كۆز تاشلىدى ، — لازىغا مەيلى بارمۇ ، يوقمۇ...

قىزنىڭ كەتكۈسى يوقتەك قىلاتتى . ئۇ ئۆنى - بۆنى سوراپ تۇرۇشى ، خۇددى دەز كەتكەن تەشتەكتەك خىرقىراق بىر ئاۋاز ئۆنى چۆچۈتتۈۋەتتى :

— زۇلى ، ئىشىڭنى قىل ، ھوي لالما...

ئالما ئۇزۇقى ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدە خۇددى يونۇمىغان توغراقتەكلا يوغان بىر خوتۇن ساپسېرىق چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، پۈتلىرىنى كەرگەن ھالدا قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئېڭەك ئاستى ، مەڭزلىرى ، قاپاقلىرى سۇ كۆتۈرۈپ قالغاندەك لىغىرلاپ تۇرغاچقا ، يۈزى خۇددى پىشىپ ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكەن غاز قوغۇنغا ئوخشايتتى .

زۇلئاي ئەندىككىنىچە چىقىپ كەتتى . غەيرەت قەدىردانغا ئېڭىشىپ ئاستا پىچىرلىدى :

— ھۆسنارخان دېگەن جادى ئاشۇ ، ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ، دەھشەت ئازازۇل . ئۇنىڭ ئېرى ئاباق توختى قورۇمچى ، ئەمما زەيپانە ...

— زەيپانە ؟ — قەدىرداننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، — بۇ ... بۇ نېمە دېگەن گەپ ؟

— نىم ئەر ، نىم ئايال ...

— ۋاي يەنىلا ئۇقالمىدىم ...

— ھەي دېۋەڭ ، شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭ يەتمىدىما ؟ بەزىدە ئەر ، بەزىدە ئايال دېگەن گەپ .

— ۋاي خۇدايىم ، مۇنداقمۇ ئىشلار باركىنا ...

غەيرەت جاڭدۇ ھۆسنارخان ۋە ئۇنىڭ ئېرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، ھۆسنارخان قىزى زۇلئايغا قىرىچە - يېنىچە تېگىپ، ئەشتىرىنى تىڭشاۋاتاتتى.

— ھۇي ئەرسىرەپ قالغان ئىنەك! بىر نېمىلىرىڭ قىمتىپ ئۇلتۇرالماي قالدىڭما؟

— ياقەي، ئانا، تاماق تىزىملىكىنى سورىغانىدى، ئاپىرىپ بەردىم شۇ...

— مەن كۆرمىگەن بولسام كاشكى! بەللىرىڭنى تولغاپ، ساغرىلىرىڭنى چايقاپ، قاش - كۆزلىرىڭنى ئويىنىتىپ نېمىگە شۇنچە غىلجىڭلاپ كەتتىڭ، قانجۇق...

زۇلئاي ئالىقانلىرىدا يۈزىنى قامالىغىنىچە ئىچكەركى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— كۆرگەنسەن، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ قەدىردانىغا، — ئەنە شۇنداق يولسىز، بىشەم خوتۇن ئۇ. زۇلئاي يېنىمىزغا كېلىپ ئىككى ئېغىز پاراڭلاشقىنىغا قىلىۋاتقان ئۆكتەملىكىنى قارا. ئېرى ئاباق توختىنى قوغىنىڭ قىسىلچىقىغىمۇ ئالمايدۇ. كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ مېەنجاڭ كازىم بىلەن ئوينايدۇ...

— مېەنجاڭ دېگەن نېمە ئۇ؟

— خېمىر يۇغۇرۇپ، لەڭمەن تارتىدىغانچۇ؟

— ئېرى گەپ قىلمامدا؟

— ئېرى ئاباق توختىمۇ كازىم پاتاق بىلەن ئوينايدىغان تۇرسا...

— نېمە دەۋاتىسەنوي، غەيرەتكا؟ ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغقۇدەك گەپ قىلە.

— بۇ جاھاندا بارغۇ قارا، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان نى - نى ئىشلار بار تېخى، — غەيرەت تاماق يېگەچ گەپ قىلماقتا ئىدى، — بۇ خوتۇننىڭ چوڭ قىزى ئەختەرنىسا گۇاڭجۇدا چوڭ ئوقەت قىلىدۇ، ئوغلى ئەسەت ئەرۋاھ بولسا ئانىسى، دادىسى، ئاچىسى تاپقاننى چېكىپ تۈگىتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

تاماق شىرەسىگە جەينەكلەپ ، ئاغزى بېسىقماي گەپ قىلىۋات-
قان غەيرەت جاڭدۇ ھوشىنى يوقىتىپ قويغۇدەك مەست بولمىسى-
مۇ ، قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپلەرنى ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن
قىلىۋاتاتتى . قەدىردان كۆڭلىدە : «ئەگەر ئۇ ساق بولسا مۇشۇ
گەپلەرنى قىلارمىدى ؟ » دەپ ئويلىدى . شۇڭا ، ئۇمۇ ئاغزىغا كەل-
گەن گەپلەرنى ئاياپ ئولتۇرماي سوراۋەردى :

— غەيرەتكا ، چوڭ ئوقەت دېگىنى خروئىن سېتىشما ؟

— تىنىش ... — غەيرەت بارمىقىنى كالپۇكىغا قويدى ، —
ئاستا گەپ قىل ، ھۆسنارخان ئاڭلاپ قالسا ، ئىشتان - كۆڭلىكىنى
سېلىپ چىقىدۇ .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— قىزى گۇاڭجۇدىن ئەۋەتكەن مالنى مۇشۇ ئاشخانىدىن تار-
قىتىدۇ ، — غەيرەت ئاشخانىغا قاراپ ۋارقىرىدى ، — ھەي ، ئاش
سۇيى ئەكېلىۋېتىڭلار ! شۇڭا ئاشخانىدا خروئىن ھەققىدە گەپ
قىلغىلى قويمايدۇ . سېنى ئاغزىڭنى چىڭ دەپ دەۋاتىمەن جۇمۇ ،
چېكەتكە ، ئەگەر بىرەر يەردە ئاغزىڭدىن چىقىپ كەتسە ، ئۆزۈڭگە
ئارتىپ قويىمەن .

— خاتىرجەم بوله ، بۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە مېنىڭ ئاغزىم
ئاچقىلى بولمايدىغان دات باسقان قۇلۇپ .

— ھەببەللى ، مۇشۇنداق يەرلىرىڭنى دەپ ئارىلىشىمەن - دە .
بولمىسا ، نى - نى سۆلىتىنى ئات تارتالمايدىغان ھېجىقىزلارنى
پوش دەيمەن .

بۇ ئارىلىقتا تەتۈر ئۇستىخان ، مۇرىلىرى كەڭ ، گەۋدىلىك ،
يۈز - بويۇنلىرىنى يىرىڭلىق قىپقىزىل دانىخورەك قاپارتمىلىرى
قاپلىغان ، 35 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى مىس رەڭ چىراي بىر ئادەم
ئاپقۇر چىنىدە ئاش سۇيى ئېلىپ كەلدى .

— ئاش سۇيى دەپ ۋارقىرىسا كىمكىن دەپتىمەن ، غەيرەتجان-
كەن ئەمەسمۇ ، — دېدى ئاش سۇيى ئەكەلگەن قوپال جىسىم ، —
چۈش ۋاقتىدا ئاشخانىدا خېرىدار كۆپ ، ھەممىمىز خۇددى ئىككى

www.uyghurkitap.com

قوشۇقتا ئاش يېگۈدەك ئالدىراش بولۇپ كېتىمىز.

— خېرىدارمۇ قاراڭ، كازىمكا، تامىقى ياخشى ئاشخانىغا ئاقىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— راست دەيسىز، غەيرەتجان…

قوپال جىسىم كېتىپ قالدى. قەدىردان غەيرەتكە قارىدى. غەيرەت ھېلىلا كەتكەن دانىخورەك ئىچكەركى تاماق راسلايدىغان ئاشخانىغا كىرىپ كەتكۈچە تىكىلىپ تۇردى.

— ھۆسنارخان بىلەن ئاباق توختىنىڭ كالتەكچىسى كازىم دېگەن شۇ…

قەدىردان غەيرەت بىلەن تاماق يېگەچ «جەننەت»نىڭ خېلىلا ئىنچىكە ھېكايىلىرىنى ئۇقۇۋالدى. بىراق، ئۇنىڭ زۇلئايىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بۇ چىرايلىق، ناز ـ كەرەشمىلىك كىچىككىنە قىز خۇددى قاغا ـ قۇزغۇن، بۆرە ـ سىرتلانلارنىڭ قورشاۋىدا قالغان كېيىك قوزىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

چۇشلۇك تاماق ۋاقتى بولۇش بىلەن بىر پەس «ئولتۇر ـ قوپ» دېگەندەك بېسىق بولۇپ كەتكەن ئاشخانا بارا ـ بارا پەسكويغا چۈشۈپ جىمىپ قالغان بولسىمۇ، زۇلئاي پەشتاختا ئىچىدە پۇل ساناۋاتقان ئانىسىدىن قورقۇپ، تاماق راسلاش بۆلۈمىدىن سىرتقا چىقالمىدى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا غەيرەت قەدىردانىنى جەينەكلەدى. قەدىردانمۇ پەردىسى بىر تەرەپكە يىغىۋېتىلگەن ئىشىكتىن ئاشخانا زالىغا قارىدى. دېگەندەك، تاماق راسلاش ئۆيىدىن چىقتىمۇ ياكى ئاشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى ھويلىدىن كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ، 18 ياشلاردىكى بىر مېيىپ بالا ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك، پۇتلىرىنىڭ ئۇچى گىرەلەشكەن ھالدا غالدۇس ـ غۇلدۇس دەسسەگىنىچە غەلىتە ئاۋازدا گۇڭراپ، ئاشخانا زالىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قوللىرىمۇ ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ ھەرىكەتلىنىپ، خۇددى پىيى تارتىشىپ قالغان ئادەمدەك كىرىشىپ قالغانىدى. بالىنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شۆلگىيى، بۇرنىدىن ساقىغان پوتلىسى ئېڭەكلىرىدىن سوزۇلۇپ چۈشۈپ، مەيدىلىرىنى شىلىمشىق ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

ھۆسنارخان پەشتاختىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ بولغۇچە، بالا غەلىتىلا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ نېمىلەرنىدۇر دەپ كەتتى:

— ئاپ… ئاپ… ئاپپاپپا… دا… دا… پاتتا… ھۇ… ھۇ… ھۇ … — مېيىپ بالا قولىنىڭ ئارقىسىنى ئاغزى-بۇرنىغا سۈۋاپ، يۈزلىرىنى بۇلغىۋەتتى … بىردەمدىلا چىرايى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك دەھشەتلىك پۈرۈشۈپ كەتكەن ھۆسنارخان ئاشخانا ئارقىسىغا قاراپ قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئاباق! ھەي ئاباق توختى! كۆتىگە پىۋا بوتۇلكىسىنى تىقىۋەتسە، يەنە بارمۇ دەيدىغان ھەزىلەك…

ئاشخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي، پارقىراپ تۇرغان يۇمىلاق يۈزىدە ساقال دىدارى يوق، ئورا كۆز، بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق بىر ئادەم ئۇششاق دەسسەپ غىتىلداپ چىقىپ كەلدى.

— نېمە دەيسىلە، ھۆسنار، بوراندا قالغان بوغما قاپاقتەك ئاۋازىڭلا غەلىتە چىقىپ كەتتىيا…

— ھوي بېلىنىڭ ئاستىغا سۇيۇقئاش بارمىغان ئەزمايىلا ھېجىقىز، — ھۆسنارخان قوللىرىنى شىلتىدى، — مۇشۇ بالىنى زاڭلىق قىلمىساڭ، دورىمىساڭ، يېگەن بىر نېمىلىرىڭ تېنىڭگە سىڭمەمدا سەن ناكەسنىڭ…

— ئۇ… ئۇ بىر نېمەڭنى كىم دوراپتۇ؟ ئۇۋۇش… تە … — ئاباق توختى قاپاقلىرىنى سۈزدى، — مېنى كۆرسىلا پوتلا-ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يىغلايدىغۇ تاڭ، بۇ گالدۇ-گۇلدۇك پەپىلىقۇش …

— ھەي ماز كۆتلەش، مەن سېنى بىلمەمدىم، — سېرىق ئۆڭ ھۆسنارخان ئاچچىقىدا ھال رەڭ بولۇپ كەتكەنىدى، — مۇشۇ بالىنى كۆرسەڭلا پۇت-قوللىرىڭنى مايماق-سايماق قىلىپ، ئاغزى-بۇرۇنلىرىڭنى ھەررەڭ-سەررەڭ پۈرۈشتۈرۈپ دورىغىنىڭ دورىغان … ھۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن پىسە!

— ھوي ھۆسنار، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە جۇمۇ، ھېلى بىكار

ئاناڭنىڭ قوڭىدىن چۈشكەنگە تويغۇزماي ...
ئاشخانىدىكى بىرقانچە ئادەم ئالدىدا ئۆزىنى پايلىماي شىلتىپ
ئاتقان ئاباق توختى ئايلاندۇرۇپ سالغان تەتۈر شاپىلاقتىن ئارقىسى-
غا تىكلا چۈشۈپ كەتتى ـ دە ، دەرھاللا ئۆمىلەپ قوپۇپ ، ئاشخانى-
نىڭ ئارقىسىدىكى هويلىغا قاچتى . هۆسنارخانمۇ ئۇنىڭ ئارقىسى-
دىن قوغلاپ كىرىپ كەتتى . ئاباق توختىنىڭ : «ۋاي-جان...
بوشراق ... هوي بىر زەمبىل پوق ، قولۇڭنى تارت دەيمەن... »
دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى...
— غەيرەتكا ، — دېدى قەدىردان پىچىرلاپ ، — ئاباق توختى
نېمىشقا مېيىپ بالىنى دوراپ ، مەسخىرە قىلىدۇ ؟
— سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا ، ئۇكا ، — غەيرەت سەل
ئېڭىشىپ شىۋىرلاشقا باشلىدى...
ئەر ـ خوتۇن كۆك تاماكا ساتىدىغان ئاباق توختى بىلەن
هۆسنارخان قىزى ئەختەرنىسا سەككىز ياشقا ، ئوغلى ئەسەت ئەرۋاھ
ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ، هۆسنارخان قاسساپ قۇربان كۆپۈك
بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ ، ئۇلار ئاجرىشىپ كەتتى . ئىككى بالىسىنى
ئېرىگە بەرمىگەن هۆسنارخان قۇربان كۆپۈك بىلەن ئۇرۇمچىدە
يەنىلا تاماكىچىلىق قىلدى . نوپۇسسىز بۇ ئاققۇنلار قىزىل قەغەز
ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، نىكاھمۇ قىلماي بىر ئۆيگە كىرىۋالدى .
ئۇزاق ئۆتمەي ئۆمۈلاقمان تىلىنى چايناىدىغان ، چايىنىغانسېرى ئال-
غاي كۆزلىرى تېخىمۇ ئالىيىپ ، قارىچۇقى يوقاپ كېتىدىغان ،
پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ يىغىلىپ قالىدىغان ، ئاغزى ـ بۇرنىدىن
توختىماي سۇ ئاقىدىغان مېيىپ بالا ئىسمايىل تۇغۇلدى . بالىنىڭ
بۇ سىياقىدىن قورقتىمۇ ياكى هۆسنارخانغا قېنىپ ، سەسكەندىمۇ ،
ئىشقىلىپ ، مېيىپ بالا بىر ياشقا كىرەر ـ كىرمەيلا قۇربان كۆپۈك
يوقاپ كەتتى . ئۇ گۇاڭجو ، شېنجېنلارغا كىرىپ كەتتىمۇ ياكى
چەت ئەلگە چىقىپ كەتتىمۇ ، هېچ خەۋىرى بولمىدى . ئىسمايىل
ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ، دادىسىدىن ، ئانىسىدىن مىراس قالغان
ئىككى قورۇ ـ جاينى سېتىپ خېلىلا پۇللۇق بولۇپ قالغان ئاباق

توختى ئۇرۇمچىدە پەيدا بولدى . ئۇ بىر كۈنى قىزى بىلەن ئوغلىنى كۆرگىلى كېلىپ ، هۆسنارخان بىلەن ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپلا كەتتى هەم بار مەسلىهەت بىلەن « هۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى »نى ئېچىۋالدى . ئەزەلدىن زەهەر ـ زوقۇمى ئون غېرىچ ، ناز ـ خۇلقى يۈز غېرىچ هۆسنارخانىنىڭ بىر كۇلۇپ ، ئون خۇيلىنىپ ، يىلاندەك تولغىنىپ سىرلىق كۈلۈشلىرىدىن مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ كەتكەن ئاباق توختىنىڭ كۆزىگە هارامدىن بولغان مېيىپ بالىمۇ كۆرۈنمىدى . هۆسنارخان قوربان كۆپۈك بىلەن بىر ياستۇققا قانداق باش قويغان بولسا ، ئاباق توختى بىلەنمۇ ئەنە شۇنداق ئېتىبارسىز ، رەسىم ـ قائىدىسىز يوتقانغا كىرىشتى... مېيىپ بالا ئىسمايىل تۆت ياشقا كىرگەندە زۇلئاي تۇغۇلدى . ئەزەلدىنلا ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن كۆڭلىنى ئېچىپ ، ئويناپ كېلىۋاتقان ئاباق توختى كېيىنچە ئاشخانىغا تەمبەل ، سىن ـ سىپاتى قاملاشقان بىرەر ئەر كىرىپ قالدىمۇ ، بۇزۇق ئاياللاردەك قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىدىغان ، شىرە سۈرتكەن ، چاي قۇيغان باهانىدە ئۇيەر ـ بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ سىلايدىغان قىلىقلارنى چىقىرىۋالدى . ئۇنىڭ ئەرلەرگە بولغان ئىشتىياقى ئۆرلىگەنسېرى ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كازىمنى تالىشىش كۈندىلىكى باشلاندى . ئوچۇق ـ ئاشكارا قورساق كۆپۈكىنى چىقىرالمايدىغان بۇ يوشۇرۇن جەڭدە ، هۆسنارخاندىن دەردىنى ئالالمىغان ئاباق توختى مېيىپ بالىنى يالغۇز ئۇچراتتىمۇ ، ئۇنىڭ مېڭىشلىرىدىن تارتىپ ، پۇت ـ قوللىرىنىڭ تارتىشىپ قېلىشلىرىغىچە ، ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىنى غەلىتە شەكىللەردە پۇرۇشتۇرۇپ دوراپ ئۆچىنى ئالاتتى .

— غەيرەتكا ، — دېدى قەدىردان پەس ئاۋازدا ، — چىقىپ كېتەيلىلا...

— يۈرە ، ماڭ ، تولا سۆزلەپ ، كەيپىممۇ يېشىلىپ كەتتى ، — غەيرەت ئورۇندۇق ـ شىرەلەرگە سوقۇلۇپ ئاشخانا زالىغا چىقتى . ئۇ هۆسنارخانغا پۇل تاپشۇرۇۋاتقان قەدىردانغا قارىدى.

www.uyghurkitap.com

مايلا تالاغا چىقىپ كەتتى . تاماق تەييارلاش بۆلۈمىنىڭ تاماق سۇنۇش تۆشۈكىدىن ماراپ تۇرغان زۇلئاي سىرتقا چىقىپ كېتىۋات- قان قەدىردانغا ئاڭلانغۇدەك بوش ئاۋازدا يۆتەلدى . قەدىردان بۇ قەستەن بېرىلگەن شەپىنى سەزگەن بولسىمۇ ، ئاڭلىمىغانغا سالدى . ئۇ سىرتقا چىققاندا ، غەيرەت خۇددى تامدا ئۆسكەن قومۇشتەك ئىنچىكە ، ئېگىز ، سويماباش ، كۆزى كىچىك ، ئاغزى يوغان ، ئاق سېرىق بىر يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى .

— كېچىكىپ كەتتىڭغۇ ؟ — غەيرەت قەدىردانىڭ كۆزلىرىگە مەنە بىلەن قارىدى ، — بىر كىم بىلەن مۇڭدىشىپ قالمىغانسەن ؟

— نەدىكىنى ، خوجايىن پارچە پۇل تاپالماي ...

— مانا بۇ ئاغىنىمىز ، — دېدى غەيرەت ھېلىقى ئورۇقنى كۆرسىتىپ ، — ھۆسنارخان خوجايىنىنىڭ بىر تاللا تەۋەررۈك ئوغ- لى ئەسەت ...

— قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ — قەدىردان قول ئۇزاتقاچ ، ئەسەت ئەرۋاھ دېگەن شۇكەن - دە ، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ، — ئىسمىم قەدىردان ، خوتەندىن كەلدىم .

— ياخشى ، ياخشى ، — ئەسەت ئەرۋاھنىڭ چىشلىرى تاماكى- دىن قارىداپ كەتكەنىدى ، — نېمە ئوقەت قىلىسىز ؟

— سەيگۈيۈەن .

— ھوي ، كىچىككىنە تۇرۇپلا - ھە...

— خوش ، ئەسەت ، — غەيرەتنىڭ ئەسەت ئەرۋاھ بىلەن خۇشى يوقلۇقى چىرايىدىن چىقىپلا تۇراتتى ، — بىز كەتتۇق ، ئەسەت ، چۈشتىن كېيىن بىر يەرگە بارماقچىدىم...

غەيرەت جاڭدۇ يولىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپلا قەدىردان بىلەن خوشلاشتى . ئۇ بېيجىڭدىن كەلگەن ئاغىنىسى بىلەن مۇھىم بىر ئوقەت توغرىسىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئالدىراپلا كېتىپ قالدى . قەدىردان «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ ھويلىسىغا كى- رىپ ، ئەمدىلا بىنا ئالدىغا كېلىشى ، ھېلىقى ئاغزى پالاكەت بېلەت ساتقۇچى پاتەمخان يىراقتىنلا ۋارقىراپ - جارقىراپ يېتىپ

كەلدى :

— تووۋا ، تووۋا ، بۇ كەپتەر باچكىسىنى-تاپماق ئەجەب تەسكە چۈشتىيا ، — قارىمۇتۇق ۋىجىككىنە پاتەمخان ھاسىراپ كەتكەندى ، — چۈشتىن بىرى ، غوجام ، ئىككى قېتىم تېلېفون كەلدى . باشلىقلىرى ئوخشايدۇ ، گېپى خېلى يوغان ، ئەمدى كەچ سائەت توققۇز يېرىمدا نۆۋەتچى بۆلۈمدە تېلېفون ساقلىسىلا بوغىدەك…

قەدىردانىنىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچ» تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئوقۇشى ئالتىدىن ـ سەككىزگىچە رەسمىي دەرس ئۆتۈلۈپ ، ئەڭ مۇھىم پائالىيەت — توققۇزغىچە بىر سائەت سۆزلىشىش مەشقى ئېلىپ بېرىلاتتى . شۇڭا ، ئۇ دەرستىن چۈشۈپلا تاكسى بىلەن كەلسە تېلېفونغا ئۈلگۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى . ھازىر نۇسرەت مۇئەللىم قەدىردانىنىڭ ئارزۇسى بويىچە سودا ئىشلىرىغا ئائىت دەرسلىك تۈزۈپ ، ئايرىم دەرس ئۆتۈۋاتاتتى . بۇنىڭ ئۈنۈمى قەدىردانىنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى .

شۇ كۈنى ئوقۇشتىن بالدۇرراق قايتقان قەدىردان نۆۋەتچى بۆلۈمدە تېلېفون ساقلىدى . راستتىنلا سائەت توققۇزدىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە تېلېفون ئارقا ـ ئارقىدىن جىرىڭلىدى . قەدىردان تېلېفوننى ئېلىشى ، ئوبۇلھەسەننىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلىدى . قەدىردان دەسلەپىلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ، ئاچىسى گۈلنۇر ، ئىنىسى ئابدۇراخمانلارنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى سورىدى ، ئاندىن «ياشلار بىناسى»نىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلدى .

— ھەي قەدىردان ، — دېدى ئوبۇلھەسەن ئۈنلۈك ئاۋازدا ، — 280 توننا مال يولغا چىقتى ، ئىندىنىلىققا كەچ «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»غا چۈشىدۇ . ئاڭلاۋاتامسەن؟ يەنە ھەپتىدىن كېيىن 200 توننا مالنى ماڭدۇرىمەن…

— ئوبۇلھەسەنكا ، ماڭدۇرىدىغان مالنىڭ ھەر بىر تۈرىنىڭ توننا سانى ئېنىق بولسۇن ، — ۋارقىرىدى قەدىردان ، — چۈنكى ئىككى قېتىملىق مالغا بىر يولىلا توختام تۈزىمەن . كەم ياكى ئوشۇق بولۇپ قالسا توختام بۇزۇلىدۇ .

— خاتىرجەم بول ، بۇ تەرتىپى ماڭا ئايان، — ئوبۇلھەسەنمۇ ۋارقىرىدى ، — ھەي قەدىردان ، مىجىت قادىر دېگەن شوپۇردا بىر پارچە خەت بار ، شۇنى ئوقۇساڭ سەن قىلماقچى بولغان ئىشلارنىڭ تۈرى ھەم تەرتىپى بار ، شۇنداقلا سىنىڭ ئايلىق مائاشىڭ ۋە كاماندىروپكا پۇللىرىڭ ئېنىق يېزىلغان . كەم يەرلىرى بولسا تېلېفون ئارقىلىق دەرسەن .

قەدىردان ھازىر ئۆزىنىڭ كەچ كۇرستا ئوقۇۋاتقانلىقى ، خەنزۇ تىلىنى بىلمىسە نۇرغۇن ئىشلارنىڭ يۇرۇشمەيلا قالماي ، بۇزۇلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى دېگەندە ، ئوبۇلھەسەن ، ئۇرۇمچىدە تۇرغان كۈن ھەم ئوقۇش رەسمىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە «ياشلار بىناسى» ئىگە بولۇپ ، ئاتچوت قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى .

قەدىردان شۇ كۈنى كەچتە بىرەر سائەت خەنزۇ تىلىنى سۆزلەشنى مەشىق قىلىپ ئۇخلاپ قالدى . ئۇ ئەتىسى چۈشكىچە يەنە تەكرار قىلدى . ئاندىن «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى »غا كىرىپ گۆشناندىن ئىككىنى بۇيرۇتتى . چۈنكى ، بىرنى ياتىقىغا ئېلىپ كېتىپ كەچتە چاي بىلەن يەۋالسا ، ئۆگىنىشكە ۋاقىت تېجىگىلى بولاتتى . چۈش ۋاقتى بولغاچقا ، ئاشخانىدىكى شىرە ـ ئورۇندۇقلار توشۇپ كەتكەنىدى . مېھمانلار كازىم خېمىرلارنى غولاچلاپ تارتىپ ، ئاشتاختىغا ئۇرماقتا ئىدى . قورۇما قورۇغۇچى ئاباق توختى قورۇمىلارنى قورۇپ ئۇلگۇرتەلمەيۋاتاتتى . مۇلازىملار ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى… شۇڭا ئاباق توختى قەدىرداننىڭ گۆشنېنىنى زۇلئايغا بۇيرۇدى . ھۆسنارخانمۇ ئەرلەرنىڭكىدەك بوم ئاۋاز بىلەن :

— ھەي پاخپاق ، كۆڭلۈكنى چاچماي قىل ، ماقۇما… كۆزۈڭ ئەكتىلەرنىڭ بىر يېرىدە بولۇپ قېلىپ ، قولۇڭنى چاناپ قيىمىغا قوشۇۋەتمە يەنە ، — دەپ پەشتاختىا ئىچىگە چۆكتى . زۇلئاي خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ، نەدىندۇر بىر ئورۇندۇقنى تېپىپ كېلىپ قەدىردانغا قويۇپ بەردى ۋە بىر پىيالىنى قايتا ـ قايتا چايقاپ چاي قۇيۇپ ، قەدىرداننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى .

— بىردەم ئۆلتۇرغاچ تۇرسىڭىز ، خاس بۇلۇملەرمۇ بىكار بولىدۇ ، — دېدى زۇلئاي تاتلىققىنا كۈلۈمسىرەپ ، — گۇشنېنىڭىزنى ئاغزىڭىزدا قېلىپ قالغۇدەك ، مەززىلىك ، شورپىدىلىق قىلىپ بېرىمەن...

— بولدى ، بولدى ، ئۇقتۇم ، يېنىمدىن دەرھال كېتىڭ ، — قەدىردانىنىڭ كۆزى پەشتاختىنا ئارقىسىدىكى ئازازۇل خوتۇندا قالغانىدى ، — ئاپىڭىز كۆرۈپ قالسا سىزمۇ ، مەنمۇ تىل ئىشتىپ قالىمىز .

— ئاپام مېنى ۋار - ۋۇر تىللىغىنىنى بىلەن ، ماڭا ئامراق...

— راست ئامراقكەن !

— تۈنۈگۈن قېشىڭىزدا غەيرەت جاڭدۇ بولغاچقا ، ئاشۇنداق سەپرايى ئۆرلەپ قالغان گەپ .

— غەيرەتكام سىزگە نېمە قىلغان ، ئاپىڭىزنىڭ ئاغزىدىن شۇنچىۋالا پوق ئاققىلى ؟

— بىلمەيمەن ، ئىشقىلىپ ، ئۇلارنىڭ پۇرچىقى پىشمايدۇ .

— تېز كېتىڭ دەيمەن ، ئاپىڭىزنىڭ قاپاقلىرى ئامۇتتەك ساڭگىلاپ كەتتى .

زۇلئاي ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئۇستەل ئۇستىدە پىياز چاناپ ، گۇش قىيما قىلىپ ، پات - پاتلا قەدىردانغا قىيا بېقىپ كۈلۈپ قوياتتى . ئۇ ئانىسىغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغاچقىمۇ ، ھۇسنارخان قىزىنىڭ تاتلىققىنا جىلمىيىشلىرى ۋە كۆز بېقىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاشخانىمۇ سېلىكىپ قالدى . قەدىردان ئورنىدىن تۇرۇپ خاس خانىغا ئەمەس ، ئاشخانا زالىدىكى بىكارلانغان تاماق شىرەسىدە ئولتۇردى . ئۇ شۇنداق قىلسا ، زۇلئاينىڭ ئانىسىدىن ھېيىقىپ يېنىغا كېلەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . بۇ چاغدا زۇلئاي گۇشنانىنى تاۋىغا سېلىپ دۇملەۋاتاتتى . تۇيۇقسىز كىچىك پوپكا قولتۇقلىغان نۇسرەت مۇئەللىم ۋارقىرىغىنىچە ئاشخانىغا

كىرىپ كەلدى :

— گۇمان قىلغىنىمدەك مەشەدىكەنسىز ، — نۇسرەت مۇئەللىم قەدىردانىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى . — مېھمانخانىدىكىلەردىن سورىمىغىنىم قالمىدى ، ئاخىر گۇمان بىلەن كېلىۋىدىم…

— زۇلئاي قىز ، مېھمانغا چاي قۇيۇۋېتەمسىز ؟

زۇلئاينىڭ خۇشاللىقى كۆزلىرىنىڭ نۇرلىنىپ كېتىشىدىن بىلىندى . ئۇ كولۇمىسىرىگىنىچە نۇسرەت مۇئەللىمگە چاي قۇيدى ۋە : «گۆشنان بىرئاز دەم يەۋالسۇن» دەپ قويدى .

— ئەسلىدە مېھمىنىڭىز باركەن ـ دە ، — زۇلئاي كولۇۋىدى ، ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈندى ، — مەن تېخى ئىككى گۆشناننى قانداق يەپ بولا ، دەپ غەم قىلىپ كېتىپتىمەن…

— قەدىردان ، بۇ قىز… نېمىلەرنى دەيدۇ ؟ — نۇسرەت مۇئەللىم ھەيران بولغاندى .

— مەن سىزنى كېلىدۇ دەپ ، گۆشناندىن ئىككىنى بۇيرۇتقان .

— نېمە ؟ — مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى چىمچىقلاپ كەتتى ، — مەن . . . ھېچ ئۇقالمىدىمغۇ ، — مۇئەللىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۆڭلۈم تۇيۇپ ، گۆشناندىن بىرنى ئارتۇق بۇيرۇتقان ، — قەدىردان مۇئەللىمنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزدى ، — ئەمدى كېتىمەن دېسىڭىز قاملاشمايدۇ ، ئۇشۇق تاماقنى تالاغا تاشلىۋېتىمەنما ؟ خوش ، مۇئەللىم ، ئاغزىڭىز گەپ يوقىغۇ…

— مۇنداق ئىشتى ، قەدىردان ئىنى ، — مۇئەللىم يوپكىسىدىن يانچۇق ئۇنئالغۇسىنى ئېلىپ ، تاماق شىرەسىگە قويدى ، — بۈنى سىزگە ئالدىم . بۇ تىل ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ئەپلىك نەرسە…

— بۈنى مەنمۇ ئويلىغان ، مۇئەللىم ، — دېدى قەدىردان



www.uyghurkitap.com

ئۇنىئالغۇنى سىلاپ قويۇپ ، — لېكىن ماڭا مۇناسىپ سودا مەزمۇنى ئېلىنغان لېنتا بولمىسا...

— قىزىقكەنسىز ، قولۇپ ياسىغان ئوغرى ، ئاچقۇچ ياسىماق-دۇ ، قېنى تىڭشىغۇچنى قۇلىقىڭىزغا تىقىڭ ، — مۇئەللىم ئۇنىئال-غۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قويدى ، — قانداق ، ئاڭلاندىمۇ ؟

— ياھ ! — قەدىردان ۋارقىرىۋەتتى ، — ئەجەب ياخشى ئوغ-رىكەنسىز ، مەن بۇ چاغقىچە بۇنداق ياخشى ئوغرىنى كۆرۈپ باقمى-غان ! دەرسنى ئۆزىڭىز سۆزلەپسىز - ھە ؟

— ئىككى كېچە ھەپىلىشىپ ئاران ئالدىم ، — دېدى مۇئەل-لىم ، — بىردە غاژ - غۇژ ياۋا ئاۋاز ئارىلىشىۋالىدۇ ، بىردە ئاۋاز پەسلەپ كېتىدۇ ...

ئىككىلا قۇلىقىدىكى تىڭشىغۇچتىن دەرس ئاڭلاۋاتقان قەدىر-دان ئۆزىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئۇنتۇپ ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆ-تۈرگىنىچە يەنە ۋارقىرىۋەتتى :

— ياشىسۇن ، قولۇپ ھەم ئاچقۇچ ياسايدىغان ئەستايىدىل ئوغرىلار !

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە يوشۇرۇن قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقان زۇلئاي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى . پەشتاختا ئىچىدە مۈكچىيىپ ئولتۇر-غان ھۆسنارخانمۇ ئاغزىنى تۇتۇۋالغانىدى ، ھەتتا تاماق توشۇش تۆشۈكىدە ئىككى ئالىقىنىغا ئېڭەكلىرىنى قويۇپ قاراپ تۇرغان ئاباق توختىمۇ قاپاقلىرىنى سوزگىنىچە خىر... خىر كۈلۈۋاتاتتى .

— بۇ ئۇنىئالغۇدىن 100 نى مەن خوتەنگە ئەۋەتىپ بەرگەن ، — قەدىردان يانچۇقىدىن پۇل ئالدى ، — قېنى ئالسىلا ، مۇئەللىم ، ماڭا تىل ئۆگەتكەنلىرىنى ئاز دەپ ، زىيان تارتىسىلا بولماس...

— بۇنداق قىلسىڭىز 10 مىڭ يۈەن پۇلىڭىزنى بېشىڭىزغا ئاتىمەن ، — ۋارقىرىدى مۇئەللىم ، — مەكتەپكە ئوقۇش پۇلى تۆلەشتىن سىرت ، ماڭا بەرگەن 10 مىڭ يۈەن پۇلىڭىز ئاز پۇلما ؟ سىزنىڭ تىل ئۆگىنىشكە بولغان ئىشتىياقىڭىز مېنى قاتتىق تە-

سىرلەندۇرگەچكە مۇشۇنداق قىلدىم .

زۇلئاي توغرالغان ئىككى گۆشناننى لىگەنگە سېلىپ ئەكەلدى ، ئارقىدىن پىيالىلەرگە قىزىق دەملەنگەن چايدىن قۇيۇپ قويدى . ئۇلار ئىشتىها بىلەن يەۋاتقاندا ، تىل ئۆگىنىش ئۇچۇن ئوقۇش پۇلىدىن سىرت ، مۇئەللىمگە 10 مىڭ يۈەن بەرگەن ساخاۋەتتىن ھەيران بولغان ھۆسنارخان بىلەن ئاباق توختى بارماقلىرىنى چىشلىگىنىچە تېڭىرقاپلا قالغانىدى . زۇلئاي بولسا مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قەدىردانىنى خام يەۋېتىدىغاندەك قاراپ تۇراتتى . ئۇلار مۇشۇنداق ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇۋەرگەنمۇ بولاتتى ، بىراق ئاشخانىغا ئۇزۇن يەكتەك كىيگەن ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ بىرى 20 نەچچە ياشلىق يىگىت بولۇپ ، قارىماققا بىللە كىرگەن ئاقساقال ئادەم ئۇنىڭ دادىسىدەك قىلاتتى . ھۆسنارخان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى :

— مېھمانغا چاي قۇيۇڭلار !

— خانىم ، بىز تاماق يېگىلى كىرمىگەن ، بالا سەيگۈيۈەننى ئىزدەپ كىرگەن . ئاڭلىساق ، مەشەدە تاماق يەيمىش .

— بالا سەيگۈيۈەن ؟ — ھۆسنارخان ئەتراپقا قارىدى ، — بۇ يەردە بالا سەيگۈيۈەن نېمىش قىلسۇن ؟

— خوش ، چوڭ دادا ، نېمە ئىشلىرى بار ئىدى ؟ — قەدىردان ئورنىدىن تۇردى ، — بالا سەيگۈيۈەن مەن بولىمەن ...

ھۆسنارخان ، ئاباق توختى ، زۇلئاي ، نۇسرەت مۇئەللىملەر بالا سەيگۈيۈەن قەدىردانغا زوقلىنىپ قارىشىپ قېلىشتى ، ئۇلار بۇ ئاتا - بالىنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىگە قىزىقىپ قالغانىدى .

— خۇداغا شۈكۈر ، ھەر نېمە بولسا ئاخىر تاپتۇق ، — بوۋاي ساقاللىرىنى سىيپىدى ، — ئوغلۇم بىلەن ئىككى كۈندىن بېرى ئىزلىرىنى ئىزدەپ چىقمىغان دۆڭ ، چۈشمىگەن ئوي قالمىدى ، بالام...

— قورساقلىرى قانداق ، چوڭ دادا ، تاماق ئەكەلسۇنمۇ ؟
— يوقسۇ ، يوقسۇ ، بالام ، سىلىگە ھاجىتىمىز چۈشۈپ كىپ- قالدۇق مانا ، — ئاقساقال قەدىردان قويۇپ بەرگەن ئورۇندۇققا كىلىپ ئولتۇردى ، — ئەسلىدە بورداقچىلىق قىلىپ خىلىلا ئەتلە- نىپ قالغاندۇق ، ئەمما مۇشۇ بالام : «ۋاي دادا ، قاقچىلىق بىلەن بىر دىنلا بىيىپ كەتكىلى بولىدىكەن» دىسە ، يىزا - كەنتتىكى دىھقانلارنىڭ قاق ، مونەكلىرىنى يىغىپ ئەكەپتىمىز… يىتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە ، بۇرنى قاناپتۇ ، دەپ ، بۇ يىل بازارلارنى قۇرۇق مىۋە - چىۋە بىسىۋاپتۇ . نىمىدىگەن تالقان تۆكتى بولۇپ كەتكەن جاھان بۇ… غىت قىسىپ بورداقچىلىقىمىزنى قىلىۋەرسەك- چۇ… مانا ئەمدى بوزچى ھالۋىچى بولسا كۆزىنى چاپاق باسقاندەك ، ئەكەلگەن مىلىمىزنى ساتالماي 40 كۈندىن بىرى يىتىپ كەتتۇق ، ئۇرۇمچى بەكمۇ ھۆلچىلىك يۇرتكەن ، ماللىرىمىز سىسىپ كەتسە ، بۇ زىيانىنى تۆلىيەلمەي ، روزغارىمىز توزۇپ كىتىدۇ .
— ئاڭلىساق ، — دىدى ياش بالا ، — ئاقسۇلۇقلارنىڭ 400 تونىنا ، كۇچالىقلارنىڭ 180 توننا مىلىنى شۇنداق چىرايلىق پۇل قىلىپ بىرىپتىلا ، ئەمدى بىر يۇرتلۇق بىر يۇرتلۇقنىڭ قاياشى دەپ ، بىزنىمۇ نائۇمىدتە قويماس دەپ ئۆزلىرىنى ئىزدىگەن…
— نىمە يۆتكىگەن ، قانچىلىكتى ؟
— 110 توننا گۈلە - قاق ، 50 توننا قارىئۆرۈك قىقىنى گۈمىدىن يۆتكىگەن .
— كۆپ ئەمەسكەنغۇ . ھە ، نەگە چۈشۈردۈڭلار ؟
— «غەربىي دىيار مىۋە - چىۋە شىركىتى» گە .
— «غەربىي دىيار مىۋە - چىۋە شىركىتى» دىن باشقا ، «قو- ڭۇرتاش» ، «داخىيەن» دىكى مىۋە - چىۋە شىركەتلىرىدە سىتىپ بەرسەممۇ بولامدۇ ؟
— مەيلى ، غوجام ، مەيلى ، — بوۋاي خۇشلۇقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — بۇ دەردسەردىن قۇتۇلايلى ، ھايانكەشلەرگە بىرد- ۋىتەيلى دىسەك ، ئىزىنىڭ يىرىمىغىمۇ سورىمايدىكەن…

قەدىردان ئاتا ـ بالا ۋە مۇئەللىمنى باشلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان-
دا ، ئاشخانا ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمىپ كەتكەنىدى .
ھۆسنارخان ، ئاباق توختى ، زۇلئايلار قانداقتۇر ئۆزىمۇ دەپ بىرەل-
مەيدىغان ھۆرمەت تۇيغۇسىدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى .
بۇ چاغدا يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ بولغان قەدىردان ھايال بولماي
چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ياتىقىغا كىرىپ كەتتى ، ئۇزاق ئۆتمەيلا
سومكىسىنى قولتۇقلاپ يېنىپ چىقتى . نۇسرەت مۇئەللىم خوش-
لاشماقچى بولۇۋىدى ، قەدىردان : «ئازراق ئىشىم بار ، ياردەم قى-
لىڭ» دەپ تۇرۇۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاكسىغا چۈشۈپ
«غەربىي دىيار مېۋە ـ چېۋە شىركىتى»گە يۈرۈپ كەتتى . قەدىر-
داننىڭ كاللىسى چاقماق تېزلىكىدە ئىشلىمەكتە ئىدى . بۇ 110
توننا گۈلە ـ قاق ، 50 توننا قارىئۆرۈك قېقىدىن ئىبارەت ئازغىنا
مالنى «قوڭۇرتاش»تىكى لۈك داتۇغا ياكى داخىيەن شىركىتىنىڭ
خوجايىنى ياڭ مىڭسەنگە تەڭلەپ ، بىر ئاياق قېتىقىنىڭ يۈزىنى
يۇزغانغا تۇشلۇق ئىش يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغقىچە
مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈپ باقمىغان «غەربىي دىيار مېۋە ـ چېۋە
شىركىتى»نىڭ خوجايىنى جاڭ يۈچىڭنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بې-
قىش ئويىمۇ ئۇنى قىزىقتۇرۇۋاتاتتى . ئەلۋەتتە ، ئۆگۈنلۈككە كەچ
يېتىپ كېلىدىغان 280 توننا ، يەنە ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭغا ئۇلىشى-
دىغان 200 توننا مالنى ياڭ مىڭسەن ، لۈك داتۇلار بىلەن سودىلاش-
سا ئىشەنچلىك بولاتتى . چۈنكى ، سىنالمىغان دوستتىن ، سىنالغان
دۈشمەن ئەلا ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ . قەدىرداننى بەكمۇ قىزىق-
تۇرۇۋاتقان نەرسە 50 توننا قارىئۆرۈك قېقى بولۇپ ، ئۇنىڭ خېرى-
دارى كۆپ ئىدى . مىللىي تېبابەت شىپاخانىلىرى ، دورا زاۋۇتلى-
رى ، كونسېرۋا ئىشلەش شىركەتلىرى قانچىلىك بولسا ، شۇنچى-
لىك ئالاتتى ، باھاسىمۇ ئۆرە ئىدى .

قەدىردان «غەربىي دىيار»نىڭ چەكسىز كەڭرى كەتكەن توپ
سېتىش بازىرىغا كىرىپ تاكسىدىن چۈشتى . ئاندىن ئاتا ـ بالىنىڭ
گۈلە ـ قېقى بىلەن قارىئۆرۈك قېقىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈر-

دى . مال ھەقىقەتەن پاكىز ھەم سۈپەتلىك ، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ
بىرىنچىسىگە ، ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئىككىنچىسىگە ئۆتكۈزگىلى
بولاتتى . قەدىردان ئاتا ـ بالىنىڭ باھا ھەققىدىكى ئۈمىد ـ ئارزۇ ـ
لىرىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن ، مۇئەللىمنى باشلاپ «غەربىي
دىيار مېۋە ـ چىۋە شىركىتى»نىڭ خوجايىنى جاڭ يۈگچېڭنىڭ
ئىشخانىسىغا ماڭدى .

— مۇئەللىم ، سىلىنى ئاۋارە قىلىپ تىلماچلىققا سالىدىغان
بولدۇم ، خاپا بولمايدىغانلا ، — دېدى قەدىردان خىجىل بولغان
ھالدا ، — مەن بۇ خوجايىن بىلەن بۇرۇن ئالاقە قىلىپ باقمىغان ،
شۇڭا ئۆزۈگەن گەپلىرى بەكمۇ يۇمشاق ھەم سىلىق بولسۇن .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى چۈشىنىپ
كېتەلمىسەممۇ ، دېگەن گەپلىرىڭىزنى يولىدا تەرجىمە قىلىپ بېرە ـ
لەيمەن .

ئۇلار جاڭ يۈگچېڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە ، ھەيۋەتلىك
قوڭۇر خىزمەت ئۈستىلىدە سۇر بىلەن ئولتۇرغان يۇزى ، بېشى ،
ئۆزىمۇ يۇملاق ، كۆپ ئۆمرى كۈن نۇرى كۆرمەي ئىشخانىدا ئۆتـ ـ
كەچكىمۇ ، چىرايى ئاپپاق پارقىراپ تۇرغان ، 50 ياشلار چامىسىدى ـ
كى دىقماققىنە ئادەمنى كۆرۈپ ، سەل ھودۇقتى .

— جاڭ خوجايىن ، مەن ياڭ مىڭسەن ، لۇڭ داتۇ ئاكاملاردىن
كۆپ تەرىپىڭىزنى ئاڭلىغان ، — دېدى قەدىردان تەرجىمان بى ـ
لەن ماسلاشقان ھالدا ، — بىزنىڭ تۇغقانلار 110 تونىا گۈلە ـ
قاق ، 50 تونىا قارىئۆرۈك قېقى ئەكەپتىكەن ، سىزگە لازىممىكىن
دەپ كېلىشىم ، ئاۋۋال مالنىڭ ئەۋرىشكىسىنى كۆرۈپ بېقىڭ .

قەدىردان سومكىدىكى گۈلە ـ قاق ۋە قارىئۆرۈك قېقىنىڭ
ئەۋرىشكىسىنى ئۈستەلگە تۆككەچ ، ئۈستىگە «10.000» دېگەن
سېپىر يوغان يېزىلغان قىزىل بولاقنى بىللە قويۇپ قويدى . جاڭ
خوجايىن قىزىل بولاققا بىرلا قاراپ ، چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى .

— ئەسلىدە ياڭ مىڭسەن ، لۇڭ داتۇ ئاكاملارنىڭ قېشىغا
ئاپىراي دېگەن ، — قەدىردان ئۆزىنىڭ يېلىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈ ـ

رۇپ ئۆتتى ، — بىراق تۇغقانلار مالنى مەشەگە جۇشۇرگەچكە ، ئالدىڭىزغا ئەكەلدىم . ئەگەر ئامبىرىڭىزدا مال كۆپ بولۇپ ، ئەڭلىكتە قالغۇدەك بولسىڭىز ، هازىرلا ياك مىڭسەن ياكى لۇك داتو ئاكامغا تېلېفون بەرسەم بولىدۇ .

— يا ... ياق ، نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟ مېلىڭىز سەرخىل ئىكەن ئەمەسمۇ ، — جاڭ خوجايىن گۇلە - قاق بىلەن قارىئۆرۈكنى قايتا كۆرۈشكە باشلىدى ، — بوپتۇ ، مەن ئېلىپ قالاي .

— سىز بىلەن تۇنجى قېتىم مۇئامىلە قىلىۋاتىمەن ، — قەدىردان تەرجىمە تۇگىگۈچە بىرئاز تۇختىدى ، — ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ، دەسلەپىدىلا سۇپەتسىز مالنى تەڭلىسەم سەت بولار ...

قەدىردان بۇ سۆزنى تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن دەۋالدى . ئەمدى جاڭ خوجايىن مالىنىڭ سۇپىتىنى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئۈچ تورىدىكى بىرىگە تەۋە قىلىشى تۇرغانلا گەپ - دە . قەدىردان جاڭ خوجايىن «جارتىندە» يىرتىپ بەرگەن تالونغا قارىمايلا يانچۇقىغا سالدى . بۇ هال جاڭ خوجايىندا قەدىردانغا نىسبەتەن هۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغاتتى .

— تالونغا قاراپمۇ قويماي يانچۇقىڭىزغا سالدىڭىزغۇ ؟ — جاڭ خوجايىن كۈلدى ، — ماڭا شۇنچىلىك ئىشىنەمسىز ؟

— مەن ئىشەنمىگەن ئادەم بىلەن دادى - مۇئامىلە قىلمايمەن .

— شۇنداقمۇ ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق ، چۈنكى ياك مىڭسەن ، لۇك ئاكامىلار گېپىڭىزنى قىلىپ بەرگەن...

قەدىردان مۇئەللىمنى باشلاپ چىقىپ كەتتى . ئۇ ئالدىغان پايدىسىغا قارىغاندا ، جاڭ يۇڭچىڭ بىلەن تونۇشۇۋالغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى . چۈنكى ، بۇ ئادەم مېۋە - چىۋە ساهەسىدىكى مونوپولىنىڭ غوللۇق بىرى بولۇپ ، تەسىرىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايتتى .

قەدىردان مۇئەللىمنى تاكسىغا سېلىپ قويۇپ ، توپ سېتىمىش

بازىرىغا قايتىپ كىردى . پۈتۈن ئۆمىدىنى بالا سەيگۈيۈەنگە باغلىغان ئاتا ـ بالا ئۇنى تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ تۇراتتى .

— مىلىڭلارنى ئۆتكۈزۈپ بولدۇم ، — دېدى قەدىردان ، — ئەكەلگەنگە تۇشلۇق پايدا ئالالايسىلەر ، ئەمما ئاستىدىكى ئىككى قۇر تاغارنى بۈگۈن ، ئەتە ئىككى كۈن ئاپتاپقا سېلىڭلار ، ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە ئۆتكۈزىمىز . ئامبارغا كىرگۈزۈش ۋاقتىدا تېخنىك نەم ئىكەن دەپ قالسا ، ئادەمنى نەچچە كۈن كاشىلا قىلىدۇ .

— ۋاي بولىدۇ ، غوجام ، — بوۋاي مىننەتدار بولغىنىدىن ئېرىپ كەتكەنىدى ، — بۇ يەردە بىر يۇرتلۇق ياش باللار كۆپ ، بىردەمدىلا قاقلارنى ئاپتاپقا سېلىشىپ بېرىدۇ...

قەدىردان ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە كېلىپ ، گۈلە ـ قاق بىلەن قارىئۆرۈكنى مال يۆتكەيدىغان كىچىك ماشىنىلاردا توشۇۋاتقاندا ، توك كېتىپ قېلىپ ، تۇز گىردە تارتىش ئارىلىقتا توختاپ قالدى . شۇڭا ، ئۇ چەكنى ئېلىپ بوغالتىر بۆلۈمىدىن چىققاندا كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى . مالنىڭ ئەسلىي باھاسى ھەم كىرا پۇللىرىنى چىقىرىۋېتىپ ، يەنە 13 مىڭ يۈەن پايدا ئالغان ئاتا ـ بالىنىڭ خۇشاللىقىدا كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى ، ھەتتا تاپان ھەققى دەپ 3000 يۈەن تەڭلىگەنىدى ، قەدىردان ئەدەپ بىلەن رەت قىلـدى . ئـۇ ئـۇلار بىلەن خـوشلىشىپ ، «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»غا تاكسى بىلەن يۈرۈپ كەتتى . چۈنكى ، بۈگۈن كەچ ئۈبۈلھەسەن يولغا سالغان 28 ماشىنا مـال يېتىپ كېلـەتتى . ئـۇ تـاكسىدا كېتىۋېتىپ ، تۆش يانچۇقىدىن 40 مىڭ يۈەنلىك چەكنى ئېلىپ كۆردى ـ دە ، يەنە قاتلاپ ، يانچۇقىغا سېلىپ قويدى .

— جاڭ خوجايىنغا بەرگەن 10 مىڭ يۈەن «كۆڭۈل» ، — قەدىردان ئاستا پىچىرلىدى ، — 30 مىڭ يۈەن ئەجىر ھەققىنى باشلاپ كەلدى ...

www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

*«قەدىردان ئىنىم ، قانداق ئەھۋالىڭ ، ئامان - ئېسەن يۈرەمسەن؟ دادىڭ ئاببباس بوجاڭ ، ئاناڭ خەيرىگۈل ، ئاچاڭ گۈلنۇر ۋە ئىنىڭ ئابدۇراخمانلار ساڭا سېغىنغان يۈرىكىدىن چوڭقۇر سالام يوللىدى ... ئۇلارمۇ سېنىڭ ئامانلىقىڭنى چىن كۆڭلىدىن تىلەيدۇ .*

*ئىنىم قەدىردان ، مەن سېنىڭ ئەقىللىق ، زىرەك ، ھوشيارلىقىڭغا ، شۇنداقلا قورقماس ، دادىللىقىڭغا ئاپىرىن ئوقۇۋېتىمەن . بۇ قېتىم سەن ئۆزۈڭنى ھەقىقىي ماھىيىتىڭ بىلەن ئاشكارىلىدىڭ . سېنىڭ «بالا سەيگۈيۈەن» دېگەن نامىڭ تاغ - داۋان ، دەشت - چۆللەر ، ناھىيە ، شەھەرلەردىن ھالقىپ ، خوتەنگىمۇ يېتىپ كەلدى . مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ پەخىرلەندىم . سېنى رەسمىي سەيگۈيۈەنلىككە بېكىتىش ئۈچۈن يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇنغانىدۇق ، لېكىن تەستىق چۈشۈرمەي تۇرۇۋاتىدۇ . ئېھتىمال ئۇلار سېنىڭ تېخى كىچىك ئىكەنلىكىڭدىن ئەنسىرىسە كېرەك . شۇنداقتىمۇ تەستىق چۈشۈرگەنگە قەدەر ئىلتىماس قىلىشنى توختاتمايمىز ، قاچانكى تەستىق چۈشكەندە ، ئۆزۈم ئۇرۇمچىگە بېرىپ سېنى تەبرىكلەيمەن . شۇڭغىچە سېنى «ياشلار بىناسى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن «مۇۋەققەت سەيگۈيۈەن» لىككە بېكىتتۇق ، خاتىرجەم ئىشلە... »*

قەدىردان خەتتىكى ئايلىق مائاش ، ھەر كۈنلۈك كاماندىروپكا ھەققى ، نەچچە پۇللۇق ياتاقتا يېتىش ، كېسەل داۋالىتىش چىقىملىرى قانداق بولىدىغانلىقى ھەم يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئاتچوت

قىلىش قاتارلىقلارنى كۆرگەندىن كېيىن خەتنىڭ ئاخىرىغا كۆز
تاشلىدى :

*«قەدىردان ئىنىم ، بۇ قېتىم ئارقا ـ ئارقىدىن 480*
*توننا گۇلە ـ قاق ، مونەك ، قۇرۇق ئۈزۈم ، قارىئۆرۈك قېقى*
*ئەۋەتتىم . بۇلارنىڭ كىلو باھاسىنى بازارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھ-*
*ۋالىغا قاراپ سېتىشنىڭ ئۈچۈن ، ‹تۆۋەن › ، ‹ئوتتۇرا › ،*
*‹يۇقىرى › قىلىپ ئۈچ خىل باھانى بېكىتىپ قويدۇم . بازار*
*كەيپىياتى يۇقىرى بولسا ، يۇقىرى باھادا ساتارسەن ، ئوتتۇرا-*
*ھال بولسا ئوتتۇرىچە ، تۆۋەن بولسا تۆۋەنچە سېتىپ ، تالوننى*
*ماڭا ئەۋەتىپ بېرىپ ، پۇلنى بانكىغا قويۇۋەت . مەن*
*ساڭا پات ـ پات ئالىدىغان مال تىزىملىكىنى ئەۋەتىپ بېرى-*
*مەن . چۈنكى ، بىزنىڭ ‹ياشلار بىناسى › قارىمىقىدىكى ھەر-*
*خىل دۇكانلىرىمىز كۆپ ، ۋاقتى ـ قەرەلىدە مال ئەۋەتىپ*
*بەرمىسەڭ ، دۇكانلار قۇرۇقدىلىپ قالىدىكەن ... قىسقىسى ،*
*بۇندىن كېيىن مەن ساڭا ئەۋەتىدىغان قۇرۇق يەل ـ يېمىش-*
*نىڭ پۇلىنى ماڭا ئەۋەتمەي بانكىغا قويۇۋەت... »*

خەتتىكى «مۇۋەققەت سەيگۇيۇەن» ، «مائاش» ، «كاماندىروپ-
كا پۇلى» دېگەنلەر قەدىردانىنى خۇشال قىلىش ئەمەس ، خۇددى
چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك كۆڭلىنى خىرە قىلىپ قويدى . خەتنىڭ ئورا-
نىدىن : «سەن تېخى بالا ، بىز ساڭا نېمىنى بۇيرۇساق ، يوگۇرۇپ
يۇرۇپ بېجىرىشىڭ كېرەككى ، بىزگە شەرت قويماسلىقىڭ
لازىم ... » دېگەن پۇراق چىقىپ تۇراتتى . جاپپار ھاجىمنىڭ مائا-
شىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى دېمەيلا قويايلى ، كۇنلۇك كاماندىروپكا
پۇلى 22 يۇەن ، 60 يۇەندىن تۆۋەن ياتاقتا يېتىشقا بولىدۇ . بال-
نىستتا يېتىپ قالسا ، 95 پىرسەنتى كۆتۈرۈلىدۇ ، دەپ بەلگىلەن-
گەن . ئوبۇلھەسەن ئۇرۇمچىگە مالغا كەلگەندىمۇ ئاشۇ تۇزۇم بويىچە
ئاتچوت قىلدى . ئەمدى قەدىردانىنىڭ كۇنلۇك كاماندىروپكا پۇلى

سەككىز يۈەن ، 15 يۈەندىن تۆۋەن ياتاقتا يېتىش ، كېسەل بولسا 30 پىرسەنتىنى ئاتچوت قىلىش ، بىر ئائىلىق مائاشى 330 يۈەن . ئۈرۈمچىدە سەككىز يۈەن بىلەن ئۈچ ۋاخ تاماق يېگىلى بولامدۇ ؟ 15 يۈەندىن تۆۋەن ياتاقتا يېتىش ئۈچۈن «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ تەر ، ئۇسۇرۇق ، كونا پايپاق ، قاسماق پۇت پۇراپ تۇرىدىغان ، سېسىقچىلىقتىن دىماقلىرىڭ يېرىلىپ كەتكۈدەك بولىدىغان سەككىز كىشىلىك ياتاقتا يېتىشىڭ كېرەك ، ئەلۋەتتە . خىزمەت جەريانىدا كېسەل بولساڭ 30 پىرسەنت كۆتۈرىمىز دېگىنى «داۋالىناي ئۆل» دېگىنى ئەمەسمۇ ! ھازىر ئىسلاھات دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ، تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۆسۈش بىلەن ، تاۋارلارنىڭ باھاسىمۇ كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، تۇرمۇشقا ، گۈزەللىككە ، يۈرۈش - تۇرۇشقا تەلپۈنۈۋاتقان بىر بالا ئۈچۈن 330 يۈەن مائاش يېتەرمۇ ؟ ! رېستوران ئاشخانىسىدا ئىشلىگەندىمۇ 800 يۈەن ئالاتتىغۇ ! ئەمدى ئاش - تاماق ، يېتىپ - قوپۇش ، كىر - قاتلاردىن قىينىلىپ ، ياقا يۇرتلاردا جاپالىق ئىشلەۋاتسا ، بۇ... بۇ ئۇلارنىڭ زادى نېمە قىلغىنى ؟ !

قەدىر دائىنىڭ قېلىن ، توم قاشلىرى مىژىدە يىغىلىپ ، چوڭ كۆزلىرى خورلۇق بىلەن قىسىلدى . ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياقۇپ ھاجىمنىڭ سۆزلىرى بىر - بىرلەپ ئەكس سادا بېرىشكە باشلىدى :

«100 دانە يانچۇق ئۇنئالغۇسىدىن ، 22 تونىنا قاقتىن ، 80 مىڭ يۈەنلىك مالدىن قانچىلىك پايدا ئالغىنىنى خۇدادىن باشقا بىر ئۆزى بىلىدۇ...»

«ئويلاپ باق ، 1000 تونىنا قاقتا ئاز بولغاندا 800 مىڭ ، بولمىسا 1 مىليون يۈەن پۇل قالىدۇ . بۇ پۇللار ئوبۇلھەسەننىڭ ھېسابىدا بولىدۇ . ھەرگىز ئىككى - ئۈچ يۈز يۈەن مائاش ئېلىۋاتقان خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ئۆسۈپ قالمايدۇ ...»

«سېنىڭ قىممىتىڭ ئىقتىدارىڭدا ، ئىقتىدارىڭ قىممەت يارىتىشتا...»

«ئوبۇلھەسەن 90 — 95 پۇڭ دېگەنىكەن، ئەڭ تۆۋەن 90 پۇڭنى ئۆلچەم قىلىپ پۇل ئۆتكۈز... قالغىنى ھەقلىق ھالدا سېنىڭ بولىدۇ...»

— ھىم، — دېدى قەدىردان خورلۇق ھېس قىلغان ھالدا، — ئىشىڭ ئالدىدىكى توپاق مەڭگۈ ئۇي بولمايدىكەن - دە، مېنىڭ كۆرسىتىۋاتقان ھىممەت - ئەجىرلىرىمۇ سىلەرنى ئېرىتەلمىگەنىكەن، ئەمدى مېنىڭ ھۈنىرىمنى كۆرۈش!

بىزدە نۇرغۇن ئىشلار كەم ئەقىل بولۇشتىن بۇزۇلىدۇ ھەم بۇزىدۇ. بۇ ئۆزىنى «دانا»، ئۆزگىنى «كالۋا» كۆرۈشتەك دۆتلۇكتىن كېلىپ چىقىدۇ. يەنە بىر تەرىپى، مەنپەئەت ئاچ كۆزلۈكىدىن «مەنلا بولسام» دېيىش ئارقىلىق، ئۆز يېنىدىكى ساخاۋەتلىك كىشىلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەڭ بولمىسا، ساخاۋەتنى ئايايدىغان قاتتىق قول ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. قاراڭ، بالىلىق ساددىلىقى بىلەن بارلىق ئىچ - باغرىنى تۆكۈۋاتقان بىر ئاق كۆڭۈل بالىنىڭ يۇزىگە خورلۇق يۇندىسىنى چېچىش ئارقىلىق ئۇنى نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى؟ قەدىردان بارلىق سېخىي - ساخاۋەتنى ئايىمىغانسېرى، باشقىلار ئۇنى مەنپەئەت شەربىتى تۆكۈلىدىغان دەرەخ ئىكەن دەپ، ئىرغىتىۋەرمەكچى بولۇشتى، بۇ دەرەخ شاخ - يوپۇرماقلىرىدىن ئايرىلىپ، قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ باشقىلارنىڭ نېمە چاتىقى...

تۇنجى قېتىم ئۆزى ئىشەنگەن ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن كۆڭلى قالغان قەدىردان گېزىت قەغەزلىرىگە ئايرىم يۆگەلگەن گۇلە - قاق، مونەك، قۇرۇق ئۈزۈم، قارىئۆرۈك ئەۋرىشكىلىرىنى سومكىسىغا سالدى. ئۇ تاكسىغا چۈشۈپ، «قوغۇرتاش مېۋە - چېۋە شىركىتى»گە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يولدا كېتىۋاتقاندىمۇ كۆڭلى خاموش ئىدى. خۇددى بىراۋلار: «بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ نان يە، تاماق يېيىشنى كىم قويۇپتۇ ساڭا» دەۋەتقاندەك، «سەن كىچىك بولغاندىن كېيىن سېسىق، پاسكىنا، قاسماق دەپ يۈرمەي، ئاشۇ ياتاقتا يېتىۋەر» دەپ مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

يەنە كىمدۇر بىرى : «330 يۈەن مائاش بېرىپ ئاشىدىغاندۇ - ھە ؟» دېيىش ئارقىلىق نەشتىرىنى سانجىغاندەك قىلاتتى...

تاكسى «قوغۇرتاش مېۋە - چېۋە شىركىتى» ھويلىسىغا كىرگەندىلا ، قەدىردان كۆڭۈلسىز خىياللار تورىدىن بوشاندى . ئۇ تاكسى كەتكەندىن كېيىنمۇ لۈك داتۇ خوجايىنىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشكە ئالدىرىمىدى . ئۇ بىنا پەلەمپىيىدە ئولتۇرۇپ ، يانچۇقىدىكى ئۈنئالغۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قويدى . قۇلىقىدىكى تىڭشىغۇچتىن كىچىكچە ئاڭلىنغان قۇرۇق مېۋە - چېۋە سودىسى ، توختامى ، توختام ماددىلىرى ، باھاسى قاتارلىق سوئال - جاۋاب شەكلىدىكى سۆز - جۈملىلەر يەنە تەكرارلىنىشقا باشلىدى . ئۇ تۈنۈگۈن 28 ماشىنا كەلگەندىن بېرى خەنزۇ تىلىنى مەشىق قىلىش باشلىغانىدى . چۈنكى ، «قوغۇرتاش مېۋە - چېۋە شىركىتى»نىڭ خوجايىنى لۈك داتۇ بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇرچە گەپ قىلىشنى بىلمەيتتى . بۇنىڭ ئۈچۈن قەدىردان ئۆزىگە تايانمىسا توختام تۈزۈش تەس ئىدى . شۇڭا ، ئۇ كىچىكچە قۇرۇق مېۋە - چېۋە سودىسى ھەققىدە سوئال - جاۋابلار ئېلىنغان ئىككى لېنتىنى قايتا - قايتا قويۇپ ئاڭلىدى . مانا بۈگۈن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتىش پۇرسىتى كەلگەندەك قىلاتتى .

قەدىردان سەل ئەنسىزلىك ئىچىدە ئىشىكنى چەكتى . ئىچكىرىدىن : «كىرىڭ» دېگەن ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن ئىشخانىغا ئەيمىنىپقىنا كىردى . ئۆتكەندىكى 6000 يۈەن «كۆڭۈل»نىڭ شاراپىتىمۇ ، ئىششىقلىقىپ ، لۈك داتۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، قەدىردان بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ دىۋانغا تەكلىپ قىلدى :

— ھە بالا سەيگۇيۈەن ، مال بار ئوخشىمامدۇ ؟ — دېگەنبىلەن لۈك خوجايىن ئورتاق تىلنى تولىمۇ روشەن ، ئالدىرىماي سۆزلەيتتى ، — قېنى ئەۋرىشكىنى ئېلىپچۇ ، مەن كۆرۈپ باقاي .

لۈك خوجايىنىنىڭ سۆزىنى ئېنىق چۈشىنەلىگەن قەدىردان خۇشاللىقىدا لىككىدە تۇرۇپ ، خىزمەت ئۈستىلىگە تۆت بولاق ئەۋرىشكىنى قويۇش بىلەن تەڭ ، «15000» دېگەن سىپىر يېزىل-

غان قىزىل بولاقنىمۇ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى .
— لۈك خوجايىن ، بۇ قېتىم مېلىم سەل كۆپرەك ، — دېدى قەدىردان گەپلەرنى ئۆگەنگىنى بويىچە دانىمۇ دانە سۆزلەپ ، — ئەگەر سىزگە كۆپ كەلسە ، ياڭ تاغامغا ئاپارساممۇ بولىدۇ .
— قانداق ، مىڭمۇ ياكى ئىككى مىڭمۇ ، زادى نەچچە توننا ؟
— 480 توننا...
— ها - ها - ها ... — 15 مىڭ يۈەن «كۆڭۈل» لۈك خوجايىننى خۇشناۋا قىلىۋەتكەندەك قىلاتتى ، — مەن نەچچە مىڭ تونىلاپ ئامبارغا مال كىرگۈزۈپ ، نەچچە ئون مىڭ تونىلاپ ئىچكىرى بىلەن توختامىلىشىۋاتقان ئادەم ، ئۇ مېلىڭ قانچىلىك مال ئىدى ؟ قارا ، ئەكەلگەن ئەۋرىشكىلىرىڭنىڭ سۈپىتى نېمىدېگەن ياخشى .
— هازىر 280 توننا كەلدى ، يەنە ئون كۈن ئىچىدە 200 توننا يېتىپ كېلىدۇ .
— ئۇنداقتا 280 توننا مالنى ئەتىلا ئۆتكۈز ، ئۇنىڭ تالونى ئايرىم بولسۇن ، قالدىسى كەلگەندىن كېيىن مەن باھا قويۇپ ، ئىسپات يېزىپ بەرسەم بولىدۇ .
قەدىردان دېۋانغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشى ، لۈك خوجايىن 280 توننا مالنىڭ قانچىلىكى قاق ، قانچىلىكى مونەك ئىكەنلىكىنى سو- رىدى . ئۇ بىر چاغدىلا ماللارنىڭ تۈرى ، باھاسى ، توننا سانى يېزىلىپ ، تامغا بېسىلغان ئىسپاتنى سۇنۇپ بېرىشى ، قەدىردان كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى . چۈنكى ، ئىسپاتتا يېزىلغان سانلار ئويۇلھەسەن مۆلچەرلىگەن باھادىن خېلىلا يۇقىرى ئىدى .
قەدىردان ئەتىسى سائەت ئونلار بىلەن 28 ماشىنا مالنى «قو- ڭۇرتاش مېۋە - چىۋە شىركىتى»نىڭ ئامبىرى ئالدىدا توختاتتى . ماشىنىلار بىر - بىردىن تۈز گىردە تارتىلىپ ، چۈشۈرۈلگەن ماللار ئامبار ئىچىدە تەكشۈرۈلۈپ بولغۇچە كۈن ئولتۇردى . قەدىردان مال ئۆتكۈزۈۋالغۇچىلارنىڭ كېسىپ بەرگەن تالونىنى بوغالتىرىيە

www.uyghurkitap.com

بۆلۈمىدە چەككە ئايلاندۇرۇشقا ئۇلگۇرەلمەي كېتىپ قالدى . ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇشىغا كېچىكىپ قېلىشنى زادىلا خالىمايتتى ، چۈنكى ، نۇسرەت مۇئەللىم شەنبە ، يەكشەنبە كۈنلىرى دەم ئالماي ، قەدىردانىنىڭ ياتىقىدا دەرس ئۆتەتتى . مۇئەللىم شۇنچىلىك جان كۆيدۈرۈۋاتقان يەردە ، قەدىردان ئەلۋەتتە تىرىشىشى كېرەك ـ دە . دېمىسىمۇ ، ئۇ بۈگۈن تەرجىمانسىز لۇك داتوغا مەقسىتىنى ئۇقتۇرالىدى ، مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇتۇق .

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەندە «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ ئاشخانىسىدا سۈت بىلەن بولكىدا ناشتا قىلىپلا تاكسى بىلەن «قوۋۇرتاش شىركىتى»گە كەتتى . ئۇ بوغالتىرىيە ئىشخانىسىغا كىرىپ ، قولىدىكى 280 توننا مالنىڭ ئىسپاتىنى بوغالتىرغا بېرىشى ، ئۇ چوتنى ئۇيان ـ بۇيان شاراقلىتىپ ، 546 مىڭ يۈەنگە چەك كېسىپ بەردى . قەدىردان چەكنى ئالدى ـ دە ، ئۇدۇل سودا ـ سانائەت بانكىسىغا بېرىپ چەكنى ئۈچ ئاي مۇددەت بىلەن قويۇۋەتتى .

قەدىردان بانكىدىن چىقىپلا پىيادە مېڭىپ «دوستلۇق»قا كەلدى . ئۇ خۇددى بىراۋلار شەلپەردەك قىزىرىپ ئالدىدا پەيدا بولىدىغاندەك تەرەپ ـ تەرەپكە بويۇنداپ قارايتتى . ئۇ ئۇزۇن لەمپىلىك بازاردىن ئۆتۈپ ، دوستلۇق ئاھالىلەر رايونىغا كەلدى . بۇ يەردە ئوشاق كوچىلارنىڭ تولىلىقىدىن قايسىسىغا كىرىپ ، قايسىسىغا كىرمىگەنلىكىنى پەرق ئېتىشمۇ تەس ئىدى . قەدىردان ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن : «ئىسمى مېھرىبان ، دادىسى كاۋاپچى» دەپ سورايتتى . ئۇ كېچىدىن مېھرىباننى چۈشەپ قالغانىدى . بۇ مۇلايىم قىز ئاپپاق ئۇزۇن كۆڭلەك ، ئاق رومال ئارتىپ ، ئادەمنىڭ تېنى ئەيمەنگۈدەك ۋەيرانىلىقتا يىغلاپ يۈرگۈدەك ... ئۇ قەدىردانغا ، بىر توغقان قېرىنداشلىرىم بولمىغاندىن كېيىن ، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا مەن يىغلاپ ماڭمىسام ، كىم ماڭىدۇ ، دېگۈدەك . قەدىردانمۇ : «ئەسلىدە تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ئەرلەر يىغلاپ ماڭسا بولاتتى ، ئەمىسە مەن : ‹ئانام... ئانام... › دەپ يىغلاپ ماڭسام بولامدۇ ؟» دەپ سورا-

ۋاتقۇدەك ، مېھرىبان بولسا ، قەدىرداننىڭ باغرىغا تاشلىنىپ ئېسەدەپ - ئېسەدەپ يىغلاۋاتقۇدەك…

قەدىردان بۇگۇن چۇشلۇك تاماقمۇ يېمەي مېھرىباننى ئىزدەپ ، ئاھالىلەر رايونىنىڭ قىڭغىر - قىيىسىق كوچىلىرىدىن ، ۋەيرانە ئۆيلىرىدىن ئايلىنا - ئايلىنا ، كەچكە يېقىن ياتىقىغا قايتىپ كەلدى . ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندى ، شۇنداقتىمۇ مەكتەپكە بارمىسا بولمايتتى . شۇڭا ، ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى ، يانچۇق ئۇندىدارىنى ، ئالغۇسىنى سومكىسىغا سېلىپ كوچىغا چىقتى . قەدىردان ئەتراپتىكى غالتەكلەردە سېتىلىۋاتقان نان ، كاۋاپ ، يەل - يېمىشلەرنى كۆرگەندىلا ، قورسىقىنىڭ نەقەدەر ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ مەيدىسى تارتىشىپ ، كۆزلىرى پىلدىرلاپلا قالغانىدى . قەدىردان يېقىندىلا ئالغان قىممەت باھالىق سائىتىگە قارىدى . دەرس باشلاشقا يەنە 40 مىنۇت بار ئىدى . ئۇ «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا كىرىشى ، پەشتاختا ئىچىدە ئولتۇرغان ھۆسنارخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىلىپ سالام قىلدى . بىراق ، قورسىقى ئېچىپ كەتكەن قەدىردان ئانچە دىققەت قىلمايلا تاماق شىرەسىگە كېلىپ ئولتۇردى . ئاشخانىچە خاس خانىلاردىكى شىرەلەرنى تازىلاپ يۈرگەن زۇلئاي يۈگۈرۈپ چىقتى - دە ، ئانىسىدىنمۇ ھېيىقماي ، قەدىردانغا بەكمۇ قىزغىن سۆزلەپلا كەتتى :

— قەدىردان ئاكا ، سىز كەلمىگەنگە بۇگۇن ئالتە كۈن بولدى ، — دېدى قىز خۇشاللىقىنى باسالماي ، — ئۆتكەنكىدەك گۆشنان قىلىپ بېرەيما ؟

— ياق ، دەرسكە كېچىكىپ قالىمەن . ئاشخانىڭىزدا نېمە تەييار بولسا ، شۇنى ئەكىلىڭ .

— بىر تەخسە ئۆي لەڭمىنى قىلىپ بېرەيمۇ ؟

— ئىختىيارىڭىز…

— كارىمكا ، قازانغا خېمىر تاشلاڭ ، — زۇلئاي ۋارقىرىغاچ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى ، — مەن قورۇمىنى بىر قوللۇق قورۇپ بېرەي .

www.uyghurkitap.com

قورسىقى ئېچىپ ھالى قالمىغان قەدىردان ئاشخانىنىڭ تاماق سۇنۇش تۆشۈكىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ، تاماقنىڭ چىقىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئەمما، ئۇ ھۆسنارخاننىڭ خىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئارقىسىغا قارىدى:

— قەدىردان بالا، ئۆتكەندە سەن مېلىنى پۇل قىلىپ بەرگەن گۇمىلىقلار ئاشخانىمىزغا تاماق يېگىلى كىرىپتىكەن، — دېدى ھۆسنارخان كۆپكۆك چېكىۋالغان قاشلىرىنى لىككىدە ئېتىپ، — ئۇ گادايلار ئىزىغا بولسىمۇ مەيلى دېسە، 13 مىڭ كوي پايدىسىغا سېتىپ بېرىپسەن، شۇنداقما؟

— شۇنداق، مېلى ياخشىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئۆزۈڭگىمۇ قالغاندۇ؟

— ئانچە - مۇنچە…

— قىزىق بالىكەنسەن ئەمەسما! — ھۆسنارخاننىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — سودا دېگەنچۇ ئەينا، جەرەستاندىكى پالۋانلارغا ئوخشاي-تۇ، كىم يانپاشقا ئالسا، غۇلاقتۇرۇپ ئاتىدىغان گەپ. رەقىبىڭ ئۆلەمدۇ، تىرىلەمدۇ، ئۆزىنىڭ شورى! نېمە قىلاسەن 13 مىڭ كوينى ئۆزۈڭ ئېلىۋالماي…

— ھە، — قەدىردان دىمىقىنى قاقتى، — شۇنداقمۇ؟ مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

— ھېلىقى گادايلارنىڭ گەپ - كالىچىغا قارىغاندا، — ھۆسنارخان قەدىردانغا قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى، — «داخىيەن»، «قوڭغۇرتاش»، «غەربىي دىيار»، «مۇسۇلمانلار» شىركەتلىرىدىكى خوجايىنلار سېنى «بالا سەيگۈيەن» دېسە، شال-ۋاقلىرى ئېقىپ كېتىپتىمىشيا…

قەدىردان ھۆسنارخانغا ئالىيىپ قارىدى - يۇ، لېكىن جاۋاب بەرمىدى. ئۇ زۇلئاي ئەكەلگەن لەگمەننى ئالدىغا تارتىپ، شاپۇر-شۇپۇر يېگىلى تۇردى. ھۆسنارخان ئىچىدە: «ئوقۇرى خېلىلا ئېگىز ھاراملىق ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلاپ تۇرۇشى، ئاشخانىغا ئوغلى ئەسەت ئەرۋاھ ھاسىراپ كىرىپ كەلدى.

— ئاپا، خوش خەۋەر ساڭا، — دېدى ئەسەت ئەرۋاھ ئالىقان-
لىرىنى ئىشقىلاپ، — غەيرەت جاڭدۇنى ساقچىخانىدىن تۇتۇپ
كەتتى ...

قەدىردان بۇ خەۋەردىن دىڭگىدە چۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ،
بىراق ئارقىسىغا قارىماي تامىقىنى يەۋەردى. ئەمما، ئۇنىڭ قولىقى
ئانا - بالىنىڭ پارىڭىدا ئىدى.

— قايسى ساقچىخانىدىن؟ — سورىدى ھۆسنارخان ئەسەت-
تىن، — سەن نەدىن ئاڭلىدىڭ؟

— «ئايدىڭساي» ساقچىخانىسىدىن. ھازىر «مۇساپىرلار مېھ-
مانخانىسى»دا سايلا مۇشۇ گەپ.

— ئۆتكەنكىدەك دالتەكلىرى پۇل تۆلەپ ئاچىقىۋالارمىكىن؟

— ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئەسەت ئەرۋاھ، — ئەيسا
خېنەنجىر، ئەبەي گىنارلار بېيجىڭدا ئوخشايدۇ، زوھۇر گاسىيا[①]
بولسا خوجايىنى ھالاۋۇدۇن تەيگو[②]نى قوغداپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا
كېتىپتۇ ...

— زەپ بەلەن بوپتۇ! ھەممىدىن يامىنى زوھۇر گاسىيا.
ئۇنىڭدىن ساقچىلارمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ. قىپقىزىل قان بىر نېمە-
دە ئۇ ...

قەدىردان مەكتەپكە بېرىشتىنمۇ يالتايدى. ئۇ «مۇساپىرلار
مېھمانخانىسى»غا بېرىپ، ھېلىمجاننى ياتاق، ئاشخانىلاردىن تاپال-
ماي، مېھمانخانا ئالدىدىكى بىليارتخانىدىن تاپتى. ئۇنى «سورايدى-
غان گەپ بار ئىدى» دەپ، ئۆزىنىڭ ياتىقىغا ئېلىپ كىردى.
قەدىردانىنىڭ غەيرەت جاڭدۇ بىلەن ئانچە - مۇنچە يېقىنلىقى بارلى-
قىنى ئۇققان ھېلىمجان بىلەن نۇرمەت كېيىنكى ۋاقىتلاردا قەدىر-
دانغا ئانچە ۋاي دېمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، بولۇپمۇ قەدىردان
بىر - ئىككى قېتىملىق مالنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۆزى بىر

① گاسىيا — «زوررو» فىلىمىدىكى ھەربىي قوماندان. بەستلىك، يوغان ھەم قارام
زوھۇرنى گاسىياغا تەقلىد قىلغان لەقەم.

② تەيگو — تايلاند. ھالاۋۇدۇن نەچچە ئون مىڭ يۈەنلىك تايلاند خورازلىرىنى
قىمارغا سېلىپ يېيىغان باي.

تەرەپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئىزدىمەيدىغان بولدى.

— پاھ، 35 كويچەنىڭ ياتاق قالتىس بولىدىكەن — ھە، — ھېلىمجاننىڭ ئاۋازىدا تەنە ئارىلاشقاندەك قىلاتتى، — پۇت-قوللارنى يۇيىدىغان داس، چېلەكلىرى، ئۇسسىساك چايدانلىرى، ھېرىپ-چارچاپ كەلگەندە ھاردۇق چىقىرىدىغان دىۋانلىرى بار-كەن ئەمەسمۇ…

— ھېلىمجان ئاكا، قېنى چاي ئىچ، — قەدىردان پىيالىنى چاي شىرەسىگە قويدى، — سېنىڭدىن غەيرەتكام ھەققىدە بەزى ئەھۋاللارنى ئۇقاي دېگەن…

— نېمە، غەيرەت جاڭدۇ؟ — ھېلىمجان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مەن ئۇنى تونۇمايمەن، تۇتۇلۇپ كېتىپ خوپ بوپتۇ…

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، — قەدىردان ھېلىمجاننىڭ مۇرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزدى، — توغرا، مېنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر قازاندا ئون يىل قايناتسا قېنىمىز قوشۇلمايدۇ، لېكىن ھەممىمىز بىر يۇرتلۇق، بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مۇتەللا ساۋۇتنىڭ بىر تاللا ئوغلى، ئانچە - مۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپ قويمىساق بولامدۇ، يۇرتقا قايسى يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ بارىمىز؟

ھېلىمجان سەل ئويلىنىپ قالدى. بۇنداق ئىشلار بۇرۇنمۇ بولۇپ ئۆتكەن، بىر يۇرتلۇقلىرى: «ھەي، ھەرقايسىڭ بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولۇشتۇڭ، بۇرادەرلىرىڭنىڭ بېشىغا كۈن كەلسە، قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇردۇڭما…» دەپ ئەيىبلىگەندى. شۇڭا، ئۇ سەل ئوڭايسىزلىنىپ، ئېغىر تىنىپ جىم ئولتۇردى.

— راست، — دېدى ھېلىمجان يەر باققىنىچە، — ۋاقتىدا ساقچىخانىغا پۇل تۆلەپ ئاچىقىۋالمىسا، يۇقىرىغا يوللىۋەتتىمۇ، نەچچە يىللىق كېسىلىپ كېتىدۇ.

— زوھۇر گاسىپيا دېگەن كىم ئۇ؟ غەيرەتنىڭ نېمىسى



www.uyghurkitap.com

بولىدۇ ؟
— غەيرەتنىڭ ھېچنېمىسى ئەمەس ، بايۋەچچە ھالاۋۇدۇن تەيـ. گونىڭ قوغدىغۇچىسى ، — ھېلىمجان بىلگەنلىرىنى چۈشەندۈرمەكـ. تە ئىدى ، — ئەمما ئوغرىلار ، قىمارۋازلار ، خروئىنچىلار ھەممىـ. سى بىر يىپقا باغلانغان گۆرۈھ ، كىمنىڭ بېشىغا پالاكەت ياغسا ، قالغانلىرى ئۇنىڭ كويىدا بولۇپ ، ھەرخىل ئامالLARنى قوللىنىپ قۇتقۇزۇۋالىدۇ . ئۇنىڭ باش سەركەردىسى زوھۇر گاسىيا...
— زوھۇر گاسىيا راستىنلا شۇنچىلىك يامانما ؟
— ئۇنى بىر دېمە ، ئۇ دېگەن بىر قارام قاۋان ، — دېدى ھېلىمجان چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ ، — قورقمايلا پىچاق ئۇرىدۇ . بۇ چاغقىچە نەچچىلىگەن يېرىگە پىچاق يەپ ، جان سەكراتىغا چۈـ. شۈپ قالغانلار كۆر مىڭ .
— ئۇلار ئەرز قىلمىدىمۇ ؟
— ئەرز قىلىش ، — ھېلىمجان ئاچچىققىنا كۈلدى ، — ئۆلۈم خېتىنى يېزىپ قويۇپ ، ئەرز قىلسا تاڭ بىلمىدىم ، بولمىسا ئەرز قىلدىمۇ ، ئۇنداق ئادەم ئۇزاق ئۆتمەي كىملەر تەرىپىدىندۇر بوغۇزـ. لىنىدۇ ، ماشىنىغا سوقۇلىدۇ ياكى بىنا ئۈستىدىن يەرگە تاشلىنىدۇ .
— پاھ ، — قەدىردانىنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى ، — ئىچكىرىلەردە پەيدا بولغان قاراقول پارتىيەسىگە ئوخشاشلا ئىكەن — دە...
ئالدىنقى قېتىم تۇتۇلغاندا ، زوھۇر گاسىيا ، ئەيسا خېنەنـ. جىر ، ئەبەي گىتارلار پۇل تۆلەپ ئاچىقىۋالغانىدى ، بۇ قېتىم ئۇلار يوق . ئەمدى غەيرەتنىڭ كۈنى تەس...
— ئۇنى نېمە ئىسپات بىلەن تۇتۇپتۇ ؟
— ساقچىخانىدىكى بالىلارنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا ، غەيرەتنىڭ يېنىدىن بىر گىراممۇ ئاق چىقماپتۇ ، — دېدى ھېلىمجان ، — پەقەت ئۇلارنىڭ تۇتۇش نىشانى بولغان دىلمۇرات ماكاشتىن مال ئالماقچى بولغاندا ، غەيرەت تۇتۇلۇپ ، دىلمۇرات

ماكاش قىچىپ كەتكەن .

— دىلمۇرات ماكاش دېگەن كىم ئۇ ؟

— بېيجىڭدىكى خروئىن ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئادىمى . غەيرەت «مەن ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن ئاغىنە ئىدىم ، شۇڭا ئاشخانىغا مېھمان قىلغىلى ئەكىرگەن» دېگەن بىر گەپتىلا چىڭ تۇرۇۋالسا ، قۇتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ، لېكىن يۇقىرىغا يوللىنۇۋەتسە ئىش چاتاق...

قەدىردان شۇ كۈندىن باشلاپ كەچلىك ئوقۇشنى قولدىن بەرمىگەن ئاساستا ، «ئايدىڭساي» ساقچىخانىسىغا قاترىدى . ساقچىلار ئۇنىڭدىن : «سەن كىم بولىسەن ، غەيرەت بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار ؟ بۇرۇن سولانغانمۇ ؟ نەچچە قېتىم ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ ، بەش كۈنگىچە يول ماڭغۇزدى ، ئالتىنچى كۈنى : «10 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇپ ئاچىقىپ كەت» دېيىشتى . قەدىردان شۇ كۈنىلا 10 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇپ غەيرەتنى ئاچىقتى . بۇرادەرلىرىنىڭ يېنىدا بولماسلىقىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن غەيرەت قەدىرداننىڭ بۇ تۇرگۇنلۇكىدىن تولىمۇ رازى بولدى .

— جېنىم ئۇكا ، سېنى بۇنىداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ ، — خۇدا خالىسا ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى نەزىرىڭدىن ئۆتكۈدەك خىزمىتىڭدە بولىمەن...

— ئۇنداق دېمە ، غەيرەتكا ، ھەممىمىز بىر يۇرتلۇق تۇرساق ، مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشسە ، سەن قاراپ تۇرارمىدىڭ ؟ بۇ شۇنداقلا ئىش .

بۇ ۋەقەدىن بىر ھەپتە ئۆتمەي ، خوتەندىن يەنە 20 ماشىنا مال كەلدى . بۇ ئالدىنقى قېتىملىق مالنىڭ داۋامى ئىدى . قەدىردان لۇك داتۇنىڭ ئىسپات قەغىزىنى ئېلىپ ، ئەتىسى 20 ماشىنا مالنى بىر كۈن ئىچىدە «قوڭغۇرتاش مېۋە ـ چىۋە شىركىتى»نىڭ ئامبىرىغا ئۆتكۈزۈپ بولدى ھەم 406 مىڭ يۈەنلىك چەكنى يانچۇقىغا سالدى . بۇ ئىككى قېتىملىق سودىدىن قەدىردانغا 146 مىڭ 400 يۈەن قالدى . ئەگەر ئوبۇلھەسەن بەلگىلەپ بەرگەن ئۈچ خىل باھا-

نىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىنى ئاساس قىلغان بولسا ، قەدىردانغا 188 مىڭ 400 يۈەن نەق پايدا قالاتتى . بىراق ، يەنىلا ئۇ ئوتتۇرا باھا ئۆلچىمى بىلەن ئوبۇلھەسەنگە مەنپەئەت يەتكۈزدى ، شوپۇرلار ئېلىپ كەلگەن مال تىزىملىكى بويىچە ئۈچ كۈن توپ سېتىش بازارلىرىنى ئايلىنىپ ، 120 مىڭ يۈەنلىك مال ئالدى . ئۇنى قاق ئېلىپ كەلگەن ئۈچ شوپۇرنىڭ ماشىنىسىغا بېسىپ ، خوتەنگە يولغا سېلىۋەتتى...

قەدىردان مانا بۈگۈنلا «ئۇھ» دەپ دەم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى . ئۇ تۈنۈگۈن ئەكىرىپ قويغان گۆشنان بىلەن ناشتا قىلىۋېلىپلا ، كارىۋىتىدا ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە ، قۇلىقىدىكى تىڭشىغۇچ ئارقىلىق خەنزۇ تىلىنى ھەجىلەپ ئۆگەنمەكتە ئىدى . بۇ يىل قىش كېچىكىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك ،قارمۇ كېيىن ياغدى . ئاتقۇچنىڭ زېيىدىن قاڭقىغان پاختا توزۇندىلىرىدەك لەرزان تۆكۈلۈۋاتقان قار دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . قەدىرداننىڭ كۆڭلىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي ، ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە ، تامغا چاپلانغان كالېندارىدىكى «10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى» دېگەن رەقەملەرنىڭ ئاستىغا سىجاپ «تۇنجى قار» دەپ يېزىپ تۇرۇشى ، ئىشىك چېكىلدى . قەدىردان بىرىپلا ئىشىكنى ئېچىشى ، بېشىغا تەلپەك ، ئۈچىسىغا كونا ياقىلىق پالشوپكا كىيگەن 50 ياشلار ئەتراپىدىكى بويۇن ، يۈزلىرىنى چار ساقاللار بېسىپ كەتكەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى . ئۇ ياتاققا كىرىپلا : «پاھ ، پاھ ، پارلىق ئۆيلەر ئىسسىق بولىدىكىنا» دەپ قويدى .

— قېنى دىۋانغا كەلسىلە ، — دېدى قەدىردان قۇلىقىدىكى تىڭشىغۇچنى ئېلىۋېتىپ ، — مېنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىلە ؟

— خوش ، ئۆزلىرى «بالا سەيگۇيۇەن» بولامدىلىكى ؟

— شۇنداق ، — قەدىردان چايدانىدىكى دەملەنگەن چايدىن پىيالىگە قۇيۇپ قويدى .

— مەن قەشقەر مارالبېشى سېرىقبۇيا يېزىسىدىن كەل-

دىم ، ئىسمىم بـارات پوزەك ، — بارات پـوزەك چاينى پوۋلەپ ئىچتى ، — بىزنىڭ يېزىلىق هۆكۈمەت سودا سارايىنىڭ باشلىقى سايىت ئىلياس ئۆزلىرىگە بىر پارچە خەت ئەۋەتكەنىدى .

بارات پوزەك قويۇن يانچۇقىدىن قاتموقات قەغەزلەرگە ئورالـ غان خەتنى چىقىرىپ بەردى . قەدىردان كونۋېرت ئۈرىدا چاپلانغان قەغەز ئۈستىدىكى : «بالا سەيگۆيۇەنگە تېگىدۇ » دېگەن خەتنى ئىچىـ دە ئوقۇدى ، ئاندىن كونۋېرتنى يىرتىپ خەتنى ئاچتى . قىسقىلا يېزىلغان خەت مۇنداق سەھىپىلەر بىلەن باشلانغانىدى :

*«ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، بالا سەيگۆيۇەن . ئىسمىلىرىنى بىلمىگەچكە ، خاڭسوچە ئاتاۋەردىم ، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا . بىر سىلىدىن نەچچە كۈنلۈك يىراقتا تۇرساقمۇ ، ئۆزلىرىنىڭ هۆرمەت ـ تۆسپىلىرىنى تولا ئاڭلاپ كەتتۇق ، هەتتا بەزى دېهقانلىرىمىز ئۆزلىرىنى : «ئەۋلىيادەك بالىكەن ، كىمكى يالغان ئېيتسا ، شۇ هامان بىلىۋالىدىكەن ، شۇڭا راست گەپ قىلغان مال ئىگىلىرى پايدا تاپىدىكەن ، قۇۋلۇق ـ شۇملۇق قىلغانلىرى زىيان تارتىدىكەن » دېگەن گەپلەرمۇ تارقالدى… بالا سەيگۆيۇەن ، مەن سىلىنى كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ ، ئۆزلىرىگە 70 توننا گۆلە ـ قاق ، 40 توننا مونەك ، 12 توننا قارىئۆرۈك قېقى ئەۋەتتىم . ئۆتكەن ئايلاردا ئۈرۈمچىگە يۆتكە مەكچىدىم ، بىراق قورۇق يەل ـ يېمىشنىڭ كۆپلۈكىدىن بازارنى بەكـمۇ كاسـاتـچىلىق ، دەپ ئاڭلىدىم . ئەمدى يىرا ـ كەنتلەردىن يىغىۋالغان مالنىڭ باهاسىنى ئورتاقلاشتۇرۇپ بېرىپ قويدۇم (ئەلۋەتتە ، ئالغان قاقلىرىمىزنىڭ سۈپىتى ئوخشىمىغاچقا ، باهاسىمۇ ئوخشىمايدۇ ـ دە ) . 1 ) گۆلە ـ قاق : بىر كوي ئىككى موچەن ؛ 2 ) مونەك : بىر كوي يەتتە موچەن ؛ 3 ) قارىئۆرۈك قېقى : ئىككى كويچەندىن ئېلىنىدى . بىر مۇسۇلمان ئادەم ، يالغان ئېيتساق ئاللامۇ رازى بولمايدۇ…*

*خەير ـ خوش ، تەنلىرىنىڭ سالامەت ، كۆڭۈللىرىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى تىلەپ : كەمىنە سايىت ئىلياستىن» .*

— گۈلە ـ قاق ، مونەك ، قارىئۆرۈكلەرنىڭ يەككە باھاسىغا قارىغاندا ، سۈپىتى ياخشى ئوخشايدۇ ، ساپلا ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بىرىنچى ، ئىككىنچىلىرىنىڭ باھاسىكەن .

— مەرۋايىتتەك دېسىلە ، — دېدى بارات پۈزەك ، — ئەمدى قاچانلاردىن ۋاقىتلىرى يېتەركىن ، ماشىنىلار ئۆگۈنلۈككە سائەت بەشتە يۈكنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ .

— ئەمىسە ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە بىرەر ئامالىنى قىلىپ بې-رەي . چۈنكى ، مەن ئەتە ئىمتىھان بېرىمەن .

— ۋاي خۇدايىم ، سىلىمۇ ئوقۇمىلا ؟

— ئوقۇمامتىكى ، مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇيدىغان شۇنچە ماتېرىيال-لاردىكى ، — قەدىردان كارىۋات ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ قويدى ، — چۈمۈلىدەك كۆپ سوئاللاردىن ئەتە ئىمتىھان ئېلىپ ، مېنى ئانىكۈم ـ مونىكۈم قىلىۋېتىدۇ دېسىلە .

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈۋەتتى .

— مالنى نەگە ئاپاردىڭلار ؟ — سورىدى قەدىردان ، — ياكى مېھمانخانىغا چۈشتۈڭلارمۇ ؟

— «غەربىي دىيار مېۋە ـ چېۋە شىركىتى »نىڭ توپ سېتىش مەيدانىغا .

— بولىدۇ ، مەن ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە بېرىپ مېلىڭلارنى كۆرىمەن ، ئەگەر شۇ چاغقىچە ياخشى خېرىدار چىقىپ قالسا سېتىۋەتسەڭلار بولىدۇ .

— يوقسۇ ، يوقسۇ ... سىلىدىن ئۆزگە ئادەمگە بېرىپ ، سايىت ئىلياس جۇرىينىڭ ئالدىدا تىرناق تاتىلاپ قالساق بولمايدۇ .

بارات پۈزەك ئورنىدىن تۇرۇشى ، ياتاقنىڭ ئىشىكى چېكىلىپ يەنە ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى . قەدىردان بارات پۈزەكنى كارى-دوردا ئۇزىتىپ قويۇپ يېنىپ كىردى ـ دە ، ئىككى مېھماننى

www.uyghurkitap.com

دئۋانغا تەكلىپ قىلدى . ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى 40 تىن ئاشقان ئادەملەر بولۇپ ، يۈزى قۇيماقتەك قورۇلۇپ قالغان بۇرۇتلۇق ئادەمنىڭ بېشىدا كونا قۇلاقچا ، ئۇچىسىدا قارا پاختىلىق چاپان بار ئىدى . ئېڭەكلىرى ماتاڭچىنىڭ كەكىسىدەك ئۇزۇن ، ماڭلايلىرى ئالدىغا ئۇسۇپ چىققان ، سۇس ھال رەڭ چىراي ، بويۇنلىرى ئەتىكەنلىشىپ كەتكەن ئېگىزرەكىنىڭ بېشىدىكى كەپكىسىنىڭ چېكەلىكى مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن ، پوررەڭ چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ ئىچىگە قوشلاپ پوپايكا كىيىۋالغانىدى .

— مېنىڭ ئىسمىم كەرى تورغاي ، بۇ ئىنىمىزنىڭ ئىسمى مۇسا چالىۋاش بولىدۇ ، — دېدى بۇرۇتلۇق ، قۇلاقچىلىق ئادەم ، — بىز بايدىن كەلگىلى 37 كۈن بولدى . يىلىڭ - يوپۇڭلا كەپتىكەنمىز ، ھازىر قار يېغىپ سوغۇق چۈشۈپ كەتتى . ئەكەلگەن 130 تونىنا گۈلە - قاق خېرىدارى يوق قىز بالىدەك ئولتۇرۇپ قالدى . خېرىدار چىقمىدى ئەمەس ، چىقتى ، ساپلا ھايانكەشلەر ، ئۇلار ئىزىغا سورىغان بولسىمۇ بېرىۋېتەتتۇق...

— بىزنىڭ سوغۇقتىن جۇلمەرەپ قېلىشىمىزدىن ئىچى ئاغرىغانلار ، — دېدى مۇسا چالىۋاش ، — «بالا سەيگۈيۈەننى ئىزدەپ بېقىڭلار» دېگەچكە ، ئۈزلىرىنى پاناھ تارتىپ كەلدۇق ...

قەدىردان مارالبېشى سېرىقبۇيلىق بارات پۈزەككە ئۈگۈنلۈككە ئەتىگەن دەپ ۋەدە قىلغان بولسا ، مۇنىۇ بايلىق «تورغاي» ، «چالىۋاش»لارغا ، ئىندىنلىقتا مەن سىلەرنى ئىزدەيمەن ، دەپ ، ئۈزىنىڭ ئىمتىھان بېرىدىغانلىقىنى ئۇچۇق ئېيتتى . لېكىن ، كەرى تورغاي سەل ماڭغۇسى يوقتەق ئېزىلىپ ئولتۇراتتى .

— بالا سەيگۈيۈەن ، گەپلىرىنىڭ ئورانىدىن قارىسام ئىمتىھانلىرى ئەتە ئوخشايدۇ ، — دېدى كەرى تورغاي ، — شۇڭا ، ئۈگۈنلۈككە مۇبارەك تەنلىرىنى يېنىك قىلىپ ، «قوڭۇرتاش» تەرەپلەرگە ئۆتەلىگەن بوسلىرى...

— بايا ھەرقايسىلىرى كىرگەندە ئۇزاپ چىققان ئادەم مارالبېشى سېرىقبۇيلىق بولىدۇ ، — قەدىردانىنىڭ سەل ئاچچىقى كەلگە-

ندى ، — مەن ئۇ ئادەمگە ئۆگۈنلۈككە دەپ ۋەدە قىلدىم . ئەمدى
ھەرقايسىلىرىنى دەپ ئۇ ئادەمنى ئالدىسام بولاما ؟
— خاپا بولمىسىلا ، — مۇسا چالىۋاش ئۆزرە سورىدى ، —
بۇ ئاكىمىز ئاشۇنداق ئۆپكىسى يوق ، ئالدىراقسان . بىزنىڭ ئاتلى-
رىمىز بىر قەدەم كەينىدە قاپتۇ ئەمەسمۇ .

قەدىردان تورغاي ۋە چالىۋاشلارنى ئۇزىتىۋېتىپ ياتقىغا كى-
رىپلا ئۆزىنى كارىۋىتىغا تاشلىۋەتتى . «مەن قىلارمەن توققۇز ،
خۇدايىم قىلار ئوتتۇز» دېگەندەكلا بىر ئىش بولدا ! ھەر بىر
مىنۇت ، سېكۇنتلار ئۆتكەنسېرى ، قەدىردانىنىڭ جېنى سىرقىراپ
كېتىۋاتسا ، مۇنۇ ئاسماقچىلاپ كىرىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ تولىلىقىنى
قارا ! تۇنۇگۇن نۇسرەت مۇئەللىم : «بۇ چاغقىچە ئۆتكەن دەرسلەر-
دىن ئېغىزچە ھەم يازمىچە ئىمتىھان ئالىمەن» دەپ ئۇقتۇرغانىدى .
شۇڭا ، قەدىردان كېچىدىن بىر ئۇخلىغان بولسا كاشكى… ئىمتىھان
دېگەنىنىڭ سۇرى يولۋاسنىڭ ھەيۋىسىدىنمۇ يامان بولسا كېرەك .
تېخى ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك ، دېگەندەك ، بىر چاغلاردا مۇ-
ئەللىم سۆزلەپ بەرگەن بىر تەمسىل ئېسىگە كېلىش بىلەن ، قە-
دىردان ئەتىكى ئىمتىھاندىن قېچىپ كەتكۈسى كەلدى . بىرى لې-
نىندىن : «سىز دۇنيادا نېمىدىن قورقىسىز ؟» دەپ سورىغانىكەن ،
لېنىن : «ئىمتىھاندىن» دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن . مانا مېڭىسى
نەچچە كىلو نەچچە يۈز گىرام كېلىدىغان لېنىن چېغىدا ئىمتىھان-
دىن قورقۇۋاتسا ، قەدىردان قورقمامتىكى ! شۇڭا ئۇ تەكرار قىلمى-
سا بولامدۇ ؟ ئاممىزە «تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق» دەپ ،
مۇنۇ پۇزەك ، تورغاي ، چالىۋاشلارنىڭ ئەزمىسىنى ئېزىپ ، شۇنچە
ۋاقىتنى ئېلىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان !

قەدىردان تىڭشىغۇچنى قۇلىقىغا سېلىپ ، ئەمدىلا بىرنەچچە
جۈملە سوئال ـ جاۋابلارنى ئاڭلاپ تۇراتتى ، ئىشىك تاكىلداپ
چېكىلدى . يەنىلا شۇ : «بالا سەيگۈيۈەن … ئۆزلىرىمىكى» دەپ ،
سازاڭدەك سوزۇلۇپ ، ئاسلاندەك مىياڭلاپ كىرىپ كېلىدىغان قاق-
چىلارمىكىن دەپ پەرەز قىلغان قەدىردان : «مەن يوق !» دەپ

www.uyghurkitap.com

ۋارقىراي دەپ تۇرۇشىغا، ئىشىك يەنە تاكىلداپ چېكىلىپ: «ھاي كادىداك، ئاچسۇڭ» دېگەن خەنزۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دىڭگىيدە چۆچۈپ كەتتى. ئۇ، «ئىم... بۇ ياك مىڭسەن خوجايىنغۇ» دېدى ـ دە، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ھاي كادىداك، سەن شۇ كېرىن[1] نى شۇنداق جوخو[2]لا قىلامدۇ ـ ھە؟

— ھەي ياك خوجايىن، سىز ئىكەنلىكىڭىزنى مەن نەدىن بىلەي، كىرىڭ، كىرىڭ...

ياك مىڭسەن كىرىپلا ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىدى. قەدىردان: «پەلتو بىلەن قاما قۇلاقچىنى سېلىۋېتىڭ» دېگەندى، ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى. ئالدىغا قويغان پىيالىدىكى چايغىمۇ قارىماي، قەدىردانغا ۋارقىرىدى:

— ھەي كادىداك، سەن كىيىمىڭ كەيسۇڭ!

— نەگە بارىمىز؟

— ياكشى ئاشخاناك باسۇك.

— ھەي ياك خوجايىن، مەن ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلمىسام بولمايدۇ، — قەدىرداننىڭ خەنزۇچە سۆزلىگىنىدىن ياك خوجايىننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — ئەتە ئىمتىھان!

— ھەي، ماۋۇ بىر نېمە بولۇپ قالىدىكەن جۇمۇ، — ياك مىڭسەنمۇ خەنزۇچە سۆزلىدى، — قارا، ئۈچ ئاي بولار ـ بولمايلا تىللىرى يۆگىشىپ كېتىپتا بۇنىڭ...

— شۇڭا بۈگۈنچە مەن تەكرار قىلىۋالاي.

— ھەي، سائىتىڭگە قارا، — ئۇلار خەنزۇچە سۆزلەشمەكتە ئىدى.

— سائىتىم شىنجاڭ ۋاقتى 11 دىن 50 مىنۇت ئۆتۈپتۇ.

— ئۆگىنىشنى قورساقنى تويغۇزۇپ قىلارسەن؟

— ئۇغۇ شۇنداق...

---

① كېرىن    مېھمان.
② جوخو    كوتۇش.

— ئەمىسە ماڭە، سىنىڭ قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ ئاندىن
ئەكىلىپ قويىمەن. ماشىنا ھويلىدا قالدى.

ئۇلار ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، كارىدور پەلەمپەيلىرىدىن تاراقلاپ
چۈشۈپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئۈستىنى يېرىم غېرىچ قار بېسىۋالغا-
نىدى. ياڭ مىڭسەن توخۇ پېيى سۈرتكۈچنى ئېلىپ، ماشىنا ئەي-
نەكلىرىدىكى قارلارنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ماشىنىغا چىقىش-
تى. قار يەنىلا لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. يوللاردا تورمەللىشىپ
كەتكەن قارلار ماشىنىنىڭ تېز مېڭىشىغا كاشىلا قىلاتتى. تېز
ماڭغان تەقدىردىمۇ، پەرۋۇقۇلئاددە تورمۇز قىلىش توغرا كەلسە،
ماشىنا پىرقىراپ، ئۆزىنىڭ كەلگەن يولىغا قاراپ قالاتتى، شۇڭ-
لاقتىمۇ ئۇلار يېرىم سائەت ئەتراپىدا شياۋشىمىندىكى مۇسۇلمانلار
ئاشخانىسىغا يېتىپ كەلدى. قەدىردان ھەرخىل قورۇمىلارنى زاكاز
قىلدۇرمىدى، پەقەت بىر قاچىدىن گۆشلۈك پولۇ بولسىلا بولدى،
دەپ تۇرۇۋالدى، شۇنداقتىمۇ ياڭ خوجايىن ئىككى كىلو تونۇر
كاۋىپى، ئون زىخ كاۋاپنى ئۇشۇقلا بۇيرۇۋەتتى.

ياڭ خوجايىن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ تۈگەتكۈچە،
پولۇ، كاۋاپلارمۇ شىرەگە قونۇپ بولدى. ئۇلار قىزىق چاي بىلەن
ئاۋۋال پولۇنى مەززە قىلىپ يېيىشتى. ياڭ خوجايىن پات - پاتلا
«ھەي… ھەي…» دەپ قوياتتى. چۈنكى، ئۇ پولۇغا قەۋەتلا ئامراق
ئىدى. بىر قېتىم قەدىردانىنى داخىيەندىكى بىر ئاشخانىدا مېھمان
قىلغاندا، ياڭ خوجايىن: «نېمىگە مەيلىڭ بار؟» دېگەندە، قەدىر-
دان «پولۇغا» دېدى، ياڭ خوجايىن كۈلۈپ كېتىپ: «مېنىڭ
خىلىمكەنسەن - دە!» دېگەنىدى.

بىر كۈنى، قارا، لۈك داتۇ ئىككىمىز بىر ئاشخانىدا تاماق
يەپ قالدۇق، — دېدى كەيپى چاغ ياڭ مىڭسەن، — ئۇ گۆشلۈك
قورۇما بىلەن پىۋىنى سۈدەك ئىچىۋاتىدۇ، مەن بولسام قېنىق
دەملەنگەن چاي بىلەن پولۇنى مەززە قىلىپ يەۋاتىمەن…

— «قوڭۇرتاش» شىركىتىدىكى لۈك خوجايىنما؟

— شۇ بولماي كىم بولاتتى؟ ئۇچۇ قارا، پىۋىدا سەمرىگەن

نېمە ، — ياڭ مىڭسەن تونۇر كاۋىپىدىن بىر قوۋۇرغىنى يېرىپ ، قەدىردانغا تۇتقۇزدى ، — گېپىمگە قۇلاق سال ، لۇڭ داتۇ : «ھەي ھەي ··· مۇشۇ پىۋىنى ئىجاد قىلغان ئادەمنى تاپسام ، ئـايام بىقىد- ۋاتقـان ئـالتە دانە سورتلـۇق چوشقىنى شۇنىڭغا مۇكاپات دەپ بېرەتتىم··· » دېدى .

— سىزچۇ ، سىز نېمە دېدىڭىز ؟ — سورىدى قەدىردان قىزىق- قىپ .

— مەن دېدىمكى ، ئەگەر مۇشۇ پولۇنى ئىجاد قىلغان ئۇيغۇرنى تاپسام ، جۇڭگونىڭ يېرىمىنى بېرەتتىم ، دېسەم ، پىۋا ئۇنىڭ بۇر- نىغا كېتىپ ، بىر هازا قېقىلىپ كەتتى قارا···

— سىزمۇ پۇنى زەي سالماي ئېتىپسىز ، جۇڭگو سىزنىڭ قورۇيىڭىز بولمىسا···

— پولۇغا بولغان ئامراقلىقىمنى ئاشۇ سۆز بىلەن ئىپادە قىلدىم ـ دە··· بۇ··· بۇ خاتاما ؟

ئۇلار گۆش باسقان پولۇ بىلەنلا ئاساسىي جەھەتتىن تويۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، تونۇر كاۋىپى بىلەن زىخ كاۋاپ خېلىلا كۆپ ئېشىپ قالدى . ئۇنى ياڭ خوجايىننىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن مۇلازىم قىز سولياۋ خالتىغا قاچىلاپ بەردى . ئۇلار تاماق سىڭدۈرۈش ئۈچۈن بىردەم چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى . قىسقىسى ، ياڭ خوجايىن قەدىردانىنى نېمە ئۈچۈن چاقىرىپ كەلگەنلىك سەۋەبىنى ئېيتتى :

— ھەي ، مۇشۇ 15 كۈن ئىچىدە لۇڭ داتۇغا 480 تونىا مال ئۆتكۈزۈپسەنغۇ ؟

— سىز نەدىن ئۇقتىڭىز ؟

— ئۆزى ماختىنىپ سۆزلەپ بەردى .

— ئەمـدى قاراڭ ، سىزگە تەڭـلەۋېرىشـكە ئادەم خىـجىل بولىدىكەن .

— خىجىل بولىدىغانغا مەن ئۇنى «دۆڭكۆۋرۈك»تە يېيىپ ساتمىسام ، بەزىدە ئىچكىرىدىن بىر يولىلا بىرنەچچە خوجايىن كې-

لىپ قالسا ، مال يېتىشتۈرەلمەي ، قولۇمنى كەسكۈدەك بولۇپ كېتىمەن...

— توپ سېتىش بازارلىرىدا بېسىلىپ كەتكەن ماللارنى ئېلىپ بەرسىڭىز بولمىدىمۇ؟

— هەي ساراڭ ، ئاشۇ ماللارغا ئىشەنچ قىلغىلى بولامدا؟ — ياڭ مىڭسەن شىرەگە پاقىلدىتىپ ئۇردى ، — ئۇنىڭ كۆپلىرى بېسىمدارلار بېسىۋالغان ، ساتالماي ياكى سېتىشقا پۇرسەت بولماي يەرلىكنىڭ ئامبارلىرىدا نەچچە يىللاپ يېتىپ كەتكەن ماللار ئۇ... هەتتا قىپقىزىل قۇرتلار تاغارنىڭ ئۇستىدىمۇ ئۆمىلەپ يۈرگەن.

— ئۇنچىلىكمۇ ئەمەستۇ؟

— مەن نەچچە قېتىم نەچچە يۈز مىڭلاپ تۆلەم تۆلەپ، بۇرنۇمغا سۇ كىردى ، ئۇقتۇڭما؟ — ياڭ مىڭسەن قىزىرىپ كەتتى ، — بەزى كاززاپلار بىرەر توننا يېڭى قاقنى ئايرىم قاچىلاپ ، باراڭ كۆرسىتىدۇ ، قالغىنى نەچچە يىلدىن بېرى ساتالماي بۇزۇلغان ، قۇرۇپ ئېتى تۆكۈلگەن ، قۇرت يەپ شاكالغا ئايلىنىپ قالغان ياكى كۆكىرىپ سېسىپ كەتكەن ماللار. ئاشۇلارنى تاغارنىڭ ئاستىغا قاچىلاپ ، ئۇستىگە ئازراقلا يېڭى قاق ئېلىپ ئۆتكۈزىدۇ. مۇشۇ بىرەر ئاينىڭ ئالدىدىلا لۇڭ داتۇ ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر خوجايىن بىلەن سوتقا چۈشۈپ قالدى...

قەدىردان لۇڭ داتۇ بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ ، تىللىشىپ كەتكەن هېلىقى خەنزۇ خوجايىننى ئەسكە ئالدى ، شۇنداقلا ياڭ خوجايىننىڭ سۆزلىرىدىن بىر هەقىقەتنى چۈشىنىۋالدى. ئۇرۇمچىدە ئاساسلىق تۆت ئورۇندا قىزىيىدىغان مېۋە - چېۋە توپ سېتىش بازارلىرى بار ، بۇ بازارلارغا كىرىدىغان مالمۇ ئاز ئەمەس ، لېكىن بىر قىسىم بېسىمدارلار ، هايانكەشلەر تاغار ئۇستىگە يېڭى مال قاچىلاپ ، نۇرغۇنلىغان ناچار ماللىرىنى كۆز بوياپ ساتاتتى. بۇ ماللار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكىلىپ ، رەسمىي پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىغا بارغاندا ، تاغارلار بىردىنلا بوشاپ ، شالاقلاپ ، ماللارنىڭ قۇرۇق شاكىلى قېلىپ قالاتتى... مانا بۇ شىركەتلەر

بىلەن زاۋۇت ـ كارخانىلار ئۇتتۇرىسىدا دەپ ئېيتقۇسىز جېدەل-ماجىرالارغا سەۋەبچى بولاتتى .

— سەن ئويلاپ باق ، — دېدى ياڭ مىڭسەن سەل يەسكويغا چۈشۈپ ، — نەچچە يۈز تونىلاپ مالنى بىر تالدىن تەكشۈرۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەسقۇ ، شۇنداقمۇ ، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىۋەت قىلغان ئادەم ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك . سەن دېگەن ئۆز يۇرتلۇقلىرىڭ ، ئۆز ئادەملىرىڭ ئىچىدە كىملەر ھىيلىگەر ، قۇۋ ، كىملەر سەمىمىي ، بۇنى ئوبدان بىلىسەن .

— بۈگۈن مېنى بۇ يەرگە ئاشۇ گەپلەرنى دېگىلى ئەكەلدىڭىزما ؟

— ياق ، ياق ، تېخى گەپ تۈگىمىدى ، — ياڭ مىڭسەن تاقىر بېشىنى سىلاپ قويدى ، — مېنىڭ بىر شەندۇڭلۇق بۇرادىرىمگە پاكىز ، سۈپەتلىك قاق ، مونەك ، قارىئۆرۈك قېقى ، قۇرۇق ئۈزۈم بولۇپ 800 تونىنا لازىم . بۇنى سەن ئىككى ئاي ئىچىدە تولدۇرۇپ بېرەلەمسەن ؟

— قېنى تىرىشىپ باقاي

— ساڭا دەۋاتقىنىم ، بىرىنچى دەرىجىنىڭ بىرىنچى ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچىسىگە چۈشىدىغان ، ئەڭ بولمىسا ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بىرىنچى ، ئىككىنچىسىگە چۈشىدىغان مال بولۇشى كېرەك .

— سىزنىڭ باھالىشىڭىزدىن ئۆتسە ھېساب ، — دېدى قەدىردان ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ، — مەن ئىشەنچ باغلىيالىغان يۇرتلۇقلىرىمنىڭ مېلىنى ئالىمەن . سىزمۇ دەرىجە باھالاشتا ئېتىبار قىلىشىڭىز كېرەك . چۈنكى ، ئەڭ ئاز بولغاندا ئون ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭكىنى ئالالايمەن ، سۈپىتى بۇرادىرىڭىزگە يارىشى كېرەك .

قەدىردان سۈپەتلىك مال مەسىلىسىدە ئۆزىگە ئىشىنەتتى . ناچار ، مىيانە ، شاتىراق گۆلە ـ قاقلار يېڭى قاق چىققان مەزگىللەردە سېتىلىپ تۈگەيدۇ . 10 ـ ئايدىن كېيىن بازارغا بارغانسېرى سۈپەتلىك مال كىرىشكە باشلايدۇ . مانا بۈگۈنلا ياتاققا ئىزدەپ

كەلگەن سىرتقىبۇيىلىق بارات پۇزەك ، بايلىق كەرى تورغاي ، مۇسا چالىۋاشلارنىڭ ماللىرى بۇلارغا ئىسپات بولالايتتى .

— ياڭ خوجايىن ، سىز ئۆگۈن ، ئىندىن ئىشخانىڭىزدا بولالامسىز ؟

— بولىمەن ، قانداق ؟

— مېنىڭ ئەتە ئىمتىھانىم بار...

— ۋاي ـ ۋاي ، سەن ئىمتىھان بېرىپ بىرەر دۆلەتكە زۇڭتۇڭ بولماقچىمىدىڭ ، — ياڭ مىڭسەن بويۇنلىرىنى تولغاپلا كەتتى ، — مانا هازىرمۇ بىر ئوبدان سۆزلىيەلەيدىغان بوپسەنغۇ . ئۆگەنسەڭلا بولمىدىمۇ . هەي ... مۇشۇ ئەپەندى خەقزە ، بەزىدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ...

— مەن ئۆگۈن ۋە ئىندىن مال ئاپىرىمەن ، بىر يەرگە چىقىپ كەتمەڭ .

— ياخشىمۇ ؟

— ئا... ياڭ لاۋبەن ، ئەتىگەندىن بېرى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتتا چالمىدۇق ! مالنى كۆرگەندىن كېيىن كۆزىڭىز قىزىرىپ ، «دۆڭكۆۋرۈك»تە پارچە ساتامسىز دېبخى ، هېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ .

ياڭ مىڭسەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، قېلىن كىيىملىرىنى كىيىپ تالاغا چىقتى . ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى ماشىنىلار خۇددى ئاق پاختا يۇدۇپ ماڭغان قىرى بوۋايلارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى . ياڭ مىڭسەن بىلەن قەدىردان ماشىنىنى كۆرۈپ ، يەنە كۈلۈپ كېتىشتى .

ياڭ خوجايىن يولدا بارغۇچە ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قورسىقىغا پۈكۈپ كەلگەن ئوي ـ خىياللىرىنى مۇلايىم ، سەممىمىي ، ئاستا دېيىشكە باشلىدى :

— هازىر سەن تۆت بازاردا ئوبدانلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدىڭ . بۇندىن كېيىن ئىچكىرىدىن كەلگەن كاتتا قاق سودىگەرلىرى ، كونسېرۋا زاۋۇتلىرىنىڭ خوجايىنلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىڭ ، سۆهبەتتە بولۇشۇڭ ، هەتتا توختام تۈزۈشۈڭ مۇمكىن .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، كىيىم - كېچەككە ، يۇرۇش - تۇرۇشقا دىققەت قىل .

— مۇشۇ كىيىملىرىم بولماپتىما ؟ - قەدىردان مۇڭلۇق ئادە-داس چاپىنىغا ، پۇتىدىكى تەنتەربىيە ئايىغىغا قاراپ قويدى — مۇشۇلارمۇ خېلىلا ئىسكەتلىكقۇ…

— بۇنىمۇ قىش كىرگەندىن بېرى كىيدىڭ ، بولمىسا ھېلىلا ئېتىزدىن كەلگەن دېھقاندەك ، ئادەتتىكى كۆڭلەك ، ئىشتان ، پۇتۇڭدا رېزىنكە ئاياغ…

— ئەمىسە ماۋۇ كىيىملىرىم بوپقالغۇدەكتە ؟

— بولمايدۇ ، سودا ساھەسىدە ئىناۋەت تاپىمەن ، يۈز تاپىمەن دېگەن ئادەم پۇزۇر كىيىنىشى كېرەك . بولمىسا ، مەن ساڭا ئىككى قۇر كىيىم ئېلىپ بېرەي .

— ۋاي نېمە دەيدىغانسىز ، ئۆزۈممۇ ئالالايمەن .

— ئەگەر بۇگۈن بىرەر سودىگەر بىلەن توختام تۈزمەكچى بولغان بولساڭ ، ئۇ سېنىڭ تۇرقۇڭغا قاراپلا : «ۋاي بۇ بىر ئالدامچىمۇ نېمە …» دەپلا يېنىۋالىدۇ ياكى ھەرخىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ كېتىپ قالىدۇ . سەن ئۇچاڭدا قىممەت باھالىق پەلتو ، بېشىڭدا قاما قۇلاقچا ، بوينۇڭدا ئالىي شارپا ، قوللىرىڭدا برىليانت ئۈزۈك ، تاقىلداپ كىرىپ كەلسەڭ ، ئۇ دەرھال سېنىڭ ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، قولۇڭنى بىر ھازا سىلكىپ كۆرۈشۈپ كېتىشى ياكى ئېسىل تاماكىلارنى قوش قوللاپ تۇتۇشى مۇقەررەر . ئۇ چاغدا توختاممۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ .

— مەن ھەر قېتىم قېشىڭىزغا بارسام ، ئانامدەك نەسىھەتىڭىز تۈگىمەيدۇ ، — دېدى قەدىردان ، — «ئوقۇمىساڭ بولمايدۇ» دېيۈدىڭىز ، مانا ئۈچ ئاي ئوقۇپ بىر قارارنى تۈگەتتىم .

— زىيان تارتمىغانسەن ؟

— زىيانغۇ تارتمىدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنىڭمۇ ئوقۇغۇسى بار تۇرسا .

— ھەببەللى ، يىراقنى كۆزلىگەن ئادەم تىل بىلمىسە بولماي-

دۇ ، — ياڭ مىڭسەن ماشىنا دېرىزىسىدىن قاراپ قويدى ، — گەپ بىلەن ياتىقىڭغىمۇ كېلىپ قالدۇق .
— ئەمىسە مەن ئۆگۈنلۈككە 122 تونىنا مال ئاپىرىمەن ، — قەدىردان ماشىنىدىن چۈشتى ، — بىر ياققا كېتىپ قالماڭ...
— ھەي توختىغىنا ، — ياڭ خوجايىن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى يوغان ئاچتى ، — ئەكىلىدىغان مېلىڭنىڭ ئىچىدە قارىئۆرۈك قېقى بارمۇ ؟
— 12 توننا بار .
— بەك ياخشى ، بۇندىن كېيىن قارىئۆرۈك قېقى قانچىلىك بولسا ، شۇنچىلىك ئالىمەن .
— پۇلىنىمۇ قانچىلىك دېسەم شۇنچىلىك بېرەرسىز ؟
— ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ... سىزنىڭ گىرىلىقىڭىز ... — ياڭ مىڭسەن كۈلۈۋەتتى ، — ھەي ، ساڭا مەشەدىكى ياتاق زادى بولمىدى . بۇ بىر ئوغرى ، قاراقچى ، بەڭگى ـ قىمارۋازلارنىڭ ماكانىغۇ...
— قىزىقكەنسىز ، ياڭ لاۋبەن ، ھازىر يېتىۋاتقان ياتىقىمنىڭ 20 يۈەنىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن ، قالغىنىنى دىرېكتورىمىز ئوبۇلھەسەن بېرىدۇ .
— تېمە دەيدىغانسەن ، سېنىڭدەك بىر سەيگۈيۈەندىن پەخىرلىنىپ ، ئالىي ياتاقلاردا يېتىش شارائىتىنى يارىتىپ بەرمەي ...
— ئۇلار «15 يۈەنلىكتىن تۆۋەن ياتاقتا ياتىسەن» دەپ بەلگىلەپ بەرگەن تۇرسا...
— بولىدۇ ، قالدى گەپ كېيىنكە قالسۇن ، — ياڭ مىڭسەن ماشىنىسىنى ئايلاندۇرۇپ چوڭ يولغا ئېلىپ چىقتى ـ دە ، يۈرۈپ كەتتى . ئۇ كېتىۋېتىپ پىچىرلىدى :
— ئۇيغۇر ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ روناق تاپقان بايلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرى ئادەم ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ ، سەرخىللىرىنى تاللاشقا سەل قارايدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئونىنچى باب

ئۇرۇمچىنىڭ قارا سوغۇقلىرى باشلاندى . پات ـ پاتلا يەر ـ
جاھاننى ئاق لىباسقا پۇركەپ قار ياغاتتى . يامالىق تېغىدىن قىيپاش
ئۇرغان بوران قار توزۇندىلىرىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن ئۇچۇرۇپ ،
شىۋىرغان ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى . ئېگىز بىنا روجەكلىرىدىن ،
تېلېگراف ئىستولبىلىرىدىن ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاقشال
ئاكاتسىيەلەردىن ۋىشىلدىغان ، غۇڭۇلدىغان ، ئاچچىق پۈشتەك ئاۋا-
زىدەك چىرقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى ... شۇنداقتىمۇ ، ئۇستىباش-
لىرىغا ئاق لىباس ئارتقان كوچا ئاپتوبۇسلىرى ، ئاپپاق شاپاق
دوپپا كىيگەن تالىپلاردەك ئۇيىاقتىن ـ بۇياققا چېپىشىپ يۈرگەن
تاكسىلار ، تىرىكچىلىك غېمىدە نەلەرگىدۇر ئالدىراۋاتقان يو-
لۇچىلار كۈن لاپپىدە چىققان ھامان يەنە جانلىنىپ كېتەتتى .
ئىككىنچى قارار ئوقۇشقا تىزىملىتىپ ، ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرۇپ
بولغان قەدىردان كۈندە كەچتە تىل ئۆگىنىشكە بېرىشتىن سىرت ،
ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن تۆت بازارنى ئايلىناتتى . مىلى يېتىپ
قالغان ، ھايانكەش ، بېسىمدارلارنىڭ تەھدىت سېلىشىغا ئۇچرىغان
قاقچىلارنىڭ ماللىرىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرەتتى ، ئۆزى خالىغان
تاغارلاردىن ئەۋرىشكە ئېلىپ كۆرەتتى ، ئەڭ سۈپەتلىك ، ياخشىلى-
رىنى تاللاپ ياڭ مىڭسەنگە ئۆتكۈزەتتى . ئۇ باھا قويۇشتىمۇ خېلىلا
كەڭ قورساقلىق قىلىۋاتاتتى . مانا بىر ئاي ئىچىدە ئۇنىڭغا سۈپەت-
لىك مالدىن 600 توننا ئۆتكۈزۈشتىن سىرت ، «غەربىي دىيار»
نىڭ دىقماق خوجايىنى جاڭ يۇڭچىڭ ، «قوڭغۇرتاش»نىڭ گۇر ـ
گۇر بورىنى لۇڭ داتۇلارغىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 300
توننىدەك مال يەتكۈزۈپ بەردى . داخىيەنىڭ گەپتان تاقىر بېشى
ياڭ مىڭسەن خۇشلۇقىدا قەدىردانغا سوۋېتنىڭ كۆل رەڭ ، كۆرپە

ياقىلىق يۇڭ پەلتوسىدىن بىرنى سوۋغات قىلدى . ئۇ قەدىردانىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ : «600 تونىنا مىلىگىدىن بۇرادىرىم دەھشەت خۇ-شال بولۇپ كېتىپ ، «مەن ئۈچۈن رەھمىتىمنى ئېيتىپ قوي » دەپ مۇشۇ پەلتونى ئەۋەتىپتۇ ، ئەمدى قىلىپ قالغان 200 تونىنا مالنى ئالدىرىماي ئېلىپ بەر » دەپ كېتىپ قالدى . ياڭ خوجايىن كېتىپ ، شۇ كۈنى كەچ ناھىيەلىك سودا كوپىراتىپىنىڭ ئۇرۇمچە-دە تۇرۇشلۇق سەيگۈيۈەنى ماخمۇت قەدىردانىنى ئىزدەپ «مۇساپىر-لار مېھمانخانىسى»غا كەلدى . ئۇ ئىككى يىل ئىلگىرى قەدىردان ئالغان 100 دانە يانچۇق ئۈنئالغۇسى بىلەن لېنتا ياندۇرغۇچنى خوتەنگە ئالغاچ كەتكەندىن بېرى ، بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق كېلىشى ئىدى . ئۇ دىرېكتور ئوبۇلھەسەننىڭ مال ئېلىش ھەققىدىكى يازغان خېتىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ كېتىپ قالدى . قەدىردان بىلەن ياقۇپ ھاجىم ئىككىسى ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە توپ سېتىش بازارلى-رىدىن 145 مىڭ يۈەنلىك مال ئېلىپ ، خوتەنگە يولغا سالدى…

ھازىر تۆت بازار بويىچە «بالا سەيگۈيۈەن» دېگەن نام ساتار-مەن ، ئالارمەنلەرنىڭ ئېغىزىدىن - ئېغىزىغا كۆچۈپ ، مال ئىگىلى-رى ئۈچۈن ئامەت ، بېسىمدار ، ھايانكەشلەر ئۈچۈن بىر تەھدىت بولۇپ قالغانىدى ، بولۇپمۇ ماللىرى بېسىلىپ ۋاقتىدا پۇل قىلالـ-ماي ياكى يۇرتىغا قايتالماي ، ئۆز ئىزىغىمۇ ساتالماي قالغان قاقچى بىچارىلەرنىڭ ئالدىغا 30 — 40 مىڭ ، كەينىگە 10 — 15 مىڭ يۈەن پايدىسىغا ماللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بەرگەندىن كېيىن ، بېسىمدار ، ھايانكەشلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى . چۈنكى ، ئۇلار كۆز قىرىغا ئالغان ھەرقانداق مالنى ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىۋې-لىپ ، بىر باھادىن يۇقىرىغا ئۆرلىمەيتتى . ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ، لەمپىلىك سېنا ئورنىنىڭ كۆنلۈك مال قويۇش ھەققى ، ئاش - تاماق ، ياتاق چىقىملىرى ئۇ بىچارىلەرنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ ، ماللىرىنى كۆزى قىيمىغان ھالدا زىيىنىغا بىرىۋېتەتتى . ھا-زىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى گۈل شىرنىسىگە ئولاشقان ھەسەل ھەرىلىرىدەك ، قەدىردانىنىڭ ئەتراپىغا توپلانماقتا ئىدى . مانا قېۋ-

رالمۇ چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ . تۆت بازاردىن ھەر كۈنى جاڭ كاللەك ، لۈك يوغان باش ، ياڭ تاقىرنىڭ ئامبىرىغا نەچچە يۈز تونىلاپ كىرىۋاتقان مال بالا سەيگۈيۈەننىڭ ئىلتىپاتىدىن بولۇۋاتاتتى . بۇ ئەھۋال ھايانكەش مەتتۇرغۇن شىلىم ، نۇرادىل پاناقلارنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى . قەدىردانىنى تۆت بازاردىن قوغلاپ چىقارمىغۇچە ، چىرىغى ئۆرە كۆيمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن مەتتۇرغۇن شىلىم ھايانكەشلەرنىڭ غوللۇق چاپارمەنلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، قەدىردانىنىڭ ئىسىدىن چىقمىغۇدەك ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇشتى .

ھاۋا ئېچىلغان كۈنلەرنىڭ بىرى . قىش قۇياشى ئەينەك پارچىسىدەك يالتىراپ ، ئاپپاق قار كۆزلەرنى چاقنىتىپ ئاچۇرمايتتى . قەدىردان كېرىيەلىك قاقچىلاردىن ئىككى ئادەمنىڭ مىلىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈۋاتاتتى . تۇيۇقسىزلا قوللىرىدا تاسما بەلباغ ، تاياق ۋە ئۆچى كاللەكلەنگەن ئارغامچا تۇتقان ئالتە ـ يەتتە لوكچەك پەيدا بولدى . ئۇلار چەمبەر شەكلىدە قورشاپ ، ھەيۋەت بىلەن پۇت ـ قوللىرىنى كېرىپ تۇراتتى .

— ھەي شۇم ، — دېدى مەتتۇرغۇن شىلىم قولىنى جونۇپ ، — بۇ مالنى تۇنۇگۈن بىز سۆزلىشىپ قويغان تۇرساق ، ئەمدى سەن چىۋىندەك چاپلاشتىڭما ؟

— باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزغان ئادەمنى قانداق جازالايدىغانلىقىمىزنى بىلەمسەن ؟ — ئىككى يىل ئالدىدا قەدىرداندىن دەشىنەم يېگەن نۇرادىل پاناق قولىدىكى كالتە ئارقانىنى پىرقىراتقاچ ، ئالدىغا بىر قەدەم چىقتى .

— سىلەرنىڭ سۆزلەشكىنىڭلارنى بىلمىدىم ، — ئۇلارنىڭ ئەلپازىنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن ئەندىككەن قەدىردان ئىلاجى بار ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى ، — بۇ ئاكىلار ئۆزلىرى قېشىمغا بېرىپتىكەن ، شۇڭا كۆرۈپ باقاي دەپ كەلدىم…

— تولا خۇپىسەنلىك قىلما ، — ۋارقىرىدى مەتتۇرغۇن شىلىم ، — سېنىڭ دەردىڭدە تۆت بازاردىن نان تېپىپ يېگىلى بولمامدا ؟

قەدىردان مەتتۇرغۇن شىلىمنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلار-ئاڭلىمايلا ، ئارقىسىدىن بېشىغا تەگكەن بىر نەرسىنىڭ زەربىسىدىن ئالدىغا دۈملا چۈشتى . ئاڭغىچە يۈز - باشلىرىغا ، بىقىن - مەيدىلىرىگە چۈشۈۋاتقان مۇشت ، تاياق ، تاسما بەلباغ ، دۈمبە - تېپىكنىڭ دەستىدىن ھوشىدىن كەتتى . ھېلىمۇ ياخشى ئەتراپتىكى قاقچىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى توسمىغان بولسا ، كۆزى قانغا تولغان بۇ ئەبلەخلەر قەدىردانىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولاتتى . كىملەردۇر ئۇنى يۆلە - كۆتۈر دېيىشىپ ماشىنىغا سېلىشتى ھەم ھايال ئۆتمەي خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ياتقۇزدى . قەدىردانىنىڭ يۈز - باشلىرى قىپقىزىل قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن ، بىقىن - قورساقلىرىدا چىنە ئاغزىدەك كۆپكۆك ئىششىقلار بار ئىدى .

قەدىردان ئەتىسى سائەت 10 لاردا كۆزىنى ئېچىپ ، ئەتراپقا قارىدى . ئۇنىڭ بېشىدا ھېلىمجان ئاۋاق ، نۇرمەت پاكار ۋە بىر قانچىلىغان قاقچى باللار قاراپ تۇرۇشاتتى . ئۇلار : «ھوشىغا كەلدى··· » ، «كۆزىنى ئاچتى ··· » دېيىشىپ گۇدۇڭلاشماقتا ئىدى . شۇ چاغدىلا قەدىردان بىلىكىدە ئاسما ئوكۇل بارلىقىنى ، باش - يۈز ، قورساقلىرىنىڭ تېڭىلغانلىقىنى بىلدى . ھېلىمجان نۇرمەتنى قالدۇرۇپ ، ئۆزى تاماق ئەكىلىش ئۈچۈن مېڭىشى ، باشقا قاقچى باللارمۇ تاماققا مېڭىشتى .

يەنە ئىككى كېچە ئۆتتى . قەدىردان ياستۇققا يۆلەپ قويسا ئولتۇرالايدىغان بولدى . نۇرمەت ئاشخانىدا ئاتايتەن ئەتتۇرۇپ كەلگەن ئېرىن چۆپنى قوشۇق بىلەن قەدىردانغا ئىچۈرۈپ تۇرۇشى ، غەيرەت جاڭدۇ ئالدىراپ كىرىپ كەلگىنىچە قەدىردانغا ئېگىشتى :

— مەن··· مەن تېخى ھازىرلا ئاڭلىدىم . مەتتۇرغۇن شىلىم ، نۇرادىل پاناقتىن باشقىلىرىنى تونۇيالىدىڭمۇ ؟ — غەيرەتنىڭ ئاچچىقىدا چىرايى سۇپسۇر بولۇپ كەتكەنىدى ، — بوپتۇ ، مەن باشقىلىرىنى بازاردىكىلەردىن سۈرۈشتە قىلىپ تاپالايمەن !

— نېمە قىلماقچىسەن ؟ — قەدىردان زەئىپ ئىڭىر-

دى ، — يەنە… يەنە ئىش تېرىپ يۈرمە… سەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسەن… ئۇلار بەك كۆپكەن …

— ھىھ ، — غەيرەت غەزەپ بىلەن دىمىقىنى قاقتى ، — سەن تېخى مېنىڭ غەيرەت ئىكەنلىكىمنى بىلمىسەن ، باشقىسى ساڭا قا-راڭغۇ … كۆرۈپ تۇر ، ئاشۇ گۇيلار ئۆمىلەپ كېلىپ ئالدىڭدا كەچۈرۈم سورىمىسا ، غەيرەت جاڭدۇ دېگەن ئىسمىمنى يۆت-كىۋېتىمەن…

غەيرەت قاڭقىغان تويتەك بالىنىستىن چىقىپ كەتتى . قەدىر-دان ئۇنىڭ ئەزەلدىن يو ئىتتىشقا ئامراق ، يوپاڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكىمۇ ، ئانچە سىنەكەپ كەتمىدى . ئەمما ، ئەتىسى كەچ كۈز باغلىنار - باغلانماستىن ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ ، دوختۇر - سېستىرالار بىسەرەمجانلىق ئىچىدە يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى . ئۇلار قانداقتۇر چاقلىق تەكشۈرۈش ماشىنى-لىرىنى ئىتتىرىشىپ ، تەخسىلەردە داكا ، قايچا ، قىسقۇچ دېگەندەك تېگىق ماتېرىياللارنى كۆتۈرۈشۈپ ، قەيەرگىدۇر ئالدىرىشاتتى . ئۇ يەردىكى ئەندىشىلىك ئاۋازلار ، كۇسۇرلاشلار بالىنىست ئۆيىگە ئاڭ-لىنىپ تۇراتتى ، بۇنداق ۋەھىمىلىك شەپىلەر تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى .

ئەتىسى ئەتىگەن ئويغىنىپ كەتكەن قەدىردان نۇرمەتنى ساقلاپ ئىشىككە قاراپ ياتاتتى . ئىشىك ئېچىلىپ ، نۇرمەت ئەمەس ، زۇل-ئاي داستىخان قولتۇقلىغان ھالدا كىرىپ كەلدى … ئۇ قىزارغىنىن-چە قەدىرداندىن ھال - ئەھۋال سورىدى ، ئاندىن : «يۈزىڭىزنى يۇمىغانسىز ، بولدى قوزغالماڭ …» دېگىنىچە ، چايداندىن داسقا سۇ قۇيۇپ ، لۆڭگىنى چىلاپ سىقىۋەتكەندىن كېيىن قەدىرداننىڭ يۈزلىرىنى سۈرتمەكچى بولۇۋىدى ، قەدىردان ئۇنىڭ قولىدىن لۆڭ-گىنى ئېلىۋېلىپ ، يۈز - قوللىرىنى ئۆزى سۈرتتى . شۇ ئەسنادا زۇلئاي گۆشناننى كېسىپ ، پىيالىگە چاي قۇيۇپ ئەكىلىپ ، ئۆزى ئورۇندۇقنى سۈرۈپ يېقىن كەلدى .

— قېنى ئېلىڭە ، — دېدى قىز قاپاقلىرىنى

سوزۇپ، — سىزنى ئامراق دەپ گۆشنان پىشۇرۇپ كەلدىم...
— رەھمەت سىزگە، — قەدىردانمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى، — بۇنداق مۇساپىرچىلىقتا بېشىڭغا كۈن چۈشسە، يەنىلا بىر يۇرتلۇقـلار ئەسقاتىدىكەن.
— بالا كەلسىمۇ ئاشۇ بىر يۇرتلۇقلاردىن كېلىدۇ، — دېدى زۇلئاي تۇمشۇقلىرىنى دومسايتىپ، — سىزنى تاياقتا قويغان مەتـتۇرغۇن شىلىمنى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە دوختۇرلار جىددىي قۇتقۇزۇۋاتىدۇ، ئۇ سەكراتتا چۈشۈپ قاپتۇ...
— نېمە؟! — قەدىردان چۆچۈپ كەتتى، — ئۇ ... ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟
— نېمە بولاتتى، تۈنۈگۈن زوھۇر گاسىيا ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ، مەتتۇرغۇن شىلىمنىڭ ئادەملىرىنى سۇر ـ توقاي قىلىپ ئۇرۇپ، «قوڭۇرتاش» بازىرىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېـتىپتۇ... ئۇلار يالۋۇرۇپ يىغلىسىمۇ، ئۆمىلەپ پۇتلىرىغا باش قويسىمۇ، قەسەم قىلسىمۇ چاتىقى يوق ئۇرۇۋېرىپتۇ... ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلا نۇرادىل پاناق قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. ھازىر قالغانلىرى مۇشۇ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە قۇتقۇزۇلۇۋاتىدۇ.
— نېمە، زوھۇر گاسىيا؟! — قەدىردان تېڭىرقاپ قالدى، — ئۇنىڭ مەتتۇرغۇن شىلىمدا نېمە ئۆچى باركىنا؟
— شۇ چاغقىچە ئۇقمىدىڭىزما؟ — دېدى زۇلئاي، — ئۇ سىزنى دەپ شۇنداق قىلغان تۇرسا ...
— مېنى... مېنىما؟ قىزىق گەپ، مەن ئۇ ئادەمنى بىرەر قېتىم كۆرۈپمۇ باقمىسام ...
— ئەدىبىنى بەرگەنلەرنىڭ ئىچىدە غەيرەتكامۇ بار. ئۇ زوـھۇر گاسىيانى دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ ھەم قوچاقلاپ يۈرۈپ ماشىـنىغا سېلىۋالمىغان بولسا، چوقۇم بىرەر ـ ئىككىسى ئۆلەتتىكەن.
قەدىردان يەۋاتقان گۆشناننى تۇتقىنىچە، غەيرەتنىڭ: «سەن تېخى مېنىڭ غەيرەت ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن، باشقىسى ساڭا قاـراڭغۇ ... كۆرۈپ تۇر، ئاشۇ گۇيلار ئۆمىلەپ كېلىپ ئالدىڭدا

كەچۈرۈم سورىمىسا ، غەيرەت جاڭدۇ دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىد-
مەن··· » دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ ، تېنىنى سوۋ باستى . چۈن-
كى ، ئۇ غەيرەتنىڭ زوھۇر گاسىيانىڭ گۇرۇھىدىكى ئادەم ئىكەنلى-
كىنى مۇسەللەپ بولغانىدى···

چۈشتىن كېيىن مۈگدەك بېسىپ قالغان قەدىردان ئەمدىلا ياستۇققا بېشىنى قويۇشى ، غەيرەت كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئاچچىقى يانمىغاندەك قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇردى .

— قانداقراق ئەھۋالىڭ ؟ ئاۋۇ گۇيلارنىڭ ئۆملەپ كەلگۈدەك مادارى بولمىغاچقا ، كەچۈرۈم سورىغىلى ئالدىڭغا كېلەلمىدى .

— غەيرەتكا ، بۇ ئىشنىڭ سەل چەكتىن ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق ؟

— ئادەم ئۆلمىسە قانداق چەكتىن ئاشقان بولىدۇ .

— ئاڭلىسام ، زوھۇر گاسىيا دېگەن ئادەم دەھشەتلىك ۋەھشى ئادەممىش ، بىر - ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ، بۇنىڭ جاۋاب-كارلىقى ھەممىمىزگە كەلمەمدۇ ···

— شۇڭا ، مەن چاندۇرماي ئۇنىڭ يېنىدىكى پىچىقىنى غىلاپ-تىن سۇغۇرۇۋالغان .

— پاھۇي ، سەن نېمىدېگەن قارام ··· — قەدىردان ئاچچىقىد-نا كۈلدى ، — كېيىنكى ئاقىۋەتنى پەقەتلا ئويلىمايدىكەنسەن .

— مەتتۇرغۇن شىلىم ۋە ئۇنىڭ چاپانچىلىرى ئەمدى تۆت بازاردىن يىتىدۇ .

— نېمىشقا ؟

— زوھۇر گاسىيا قانداقلىكى ئىشقا قول تىقسا ، ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدۇ . بۇنى ئۇلار ئوبدان بىلىدۇ . بۇنىڭدىن تۆت بازار خەۋەر تاپتىمۇ بولدى ، ئەمدى ھەرقانداق زومىگەر گۇرۇھلار ساڭا چېقىلالمايدۇ .

قەدىردان خوتەندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر-دە «قارا گۇرۇھ» ، «قارا قول پارتىيەسى» ، «چەيدولۇقلار» دې-

گەندەك زومىگەر گۈرۈھلار بار ئىكەن ، دەپ ئاڭلىغانىدى . بۈگۈن ئۇ بۇنىداق گۈرۈھلارنىڭ ئۇرۇمچىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەندى ...

قەدىردان بالىنىستتا 12 كۈن ياتتى . بۇ جەرياندا نۇسرەت مۇئەللىم ، ياڭ مىڭسەن ، ياقۇپ ھاجىم ، ماخمۇت سەيگۈيۈەن قاتار-لىق تونۇش - بىلىشلەر ئۇنى يوقلىدى ، بولۇپمۇ ياقۇپ ھاجىم بىلەن ماخمۇت سەيگۈيۈەن ، قەدىردانغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ، ئاپباس بۇجاڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمىز ، دەپ ئەنسىرىگەنىدى . قەدىردان بالىنىستتىن چىقىپ كېتىدىغان كۈنى ، ياندىكى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ياتىقىغا كىردى . باش ، يۈزلىرى بويۇنلىرى-غىچە تېڭىلغان مەتتۇرغۇن شىلىم چەتتىكى كارىۋاتتا ئۇن-تىنسىز ياتاتتى . گەرچە تېڭىلمىغان بىر كۆزى ئوچۇق بولسىمۇ ، ئەينەك ساقىدەك پارقىراپ تۇراتتى - يۇ ، لېكىن مىدىرلى-مايتتى ... قەدىردان ئۇنىڭغا خېلى ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغان بولسى-مۇ ، مەتتۇرغۇن شىلىمدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈلمىدى .

قەدىردان دوختۇرخانىدىن چىقىپ ، گۈللۈك چوڭ تۆمۈر دەر-ۋازا ئالدىدا توختىدى . ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى . مارتنىڭ يىگىرمىلىرى بولۇپ قالغاچقىمۇ ، قۇياشنىڭ خېلىلا تەپتى باردەك قىلاتتى . ئۈستى قاڭالتىرلىق بىنالارنىڭ قىرلىرىدىن قار سۇلىرى شۇرقىراپ تۆكۈلمەكتە ئىدى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدى-كى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرىغا دۆۋىلەنگەن قارلارمۇ كاۋاكلى-شىپ ، خېلىلا پەسلەپ قالغاندەك قىلاتتى ، لېكىن ئۇرۇمچىنىڭ ھاۋا كىلىماتى خۇددى ئەركە خوتۇننىڭ نازىغا ئوخشايتتى . ئۇ بىردە تۇتۇلۇپ قىشنى چىللىسا ، تۇرۇپلا ئېچىلىپ باھاردەك چىراي ئا-چاتتى ، ھەتتا 5 - ئايدا دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى يايپې-شىل سايە تاشلاپ تۇرغاندىمۇ ، بىر كېچىدىلا ئاپپاق قار ئاستىدا قالىدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالاتتى...

قەدىردان يول چېتىدە تاكسى توختاتماقچى بولۇپ تۇرۇشى ، غەيرەت جاڭدۇ يولنىڭ ئۇ قاسنىقىدىن ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

كەلدى . بىراق ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقان زۇلئاينى كۆرۈپ ، قەدىردانىنىڭ گەجگىسى قورۇدى . «بۇ قىز نېمانداق ھەممىلا يەردە كۆزگە چىققان يىگىناسقۇدەك ئىلىشىپلا يۈرىدۇ» دېگەن ئۇيدا ئىچىپ قىلىپ ئۆتۈشى ، غەيرەت جاگدۇ ھاسىراپ كەلگىنىچە قەدىردانىنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى .

— مەن ساڭا دېگەنغۇ ، ئەتە بالنىستتىن ئۆزۈم ئاچىقىپ كېتىمەن دەپ ، — دېدى غەيرەت رەنجىگەندەك قىلىپ ، — ئالدىراپ كېتىپسەن - ھە ؟

— ۋاي - ۋۇي ، زېرىكىپ ئۆلەي دېدىم ، — قەدىردان زۇلئايغا چىراي ئاچمىدى ، — سىز كەلمىسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ .

— غەيرەتكام بىزنىڭ ئاشخانىدا تاماق يەۋېتىپ ، سىزنى دوختۇرخانىدىن ئاچىقىدىغانلىقىنى دېگەچكە بىللە كەلدىم . كەلگىنىم بولماپتىما ؟

— ئادەم ئانىڭىزنىڭ ئەلپازىدىن قورقىدىكەن ، تىلىنىڭ تەيلىكلىكىچۇ تېخى …

— ھەي … شۇنچە لوكچەكنىڭ تايىقىنى يەپ ھېچنېمە بولمىغان ئادەم ، خوتۇن كىشىنىڭ تىللىشىدىن قورقامدا ؟

— تاياق ئەتتىن ، تىل سۆڭەكتىن ئۆتىدۇ ، دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سەن .

— ئاشخانىدا ، — دېدى زۇلئاي راستىنلا رەنجىپ ، — ئانامدىن باشقا ئادەم كۆزىڭىزگە چېلىقمايدىكەن - دە…

— بولدى ، بولدى ، تاكسىغا چىقىڭلار ، — غەيرەت قولىنى كۆتۈرۈپ تاكسى توختاتقانىدى ، — ھەرقانچە يىغلىپ قالغان گەپلەر بولسا ، ماشىنا ئىچىدە بولسۇن…

غەيرەت ماشىنىنىڭ ئالدىغا ، قەدىردان بىلەن زۇلئاي ئارقىسىغا چىقتى . لېكىن ، ئۇلار «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا كەلگۈچىلىك خۇددى گاچىلاردەك جىمجىت ، بىر - بىرىگە ھومىيىشىپ كېلىشتى .

ئۇلار ياتاققا كىرىشى بىلەن غەيرەت چۈشلۈك تاماق ئەكىلىش

ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قولاشمىغان ھەرىكەتلىرىدىن قەدىردان بىلەن زۇلئاينى يالغۇز قويماقچى بولغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. قەدىردان ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى. چۈنكى، مۇشۇ ناتونۇش قىزنىڭ ئانىسىنىڭ تىل ـ دەشناملىرىنى ئىشىتىپ، سېسىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارغانلىقى، لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ يۈزلىرىنى سۈرتمەكچى بولغانلىقى، گۆشنانىنى توغراپ يېگۈزۈپ قويۇشلىرى، تېخى نەچچە يىللىق قەدىناسىدەك پىيالىدىكى چاينى تۇتۇپ، تەلمۈرۈپ تۇرۇپ كېتىشلىرى كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن، قەدىردان بايىقى قوپاللىقىدىن سەل ئىزا تارتىپ قالدى.

— زۇلئاي، بايىقى گېپىمدىن رەنجىپ قالدىڭىزما؟ قاراڭە دومسىيىپ كەتكىنىڭىزنى...

— ئەسكى... ئەسكى... — يامغۇردەك تۆكۈلۈپ كەتكەن زۇلئاي قەدىردانىنىڭ مەيدىسىگە بوش مۇشتلىدى، — ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياغاچ تىقىپ... بىردەمدىلا روھىم تېنىمدىن ئۈچۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

— بىردەمدىلا ئۈچۈپ كېتىدىغان، تۇرۇپلا توزۇپ كېتىدىغان باھاردىكى چېچەك، سازلىقتىكى توزغاق، شامالدىكى مامكاپقىلا ئوخشايدىكەنسىز ـ دە...

— ئوخشاتمىغان يەنە نېمىڭىز بار؟ دەڭە قېنى، دېمەمسىز... دېمەمسىز... — زۇلئاي ئەركىلىگەندەك قىلىپ، قەدىردانىنىڭ كۆكرىكىگە يېپىشتى. قەدىردانمۇ ئۇنىڭ نازۇك ھەم سىلىق بەللىرىدىن بوش قاماللىدى، بىر سۆيۈش ئىستىكى قوزغالدى ـ يۇ، بىراق شۇ ھامان سۇغا تىققان مەشئەلدەك تېزلا ئۆچتى... چۈنكى خروئىن سودىسى قىلىۋاتقان بىشەم ھۆسنارخان، خۇمارى تۇتۇپ تولغىنىۋاتقان ئەسەت ئەرۋاھ، قۇياش چىرقىرىغۇدەك گۇناھ ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاباق توختى، ئاللانىڭ «ھوشۇڭنى يىغ» دېگەن بېشارىتى مىيىپ بالا ئىسمايىل، خروئىن ئەتكەسچىسى ئەختەرنىسالار، قىسقىسى، رەزىللىك تورلىرىغا چىرمىلىپ قالغان

بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولغانىدى .

قەدىردان قىزنىڭ بەللىرىدىكى قوللىرىنى ئاستا تارتىۋالدى . ئىشىق - پىراق ئاتەشلىرىدە ئۆرتىنىۋاتقان قىز ئۈچۈن كۆڭۈلنىڭ تۆنجى ئەلچىسى — ئەرنىڭ سۆيۈشى ئەلبەت ! قىزنىڭ چاڭقىغان يۇمران لەۋلىرىگە قونغان يىرىك ، ئەمما ئابىزەمزەم ئاتا قىلىدىغان قاتتىق سۆيۈش قىز بالا ئۈچۈن ئىككى دۇنيا ھۇزۇرىغا تېگىشكۈسىز ھۇزۇرى بەختتۇر !

سۆيۈلۈشكە تەرەددۇتلەنگەن زۇلئاي بېلىدىن ئاجرىغان بىلەكلەر بىلەن تەڭ يۇرىكىمۇ ئاجراپ ، ئوت ئۇستىگە چۈشكەندەك تولغىنىپ كەتتى . ئۇ دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىغىنىچە ، چېكىسىنى قاماللاپ يىغلىۋەتتى...

شۇ كۈنى كەچتە غەيرەتنىڭ : «بىرقانچە كۈن دەم ئېلىپ بارساڭمۇ ، مەكتەپ قېچىپ كەتمەيدۇ ...» دېگىنىگە قارىماي ، قەدىردان « ئالتۇن ئاچقۇچ » تەربىيەلەش مەركىزىگە باردى . نېمىلا بولسا نۇسرەت مۇئەللىم قەدىردان قاتنىشالمىغان 12 كۈنلۈك دەرسنى يانچۇق ئۈنئالغۇسىنىڭ لېنتىسىغا ئېلىپ قويغانىدى . قېلىپ قالغان دەرسلەرنى بۇ لېنتا ئارقىلىق ئاستا - ئاستا تولدۇرۇۋالغىلى بولاتتى...

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەندە «قوڭقۇرتاش مېۋە - چېۋە شىركىتى»گە كېلىشى ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيە ، يېزىلىرىدىن قۇرۇق مېۋە - چېۋە ئېلىپ كەلگەنلەر ئۇنى ئورىۋالدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە كەسپىي قاقچىلار ، دوراپ كەلگەنلەر ۋە باشقىلارنىڭ زورى بىلەن قاق يىغىپ كەلگەن دېھقانلار بار ئىدى . ئۇلار بىر - بىرىگە قوناق بەرمىگەن ھالدا ۋارقىرىشاتتى ، يىلىناتتى ، چاپىنىنىڭ يەڭ - پەشلىرىنى تارتاتتى .

— بالا سەيگۇيۇەن ، مېنىڭكىنى كۆرۈپ باققان بولسىلا ...

— بالا سەيگۇيۇەن ، سىلىنى ساقلىغىلى بىر ئاي بولدى ...

— بالا سەيگۇيۇەن ، ئىزنىغا بولسىمۇ ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بوسىلىرى ...

— توغرا ، ساتتاركامنىڭكىنى بالدۇرراق بىر تەرەپ قىلىپ بەرگەن بولسىلا ، — دېدى قاقچىلاردىن بىرى ، — ئۆزى ياشىنىپ قالغان ھەم كېسەلچان ...

— شۇنداق ، بىز ساتتاركامغا ئۆتۈندۇق ، — دېدى ياشقىنا قاقچى .

— چوڭ دادا ، سىلى قارىئۆرۈك ئەكەلدىم دەۋاتاتتىلە ، جەمئىي قانچىلىك ؟ — قەدىردان ئاپپاق كۆرەك ساقال ساتتار بوۋايغا قارىدى ، — گۈلە ـ قاقلىرىمۇ باردۇ ؟

— بار ، بار ، قارىئۆرۈك 33 توننا ، گۈلە ـ قاق 70 توننا ، — ساتتار بوۋاي يېنىدىكى 30 ياشلار چامىسىدىكى بۇرۇتلۇق بالىغا قارىدى ، — بالام مىرزى كېرىم ، مالنى كۆرسەتكىنە .

بوۋاينىڭ بالىسى مىرزى كېرىم يانچۇقىنىڭ بىرىدىن گۈلە ـ قاق ، يەنە بىرىدىن قارىئۆرۈكنى ئوچۇملاپ ئېلىپ قەدىردانىنىڭ ئالىقىنىغا تۆكتى . گۈلە ـ قاق ھەم قارىئۆرۈك يالىڭ مىگىسەدىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان سۈپەتى ياخشى مال ئىدى .

— چوڭ دادا ، ھەممىسى بىر خىلدۇ ؟

— بالام ، مۇسۇلمان ئادەم ھەرقايسىلىرىنى ئالداپ سېتىۋالساق ، ئۇ دۇنيانىڭ سورىقى بار ئەمەسما . ھەممىسى بىر خاماندىن تاغارغا قاچىلانغان دېسىلە .

— ئەمىسە سىلىنىڭكىنى چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا داخىيەنگە يۆتكەيمىز .

— بالام ، ماشىنا كىراسىغا پۇل يوق تۇرسا ...

— خاتىرجەم بولسىلا ، چوڭ دادا ، ئۇن ماشىنىنىڭ كىراسى كۆپ بولسا 3000 يۈەن ، بولمىسا 2500 يۈەن بولىدۇ . ئۇنى مەن تۆلەپ قويساممۇ ئوخشاش .

— ئۇنداق قىلساق سەت بولار ، بالام .

— سىلىنىڭ مالىلىرى مېنىڭ بىر تونۇشۇمنىڭ زاكاز قىلغىنىغا چۈشىدىكەن . شۇڭا ، باھاسىنى ئاشۇرۇپ ساتسام ، ماشىنا

كىراسىمۇ شۇنىڭدىن چىقىپ قالىدۇ.

— مۇنداق دېسىلە...

قەدىران باياتىن بىرى شاۋ-شۇۋ قىلغان قاقچىلارنىڭ ھەممىسىنى خاتىرجەم قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قىيىنچىلىقى ئېغىرراق ئىككى دېھقانىنىڭ مېلىنى شۇ زامانلا لۇك داتۇغا ئۆتكۈزدى. بىر كاللەك «كۆكۆل»نى كۆرگەن لۇك خوجايىن ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئۈچىنچىسىگە چۈشىدىغان مالنى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بىرىنچىسىگە سىلىپ ئىسپات يېزىپ بەردى ھەم قەدىردانغا ئېگىشىپ كۈسۈرلاشقا باشلىدى:

— ھەي، بىرىنچى دەرىجىنىڭ قايسى تۈرىگە چۈشسە مەيلى، پەۋقۇلئاددە باھادا ساتىمىز. ھەرخىل قاقلاردىن 1000 تۇننا تاپالامسەن؟ پايدىسىنى تەڭ ئالىمىز.

— قاچانغىچە؟

— ئىككى ئاي ئىچىدە ئىچكىرىگە ماڭدۇرۇپ بولساق بولىدۇ.

— تىرىشىپ كۆرەي...

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ!

— خاتىرجەم بولۇڭ.

قەدىردانىنىڭ بۇنداق ئىشەنچلىك جاۋاب بېرىشى، ئوبۇلھەسەننىڭ ئامبىرىدا باھانىڭ ئۆرلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان سورتلۇق قاقلىرى بار ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭغا «باھا ئۆرلىدى» دەپ خەۋەر بەرگىنىدە، ئۇ مالنى دەرھاللا يولغا سالاتتى.

قەدىردان لۇك داتۇنىڭ ئىشخانىسىدىن خۇشال قايتىپ چىقتى. ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ مېلىنىڭ كۆكۆلدىكىدەك سېتىلغانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ مېلىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ، بىرى 14 مىڭ، يەنە بىرى 9000 يۈەن پايدا ئالدى. ئۇلار خۇشلۇقىدىن قەدىردانغا پۇل تەڭلىگەنىدى، ئۇ كۈلۈپ قويدى-يۇ، لېكىن ئالمىدى.

قەدىردان داخىيەنگە يۆتكەيدىغان مالنى قايتىدىن تەكشۈردى. ئۆزى خالىغان بەزى تاغارلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ھەممىنى تۆكتى.

بەزى تاغارلارنىڭ ئاغزىدىن ، بەزىلىرىنىڭ ئاستىدىن تۆشۈك ئې-
چىپ ، مالنىڭ بىر خىل ، بىر خىل ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاپ چىق-
تى . ئاندىن 103 توننا مال ئۇن ماشىنىغا تەڭشەپ بېسىلدى .
بوۋاينىڭ ئوغلى ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ، بوۋاي بىلەن
قەدىردان ئەڭ ئاخىرقى ماشىنىدا يۇرۇپ كەتتى...

بوۋاي چىرانىڭ گۇلاخما دېگەن يېزىسىن بولۇپ ، 28 مولۇق
ئۆرۈكلۈك باغنى ھۆددىگە ئالغانىدى . ئۇلار ھەر يىلى ئۆرۈك ۋە
قارىئۆرۈكنى قاق سېلىپ ، ناھىيەلىك سودا ئىدارىلىرىگە ياكى قاق
سودىگەرلىرىگە سېتىپ بېرەتتى . ئۇلار ئالدىنقى ئېلىپ كەلگەنلە-
كەن ، ئەلۋەتتە باھاسى خېلىلا تۆۋەن بولاتتى . شۇڭا ، بۇ يىل ئاتا-
بالىلار مەسلىھەتلىشىپ ، ئۈرۈمچىگە يۆتكىمەكچى بولۇشتى . بۇنى
ئاڭلىغان ئۇرۇق - تۇغقان ، يېقىن - يورۇقلار ئۆزلىرىنىڭ قاقلى-
رىنىمۇ ئۇلارغا سېتىپ كېلىشكە ھاۋالە قىلىشتى .

— مالنىڭ بۇنداق پاكىز بولۇشى ، — دېدى ساتتار بوۋاي
ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇپ ، — كوللېكتىپ قۇرۇتقان ئەمەس .
دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ بولمىغاچقا ، كوللېكتىپنىڭ قاقلىرىنى بولۇ-
شىغا قۇرۇتىدۇ ، بوراندا توپىغا كۆمۈلۈپ قالامدۇ ، يامغۇردا پاتقاققا
پېتىپ ، شالتاق بولۇپ كېتەمدۇ ، چاتىقى بولمايدۇ ، ئەمما ئۆزى-
مىزنىڭ ئىكەن ، ئىلاجى بار ئۇنى تۇجۇپىلەپ قۇرۇتىمىز .

— ئۇنداقتا ، چوڭ دادا ، سىلىنىڭ ماللىرىدەك پاكىز مال
يەنە تېپىلارمۇ ؟

— بىزدە قالمىدى ، قارىسىلا ، لېكىن «قىيالىق» دېگەن بوز
يېرىمىز بار ، ئۇ يەردە 1000 مولاپ ، 2000 مولاپ ئۆرۈكلۈك
باغلار بار ، ئەمما ئۇنى يۆتكىسەك گۇڭ كۆتۈرمەيدۇ .

سىلى ماشىنا كىراسىدىن ئەنسىرەۋاتىدىلا ، شۇنداقتۇ ؟
خاتىرجەم بولسىلا ، كىرا پۇلىنى مالنىڭ بىرلىك باھاسىغا چاپلاي-
مىز ...

— بولىدۇ ، مەن ئۆزلىرىگە خەۋىرىنى بېرەي .

— مەن سىلىگە مېھمانخانىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ

بېرىمەن ، — دېدى قەدىردان قەلىمىنى ئېلىپ — ماشىنا مەسىلىسىدە قىيىنچىلىق بارمۇ ؟

— ياق ، ناھىيەمىزدە تۇشۇش ، يۆتكەش كالونلىرى بار ، قانچىلىك دېسەك چىقىرىپ بېرەلەيدۇ .

— ياشىنىپ قاپلا ، ئەگەر يۆتكەش ، تۇشۇش ، سودىلىشىش ئېغىر كەلسە ، خەۋىرىنى بېرىۋەتسىلە ، ئۆزۈم بارىمەن .

— بولىدۇ… بولىدۇ…

ئۇن ماشىنا گۈلە - قاق بىلەن قارىئۆرۈك قېقى سائەت ئۈچلەر بىلەن «داخىيەن مېۋە - چېۋە شىركىتى»گە يېتىپ كەلدى . قەدىردان ياڭ مىڭسەننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىپ ، ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى . ماشىنىلار تۈز گىرگە سېلىنىپ ، تاغارلار شاللاپ تەكشۈرۈلۈپ ، ئۇن ماشىنا مال ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئاياغلاشتى . قەدىردان بوغالتىرىيە ئىشخانىسىدىن ئېلىپ چىققان چەكنى بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى . ئاتا - بالا ئىككىسى چەكنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ئىشەنمىگەندەك قاراپ كەتتى . ئۇلار : «ئىز پۇلى ، كىرا ھەققى چىقسىلا بولدى ، تارتقان جاپايىمىز بىلەن ھېسابلاشمايمىز ، مۇشۇ سوغۇق شەدىن بالدۇرراق كېتىلىلا» دېگەنىدى . ئەمدىلىكتە 22 مىڭ يۈەن پايدىنى كۆرۈپ ، راستىنىلا ئەۋلىيا - ماشايىخقا ئۇچراپ قالغاندەك كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى .

— بۇنىڭغا ھەيران بولۇشمىسىلا ، — دېدى قەدىردان ، — مەن خېلى كۆپ قاقچى دېھقانلارنىڭ 300 — 400 تونىلاپ ماللىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەردىم ، ئۇلارنىڭ يۇقىرىسى 18 مىڭ ، تۆۋىنى 9000 يۈەنگىچە پايدا ئالدى . نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مېلى كۆپ تۇرۇپ ئاز پايدا ئالدى ، ھەرقايسىلىرىنىڭ 103 تونىنا تۇرۇپ ، نېمىشقا بۇنداق كۆپ پايدا ئالدىلا ؟ چۈنكى مال سەرخىل . شۇڭا ، ئۆزى ئاز بولسىمۇ ، پايدىسى كۆپ بولدى .

— شوپۇرلارنىڭ 3000 يۈەن پۇلىنى بېرىۋەتسەك دېگەنىدىم ، — دېدى ئاقساقال قەدىردانغا پۇل تەڭلەپ .

— خاتىرجەم بولسىلا ، بوغالتىرىيە ئىشخانىسىدىلا نەق پۇل

بېرىۋەتكەن ، بۇ چەك ئەمدى ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ، ماڭا ئازراق تاپان ھەققى قالدى ، رازى بولۇشالا .
— رازى بولمامدىغان ، بالام . ئۆزلىرى بولمىغان بولسىلا ، ھايانكەش ، بېسىمدارلارغا يەم بولۇپ كېتەتتۇق .
ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئالدىراپ سودا ـ سانائەت بانكىسىغا كىرىپ كېتىشتى . قەدىردانمۇ شىركەتنىڭ خىزمەت بىناسىغا ماڭ- دى . ئۇ ياڭ مىڭسەننىڭ ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ كەلگەندە ، ياڭ خوجايىن دىقماققىنا بىر خەنزۇ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى . قەدىردان ئۇلارنىڭ «مۇڭى»نى بۇزماي دېدى بولغاي ، ئارقىسىغا يېنىشى ، ياڭ مىڭسەن ۋارقىرىدى :
— ھەي كادىداڭ ، نەگە كاچىسەن ؟ بىز سېنى ساكلاپ ئول- تۇرگان تۇرساك ...
— ئىككىڭلارنىڭ چىرايلىق سۆھبىتىنى بۇزماي دېدىم ، — قەدىردان دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى ، — ياڭ خوجايىن ، يولىيورۇق بولسا ئاڭلاپلا قايتسام ، مەكتەپكە كېچىكىپ قالىمەن .
— تونۇشۇپ قوي ، — ياڭ مىڭسەن ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان مېھماننى كۆرسەتتى ، — بۇ كىشى فۇجيەننىڭ ئەنبو شەھرىدىن كەلگەن قاق سودىگىرى سۇڭ جىجۇڭ ئەپەندى ، سۇڭ لاۋبەن دې- سەڭلا بولىدۇ . كادىداڭ بولسا ، — ياڭ مىڭسەن قەدىرداننى كۆر- سەتتى ، — قۇرۇق يەل ـ يېمىش مۇتەخەسسىسى ھەم ئۆزى «بالا سەيگۇيۇەن» .
— ئوھوي ، — دېدى سۇڭ لاۋبەن يايغۇدەك دىقماققىنا گەۋدى- سىنى كۆتۈرۈپ ، — «بالا سەيگۇيۇەن ، بالا سەيگۇيۇەن» دەپ ئاڭلىغان سىز ئىكەنسىز ـ دە ؟ ھوي ، راستىلا كىچىك بالا ئىكەن- سىزغۇ ! كۆرۈشۈپ قويايلى ، — قەدىردان سۇڭ لاۋبەننىڭ مىلىق- قىنا سېمىز ، يۇمشاق ئالىقانلىرىنى سىقتى ، — ھەي ، ھەي ، ئەقىل ياشتا ئەمەس ، باشتا دېگىنى توغرا ئىكەن جۇمۇڭ ، ياڭ ھەزرەتلىرى ...
— بۇ تەرىپىگە گەپ كەتمەيدۇ ، — ياڭ مىڭسەن سول تەرەپ-

تىكى ئۈزۈن چاچلىرىنى بارماقلىرىدا ئوڭغا يانقۇزۇپ، تاقىر بېشىنى ياپتى، — مەن بۇ بالىنىڭ ئەكەلگەن ماللىرىنى كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىمەن، ئۆزى پەقەت باھا تالاشمايدۇ.

— ياڭ خوجايىنىمۇ ئىلتىپاتىنى ئايىمايدۇ، — دېدى قەدىردان، — ئالىقىنى كەڭ، ئۆزى مەرد.

ئۇلار ئۈچىلىسى تەڭ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. قەدىردان سۈك لاۋبەننىڭ دۇپدۇگىلەك قورۇقسىز پارقىراپ تۇرغان يۈزىگە، بېجىرىم ئاپپاق چىشلىرىغا، كىچىك بولسىمۇ چېقىن چېقنىۋاتقان روشەن كۆزلىرىگە قاراپ، نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى مۆسەللىيەلمىدى. لېكىن ئۇ ئانچە پاكارلاردىن بولمىسىمۇ، پۇت، ساغرا، بەل، دولا، بويۇنلىرىغىچە تەكشى سەمرىگەنلىكى ئۈچۈن دىقماق، پاكار كۆرۈنەتتى. قەدىردان ئۇنىڭ دۇپدۇگىلەك بېشىدىكى تەكشى قىرقىلغان كىرپىدەك چېچىغا، يېڭىلا قىرىلغان كۆپكۆك ئېڭەكلىرىگە، كۆڭلەك ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قاپقارا بۇجغۇر چۇپۇرغا ھەم توپتەك يۇمىلاق سىياقىغا قاراپ، كۆڭلىدە: «كىچىك ۋاقلىرىمىزدا ئويىنايدىغان يۇڭ پومزەكىنىڭ ئۆزىلا ئىكەن» دەپ ئويلىدى.

— كادىداڭ، — دېدى ياڭ مىڭسەن تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — سۈك لاۋبەننىڭ سىنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى بار ئىكەن. ئۇ فۇجيەن ئەنبودىكى نۇرغۇنلىغان پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى، كونسېرۋا زاۋۇتلىرى، شاكىلات، قاق بەلىش ھەم ئوتتۇرىسىغا قاق قىيامى ئېلىنىدىغان بولكا، قانقاتلارنى دۇنيا بازارلىرىغا ساتىدىغان كاتتا گورۇھ، شىركەتلەرنى ھەر خىل قۇرۇق مېۋە-چىۋە بىلەن تەمىنلەيدىغان نوپۇزلۇق ئەرباب.

— سىياقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى قەدىردان ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن سۈك لاۋبەننى كۈتۈۋالسام دەيمەن، ھازىر مەكتەپكە كېچىكىپ قالماي.

— ھەي، سەن...

ياڭ مىڭسەننى سۈك لاۋبەن توستى.

— مەن بالا سەيگۈيۈەنىنىڭ ئوقۇشقا مۇنچىلىك ھېرىسمەنلىكى-
نى كۆرۈپ ھەقىقەتەن تەسىرلەندىم ، راست تەسىرلەندىم ، — دېدى
سۇڭ لاۋبەن توپتەك بېشىنى گىلدىڭلىتىپ ، — ھازىر بالا سەيگۈ-
يۈەن ئوقۇشقا بېرىۋەرسۇن ، مەن ئەتە چۈشتىن كېيىن ئۆزۈم
ئىزدەپ باراي . قانداق ، بولامدۇ ؟ ئالدىراشلىقتا قىلغان سۆھبەت
تۈزى كەم تاماققا ئوخشايدۇ ئەمەسمۇ .

— سۇڭ لاۋبەن ھەقىقەتەن كۆپنى كۆرگەن ئادەمكەن ، —
دېدى قەدىردان ئىشىك تەرەپكە سىلجىپ ، — ئوقۇشنىڭ قەدرىنى
قىلىۋاتقىنىغا قارىغاندا ، بىلىملىكلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ . مەن
سۇڭ لاۋبەننى ئەتە كۈتىمەن .

قەدىردان ئىشىكتىن چىقىپلا سائىتىگە قارىدى - دە ، پەلەم-
پەيلەردىن بوراندەك چۈشۈپ كەتتى . ئۇ سىرتقا چىقىپلا تاكسى
توختاتتى - دە ، ھاسىرىغىنىچە : «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ...
تېز ...» دەپلا تاكسى ئىشىكىنى گۈپلا ياپتى .

قەدىردانىنىڭ ئالدىراش كۈنلىرى يەنە باشلاندى . ئۇ دوختۇرخا-
نىدا يېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىدىمۇ ئەتىگەندىن چۈشكىچە «غەربىي
دىيار» ئاتامانى جاڭ كاللەك ، «قوڭغۇرتاش»نىڭ پوچىسى لۈڭ
يوغان باشلارغا مال ئۆتكۈزۈپ ، چۈشتىن كېيىن ياڭ تاقىرباشنىڭ
كۆڭلىگە خوپ كەلگۈدەك مال ئاپىراتتى . مانا بۈگۈن بىر كۈن
ئىچىدە ئىككى قاقچى دېھقاننىڭ مېلىنى لۈڭ داتۇغا ، ساتتار بوۋاي-
نىڭ مېلىنى ياڭ مىڭسەنگە ئۆتكۈزۈپ ، بىر كۈن كەچ بولدى .
ئىككى خوجايىنغا بەرگەن ئىككى كاللەك «كۆڭۈل»نى چىقىرىۋەت-
كەندە ، قەدىردانغا بەش كاللەكتىن كۆپرەك تاپان ھەققى قاپتۇ .
راست ، ئۇنىڭ ھازىر چامادانىدا ئون نەچچىدىن ئارتۇق چەك بار ،
ھەممىسى قانچىگە بارغاندۇ ؟ تېخى ياقۇپ ھاجىمغا ماشىنا ئېلىش
ئۈچۈن 80 مىڭ يۈەن بەرگەنىدى ، ئۇنى راستتىنلا ئۇنتۇپ قالغىلى
تاسلا قاپتۇ . قەدىردانىنىڭ ئۆرۈمچىدە سەيگۈيۈەنلىك قىلىۋاتقىنىغا
يەتتە ئايدىن ئېشىپ قالدى ، ئۇنىڭغا ئىشىكتىنمۇ ، تۆڭلۈكتىنمۇ
كىرىۋاتقان كىرىم تەسەۋۋۇرغا سىغمايتتى . ئەمدى ئاتا - ئانىسىنى

www.uyghurkitap.com

خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يۇرتىغا بىر بېرىپ كەلمىسە، بۇ بىر ئىنساپسىزلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

قەدىردان شۇ كۈنكى ئۈچ سائەتلىك دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، خاتىرە قالدۇردى. ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىدا، بولۇپمۇ كەسپىي جەھەتتە مەقسىتىنى ئۇقتۇرالىغۇدەك بولۇپ قالغىنىغا ئۆزىنىڭ ئالامەت مەستلىكى كېلەتتى. دەسلەپتە ئىنتايىن سىرلىق ھەم مۇرەككەپ تۇيۇلغان خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقى، قانۇنىيىتىنى ئىگىلىگەنسېرى شۇنچە قىزىقارلىق، شۇنچە مەنىلىك، شۇنچە ئاسان تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ شۇ كۈنى «ئالتۇن ئاچقۇچ» تەربىيەلەش مەركىزىدىن كېچىدە قايتىپ كېلىپ، ئۇنىئالغۇ ئارقىلىق بىر سائەتتەك مەشىق قىلغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە مېھمانخانا ئاشخانىسى داڭ ئۇرغان ھامان، يۈزلىرىنى چالا ـ بۇلا يۇيۇپلا ئاشخانىدا شوۋىگۇرۇچ، ھورنان ۋە چىلىغان تەرخەمەك بىلەن ناشتا قىلدى. قەدىردان «غەربىي دىيار» بازىرىغا، ئاندىن «قوڭۇر تاش»قا بېرىپ، بىرقانچە قاچىنىڭ ماللىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈردى، شۇنداقلا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەۋرىشكىلىرىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قولىغا زاكالەت پۇل تۇتقۇزدى. ئۇ «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا قايتىپ كەلدى ـ دە، نۆۋەتچى بۆلۈمدىن ئوبۇلھەسەنگە «سورتلۇق» مال ئەۋەتىش ھەققىدە تېلېفون بەردى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. قەدىردان: «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا كىرىپ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئامراق تامىقى گۆشنان قىلدۇردى. ئۇ ھۆسنارخاننىڭ سالىمىغا سۇسلا جاۋاب قايتۇردى. ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىرقىراپ يۈرگەن زۇلئايىغىمۇ ھېچقانداق ئىپادە شادلىقى بولمىغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىلمان مۇئامىلىسى ھۆسنارخاننىڭ قەۋەتلا ئوغىسىنى قايناتقان بولسىمۇ، ئىلاجسىز لەۋلىرىنى چىشلىدى.

قەدىردان گۆشناندىن بىرنى قىزىق چاي بىلەن يەۋالغاندىن كېيىن، زۇلئاي گېزىت قەغىزىگە يۆگەپ بەرگەن ئىككى گۆشناننى

ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە، ياتىقى ئالدىدا 27 ـ 28 ياشلاردىكى ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭ، پېشانىسىدە يېرىم ئاي شەكىللىك تاتۇقى بار، مۇشۇ سوغۇقتىمۇ خىلىلا يالاڭ كىيىنىۋالغان بىر يىگىت بىلەن دۇپدۇگىلەك كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك تامچىپ تۇرغان بىر قىز تۇراتتى. قەدىردان ئۇلارغا ھەيران بولغان ھالدا قارىدى. ئاڭغىچە ئۇلار تېلىقىپقىنا كېلىپ، ئېگىلىپ سالام قىلدى:

— سىز «بالا سەيگۇيۇەن» قەدىردان بولىسىزغۇ دەيمەن؟

— خوش، نېمە ئىشىڭلار بار ئىدى؟ — قەدىردان ئىشىكنى ئېچىپ ئۇلارنى تەكلىپ قىلدى، — قېنى ياتاققا كىرىڭلار، مۇزلاپ كېتىپسىلەر.

ئۇلار ياتاققا كىرىپ دىۋاندا ئولتۇرۇشى بىلەنلا، ھەر ئىككىلىسى شۈركۈنۈپ سىلكىندى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئاچ قورساق، قاتتىق توڭۇپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. قەدىردان دەرھال پىيالىلەرگە قىزىق چاي قۇيۇپ، ئىككى گۆشناننى توغراپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدى.

— قېنى ئېلىڭلار، كۆڭۈل دېگەن زەپمۇ خىسلەتلىك نېمىكەن، — دېدى قەدىردان كۈلۈپ تۇرۇپ، — خۇددى مېھمان كېلىدىغاندەكلا كۆڭلۈمگە ئايان بولۇپ، بۇ گۆشناننى ئالغاچ كەلگەنىدىم. سىلەرنىڭ رىزقىڭلاركەن ئەمەسمۇ.

دەسلەپتە سەل تارتىنغاندەك قىلغان قىز ـ يىگىت قەدىرداننىڭ بەكمۇ سەمىمىي ھەم تەبىئىي چىرايىنى كۆرۈپ، دەرھاللا تاماققا تۇتۇش قىلىشتى. ئۇلارنىڭ پىيالىلىرى يېرىم بولار ـ بولماي، ئۇستىلەپ چاي قۇيۇلۇپ تۇردى. گۆشنان بىلەن قىزىق چاينىڭ راسا ئىسسىق باسقانلىقى ئۇلارنىڭ قىزارغان چىرايلىرىدىن، تەرلىگەن پېشانىلىرىدىن بىلىنىدى. لېكىن، قىز ـ يىگىت: «ھەممىنى يەۋەتسەك ئەدەپسىزلىك بولىدۇ» دەپ ئويلىدىمۇ قانداق، تەخسىدە ئىككى كېسىم گۆشنان قالغاندا توختاپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن يەۋەتكۇسى بارلىقى چىقىپلا تۇراتتى.

— قېنى، ئىككى پارچىنى ئېلىۋېتىڭلار، ئىشسىپ قالغۇدەك نەرسە ئەمەس، — قەدىردان تەخسىنى ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، — كېسىلگەن گۆشنان سوۋۇپ قالسا مەززىسى بولمايدۇ، ھەي، قېنى ئېلىۋېتىڭلار.

ئۇلار خىجىللىق ئىلكىدە بىر - بىرىگە قاراشتى، ئاندىن يىگىت ئالدىدا، قىز كەينىدىن تەخسىگە قول ئۇزارتتى.

شىرزات بىلەن ئايگۈل خوتەننىڭ گۇما ناھىيەسىدىن قېچىپ چىققان ئاشىق - مەشۇقلاردىن ئىدى. ئايگۈل توققۇز بالىسى بار بىر دېھقاننىڭ چوڭ قىزى ئىدى. يىلدىن - يىلغا ئېشىۋاتقان سۇ پۇلى، يەر ھەققى، باج، سولياۋ يوپۇق، ئۇرۇق پۇلى دېگەندەك يەرلىك سېلىقلارنىڭ كۆپلۈكى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، كەلكۈن ئاپىتى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىشى قاتارلىقلار بىچارە دېھقاننى قەرزگە بوغۇۋەتكەنىدى. ئۇ قەرزنى تۆلىيەلمىگەنسېرى، يەرنى تارتىۋېلىش خەۋپى تۇغۇلدى. يەر دېگەن دېھقاننىڭ جېنى تۇرسا... شۇڭا، ئايگۈلنى سۈت پۇلى ھېسابىغا 10 مىڭ يۈەن بېرىش شەرتى بىلەن بەش بالىسى بار، پېنسىيەگە چىققان كادىرغا بەرمەكچى بولۇشتى. توي كېچىسى ئايگۈل قاسساپ يىگىت شىرزات بىلەن قېچىپ كەتتى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە بىر يۇرتلۇق كاۋاپچىلارنى تېپىپ، زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزۈش، كاۋاپدانىنىڭ كۆلىنى ئېلىپ ئوت يېقىش ۋە خېرىدارلارغا مۇلازىملىق ئىشلىرىنى قىلىپ، يانچۇدەك ئامبارغا، قورسىقى تويغۇدەك تاماققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، خوجايىن ئايگۈلگە كۆز بەرمىدى. بىرنەچچە قېتىم يامان نىيەتتە بولۇپ، ئاستىغا بېسىۋالغاندا، شىرزات كىرىپ قېلىپ ئۆلۈم ۋەقەسى چىققىلى تاسلا قالدى. شۇڭا، ئۇلار بىر يۇرتلۇق «بالا سەيگۈيۈەن»نىڭ نامىنى ئاڭلاپ، مەدەت تىلەپ كەلگەنىدى.

— قاسساپلىق قىلماقچى بولسىڭىز، — دېدى قەدىردان يىغلامسىراپ ئولتۇرغان شىرزاتقا، — قانچىلىك ۋەج كېتىدىكەن، ھېسابلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

— ئايگۈل بىلەن ھېسابلاپ كۆردۇق، 1500 يۈەن ئەتراپىدا

كېتىدىكەن .

— قېنى ئېنىقراق دەپ بېقىڭا .

— ئوقلۇق ئېشەك هارۋىسىنىڭ چاقىنى 200 نەچچە يۈەنگە ئالسام ، — دېدى شىرزات يېنىدىكى قىزغا قاراپ قويۇپ ، — ئۇنىڭغا تۆمۈر شوتا ، قەلەي بوتكا ، بوتكا ئىچىگە گۆش ئاسىدىغان بىر نەچچە كانارا بېرىكتىپ بېرىدىكە 300 يۈەندەك پۇل كېتىدىكەن... قىسقىسى ، پىچاق ، بىلەي ، دۆشە ، سائەتلىك تارازىلار بولۇپ ، جەمئىي 600 — 700 يۈەن كەتسە ، 800 يۈەننى توپ سېتىش بازىرىدىن گۆش ئېلىشقا دەسمايە قىلايمىكىن...

— مۇنداق بولسۇن ، — دېدى قەدىردان ئايگۈلنىڭ ياش يۈقى كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ ، — مەن ياتاقتا هەرگىز پۇل ساقلىمايمەن ، بانكىدىن شەرتلىك بەلگىلەر ، مەخپىي نومۇرلار ئارقىلىق ئاران ئالالايمەن ، لېكىن دادامنى ئەۋەتسەممۇ ، ئۇلار بەرمەي ، ئۆزلىرى ئالدىمغا كېلىدۇ . قىسقىسى ، بانكىدىن پۇل ئاجراتماقتەس ، شۇڭا مەن يېقىنلىرىمدىن 5000 يۈەن ئېلىپ بېرەي ، ئەتە چۈشتە كېلىپ ئېلىپ كېتىڭلار ، ئۇنى قايتۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپمۇ يۈرمەڭلار .

شىرزات بىلەن ئايگۈل تەڭلا يۈزلىرىنى تۇتۇپ يىغلىۋەتتى .

— قاسساپچىلىققا بىر يېرىم مىڭ ، بوپتۇ ، ئىككى مىڭ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، قالغىنىغا قېلىنراق كىيىم ، ئاددىيغىنا قازان ، قاچا - قۇچا ، يوتقان - كۆرپە سېتىۋېلىپ ، ئۆي ئىجارە ئېلىڭلار . هە راست ، تىجارەت قىلىش رەسمىيىتىنى ئۆتىمسەڭلار قانداق بولىدۇ ؟

— بىر سودىگەر هاجىم هەل قىلىپ بېرىدىغان بولدى .

قەدىردان ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئەمدىلا ياتاققا كىرىشى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوڭدىشىپلا ياڭ مىڭسەن كىرىپ كەلدى . ئۇ دېۋانغىمۇ ئولتۇرماي ئۆرە تۇرغىنىچە سۆزلىگىلى تۇردى .

— يۈر ، پەستە سوڭ لاۋبەن سېنى ساقلاپ قالدى ، ئۆتكەنكى ئاشخانىغا بارىمىز ، — ياڭ مىڭسەن قەدىردان چاپىنىنى كىيىشكە

www.uyghurkitap.com

يەنە ۋارقىراپ كەتتى ، — ھەي ، ھەي ، ئۆتكەندە ئاغىنەم سوۋغات قىلغان پەلتونى كىيمەمسەن ، نىمانداق ئاچچىقىمنى كەلتۈرىسەن !

— ۋاي - ۋۇي ، ئۇنى ياقۇپ ھاجىم ئاكامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان ...

— نىمىشقا ئەمدى ؟

— ئۆزىڭىز قاما قۇلاقچا بىلەن كىيسەڭ يارىشىدۇ ، دېگەنىدىڭىزغۇ ، شۇڭا ، قۇلاقچا ئالغاندا كىيەي دېدىم شۇ...

— ۋاي... ۋاي... ۋاي... سەنزە گەپ ئاڭلىمايدىكەن شۇ ، — ياڭ مىڭسەن ئاچچىقىدا ئۇيغۇرچە گەپ قىلىۋەتتى ، — سىنىڭ كۇلىكۇڭ تۇمۇدەك كاتتىك شۇ !

— ياڭ لاۋبەن ، ئۇنداق دىمەيدۇ ، بىز قۇلاق ، داۋزا قۇلاق ، ياغاچ قۇلاق ، ياڭ قۇلاق دەيدۇ...

— سەندە كۇلاك ئاشۇ ئەسكى كۇلاكلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكى كۇلاك...

ئۇلار مېھمانخانىنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەندە ، سۇڭ جىجۇڭ ماشىنا ئەتراپىدا تاماكا چەككەچ ئايلىنىپ يۈرەتتى . ئۇ قەدىردانغا قولىنى بېرىپ قىزغىن كۆرۈشتى ، ئاندىن ئىككىسى ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا چىقىپ ، ئورۇندۇققا چۆكۈپ ئولتۇرۇشى ، ماشىنا ئۇت ئېلىپ مېڭىپ كەتتى . ھېلىقى چاغدا قېلىن تۇرمەللىنىپ كەتكەن كۇلتۇك قار دەستىدىن شياۋشىمپىندىكى مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا يېرىم سائەتتە ئاران يېتىپ بارغانىدى ، مانا بۈگۈن بىردەمدىلا كېلىپ قالغاندەك تۇيۇلدى . ياڭ مىڭسەن ئالدىن تېلېفون بېرىۋەتكەندەك قىلاتتى . چۈنكى ، بىر مۇلازىم قىز ئۇلارنى باشلاپ چاققانراق ، ئەمما بەكمۇ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئايرىمخانىغا ئېلىپ كىردى . ئۇلار تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشى ، قىزلار ئارقا - ئارقىدىن توخۇ قوردىقى ، توخۇ كاۋىپى ، پەرمۇدە ، پولۇ ۋە ھەرخىل قورۇمىلارنى ئەكىرىپ ، يۇمىلاق شىرەنى تولدۇرۇۋەتتى . ھېلىلا گۆشنان بىلەن قورسىقىنى پومىلىۋالغان قەدىردان : «بۇلارنى نەگىمۇ يەرمەن» دەپ ئويلىدى . ئۇلار تاماققا ئانچە-

مۆنچە ئېغىز تېگىپ تۆرۈشى، مۆلازىم قىزلاردىن بىرى شىرەگە غاز بويۇن ئالىي قىزىل ئۈزۈم ھارىقىنى تىكلىدى، ئاندىن ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىدىكى بوكاللارغا يېرىمدىن قۇيدى.

— قېنى ئەمىسە، — دېدى ياڭ مىڭسەن بوكالنى كۆتۈرۈپ، — ئۇچىمىزنىڭ جەم بولغانلىقىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى...

ئۇلار بوكاللىرىنى ئۇرۇشتۇرۇپ، كانايلىرىغا كورىكىرىتىپ قويۇشتى، لېكىن قەدىردان كالپۇكلىرىنى تەگكۈزۈپلا بوكالنى شىرەگە قويدى. بۇنى كۆرگەن ياڭ مىڭسەن ۋارقىراپ - جارقىراپلا كەتتى. ئۇنىڭ سۆز ئورانىدىن بۇ كۆزگە ئىلمىغانلىق، دوستلۇق جوزىسىدىكى نامەردلىك، كۆڭلى تارتماسلىق، گويا مەجبۇرلانغانلىق دېگەن مەنىلەر چىقىپ تۇراتتى. قەدىردان بۇنداق ئىشنى پەقەتلا قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇرغانسېرى، ياڭ مىڭسەن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى. سۆڭ جىجۇڭمۇ ھاراقنى تەرىپلەپ، دوستلۇق شەربىتى، كونا ئاداۋەتلەرنى يۇيۇۋەتكۈچى، دوستلارنى جەم قىلغۇچى، يېڭى دوستلارنى تونۇشتۇرغۇچى، دەرد - ئەلەمنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، شادلىق تەنتەنىسىنى ياڭراتقۇچى... دەپ ماختاپلا كەتتى. ئىشقىلىپ، قەدىردان نېمىلا دېسۇن، ئۇلار ھەر خىل پەتىۋالار بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى توراپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىمۇ خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ قالغانىدى.

— قېنى ئاۋۋال بىر يۇتۇم ئىچىپ باققىن، — دېدى ياڭ مىڭسەن بوكاللارنى قايتا تولدۇرۇپ، — بۇ دېگەن يۈرەكنى بىردىنبىر قۇۋۋەتلەيدىغان ئۈزۈم شەربىتى، ھاراق دېگەن ئاچچىق بولىدۇ، بۇ دېگەن تاتلىق تۇرسا...

تەڭلىك ئىسكەنجىسىدە قالغان قەدىردان ئاخىر بوكالنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئۇلار شىرەدىكى مەززىلەردىن باققاچ، مۇشۇ تەقلىدتە ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچىنى ئىچتى. دەسلەپتە تاتلىق شەربەتتەك تۇيۇلۇپ «ھېچقانچە بىر نېمە ئەمەس ئىكەنغۇ» دەپ ئويلىغان قەدىردان كېيىن ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا «يەنە بىر كەلسە

www.uyghurkitap.com

ئىكەن... » دەپ قىزىپ قالدى . ئەمدىلىكتە قىزىل ئۈزۈم ھارىقى سالقىنراق ئىچىلىپ ، پاراڭ قىزىماقتا ئىدى . پاراڭ ئارىلىقىدا سۇڭ جىجۇڭ باياتىن بېرى ئىچىدىن چىقىرالماي تۇرغان گەپلىرى-نى ئاستا ھەم مۇلايىملىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى .

— مەن ئۈرۈمچىدە «غەربىي دىيار» ، «قوڭغۇرتاش» ، «داخىيەن» ، «مۇسۇلمانلار» شىركەتلىرىدىن داۋاملىق مال ئالىمەن ، — دېدى سۇڭ جىجۇڭ سالاپەتلىك يۆتىلىپ قويۇپ ، — ئەمما مەن تەجرىبىلىرىمدىن «قويۇلۇپ كېتىش»نىمۇ دەرىجىگە ئايرىپ چىقتىم . دېمەكچىمەنكى ، «بىرىنچى دەرىجىلىك» قويۇلۇپ كەتكىنىمدە ئۆزۈمنى سوتتا كۆردۈم . مەن مال ئۆتكۈزگەن زاۋۇت ، كارخانا ، شىركەت ، گۇرۇھلار مېلىمنىڭ ئامبار ئىچىدە كۆكىرىپ زەھەرگە ئايلانغانلىقى ، ئىشلىگەن مەھسۇلاتلارمۇ قىرتاق ، ئاچچىق بولۇپ ، يۇقىرىسى خەلقئارادا ، تۆۋىنى مەملىكەت ئىچىدە ئىناۋەتكە تەسىر يەتكەنلىكى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئەرز يېزىپ ، نەچچە مىليونلاپ تۆلەم تۆلىدىم . بۇ ماڭا تولىمۇ ئەلەم قىلدى . ئەڭ ئېغىر كەلگىنى ، ئىناۋىتىم تۆكۈلۈپ ، ئىشەنچسىز بولۇپ قالدىم ھەم ياخشى خېرىدارلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم .

ياڭ مىڭسەن بىلەن قەدىرداننىڭ چىرايلىرىنى ئېچىنىش تۇيغۇلىرى قاپلىدى ، بولۇپمۇ قەدىردان سۇڭ لاۋبەننىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە قىزىقىپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى . لېكىن ، سۇڭ جىجۇڭ پەرىشانلىق ئىچىدە «پىغانلىرى»نى تۆكمەكتە ئىدى :

— «ئىككىنچى دەرىجىلىك» قويۇلغىنىمدا ، پويىز ئىستانسىسى يوك چۈشۈرۈش سۇپىسىدا ماللىرىمنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت قىپقىزىل قۇرت قاپلاپ ، ئاپپاق كېپىنەكلەرنىڭ توزۇندىدەك ئۇچۇپ يۈرۈشى بولدى . بۇنىڭدىن مىليون زىيان تارتتىمۇ ، لېكىن باشقىلارغا ئۇقتۇرمىدىم . «ئۈچىنچى دەرىجىلىك» قويۇلغىنىمدا ، خېرىدارلىرىمغا ئۆتكۈزگەن مېلىمنىڭ ئۈچتىن بىرى ئاچچىق مېغىز چىقىپ قېلىپ ، مېغىزلىق خورما ئىشلىيەلمىدى . چۈنكى ، مەن بەرگەن مالنىڭ ئۇرۇقچىلىرىدىن ئاچچىق ۋە تاتلىق مېغىزلى-

رىنى ئايرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

سۇك جىجۇك ناھەق ئەلەم تارتقان ئادەمدەك ئىغىر خورسى-نىپ ، جىمىپ قالدى . ياك مىڭسەن بولسا قەدىردانغا قاراپ ، قاپىقىنى ئۇششۇتقىنىچە ھومىيىپ ئولتۇراتتى . قەدىردان ئۇنىڭ : «ھەي ساراڭ ، ئاشۇ دۆۋىلىنىپ كەتكەن قاقلارنى ئىلىۋەرگىلى بولامدا ؟ يىقىندا لۇڭ داتۇ سوتقا تارتىلدى !» دىگەن تەنبىھلىرىنى قايتا ئەسكە ئالماقتا ئىدى . بىر چاغدىلا سۇك غوجام تۇغۇتتىن يىڭىلا يىشىنگەن چوكاندەك چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋىلىپ ، قەدىر-دانغا قاراپ ھىجايدى .

— مەن تۆت بازار ئىچىدە «بالا سەيگۇيۇەن» دەپ كۆپ ئاڭلى-دىم ۋە ئىزدەپمۇ باقتىم ، لىكىن تاپالمىغانىدىم ، — سۇك جىجۇك قولى ھەم بويىنىنى چاڭچىلىكەشلەردەك ئايلاندۇرماقتا ئىدى ، — مانا بۈگۈن سىنىڭ بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ قالغىنىمىز بىر مۆجىزە بولدى .

— مەن «بالا سەيگۇيۇەن»دىن مال ئىلىپ ، — دىدى ياك مىڭسەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ ، — بىرەر قىتىممۇ ئۆسەك گەپ ئاڭلاپ باقمىدىم ، شۇڭا مەنمۇ پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمايمەن .

— بازاردىن ھەقىقىي ئىشەنچلىك سەيگۇيۇەن تاپماق تەس ، — سۇك جىجۇك گارتىتىدە كىكىرىپ قويدى ، — قەدىردانىڭ بىردىنلا بۇنداق كاتتا ئىناۋەت ، چوڭقۇر ئىشەنچكە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ھالاللىقى ، راستچىللىقى ، سەمىمىي ، سادىقلىقىدىن بولغان . ئۇ مال ئىگىلىرىگىمۇ ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلغاچ ، ئۇلارمۇ بۇنى ئالداشنى ئويلىمايدۇ ، شۇنداقلا قەدىردانمۇ ئاسان ئالدانمايدۇ . چۈنكى ، ئالىقىنىدىكى مالغا بىرلا قاراپ ، ئۇنىڭغا توغرا دىئاگنوز قويالايدۇ .

ياك مىڭسەن چاۋاك چىلىۋەتتى ، چۈنكى ئۇ ئويلىغان ، لىكىن ئىپادىلەپ بىرەلمەي ، قەدىردانغا تاراك - تۇرۇك تەگكەن كۆڭۈل سۆزلىرىنى سۇك جىجۇك ئوتتۇرىغا قويغانىدى .

بالا سەيگۇيۇەن ئەپەندى ، مەن ئەمدى گەپنىڭ پۆپۈكىنى

بۇزاي ، — دېدى سۇڭ جىجۇڭ نوپۇزلۇق ئەربابلار پەدىسىدە گېلى-
نى قىرىپ قويۇپ ، — مېنى تولىمۇ كاسكى ، مەدداھ ئادەم ئىكەن
دەپ قالغانسىز ؟

— نەدىكىنى ، گەپلىرىڭىزنىڭ ئىلمىي ئاساسى كۈچلۈك ،
قەدىردان نۇسرەت مۇئەللىمدىن ئۆگىنىۋالغان گېپىنى بىرىنچى
قېتىم ئىشلىتىۋالدى ، — مەن بىر دەرس ئاڭلىغاندەك بولدۇم .

— قارا ماۋۇ نەرسىنى ، — ياڭ مىڭسەن بويىنىنى تولغاپ
ئاستا غودۇڭشىدى ، — پەيلاسوپتەك گەپ قىلىدا ، تېخى خەنزۇ
تىلىدا...

— مېنىڭ مۇنداق بىر ھاجىتىم بار ئىدى ، — سۇڭ جىجۇڭ
ئالدىغا سەل ئېڭىشتى ، — سىز ماڭا بىر ئايدا تۆت ۋاگون مال
يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۈستىڭىزگە ئالالامسىز ؟

— 240 توننا ، — قەدىردان مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى ، —
بولىدۇ ، بىراق سىزگە مالنىڭ ئەرزىنى كېرەكمۇ ياكى قىممىتى-
مۇ ؟ شۇنى بىلگۈم كېلىدۇ .

— قاندىقى بولسا بولىۋېرىدۇ .

— ھازىر مەندە ئۈچ خىل ئەۋرىشكە بار ، كۆرۈپ باقامسىز ؟

— ئەلۋەتتە ، ئەلۋەتتە...

قەدىردان تېزلا تۇرغاندى ، سەنتۇرۇلۇپ كەتتى . ئۇ سۇڭ
لاۋبەننىڭ ئالدىدىكى چىنە - قاچا ، تەخسە ، رومكىلارنى بىر چەتكە
ئىلىۋېتىپ ، چاپاننىڭ ئىككى يانچۇقىدىن ئىككى ئوچۇم ، ئىشتا-
نىنىڭ يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم گۈلە - قاقنى تاماق شىرەسىگە تۆك-
تى . سۇڭ لاۋبەن گۈلە - قاقلارغا بىر ھازا سىنچىلاپ قاراپ
كېتىپ پىسسىڭىدە كۈلدى .

— سەل توپا ھەم شالتاق يۇقتۇرۇلغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ،
ئېتى قىلىن ، ئۆزى چوڭ گۈلە - قاق ئىكەن ئەمەسمۇ .

— پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىدا ، — دېدى قەدىردان ، —
بىرىنچى قېتىملىق تىترىتىپ چايقاش ماشىنىلىرىدىن چىققان چاڭ-
دىكى تۇرقىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭا ، مەرۋايىتتەك

يالتىرايدۇ دەڭە.

قىزىل ھاراق خېلىلا تەڭشەپ قويغان قەدىردانىنىڭ ھەرىكەتلىرى تېتىك، گەپ ـ سۆزلىرى راۋان بولۇپ، ھودۇقماي، تەمتىرىمەي، تېخى چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشلىرىگە قارىغاندا، ھاراق ئۇنى قېلىنلاشتۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى. لېكىن، سۇڭ جىجۇڭ قەدىردانىنىڭ ئۈچ يانچۇقىدىن ئۈچ ئۇچۇم گۆلە ـ قاقىنى ئېلىپ ئۇستەلگە تۆككەنلىكىگە قاراپ: «بۇ بالىغا ھۆرمەت، ئىناۋىتىنى ساقلاش، سالاپەتكە دىققەت قىلىش، ھۆرمەتلىك ئەربابلار ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىكەن» دەپ ئويلىغان بولسا، ياڭ مىڭسەننىڭ چىرايىدىن: «ئا... ئۇ بىر بالا تۇرسا، ئالداپ ـ سىلاپ ئىشلىتىشنى بىلە» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ قاقلارنىڭ باھاسى، — دېدى قەدىردان، — بىر يۈەن 70 پۇڭدىن، بىر يۈەن 90 پۇڭغىچە. ئورتاق باھاسى بىر يۈەن 80 پۇڭ...

— بوپتۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن. ئەمىسە ھەر ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن بۇرۇن تۆت ۋاگون مالنى سېلىۋېتىسىز، مەن مال كېتىپ بولغاندىن كېيىن ھېسابلىشىپ پۇلىنى بېرىمەن.

— توختامنى ھازىرلا تۈزۈۋېتەمدۇق قانداق؟ — دېدى ياڭ مىڭسەن دېرىزە تەكچىسىدىكى پوپكىسىنى ئېلىپ.

— بۈگۈن تاماق ئۈستىدە ئۇنداق قىلمايلى، — قەدىرداندا بىر خىل ئەنسىرەش بار ئىدى، — مەن ئەتە سۇڭ لاۋبەننى ئىزدەپ مېھمانخانىغا باراي.

— بولىدۇ، بولىدۇ، بۇمۇ ياخشى گەپ بولدى، — سۇڭ جىجۇڭ كۈلۈپ قويدى، — يادىڭىزدا تۇتۇڭ، «مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى» 208 ـ ياتاق.

ئۇلار بۈگۈنكى ئولتۇرۇشتا پىكىر بىرلىكىگە كەلگەن بولسىمۇ، توختام تۈزۈشمەي قايتىشتى.

قەدىردان ياتىقىغا كىرىپمۇ خېلى ئۇزاقىچە خاتىرجەم بولالـ

مىدى . ھەر ئايدا ۋاگون كىرا ھەققىلىرىنى تۆلەپ 240 تونىنا
مالنى فۇجيەنگە يولغا سالسا ، سۇك خوجايىن بىر قويمىچى بولۇپ
قالسىچۇ؟ ھەرخىل چىرايلىق باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ، ئىككى ـ
ئۈچ قېتىم يۆتكىۋالغاندىن كېيىن قېچىپ كەتسە ، قەدىرداننى توپا
چايناپ قالامدۇ؟ بوپتۇ ، ئۇنى ياخشى نىيەتلىك ئادەم دېگەن تەق-
دىردىمۇ ، ئۆلۈم ـ يىتىم ، بالا ـ قازالار بولمدۇ؟ بۇ ھەقتە يالڭ
مىڭسەننىڭ : «ئەجەل پۇلدارلارنىڭ قېشى بىلەن كىرپىكى ئارىلى-
قىدا» دېگەن سۆزى بەكمۇ توغرا...

كۆڭلى ئەمىن تاپمىغان قەدىردان چاپىنىنى كىيىپ تالاغا
چىقتى . ئۇ تاكسى توسۇپ ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ماڭدى . گەرچە
مارتنىڭ ئاخىرلىرى بولسىمۇ ، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى دەرەخ
تۈۋلىرىدە قارلار يەنىلا دۆۋىلەكلىك تۇراتتى . ئەمما ، داۋاملىق
قارلىرى تازىلىنىپ تۇرغاچىمۇ ، قاپقارا پارقىراپ تۇرغان ئاسفالت
يوللاردا قار دىدارى كۆرۈنمەيتتى . مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ ئار-
قا تەرىپىدىكى ئوتتۇرىسى دەرەخلىك ، ئىككى تەرىپى ئاكاتسىيەلىك
داجەيگۇ يولى تاق لىنىيەلىك بولغاچقىمۇ ، ھەرخىل ئاپتوموبىللار
قۇيۇندەك ئۇچماقتا ئىدى . تاكسى داجەيگۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگە
يېتىپ كېلىش بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى خالتا كوچىغا قايرىلىپ 100
مېتىردەك مېڭىپ توختىدى . قەدىردان شوپۇرنىڭ پۇلىنى بېرىپلا ،
ماشىنا كىرەلمەيدىغان تارچۇق ئارقىلىق ، تۆگىنىڭ كۆك سىرلاند-
غان تۆمۈر دەرۋازىسىغا كىرىپ كەتتى . بىراق ، ياقۇپ ھاجىمنىڭ
ئۆيىگە قۇلۇپ سېلىنغانىدى .

ھاجىم قەدىرداندىن قەرز ئالغاندىن كېيىن كىرا ماشىنىسى
يەتتە بولغانىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ مەخسۇس قورۇ ـ جايى بولمىغاچقا ،
ماشىنىلىرىنى «مەشئەل مېھمانخانىسى»نىڭ پار قازانلىرى ئورۇن-
لاشقان ئارقا قورۇسىغا قويۇپ ئىجارە پۇلى تۆلەيتتى . لېكىن ،
ھەر قېتىم يوك توشۇش سەپىرىگە چىققاندا ، ئۆزى بېرىپ ياكى
تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلىشۇپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ ماشىنا قويۇش
ئورنىدا چوقۇم رېمونتچىلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى .

قەدىردان يانماقچى بولۇپ ئەمدىلا كەينىگە بۇرۇلۇشى ، ياقۇپ هاجىم نان سېلىنغان سولياۋ خالتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قالدى . ئۇ : «هە ، كەلگەنمىدىڭ» دېگىنىچە قەدىردانىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ، ئۆيىگە باشلاپ كىردى . بۇ يەرلىك ئۆيلەر بولغىنى بىلەن يار بىلەن ئىسسىتىلاتتى . شۇڭا ، داۋاملىق بىر خىل هارارەتتە ئىسسىق تۇراتتى . هاجىم بىلەن قەدىردان چاپانلىرىنى سېلىپ ، كونا دىۋانغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى .

— نەگە كەتكەنتىڭىز ؟ — دېدى قەدىردان هومىيىپ ، — ئابدالدەك ئۆيدە ئولتۇرماسلا بوپسىز . ئارىلىقتا بىر قېتىم كېلىپ تاپالماي كەتتىم .

— تاماق يېگىلى بارغان ، سېنىڭ قورسىقىڭ قانداق ؟

— قىزىققىنا چاي ئىچەيلىلا ، مەنمۇ كاتتا زىياپەتتىن كەلدىم .

— هوي ، قالتىسقۇ سەن ، كىمنىڭ زىياپىتىكەن ئۇ ؟

— هېلى دەپ بېرىمەن .

ئۇلار ياتاق ئۆتتۇرىسىغا شىرەنى قويۇپ ، هاجىم ئۆزى ياسىغان كىچىك ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى . هېلىلا تاۋىدىن چىققان ئىسسىق ناننىڭ پۇرىقى ئۆينى مەززىلىك هىدقا تولدۇردى . تاماقتىن كېيىنكى قىزىق چاي ئۇلارغا راسا ئىسسىق باستى .

— مۇشۇ كۆڭلەردە قاراڭنى كۆرسەتمەسلا بوپكەتتىڭا ، — دېدى هاجىم چېيىنى پۇۋلەۋېتىپ ، — قېنى دېگىنە ، نېمە زىياپەتكەن ئۇ ؟

— خۇدايىمنىڭ بەزى كۈنلىرىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي ، بەزى كۈنلىرىنىڭ كۆتىگە تېپەي ، دەپ ، بۈگۈن چۈشتە گۆشنان بىلەن قورسىقىمنى تويغۇزۇپ تۇرسام ، سىزگە دەپ بەرگەن هېلىقى ياڭ خوجايىن زىياپەتكە ئېلىپ كەتتى .

قەدىردان زىياپەت جەريانىدا بولۇنغان توختام ئەهۋالىنى ، لېكىن توختامنىڭ ئەتە تۈزۈلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . ياقۇپ هاجىم قاپقارا كاپكارچە بۇرۇتىنى سىلاپ ، خېلى ۋاقىتچە گەپ قىلمىدى . ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ بويىنى تېلىپ كەتكەن قەدىردان

www.uyghurkitap.com

تاقەت قىلالمىدى .

— ياقۇپكا ، كۆڭلۈمگە مۇنداق پىلان كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى قەدىردان ، — سۇلۇك لاۋبەن 240 تونىنا مال ۋە ۋاگونىنىڭ كىرا-ھەقلىرىگە تەڭ پۇلنى بانكىغا قويۇپ چەكنى ماڭا بەرسە ، مەخپىي نومۇرىنى بىلمىگەچكە ، مەن پۇلنى ئالالمايمەن ، ئۇنىڭدا چەك بولمىغاچقا ئۇمۇ ئالالمايدۇ…

— پوق يەپسەن ، — ۋارقىرىدى ياقۇپ ھاجىم ، — تېخى قانداق كاتتا پىلانكىن دەپ كېتىپتىمەن . سۇلۇك لاۋبەن بىرەر ئىمدارىدىن تونۇشتۇرۇش ئېلىپ ، مۇنچە يۇز مىڭ يۈەنلىك چېكىم يوقالدى ، مەخپىي نومۇرى مۇنچە ، دېسىلا چەك سېنىڭ قولۇڭدا تۇرۇپلا ئۆلمەمدا ! ئۇ يەنە پۇلنى ساق ئېلىۋېرىدۇ .

— مۇنداقمۇ ئىش بار دەك ، — قەدىردان جىمىپ قالدى ، — ئەمىسە توختام تۈزمەيما ؟

— تۈزگەن ، ئالتە ئاي ياكى ئۈچ ئايدىن ئاشمىسۇن ، — ھاجىم ماڭلىيىنى تاتىلاپ يەنە بىردەم تۇردى ، — لېكىن ھەر ئىككىڭلار ئوخشاش نىسبەتتە بانكىغا پۇل قويسىلەر ھەم بىر ئۆلتىماتوم تاپشۇرسىلەر . ئۇنىڭدا ئىككى ئادەم بىرلىكتە كېلىپ پۇلنى ئالالايدىغان ، يالغۇز كەلسە بېرىلمەيدىغان شەرتنى ئاساس قىلىسىلەر .

— يائاللا ھاجىم ، كاللىڭىز پىلموتتەك ئىشلەيدۇ جۇمۇك . بۇ پىلانىڭىز بويىچە بولىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا سۇلۇك لاۋبەن مەندىن ، مەن سۇلۇك لاۋبەندىن خاتىرجەم بولىدىغان بولدۇق .

ياقۇپ ھاجىم قەدىرداندىن قەرز ئالغان ئىككى ئايدىن بىرى يەتتە ماشىنا بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭلارغا كىچە - كۈندۈز يۈك تارتتى ، ھەتتا ئالماتادىن ئاق ئوغۇت ، بېتون جازىسىغا ئىشلىتىلىدىغان زىخچا تۆمۈر يۆتكىدى . بۇ جەرياندا ئۇ خېلىلا ئوبدان پۇل تاپتى . شۇڭا ، شوپۇرلارنىڭ مائاشىدىن سىرت ، ئۇلارغا مۇكاپات پۇلى تارقاتتى ۋە كوروپكىلىق ئىشتان - كۆڭلەك سوۋغات قىلدى . ئۇ قەدىردانغا رەھمەت ئېيتىپ

پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن تۈنۈگۈن بانكىدىن پۇل ئاجراتقانىدى .

— ياقۇپكا ، ئالدىراپ نېمە كەپتۇ ، — قەدىردان قېتىمغا ئالمىدى ، — ئۈنچىلىك پۇل دېگەن سىزدە تۇردى نېمە ، مەندە تۇردى نېمە ...

— ئەگەر ئەرزان ، ئۆزى ياخشى ماشىنىلار ئۇچراپ قالسا ، سىزنىڭدىن يەنە قەرز ئالىمەن ، — ياقۇپ هاجىم 80 مىڭ يۈەننى شىرەگە قويدى ، — ساڭا دەيدىغان يەنە بىر گەپ ، خالمەت قارىم قەرز سوراپ ئىككى قېتىم كەلدى ، ئۇ يۈەننەگە كۆك ئۆزۈم يۆتكىمەكچى ئىكەن ، پۇلى يېتىشمەي قاپتۇ .

— هېلىقى تەپكۈچ ساقال سويما باشما ؟

— تۇزۇك گەپ قىل ، ئۇ دېگەن 30 پارە قۇرئاننى يادا ئالغان كاتتا قارىم .

— ۋاي - ۋاي ، مۇشۇ گەپنى نەچچە قېتىم دېدىڭىزغۇ دەيمەن . مىڭ يادا ئالغان بىلەن دىلىغا سالمىسا بىكار .

— دىلىغا سالمايدىغانلىقىنى سەن نەدىن بىلىسەن . قانداق ، قەرز بېرىپ تۇرامسەن ؟

— قانچە پۇل سوراۋاتىدۇ ؟

— 50 — 60 مىڭ يۈەننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ .

— ئەمىسە مۇشۇ پۇلنى بېرىۋېرىڭ ، — قەدىردان شىرەدىكى پۇلنى ئىشارە قىلدى ، — ئاشقىنىنى بانكىغا قويۇپ ، چېكىنى ساقلاپ قويسىڭىز بولمىدىمۇ .

— هەي ، سەن قاچانمۇ پۇلنىڭ قەدرىگە يېتەرسەن ؟ — هاجىم تېرىكتى ، — پۇل دېگەن پۇتۇڭدىكى سېسىق پايپاق ئەمەس ، هېلى سېلىپ تاشلاپ ، هېلى كىيىدىغان . پۇل سىزنىڭ ئىكەن ، خالمەت قارىم سىزنىڭ قولۇڭدىن ئېلىپ ، ئۆز قولىدىن هۆججەت يېزىپ بېرىشى كېرەك .

— ۋاي - ۋۇي ، نېمە ئاۋارىچىلىك ئەمدى . سىزلا بېرىپ قويۇڭا...

— ياق ، ئەتىلەتىن خالمەت قارىمنى باشلاپ ئاپىرىمەن...

ئۇلار تالاش ـ تارتىش قىلىپ تۇرغىنىدا ، كالتە چۈنچەن يەكتەك ، سەللە تۆپە كىيگەن خالمەت قارىم سالامنىڭ جۈگىنى قىلىپ كىرىپ كەلدى . قەدىردان ئۇنىڭ سەللە تۆپە ئاستىدىن كۆرۈنۈپ قالغان ئاق شاپاق دوپپىسىغا ، دوقا ماڭلاي ، ئاق سېرىق سىدام يۈزىگە ، قاش ـ كىرپىكلىرىنىڭ تايىنى يوق ئىسكەتسىز چىرايىغا ، ئېڭەك ئۇچىدىكى «تەپكۈچ »كە قاراپ ، ئىچىدىن غىجىنىپ تەتۈر قارىۋالدى .

— پاھ ، پاھ ، — دېدى خالمەت قارىم ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، — تەلەيدۇ دوك ـ دوك ، تەلىمەيدۇ بوك ـ بوك دېگەندەك ، تەلەي كەلگەندە ئىشتانمۇ قوڭغا تارتىدىكەن ـ دە . مانا ، قەدىردانىنى نەدىنمۇ تاپارمەن دېگەن غەمدە كېلىۋېدىم ، خۇدايىمنىڭ ئىلتىپاتىنى كۆرمەمدىغان...

— راست دەيلا ، قارىم ، — ياقۇپ ھاجىممۇ گەپكە كۆز چىقاردى ، — تەلەيسىز تالقان يېسە ، بوران كېلىپ ئۇچۇرۇپ كەتسە ، سىلى تالقان يېگەندە ، يامغۇر يېغىپ نەمدەپ بېرىدىكەن ئەمەسما...

— پاھ ، پاھ ، ئەجەب دانا سۆزلەيلا ، ئەجەب لەۋزىلىرى ھەسەل ـ بال ، — خالمەت قارىمنىڭ بۇنداق قوشقاچ تىللىرىنىڭ چىقىپ كېتىشى شىرەدە دەستىلەگلىك تۇرغان پۇلنىڭ قۇدرىتىدىن بولۇۋاتاتتى . ئۇ نەچچە قېتىم كەلگەندە ، ياقۇپ ھاجىم : «قەدىردانىنىڭ ئۆز قولىدىن ئالسىلا » دەپ تۇرۇۋالغانىدى . مانا ئەمدى ھەر ئىككىسى باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتەلمەيدىغان خالتا كوچىدا تۇتۇلدى ـ دە . خالمەت قارىم تۇرپاندىن سەككىز ۋاگون ، يەنى 480 توننا كۆك ئۈزۈم ئالغانلىقى ، ھازىر كىرادىن سەل قىسىلىۋاتقانلىقى ، كىرا پۇلى ھەل بولسىلا ، دەرھال يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ كۇنمىڭ شەھىرىگە يۆتكەيدىغانلىقىنى بويىنىنى قىسقان ھالدا سۆزلەپ ئۆتتى .

— ئۆزلىرىگە قانچە پۇل لازىم ؟ — سورىدى قەدىردان ، — قېنى تارتىنماي دەۋەرسىلە .

— ئۆزۈم ۋە شىرىكلەرنىڭ چىقىمى، كىرا ھەققى بولۇپ، 60 مىڭ يۈەن بولسا يېتىپ قالارمىكىن دەيمەن.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا مۇشۇ پۇلدىن سانىۋالسىلا، — قەدىردان شىرەددىكى پۇلنى ئىشارە قىلدى-ۋىدى، ياقۇپ ھاجىم قولىنى كۆتۈردى.

— ئاۋۋال رەسمىيەت بويىچە قانچە پۇل، پىرسەنتى، قانچە ۋاقىتلىق دېگەنلەرنى يېزىپ، ھۆججەت قىلىسىلا، — دېدى ياقۇپ ھاجىم قەغەز، قەلەمنى شىرەگە قويۇپ، — بۇ سودىدىكى ئەقەللىي ساۋاتقۇ-ھە؟

— خوش... خوش... بىئەمدۇللا بەرھەق، — خالمەت قارىم قوللىرى تىترىگەن ھالدا ھۆججەت يېزىپ، باشمالتىقىنى قۇتىدىكى قىزىل سۇرۇخقا پاتۇردى-دە، ھۆججەتتىكى «خالمەت قارىم» دېگەن ئىسىم ئۈستىگە باستى.

قەدىردان ھۆججەتنى ياقۇپ ھاجىمغا بېرىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، سائىتىگە قاراپ تالاغا يۈگۈردى، ھويلىدا كېتىۋېتىپ: «ھاجىمكا، مەكتەپكە ماڭدىم، ئەتە توختامنىڭ نەتىجىسى توغرۇلۇق يەنە كېلىمەن» دەپلا چىقىپ كەتتى. دېگەندەك، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە «غەربىي دىيار»، «قوڭۇرتاش»، «مۇسۇلمانلار شىركىتى» قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، سەككىز قاقچىنىڭ ماللىرىنى تەكشۈرۈپ زاكالەت تاپشۇردى. چۈنكى، ئۇ «قوڭۇرتاش» نىڭ خوجايىنى لۈك يوغان باش بىلەن تۈزگەن توختام بويىچە ئىككى ئاي ئىچىدە 1000 توننا سورتلۇق قاق يەتكۈزمىسە بولمايتتى. مانا ئۇ ۋەزىپىگە سۈك خوجايىننىڭ توختامى ئۈستىلەپ قوشۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. يەنە كېلىپ، داخىيەندىكى ياڭ تاقىرباشقا ۋەدە قىلغان 800 تونىنىڭ ئازغىنا چالىسى قالغانىدى. قەدىردان دوختۇرخانىدىن چىققان يەتتە-سەككىز كۈن ئىچىدىلا، ساتتار بوۋاي باشلىق ئون نەچچە دېھقاننىڭ مېلىنى «غەربىي دىيار»، «قوڭۇرتاش»، «داخىيەن»دىكى خوجايىنلارغا ئۆتكۈزدى. بىراق، بۇ نەق سېتىلغان ماللار ئىدى. ئەمدىلىكتە توختام بويىچە ئۆتكۈزۈ-

دىغان مال مەنبەلىرىنى قازمىسا بولمايتتى

قەدىردان بازاردىن چۈشكە يېقىن قايتىپ، ئۇتتۇرلا «مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى»غا باردى ـ دە، سۆك خوجايىن بىلەن تونۇشتۇردى. ئۇلار ياقۇپ ھاجىمنىڭ پىلانى بويىچە، ھەر بىرى 300 مىڭ يۈەندىن بانكىغا قويۇپ، تەڭ كېلىپ، تەڭ ئېلىش، بولمىسا بانكا ھېچقايسىسىغا پۇل چىقىرىپ بەرمەسلىك توغرۇلۇق كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزدى، ھەتتا چەكمۇ بانكىنىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقىدا ساقلىنىدىغان، پۇل ئىگىلىرى پەقەت مەخپىي نومۇر ئارقىلىقلا ئېلىش بېجىرىدىغان بولدى...

بىر ۋەھىملىك يۈكتىن خالاس تاپقان قەدىردان قايتىپ ياتاق ئالدىغا كەلگەندە، شىرزات بىلەن ئايگۈل ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. قەدىردان ئۇلارنى ياتاققا باشلاپ، 5000 يۈەننى قولىغا تۇتقۇزدى. شىرزات ھۆججەت قىلىپ بېرەي دېۋىدى، قەدىردان ئۇنىمىدى.

— سىلەرنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىڭلاردىن قەتئىينەزەر، — دېدى قەدىردان جىددىي تەلەپپۇزدا، — بۇ پۇلنى مەن سىلەرگە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بېرىۋاتىمەن، لېكىن سىلەر: «بۇ ئەخمەق دۆتنى ئەجەب قويۇۋەتتۇق» دەپ مەسخىرە قىلساڭلار خاتالاشقان بولىسىلەر، چۈنكى ئادەملەرنىڭ ئىنساپ ـ دىيانىتىنى، پاك ئىمانىنى، ۋىجدان ـ غورۇرىنى تارازىغا سېلىپ بېقىش ئۈچۈن 5000 يۈەن ئەمەس، 5 مىليون يۈەن خەجلىسەممۇ ئەرزىيدۇ.

قىز ـ يىگىت قول قوۋۇشتۇرۇپ ئېڭىشكىنىچە، بېشىنى چايقاپ مۆل ـ مۆل ياش تۆكۈشتى.

# ئون بىرىنچى باب

قەدىردان ئىككى كۈن يول مېڭىپ، تۆت ۋاگون ھەل قىلالمىدى. ئۇنىڭ كىرمىگەن ئىدارە - ئىشخانىلىرى قالمىدى، پويىز ئىستانسىسىنىڭ كەسپىي بۆلۈمى، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى. لېكىن، تۆت ۋاگون چېتىش مەسىلىسىدە ئۇلارغا «كۆڭۈل»مۇ خۇشياقمايدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئالدىنئالا پۇل خەجلىگەن مىلىيونېر سودىگەرلەر يۈك توشۇش پويىزلىرىنىڭ ۋاگونلىرىنى ئىگىلەپ بولغانىدى.

قەدىردان سالپايغىنىچە ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ھاجىمنىڭ قوشۇمىلىرى بىرپەس تۈرۈلدى - دە، لەپپىدە ئېچىلدى.

— ھەي، ناھىيەلىك سودا كوپىراتىپىنىڭ سەيگۈيۈەنى ماخمۇت ئۆرۈمچى توپ سېتىش بازارلىرىنىڭ مېلىنى قىممەت كۆرۈپ، مەخسۇس ئىچكىرىدىن دىگۇار قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ، يولى بار سەيگۈيۈەن، بېرىپ باقامسەن يا؟

— ئىككىمىز بىللە بارساق قانداق؟ سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز بار ھاجىم بولغاندىن كېيىن...

— بۇ ئىشقا ھۆرمەت، ئىززەت، يۈز كەتمەيدۇ، ئۇقتۇڭما؟ — ھاجىم سىرلىق ھىجايدى، — تېخى ھەل بولۇشقا تېگىشلىك ئىشمۇ ئارقىغا يېنىپ كېتىشى مۇمكىن.

— قانداق دەيسىز؟

— چۈنكى، مېنىڭ ئالدىمدا «تاپان ھەققى بېرىسىز» دېيەلەما؟

— ھىم، ئۇقتۇم! — قەدىردان بېشىنى گىلدىڭلاتتى، —

www.uyghurkitap.com

ئەمىسە ئۆزۈم باراي...

قەدىردانىنىڭ ۋاگون ھەل قىلىش مەسىلىسى ئاسانلا ھەل بولدى. ئۇ ماخمۇتقا ئايدا 5000 يۈەن تاپان ھەققى بېرىش ئۇسۇلى بىلەن تۆت ۋاگونغا يۈك بېسىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى.

بۇ خەۋەردىن خۇشال بولۇپ كەتكەن سۇڭ خوجايىن تاۋۇزدەك پۇلتىيىپ چىققان قورسىقىنى سىلاپ، ياتاق ئىچىدە نەچچە قېتىم چۆرگىلىۋەتتى:

— يۇر، ماشىنىغا چىق، بىر يەرگە بارىمىز.

— نەگە بارىمىز؟ قورسىقىم توق. تاماق يەپلا كەلدىم.

— مېنىڭمۇ قورسىقىم توق، مەن ساڭا بىر تۈمەنلىك نەچچە قۇر كىيىم ئېلىپ بېرەي دەيمەن.

— نېمە، كىيىم ئېلىپ بېرەي؟! — قەدىردانىنىڭ ئاغزى ئۇچۇقلا قالدى، — كىيىم ئالسام مەندىمۇ پۇل بار. ئىشەنمەمسىز، مانا قاراڭ...

قەدىردان خالمەت قارىمغا 60 مىڭ يۈەننى قەرز بېرىپ ئاشقان 20 مىڭ يۈەننى چاپىنىنىڭ ئىچىدىكى ئىككى يانچۇقىغا بۆلۈپ سېلىپ قويغانىدى. ئاددىي، كۆرۈمسىز بىر بالا بىلەن دادى-مۇئامىلە قىلىشتىن سەل نومۇسى كەلگەن سۇڭ خوجايىن قەدىردانىنى ئالىي كىيىملەر بىلەن ياساپ، ئۇنى ئېسىل بەگزادىگە ئايلاندۇرماقچى ئىدى. شۇڭا، ئۇ قەدىردانىنىڭ دولىسىدىن يەپىلىگىنىچە پەسكە ئېلىپ چۈشتى-دە، ئالىي دەرىجىلىك «نىسسان» ماشىنىسىغا سالدى. ئۇلار «چاڭجياڭ يولى» بازىرىغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشۈپ، رەڭگى ھەم شەكلى چاكىنا ئەمەس ئالىي دەرىجىلىك چامادانىدىن ئىككىنى ئېلىپ ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا تاشلىدى.

ماشىنىنى ئانچە ئىتتىك ھەيدىمەيدىغان سۇڭ خوجايىن يېنىدا ئولتۇرغان قەدىردانغا تاشقى كۆرۈنۈشنىڭ رولى، ئەھمىيىتى، ئېسىلزادىلەر ئوتتۇرىسىدا پەيدا قىلىدىغان ھەيۋىتى ھەم پايدىسىنى سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى:

— ئۇچاغدا كىيگەن 1000 ياكى 2000 يۈەنلىك مايكا، پۇتۇڭدىكى مىڭ نەچچە يۈز يۈەنلىك ئاياغ، بارمىقىڭدىكى 100 ياكى 200 مىڭ يۈەنلىك ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك نەچچە مىليونلۇق سودىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، باشقىلار چەكسىز ھۆرمەتتە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەيمىنىدۇ ھەم ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ...

— مۇنداق دەڭ. مەن تېخى سودا بىلەن كىيىمنىڭ نىمە ئىشى، دەپ يۈرۈپتىمەن. بولمىسا ياڭ لاۋبەنمۇ بۇرۇنلا ئېيتقان، لېكىن مەن سەل قاراپتىمەن.

— ئاددىيسى، سەن بىرەر توختام تۈزۈشكە، شۇنداقلا سودىگەرلەر خېرىدار چاقىرىش سورۇنلىرىغا كوچا ئاپتوبۇسى ياكى تاكسىدا بارساڭ، ساڭا ھېچكىممۇ ئېتىبار قىلمايدۇ. ئەگەر ئۆزۈڭنىڭ ئېسىل ماشىناڭدا بارىدىكەنسەن، ئۇ چاغدا ھەممىنىڭ كۆزى سەندە بولىدۇ، ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىڭ تاغدەك ئۆسىدۇ. مانا بۇ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەرنىڭ دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان مىزانلىرى...

سۇڭ جىجۇڭ بىلەن قەدىردان داشمىنىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا كىرىپ، ماشىنىنى ئەپلىك بىر يەرگە توختاتقاندىن كېيىن، دوقمۇشتىكى ھەيۋەتلىك تۆرلۈك ماللار ماگىزىنىغا كىردى. ئۇلار كىيىم ـ كېچەكلەر دۇنياسىغا چۆككەندىن كېيىن، سۇڭ جىجۇڭ كۆرۈنۈشى ئاددىي، رەڭگى ئادەتتىكىدەك، لېكىن ئالامەت قىممەت باھالىق ماللارنى ئېلىپ، تالون كەستۈرۈشكە باشلىدى، دېمىسىمۇ، كاستۇم ـ بۇرۇلكىلار قىممەتلىكىگە يېقىپ ھەقىقەتەن ئېسىل ئىدى. ئۇلار خىللاپ ئالغان ماللىرىنى قۇچاقلاپ ئاپىرىپ پەشتاختىغا قويدى. مەسئۇل خادىملار ئۇنى ھېسابلاپ بولغۇچە، سۇڭ جىجۇڭ قەدىردانغا كىيگۈزۈپ بېقىپ، خوپ كەلگەن ئىككى ئاياغنى 1300 يۈەنگە ئېلىپ تالون كەستۈردى.

ئۇلار 13 مىڭ يۈەنلىك كىيىم ـ كېچەك، ئاياغلارنى ئىككى چامادانغا قاچىلاپ چىقىپ ماشىنا ئىچىگە قويغاندىن كېيىن، سۇڭ جىجۇڭ قەدىردانىنى زىبۇزىنەت ماگىزىنىغا باشلاپ كىردى. ئۇ

ئەينەك جاھازلار ئىچىدىكى ئەرەنچە ـ ئايالچە ئۈزۈك ، بىلەزۈك ، زەنجىر ، بۇلاپكىلارنى كۆرۈپ ، بىردىنلا مۇلازىمەتچى قىزغا بىشىل زۇمرەت كۆزلۈك ئەرەنچە ئۈزۈكنى ئېلىشنى بۇيرۇدى ھەم ئۈنى كۆزىگە يېقىن ئەكىلىپ ، بىر ھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ، قەدىردانىنىڭ قولىغا سېلىپ كۆرۈپلا : «پاھ ، پاھ ، زەپ ياراشتى» دېدى ـ دە ، مۇلازىمەتچى قىزغا تالون كېسىشنى بۇيرۇدى . ئاندىن كاسسىرغا 3800 يۈەن تۆلىدى . قەدىردان خاپا بولغانىدى ، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ :

— ئەسلىدە بۈگۈن مەن ساڭا بىر تۈمەنلىك كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغانىدىم ، لېكىن سەن قەتئىي ئۇنىمىدىڭ . شۇڭا ، ئۈزۈك بولسىمۇ ئېلىپ بېرىپ ، ئۆز كۆڭلۈمنى بەزلىدىم ، ئۇقتۇڭمۇ ؟

شۇ كۈنى سۆڭ جىجۇڭ قەدىردانىنى ياتىقىغىچە ئەكىلىپ قويدى . ئۇ ياتاق ئىچىگە بىر قۇر زەن سېلىپ ، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈردى . قول ياغلىقىنى ئېلىپ بۇرنىغا تۇتماقچى بولدى ـ يۇ ، قەدىردانىنىڭ كۆڭلىنى ئايىدى . شۇڭا ، ياتاق ئىچىدە چىداپ ئارانلا ئولتۇردى . ئۇ قەدىردانىغا كۈنلۈكى سەككىز يۈەن كاماندىروپكا ، 15 يۈەندىن تۆۋەن ياتاقتا يېتىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى . ئۇ غەزەپ ئاچچىقىدا نېمىلەرنى دەپ ، نېمىلەرنى قويغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمايلا قالدى :

— قانداق دۆت ، بولمىسىز ئادەملەر ، ئەگەر قەدىرداندەك ئايىغى ئىتتىك ، تىلى تاتلىق ، زېھنى ئۆتكۈر ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان سەيگۈيۈەنلەر ئىچكىرىدىكى خوجايىنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ، گۆھەردەك ئەتىۋارلاپ ، مىليونېر باي بولۇپ كەتمەمدۇ ، ھەرگىز بۇنداق ئىت كاتىكىگە سولاپ قويمايدۇ ! تېخى مۇشۇ ياتاق ئۈچۈن يېنىدىن 20 يۈەن خەجلىسە ، ئاش ـ تامىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزى كۆتۈرسە ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ئالسا ، ئايلىقىغا 330 يۈەن مائاش بەلگىلەپ بەرسە ، ھېلىمۇ مۇشۇ بالا ئىشلەيدىكەن ، بۇ قانداق قۇللۇق ئىدىيە ؟

ئادەم ئىشلىتىشنى بىلمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ روناق تاپقىلى بولسۇن؟ بىرەر زاۋۇت، كارخانا ياكى شىركەت، گۇرۇھلار بولسۇن، ئۇ بىر بىنا، شۇنداقلا غايەت زور كۆۋرۈك. ئۇلارنى دەس تۇرغۇزۇپ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدىغان، قوشۇمچە تىرەك ھەم تايانچلارنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرىدىغان، بارلىق ئۇششاق ئېلېمېنتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ئۇيۇشتۇرىدىغان ئاساسلىق جان تومۇر بىر تۈۋرۈك بولىدۇ... ئىدارە - جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىرى، زاۋۇت - كان، كارخانا باشلىقلىرى، ھەرقايسى شىركەت خوجايىنلىرى، ئىلمىي تەتقىقات، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلارنىڭ ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى ئۇلارمۇ بىر تۈۋرۈكتۇر. تۈۋرۈكنىڭ ئاجىز ياكى مۇستەھكەم بولۇشى ئاشۇ كوللېكتىپنىڭ ھايات - ماماتىغا باغلىقتۇر. شۇڭا، شەخسنىڭ، بولۇپمۇ ئىقتىدارلىق رەھبەرنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ. جاك شيەنلياڭ[1] ئەپەندى: «ئادەتتىكى پۇقرالار ساپاسى ئەمەس، مەنسەپدارلار ساپاسىلا دۆلەتنىڭ تەقدىرىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇ ئىجتىمائىي قانۇنىيەت، تۆمۈر قانۇن!» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

سۇڭ جىجۇڭنىڭ غەزەپلىك نىدالىرى قەدىردانىنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى. لېكىن، ئامال قانچە؟ مۇشۇ ئاتوم دەۋرى، نۇر ئىلمى دەۋرىدىمۇ يۇرتىدىكى ساپاسىز مەنسەپدارلار ئوتتۇرىسىدا قۇللۇق ئىدىيە ھازىرغىچە تۈگىمەيۋاتسا... سەمەتنىڭ مەنسىپى ئەمەتنىڭكىدىن بىر سانتىمېتىر ئەمەس، بىر مىللىمېتىر پەس بولسا، سەمەتنىڭ ئەمەتكە بولغان خۇشامىتىنى دېمەيلا قويۇڭ...

قەدىردان سۇڭ جىجۇڭنى ھويلىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. سۇڭ خوجايىن ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا، قەدىردانىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا مەدەت ۋە ئىلھام بەردى:

— ئۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ، دېگەن گەپ بار. سېنىڭ پىداكارلىقىڭنى ئۇلار خورلىغانىكەن، سەنمۇ باغرىڭغا تاش

[1] جاڭ شيەنلياڭ — خەنزۇ، 1936 - يىلى نەنجىڭدا تۇغۇلغان. ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

قوي ، — دېدى سۇڭ جىجۇڭ ئېغىر تەلەپپۇزدا ، — ئاماق - ياتاق ، تۇرمۇش پۇللىرىڭنى ئاشۇلارنىڭ ئەۋەتكەن ماللىرىدىن يونۇپ تۇرۇپ چىقار ، بىر پۇڭ ، يېرىم پۇڭ ئۆتكۈزمە ، مەردلىكىڭ چۈشىنىدىغان مەنسەپدار بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ، سەن ھىممەت قولۇڭنى ئاچقانسېرى ، «مەندىن قورقتى ، ماڭا خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ ، تەتۈرىسىگە چۈشىنىدىغانلار يوق ئەمەس . بۇ ئىسلاھات دەۋرى ، ئۆز ئىقتىدارىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىل ، ئەۋلادىڭغا مەئىشەت قالدۇر…

— رەھمەت ، سۇڭ ئەپەندى ، — دېدى قەدىردان تەسىرلەنگەن ھالدا ، — سىز ئەسلىي قاق سودىگىرى بولماي ، بىر نەزەرىيە ئالىمى بولسىڭىز يارىشىدىكەندۇق…

— قاقنىڭ گېپىنى چىقىرىپ ، يەنە يادىمغا سالدىڭ ، — سۇڭ جىجۇڭ كۈلۈۋەتتى ، — ئىچكىرىگە ماڭىدىغان تۆت ۋاگون قاق ئۆز يولىدا مېڭىۋەرسۇن ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشەنچلىك دەپ قارىغان قاق بولسا يەنە ماڭا ئۆتكۈز .

— نېمانچە ئاچ كۆزسىز ، — قەدىردانمۇ كۈلۈۋەتتى ، — ئاڭلىسام ، تۆت بازاردىن تىنماي قاق ئالىدىكەنسىز .

— بۇنى سوراپ قالدىڭ . مەن قاق قىيامى بولىكىسى ، پىرەنىك ، قانقات ، قاق بەلىش ، شاكىلات ، ھەرخىل قاق كونسېرۋالىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت ، كارخانا ، شىركەتلەردىن بىر قانچىسىگە مال يەتكۈزۈپ بېرىمەن . ئۇلارنىڭ خام ئەشيا بازىسى شىنجاڭ ، باشقا يەرلەردىنمۇ چىقىدۇ ، لېكىن شىنجاڭنىڭكىدەك سەرخىل ھەم ئەرزان ئەمەس .

قەدىردان سۇڭ جىجۇڭنى ئۇزىتىۋېتىپ ، «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا كىردى . ئۇ ئازراق بىرنېمە يەۋېلىپ مەكتىپىگە بارماقچىدى . لېكىن ، ئاشخانىدا خېرىدار كۆرۈنمەيتتى . ئۇ : «نەگە كەتكەندۇ بۇ خەق» دەپ تۇرۇشى ، ئاشخانا هويلىسىدىن ۋارقىراش - چىرقىراش ئاۋازلىرى ، نېمىلەرنىڭدۇر پالاق - پۇلۇق ، تاراق - تۇرۇق قىلىشلىرى ئاڭلاندى . قەدىردان

ئاستا بېرىپ، ئارقىغا ئۆتىدىغان كىچىك ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىدى، تارچۇق هويلا ئوتتۇرىسىدا بىر كاللەك ئادەم خامباس «ئويۇنى» ئويناۋاتاتتى. خامباس ئوتتۇرىسىدا ئوڭدىسىغا ياتقان هۆسنارخان خىرقىراپ يىغلايتتى هەم ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. ئۇنىڭ قورسىقىغا مىنىۋالغان ئەسەت ئەرۋاهنىڭ قولىدا چاققانغىنا پالتا تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئاياق توختى، كازىم، زۇلئايلار ئېسىلىۋالغانىدى ...

— هــەي قىرى مــادا، زادى بېرەمسەن ـ بەرمەمسەن؟ — ئەسەت ئــەرۋاهنىڭ ئــاغزىدىن ئاپپاق مــاغــزاپــلار چــاچرىماقتا ئىدى، — ئۇنى ئاياپ ئاشناڭغا بېرەمتىڭ؟

— هەي هېجىقىز كۆت! — هۆسنارخان بىگىز قولىنى شىلـ. تىدى، — مەن سېنى قاچانغىچە باقىمەنا؟ كۆزۈمدىن يىت، هەزىـ لەك، ئەمدى ساڭا بېرىدىغان تاماكا يوق!

— مانا ئەمىسە، مانا ئەمىسە، — ئەسەت ئەرۋاه قولىدىكى پالتىنى قارا ـ قويۇق شىلتىغىلى تۇردى. بىراق، ئۇنىڭ قولىغا كازىم، ئاياق توختىلار ئېسىلىۋالغاچقا، بۇ ئاجىز ئەرۋاه پالتىلىق قولىنى تارتالماي، ئۆزى پالاق ـ پۇلۇق يىقىلماقتا ئىدى. هەممىـ نىڭ تېگىدە قالغان هۆسنارخان زۇلئاينىڭ يۆلىشى بىلەن ئورنىـ دىن تۇرۇپلا ئۆيگە قاچقانىدى، ئەسەت ئەرۋاه ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ئۆي ئىچىدە ۋارقىراش ـ چىرقىراش، گۇلدۇر ـ غالاپلار ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئادەتتە ياۋاش، مۇلايىم، گەپلىرى سىلىق ـ سىپايە كۆرۈنىدىغان ئەسەت ئەرۋاهنىڭ بۇگۈنكى ئەلپازىنى كۆرگەن قەدىردان كۆزلىرىگە ئىـ شەنمەيلا قالدى. ئۇ ئاستا ماڭغىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتـ قاندا، ئارقا هويلا ئىشىكىنىڭ دەهشەتلىك ئېچىلىپ ـ يېپىلىشىـ دىن چۆچۈپ ئارقىسىغا قايرىلدى. چىرايى كەسلەنچۇكتەك بەترەڭ بولۇپ كەتكەن هۆسنارخان ئاشخانىغا ئېتىلىپ كىرىشى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پالتا كۆتۈرگەن ئەسەت ئەرۋاه ئۇچقاندەك يېتىپ كەلـ دى. ئۇ پالتىسىنى بىرلا شىلتىسا، هۆسنارخاننىڭ كاللىسى بەلـ

كىم ئىككى پارە بولۇپ كېتەتتى ، ئەمما قەدىردان ئۇنى كاپلا قىلىپ ئارقىدىن قۇچاقلىۋالدى . ئۇ بىر ـ ئىككى قېتىم بۇلجۇنۇپ شىپىرلاپ بولغۇچە ، ئاباق توختى ، كازىملار كەلگەنچە گۈپپلا قىلىپ ئاستىغا باستى… بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ھۆسنارخان ئەسەتنىڭ يۈزىگە چاڭگال سالـدى . بۇ چاغـدا ئارقـا ھويـلىدىن «ئاناا… » دەپ ۋارقىرىغىنىچە يېتىپ كەلگەن زۆلئاي قەدىردانىنى كۆرۈپلا يۈزلىرىنى ئالىقانلىرىدا قامالىغىنىچە يەنە ئارقا ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى…

قەدىردان قورسىقى ئاچ پېتى مەكتەپكە ماڭدى . ئۇ تاكسىدا كېتىۋېتىپ ، ئۇنىۋېرسىتېت ئەتراپىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە تاماق يېيىشنى ئويلىدى . قورساق ئاچلىقى ئۇنىڭ ئاچچىق خىياللىرىنى ئۇنتۇلدۇرالمىدى . كۆز ئالدىدا يۈزلىرىنى ئېتىپ يىغلىغانچە ئارقا ھويلىغا كىرىپ كەتكەن زۆلئاي ئايان بولاتتى . توغرا ، زۆلئاي ئەسكى قىز ئەمەس ، ئۇ ھەم چىرايلىق ، ھەم كۆڭلى ياخشى قىز ! بىراق ئۇنىڭ ئائىلىسى گوياكى ئاچ قالغان بۆرە ئۇۋىسى ! بۇ ئۇۋىدىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولىدۇكى ، كىرگىلى بولمايدۇ ، كىرگەن ئادەم ساق چىقمايدۇ ، شۇنداقتىمۇ زۆلئايغا بەك ئۇۋال بولدى ! ئۇ قەدىرداندىن نومۇس قىلىپ ، ئارقا ھويلىغا قېچىپ كىرىپ كەتتى . ئەمدى قەدىردان ئىلاجى بار بۇ «جەننەت نېمەتلىرى» ئاشخانىسىغا كىرمەسلىكنى ئويلىدى . ئامالىنىڭ يوقىدىن كىرىپ سالغاندىمۇ ، تامىقىنى يەپ ، پۇلىنى تۆلەپ ، پۇتىنىڭ ئۇچىدىن باشقا يەرگە قارىماي ، تاماقخانىدىن چىقىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

قەدىردان «ئالتۇن ئاچقۇچ»تىكى ئۈچ سائەتلىك ئوقۇشنى تۈگىتىپ ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا كەلگەندە ، سائەت ئونغا ئاز قالغانىدى . ئۇ ئەمدىلا بىنا كارىدورىغا كىرىشى ، نۆۋەتچى بۆلۈمدىكى قـاپقـارا ، ۋىجىك ئـايـال پاتەمخان ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە ، ئادىتى بويىچە قوللىرىنى شىلتىپ ، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ سۆزلەپلا كەتتى :



www.uyghurkitap.com

— ھەي ئاچچىقى يامان، جېنى بـوش بالا سەيگۈيۈەن، سېنى تاپماق ئەجـەب تەسكىنا! قاچانـلا چىقسام ياتقىنىڭ قۇلۇپلاقلىق، تالا - تۈزدىن ئۆي تۇتۇۋالدىڭمۇ؟ چوكىنىڭ قويۇپ بەرمەمدۇ؟ توۋا قىلدىم خۇدايىم، ما زاماندا ئادەمنىڭ ئۆۋىقىغىمۇ مۆڭگۈز چىقتىمۇ نېمە؟

— پاتەمخان ئاچا، گەپ بولسا شاپ دېسلە، ئادەمنى تىللاۋەرمەي، — دېدى قەدىردان ئاغزىنى تۇسۇپ ئەسنىگەچ، — مۇشۇ تۇرقۇمدا ئۇيقۇم كېلىپ ئۆلەي دېدىم.

— ھۇي، كېچىدىن راستتىنلا بىرەر پاخپاق قىچىقلاپ ئۇخلاتمىدىمۇ قـانداق بـۇ غـوجـكامنى، سائەت ئون بولمايلا ئەسنەيدىيا، — پاتەمخان ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلدى، — جىگدىلىك باغنى بوش چاغلىمىسىلا غوجام، مەن - مەن دېگەن تۆمىقى قىرلاقلىق غوجامنىمۇ ئولتۇرسا ئۇخلايدىغان، قوپسا خورەك تارتىدىغان، ماڭسا مۆگدەيدىغان، يۈزنگە چىۋىن قونسا كومشىكىدا[1] قورۇيدىغان قىلىپ قويىدۇ ئەينا...

— ئا... — قەدىردان راستتىنلا ئاچچىقلاپ قالدى، — ئېشىمدا يوق پۇرچاق، پوقۇمدا نېمىش قىلسۇن، دەپ، نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ ما خوتۇن، دېمىسىلە ياتاققا ماڭدىم ئەمىسە...

— توختا، ھەي جىگدىچى[2]، — دېدى پاتەمخان بىگىز قولىنى جوتۇپ، — خوتەندىكى ئوبۇلھەسەن دەيتقان كاتتىبېشىڭدىن نەچچە قېتىم تېلېفون كېلىپ، ئاخىر مېنىڭ يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. خوتەندىن 32 ماشىنا مال يولغا چىققىنىغا ئىككى كۈن بوپتۇ، ئۆگۈنلۈككە كەچ «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»غا چۈشىدىكەن. ئۇقتۇڭما، ھۇقۇيتاخۇن؟

— يائاللا، پاتەمخان ئاچا، ھەر قېتىم خەۋەر يەتكۈزگەندە، بىر نەچچە ئېغىز تىللاپ خۇماردىن چىقىۋالمىسىلا، يېگەن نانلىرى پوكانلىرىغا سىڭمەيدۇ، شۇنداقما؟

---

[1] كومشىك — كالپۇك.
[2] جىگدىچى — كىچىك قۇشنىڭ ئىسمى.

— ۋاي جېنىمەي ، كىچىككىنە مىتەۋە[1] قىلىپ قويسام تە[2] بولدۇڭما سۇندۇك[3] نىڭ بالىسى .

قەدىردان ياتىقىغا كىرىپ ، ئەمدىلا چاپىنىنى سېلىپ تۇرۇۋې-شى ، ئىشىكنى چەكمەيلا غەيرەت جاڭدۇ كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ هاراق ئىچىپ تەڭشىلىپ قالغانلىقى تۇرقىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ سەنتۇرۇلۇپ كەلگىنىچە ، هېلىلا سېلىپ كارىۋاتقا تاشلاپ قويى-غان چاپاننى ئالدى - دە ، قەدىردانىنىڭ ئۇچىسىغا تەڭلىدى :

— كىيە مانى… بول دەيمەن…

— غەيرەتكا ، كېچە بىر ۋاخ بولۇپ كەتتى قارا ، بۇ كېچىدە نەگە بارىمىز ؟

— هەي ، مەن سېنى دوزاخقا ئاپارمايمەن ! ناهايىتى شۇ بە-شىنچى قەۋەتكە چىقىمىز…

بىر چاغدا هېلىمجان ئاۋاق ، نۇرمەت پاكارلارنىڭ : «سائەت ئوندىن كېيىن بەشىنچى - ئالتىنچى قەۋەتلەر نەشە ، خرۇئىن چەككۈچىلەرنىڭ ، قىمارۋاز ، هاراقكەشلەرنىڭ قاينام سورۇنىغا ئايلىنىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كېلىش بىلەن ، قەدىردان هەرخىل باهانىلەرنى كۆرسىتىشكە باشلىدى .

— غەيرەتكا ، بۇگۈن ئوقەت ئىزدەپ تۆت بازارنى ئايلاندىم ، بەك هېرىپ كەتتىم .

— هۇي ، هېرىپ كەتكەن بولساڭ ، هاردۇقىڭنى چىقىرىدى-غان دورا بار…

— مىجەزىم يوق ، ئاكا . راستىنىلا چىقالمايمەن .

— هەي ! — غەيرەت ئاچچىقلاپ قالدى ، — سائەت توققۇزدىن بېرى ياتىقىڭغا ئون قېتىم كەلگەندىمەن ، شۇنىڭمۇ يۈزىنى قىلما-سەن ؟ مەن سېنى ئاغىنىلىرىمگە ماختاپ 32 چىشىم تۆكۈلۈپ چۈشكۈدەك بولدى . ئۇلارنىڭ سېنى بىر كۆرگۈسى بار . يۈر ماڭ ،

---

① مىتەۋە چاقچاق .
② تە — تېرىكىش ، ئاچچىقلاش .
③ سۇندۇك كىچىك قۇش .

مېنى لەت قىلما...

غەيرەت قەدىردانىنى ئالدىغا سېلىپ بەشىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار سەككىز كىشىلىك ياتاققا قەدەم ئېلىش بىلەن قەدىردان ئىختىيارسىز ئېغىز - بۇرنىنى تۇتۇۋالدى. تەر، قاسماق پۇت، مەينەت پايپاق، ئۇسۇرۇق پۇراقلىرى تاماكا، كەندىر، خىروئىن ئىسلىرىغا قوشۇلۇپ، قانداقتۇر قاڭسىق، ھىڭدەك سېسىق، بەتبۇي پۇراق ياتاقنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى. بىر بۇلۇڭدا پال - پال قەغەز ئۈستىدىن سۇس تولغىنىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۇمۇش رەڭ ئىسنى نەيچە ئارقىلىق بىرنەچچىسى نۆۋەتلىشىپ شورايتتى. پال - پال قەغەز ئاستىغا ئوت يېقىپ بېرىۋاتقان ئادەم: «بولدى قىل، سەن ئىككى سەرەڭگىلىك[1] چەكتىڭ ...» دەپ قوياتتى. باش ئۈستىدە بىر ھازا تاراقلىغان قاچا يەرگە دۈم قويۇلۇپ، قايتا ئېلىنغاندا، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىرقانچىسىنىڭ بېشى بىردىنلا بىر يەرگە يىغىلاتتى - دە، شىشىخالىغا قارايتتى، ئۇلارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، بىرنەچچە دەقىقە نەپەسلىرى كېسىلەتتى. تېخى كۆڭلەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، مەيدىسىگە: «ياپىرىم جەمشىت» دەپ قارسىلدىتىپ ئۇرۇپ تۆت ئۇشۇق ئېتىۋاتقان قىمارۋازلارنىڭ ھېچكىم بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. 40 ياشلاردىكى تاقىرباش، سىم بۇرۇت بىر ئادەم كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە، خۇددى ئىككى ئالەم لەززىتىنى شوراۋاتقاندەك ئۇزۇن دەستىلىك چىلىمدا قاپاقنى خورتۇلدىتىپ نەشە چەكمەكتە ئىدى. ئوتتۇرىدىكى ئىككى كارىۋاتنى جۈپلەپ ھاراق ئىچىۋاتقان ئادەملەر غەيرەت جاڭدۇڭنىڭ ئۈلپەتلىرى بولسا كېرەك، كۆزلىرىنى ئەلەس - پەلەس قىلغىنىچە قەدىردانغا قارىدى. قەدىردانمۇ بىرلا قاراپ، ئاق سېرىق، ئورۇق يۈزىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن ئەيسا خېنەنجىرنى، قاپقارا بۇرۇتى ئىككى جاۋغىيىدا يېيىلىپ تۇرغان، ئۇزۇن چاچ ئەبەي گىتارنى تونۇدى. شۇڭا، ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى.

[1] سەرەڭگىنىڭ ئىككى مونچاقلىق ياغىچى كۆيۈپ تۈگىگۈچە چېكىش.

— ئۆزۈڭ كىچىك بولغان بىلەن قالتىسكەنسەن جۇمۇ، ئۇكا، — دېدى 60 ياشلار چامىسىدىكى قورساقلىق، قوش ئېڭەك، قاشلىرى سارغۇچ، چېقىر كۆز، يۈزلىرى گىردە ناندەك قىزغۇچ كەلگەن ئادەم، — 10 مىڭ يۈەن تۆلەپ، غەيرەتنى گۆر ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشىڭنى كىم ئويلىغان.

— قەدىردان ئۇكا، — دېدى غەيرەت لىڭشىپ تۇرالماي، — ساڭا زوقلانغان بۇ ئاكىمىز ئۈرۈمچىدە بارماق بىلەن سانىغۇدەك مىليونىر باي ئابدۇلباقى تۆمۈرقولنىڭ چوڭ ئوغلى ئابىخان لومپا بولىدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي گىلەمچىلىك بىلەن بېيىغان بايلار.

— ئۇكا، دۆڭكۆۋرۈك، سەنشىخاڭزىلار بولۇپ بەش يەردە گىلەم دۇكىنىمىز بار، — دېدى ئابىخان لومپا قولىدىكى رومكىنى گۆپلا كۆتۈرۈۋېتىپ، — زېرىكسەڭ، تېرىكسەڭ بارغىن، ئۇ دۇكانلارنى ئۇكىلىرىم زاھىر لومپا، بارى لومپىلار بىلەن ماڭدۇرىمىز.

— بولىدۇ، ئاكا، چوقۇم بىر كۈنى بېرىپ كۆرۈپ كېلىمەن، — قەدىردانمۇ كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇردى، — تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەيپىڭلارنى قاچۇرۇپ قويدۇممۇ قانداق؟

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ — ئابىخان لومپا قەدىردانغا بىر رومكا هاراق تۇتتى، — قېنى تونۇشۇپ قالدۇق، شۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بىرنى كۆتۈرۈۋەت.

— كەچۈرۈڭلار، ئاكىلار، مەن مۇشۇ هۈنەردە يوق، — قەدىردان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالىقىنىنى كۆكرىكىگە قويدى، — هازىرغىچە ئىچىملىك، چېكىملىك دېگەن كوچىلارغا كىرىپ باقمىدىم.

— كىرمىگەن بولساڭ ئەمدى كىر، — دېدى ئەبەي گىتار بۇرۇتلىرىنى سورتۇپ، — مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم جۇمۇ. بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىلمىساڭمۇ مەيلى، لېكىن ئابىخان ئاكامنىڭ هۆرمىتىنى قىلمىساڭ سەت تۇرا!

— راست، قەدىردان، ئابىخان ئاكامنىڭ قولىنى

ياندۇرما ، — دېدى غەيرەت .
— ئەر بىلەن ئايالنىڭ پەرقى نېمە ؟ — ئەيسا خېنەنجىر چىنىڭ يەردىن چۈشتى ، — كەيپ قىلىشتا ، كەيپ قىلمىغان ئەرنى ئەر دېگىلى بولامدۇ !
— بوله تېز ، سورۇن سوۋۇپ قالدى...
تەرەپ - تەرەپتىن خىجىللىق ئىسكەنجىسىگە ئېلىش ، ئىزا تارتقۇزۇش قاتارلىق بېسىملار بىلەن قەدىردانغا بىر رومكا ئىچكۈزۈۋەتتى . قەدىردان گويا بىر ئاپقۇر قوقاس يۇتۇۋەتكەندەك تولغىنىپ كەتتى .
— ھەببەللى ، ئوغۇل بالا ، ئوغۇل بالا... — باشمالتىقىنى چىقىرىپ ماختىدى ئابىخان ، — تا بۇگۈنكى كۈنگىچە «بالا سەيگۈيۈەن ، بالا سەيگۈيۈەن» دېسە كىمكى دەپ غايىبانە ھەۋەس قىلىپ يۈرەتتىم ، مانا بۈگۈن نېسىپ بوپتىكەن ، دىدار كۆرۈشتۇق . قېنى ئوغلان ، بۇنىمۇ كۆتۈرۈۋەت !
ماختاش ، كۆپتۈرۈش ، چاقچاق ، ھەزىللەر بىلەن قەدىردانغا ئۈچ رومكا ھاراق ئىچۈرۈۋەتتى . ئۇ شۇ كۈنى ھاراقمۇ ئىچتى ، تاماكىمۇ چەكتى ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ياقىلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ : «توۋا ، زوھۇر گاسسىيانىڭ قەدىردان ئۈچۈن ‹قوشۇرتاش › بازىرىنى قانغا بويىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ» دېگەنلىرى ، بەزىلىرىنىڭ : «ھازىر مەتتۇرغۇن شىلىم ، نۇرادىل پاناق ، تۇرسۇن كاللا تۆت بازاردىن توزغاقتەك توزۇدى ، ئەمدى ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشى ئەجەلگە مىنىپ يۈرگەندەكلا ئىش» دېگەن خۇلاسە - كالاملىرى ، «ھوي ، ھازىر مەتتۇرغۇن شىلىم ئادەملىرى بىلەن ئىچكىرىدە چوڭ سودىغا ئارىلىشىپ قاپتۇمىش» دەيدىغان پەرەزلىرى قەدىردانىنى ئۆرلىتىپ قويغاچقا ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەنىدى .
ئىچىملىك ھەم چېكىملىككە ئارىلىشىپ قالغان قەدىردانغا دەسلەپ كىرگەندىكى بەتبۇي پۇراقلار بۇرنىغا پۇرىماس بولۇپ قالغانىدى . ئۇ كەيپچىلىكتە پال - پال قەغەز ، نەيچە بىلەن خىروئىن چېكىۋاتقانلارنى ، غاڭزا - چىلىملاردا خورتىلدىتىپ نەشە شوراۋاتـ

قانلارنى ، شىشخال ، قىمار ئويناۋاتقانلارنى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان خۇنۇك كۆزلىرىدە خىرە - شىرە كۆرۈپ تۇراتتى...

قەدىردان ئەتىسى تاماقلىرى قۇرۇپ ، باشلىرى قېيىشىپ ، ئۇرنىدىن خامۇش تۇردى ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپلا تۇراتتى . ئاچچىق - چۇچۇك ، سۇيۇق - سەلەڭ بىر نېمە ئىچكۈسى كېلىپ ، تاماقلىرىنى چاكىلدىتاتتى . خۇددى ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى پال سېلىپ بىلىۋالغاندەك ، غەيرەت جاڭدۇ ئەتىگەندىلا لەلەگلەپ كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ قاتمۇقات جىيەكلىك چوڭ كۆزلىرى ئوتقاشتەك قىزىرىپ ، يۈزلىرى ئىششىق ئادەمدەك ئېسىلىپ كەتكەنىدى . ئۇ كارىۋاتتا ياكى دىۋاندا ئولتۇرمايلا ، قەدىرداننىڭ قولىدىن تارتتى :

— يۈر ، ئاچچىق - چۇچۇك ، سۇيۇق - سەلەڭ بىر نەرسە ئىچىپ كېلەيلى . مېنى هاراق چىشلىۋاپتۇ ، سېنىڭمۇ هالىڭ خارابتەك قىلىدۇ . سەن ئامرىقىڭ زۇلئايغا قېنىۋال ، مەن كونا كۇشەندەم هۆسنارخان دەججالنى بىردەم بولسىمۇ كۆرۈۋالاي...

ئۇلار قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقاندا ، قەدىردان : «هۆسنارخان نېمە ئۈچۈن كونا كۇشەندەڭ بولىدۇ» دەپ سورىغانىدى ، غەيرەت قولىنى سىلكىپ : «ئالۋاستى بىلمەمدۇ...» دەپ ئېيتقىلى ئۇنىمىدى . دېگەندەكلا ، ئاشخانىغا ئىككىسى قولتۇقلىشىپ كىرىپ كېلىشى ، پەشتاختا ئىچىدە ئولتۇرغان هۆسنارخاننىڭ چىرايى ئوغا يەپ ، يىڭنە يۇتقاندەك سۈپسۈر ئاقىرىپ كەتتى . ئۇلار ئايرىمخانىغا كىرمەي ، ئاشخانا زالىدىلا ئولتۇرۇشتى . قەدىردانى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتكەن زۇلئاي يەردىن باش كۆتۈرەلمەي قالدى ، خۇددى ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك قىلغاندەك ، قەدىردانمۇ كۆزلىرىنى ئەپقېچىپ ، نەلەرگىدۇر قارىغىنىچە گەپ قىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرۈپ زۇلئاي ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغانسا ، هۆسنارخان خورلۇق هېس قىلاتتى .

«قارا ماۋۇ شەۋەتچىنىڭ قوشقىنى ، تۇنۇگۇنكى جېدەلنى كۆرۈپلا ، كۆتىنى ئېلىپ يۈزگە قويغىنىنى ! ئۇنىڭ ‹بۇ جېدەلخور ، پاراكەندىلەردىن نېرىراق تۇراي› دېگىنى چىرايىدىن بىلى-



www.uyghurkitap.com

ىنىپ تۇرمامدۇ . تېخى 10 مىڭ يۈەن پۇل ئالغان مۇئەللىمنىڭ
ئاتايىتەن ئىزدەپ كېلىپ ، قەدىردانغا ئۆچكە ياغلىرىنى ئېرىتىپ
كېتىشى ۋە ھېلىقى دېھقاننىڭ «بالا سەيگويۈەن » دەپ نەچچە پوكو-
لۇپ تەزىم قىلىپ ، كۆچۈكلىنىپ كېتىشلىرىنى كۆرۈپ «بوپتۇلا ،
زۇلئاينىڭ مەيلى بولسا ، ئارىلىشىۋەرسۇن ، دېگەن ئويغا كەلگەنى-
دى ، ئەمدى ئۇنىڭغا ياغاچقا ئىلىپ پوقمۇ بەرمەس ! ئۇ دېۋانىگە
چۈشۈپ قالغان زۇلئاي يوق ! تېخى ئۆتكەندە غەيرەت جاڭدۇنى
ساقچىلار تۇتۇپ كەتكەندە ، ئۇنى پۇل بىلەن قۇتقۇزىدىغان ئەيسا
خېنەنجىر ، ئەبەي گىتار ، زوھۇر گاسىيالارنىڭ بەزىسى بېيجىڭدا ،
بەزىسى تاشكەنتتە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھۆسنارخان قانچىلىك خۇ-
شال بولۇپ كەتمىدى . ئەگەر ئانىسى بىلەن دادىسى تىرىلىپ يېنىپ
كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنچىلىك ھاياجانغا تولماس ئىدى ! «بۇ قېتىم
غەيرەت چوقۇم نەچچە يىللىق كېسىلىپ كېتىدۇ ، ھەممە خېرىدار-
لار يەنىلا مېنىڭ قولۇمغا قارايدىغان بولىدۇ… » دەپ تاغدەك
ئىشەنگەنىدى . بىراق ، مۇشۇ ئۆزى مۇشتۇمدەك ، قۇيرۇقى ئوغۇچ-
تەك شۇمنىڭ ئۇنى 10 مىڭ يۈەن پۇل تۆلەپ ئاچىقىۋېلىشىنى كىم
ئويلىغان ؟ ھۆسنارخاننىڭ بۇ چاغقىچە ئۇخلىسا چۈشىدىن ، ماڭسا
خىيالىدىن چىقمايدىغان ئارزۇ ـ ئارمان ئىمارەتلىرىنى كىچىككىنە
مۇشتۇمى بىلەن بىرلا ئۇرۇپ ، تۇپىسىنى تۇرپانغا سورۇۋەتتى !
راست گەپنى قىلغاندا ، بۇ ھاراملىق ھۆسنارخاننىڭ ئېرىقىنى ئە-
مەس ، كۆشەندىسىنىڭ ئېرىقىنى چاپتى . بۇ ھېسابنى سەن زۇلئاي-
نىڭ ئارقىسىغا لالما ئىتتەك كىرىۋېلىپ ، يېلىنىپ ، تاپانلىرىنى
يالىغان ۋاقتىڭدىلا ئالىمەن… زۇلئايدەك ھۆسن كامالىغا يەتكەن
قىزنىڭ ئارقىسىغا كىملەر كىرمىگەن ؟ سەن بەدرەكمۇ شۇنىڭ
ئىچىدە ! بۇ جاھان ئۆزۈن جاھان ، قېنى كۆرۈپ باقاي ، ھۆسنار-
خاننىڭ سودىسىغا كۆز ئالايتىپ ، ئېشىغا توپا چاچقان غەيرەت
سۆلەتۋاز شىۋۆچىنىڭ قاچانغىچە قولچومىقى ھەم دۇمباقچى-
سى بولارسەن ! مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ قۇيرۇقىدەك بىللىلا يۈرۈ-
سىنا !ئېھتىمال غەيرەت جاڭدۇ ئۇنىڭغا ھۆسنارخان ئائىلىسىنىڭ

چاۋىسىنى چىنتقا بىيىپ كۆرسىتىپ، كاساپ بازاردا بىر پۇلغا ئەرزان، ئىككى پۇلغا قىممەت قىلىۋەتتىمۇ تېخى...»

ھۆسنارخاننىڭ غەيرەتكە ئۆچمەنلىكى بىر يىلدىن بېرىقى ئىش ئىدى. «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» شەھەرنىڭ سىرتىدىراق بولغاچقا، بۇ مېھمانخانىغا چۈشكەن خېلىلا كۆپ مېھمانلار، ئوچۇقراق ئېيتساق، ئىس - تۈتەك ئىچىدىن ئاللانىڭ جامالىنى كۆرىدىغان «ئاشىق» لار خىروئىن ۋە نەشىنى ھۆسنارخاندىن ئالاتتى. بۇ مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك تىجارەتچىلەر ئىدى. ئۇلار سودىدىن ئامىتى كەلسە خۇشاللىقتىن، ئامىتى كەلمەي ئاپەتكە يۇزلەنسە خاپىلىقتىن چېكەتتى ياكى ئىچەتتى. شۇڭا قاچان كىرسە، قىممەت بولسىمۇ نېسىگە بېرىدىغان ھۆسنارخاننىڭ مەنپەئەت كۆللىرىنى تولدۇراتتى. ھۆسنارخان بىرنەچچە ئايدا بىر قېتىم مايلاشقان دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ ياتاقلىرىنى ئايلىنىپ، نېسىگە يېگەن «تاماق» پۇلىنى يىغاتتى... «مېھمانلار» بۇ چىشى يىلپىزنىڭ خوي - پەيلىنى ئوبدان بىلگەچكىمۇ، پۇل تاپتىمۇ «تاماق» پۇلىغا ئاتاپ ئېلىپ قوياتتى. بىراق، غەيرەت جاڭدۇ بېيجىڭدىن ئەيسا خېنەنجىر، ئەبەي گىنتار قاتارلىق ئالەكلىرىنى ئېلىپ قاچانكى «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا ئۇندى، شۇ چاغدىن باشلاپ ھۆسنارخاننىڭ گېلىغا كورىكىراپ كىرىۋاتقان مەنپەئەت سۇلىرى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ كەتتى. چۈنكى، غەيرەت ئاشۇ مۇساپىرلار بىلەن بىللە يېتىپ، بىللە قوپاتتى، كېچىلىرى ئۇلارنى يول ماڭغۇزماي خىجالىتىدىن چىقاتتى. ئۇ ھەر كېچىسى تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى قەۋەتلەرنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ، نۇرغۇن ماللىرىنى يۇرۇشتۇرۇۋېتەتتى. تېخى باھاسى تۆۋەن، ساپلىق دەرىجىسى ھۆسنارخاننىڭكىدىن ياخشى ئىدى. ھۆسنارخان قانداقتۇر كىچىك باللارنىڭ تابلېتكا دورىلىرىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرغاچقا، مېلىنىڭ سۈپەت پىرسەنتى تۆۋەن ئىدى.

ھۆسنارخاننىڭ ئىچىگە ئوغىدەك ئۆيۈپ كەتكەن ئۆچمەنلىكلىرى ئۇنى يەنە قانچىلىك ئاچچىق خىياللار قايىنىمىغا تاشلايتتىكىن،

بۇنىسى نامەلۇم، بىراق پەشتاختا ئالدىغا پۇل تۆلىگىلى كەلگەن غەيرەت بىلەن قەدىردان ئۇنىڭ خىياللىرىنى تەلەرگىدۇر تۇزۇتۇۋەتتى…

— بولدى، غەيرەتكا، مەن تۆلىۋېتەي، — قەدىردان يانچۇقىدىن پۇل تەڭلىۋىدى، غەيرەت ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى:

— بولدى قىل، تېخى ئۆتكەندىلا سەن مېهمان قىلدىڭغۇ، — غەيرەت پۇلنى شارتلا ئېلىپ پەشتاختىغا تاشلىدى. لېكىن، چىرايىدىن قارا بۇلۇت كەتمىگەن هۆسنارخان ئىچىدە: «قارا بۇ شوۋىچىلارنىڭ بىر - بىرىگە تەكەللۇپ قىلىپ كەتكىنىنى» دەپ غىجىندى، هەتتا ئۇ غەيرەت بىلەن قەدىردان ئۇزاپ كەتكۈچە ئاغزىلىرىنى مىتىلدىتىپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ تىللىماقتا ئىدى. ئانىسىنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان زۇلئاي ئۇلارنى ئۇزىتىپ ئارقىسىدىن چىقالمىدى.

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەندە «قوڭغۇرتاش» شىركىتىنىڭ توپ سېتىش بازىرىغا كەلدى. بالا سەيگۆيۈەننىڭ تۆت بازارنىڭ قايسىسىغا بارسۇن، سودا قىلماي قايتمايدىغانلىقىنى بىلىپ كەتكەن قاقچىلار، ئۇنى كۆرۈپلا تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىشقا باشلىدى. هازىر ئاپرېل ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغاچقا، بازارغا ئاساسىي جەهەتتىن سۈپەتلىك ماللار كىرەتتى. بىراق، باهانىڭ ئۆرلىشىنى كۈتۈپ يېتىپ، ئاخىر يېڭى قاق بازارغا چىققاندىن كېيىن سېتىلماي، «بۇلتۇرقى قاق ئىكەن» دەپ خېرىدار قېچىپ، بېسىلىپ قالغىنىغا ئىككى يىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولغان كونا قاقلار ئادەمنى ئەندىشىگە سالاتتى. بۇنداق كونا قاقلارنى بىلىۋالماق ئانچىمۇ تەس ئەمەس ئىدى. ئەمما، يېڭى قاققا ئارىلاشتۇرۇپ ياكى تاغارنىڭ ئاستى تەرىپىگە كونا قاق، ئۈستىگە يېڭى قاق قاچىلاپ كۆز بويايدىغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بۇنداق كونا قاقلار سەللا ئىسسىقتا قالسا قۇرتلايتتى، شامال تەگسە شاراقشىپ ئۇۋۇلۇپ ئېتى تۆكۈلۈپ كېتەتتى، هەتتا ئازراق نەملىك تەسىر قىلسىمۇ مىچىلداپ، كۆكىرىپ سېسىيتتى. قەدىردان يەتتە - سەككىز

قاقچىنىڭ بىسىپ قويغان مىلىدىن ئەۋرىشكە ئالدى . بۇ ئەۋرىشكىلەرنى پۇراش ، ئالىقاندا مىجىش ئارقىلىق ، سەل گۇمانلىق دەپ قارالغان تاغارلارنى يەرگە تۆكۈپ كۆردى . ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئىچىدە قاقلاردا مەسىلە كۆرۈلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن ئۈچ قاقچىنىڭ 220 توننا مىلىنى سودىلىشىپ ئالدى . ئاندىن ئۇلارغا زاكالەت پۇلى بەرگەندىن كېيىن ، «مۇسۇلمانلار شىركىتى» توپ سېتىش بازىرىغا يېتىپ كەلدى . بۇ بازار مالنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە باشقا ئۈچ بازارغا يەتمىسىمۇ ، لېكىن سەرخىل ماللار كىرەتتى ، شۇنداقلا مالنىڭ تۈرى كۆپ ئىدى . باشقا بازارلاردا ئانچە تاپقىلى بولمايدىغان قوغۇن قېقى ، قارىئۆرۈك ، ۋاسالغۇ ، قورۇتقان قىزىل ۋە قارا ئۈزۈم قاتارلىق كەم تېپىلىدىغان قۇرۇق مېۋىلەر مۇشۇ بازاردىن تېپىلاتتى . «بالا سەيگۈيۈەن كەپتۇ» دېگەن خەۋەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ، بىردەمدىلا بازارغا يېيىلىشى ، تەرەپ ـ تەرەپتىن كەسىپىي قاقچىلار ، دېھقانلار ، ھەتتا ئۇياقتىن ئېلىپ ، بۇياقتىن ساتىدىغان ھايانكەشلەر ، بىر كىلوسىدا بەش پۇڭ ، ئون پۇڭ پايدا يەيدىغان بىسىمدارلارمۇ كېلىشكە باشلىدى . قەدىردان بازارنى بىرەر سائەت چۆرگىلەپ ، ماللارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن ، كېرىيەلىك ئىككى ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ 110 توننا مونەك ھەم قېقىنى ، شايارلىق بىر دېھقان تىجارەتچىنىڭ 70 توننا گۈلە ـ قېقىنى سودىلىشىپ ئالدى . كېرىيەلىك ئاكا ـ ئۇكىلار ئۇلۇشكۈن كەچتە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ماللىرى ماشىنىدىن چۈشۈرۈلمىگەنىدى . لېكىن ، شايارلىق دېھقان تىجارەتچىنىڭ 70 توننا مىلىنى ماشىنا كىرا قىلىپ ، ھەر ئىككىلىسىنى باشلاپ «قوڭۇرتاش» شىركىتىنىڭ مال ئۆتكۈزۈۋېلىش ئامبىرى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . لوڭ داتۇ ماللارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى كۆرۈپ ، خۇشاللىقىدا ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ كەتتى .

— بۇ ساڭا بۇيرۇغان 1000 توننا ۋەزىپىگە تەئەللۇق بولسۇن ، — دېدى ئۇ مالغا باھا يېزىپ بېرىۋېتىپ ، — بۇندىن كېيىن

قالغان 600 تونننىڭ پېيدا بول .

شايارلىق ھەم كېرىيەلىك ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ مال باسقان ماشىنىلىرى تۈز گىرگە سېلىنىپ، مەخسۇس خادىملار ئامبار ئىچىدە كارائىتىن قىلىشقا باشلىدى . «قوڭۇرتاش» توپ سېتىش بازىرىدىن ئېلىنغان 220 تونىنا مال ، شىركەتنىڭ كىرانلىق مال يۆتكەش ماشىنىلىرىدا تۈز گىرگە سېلىنىپ ، ئاندىن ئامبارغا كىر - گۈزۈلدى .

ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە 400 تونىنا مالنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، ئاچ قورساق مەكتىپىگە كەتكەن قەدىردان سائەت ئونغا يېقىن قايتىپ كەلدى . ئۇ تاكسىدىن چۈشۈپ ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» ئال - دىدىكى كاۋاپچىلار ، زاسۇيپەزلەرنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە ، تىزلىرى تىترەپ ، كۆزلىرى ئېلىشىپ ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى . ئۇ ئاپپاق سولياۋ شىرە ئالدىدىكى سولياۋ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، بىر نان بىلەن يىگىرمە زىخ كاۋاپ بۇيرۇتتى . كاۋاپ تەييار بولغۇ - چە ، كاۋاپچى ئېلىپ كەلگەن ئىلمان چاينى ئىچىپ ئولتۇردى .

قەدىردان ئويلاپ بېقىپ ، ئۆزىنىڭ ئەتىگەندە بىر چىنە قايناق سۇ ۋە يېرىم نان بىلەن ياتاقتا ناشتا قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى . ئۇ «قوڭۇرتاش» توپ سېتىش بازىرىدا خېلى نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ماللىرىنى كۆردى ، تەكشۈردى ، ئۈچ دېھقاننىڭ 220 تونىنا مېلىنى ئېلىپ زاكالەت پۇلى بەردى . ئاندىن تاكسى بىلەن «مۇسۇلمانلار شىركىتى» توپ سېتىش بازىرىدا بىر سائەت چۆرگىلەپ ، كېرىيە - لىك ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ، شايارلىق دېھقان تىجارەتچىنىڭ ماللىرى - نى ئالدى . ئۇ يەردىن «قوڭۇرتاش»قا قايتىپ 400 تونىنا مالنى ئۆتكۈزگۈچە كەچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، يەنىلا مەكتىپىگە كەت - تى . جىددىيچىلىكتە قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنىمۇ بىلمەپتۇ ، مانا ئۇ خاتىرجەملىكىگە يېتىۋىدى ، ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپ يىقىلايلا دەپ قالغانلىقىنى بىلدى .

— ھەي جېنىم ئاكا ، — بىرنەچچە زىخ كاۋاپتىن جان كىر - گەن قەدىردان كاۋاپچىغا مۇراجىئەت قىلدى ، — مۇشۇ چەينىكە -

www.uyghurkitap.com

ڭىزنى كاۋاپداندىكى ئوتقا بىر قويۇۋېتىڭا ، چېچىڭىز سەل ئىلمان بولۇپ قاپتۇ .

— بىردەم تەخىر قىلىڭ ، ئۇكا ، مەن يالغۇز ، — دېدى بۇرۇتلۇق كاۋاپچى كاۋاپ پىشۇرۇۋېتىپ ، — ماۋۇ مېھمانلار ساقلاپ قالدى .

قەدىردان ياندىكى شىرەدە ئولتۇرغان مېھمانلارنى كۆرۈپ ، ئۆزى ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇشى ، بىر قول كېلىپلا چەينەكنى ئالدى ـ دە : «مەن قىزىتىپ بېرەي» دەپ ئېلىپ كەتتى . دەسلەپتە ئانچە سىنەكىمىگەن قەدىردان قىزنى كۆرۈپلا ھەيران بولغىنىدىن چەكچىيىپلا قالدى . ئۇ قىز زۆلئاي ئىدى . قەدىردان كاۋاپدان قېشىغا كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي زەن سالدى .

ياشتىن نەملەشكەن كىرپىكلەر ، قىزارغان دۇپدۇگىلەك قارا كۆزلەر ، يۇمران مەڭزلەرنى بۇلغىغان ياش يۇقىلىرى ، ھېلىھەم ئۇمچىيىپ تۇرغان ھال رەڭ لەۋلەر قىزنىڭ خېلى بەك يىغلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى . قەدىردانىنىڭ كۆڭلىدىن كەچمىگەن ئويلار قالمىدى . قىزنى ئانىسى ئۇرغانمىدۇ ؟ ياكى دادىسى دېگەن «ئىككىتايىن» ئازار بەرگەنمىدۇ ؟ خۇمار دەردىدە ئەسەت ئەرۋاھ پۇل دەپ قىيىنغانمىدۇ ؟ ھېلىقى تارتىشىپ قالغان قوللىرىنى ئۇتتۇر كەلگەن يەرلەرگە سوزىدىغان ، مېيىپ ، شالۇك ئىسمايىل نازۇك قىزنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىگە قول ئۇزاتقانمىدۇ ؟ توۋا ، ئۇ ساراڭنى تىكاھسىز تۇغقان ئانىسى باقماي ، ئۇنىڭ ھەممە ئازاب ـ كۈلپىتى مۇشۇ بىچارە قىزغا قالغىنىنى كۆرمەمدىغان...

— قەدىردان ئاكا ، چاي قىزىدى ، — زۆلئاي يەنىلا قەدىردانغا تىكىلىپ قارىيالمىدى ، — قول ياغلىقىڭىزنى بېرىپ تۇرۇڭە ، چەينەكنىڭ بېغى قىزىپ كېتىپتۇ...

ئۇلار شىرەدە بىر ـ بىرىگە قاراپ روبىرو ئولتۇردى ، زۆل-ئاي : «قورسىقىم توق» دەپ كاۋاپ يېگىلى ئۇنىمىغانىدى ، قەدىر-دان زورلاپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى :

— ئەگەر سىز يېمىسىڭىز ، مەنمۇ يېمەيمەن .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— بىر كىم قاراپ تۇرسا ، گېلىمدىن بىر نېمە ئۆتمەيدۇ .

— ئەمىسە ئايەردە ، — زۇلئاي يول چېتىنى كۆرسەتتى ، — تۇرغاچ تۇرايمۇ ؟

— ئۇ يەردە تۇرغۇچە كېتەيلى ! بۇ كېچىدە نېمىش قىلىسىز كاۋاپچى ، زاسۇپپەزلەرنىڭ ئالدىدا ؟

زۇلئاي بىلەكلىرىدە يۈزىنى توسۇپ يىغلىۋەتتى . ئۇنىڭ سۇس مىرقىراپ يىغلىشى قەدىردانىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ قويدى . نېمىلا دېگەن بىلەن بىر ئاجىز قىز ـ دە…

— بولدى ، خاپا بولماڭ… مەن قوپاللىق قىلىپ قويدۇم ، — قەدىردان باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماسلىق ئۈچۈن شىۋىرلاپ دېگۈدەك سۆزلەۋاتاتتى ، — بۇ يەردە نېمىش قىلىسىز ؟

— كېيىن دەپ بېرەي ، — قەدىردانىنىڭ كەچۈرۈم سورىشىدىن بىردەمدىلا ئېرىگەن قىز ۋىللىدە ئېچىلدى ، — بۇ يەردە دېيىش بىئەپ…

قەدىردان بىرنەچچە زىخ كاۋاپ قالغاندا ئورنىدىن تۇردى . زۇلئايمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تېلىقىپقىنا ماڭدى . خۇددى ھۆسنارخان بىر يەردە ئۆزلىرىنى ماراپ تۇرغاندەك ، تۇيۇقسىزلا ئېتىلىپ چىقىپ ، ئىككىلىسىنى سۆر ـ توقاي قىلىپ ئۇرۇپ كېتىدىغاندەك ۋەھىمىلىك ئەندىشىلەر يۈرىكىنى قاماللىۋالغان قەدىردان ئەتراپتىن كۆز ئۈزمەيتتى ھەم يېنىدا شۈمشىيىپ كېلىۋاتقان زۇلئايغا پات ـ پاتلا قاراپ قوياتتى .

— نەگە بارىمىز ؟ — قەدىردان قورقۇپراق سورىدى ، — بەك كېچە بولۇپ كەتتى ، ئاشخانىغا كېتەمسىز يا ؟

— بۇندىن كېيىن بۇنداق سۆزلىشىشكە پۇرسەت چىقمايدۇ ، — دېدى زۇلئاي يالىتتىدە قاراپ قويۇپ ، — بۈگۈن … بۈگۈن سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى …

— ئاپىڭىز غالۋاراپ يېتىپ كەلسىچۇ ؟

— بۈگۈن كېچە ئۆيگە كېلەلمەيدۇ .

www.uyghurkitap.com

— نېمىشقا ؟

— ياتىقىڭىزغا كىرىپ گەپلەشسەكچۇ... بۇ... بۇ يەردە ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئوغرىغا قارىغاندەك قارىشىدىكەن...

— ياتاقتا ؟ — قەدىردانىنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى ، — بۇ مېھمانخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر يۇرتلۇقلار تۇرسا ، ئۇلار نېمە دەپ قالار...

— توۋا ، سىزنى... — قىز بارماق ئۇچىنى چىشلىدى ، — مەن قىز بالا تۇرۇپ قورقمىسام ، سىز گەپ - سۆزدىن قورقۇۋاتامسىز ؟ ئوغۇل بالا تۇرۇپ ...

قەدىردان ئىزا تارتقىنىدىن سەل ئويلىنىپ قالدى . راست ، بۇنداق ئىشتا سۆز - چۆچەك ھەممىدىن بەكرەك قىز بالىغا يۇقىدۇ ۋە جەمئىيەتتىمۇ ئاسان سىڭىدۇ . زۇلئاي يۈزىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن قورقمىغان يەردە ، قەدىردان مىكى - مىكىغا چۈشۈپ قالسا بەكمۇ ئۇياتلىق ئىش بولىدۇ - دە . ئەگەر تونۇش - بىلىشلەر كۆرۈپ قالسا : «ئاشخانىنىڭ چىنە - قاچىلىرى بار ئىدى ، شۇنىڭغا كەپتىكەن» دەپ قويسا بولمىدىمۇ . زۇلئاينىڭ : «بۇندىن كېيىن سۆزلىشىشكە پۇرسەت چىقمايدۇ» دېگىنىگە قارىغاندا ، «جەننەت نېمەتلىرى» ئاشخانىسىدا چوقۇم بىر ئىش يۈز بەردى ...

قەدىردان زۇلئاينى باشلاپ بىنا پەلەمپىيىگە ، ئاندىن كارىدورغا قەدەم ئالدى . قارا پاتەم پەشتاختىغا بېشىنى قويۇپ خېلىلا ئېغىر ئۇخلاۋاتاتتى . ئۇلار پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىككىنچى قەۋەتكە ئۆرلىدى ، ئاندىن شەپە چىقارماي ياتاققا كىرىۋالدى . زۇلئاي كىرگەنچە يۇمشاق دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى . قەدىردان ئىككى پىيالىگە ئىككى چىمدىم قارا چاي سالغاندىن كېيىن ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ ، ئۈستىنى كىچىك تەخسىدە يېپىپ ، بىرىنى زۇلئاينىڭ ئالدىغا ، يەنە بىرىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى . قەدىردان لەيلىۋالغان قارا چاي ياپراقلىرىنى بىر چەتكە پۈۋلەپ بىر يۇتۇم چاي ئىچكەندىن كېيىن : «قېنى سۆزلىمەمسىز ؟» دېگەندەك زۇلئايغا قاراپ قويدى .

... بۇگۇن كەچلىك تاماقتا، ھۆسنارخان، ئاباق توختى، ئەسەت ئەرۋاھ، كازىملار بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ نېرىن چۆپ يەۋاتاتتى، زۇلئاي بولسا ئايرىم قويۇلغان كىچىك شىرەدە مېيىپ ئىسمايىلغا قوشۇقتا بىر ياقتىن تاماق يېگۈزۈپ، بىر ياقتىن ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى لۆڭگىدە سۈرتۈپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئىسمايىلنىڭ تارتىشىپ قالغاندەك قوللىرى ئارۋاڭ - سارۋاڭ پۇلاڭلاپ، نېرىن چۆپنى توختىماي ئېقىۋاتقان پوتلىلىرىغا سۇۋاپ، ھەممە يېرىنى بۇلغىماقتا ئىدى.

— پاكىز سۈرت، ھەي جۇۋاينىمەك، — ھۆسنارخاننىڭ زۇلئايغا خېلىلا ئاچچىقى باردەك قىلاتتى، — قارىغىنا مەيدىلىرىنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى!

— ئۆمۈلاقمان سۈرتۈۋاتىمەن، — زۇلئاي دومسايدى، — قوللىرى جىم تۇرمىسا...

— يەنە تېخى گەپ ياندۇرىسەنغۇ، ئەرسىراپ قالغان بۇقا[1]، — ھۆسنارخان ئالايدى، لېكىن ئەسەت ئەرۋاھ ئاپىسىغا ھومايدى، — بۇندىن كېيىن قەدىردان دېگەن پۆپۈك باش ئاشخانىغا كىرىپ قالسا، قاش - كۆزۈڭنى ئويىنىتىپ، بەل - ساغرىلىرىڭنى تولغاپ، خەقنىڭ شەيتىنىنى قوزغىما بولامدا! ئەڭ ياخشىسى ئۇ شوۋەكنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمە ...

ئانىسىغا جاۋاب ياندۇرالمىغان زۇلئاي يامغۇردەك تۆكۈلۈپ، مېيىپ ئىسمايىلغا تاماق يېگۈزمەكتە ئىدى. بۇ ھال ئەسەتنىڭ ئىچىنى بىر قىسما قىلىپ، غەزىپىنى قوزغاپ قويدى.

— ئاپا، تۇزۇك گەپ قىل جۇمۇ، — ئەسەت بوينىنى تولغىدى، — زۇلئايغا يوقىلاڭ ئەيىبلەرنى ئارتىۋەرمە! كىچىككىنە قىزنى شۇنداق دېيىشكە ئۇيالمامسەن؟

— ھەي بەڭگى، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ! قەدىردان دېگەن مۇناپىق كىرسە، ئۇنىڭ غىتتاڭشىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپقۇ...

قەدىردانى نېمىگە تىللايسەن؟ — ئەسەت قوشۇقىنى جاقلا

[1] بۇقا — يەرلىك شېۋە. ھاياسىز، قېلىن قىزلارنى بۇقا دەپ تىللايدۇ.

قويدى ، — ئۇنىڭدەك پەزىلەتلىك ، ئەخلاقلىق بىر بالىنى يەتتە ئىقلىمدىنمۇ تاپالمايسەن . ئۇ يا چەكمىسە ، يا ئىچمىسە ، يا ئوينىمىسا ، ئۆز ئوقتى بىلەن ھۆرمىتى كۈندىن ـ كۈنگە كۆتۈرۈلۈۋاتسا . زۇلئاي ئۇنىڭغا نېمە قىلسا ئەرزىيدۇ ، ئىككىسى قامىلىشىپ قالسا ، دوپپاڭنى ئاسمانغا ئاتە !

— ھەي ، موت ـ موت ئەزمايلا… سەن… سەن … نېمىنى بىلەتتىڭ ؟ — ھۆسنارخاننىڭ شىلتىڭۋاتقان قوللىرى تىترىمەكتە ئىدى ، — ئەمىسە ئاۋۇ جىگدە پۇراپ قالغان قانجۇقنى ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەرمەمسەن…

— ئاغزىڭنى بۇزما ، ھەي قېرى جادۇ ! مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن ! ھېلى جۇما…

— ھە ، نېمە قىلماقچىدىڭ ، بەدرەك ؟

ھۆسنارخان ئالدىدىكى پىيالىنى بىر ئېتتىشى ، پىيالە ئەسەتىنىڭ بېشىغا تاڭلا تەگدى ـ دە ، پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى . ئەسەت شارتلا قىلىپ بېشىنى قاماللىدى . بىراق ، ئۇنىڭ بارماق ئارىلىقلىرىدىن يامراپ چۇشۇۋاتقان قان نەگىدۇر ئالدىرىغاندەك ، شۇرقىراپ بىردەمدىلا يۈز ، بويۇن ، مەيدىلىرىنى قىپقىزىل بوياۋەتتى . ئەسەتنىڭ چىرايىمۇ بارغانسېرى ئاقىرىپ ھەم تاتىرىپ ، ئورنىغىلا يىقىلدى…

قەدىردانىنىڭ ياتقىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى باستى . زۇلئاينىڭ دۇپدۇگىلەك قارا كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ، چىرايلىق كۆكسىگە تامماقتا ئىدى . ئەسەت گەرچە خىروئىنغا كۆنۈپ قالغان بىر بەڭگى بولسىمۇ ، بىراق ئاق تۇمان ئۇنىڭ يۈرىكىنى تامامەن قاپقارا قىلىۋېتىشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارە ئاجىزەنى قوغداش يولىدىكى تۇرگۈنلۈكى قەدىردانىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى .

— ھازىر ئاكىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ — قەدىردان چوڭقۇر تىندى ، — مەن ئەتە يوقلاپ قويسام بولغۇدەك …

زۇلئاي بىردىنلا ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توسۇپ ، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى .

— سەككىز يىپ تىكتى... ھازىر قان سىلىۋاتىدۇ... — زۈلئاي ئېسەدەپ كەتتى ، — ئادەمدىكى قاننىڭ جىقلىقىغا ئەقلىم ھەيران ، كىگىز ـ گىلەملەردە بىغىر ـ بىغىر ئۇيۇپ كەتكەن قاننى دىمەيلا قوياي ، تاكسىدا دوختۇرخانىغا ئاپارغۇچە قان زادىلا توختىمىدى .

— كىم قاراۋاتىدۇ ؟

— ئاپام ئۆزى ، دادام بىلەن كازىمكام قاپىقىنىمۇ ئاچماي كېتىپ قالدى .

— ئەتە يوقلاپ بارسام...

— ئەتە ئەتىگەندە مەن بارىمەن ، ئاپام ئاشخانىغا قايتىپ كېلىدۇ ، ئۇ كاسسىر تۇرسا ...

— زۈلئاي ، خېلى بىر ۋاخ بولۇپ قالدى ، — قەدىردان سائىتىگە قارىدى ، — ئەمدى قايتىپ كېتەيلى .

— بۇندىن كېيىن كۆرۈشمەك تەس بولىدۇ ، ئاپام ...— قىز دۇدۇقلىدى .

— ئەمىسە كۆرۈشمەيلى .

— سىز... سىز... مېنى... ياخشى كۆرمەمسىز ؟ — ئىلاجسىز قالغان زۈلئاي نومۇسنى قايرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدى ، — سىزنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭىزنى ئاڭلىسىملا ، مەڭگۈ خاتىرجەم بولۇپ سىزنى ساقلايتتىم...

— ساقلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ، زۈلئاي ، — قەدىردان كۆڭۈل ئاياشنى خوپ كۆرمىدى ، — ئاڭلىسام ، سىز 15 ياشقا كىرىپسىز ، مەن بولسام بۇ يىل 17 ياشقا كىردىم ، بۇنداق ئىشلارنى ئويلاشقا تېخى بالدۇر .

— لېكىن... لېكىن... مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان تۇرسام...

— ئەمما مەندە ئۇنداق ھېسسىيات كۆرۈلمىدى . سىزگە يالغان ئېيتسام بولمايدۇ .

— مەن تېخى كۆزلىرىڭىزگە قاراپ ...

— راست ، سىز بەك چىرايلىق ، شۇنچىلىك غۇنچە بوي ... شۇڭا بەزى هاللاردا سىزگە تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقىمنى تەن ئالىمەن . گۈزەللىككە ئىنتىلىش هەممىلا ئادەمدە بولىدۇ ئەمەسمۇ ...

— خوش... سىزنى ئاۋارە قىلدىم...

زۇلئاي قەدىردانغا قارىيالمىدى . ئۇ يەر باققىنىچە ئاستا مېڭىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى . خۇددى قەدىردان : «زۇلئاي !» دەپ ۋارقىرايدىغاندەك ياكى تىنى ـ تىنۋشسىز كېلىپ ئارقىسىدىن يۇمشاققىنا قۇچاقلاپ : «سىزنى سۆيىمەن ، ئەمما ئائىلىڭىز...» دەپ كۆڭلىدىكىنى دەۋالىدىغاندەك ، ئۇ بوسۇغا تۈۋىدە بىردەم تۇردى ـ دە ، ئىشىكنى ئاچتى ، كارىدورغا چىقىپلا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ، پەلەمپەيلەردىن تاقىلداپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى ...

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەن كونسېرۋا ، ناۋات ، قان بولىدىغان ئانار شەربىتى ، سۈت پاراشوكى قاتارلىقلارنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا باردى . ئۇ شوپۇرنىڭ پۈلىنى بېرىۋېتىپ ، ماشىنا ئەينىكىدىن هۆسنارخاننى كۆرۈپ قالدى . ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۇخۇمدەك ئىششىغان ، ئەتلەك كالپۇكلىرى يەر سۈپۈرىدىغاندەك ساڭگىلىغان ، ئاق سېرىق چىرايىنى هال رەڭ داغلار قاپلىغان هالەتتە بالىنىست بىناسىدىن چىقىۋاتاتتى . قەدىردان ئۇ ئۆتۈپ كەتكۈچە تاكسىدىن چۈشمىدى . هەيران بولغان شوپۇر لەپپىدە قارىغانىدى ، قەدىردان هۆسنارخاننى ئىشارە قىلىشى ، شوپۇرمۇ چۈشىنىپ ، بېشىنى لىڭشىتتى .

قەدىردان بالىنىستقا كىرگەندە ، كارىۋاتنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرغان زۇلئاي ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە ، قەدىردانغا سۈس تەزىم قىلدى هەم ئۇنىڭ قولىدىكى كېسەل كۆرۈملۈكىنى ئېلىپ : «جوۋاپسىز... كەلگىنىڭىزمۇ غەنىيمەت ...» دەپ قويدى . لېكىن ، ئۇنىڭ كېچىچە يىغلاپ چىققانلىقىنى كۆز ـ قاپاقلىرى ، تاتارغان يۈزلىرى گۇۋاهلىق بېرىپ تۇراتتى ، ئۆزىمۇ ھەدېسە يۈزىنى قاچۇرۇپ ، يەرگە قارىۋالاتتى .

— ئەستىكامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— بىر خىللا ياتىدۇ...

ئەستىنىڭ بېشى قاتمۇ قات داكا بىلەن تېڭىلغانىدى. بۇرۇن تۆشۈككە كىسلورود نەيچىسى كىرگۈزۈلگەن، ئاسما ئوكۇلدىن دورا ئارىلاشتۇرۇلغان ئاكۋا سۈيى توختىماي تامچىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ تاتىراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئەمما، قەدىردانىنىڭ ئەستەكە باققاندا زۇلئايىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بۇ قىز بىر كېچىدىلا خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك چىرايىدىن كېتىپ، روھى سۇنغانىدى. ئاخشام زۇلئاي كەتكەندىن كېيىن قەدىردان كۆپ ئويلاندى، ئويلىنا ـ ئويلىنا، يەنىلا ئۆزىنى تارتىشنى، چەتكە ئېلىشنى خوپ كۆردى. ئۇنىڭ مۇشتۇمدەك يۈرىكىنىڭ قەيىرىدۇر بىر يەرلىرىدە ھېلىقى مۇلايىم قىز مېھرىبان ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغاندەك، قىزىرىپ، تارتىنىپ: «توۋا، بىز يەنە كۆرۈشۈپ قالدۇق...» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەجەب ئىش، قەدىردان مېھرىبان بىلەن ئىككىلا قېتىم يۈز كۆرۈشتى، ھەر ئىككى قېتىمدا قەدىردانىدا مەدىنە تۇركىيەدىن قايتىپ كەلگەندەك سېزىم پەيدا بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر ئىللىق ئېقىم قاپلىۋالدى... بىراق، ئۇ قىز قەدىردانىنىڭ يۇمران يۈرىكىنى مۇجۇپ ئاغرىتىپ، ئازاب يۈكىنى ئارتىپ قويۇپ، خۇددى يەر يۇتۇپ كەتكەندەك يوقاپ كەتتى. قەدىردان ئۇنى ئىزدەپ ئاھالىلەر مەھەللىسىگە قانچە قېتىم بارغانلىقىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ. ئەمما، زۇلئايىغىمۇ ئېۋەن قويۇش ئادىللىق بولماس! ئۇ كىچىك تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىشق ـ سەۋدا تورلىرىغا چىرمىلىپ قالدى؟ بۇ ئەلۋەتتە ھەممىگە ئايان! ئەقىللىق ۋە زېھنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىمۇ تېگىگە يېتەلەيدۇ! بۇ ناتىۋان قىز ئاشۇ گۆرى زىنداندىن قۇتۇلدىغانلا بولسا، 60 ياشلىق بوۋايغا تېگىشتىنمۇ يانمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بەزى كېچىلىرى ياستۇقىنى چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىپ: «ئاھ خۇدا، نېمىشقىمۇ مېنى ئاشۇنداق رەسۋايىئالەم پۈشتى ـ پاناھلارنىڭ سۈيىدىن يارىتىپ قويغانسەن»

www.uyghurkitap.com

دەپ نالە قىلغانلىرى ئازمۇ؟ بولدىلا ، تەگىسەك تېرىق بولار دېگەن-
دەك ، كوچىلىغانسېرى بۇ ئىشلارنىڭ مېزى چوڭۇلۇپ ، سىيىنقى
چىقسا چىقىدۇكى ، چىرايلىقىدىن گەپ ئېچىش بەسى مۇشكۇل !
— زۇلئاي ، ئـاذـار شـەرىتىنـدـى ئىچـۇرۇپ بېرىڭ ، قان
بولىدۇ ، — قەدىردان ئەكىرگەن كۆرۈملۈكىگە قاراپ قويدى ،
سۈت پاراشوكى ، تۇخۇملار بولسا تەنگە قۇۋۋەت ، ناۋاتمۇ ماغدۇر
كىرگۈزىدۇ .
— بولىدۇ... دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن ...
— زۇلئاي ، ئاخشامقى قوپاللىقلىرىمنى كۆڭلىڭىزگە ئال-
ماڭ ، سىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بەكمۇ ئوڭايسىزلاندىم .
— قەدىردان... مۇشـۇ... مـۇشـۇ گېپىڭىز بـولسىلا ماڭا
كۇپايە ، — قىز يىغلىغىنىچە قەدىردانىنىڭ بويىنغا ئېسىلدى ، —
بۇ تەسەللىڭىز تۇمەن يىللىق ئازابلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ ...
زۇلئاي قەدىردانىنى بالنىست پەلەمپىيىدە ئۇزىتىپ قالدى ...
قەدىردان شۇ كۇنى كەچتە «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»دا 32
ماشىنا مالنى كۇتۇۋالدى . يۇك توشۇش ماشىنىلىرى ئەترىتىنىڭ
باشلىقى مىجىت قادىر ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش ئوبۇلھەسەننىڭ
خېتىنى ئالغاچ كەلگەنىدى . خەتتە دۇئايىسالامدىن كېيىن ، سورت-
لۇق مالدىن 320 تونىنا ئەۋەتكەنلىكى ، مۇشۇنىڭ بىلەن ئامبار
قۇرۇقدىلىپ ، مالنىڭ ئاياغلاشقانلىقى ، شۇنداقلا بۇ قېتىم ئورۇمە-
چىدىن ئېلىنىدىغان ماللار تىزىملىكى يېزىلغانىدى . بۇ ماللارنىڭ
ئىچىدە بىر ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلىدىغان بەدەن گۇزەللەشتۇرۇش ،
بەدەن چېنىقتۇرۇش ، يۇرەك ، پۇت ھەرىكەتلىرىنى ياخشىلاش قا-
تارلىق تەنتەربىيە - مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بار ئىدى . بۇلارنى
مەدەنىيەت كۇلۇبلىرىغا قويۇپ بىلەت سېتىلاتتى . قەدىردان مال
ئېلىشتا يەنىلا ياقۇپ ھاجىمنى ياردەمگە چاقىرمىسا بولمايدىغانلى-
قىنى ئويلىدى .
قەدىردان «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»دىن كەچلەپ قايتىپ
ئەمـدىلا ياتىـقىغا كىـرىشى ، ۋىجىك قارا پـاتـەم كارىدوردىلا

ۋارقىرىدى :

— ھەي مودۇك[1] سەيگۇيۇەن ، تېلېفون ! شاپ بول ، بولمىسا ھېلى ئۈزۈۋېتىمەن .

قەدىردان «بۇ كەچتە ئوبۇلھەسەندىن باشقا يەنە كىم تېلېفون بېرەتتى ، تايىنلىق ماللارنى تاپشۇرۇۋالدىمۇ - يوق ، دەپ ئەنسىرەپ بەرگەندۇ» دېگەن خىياللار بىلەن تېلېفوننى ئالدى . لېكىن ، قەدىردان مېلىنى سېتىپ بەرگەن ساتتار بوۋاينىڭ ئوغلى مىرزى كېرىم تېلېفون بەرگەنىدى .

— ۋەي ، بالا سەيگۇيۇەنما ؟ بىز «قىيالىق» بوز يەر باشقۇرۇش تەشكىلى بىلەن ئالاقىلەشكەندۇق ، ئۇلاردا 2000 توننىدەك سورتلۇق گۈلە - قاق باركەن . بىراق ، ھازىر تېرىلغۇ ۋاقتى بولغاچقا ، گۈلە - قاققا خېرىدار چاقىرالماپتۇ ، ئۇرۇمچىگە يۆتكەشكە ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمەيدىكەن . دادام ئىككىمىز ئاپرېلى دېسەك ، ئۈرۈكلۈك بېغىمىزدىكى مېۋىلەرنىڭ پۇتايدىغان ، تۈۋىنى يۇمشىتىپ ، ئوغۇت كۆمىدىغان ، سۇغىرىدىغان پەسلى بولغاچقا ، بىزمۇ ئامال قىلالمىدۇق . ئەگەر ئۆزلىرىگە لازىم بولسا كېلەلەمىلا ؟

— ئەگەر ئۇلار ، — دېدى قەدىردان تېلېفوندا ۋارقىراپ ، — ئالدىغا بارغانغا تۆشلۈق ئەرزان بېرەلىسە بارسام بولىدۇ...

— بىز سۆزلەشتۇق ، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ، — مىرزى كېرىممۇ بار ئاۋازىدا ۋارقىرىماقتا ئىدى ، — ئەگەر توشۇشىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالالىسا راستىنىلا ئەرزان بېرىمىز ، دەيدۇ .

— بولىدۇ ، — قەدىردان تۇرۇپكىنى ئۇ قولىقىدىن بۇ قولىقىغا يۆتكىدى ، — مەن بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يولغا چىقىمەن...

قەدىردان ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ، 32 ماشىنىنىڭ 24 ماشىنىدىكى مالنى سۇڭ جىجۇڭ بىلەن تۆت ۋاگونغا قاچىلاپ ، فۇجيەن ئەنبوغا يولغا سېلىۋەتتى . سۇڭ لاۋبەن شۇ يەردىلا باھا بويىچە تەييارلانغان 432 مىڭ يۈەنلىك چەكنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ بەردى . قەدىردان قېلىپ قالغان سەككىز ماشىنا مالنى داخى-

---

1 مودوك — كىچىك

www.uyghurkitap.com

يەندىكى ياڭ مىڭسەنگە بېرىپ ، 800 توننا ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى . ئۇ خۇشاللىقىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك بىرىنچىسىگە چۈشىدىغان مالنى ، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئۈچىنچىسىگە چۈشۈرۈپ ، 152 مىڭ يۈەنلىك چەك كېسىپ بەردى . بۇ ماللارنىڭ سېتىلىشى ئوبۇلھەسەن بەلگىلەپ بەرگەن باھادىن كىلوسىدا 20 پۇڭ پەرق قىلاتتى . بۇنداقتا 320 توننا مالدىن 64 مىڭ يۈەن قەدىردانغا تەئەللۇق بولاتتى .

قەدىردان ئەتىسى ئوبۇلھەسەن يېزىپ ئەۋەتكەن مال تىزىملىكىنى ئېلىپ داجەيگۇغا باردى . غۇلجىغا يەتتە ماشىنا يۈك بېسىپ كەتكىنىگە ھەپتە بولغان ياقۇپ ھاجىم قايتىشىدا باققاللارنىڭ ئالمىسىنى كىرا قىلىپ كەلگەنىدى . ئۇ تىزىملىكنى كۆرۈپ بولۇپ شىرەگە تاشلىدى . ئۇنىڭ بۇ خۇشياقمىغاندەك ھەرىكىتىدىن بىرەر ئاۋارىچىلىكنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— پۇلنى چىقراق ئېلىۋالساڭ بولغۇدەك ، — ھاجىمنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى ، — ماۋۇ بەدەن چېنىقتۇرىدىغان ، گۈزەللەشتۈرىدىغان تەنتەربىيە ـ مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ ئەڭ ئاددىيسى 10 مىڭدىن ، 40 — 50 مىڭغىچە ، ھەتتا يۈز نەچچە مىڭ يۈەنلىكلىرىمۇ بار…

— پاھۇي… دەھشەت قىممەت بىر نېمىكەنغۇ ، كاساپەتنىڭ .

— بۇنداق نەرسىنى مەن كىرا قىلىپ بۇرنى ـ قۇلىقىمغىچە تويغان ، — دېدى ھاجىم بېشىنى چايقاپ ، — ئۈستى ـ ئۈستىلەپ قويساڭ سۇنىدۇ ياكى بۇزۇلىدۇ . قاچىلىغان يەشىكلىرىنىڭ كېلەڭسىز ھەم قوپاللىقىنى كۆرسەڭ ھەيرانلا قالىسەن . تېخى ماشىنىنى ئىتتىك ھەيدىگىلى ھەرگىز بولمايدۇ .

— ئەمىسە بۇ قېتىم مال ئېلىش ۋە قاچىلاشتا ئىش باركەنـدە …

— قاچىلاشتىن غەم قىلمىساقمۇ بولىدۇ ، — دېدى ھاجىم ، — مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى سېتىش شىركىتىنىڭ بېسىپ ـ قاچىلاپ بېرىدىغان مەخسۇس خادىملىرى بار .

— مەنمۇ ماللار بىلەن بىللە ماڭايمىكىن دەيمەن ، — دېدى قەدىردان ھاجىمنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماقچى بولۇپ ، — سىزچە قانداق قىلاي ، ھاجىمكا ؟

— بولمايدۇ ، ئاتا ـ ئانامغا ، ئاندىن گۇلە ـ قاق ئالغىلى بىرنەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇل ئاپىرىمەن دەۋاتىسەن ، ئايروپىلاندا ماڭ ، بىخەتەر بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىم ماشىنىلارنى سالقىن ھەيدىمىسەڭ ، قىممەت باھالىق بۇيۇملار بار .

قەدىردان ياقۇپ ھاجىم بىلەن ئەتىسىدىن باشلاپ مال ئېلىشقا كىرىشىپ كەتتى . ئۇلار توپ سېتىش بازارلىرىنى ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى شىركەتلىرىنى بەش كۈن ئارىلاپ ، 885 مىڭ يۈەنلىك گەزمال ، ئاياغ كىيىم ، ھەرخىل ئېلېكتر ـ توك سايمانلىرى ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى سېتىۋالدى . قەدىردان بۇ قېتىمقى مال توشۇشتىن خاتىرجەم بولالماي ، ياقۇپ ھاجىمنىڭ ماشىنىلىرىغا كىرا ھەققىنى ئۇبدان بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماقۇل كەلتۈردى . ئۇلار مەخسۇس يۈك بېسىش خادىملىرى بىلەن بىر كۈن ھەپىلىشىپ ئىككى يۈرۈش مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ كېلەڭسىز يەشىكلىرىنى ، ئاندىن ئورۇن ئىگىلەپ كېتىدىغان كوروپكىلىق ئاياغ ، توك قازان ، گاز ئوچاق قاتارلىق بۇيۇملارنى ماشىنىلارغا تەڭشەپ باستى . پوتەيدەك چوقچايغان يەتتە ماشىنا ئىرغاڭلاپ يولغا چىققاندىن كېيىنلا ، قەدىردان «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىندى .

قەدىردان شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بانكىدىن 300 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ ، مەخسۇس پۇل ئېلىپ ماڭىدىغان مەخپىي سىپىرلىق چامادانغا قاچىلىدى . ئۇ شۇ چاغدىلا ئۇرۇمچىدە سەيگۈيۈەنلىك قىلغان سەككىز ئاي ئىچىدە 920 مىڭ يۈەن تاپقانلىقىنى بىلدى . بۇ ئەلۋەتتە باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىنساپ بىلەن تاپقان پۇل ئىدى . قەدىردان بەزى سودىگەر ، تىجارەتچىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن تېزلا مىليونېر باي بولۇپ كېتىشىنىڭ تەكتىگە يەتكەندەك بولدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە قىپقىزىل ئوتقاشتەك تاۋلانغان «سانتانا»

ماركىلىق ماشىنا ئۈرۈمچى ئايرودۇرۇمى يولۇچىلارنى تۇشۇش ئىش بېجىرىش بىناسى ئالدىدا توختىدى . بىر قولىدا سومكا ، يەنە بىر قولىدا چامادان كۆتۈرگەن قەدىردان رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولۇپ ، 300 كىشىلىك غايەت زور ئايروپىلانغا چىقتى . ئايروپىلان ئاستا ـ ئاستا قوزغىلىپ ، ھەيۋەت بىلەن كۆككە كۆتۈرۈلدى . ئۇ پەيدىنپەي ئېگىزلىگەنسېرى ، بىر ـ بىرىدىن بوي تالاشقان رەڭگارەڭ بىنالار ، ھاياتىي كۈچكە تولغان ، قاينام ـ تاشقىنلىق كوچىلار ، ئۆمۈچۈك تورىدەك بىر ـ بىرىگە گىرەلەشكەن يوللار ، ئاسما كۆۋرۈكلەر ، قارا بولۇتتەك يېيىلىپ ياتقان قىزىلتاغ ئورمانلىقى ، كۈمۈشتەك پارقىرىغان بوغدا چوققىسى ، قىسقىسى ، كۆل ، ئورمانلار باغرىدا ياتقان تاغلىق شەھەر ئۈرۈمچى گويا بىر يېپيېڭى خەرىتىنى نامايان قىلدى .

— خوش ، دۇنياغا يۈزلەنگەن ئۈرۈمچى !

قەدىردان ھاياجانلاندى .

# ئون ئىككىنچى باب

سۇس يېشىل چاقماقلىق كۆڭلەك ئۈستىدىن قارا يوللۇق توق يورۇڭ قىممەت باھالىق كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، پۈتىدا تىمساھ تېرىسىدىن تىكىلگەن چەت ئەلنىڭ ئايىغى، قاپقارا چاچلىرى تەكشى قىرقىلغان، ئات يۈزلۈك، توم قوشۇما قاشلىرى، روشەن كۆزلىرى ئاق يۈزىگە خوپ ياراشقان قەدىردان چامادان ـ سومكا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەندە، ئاباس بىلەن خەيرىگۇل ئۈنى تۇتۇلۇپ قالدى، پەقەت ئاچىسى گۈلنۇر بىلەن ئىنىسى ئابدۇراخمانلار ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كېلىپ قۇچاقلىشۋالدى. قەدىردان: «ئانا...» دېگىنىچە مىڭ يەردىن تۆكۈلۈپ، ئۆزىدىن ھازاچەن پەس تۇرغان خەيرىگۇلنى قۇچاقلىدى. كونىلار بىكار ئېيتماپتىكەن: «يامانىنىڭ ئوتى يامان» دەپ، ھازىرغىچە بالىلىرى ۋە ئېرىنىڭ ئالدىدا چاندۇرماي، ليۇنى چىشلەپ كەلگەن مېھرىبان ئانا ئۆز ئۇزۇن غىچە ئوغلىنى قويۇپ بەرمەي، ئۈنسىز ياش تۆكتى. قەدىردان دادىسىنىڭ باغرىغا تاشلانغىنىدا، ئاباس بوۋجاڭ ئۇنىڭ دولىسىنى پەپىلەپ: «بولدى، بولدى... يىغلىما، مانا مەن ساق تۇرۇپتىمەنغۇ...» دېدى ـ يۇ، ئۆزىمۇ نەلەرگىدۇر قارىۋالدى.

بىر پەس شادلىق كۆز يېشىدىن كېيىن ھال ـ ئەھۋال سوراشلار، قېنىقماي تىكىلىپ قاراشلار باشلىنىپ كەتتى. قەدىردان سومكىدىن ئاچىسى گۈلنۇر، ئىنىسى ئابدۇراخمانغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى بېرىۋىدى، ئۇلار سولىياۋ بولاقتىن دەرھال ئاجرىتىپ ئۆزلىرىگە چېنەپ: «ئەجەب پەيزى»، «بەك ياراشتى» دېيىشىپ كېتىشتى. تېخى گۈلنۇر بىر دەمدىلا ھۇجرىسىغا كىرىپ، كوپتا ـ يوپكىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىقىشقا ئۈلگۈردى. قەدىردان ئاشپەزلىكنى ئۆگەنگىلى ئۇرۇمچىگە ماڭغاندا، گۈلنۇر 9 ـ سىنىپتا،

www.uyghurkitap.com

ئابدۇراخمان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇيتتى . ھازىر گۈلنۇر 11 ـ سىنىپنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى . ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشىگىمۇ نەچچە ئايلا قالدى . ئابدۇراخمان بولسا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 7 ـ سىنىپىدا يەنىلا ئەلا ئوقۇۋاتاتتى .

— ئانا ، دادا ، ئۈرۈمچىدە سىلەردەك توختالغان ئادەملەرگە كىيىم ـ كېچەك تاپماق تەسكەن ، شۇڭا ، — قەدىردان مەخپىي سىپىرلىق چامادانىنى ئاچتى ، — سىلەرگە پۇللا ئالغاچ كەلدىم .

ئابباس ، خەيرىگۈل ، گۈلنۇر ، ئابدۇراخمانلار چامادانغا قادال-غىنىچە گويا ئالدىدىن تۈيۈقسىزلا ۋەھشىي شىر چىقىپ كەلگەن-دەك ، كۆزلىرى چەكچىيىپ ، نەپەسلىرى تېزلىشىپ قېتىپلا قالغا-نىدى ، چامادانغا رەت ـ رەتى بىلەن تىزىلغان يېپيېڭى 100 يۈەنلىك باغلاقلىق پۇللار ھەممىسىنى ئېسىدىن كەتكۈزگەندەك قى-لاتتى . ئۇلار خۇددى ئۇـۇغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغاندەك ، بىر ـ بىرىگە قاراشقىمۇ قورقاتتى . ئەمما ، بۇ يەردىكى سۈرلۈك ھەم ئەندىشىلىك جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ ئابدۇراخمان بۇزدى :

— ئاكا ، مۇشۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى سىنىڭما ؟

— ئانام بىلەن دادامغا ئالغاچ كەلدىم...

— شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى ، — تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇغۇچىسى گۈلنۇرمۇ گۇمانلىنىپ قالغانىدى ، — قانداق تاپتىڭ ؟ ياكى سەن ئالتۇن ـ كۈمۈش ساتىدىغان كاتتا سودىگەر بولمىساڭ ...

— راست ، بالام ، — خەيرىگۈلنىڭ كالپۇكلىرى تىترەۋاتات-تى ، — ئاچاڭ دېگەندەك قانداق تاپتىڭ ؟ ئۈنچە ـ مەرۋايىت ، ياقۇت ـ كەھرىۋا ، ئىنجۇ ـ يالتىراقلار ساتىدىغان جاھان ئەتارلى-رىدىن بولمىساڭ ... بۇ پۇللار زادى نەدىن كەلدى ؟

— نېمە ، ئۇنۇڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتىغۇ ؟ — گۈلنۇر قەدىردانىڭ كۆزىگە تىكىلدى ، — بۇ پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى دەپ بېرەلمەمسەن ؟

— ۋاي جېنىم بالام ، — خەيرىگۈل ئۆزىنى كاچاتلىغانىدى ،

ئابباس ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، — بۇ پۇلنى بىزنى ئوتقا تىققىلى ئەكەلدىڭمۇ؟ داداڭ ئىككىمىز شۇنچە يىللار ئىشلەپ يىغىنە چاغلىق هارام نەرسىگە قول ئۇزاتمىغانىدۇققۇ! ئۆزىمىز يېمىسەك، كىيمە- سەكمۇ، سىلەرنى هالال بېقىپ قاتارغا قاتتۇق.

— سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟ — قەدىردان قوللىرىنى يايدى، — بۇ 300 مىڭ يۈەن پۇل تېخى پۇلۇمنىڭ ئۇچتىن بىرى. بىلەمسىلەر؟ سىلەر مېنى تام تېشىپ بانكا بۇلىدى، يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلدى دېمەكچىمۇ؟

قەدىردانىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ دېگەن بۇ گەپلىرى تەسىر قىلا- غاندەك ئەمەس ئىدى. دادىسى ئاباسىنىڭ ئاچچىقىنىڭ كەلگەنلىكى چىرايىنىڭ بارغانسېرى قارىداۋاتقانلىقىدىن بىلىنىپلا تۇراتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئېغىشكىنىچە هوجرا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— دادا، هەي دادا! توختاپ تۇر، — قەدىردان ئامالسىز قالغانىدى، — بۇ پۇللار مەن سەيگۇيۈەنلىك قىلىپ، شىركەت خوجايىنلىرىغا قاق ئۆتكۈزۈپ تاپقان پۇللار! سىلەر ماڭا ئىشىنىڭ- لار...

هوجرا ئۆينىڭ ئىشكى ئېچىلىپ، ئاباس بوجاڭنىڭ تەمبەل گەۋدىسى كۆرۈندى.

— سەيگۇيۈەنلىك قىلىپ، قاق سېتىپ شۇنداق كۆپ پۇل تاپقىلى بولسا، — دېدى ئاباس ئېغىر تەلەپپۇزدا، — دۇنيادىكى هەممە ئادەم سەيگۇيۈەن، قاقچى بولۇپ كەتمەسمۇ!

دادىسى هوجرىنىڭ ئىشىكىنى زەرب بىلەن ياپتى. ئۆزىنى هېچ ئاقلىيالمىغان قەدىردان ئانىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتقانىدى، خەيرىگۈل قوللىرىنى تارتىۋالدى، گۈلنۇرمۇ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قا- رىماقتا ئىدى، پەقەت ئابدۇراخمانلا بوينىنى قىسقىنىچە ئاكىسىنىڭ بىقىنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ بىئامال قالغان چىرايىنى كۆرۈپ يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۆمچىيىپ تۇراتتى.

— جېنىم ئانا، مەن بۇ پۇللارنى غەيرىي يول بىلەن تاپقان بولسام، — دېدى قەدىردان يېلىنىپ، — بەرگەن ئاق سۈتىڭىز

ھارام بولسۇن .

— بولدى ، تولا چىڭقالما ! قانچە زورۇقساڭمۇ بەرسىز ، — خەيرىگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئابباس بار ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى ، گۇلنۇرمۇ دەس تۇرۇپ ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا ، قەدىردان ئېلىپ كەلگەن يوپكا - كوپتا ئالدىغا ئۇچۇپ چۈشتى . قەدىردان گىلەمدە ئولتۇرغىنىچە مىچچىدە يىغلىۋەتتى :

— بولدى ، ئاكا ، يىغلىمىغىنا ، — دېدى ئابدۇراخمان ئۇمچىيىپ ، — ئۇ پۇللارنى ھالالدىن تاپقىنىڭغا مەن ئىشىنىمەن...

قەدىردان ئىنىسى ئابدۇراخماننى قۇچاقلىۋالدى .

— ئەمىسە ، ئۇكام ، بۇ چامادانىنى ھۇجراڭغا ئەكىرىپ ، ئوبدان بىر يەرگە يوشۇرۇپ قوي ، بولامدۇ ؟

— بولىدۇ ، ئاخشاملىققا بەربىر ئىككىمىز مېنىڭ ھۇجرامدا ياتىمىز...

شۇ كۈنلۈك كەچلىك تاماق كۆڭۈلسىزلا يېيىلدى . تاماق سىڭىپ بولۇشى بىلەن ھەممىسى ئۆز ئۆيلىرىگە تارقىشىپ ، تاماق شىرەسىدە پەقەت قەدىردان بىلەن ئابدۇراخمانلا قالدى . ئۇلارمۇ بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ھۇجرىسىغا كىرىپ يېتىپ قېلىشتى . لېكىن ، قەدىردان ئۆزىنىڭ ئىش - ئوقەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ ئابدۇراخماننى قايىل قىلدى . قەدىردان بىر كىلو قاقتا 10 يۈەن ياكى 20 يۈەن قالسىمۇ ، نەچچە يۈز ، ھەتتا مىڭ تونىلاپ قاقلاردا نەچچە يۈز مىڭ يۈەن قالىدىغانلىقىنى ئىنچىكە ھېساب بىلەن چۈشەندۈرمەكتە ئىدى . ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ ئۇسۇل بىلەن ئاقلاۋاتقاندا ، ئابباس بىلەن خەيرىگۇلمۇ كارىۋات يۆلەنچۈكىگە ياستۇق يۆلەپ ئولتۇرۇپ ، پەس ئاۋازدا ئۆزلىرىنىڭ گۇمان ، پەرەزلىرىنى دېيىشىۋاتاتتى :

— ھەي ئادەم ، — دېدى خەيرىگۇل ئېرىنى بىقىنداپ ، — گۇلنۇرنىڭ دېيىشىچە ، خروئىن ئېلىپ ساتقانلار ئاشۇنداق بىر كېچىدىلا بېيىپ كېتىمىش .

— مېنىڭمۇ گۇمانىم نەق شۇ ، — ئابباس «ئۇھ» دەپ

چوڭقۇر تىندى، — سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مۇتىللا ساۋۇتنىڭ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن ئوغلى غەيرەت ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— بولمامدىغان، داۋاملىق ئۆزىنى ياساپ، چېچىنى پارقىرىتىپ تاراپ يۈرىدىغان سۆلەتۋاز ئېگىز بالا...

— ھەبىەللى، ئېسىڭىزدىمۇ، غەيرەت ئىككى يىل ئىلگىرى ئەيسا، ئەبەي دېگەن ئاغىنىلىرى بىلەن كەلمىگەنمىدى؟ مانا ئاشۇلارمۇ خوتەنگە ئاياغ باسالمايدىغان باللار.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇلار خوتەنگە ئىككى نۆۋەت خروئىن ئەكىلىپ ساتقان خروئىن ئەتكەسچىلىرى، ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئەنگە ئېلىنغان باللار.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇلار قەدىردانىنى ئۆزلىرىنىڭ گۇرۇھىغا ئەزا قىلىۋالغانمىدۇ؟ — خەيرىگۇل دەرھاللا ئاغزىنى تۇتتى، — بۇ بالىنى ئۆز ۋاقتىدا ئەۋەتمىسەك بوپتىكەن.

— مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىممۇ شۇ، غەيرەت جاڭدۇ، ئەيسا خېنەنجىر، ئەبەي گىتارلار بىر چوڭ گۇرۇھنىڭ ئادەملىرى، — دېدى ئابباس، — ئۇلار نەچچە قېتىم تۇتۇلۇپ، گۇرۇھتىكىلەر ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىققانىكەن.

— ياللا، نېمىدېگەن يۈرىكى چوڭ نېمىلەر ئۇ؟

— مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا توپلانغان، — ئابباس ئۆزىنىڭ پەرەزلىرىگە ئۆزى ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتى، — ئاشۇ ئەتكەسچىلەر قەدىردانىدەك قورقماس، تەۋەككۇلچى، ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان بىر قارامنى يېنىغا تارتماي قالارما؟

— ئۇنداقتا، — دېدى خەيرىگۇل يۈرىكىگە قولىنى قويۇپ، — قەدىردان ئېلىپ كەلگەن پۇلنىڭ بىرەر مىزەممىتى كېلىپ قالارمۇ؟

— مىزەممىتى ئەمەس، بالايىئاپىتى تېگىدۇ، — ئابباس

گەپنى ئۇزۇپلىۋەتتى ، — شۇڭا ، ئۇنىڭ پۇلىنىڭ ئۇن پۇڭىمۇ چىقىلغىلى بولمايدۇ ، ئەمما ئىشلار ئىنقىلابقىچە تولا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتەيلى .

ئاباس بوجاڭ ئەتىسى ئەتىگەن ھەممىسى ناشتىغا ئولتۇرغاندا ، ئوغلىنى گەپكە سېلىپ ، ئۇنىڭدىن چويلىدا سوزۇلۇپ قالغۇدەك بىرەر ئۇقۇمغا ئىگە بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى ، لېكىن گەپنى قانداق تېشىشنى بىلەلمەي قالدى . قەدىردانمۇ كۆز قۇيرۇقىدا ئۇلارغا زەن سالماقتا ئىدى . بىرلا گۇلنۇر قاپىقىنى سوزۇپ ئولتۇراتتى . ئانىسى بىلەن دادىسى بولسا خۇددى مېھمانغا بېرىپ ، كۆرپىگە سىيىپ قويغان باللاردەك غەلىتىلا جىملىشىپ ، چىرايىدىن ، ھەرىكەتلىرىدىن بىرخىل ياسالمىلىق چىقىپ تۇراتتى .

— ئاڭلىسام ، — دېدى ئاباس ئانىغا گۇلقەنت سۇۋاۋېتىپ ، — «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دا يېتىۋاتقان ئوخشايسەن .

— شۇنداق ، دادا ، — دادىسىنىڭ ئېرىپ قالغانلىقىدىن قەدىردان خېلىلا يېنىكلەپ قالدى ، — ئۇ يەرگە بىر يۇرتلۇقلار توپلاشقان بولغاچقا ، ئىشەنچلىك بولىدىكەن .

— شۇ ، مۇساپىرچىلىقتا يېقىن - يورۇقلار بولمىسا ، ئادەم غېرىبسىنىپ قالىدۇ ، — دېدى ئاباس ئوغلىنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ ، — مۇتىللا شۇجىنىڭ ئوغلى غەيرەت ، خوتەنلىك باللاردىن ئەيسا ، ئەبەيلەر بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانسەن ؟

قەدىردان دادىسىنىڭ گېپىنىڭ ئورانىدىن يوشۇرۇن بىر مەنىنىڭ تېگىگە يەتتى . ئۇلارنىڭ بۇنچىۋالا تاش يۈرەكلىك قىلىشى ، يەنىلا قەدىردانىنى «چوڭ» سودىغا ئارىلىشىپ قالدىمىكىن ، دەپ گۇمان قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى ، شۇنداقتىمۇ قەدىردانىڭ قورساق ئاغرىقى بولمىغاچقا ، ئۇلارنى قەستەن يامان كۆرسىتىپ ، ئۆزى ياخشىچاق بولۇشنى خالىمىدى .

— ئەلۋەتتە ، ھەممىمىز بىر يەردە بولغاندىن كېيىن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرىمىز ، — قەدىردانىنىڭ ئاۋازى تەمكىن

ئىدى ، — بەزىدە ئاش ـ تاماقتا بىللە بولىمىز ، ئىش ـ ئوقەتتە ھەمكارلىشىمىز .

— ئۇلارنى توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدۇ ، دەپ ئاڭلاي-مەنغۇ ؟

— مېنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرىم يوقكەن . شۇغۇللانغان تەقدىر-دىمۇ ماڭا دېمەيدۇ ـ دە . لېكىن ، مەن سەزمىدىم . مەن كۆپىنچە ياقۇپ ھاجىم ، ئاندىن ناھىيەلىك سودا كوپىراتىپىنىڭ سەيگۇيۇەنى ماخمۇت بىلەن مۇناسىۋەت قىلىمەن ، بولۇپمۇ ياقۇپ ھاجىمنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي بىرەر ئىشقا قول تىقمايمەن . بۇ قېتىممۇ 900 مىڭ يۈەنلىك مالنى ئىككىمىز بىللە ئالدۇق . ھازىر ياقۇپ ھاجىم يولدا كېلىۋاتىدۇ .

— 900 مىڭ يۈەنلىك ؟ ! — خېيرىگۈل چىكىلداپ كەت-تى ، — ۋىيەي ، ۋىيەي ، بېشىڭ نېمانچە يوغىناپ كەتكەن سېنىڭ ؟

— ياقۇپ ھاجىم يولدا دېگىن ، — ئابباس يېنىك تىندى ، — قاچانلاردا كېلىپ قالار ؟

— ماشىنىلاردا ئازۇك بۇيۇملار بولغاچقا ، ئادەتتىكىدىن بىر ـ ئىككى كۈن كېچىكىپ كېلىدۇ .

— ئۇنداقتا تۆت ـ بەش كۈندە كېپقالغۇدەك ...

ئابباس كېچىدىن بېرى كۆپ ئويلىنىپ ، «ياشلار بىناسى»نىڭ دىرېكتورى ئوبۇلھەسەن بىلەن ئەستايىدىل سۆزلەشمەكچى بولغان-دى ، ھازىر ئۇ نىيىتىدىن ياندى . چۈنكى ، قەدىردانىنىڭ شۇنچە نۇرغۇن پۇل ئەكەلگەنلىكىنى ئاڭلىسا ، ئۇ نېمىلەرنى ئويلىماس ؟ «كاماندىروپكا ، ياتاق پۇلى ، مائاشنى بىزدىن ئېلىپ تۇرۇپ ، يەنە مېنى قاقتى ـ سوقتى قىپتۇ» دەپ گۇمان قىلماسمۇ ؟ شۇڭا قەدىردان توغرۇلۇق ئۇنىڭغا تىنمىسا بولغۇدەك ، پەقەت ياقۇپ ھاجىم كەلگەندىلا ، ئىشلار بىرقەدەر ئايدىڭلىششى مۇمكىن ، دې-گەن قارارغا كەلدى .

قەدىردان ناشتىدىن كېيىن «ياشلار بىناسى»غا باردى . ئوبۇل-

ھەسەن ئۇنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ناۋات سېلىپ چاي دەملەپ ئېلىپ كەلدى ۋە ئىشكاپلىرىدىن چىنە - تەخسىلەردىكى ياڭاق، پىستە - بادام مېغىزلىرىنى چاي شىرەسىگە تىزىپ قويدى. ئۇ ئال - باق، قېنى ئىچمەمسەن، دېگەندەك تەكەللۇپلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى، بولۇپمۇ قاقلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك باھادا سېتىلىپ، «ياشلار بىناسى» ئۇچۇن كىرىم مەنبەسىنىڭ ئېچىلغانلىقى، ئۇچ قېتىم ئەۋەتكەن مال-لارنىڭ خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، دۇكانلار ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلىكىنى سۆيۈنگەن ھالدا سۆزلەپ بەردى.

— ئەگەر سېنىڭ بۇنچىلىك ئامال - چارەڭنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغان بولسام، — دېدى ئوبۇلھەسەن ئۆكۈنگەن ھالدا، — ھەرخىل قاقلاردىن قورقماي بىرەر - ئىككى مىڭ تونا ئوشۇق ئالغان بولار ئىدىم.

— ئۇنى بىر دېمەك، — قەدىردان «ھەي…» دەپ قويدى، — ئىچكىرىدىن كەلگەن بىرنەچچە قاقچىلىق خوجايىنلىرى، ئىككى - ئۈچ مىڭ تونا مال تېپىپ بەر، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى، شۇڭا بىرقانچە ناھىيە، يېزىلارغا بارماقچىمەن.

قەدىردان مال مەنبەسىنىڭ قەيەردىلىكىنى مەخپىي تۇتتى. چۈنكى، مەنپەئەت مەسىلىسى ھەرقانداق ئادەمنى ھەر كويلارغا سېلىپ، قارا نىيەت قىلىۋېتەتتى.

— توغرا، ھازىر تۆتىنچى ئاي چىقىپ كېتەي دەپ قالدى، — ئوبۇلھەسەننىڭ نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقانلىقى كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى، — ئۇرۇمچى توپ سېتىش بازارلىرىدىمۇ مال كەمچىلدۇ - ھە؟

— شۇنداق، بىرەر - ئىككى ماشىنا مال كىرگەن ھامان، قاق سودىگەرلىرى، ھايانكەش - بېسىمىدارلار چۇمۇلىدەك يامىشىدۇ.

— ئۇنداقتا ناھىيە - يېزىلاردىن مال تاپقۇدەك بولساڭ،

مەبلەغنى مەن بېرەيمۇ ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ، — دېدى قەدىردان چاندۇر - ماي ، — سىز يازغان خېتىڭىزدە : «ئالىدىغان ماللارنى قاق ساتقان پۇلغا ئال» دېگەچكە ، سىزدە نەق پۇل يوق ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ ، ئاشۇ خوجايىنلاردىن ئالدىم .

— نەچچە پۇل ئالدىڭ ؟

— ھازىرچە 300 مىڭ يۈەن ، قالغىنىنى ئارقامدىن ئەۋەتمەكچى .

— ئاپلا ، — ئوبۇلھەسەن ئېڭىكىنى قاماللىدى ، — خەير ، ئۆزۈمدىن كېتىپ قاپتۇ . بۇ ئىشلاردا تېخى خامكەنمەن ...

ئىش - ئوقەتتە ، ئىلىم - بىرىم ، سودىدا خېلىلا پىشىپ قالغان قەدىردان كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئۇسۇلدا ، قوينى ئۆز يۈڭىدا ئېشىلىگەن ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويدى . ئوبۇلھەسەن قەدىرداندىن ئەمەس ، ئۆزىنىڭ دۆتلۈكىدىن ئاغرىندى . ئادەمنى ئادەمنىڭ مۇئامىلىسى بۇزىدۇ ، نىيەت - ئىقبالنى ئۆزگەرتىدۇ... مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇناسىۋەت قۇۋۇلۇق - شۇملۇقنى ئوزۇق قىلىدۇ . شۇنداق ، مەنپەئەت تەمەسىدە بىر - بىرىگە قول بېرىشكەن دوستلارمۇ بارا - بارا كۈشەندىلەرگە ئايلىنىدۇ . سەككىز يۈەن كاماندىروپكا ، 15 يۈەندىن تۆۋەن ياتاق ، 350 يۈەن مائاش بېرىپ ، كىچىك بالىنى ئاپئاشكارا بوزەك تېپىۋاتقان ئادەمگە يەنە قانداق تەخسىچىلىك قىلسا بولاتتى !

قەدىردان شۇ كۈنىلا 150 مىڭ يۈەننى سومكىغا سېلىپ قاتناش بېكىتىگە باردى . ئۇ ناھىيەگە ماڭىدىغان بېلەتتىن بىرنى ئالدى - دە ، «قىياق»لىققا يۈرۈپ كەتتى . شۇ كۈنى كېچىلەپ ساتتار بوۋاينىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپ ، شۇ يەردە قونۇپ قالدى . ئەتىسى سەھەر ساتتار بوۋاينىڭ ئوغلى مىرزى كېرىم ئۇنى موتوسىكلىتقا مىندۈرۈپ «قىياق»لىققا يۈرۈپ كەتتى ، ئۇلار بوز يەر مەيدانىغا بىر سائەتكە قالماي يېتىپ باردى . مەيدان باشلىقى مەڭلىك نىياز قاققا خېرىدار كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئېيتقۇسىز خۇ-

www.uyghurkitap.com

شال بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇلار دەسلەپتە : «قاقنىڭ نەرخى بىرىندـ
چى ، ئىككىنچى ئايلاردا ئۆرلەيدۇ» دەپ پۇرسەت كۈتكەن ، ئەمما
بۇ يىل سوغۇق قاتتىق بولۇپ كېتىپ ، ھېچكىم «قاق بارمۇ؟»
دەپ كەلمىگەنىدى . مانا ئەمدى ئۇرۇمچىگە ئاپرايلى دېگەندە ،
ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قاپلىشىپ كېلىپ ، ئۇلارنى ئالدىرىتىپ قويـ
دى . بۇغداي ، قوناق تېرىلغۇ ئىشلىرىدىن باشقا ، ئۆرۈكلۈك باغـ
لارنى پەرۋىش قىلىش ، ئوغۇت كۆمۈپ ، سۇ باشلاش ، ھارام پۇتاقـ
لارنى ئېلىپ ، دورا چېچىش ئىشلىرى بىلەن ۋاقىت ئۆتۈۋەردى .
ئەمدى قاق سودىگەرلىرىنىڭ كېلىشى ناتايىن ئىدى . ئۆزلىرى
ئۇرۇمچىگە يۆتكەش ئۇچۇن 125 ماشىنىنىڭ كىرا ھەققىنى تۆلەپ ،
ئەڭ بولمىسا ئۇنىڭ 40 پىرسەنت پۇلىنى ئالدىن بەرمىسە بولمايتـ
تى . مانا ھازىر يېڭى قاق چىقىشقىمۇ كۆپ قالمىدى . ھازىر
ئامبارنى ئىگىلەپ ياتقان 1250 توننا قاق ئۇلار ئۇچۇن بايلىق
مەنبەسى ئەمەس ، بەلكى ئاپەت مەنبەسى بولۇپ قالغانىدى .
مەڭلىك نىياز قەدىردانىنى ئامبارغا ئاپاردى . دېگەنبىلەن ئامـ
بارنىڭ ھاۋاسى سالقىن ۋە قۇرغاق بولۇپ ، تۆت تەرەپتە ھاۋا
ئالمىشىپ تۇرىدىغان ھاۋادان ھەم تۆشۈكچىلەر بار ئىدى .
گۈلە ـ قاق قاچىلانغان مىڭلىغان تاغارلار ئامبارنىڭ تۆت تەرىپىگە
سېپىلدەك تىزىلغان ، ئوتتۇرىدىكى بوشلۇقتا تۆكۈلگەن گۈلە ـ قاق
تورۇس بىلەن تەڭ تۇراتتى .
— بۇ گۈلە ـ قاقلار نېمە ئۈچۈن تاغارلارغا
قاچىلانمىدى؟ — سورىدى قەدىردان تورۇسقا تىكىلىپ ، — قاق
بەك قۇرۇپ كەتسىمۇ خەتەرلىك .
— تاغار يېتىشتۇرەلمىدۇق ، — دېدى مەڭلىك نىياز يەرگە
قاراپ ، — بۇلتۇرقى قاقنى باھاسىغا چىقىرىپ ساتالماي ، زىيان
تارتتۇق . كىرىم قىلغان ئازغىنا پۇلغا ئوغۇت ، سولياۋ يوپۇق ،
ئۇرۇقلۇق ، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى سېتىۋالدۇق ، تاغارغا كەلـ
گەندە سەل قىسىلىپ قالدۇق .
قەدىردان مەڭلىك نىيازنى باشلاپ ، تاغدەك دۆۋىلەنگەن قاقـ

ىنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى . تۆمۈر گۈرجەكتە قاقنى تۈرتۈپ 40 — 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قاقنى كۆرۈپ باقتى ، بىرنەچچە تاغارنى ئېچىپ ئۈنىمۇ تەكشۈردى . قاقنى شەخسلەر ئايرىم - ئايرىم قۇرۇتقانلىقى ئۈچۈنمۇ پاكىز ، ئېتى قېلىن ھەم خىلى ئىدى . ھازىر قاقنىڭ سېلىكىپ قالغان مەزگىلى - دە . بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئۈچىنچىسى (1. 90 يۈەن ) ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بىرىنچىسى (1. 70 — 1. 80 يۈەن ) گە ئۆتكۈزگىلى بولاتتى .

— قارىسىلا ، — دېدى مەڭلىك نىياز گۈلە - قاق ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، — ئامبارنىڭ تېگىدىن تارتىپ ، تا تاغار ئىچىگىچە ھەممىسى بىرخىل ، مىيانە ، شالتاق ، ئاچچىق مېغىز ئۆرۈكلەر بىزدە يوق .

— شۇنداق دەپ ھۆججەت يېزىپ بېرەلەملا ؟

— يېزىپ بېرىمەن ، — مەڭلىك نىيازنىڭ ئىشەنچى بارلىقى كەسكىن ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى ، — سىلى بىرەر زاۋۇت ياكى شىركەتلەردە مەسىلە چىقىشتىن ئەنسىرەۋاتىدىلا ، شۇنداققۇ ؟ مەن قىلىپ بەرگەن ھۆججەت ئارقىلىق سوتقا ئەرز تۇتسىلا بولىدۇ .

— مەن ئىشەندىم ، ئۇنداقتا باھاسىنى پىچىپ بەرسىلە .

— بۇلتۇر بىر كوي بەش مو بەش پۇڭدىن ئۆتكۈزگەن ، — مەڭلىك نىياز دەرھاللا قەدىرداننىڭ مىژژىدە تۇرۇلگەن چىرايىغا قاراپلا پەيسكويغا چۈشتى ، — قېنى ئۆزلىرى بىر نېمە دەپ باقسىلا ، قاملىشىپ قالىمىز .

قەدىردان مەڭلىك نىيازنىڭ خېرىدارنى قاچۇرۇپ قويۇشتىن قورقۇپ ، چۆچۈپ ، ئەندىكىپ تۇرۇشلىرىنى كۆرۈپ ، ئامباردىكى قاقنىڭ ئۆزلىرىگە يۈك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ ھازىر بىر يۈەن دەپ باھا قويغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ ماقۇل دەيدىغاندەكلا قىلاتتى ، چۈنكى قاق ھايانكەشلىرىمۇ ئىزا تارتماي ، 50 پۇڭ ، 60 پۇڭ باھا قويىدۇ ئەمەسمۇ . بىراق ، قەدىردان ئامبار ئالدىغا يىغى-

لىپ كەتكەن دېھقانلارغا قاراپ، ئىچىدە بىر يەرلىرى پىژژىدە ئېچىشتى. بوز يەر مەيدانىنىڭ ئاشۇ جۇل - جۇل كىيىملىك، توپا چىراي دېھقانلىرى، دېھقانچىلىقتىن سىرت ھۆددىگە بېرىلگەن 50، 150، 200 تۈپ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئۆرۈك تۈپلىرىنى پەرۋىش قىلىپ، يازدا باللىرىغا يېگۈزمەي، ئۈتتۈرلۈق چۈشكەنلىرىنى ئۈتتۈرلۈق ئۆگزىگە يېيىپ قۇرۇتۇپ بوز يەر مەيدانىغا ئۆتكۈزەتتى. گۈلە - قاقلار ئۇبدانراق سېتىلسا، ئاشۇ دېھقانلار ھۆددىگە ئالغان ئۆرۈك ھەققىنى تۆلەپ، ئېشىنغان ئارغىنا پۇلغا چاي، تۇز، تاختا گۈگۈت ئالاتتى ياكى جۇلمەرەپ تۇرغان قىزلىرىغا ئاددىيغىنا چىت كۆڭلەك، دەمبىزە تامبال ئېلىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ناتىۋانلارنىڭ ئاپئاپتا كۆيگەن، شامالدا يېرىلغان مىسكىن يۈزلىرى شام چىراغدەك ۋىللىدە يورۇپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى تەتۈر كېلىپ، ئۆرۈك ئاپپاق چېچەكلىگەن چاغلاردا بىرەر دوقالغا ئۇچراپ، چېچەكلىرى بىمەھەل تۆكۈلۈپ كەتسە، ئۇلارنىڭ شادلىقلىرى تاڭدىكى تۇماندەك غايىب بولاتتى، تېخى قۇرۇقتىن - قۇرۇق غادىيىپ تۇرغان ئۆرۈك تۈپلىرىگە ئۆتتا كۆيمەيدىغان، سۇدا ئاقمايدىغان «تۆمۈر پۇل» تۆلەۋېرەتتى.

— بەك جىمىپ كەتتىلە، قىممەت كۆرۈۋاتامدىلا؟ — دېدى مەڭلىك نىياز تەڭلىك ئىچىدە، — ئۇنداقتا دەپ باقسىلا، كۆڭۈللىرىدە قانچىدىن ئالالا؟

توپلانغان دېھقانلارنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ، جىمجىت قارىشىپ تۇراتتى ھەم قەدىردانغا بىر ئاللادىن ئىنساپ تىلەيتتى.

— سىلەرگە باھا قويغۇم يوق، — دېدى قەدىردان دېھقانلارغا قاراپ، — سىلى دېگەندەك بىر كوي بەش مو بەش پۇڭدىن بولسۇن...

— ۋاي، بۇ... بۇ سىلى...

ئاڭغىچە قاراپ تۇرغان دېھقانلارنىڭ قاراسلىغان چاۋاكلىرى مەڭلىك نىيازنى چۆچۈتۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن دەرھاللا ئېسىگە كەلدى...

— قا… قانچە تونغا ئالىدىلا ؟
— ھەممىنى !
— نېمە ؟ ! — مەڭلىك نىياز تۇرغان ئورنىدا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ، — بۇ… بۇ… 1250 تونغا تۇرسا… سىز … سىلى ھەممىنى ئالامىلا ؟
— ھەممىنى .
گۇلدۈرلەپ ئۆرۈلگەن چاۋاك مەڭلىك نىيازنى يەنە چۆچۈتۈۋەتتى .
— بىر گەپنى دېيىشىۋالايلى ، بىر كىلو گۆلە ـ قاقنىڭ كىرا ھەققى قانچە بولىدۇ ، بۇنى بىلىدىغانلا ؟
— بىلىمەن ، ئىككى موچەن .
— بىلسىلە ياخشى ، — قەدىردان مەڭلىك نىيازنى باشلاپ گۆلە ـ قاق دۆۋىسىدىن چۈشتى ، — 10 تونغا يۈك كۆتۈرىدىغان 125 ماشىنا كېتىدۇ . بۇنىڭ ئامالىنى قىلالامىلا ؟ قىلسىلا تېخى ياخشى ، بولمىسا كىرا ماشىنىلىرىنى مەن تاپىمەن ، كىرا پۇلىنىمۇ مەن تۆلەيمەن .
— ئۇنداق قىلسىلا بىزنىڭ بىر يۈكىمىزنى يېنىكلەتكەن بولاتتىلە ، — مەڭلىك نىياز قەدىردانىنىڭ قولىنى تۇتتى ، — بىر ماشىنا قاقنى 1500 يۈەندىن كىرا قىلدۇرغاندىمۇ ، 190 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل كېتىدىكەن ، شۇڭلاشقا ، قويغان باھادىن كىرا پۇلى ئۈچۈن ئىككى موچەن قېپقالسۇن …
— تۇغقانلار ! — قەدىردان دېھقانلارغا قاراپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ، — سىلەر رازىمۇ ؟ !
— رازى !
توختام بوز يەر باشقۇرۇش ئىشخانىسىدا تۈزۈلدى . توختامغا بوز يەر باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغاندىن باشقا ، مەڭلىك نىياز باشلىق بوز يەر باشقۇرۇش ئورنىنىڭ كادىرلىرى ، دېھقان ۋەكىللىرى ئىسمىنى يېزىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل سۇ-رۇخ بىلەن بارماقلىرىنى باستى . ھەر ئىككى تەرەپ بىر پارچىدىن

توختام نۇسخىسىنى ئېلىشتى . قەدىردان ئۆزىگە تېگىشلىك توختام نۇسخىسىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئۈنلۈك ئوقۇدى :

## «توختامنامە»

*«بىزكى قىيالىق بورىيەر باشقۇرۇش ئىشخانىسى شول توغرۇلۇق توختام تۈزۈمىزكى ، قەدىردان ئابباسقا 1250 تونىنا گۈلە ـ قاقىنىڭ كىلوسىنى بىر كوي ئۈچ مو بەش پۇڭدىن ساتتۇق (ماشىنا كىراسىغا قەدىردان ئابباس ئىگە) . جەمئىي تونىنا سانىدا بىر ياكى ئىككى تونىنا ئۇيان ـ بۇيان بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما ساق ئۆتكۈزۈشكە ، قاقىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل بولۇشىغا ، ئاچچىق مېغىز ئارىلاشماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز . ئەگەر بۇ شەرتلەرگە خىلاپلىق قىلىنسا ، قانۇنىي چارىگە رازى بىز . قەدىردان ئابباستىن ئالدىن 100 مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلى تاپشۇرۇۋال-دۇق . قالدىسى ئۆتكۈزگەن مالنىڭ پۇلىنى ئۆتتۈرۈلۈق ئالى-مىز . ئەگەر كىمكى سودىدىن يانسا ، يۈزدە ئوتتۇز پىرسەنت تۆلەم تۆلەيدۇ .»*

قەدىردان ساتقۇچى ، ئالغۇچى ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسمىنى بىرمۇبىر ئوقۇپ تۈگەتتى . قاراپ تۇرغان كادىرلار ، دېھقانلار چا-ۋاك چېلىشتى . مەڭلىك نىياز قەدىردانىنى تاماققا تەكلىپ قىلغان-دى ، ئۇ ئۆزرە سوراپ ، ئۈنىمىدى .

— مەن ھازىر ناھىيەگە كىرىپ ، يوك توشۇش كالونلىرى بىلەن سۆزلىشىمەن ، — دېدى قەدىردان ، — شەخسلەرنىڭمۇ يوك توشۇش ئەترەتلىرى بارمۇ ؟

— بار ، — مەڭلىك نىيازنىڭ خۇشاللىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى ، — بىرقانچىسى بار .

— ئەمسە تاغار سېتىۋېلىپ ، دەرھال قاق دۆۋىسىنى قاچىلا-

ۋېتەيلى .

— خاتىرجەم بولسىلا ، ماشىنىلار كېلىپ بولغۇچە قاچىلاپ توگىتىمىز .

قەدىردان مىرزى كېرىمنىڭ موتوسىكلىتىنىڭ ئارقىسىغا مىنىپ مېڭىشى ، دېھقانلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى بىر يەرلەرگىچە چاۋاك چېلىپ ، ئەگىشىپ كېلىشتى ، قەدىردانمۇ ئۇلارغا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتى .

— ئەجەب كاتتا ساۋابنى ئالدىڭىز جۇمۇڭ ، — دېدى مىرزى كېرىم چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن ، — ئەگەر سىز يەتتە - سەككىز موچەن دەپ تۇرۇۋالسىڭىزمۇ ئۇلار بېرىۋېتەتتى . چۈنكى ، دېھقانلار ئۆزئۆزىدىن بېرى پۇل كۆرمەي بەك قىينىلىپ كەتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئامبارنى بىكار قىلمىسا بولمايتتى .

— مەن ئۇنى بىلدىم ، مىرزى كېرىم ئاكا ، دېھقانلارغا سېتىلىشتۇرغاندا بىزنىڭ كۆڭلىمىز مىڭ باراۋەر ياخشى ، — قەدىردان ئېغىر خورسىندى ، — ئاشۇ بويۇن قىسىپ تۇرغان بىچارە دېھقانلارنى يونۇپ يەپ ئەرشىئەلاغا چىقارمىزمۇ ؟ ! كۆرگەنسىز ئۇلارنىڭ بايىقى خۇشاللىقلىرىنى .

— يېشىڭىز كىچىك بولسىمۇ ، سېخىي - ساخاۋىتىڭىز تاغدەككەن ، ئۇكام ، — مىرزى كېرىممۇ ئېغىر تىنىپ قويدى ، — مەن بۇنى ئۇرۇمچىدىكى چاغدىلا ھېس قىلغانىدىم .

ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ ، ناھىيە بازىرىغا بىردەمدىلا يېتىپ باردى . قەدىردان يۇك توشۇش كالونىغا بېرىپ ، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىدىكى ئىش باشقۇرغۇچى خەنزۇ بىلەن كۆرۈشتى . ئۇلارنىڭ ماشىنىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۈرۈمچىگە مال يۆتكەپ كەتكەن بولۇپ ، كالوندا پەقەت بىرقانچە ماشىنىلا قالغانىدى .

— ئۇرۇمچىگە كەتكەن ماشىنىلىرىڭلار قاچان قايتىپ كېلىدۇ ؟ — قەدىردان تاقىرباش ئىش باشقۇرغۇچىغا قارىدى ، — ھايال بولۇپ قالارمۇ ؟

— ياقەي ، تۆت - بەش كۈن ئىچىدە كېلىپ بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com

— ماڭا 30 ماشىنا ئاجرىتىپ بېرەلەمسىلەر؟

— هازىر ناھىيەمىزدە يوك تاپماق تەس ، ھەممىسىنى بولسىمۇ چىقىرىپ بېرىمىز ، لېكىن ماشىنىلار كەلگۈچە ساقلاپ تۇرالامسىزكىن ؟

— ساقلايمەن .

— ئەمىسە ئەتە بىر كېلىڭە ، باشلىقىمىز بىلەن سۆزلىشىپ ، ئازراق زاكالەت پۇلى قالدۇرسىڭىز ، ماشىنىلارنى ھېچكىم ئېلىپ كېتەلمەيدۇ .

قەدىردان يوك توشۇش كالونىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن ، مىرزى كېرىم ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە قىسقا يوللۇق قاتناش بېكىتىگە موتوسىكلىت بىلەن ئەكىلىپ قويدى . ئۇلار ئاپتوبۇس ماڭغۇچە قاتناش بېكەت ھويلىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى . مىرزى كېرىم يېڭى قاق چىققان ھامان ، قاق سودىگەرلىرىگە ساتماي ئۆزى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ، قەدىردانىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . قەدىردانمۇ ئۇنىڭغا چوقۇم ياخشى باھادا سېتىپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلدى .

ماشىنا گۈركىرەپ ئوت ئېلىشى بىلەن قەدىردان ماشىنىغا چىقىپ ، ئارقا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى . ماشىنا ئىچى يولۇچىلار بىلەن توشمىغان بولسىمۇ ، مېڭىش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا ئاستا قوزغالدى . قەدىردان موتوسىكلىت يېنىدا ئۆرە تۇرغان مىرزى كېرىمگە قولىنى پۇلاڭلىتىشى ، ئۇمۇ قولىنى سىلكىپ قاتناش بېكىتى ئىچىدە قالدى .

ماشىنا چوڭ يولغا چىقىشى بىلەن ، قەدىردان ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويغانچە كۆزىنى يۇمدى . ئۇ گەرچە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ ، كۆڭۈل كۆزى بىلەن «قىيالىق»تىكى دېھقانلارنى كۆرۈپ تۇراتتى . ئەگەر ئۇ بۈگۈن ھەقىقىي سودىگەر روھى ، سودىگەر يولى ، سودىگەر مىزانى بويىچە ئىش كۆرگەن بولسا ، ئاشۇ 1250 توننا مالنى بىر يۈەندىن 1 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە ئالغان بولاتتى ، ئەمما ئۇنى ئىچكىرىدىن كەلگەن خوجايىنلارغا ئىككى

يۈەن ، ئىككى يۈەن ئون يۈەندىن ئۆتكۈزگەن تەقدىردە ، تەڭگە تەڭ ، ھەتتە ئىزىدىن پايدىسى ئېشىپ كېتىپ ، قەدىردان بىر سودىدىلا مىليونېر باي بولۇپ قالاتتى ... لېكىن ، ئۇ كېچىچە ، ياق ، بىر-نەچچە چاغلارغىچە ئۇيقۇسى قېچىپ ، ھەسرەتلىك خىياللار بۆشۈكىدە بوغۇلۇپ ئازابلىناتتى . چۈنكى ، ئۇ قانداقتۇر ياۋاش ، مۆمىن ، مىسكىن بىر بىچارىنى قامچىلاپ ئىشقا سېلىۋاتقاندەك ، ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ زوتالىق قىلىۋاتقاندەك ، ئۇ ناتىۋان بولسا ھېچ قارشىلىق قىلماي ، ئاغزى - بۇرنىدىكى قاننى سۈرتۈۋاتقاندەك تۇيغۇلارغا غەرق بولاتتى . شۇڭا ، ئۇ بۇگۈن مەڭلىك نىياز : «كۆ-ڭۈللىرىدە قانچىدىن ئالالا ؟ قاملىشىپ قالىمىز ... » دەپ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بەرسىمۇ ، قەدىردان : «مەن سىلەرگە باھا قويغۇم يوق » دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى . مانا شۇ چاغدىكى دېھقانلارنىڭ ئىخ-تىيارسىز چاۋاك چېلىپ ۋارقىرىشىپ كەتكەن ھالىتىنى ، يەنە ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىكى چىن تەبەسسۇمنى قەدىردان نەچچە مىل-يونغا سېتىۋالالمايتتى .

قەدىردان گۆكۈم بىلەن تەڭ شەھەرگە كىردى - دە ، «قىزىلقە-دەرۋازا»دىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە قورساق تويغۇزدى . ئۇ ئۆي تامىقى سېغىنىپ ، بولۇپمۇ ئانىسىنىڭ ئەتكەن لەگمىنى ، گۆشنې-نى ، چۆچۈرىلىرى كۆزىگە كۆرۈنۈپ ، ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا ئارانلا ئۇلگۈرگەندى ، بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئائىلىدىكىلىرىنىڭ سو-غۇق نەزىرىگە ئۇچرىدى . مانا ھازىر ئۇلار بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشمۇ ئازابلىق ئىشقا ئايلىنىپ قالدى . قىزغىن پاراڭلىشىپ ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرغانلار قەدىردان كەلگەن ھامان خۇددى ئاغزىدا تالقان باردەك جىمجىت ئولتۇرىدۇ ، تاماقمۇ ئىنتا-يىن سوغۇق كەيپىياتتا يېيىلىدۇ . شۇڭا ، قەدىردان «ۋاي بولدىلا ، ئۇلارنىمۇ ، ئۆزۈمنىمۇ قىيناپ نېمە قىلاي» دېگەن ئويغا كېلىپ ، سىرتتىن تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولدى .

قەدىردان ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى . ئۇلار ئىشكىنىڭ تاراقلىغان شەپىسىدىن ئارقىسىغا

قايرىلىپ قارىدى ـ يۇ، يەنە شۇ ھامان كۆزلىرى تېلېۋىزورغا ئاغدۇرۇلدى، شۇنداقتىمۇ ئابباس كۆڭۈلگە يارىشا: «قورسىقىڭ قانداق؟» دەپ سوراپ قويدى. قەدىر دادىسىغا تەر[illegible] ھۆرـمەت بولمىسۇن ئۈچۈن: «توق، سىرتتا يېدىم...» دەپلا ئۇكىسى ئابدۇراخماننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەتىسى ئاتا ـ ئانىسى ئىشقا، ئاچىسى بىلەن ئىنىسى مەكتەپكە كەتكۈچە قوپماي ياتتى. ئۆي ئادەمسىز جىمجىتلىققا چۆككەندىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىنى يۇدى، ئاندىن ناشتىمۇ قىلماي نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، سومكىسى بىلەن چامادانىنى كۆتۈرگىنىچە ئىشىكنى گۈپلا ياپتى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

قەدىر دان ۋىلايەتلىك پارتكوم مېھمانخانىسىدىن يالغۇز كىشىلىك ياتاقتىن بىرىگە ئۈچ كۈنلۈك بىلەت كەستۈرۈپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، ناھىيەلىك يۈك توشۇش كالونىغا باردى. ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا، ماشىنىلارنىڭ ئۈرۈمچىدىن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى توشۇۋاتقانلىقى، پەقەت ئىلىدىن ئۆكۈز يۆتكىگەن 14 ماشىنىنى چىقىرىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. قەدىر دان بارغا شۈكۈر قىلىپ، تالون كەستۈردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈمى بويىچە زاكالەت ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەن ئالدى. ئەمما، بۇ ماشىنىلار «قىيالىق»تىكى مال تۈگىگۈچە توشۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندىن باشلاپ ماشىنىلار مال يۆتكەشكە ماڭسا بولامدۇ؟ — دېدى باشلىق تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — ياكى ۋاقتى بارمۇ؟

— بولىدۇ. ماشىنىلار «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»غا چۈشۈپ بولغۇچە، مەن ئايروپىلان بىلەن بېرىپ ئۈلگۈرىمەن.

قەدىر دان ناھىيەلىك يۈك توشۇش كالونىدىن قايتىپ كېلىپ، چۈشلۈك تامىقىنى ۋىلايەتلىك پارتكوم مېھمانخانىسىنىڭ ئاشخانىسىدا يېدى. ئاندىن تاكسى كىرا قىلىپ، تۈنۈگۈن مىرزى كېرىم ئىككىسى سۆزلىشىپ قويغان چىرا ناھىيەلىك يۈك توشۇش كالونى-

غا يۆرۈپ كەتتى . قەدىردان يېتىپ بارغاندا ، تونۇگۈنكى تاقىرباش خەنزۇ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى . كالون باشلىقى 50 ياشلاردىن ئاشقان ، خۇددى يىڭناغۇچتەك ئورۇق ، ئېگىز ئادەم ئىدى . ئۇ ھەربىر ئېغىز گېپىدە «شۇنداقمۇ ؟» دېگەن گەپنى قوشۇشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى . دېگەنبىلەن بۇ يىڭناغۇچ قەدىردانغا 11 ماشىنا ھەل قىلىپ بەردى . قەدىردان ئالدىن 6000 يۈەن زاكالەت تاپشۇردى . ئۇلارمۇ ئۆگۈنلۈكتىن باشلاپ قاقنى يۆتكەيدىغان بولۇشتى .

قەدىــردان يەنــە قــاق مەنــبەسىنى قېزىش ئۈچۈن ، باغچە ، توساللا ، بوزاق ۋە لايقا يېزىلىرىنى ئايلىنىپ ، ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى . بۇ يېزىلارنىڭ بەزىلىرى يېڭى قاق چىققان ھامان سېتىپ تۈگەتكەن ، بارلىرىنىڭ ئامباردا ساقلىنىپ قالغان قاق ، مونەك ، ئۈزۈم ، قارىئۆرۈك قاقلىرى بەش ـ ئالتە ماشىنىغا قاچىلىغۇدەك ئاز ئىدى . شۇڭلاشقا ، ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىلىرىدا ئۆزلىرى ئاپىرىپ بېرىدىغان بولۇشتى . قەدىردان باھاسىنى كېلىشىپ ، 10 مىڭ يۈەن زاكالەت بەرگەندىن كېيىن ، كەچلەپ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى . ئۇ ياقۇپ ھاجىمنىڭ ماشىنىلىرى كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن «ياشلار بىناسى»غا بېرىپ سولتىنيىپ كەينىگە ياندى . چۈنكى ، ماشىنىلار تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنىدى ، ئەمما ئۇ تۆمۈر دەرۋازىدىن چىقىشى ، ياقۇپ ھاجىمنىڭ يەتتە ماشىنىسى ئارقا ـ ئارقىدىن «ياشلار بىناسى» ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى . قەدىردان ھاجىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ، شوپۇرلاردىن ھال سورىدى . بۇ ئەسنادا ئوبۇلھەسەن پالاقلاپ يېتىپ كەلدى . ئۇ ماشىنىدىكى ئېگىز بېسىلغان ماللارنى كۆرۈپ گۇلقەقلىرى ئېچىلىپ كەتتى .

— شوپۇر بۇرادەرلەر ، جاپا چەكتىڭلار ، — ئوبۇلھەسەن قوللىرىنى ئويىنىتىپ ۋارقىرىدى ، — بۈگۈن سىلەرنى رېستورانىمىزدا قانغۇدەك مېھمان قىلىمەن ، ئەڭ ئېسىل ياتاقلاردا ياتقۇزىمەن . سىلەرگە ئاتىغان مۇكاپاتىممۇ بار تېخى…

www.uyghurkitap.com

— ئوبۇلھەسەنكا ، مەن ياقۇپ ھاجىمنى ئەكىتىپ ئۆزۈم مېھمان قىلىۋالاي ، بولامدۇ؟ — دېدى قەدىردان ، — قانداق ، ماقۇل دەيدىغانسىز ؟

— ھەي ، سىلەر ئىككىڭلار كەتسەڭلار ، شوپۇرلار نېمىلەرنى ئويلاپ قالىدۇ ، — پىچىرلىدى ئوبۇلھەسەن ، — كەيپىياتنى بۇزماڭلار ، سىلەرمۇ بىللە ئولتۇرۇشۇپ ، شوپۇرلار قىزىغان ۋاقتىدا چىقىپ كەتمەمسىلەر .

رېستوراندىكى مۇلازىملار ئاللىبۇرۇن تەييارلىق قىلىپ بولغانىدى . چۈنكى ، ئوبۇلھەسەن چۈشتىلا ئاشپەز ، مۇلازىملارغا ، بۈگۈن كەچكىچە يەتتە ماشىنا يۈكىمىز كېلىپ بولىدۇ ، جاپا چەككەن شوپۇرلارنى ئوبدان كۈتۈۋالىمىز ، دەپ ئۇقتۇرۇۋەتكەنىدى . رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىدىكى 10 كىشىلىك چوڭ يۇمىلاق شىرە خىلمۇخىل قورۇما ، قورداق ، پولۇ ، پېتىر مانتا ، پەرمۇدە ، تونۇر كاۋىپى ۋە زىخ كاۋاپلار بىلەن تولغان ، مۇلازىم قىزلار پىيالىلەرگە چاي قۇيماقتا ئىدى . بەش كۈن چۆل تامىقى بىلەن چۆلدەرەپ كەتكەن شوپۇرلار تاماقلارغا بۆرىدەك ھۇجۇمغا ئۆتتى . بەزى ياش شوپۇرلار ئاغزىغا تاماق تىگەر - تەگمەيلا ، پىۋا بوتۇلكىلىرىنىڭ ئاغزىلىرىنى ۋاكىلدىتىپ ئاچاتتى . ئىستاكانلاردىن ئاپپاق كۆپۈك ئۆرلەپ ، پەسكە ساقىيتتى . بەزىلەر زىخ كاۋاپنى چىشلىرىدا سىيرىسا ، بەزىلىرى پېتىر مانتىلارنى شوپۇلاپ يەيتتى . ئوبۇلھەسەن بىر ئىستاكان پىۋىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، شوپۇرلار بىلەن ئۇرۇشتۇراتتى ۋە «ئېلىڭلار ، يېڭلار ...» دەپ ۋارقىراپ ، مېھماندوستلۇق قىلاتتى... شۇ ئەسنادا قەدىردان بىلەن ياقۇپ ھاجىم ھېچكىمگە شەپە بەرمەيلا چىقىپ كەتتى .

«ياشلار بىناسى» بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم مېھمانخانىسىنىڭ ئارىلىقى بىر يېرىم بېكەت ئەتراپىدا كېلەتتى ، شۇنداقتىمۇ قەدىردان ياقۇپ ھاجىمنى تاكسى بىلەن ئەكەتتى .

— كىچىككىنە يولغا نېمانچە ئىسراپخورلۇق قىلىسەن ؟ — دېدى ھاجىم سەل خاپا بولۇپ ، — پىيادە كەتسەكمۇ بولاتتىغۇ .

— بەش كۈن يۈك ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇرماق ئاسان ئەمەس، چارچاپ كەتتىڭىز.

— ھەي، ئاتا ـ ئاناڭ بىلەن بىللە ياتماي، نېمانداق مېھمانخانىدا ياتىسەن؟

— ھېلى دەپ بېرىمەن، — قەدىردان ئاچچىق كۈلدى، — پاھ، پاھ، نېمىدېگەن قاتمال ئادەملەر بۇ! ھەرقانچە كاتتا ئەمەلدار بولغىنى بىلەن ئىسلاھات دەۋرىدىكى يېڭىلىقلارنى، مۆجىزىلەرنى چۈشەنمىسە بىكاركەن...

— دېگىنە، زادى نېمىش بولدى؟

قەدىردان ياخشى كۆڭلى بىلەن ئەكەلگەن پۇلنىڭ ئۆزىنى ئوغرى، بۇلاڭچى، خىروئىن ئەتكەسچىسى قىلىپ قويغانلىق جەريانىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، ياقۇپ ھاجىم ھەيران بولغىنىدىن تېڭىرقاپلا قالدى.

ياقۇپ ھاجىم گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشى، تاكسى ۋىلايەتلىك پارتكوم مېھمانخانىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ گۈللۈك ئالدىدا توختىدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، مېھمانخانا كارىدورىغا كىرىشى، نۆۋەتچى كۈتكۈچى قىز ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

ياقۇپ ھاجىم ياتاققا كىرىپ تۆت تەرەپكە قاراپ چەكچىيىپلا قالدى. كۈنچىقىشقا قارىغان پۈتۈن بىر تام ئەينەك بولۇپ، ئۇنىڭغا تارتىلغان چەت ئەل پەردىلىرى كۆزنى چېقىپ، ھىلپىرلەپ تۇراتتى. رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇلاردىن باشقا، ئىسسىق ھەم سوغۇق ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئىشكاپلاردا ئالماشتۇرىدىغان ئىچ كىيىم، كېچىلىك كىيىملەر، ھەتتا بازارغا ئېلىپ چىقىدىغان سومكىلارغىچە بار ئىدى. ئالامەت بېزەلگەن ئالىي كارىۋاتنىڭ ھەيۋىتىدىن ئادەم ئولتۇرۇشقىمۇ ئەيمىنەتتى. مۇنچىنىڭ ئەسلىھەلىرى پۈتۈنلەي زامانىۋى لايىھەلەنگەن بولۇپ، ھەتتا ئۆزلۈكىدىن يۇيۇپ قويۇش ئەسۋابلىرىمۇ بار ئىدى.

— پاھ، قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى تىلىپ، شاپتۇل، ئالمىلارنى

www.uyghurkitap.com

بۇيۇپ، ئۇستىنى سولىياۋ بىلەن ئوراپ ئەكىرىپ قويدىكىنا، — دېدى ياقۇپ ھاجىم بىر تىلىم قوغۇننى قولىغا ئېلىپ، — دېگىنە، ئەچچە پۇللۇق ياتاق بۇ؟

— سىزچە قانچە پۇللۇقتۇ؟

— 200 يۈەنما؟

ئىككىسگە كۆپەيتىڭ.

— نىمە، 400 يۈەن! ھەي، سەن بۇنداق ئەمەسنىڭغۇ، — ياقۇپ ھاجىم ئالىيىپ قارىدى، — نېمىداندۇاق ھەشەمەتخورلۇق قىلىسەن؟

— ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئەتكەسچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلنى مۇشۇنداق بۇزۇپ - چېچىپ تۈگەتمىسەم، قانداق تۈگەتتەن...

— ھە ماقۇلە. ئاتا - ئاناڭغا قېيداپ مۇشۇنداق قىلىۋېتىپسەن - دە، — دېدى ياقۇپ ھاجىم، — ھەي، ئۇلار دېگەن 60 - يىللارنىڭ مەھسۇللىرى، پۇلنى بەش پۈڭ، ئون پۈڭلاپ خەجلىگەن ئادەملەر. بىر يولىلا بىر ساندۇق پۇلنى كۆتۈرۈپ بارساڭ، ھېلىمۇ ئارقىسىغا تىرىڭگىدە ئۆرۈلۈپ كەتمەيتتۇ!

— شۇنداقتىمۇ ئوغرى، قاراقچىغا مۇئامىلە قىلغاندەك. قىرىچە - يېنىچە تېگىشۋاتسا...

— ئەگەر سەنمۇ ئاشۇلار بېشىدىن كەچۈرگەن قاتمۇقات ئىجتىمائىي، سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولساڭ، ئۇلاردىن بەتتەر ئېھتىياتچان، قورقۇنچاق بولۇپ كەتكەن بولاتتىڭ.

ئۇلار ئەنە شۇنداق تالاش - تارتىش، ۋارقىراش، ئاچچىقلاشلار ئارقىلىق بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن ئادەملەر ئىدى. ياقۇپ ھاجىم بىرەر ئىش دېتىغا ياقمىسا يۈز - خاتىر قىلماي ئولتۇرمايتتى، نېرە ئۈستىدە پۇل قىلاتتى. قەدىردانمۇ چوڭكەن، ھاجىمكەن دېگەندەك سۆلكەتلەردىن خالىي ئىدى. لېكىن، ئۇلار بىر قەپەس ۋارقىراشلاردىن كېيىن بىردىنلا پەسكويغا چۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ

تىرىكچىلىكى ھەققىدە باش قاتۇراتتى . مانا شۇ تۇرقىدىمۇ ، قەدىر-دان بۇ قېتىم خوتەنگە كېلىپ تۆت - بەش كۈن ئىچىدە قىلغان ئىشىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى . خوتەندىن يۈك تېپىلماي ، ماشىنىلارنىڭ قۇرۇق قايتىپ كېتىشىدىن غەم يېگەن ياقۇپ ھاجىم 1250 توننا گۈلە - قاقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى :

— تاپقان ماشىنىلىرىڭ قاچان يولغا چىقتى؟

— تۈنۈگۈن ئەتىگەندە ...

— ئۇنداقتا بىزمۇ ئەتە ئەتىگەندە يۈكلەرنى چۈشۈرۈۋېتىپ ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ، — كەچلەپ قىيالىق بوز يەر مەيدانىغا يۈرۈپ كەتسەك بولغۇدەك .

— مەن ئوبۇلھەسەنكامغا دەپ قوياي ، يۈك چۈشۈرۈشكە سىز قاتناشماڭ .

— نېمە ، بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟

— خوتەندىن يەنە 10 — 20 ماشىنا تاپىمىز ، — قەدىردان ھاجىمغا ئۈمىد بىلەن قارىدى . — ياكى ئامال قىلالامسىز؟

— سەنچۇ؟

— مەن ئەتە ئايروپىلان بىلەن ماڭمىسام ، يولغا چىقىپ كەتكەن ماشىنىلار نېمە قىلارىنى بىلمەي قالار .

— ماشىنىلار تۈنۈگۈن يولغا چىقىپتۇ ، يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن كېچىكىپ يولغا چىقساڭمۇ ئۈلگۈرىسەنغۇ .

— ھاجىمكا ، مېنىڭ ئوقۇۋاتقىنىم ئۆزىڭىزگە ئايانغۇ ، مانا بۈگۈن بەش كۈن دەرستىن قالدىم .

— مۇنداق دېگىن . بۇ تەرىپى بولسا ، دەرھال ماڭ...

— ئەمىسە مەن دېگەن ئىشنى بېجىرەلەمسىز؟

— بولىدۇ . بىرەر كۈن كېچىكسەممۇ 15 — 20 ماشىنا بولۇپ ماڭايلى .

— ھەبىەللى ، مۇنداق دېمەمسىز ، — قەدىردان كۈلدى ، — جاپايىڭىزغا تۇشلۇق ھەققىڭىزنى بەرسەم بولمىدىمۇ .

— ھەقىنىڭ گېپىنى قىلما، — دېدى ھاجىم كەسكىن ھالدا، — بۇ قېتىم ئوبدان ماشىنىدىن يەنە ئوچنى سۈرلىتىپ قويدۇم، سەندىن قەرز ئالمىسام ئۇ ماشىنىلار خەققە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— كارۋان ئۇن بولىدىكەن - دە؟

— چاتاق يوق! تېخى 20، 30، 40 ... 100 گىمۇ بارىدۇ.

— پاھ، پاھ، ھاجىم دېگەننىڭ نەپسى ئەددەسىز يامان بولىدىكىنا ...

— ھاجىمنى چىشلەپ تارتما، خومپەر!

خوتۇن، بالىچاقىسىنى كۆرۈشكە جېنى تاقىلداپ تۇرغان ھاجىم قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن شورباغدىكى ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا: «ئەتە يوك چۈشۈرۈشتە ماشىنىلارنى يۆتكەش توغرا كەلسە لازىم بولىدۇ. ئەتىگەندە شوپۇرلارغا يەتكۈزۈپ بەر» دەپ ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى بەردى.

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەندە ۋىلايەتلىك پارتكوم مېھمانخانىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئىشخانىسىغا كىرىپ، كەچ سائەت سەككىزنىڭ ئايروپىلان بېلىتىگە تىزىملىتىپ، پۇلىنى تۆلىدى. ئاندىن «ياشلار بىناسى»غا بېرىپ، ئوبۇلھەسەنگە ئەھۋالنى دېگەچ، ياقۇپ ھاجىم ھەيدىگەن ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ياتىقىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ يول تەييارلىقى ئۈچۈن ئىچ كىيىم، پايپاق، قول ياغلىقلىرىنى تازىلىق ئۆيىدە يۇيۇپ، قىسقۇچلارغا قىسىپ تۇراتتى، ئىشىك چېكىلىپ ياقۇپ ھاجىم كىرىپ كەلدى. ئۇ ساقاللىرىنى قىردۇرۇپ، بۇرۇتىنى چىرايلىق ياسىتىۋالغانىدى.

— ھەي، يەرلىك يوك توشۇش ئەترەتلىرىنىڭ ئىككىسىدىن 17 ماشىنا ھەل قىلدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭكى بىلەن قوشقاندا 24 ماشىنا بولىدۇ.

— ياخشى بوپتۇ، ھاجىمكا، — دېدى قەدىردان، — بىر مۇھىم گەپ بار، ئوبۇلھەسەنگە: « «قىيالىق »نىڭكى 1250 توننا

مالغا ئىچكىرىدىكى خوجايىنلار مەبلەغ سالغان» دەپ قويۇڭ ، ئۇق-تىڭىزما ؟

— سەن بۇنى دېمىسەڭمۇ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ بولغان .

— ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ، ھاجىم دېگەن ئاشۇنداق ئەقىللىق بول-سا ، ئون قېتىم ھاجىم بولغۇم بار .

بولدى ، بولدى ، مەسخىرەڭنى قوي ، توختا ، بىر ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن ، — ھاجىم قولىنى كۆتۈردى ، — يېمىسىيەگە چىققان بىر ئەر - خوتۇن قوشنىمىز بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئىككى قىزى ئاتا - ئانىسىغا خىزمەت ئىشلەپ ، سويى ، مۇنچىسى ، ھاجەتخانىسى ئىچىدە ھەم قىشتا ئوت قالىمايسىلەر ، دەپ بىنا ئۆي ئېلىپ بەرگەنىدى . مانا ئەمدى بانكىدىن ئالغان قەرزنىڭ ئۆسۈمى يالانى يىلدا يوكۇنى بولىدىكەن . شۇڭا ، دەرھال تۆلىمۇپتەيلى دەپ ، قورۇ - جايىنى ساتماقچى بولدى .

— زادى نېمە دېمەكچىسىز ؟ ئاشۇ قورۇ - جاينى ئېلىۋېلىش نىيىتىڭىز بار ئوخشىمامدۇ ، پۇل بېرىپ تۇرايما ؟

— ياقەي ، سەندىن ئۈچ ماشىنىغا پۇل ئالمەن دەۋاتسام ، ئۇنىڭغا يەنە قەرز ئالامدىم ، ئۆزۈمنىڭ قورۇ - جايىم تۇرسا…

— ئەمىسە نېمە دېمەكچى ؟

— ئۆيلىرى پۈتۈنلەي زامانىۋى سېلىنغان ، بىر يېرىم مودەك قورۇ - باغلىرى بىر جەننەت دېگىنە ! مانا ھازىر 120 مىڭغىمۇ خېرىدار چىقمايۋاتىدۇ . ئەگەر پۇلۇڭ بولسا ئېلىپ قويساڭ ، بالاڭدىن - بالاڭغا قالىدىغان بىر زېمىن - دە ئۇ…

— ئەگەر ئېلىپ قويسام ئۇنى كىم ساقلاپ بېرىدۇ ؟

— بىزنىڭ يالىلار ئىجارىگە بېرىپ قويسا ، پۇلىنى خەجلىمەمە-سەن . ھەي ساراڭ ، ئۆي - زېمىن دېگەن ئۆلمەيدىغان ئالتۇن قوزۇق…

ئۇلار ئادىتى بويىچە يەنە بىر قەپەس تاكاللاشقاندىن كېيىن دەرھال شورباغقا ماڭدى . شورباغ شەھەر ئەترايى بولۇپ ، باغۇ بوستانلىق ، ئېرىق - ئۆستەڭلىرىدە سۇلار ئېقىپ تۇرغان ، ئىنتا-

يىن ھاۋالىق ھەم مەنزىرىلىك جاي ئىدى . كۆسەيىن كىتكىنىۋاتقان
شەھەر قۇرۇلۇشى بارغانسېرى شورباغنى ئۆز باغرىغا سىڭدۈرۈۋاتات-
تى . ياقۇپ ھاجىم بىرنەچچە قوشنىلىرىنى شاھىت ھەم گۇۋاھچى
بولۇشقا چاقىردى . مويسىپىت قېرىلارنىڭ ھە ـ ھۇ دېيىشى بىلەن
قورۇ ـ جاي 120 مىڭ يۈەن بولۇپ پىچىلدى . قەدىردان شۇ جايدىلا
پۇلنى ساندى ۋە گۇۋاھچى، شاھىتلارغا چاي پۇلى تارقىتىپ
بەردى .

كۈن قايرىلىپ ، يورۇڭقاش دەريا ساھىللىرىنىڭ يامغۇر بولۇ-
تىدەك بۆك ـ باراقسانلىق ئورمان ـ باغلىرىغا قىڭغايماقتا ئىدى .
قەدىردان سائەتكە قارىدى . ئۇنىڭ مېڭىشىغا يەنە بىر سائەتتەك
ۋاقىت قالغان ، دەرھال مېھمانخانىغا قايتمىسا بولمايتتى . ياقۇپ
ھاجىم ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بىللە كەلدى . قەدىردان
جەننەتتەك قورۇ ـ جاينىڭ يەر خېتى ۋە ئۆي ـ زېمىن ئىمكىدارچە-
لىق كىنىشكىلىرىنى چامادانغا سالدى ، ئاندىن ھويلىغا چىقىشى ،
ئايرودرومغا ئېلىپ ماڭىدىغان ئاپتوبۇسمۇ كەلدى . قەدىردان بىلەن
قۇچاقلىشىپ خوشلاشقان ياقۇپ ھاجىم ماشىنا ۋىلايەتلىك پارتكوم
مېھمانخانىسى قورۇسىدىن چىقىپ بولغۇچە ئارقىدىن ئەگىشىپ
كەلدى . ماشىنا چوڭ يولغا قايرىلىپ ، ئۇچقاندەك مېڭىپ كەتكەن-
دىن كېيىنلا . ئۇ ئىچىدە : «خۇدا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ،
يامان كۆز ، يامان سۆزلەردىن نېرى قىلسۇن !» دەپ تىلەك تىلى-
دى ، ئاندىن «پاشالار بىناسى»غا يول ئالدى . ئۇ ئەمدىلا تۆمۈر
دەرۋازىغا قەدەم ئېلىشى ، ھويلىدىن ئابباس بۇجاڭ چىقىپ قالدى .
ئۇلار تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ، ئابباس بۇجاڭ
ھاجىمغا ئېغىر نەزەردە قارىدى .

— ئونئوگۈندىن بېرى ئۈچ قېتىم كەلدىم ، ئەجەب كەم دىدارغۇ
ئۆزلە ، — ئابباسنىڭ ئاۋازىغا تەئەددى ئارىلاشقاندەك قىلاتتى ، —
ئەسلىدە قائىدە بويىچە ئۆيلەرنى پەتلەيدىغان ئادەتلىرىمىزمۇ بولى-
دىغان .

— ئابباس بۇجاڭ ، كەچۈرسىلە ، — دېدى ھاجىم ئىنىكابىسىز-

لىنىپ . — بىلەك ئىلدىراش بولۇپ كەتتىم . بولمىسا كۆڭلۈمدە بار ...

كۆڭلۈمدە بار دېمەي . ئاغزىمنىڭ ئۇچىدا بار دېسەڭ . لىللا گەپ قىلغان بولاتتىڭ . — ئابباسنىڭ ئاچچىقى يانمىغاندەك ئەمەس ئىدى . «ئىشىكىم كۆزۈڭگە ئۆتكۈچە» دېگەندەك . ئامان ـ ئېسەن قىشتىن چىقىۋالدىڭ ـ دە .

يوقسۇ ، يوقسۇ ... ئۆزلىرىنىڭ شاپائەت ، ئاتىدارچىلىقلىرىنى پىقىر قانداقمۇ ئۇنتۇسۇن . — ھاجىم قىزىرىپ كەتتى . ئۇنداق تۈزنى يەپ ، تۇزلۇقىنى چاقىدىغان ئىشنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ ...

يافۇپ ھاجىم بىر ماشىنا بىلەن كىراكەشلىككە قەدەم ئالغاندا ، ئابباس بۇجاڭ ئۇنىڭغا تىجارەت كىنىشكىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشتىن سىرت ، بانكىدىن قەرز پۇلمۇ ھەل قىلىپ بەرگەنىدى . ئىسلاھات يېڭى يولغا قويۇلغان ئۇ چاغلاردا ، ئىقتىسادىي تۈزۈملەر قېيىن ھەم مۇرەككەپ ئىدى . مۇشۇنداق زىل پەيتلەردە ئابباس بۇجاڭنىڭ بۇنداق يەكدىللىق قىلىشى ئاسان ئەمەس ، ئەلۋەتتە ! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىر قىدەك ئاچچىقلىنىشى ، ئۆپكىدەك ئېسىلىپ ، تەنە ـ كىنايە قىلىشى ئەنە شۇ ۋەجىدىن ئىكەنلىكى ئېنىقلا تۇرمامدۇ !

— قانداق ، ھازىر بىزنىڭ ئۆيگە بارامدۇق ياكى مەشەدىلا «غانجۇغىدا كۆرۈشەيلى» دەمدۇق ؟ — ئابباسنىڭ پەيلى بوشىماي تۇراتتى . — مېنىڭ سەندىن سورايدىغان مۇھىم گەپلىرىم بار ئىدى .

— مېنىڭمۇ ئۆزلىرىگە دەيدىغان سىلىنىڭ گەپلىرىدىنمۇ مۇھىمراق نەسىھەتلىرىم بار ئىدى . — تەنە ـ تاپىدىن بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويغان ھاجىمنىڭمۇ گەجگىسىدىن قورۇدى ، ئاڭلىغاندىن كېيىن بىلىپ قالىدىلا ، ئەمما ھازىر كەچ بولۇپ كەتتى . مەن ئەنە ئاتايەن سىلى تەرەپكە ئۆتەي .

ئەمىسە ھاجىمنىڭ «نەسىھەتى»نى ئويلاپ كېچىچە تولغىنى

نىپ ئۇخلىيالمايدىكەنمەن ـ دە ؟

بۇ ئەسنادا «ياشلار بىناسى» پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېلىۋاتى قان ئوبۇلهەسەن ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ ، يۈگۈرۈپ يېقىپ كەل- دى . ئۇ «بۇجاڭ» بىلەن «هاجىم» نىڭ خوتەن قوچقىرىدەك مۈڭگۈز چېنىشىپ قالغانلىقىدىن بىخەۋەر ، ئۆزىچە قايناپلا كەتتى.

— هوي ئا بۇجاڭ ، هاجىم ، بىزنىڭ شۇنچە مەدەنىيەت ئۆيلە- رىمىز ، دەم ئېلىش بۆلۈملىرىمىز تۇرۇقلۇق ، بۇ يەردە ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەشكەنلىرى ئېگىل بولماپتۇ... زادى بولماپتۇ ... يۇرسىلە ... يۇرسىلە ، قىزىققىنە چاي بولامدۇ ياكى تەنگە راھەت سوغۇق ئىچىملىك بولامدۇ ، ئىچكەچ پاراڭ قىلىشسىلا ، لېپىدە هاردۇقلىرى چىقىپ قالىدۇ دەيمەن...

ئوبۇلهەسەن ئۇ ئىككىسىنى گىلەملەر سېلىنغان ، ئالىي دىۋان- لار قويۇلغان بۆلۈمگە باشلاپ كىرىپ : «قېنى مەرهەمەت» دەپ بولغۇچە ، بىر قىز پەتنۇستا هەرخىل ماركىلىق سوغۇق ئىچىملىك قۇتىلىرىنى ئېلىپ كىرىپ ، چاي ئۈستىلىگە قويدى ۋە ئىككى قۇتىنىڭ ئاغزىنى «ۋاككىدە» قىلىپ ئېچىپ ، كىرىشىپ قالغان ئىككى خورازنىڭ ئالدىغا ئەدەپ بىلەن سۈرۈپ قويدى .

ئاچچىقىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ، خېلىلا كايىپ قالغان ئابباس تاماقلىرى قۇرۇپ كەتكەنمۇ ، سوغۇق ئىچىملىك قۇتىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، غورتۇلدىتىپ خېلىلا جىق ئىچىۋەتتى . هاجىممۇ «ئىب- شەك ئىشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەن تەمسىلنى ئوبدان بىلەمدۇ ، ئالدىدىكى قۇتىنى كۆتۈرۈپ راسا بىر ئىچىۋېلىپ ، «ئۇھ» دېگىنىچە يېرىملاشقان قۇتىنى چاي ئۈستىلىگە قويدى . سوغۇق ئىچىملىكلەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى غەزەپ ئوتىنى ۋاقتىدە ئۆچۈرۈۋەتتىمۇ قانداق ، هەر ئىككىلىسى هىڭگىدە هېجىيىشىپ بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى . ئاببىسنىڭ چىرايىدا «نەسىھەت» نى دېمەمسەن ، دېگەندەك بىر سوئالنىڭ ئەلەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولغان هاجىم گېلىنى قىرىپ قويۇپ ، كانىيىنى رۇس- لىدى :

ئابباس بوجاڭ . ئۆزلىرى بىر ئوقۇمۇشلۇق رەھبەر تۇ-رۇپ ، ئوغۇللىرىغا دوشمەن قىلمايدىغان تەتۈرلۈكنى قىپتىلا . — دېدى ھاجىم پەردىشەپنى قايرىپ قويۇپ ، — ئۇنىڭ ھەرقايسىلىرى-نىڭ باققان قەرزلىرىنى تۆلەش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن پۇلىنى نېمىدەپ ئويلاپ قىلىشتىلا ؟

— شۇنچە كۆپ پۇلنىڭ كېلىش مەنبەسى زادى نېمە ؟ قاقچە-لىق قىلىپ ، سەيگۈيۈەن بولۇپ ، ساندۇقلاپ پۇلنى تاپقىلى بولسا ، مەن «بوجاڭ» بولۇپ نېمە قىلىمەن ؟

— سىلى بوجاڭلىقنى يوز قېتىم تاشلىۋەتسىلىمۇ ، قەدىر-داننى دورىيالمايىلا ، — ياقۇپ ھاجىم تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەۋاتاتتى ، — ئۇنىڭغا ئاللا ئاتا قىلغان نېمەت بۇ ! سىلى تېخى ئاشۇ بىر چاماندان پۇلنى كۆرۈپ ، ئوغۇللىرىغا ئۈچۈپ كەتكىلى تاسلا قاپىلا . ئۇنىڭ بانكىدىكى پۇللىرىنى كۆرسىلە ، دوختۇرخانىغا ئۆلگورمەيدىغان ئوخشايلا .

— ھەي ، ھەي… ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە …

— مەنمۇ ئۇنىڭدىن پۇل قەرز ئېلىپ ، چوڭ ماشىنىمدىن ئىككىنى ئالدىم ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ، — بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە بارغاندىن كېيىن يەنە ئۈچ ماشىنا ئالغۇدەك پۇل بەرمەكچى .

نېمە… ئۇ… ئۇ…

— سىلى ھەيران قالغۇدەك ئىش كۆپ ، بوجاڭ ، — ھاجىم دىمىقىنى قېقىپ قويدى ، — سىلىنىڭ ئەسلىرىدە بارمۇ ، خوتەندىن تۇنجى كۆلچى سودىگەر بولغان خالمەت قارىم ؟

— بار … بار … كۆلگە قورۇق ئورۇم يۆتكەپ بېيىغان سودىگەر…

— ھەيبەللى ، شۇ چېغىدا قەدىردانغا يېلىنىپ ، 60 مىڭ يۈەن ئېلىپ كەتتى .

— نېمە ، ئاشۇ كۆلچى سودىگەرما ؟

— شۇ . تېخى بۇلا ئەمەس ، بىر يىگىت ـ قىز يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپتىكەن ، يىگىت ، قاسساپچىلىق قىلىپ كۈنۈمنى ئالاي دې-

گەن ؛ دەسمايىگە 2000 يۈەن بېرىپ تورغان بوسىلىرى ، دەپ كەپتىكەن ، قەدىردان ئىجارىگە ئۆي ئال ، ئۆي جابدۇقلىرىمۇ ئال ، قاسساپچىلىقمۇ قىل ، دەپ 5000 يۈەن بەردى . بوساق خىجالەت تارتىپ كەلگەنلەرگە 3000 يۈەندىن تارتىپ ، 10 مىڭ يۈەنگىچە بېرىپ يولغا سالغان غېرىب - غۇرۋالار ئاز ئەمەس .

ئاببىاسنىڭ ئاغزى ئېچىلغىنىچە ھاڭ - تاڭلا قالدى ، ئوغلىنىڭ شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى قانداق ئۇسۇلدا تاپقانلىقىغا ئەقلى يەتمەيتتى .

— ياقۇپ ھاجىم ئىنى ، — ئاببىاس بىردىنلا بوشاپ قالغاندى ، — بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ماڭا چۈشەندۈر ، بۇ زادى نېمە ئىش ؟ مەن ئۇنىڭغا بەك قوپاللىق قىپتىمەن .

ياقۇپ ھاجىم قاقچىلىقنىڭ ھەقىقىي سىرىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بەردى ، ئەگەر بىر كىلو قاقتا 20 پۇڭ ئۇشۇق ساتقاندا ، 100 تونна قاقتا 20 مىڭ يۈەن پايدىسىغا قېلىپ قالىدىغانلىقىنى ، مۇشۇ ئۇسۇلدا 300 ، 400 ، 500 تونна قاقلارنى ئېچكىرىدىكى لاۋبەنلەرگە ئۆتكۈزگەندە ، بىر قېتىملىق سودىدىلا 100 مىڭلاپ پۇل قالىدىغانلىقىنى دەلىللەپ كۆرسەتتى .

— ئەمىسە باشقا قاقچىلارمۇ شۇنداق قىلسا بولمامدۇ ؟

— ئۇلار بىرىنچىدىن ، شىركەت باشلىقلىرىغا ئارقا ئىشىك قىلىدۇق دەپ بىر يارتا گۆش ، بىرەر - ئىككى ساندۇق بەل - يېمىش ئەكىرىدۇ ، بەك چوڭ قىلدى دېگەندىمۇ ، بىرنەچچە مىڭ يۈەن ئارقا ئىشىك قىلىدۇ ، كۆزى بەك كىچىك . قەدىردان بىر قېتىمدىلا 10 — 15 مىڭ يۈەننى يانچۇقىغا سېلىپ قويىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار بىر يۈەنلىك قاقنى بىر يۈەن 20 پۇڭ ياكى بىر يۈەن 30 پۇڭ قىلىپ بېرىپ بېرىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، قەدىردان بەك ئىشەنچىلىك . ئۆيغۇر ، خەنزۇ قاق سودىگەرلىرى ، خوجايىنلىرى ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ . قەدىرداندىن ئۆتكۈزۈۋالغان ھەرقانداق مالدىن چاتاق چىقمايدۇ ، كەسپكە پۇختا . شۇڭا ، پۈتۈن ئۇرۇمچى ئەمەس ، شىنجاڭ بويىچە «بالا سەيگۈيۈەن» دېسە ، ئۇنى تونۇمايدىغىنى يوق !

سەل ھاياجانلىنىپ، قىزىپ قالغان ياقۇپ ھاجىم قەدىرداننىڭ دېھقانلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ، ھەتتا قەدىردانى تونۇمايدىغان باشقا يۇرتلاردىمۇ «بالا سەيگۈيوەنگە تەگ. سۇن» دەپ، نەچچە يۈز تونىلاپ مال ئەۋەتىدىغانلىقىنى دېگەندە، ئاباس ئىختىيارسىز چېكىلداپ كەتتى.

— قەدىردان ھەرقايسىلىرىدىن دىلى رەنجىپ ئۆيدىن چىققان. دىن كېيىن، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ئېغىر خورسىنىپ، — قىيالىق بوز يەر مەيدانىدىن 1250 تونىنا مالنى تەكشۈرۈپ سېتىۋاپ. تۇ. ھازىر 25 ماشىنىنىڭ يولغا چىققىنىغا ئۈچ كۈن بولۇپ قالدى. مەن ئۆزگۈنلۈككە 24 ماشىنا بىلەن يولغا چىقىمەن. قەدىر. دان ئالغان بۇ قاقنى بىر يېرىم ئايغىچە توشۇپ بولۇشىمىز كېرەك.

ياقۇپ ھاجىم 1250 تونىنا مالنى ئېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئاباس بۇجاڭ ئېڭەكنى قاماللاپ، ئۈرۈنغىچە بېشىنى چايقىدى ھەم: «بىز ... بىز ... ئىسلاھاتنى چۈشەنمەيدىكەنمىز، ئىسلاھاتنىڭ ئارقىسىدا قاپتىمىز» دەپ ئىسسىت ئەيلىدى...

ھازىر قەدىردان نەدە؟

— ئۇ بۈگۈن سائەت سەككىزنىڭ ئايروپىلانى بىلەن ئۈرۈمچى. گە ماڭدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۈرۈمچىدىكى تۆت چوڭ مېۋە ـ چېۋە تۈپ سېتىش بازار. لىرىدىكى قاقچىلار ئۆزىنىڭ يولىغا قاراپ، قاقلىرىنى ساتماي ئولتۇ. رىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «ئالتۇن ئاچقۇچ» تەربىيەلەش مەركىزىدە ئوقۇۋاتىدۇ.

ئوقۇۋاتىدۇ؟ — ئاباس بۇجاڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە تېڭىر. قاپ قالدى، — ئۇ ... ئۇ ... نېمە ئوقۇۋاتىدۇ؟

— ئىچكىرىدىن كېلىدىغان قاق سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقىلە. شىش، توختام تۈزۈش، پىكىر ئالماشتۇرۇشتا قىيىنىلىپ قالغاچ. قا، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇپ بىر قارارنى پۈتكۈزدى. ھازىر ئىككىنچى قارارمۇ ئوتتۇرىلاشتى.

— مۇنداق دېگىن، — ئابباس بوجاڭنىڭ بېشى چوشۇپ كەتتى، — بىز بىلەن كۆرۈشمەيلا كېتىپ قالغىنىنى قارا بۇ بالىنىڭ!

— ئائىلىدە ئابدۇراخماندىن باشقىسى ھەرە چېقىۋالغاندەك قاپىقىنى ئۈششۈتۈپ يۈرسە، «يەنە شۇ سۆرۈن چىرايلارنى كۆرۈپ نېمە قىلاي» دېگەندۇ.

— بولدى، بولدى. سەنمۇ ئوت ئۈستىگە ياغ چاچماي، غىت قىلىسۇال…

— بۇ قېتىمقى سودىدىنلا 1 مىليون پايدا قالاتتى، — ياقۇپ ھاجىم «ئىسىت» دەپ قويدى، — بىراق قەدىردان: «دېھقانلىرى بەك نامراتكەن، شۇلارنىڭ دېگىنىگە ئالدىم، سودىلاشمىدىم» دەيدۇ. شۇنىڭدىمۇ يەنە 300 — 400 مىڭ پايدا بار.

شۇنداقمۇ، پاھ، پاھ…

— ھازىر 5 - ئاي تۇرسا، بازاردا قاق يوق دېيەرلىك، يېڭى قاقنىڭ چىقىشىغا خېلى بار.

— توۋا، قۇرۇق مېۋە - چېۋىمۇ ئەجەب سېتىلىدىكىنا؟

شاكىلات، كونسېرۋا، قاق بەلىش، قاق قىيامى بولۇشى ھەم ھەرخىل قاق بىلەن ياسىلىدىغان تاتلىق - تۈرۈملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت، كارخانا، شىركەتلەر قۇرۇق مېۋە - چېۋىنى خام ئەشيا قىلىدۇ - دە.

مۇنداق دېگىن، — ئابباس ياقۇپ ھاجىمنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى، — ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ھەممىمىزنىڭ قىزغىن سالىمىمىزنى يەتكۈزۈپ قوي. ئۇ بالا قېيىداپ يۈرمىسۇن. بىز ئاچچىقلايلى، تىللايلى، قاپىقىمىزنى تۈرۈۋالايلى، ھەممىسى شۇ بالىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن. ۋاقىت خېلى بولۇپ قاپتۇ، مەن قايتاي.

ئابباس قەدەملىرى ئېغىرلاشقان ھالدا دەم ئېلىش ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. قەيەردىدۇر ساقلاپ تۇرغان ئوبۇلھەسەن ئۇنىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ، پەلەمپەيلەردىن بىللە چۈشۈپ ئۆزىنىپ

قويدى . ئۇ دەم ئېلىش ئۆيىگە كىرگەندە ، ياقۇپ ھاجىم سوغۇق ئىچىملىك قۇتىسىنىڭ يەنە بىرىنى ئېچىپ ئىچىۋاتاتتى .

— بەك جىق مۇڭدىشىپ كەتتىڭلارغۇ ، — ئوبۇلھەسەن ھاجىمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى ، — قەدىردان ئورۇمچىدە مايماق دەسسەپ قالدىمۇ يا ؟

— ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىسىدىن ئەنسىرىمەي قالامدۇ ، — ھاجىم ھەقىقىي ئەھۋالنى دېگۈسى كەلمىدى ، — ئىچەمدۇ ، چېكەمدۇ ، ئوينامدۇ دېگەنلەرنى سورۇشتە قىلىۋاتىمدۇ شۇ ...

ئوبۇلھەسەن سوغۇق ئىچىملىك ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، قەدىرداننىڭ ئۆزىگە قول - قانات بولۇپ قالغانلىقى ، «ياشلار بىناسى» دىن ئىبارەت چوڭ كوللېكتىپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقانلىقى ، ھازىر ھەر بىر دۇكان مەسئۇللىرى ، مال ساتقۇچىلىرى ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى ئىكەنلىكىنى مەمنۇنىيەت بىلەن سۆزلىدى . ياقۇپ ھاجىم شەھەر كۆرگەن ، جەمئىيەتكە ئارىلاشقان ، ئىسسىق - سوغۇق بېشىدىن ئۆتكەن ئادەم بولغاچقا ، بۇنداق پاسقا چىققان توپنى ئۇرماي قالامدۇ ؟ ئۇ قەدىردانغا بېرىلىۋاتقان سەككىز يۈەن كاماندىروپكا ، 15 يۈەن ياتاق ، 350 يۈەن مائاشنى سۆكۈپ بىر سۆزلىگىلى تۇرغاندى ، ئوبۇلھەسەن قەدىردان توغرۇلۇق گەپ ئاچقىنىغا بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويدى ، نومۇستىن ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق بولۇپ كەتتى .

— مەن : «قاق پۇلىدىن ئاز - تولا ئېلىپ قال» دېسەم ، ئۇ : «ئوبۇلھەسەنكام كۆپ ئادەمنى باقىدۇ ، بىر پۇڭنى كەم قىلماي ئەۋەتمىسەم بولمايدۇ» دەيدۇ . بۇ ھەقتە ئىككىمىز بىرنەچچە قېتىم تاكاللىشىپمۇ قالدۇق ، — ياقۇپ ھاجىم قوللىرىنى شىلتىمەكتە ئىدى ، — ئورۇمچىدەك يەردە ئاددىيغىنا بىر ۋاخ تاماق سەككىز يۈەن تۇرسا ، سىز بېرىدىغان سەككىز يۈەن كاماندىروپكا پۇلى قانداقمۇ بىر كۈنگە يەتسۇن ؟ «15 يۈەندىن تۆۋەن ياتاقتا ياتىسەن» دەپ بەلگىلەپ بېرىپسىز ، ئۇ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ، پوق - سۈيدۈك ، تەر ، ئوسۇرۇق پۇراپ تۇرغان سەككىز

كىشىلىك گۇندىخانىدا ياتسۇنما؟

— مەن… مەن… ئۇستۈرۈپ بېرەي، ئۇبۇلھەسەننىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەندى، مائاشىنىمۇ ئەكەلمىسەم بولمىغۇدەك…

— بولدى قىلىڭ ئەمدى، ھازىر ئۇنىڭ ھاجىتى سىزگە چۈشمەيدۇ. — ھاجىم ئاچچىقىدا پۇشاڭشىپ كەتتى، — ئۇ سىز بەرگەن پۇلنى يەتكۈزەلمەي، دېھقانلارنىڭ ماللىرىنى خەنزۇ خوجايىنلارغا ئۆتكۈزۈپ جېنىنى بېقىپ كەلدى، ھازىر ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۇنى «بالا سەيگۇيۇەن» دەپ ماختىشىپ بېشىدا كۆتۈرۈشۈۋاتىدۇ.

— مەنمۇ ئاڭلىدىم…

— ئىچكىرىدىن كەلگەن قاق سودىگەرلىرى، كاتتا بايلار قەدىردانىڭ 35 يۈەنلىك ياتقىنى كۆرۈپ دەھشەت غەزەپلىنىپ: «سىلەر ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى، بايلىرى ئادەم ئىشلىتىشنى بىلمەيسىلەر، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قەدرىگە ئەسلا يەتمەيسىلەر» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. لېكىن، قەدىردان، بۇ 35 يۈەنلىك ياتاقنىڭ 20 يۈەننى يېنىمدىن تۆلەيمەن، دېمىدى، ئۇ يەنىلا سىزنى ئايىدى.

— مەن كەم ئەقىللىق قىپتىمەن، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ سەل قاراپتىمەن…

— ئانا - ئانىسى ئۇياقتا ئىشەنمەي دىلىنى رەنجىتسە، سىلەر بۇياقتا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيناپ، تار كوچىلارغا باشلىساڭلار، ئاخىر ئاشۇ بالىنى بۇزۇۋالىدىغان بولدۇڭلارغۇ!

ياقۇپ ھاجىم خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

— جىنىم بالام ئەسەت، گۇاڭجۇدا ئاچاڭ ئەختەرنىسانىڭ 600 مىڭ يۈەنلىك مىلىنى ساقچىلار قولغا چۈشۈرۈۋاپتۇ، ئۆزى ئارانلا قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. شۇڭا، بىزگە مال كەلمىگىلى بىر ئايدىن ئاشتى، — ھۆسنارخان ئوغلى ئەسەت ئەرۋاھقا يېلىنماقتا ئىدى، — ئاشخانىنىڭ كىرىمى بولسا ياخشى ئەمەس.

— يالغان، — ئەسەت ئەرۋاھنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — مەن سىنىڭ خېرىدارلىرىڭنى بىلمەمدىمىنا، ئۇلار كىرگەن ھامان ئارقا ھويلىغا ئەكىرىپ، قوللىرىغا بولاقلاپ تۇتقۇزۇپ قويمىسەنغۇ؟

— جېنىم بالام، ماڭدىلا يۈلىنىۋالما، — دېدى ھۆسنارخان، — سەنمۇ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئۆزۈڭنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆزۈڭ كۆتۈرسەڭ بولمامدۇ؟

— قىزىقكەنسەن، «بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتىمەن» دېيىلا تۇتقىلى بولامدا؟ — ئەسەت ئەرۋاھ ئانىسىغا گۆلەيدى، — بولسا شۇنداق ئىشنى تېپىپ بېرە ئەمىسە.

— ئۆزۈڭ تاپمامسەن، — ھۆسنارخانمۇ ھورپەيدى، — سەن ئەمچەكنى «مەمە» دەيدىغان كىچىك بالا بولمىساڭ، ھەممىنى چايناپ بېگوزۇپ قويسام بولامتى!

— ھەي، ماڭا خاۋىس گەپ قىلما، — ئەسەت ئەرۋاھ يانچۇقىدا پۇلاڭلاپ تۇرغان غىلاپلىق پىچاقنى تۇتتى، — ئەمدى «بېشىمنى يېرىۋېتەرمىكىن» دەپ ئولتۇرمايمەن جۇما...

ئەسەت ئەرۋاھ ئانىسى بېشىنى يېرىۋېتىپ، دوختۇرخانىدا 22 كۈن يېتىپ چىققاندىن كېيىن ئىشتان بەلبېغىغا غىلاپلىق پىچاقنى ئېسىپ يۈرىدىغان ئادەتنى چىقىرىۋالدى. خۇددى ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قوبىرۇق، دېگەندەك، بۇ ھۆسنارخانغا يالىڭاچ بېشارەت

ئىدى . مانا شۇندىن بىرى ، ئەسەت ئەرۋاھ قاچانكى خۇمارى تۇتسا ، ئانىسىغا بىر قولىنى سوزسا ، بىر قولى يانچۇقىدىكى غىلاپلىق پىچاقنى سىلايتتى . ھۆسنارخانمۇ خۇددى ئىغىر جىنىشىنى سوغارغاندەك ، مىڭ ئۆلۈپ ، بىر تىرىلىپ ، كۆڭلەك ئېتىكىنى كۆتۈرەتتى ـ دە ، يوتىسىدىكى پايپىقىنى قايرىپ تىرناقتەك سولياق بولاقنى ئېلىپ بېرەتتى ھەم غوتۇلدىغىنىچە ئىچكەركى ئۆيگە ياكى ئاشخانىغا چىقىپ كېتەتتى . زىيان دېگەن ئاچچىق . ئۇنىڭ بىر ئاي ئىچىدە پىچىقنى دەستەك قىلىپ ، قانچە بولاق ئالغانلىقى ، ئۇنىڭ قانچە پۇل بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە دىتلاپ چىققان ھۆسنارخان : «بېشىڭنى يەيدىغان ئۆلمەيدىغان جۇۋاينىمەك ، ماشىنا چاقى ئاستىدا مىجىلىپ ئۆلەرسەن ، غايىب ئوقنا نېسىپ بولارسەن ...» دەپ قارغايتتى . بۇنداق قارغاشلار ئەسەت ھەر قېتىم قاقشىتىپ تۇرۇپ مال ئالغاندا بىرقانچە كۈنگىچە داۋام قىلاتتى . خۇددى «ئىتنىڭ قارغىشىغا بىت ئۆلمەيتۇ» دېگەندەك ، ئەسەت ئەرۋاھ بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە ماشىنىنىڭ چاقى ئاستىدا مىجىلىپ ئۆلىدىغاندەك ياكى غايىب ئوقنا نېسىپ بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . مانا بۈگۈنمۇ ئەسەت ئەرۋاھ پىچىقنى سىلاپ تۇرۇپ ئىككى «بولاق» مالنى ئانىسىنى چىرقىرىتىپ ئېلىۋالدى . سەۋر ـ تاقىتى چېكىگە يەتكەن ھۆسنارخان ئۇنىڭغا ئامالسىز يوقىدا يېلىنماقتا ئىدى .

— يالام ، ماڭىلا ئېسىلىۋالغۇچە ، كاللاڭنى ئىشلىتىپ باقساڭ بولمامدۇ ، — ھۆسنارخاننىڭ چىرايىغا بىر شۇملۇق سايە تاشلىنىغانىدى ، — پۇلدار ئەل ـ ئاغىنە ، يېقىن ـ يورۇقلىرىڭغا ئاشۇ «ھۈنىرىڭ»نى ئۆتكۈزۈپ قويساڭ... بوينىدىن باغلىنغان ئىتتەك ئارقاڭدىن سوكۇلداپ ماڭاتتى ئەمەسمۇ .

— قايسى پۇلدار ئاغىنىلەركەن ئۇ ؟ كاپىلداۋېرىدىكىنە...

— مەن قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق جاۋراۋاتقىنىم يوق ، بالام ، — ھۆسنارخاننىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلىدى ، — قەدىردان دېگەن شۇم ھارۋا بېيىپ تىنىپ كەتتى . ئۆتكەندە خوتەندىن يۆتكىگەن 1000 نەچچە يۈز تونا مالدىنلا 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا كۆرۈپتۇ ،

— نېمە دەيدىغانسەنوي، شۇنداقمۇ ئىش بوپتىما؟

سەن چېكىشتىلا بىلىدىكەن بولىدۇ، — ھۆسنارخاننىڭ قاش - قاپاقلىرى سوزۇلدى، — ئاشخانىمىزدا تاماق يەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ. مانا ھازىر ئۇ شۇم سوۋېتنىڭ 110 مىڭ يوەنلىك «لادا» دېگەن ماشىنىسىنى ھەيدەپ يۈرىدۇ. ساقچىلار تۇتۇۋېلىپ، «پىراۋىڭ يوق ئىكەن» دەپ 8000 يوەن جەرىمانە قويۇپتىكەن، بۇ ھاراملىق: «ساقچىلار بىزدەك قانۇنسىز ماشىنا ھەيدىگەنلەرنى تۇتمىسىز دەپ جاپا چەكتى، شۇڭا ئۇلارغا مۇكاپات بېرىڭلار» دەپ، 20 مىڭ يوەن ئاپىرىپ بېرىپتۇ. تەسىرلىنىپ كەتكەن ساقچىخانا ئۇنىڭغا بىر ھەپتە ئىچىدە پىراۋا ھەل قىلىپ بېرىپتىمىش.

— پاھ، قەدىردان ئەجەب مەردلىك قىپتۇ - دە...

— ئۇلا ئەمەس، — دېدى ھۆسنارخان، — يولىنى تاپالماي گاڭگىراپ قالغان، بىرەر ھۈنەر ياكى تىجارەت قىلاي دېسە دەسمايەدىن قىينالغان باللاردىن چىراي سارغايتىپ قانچىسى كەلسە، شۇنچىسىگە ياردەم قىپتۇ.

— كەكلىكتەك ۋاقىلداپلا كەتتىڭ، زادى نېمە دېمەكچىسەن؟ — ئەسەت ئەرۋاھ ئانىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى، — قېنى ئاقىلانە مەسلىھەتىڭ بولسا دەپ باقمامسەن؟

— قەدىردانغا ھېلىقى ئىشنى ئۆگىتىپ قوي!

— ئۇ ئادەتتە تاماكىمۇ چەكمىسە، قانداق ئۆگەتكىلى بولىدۇ...

ھۆسنارخان ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغانسېرى، ئەسەتنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، كۆپكۆك كالپۇكلىرى مىتىلداپ كەتتى.

— بۇ... بوپقالغۇدەك. يائاللا ئانا، شەيتانغا دەرس بېرىدىغان خوتۇنسەن - دە!

ھۆسنارخان بىلەن ئەسەت ئەرۋاھ قەدىردان توغرۇلۇق ئەنە شۇنداق يەڭ سودىسى قىلىۋاتقاندا، قەدىردان داخىيەن قورۇق مېۋە - چېۋە ئارماق شىركىتىنىڭ خوجايىنى ياڭ مىڭسەن بىلەن

www.uyghurkitap.com

داخىيەندىكى بىر ئاشخانىدا تاماق يېگەچ پاراڭغا چۈشكەنىدى .

هازىر 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ ، يېڭى قاق چىقىشقا يەنە بىر ئايدەك ۋاقىت بار ئىدى . شۇڭا ، ئىچكىرىدىكى قاق سودىگەرلىرى ، سەيگۈيۈەنلەر ۋە قۇرۇق مېۋە ـ چىۋە هايانكەشلىرى بۈگۈن داخىيەن قۇرۇق مېۋە ـ چىۋە تارماق شىركىتىنىڭ جەنتەك بېغىدا تونۇشۇش ، كېڭىشىش ، توختام تۈزۈش يىغىنى ئېچىۋاتاتتى . ئىچكىرىدىن كەلگەن خوجايىنلارنىڭ كۆپىنچىسى «قوڭۇرتاش» ، «غەربىي دىيار» ، «داخىيەن» ۋە «مۇسۇلمانلار» شىركەتلىرى بىلەن توختام تۈزدى . بۇ شىركەتلەر قەدىردان بىلەن توختام ئىمزالىمىدى . ئەمما ، ئىچكىرىدىن كەلگەن خوجايىنلار ئىچىدە بىرلا سۇڭ جىجۇڭ ئەپەندى قەدىردان بىلەن توختام تۈزۈدىغانلىقىنى بىلدۈردى . قاقچىلىق مىزانىدا ، قاقچىلار يېزا ـ كەنتلەردىن كىلوسىنى 80 پۇڭدىن ئالغاندا ، ئۇلار قەدىردانغا ئوخشاشلارغا بىر يۈەندىن ساتاتتى . قەدىردانلار شىركەتلەرگە بىر يۈەن 20 پۇڭدىن ساتسا ، شىركەتلەر ئىچكىرىدىن كەلگەن خوجايىنلارغا بىر يۈەن 40 پۇڭدىن ئۆتكۈزەتتى . ئىچكىرىدىن كەلگەن خوجايىنلار زاۋۇت ـ شىركەتلەرگە بىر يۈەن 60 پۇڭدىن ياكى ئىككى يۈەندىن بېرەتتى . قىسقىسى ، قولدىن ـ قولغا ئۆتكەنسېرى ، كېيىنكى خېرىدارلارنىڭ ئالغان ماللىرىنىڭ باهاسى ئېشىپ باراتتى . شۇنداق ئىكەن ، ئىچكىرىدىن كەلگەن خوجايىنلار قىممەت توختايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، شىركەتلەر بىلەن توختام تۈزدى . بىراق ، كىلوسىدا 20 — 30 پۇڭ ئەرزان توختايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا قەدىردان بىلەن توختام تۈزمىدى ؟

بۇ ئىش قەدىرداننىڭ روهىنى چۈشۈرۈپلا قالماي ، قىزغىنلىقىمۇ سۇسلاشقانىدى . ئۇنىڭ يىغىندىن كېيىنكى كەيپىياتىنىڭ بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلغان ياڭ مىڭسەن ئۇنى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ ، بۇ ئەهۋالنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشەندۈرمەكتە ئىدى .

— ئۇيلاپ باق ، بەزى هاللاردا يىراق ـ يېقىندىكى ماللارنى

ئېلىشتا . مەلۇم پىرسەنت پۇلنى توختام تۈزگەن خوجايىن ئالدىن بىرىشى كېرەك ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى ياڭ خوجايىن پېتىر ماننىنى يەۋىتىپ . — ئەگەر سەن قويمىچى بولۇپ قىلىپ ، پۇلنى ئېلىپلا قېچىپ كەتسەڭ قانداق بولىدۇ ؟

— بىلدىم ، ئۇلار ماڭا ئىشەنمەيتۇ .

توغرا ، بۇنىڭ ئۈچۈن سىنىڭ ئورۇمچىدە فورۇ ـ جايىڭ ياكى ئىسىل ئۆيلىرىڭ بولۇشى كېرەك ، — ياڭ مىڭسەن گەپىنىڭ پوسكاللىسىنى دېدى . — ئۇنداقتا سەن بىرەر يەرگە قاچالامسەن ؟ قاچقان تەقدىرىڭدىمۇ ، ئۆي ـ زېمىنىڭنى ئېلىپ كېتەلمەيسەن ـ دە....

— چۈشەندىم ، ياڭ خوجايىن .

— ھەببەللى . سەن ئاستىڭدا ئىسىل ماشىنا ، نەچچە مىڭ يۈەنلىك ئالدىي ياتاقتا ياتقىنىڭ بىلەنمۇ ، ئۇلار ساڭا ئىشەنمەيدۇ ، — ياڭ مىڭسەن ھىڭگىدە ھىجىيىپ قويدى ، — شۇڭا ئۇلار قىممەت بولسىمۇ بىزدەك قېچىپ كېتەلمەيدىغان شىركەتلەر بىلەن توختام تۈزگەن گەپ...

ياڭ مىڭسەننىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن خېلىلا يېنىكلەپ قالغان قەدىردان ئاشخانىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن ، ياڭ خوجايىننىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ :

— شۇنداق بىر ئۆي ئالايكى ، ھەشەمەتلىك زىننەتلەپ ، قىممەت باھالىق ئۆي مۈلكى بىلەن بىزەپ ، بەجايىكى جەننەت قىلىۋېتەي ، ماڭا ئىشىنەلمىگەن ئاشۇ پۇلدار خوجايىنلار ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالسۇن . — دېدى .

ياڭ مىڭسەن بىلەن قەدىردان تەڭلا قاقاقلىشىپ كۈلۈۋېتىشتى .

قەدىردان مىغىر رەڭلىك «لادا»نى ھەيدەپ شەھەر يولىغا قاراپ ماڭماقتا . ئۇ خوتەندىن قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى كۈنى 25 ماشىنا گۈلە ـ قاق يېتىپ كەلدى . ئۇنى ياڭ خوجايىنغا ئۆتكۈزۈپ ، ئۈچىنچى كۈنى ياقۇپ ھاجىم «كارۋان» ئەترىتى 24 ماشىنا

بولۇپ يېتىپ كېلىشى، ئۇنى لۇڭ داتۇ ئېلىۋالدى. يەنە ئارىدىن 13 كۈن ئۆتكەندە، ئالدىنقى قېتىم قايتىپ كەتكەن 25 ماشىنا ئىككىنچى قېتىم كېلىشى، ئۇنى يەنىلا ياڭ خوجايىن ئالدىغا تارت- تى، ئەمما ياقۇپ ھاجىم باشچىلىقىدىكى 24 ماشىنا ئۈرۈمچىگە ئىككىنچى قېتىم كېلىشى، ئۇدۇل پويىز ئىستانسىسىنىڭ يۈك چۈشۈرۈش سۈپىسىغا يۈرۈپ كەتتى. چۈنكى، بۇ 240 تونىنا مال سوڭ جىجۇڭ خوجايىنغا تەۋە بولۇپ، قەدىردانىنىڭ بىر ئايدا بىر قېتىم ماڭدۇرىدىغان تۆت ۋاگون ۋەزىپىسى ئىدى. ھازىر «قىيا- لىق»تىكى 1250 تونىنا مالدىن 25 ماشىنا بىر قېتىم قاتنىسا بولىدىغان 250 تونىنا مال تېخى يولدا ئىدى.

بۇ قېتىمقى سەرخىل مالدىن 500 تونىنا ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ- دىن خېلىلا ئۇرغۇن نەپ كۆرگەن ياڭ مىڭسەن خۇشاللىقىدا ئىچ- كىرىدىن كەلتۈرۈلگەن «لادا» ماشىنىسىنى تالون، ھەرخىل رەس- مىيەت ھەم نوپۇسلىرى بىلەن قەدىردانغا 110 مىڭ يۈەن ئۆز نەرخىدە بېرىۋەتتى. بۇ قېتىمقى 1250 تونىنا مالدىن «لادا»نى ھېسابقا ئالمىغاندا، قەدىردانغا 270 مىڭ يۈەن پايدا قالغانىدى.

ياڭ مىڭسەن «لادا»نى ئۆزى ھەيدەپ «مۇساپىرلار مېھمانخا- نىسى»نىڭ قورۇسىغا ئەكېلىپ بەردى. بۇ قورۇغا ھەر كۈنى 40 – 50 ماشىنا ئۇزۇلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. قەدىرداد- نىڭ ماشىنا ئالغانلىقىنى ئاڭلىغان بىر يۇرتلۇق شوپۇرلار ئاشۇ ھويلىنىڭ ئىچىدىلا ھەيدەپ، قەدىردانغا ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئۇ يەرنى باس، بۇ يەرنى تارت، ئوڭغا بۇرا، سولغا ئايلان دەپ ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنى قەدىر- دان بىر پىشقەدەم شوپۇرنى مېھمان قىلىپ ھەم تاپان ھەققى بې- رىپ، گۈلساي قەبرىستانلىقى تەرەپكە چىقىپ كەتتى. ئۇ شوپۇر- لاردىن ئىمتىھان ئالىدىغان مەشىق مەيدانىنىڭ مەسئۇل خادىمىنى رازى قىلىپ، شۇ يەردە ئىككى كۈن مەشىق قىلدى. قەدىردان ماشىنا ھەيدەشنىڭ ۋېلىسىپىت مىنىشتىن ئاسان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم



www.uyghurkitap.com

مەشىق مەيدانىدا ئۇستاملارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەستايىدىل مەشىق قىلدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ماشىنىنى ھەيدەپ شەھەرگە كىرگەن كۈنىلا قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما، ئۇ ھېچقانداق يالغان سۆزلىمەي، راست گېپىنى قىلدى. ساقچىلار ئۇنىڭ خوتەن شېۋىسىدە قىلغان سۆزلىرىگە مەھلىيا بولۇپ قالدى. بىراق ئۇنىڭ پىراۋىسىز ماشىنا ھەيدىگەنلىكى ۋە قاتناش قائىدىسىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن 8000 يۈەن جەرىمانە قويغانىدى، ئۇ ئەتىسى 20 مىڭ يۈەن ئەكىلىپ بېرىپ: «ساقچىلارغا مۇكاپات بەرسەڭلار، ئۇلار بەك جاپاكەش گادايلاركەن» دەپ ھەممىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. شۇڭا، ساقچىلار ئۇنى مەشىق مەيدانىدا ماشىنا ھەيدىتىپ ۋە بارلىق مەشىق تۈرلىرىنى ئىشلىتىپ بولۇپ 13 كۈن ئۆتكەندە، يېشىل تاشلىق كىچىككىنە پىراۋا كىنىشكىسىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ھەم ساقچى باشلىقى ئۇنىڭغا: «قاتناش قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئوبدان ئۆگەنگىن» دەپ، قاتناش قائىدە - تۈزۈملىرى ھەققىدىكى بىر كىتابنى بەردى.

قەدىردان «لادا» نى خىيال بىلەن سالقىن ھەيدەپ داجيگۇغا يېتىپ كەلدى. ياقۇپ ھاجىم ماشىنىنى ئارقا يول بىلەن ئايلاندۇرۇپ، دەرۋازا ئالدىغا ئەكەلگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويغاچقا، قەدىردان ئاھالىلەر كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. ھازىر ياقۇپ ھاجىمنىڭ ماشىنىسى ئۇنىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ «ئالماتاغا ئۇنداق يوك چىققان»، «غولجىغا توشۇيدىغان مۇنداق يوك بار ئىدى، ئەمما ماشىنا ئازلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ قاقشايدىغان ئىشى ھازىرمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم قەدىرداندىن قەرز ئالغان 120 مىڭ يۈەنگە ئۆزى ئازراق پۇل قېتىپ، بىر ئىدارىنىڭ ئىشلەتكەن «ئازاد» ماركىلىق ماشىنىسىدىن ئۈچنى سېتىۋالدى. ھاجىم ئۆزى تىنىم تاپمايدىغان ئىشچان ئادەم بولغاچقىمۇ، يوكلا چىقىپ قالسا، «سەپەردىن ھېلىلا كېلىشىم» دېمەيتتى.

قەدىردان ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ، يافۇپ ھاجىم ناۋات سالغان قېنىق چايغا توغرالغان گىردىنى تەگكۈزۈپ يەپ ئولتۇراتتى . ئۇ پىيالىگە بىر پارچە ناۋاتنى سېلىپ ، ئۈستىگە چاي قۇيماقچى بولۇۋىدى . قەدىردان : «مەن ئاتلىق ئىچمەيمەن» دەپ ناۋاتنى ئېلىۋەتتى . ئۇلار نان تەگكۈزگەچ ، قىزىق چاينى پىشانىلىرى تەرلىگۈچە ئىچىشتى . قەدىردان كارىۋات ئۈستىدىكى ئىچى نىمىلەر بىلەندۇر تىرىسىدە چىڭ تۇرغان سومكىغا قاراپ ، ھاجىمنىڭ يەنە سەپەرگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى .

— ھاجىمكا ، يەنە بىر يەرگە ئىراده قىلدىڭىزمۇ نېمە ؟

— شۇڭا ، چېيىڭنى تېز ئىچ ، ھازىر شوپۇرلار «خۇالىڭ» دا يۈك بېسىۋاتىدۇ . بۈگۈن خۇدا خالىسا ، سالقىن چوشۇش بىلەن غۇلجىغا ئاتلىنىمىز .

— نېمە يۈككەن ئۇ ؟

— رېستوران ، مېھمانخانا ، كۆرگەزمىخانا ، شىنخۇا كىتابخانىلارنى زىننەتلەيدىغان ماتېرىياللار .

— ۋاي - ۋۇي ، ئېزىپ ئىچۈرمىسىڭىزمۇ ، قۇرۇلۇش زىننەت بۇيۇملىرى دېسىڭىز بولمىدىمۇ .

— سەن دېۋەتكەچ بەزىدە ئېزىپ ئىچۈرمىسە ، قاپاق كاللاڭغا ئالالمايسەن .

— سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى .

— تېزرەك دېمەمسەن ، گاچا .

ھاجىم ئاشۇنداق ئادەم تىللىسا ، ھەرگىز ھاجى بولمايمەن .

— ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ، قاچانلا بولسا مۇشۇنداق دەپ ، ئادەمنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاشقا ئۇستا سەن خۇمپەر ··· ھە ، دېگىنە قېنى ، ئەمدى دېمىسەڭ ، يولدا ئىچىم تىت - تىت بولۇپ ، ماشىنىمۇ قېيىپ كېتىدۇ .

قەدىردان بۈگۈن ئەتىگەنكى قاق توختامى يىغىنىدىكى ئەھۋاللارنى قىسقىغىنا قىلىپ سۆزلەپ ، ئۆزىنىڭ ئۆي - زېمىنى بولمى-

سا ئىشەنچلىك بولالمايدىغانلىقى ، ئىچكىرىدىن كەلگەن باي خوجا-يىنلارمۇ ئىشەنچ قىلالمىغاچقا ، توختام تۈزمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .

— ھە ، ئۆي ئالماقچىمۇسەن ؟ — دېدى ياقۇپ ھاجىم چىنە-لەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، — مەن ساڭا دەپ قوياي ، ئۆي ئېلىش ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس .

— شۇڭا ، سىزدەك تەقۋادار تېقىمى پوقتىن مەسلىھەت سورا-ۋاتىمەنغۇ .

— تېخى مېنى ئادەم تىللايدۇ دەيدۇ ، — ھاجىم تېرىكىپ قالدى ، — ئۆزۈڭچۇ ؟

— سىزدىن يۇقۇۋاتىدۇ...

— تـوۋا قـىلدىم ، خـۇدايىم ، — ھاجىم كۈلۈۋەتتى ، — ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس دەپ ، ۋاي بولدىلا ، ھە ، قورۇ - جاي بار ، يەرلىك ئۆي ئالامسەن ياكى بىنامۇ ؟

— قىشتا قارىنى ئېتىپ ، يازدا يامغۇر سۈيىنى تۆكۈپ ، ئوت يۇۋۇلەپ ، كۆل تۆكۈپ ئولتۇرۇشقا نەدە چولا ؟

— بولدى ، بولدى ، قاقشىما . بىنا ئۆي ئالىمەن دېسەڭ بولىدى-غۇ ، — دېدى ھاجىم چىنىلەرنى چايقاۋېتىپ ، — مەن ھەپتە ئىچىدە قايتىپ كېلىپ ، ئاندىن ئىككىمىز كۆرۈپ ئالىمىز . داچەي-گۇدىن ئالساڭ ، ئىش ئورنۇڭغا يىراق بولۇپ كېتىدۇ . مەن سېنى ئەڭ چىرايلىق ھەم چوڭ سېلىنغان تاۋار ئۆيلەرگە باشلاپ ئاپىرى-مەن ، لېكىن بىر شەرتىم بار...

— قېنى ئېيتىڭا ؟

— ئۆي ئالغىنىڭنى ھېچكىمگە تىنمايسەن !

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— ھازىر سەن كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان چولپان يۇلتۇز ، — ھاجىم ئېگىشكەن ھالدا قولىنى شىلتىپ ، قەدىردانىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى ، — چولپان يۇلتۇزنىڭ جۇدۇن ، توقال ، قار - يامغۇرلىرى بولغاندەك ، سېنىڭمۇ بۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنلىرىڭ ،

كۆشەندىلىرىنىڭ، كۆرەلمەس قىنىغۇرلىرىنىڭ، ھەسەتخورلىرىنىڭ پەيدا
بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خەۋەرچىلىرى قىز -
چوكانلار! ئاندىن بىر سەپتىكى بۇرادەرلىرىنىڭ، كەسىپداشلىرىنىڭ
تۇيدۇرماي ھۇجۇم باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىك گېپلىرى
ھەسەت ئۇرۇقىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار سىزنىڭ ھەشە-
مەتلىك مېھمانسارايلىرىڭىزنىڭ، كۆركەم داچىلىرىڭىزنىڭ، چارباغ-
لىرىڭىزنىڭ بولۇشىنى ئەسلا خالىمايدۇ. دۈشمەنلىك بولماي دې-
سەڭ، يۈرۈۋاتقان ھەم توي قىلماقچى بولغان قىزىڭىزمۇ سىرىڭىزنى
بەرمە...

— مېنىڭمۇ توي قىلىدىغان نىيىتىممۇ يوق ۋە يۈرگەن قىزىم-
مۇ يوق، — دېدى قەدىردان غودۇڭشىغان ھالدا، — لېكىن،
«ئۇلارغىمۇ دېمەڭ» دېگىنىڭىز سەل ئوشۇق بولۇپ كەتتىمۇ
دەيمەن.

— قىلچە ئوشۇق ئەمەس. ھازىرقى ۋاقىتتا ئادەمگە ئەمەس،
مال - دۇنيا، ئۆي - زېمىن، نام - ئەمەلگە تېگىدىغانلار كۆپ.
بۇياقتىن توي قىلىپ، ئۇياقتىن دەپىنە - دۇنيايىڭىزنى تىزىملاپ
سوتقا ئاپىرىپ، مېنىڭ ئۈلۈشۈمنى ئايرىپ بېرىڭلار، دەيدىغانلارنى
يوق دەپ ئېيتالامسەن؟ بولۇپمۇ سەندەك كۆڭۈلچەك، گالدۇ -
گۇلدۇڭ سارىيىڭنى بىردەمدىلا يانپاشقا ئالىدۇ.

— بولدى، بولدى، مېڭىڭ، — دېدى قەدىردان ئىشىك
تەرەپكە سىلجىپ، — يەنە شۇ تىل قېپى ئاغزىڭىز ئېچىلدى.
يۈرۈڭ، سىزنى ماشىنام بىلەن «خۇالىڭ»غا ئاپىرىپ قوياي.

ياقۇپ ھاجىم بوسۇغىدىن «بىسمىللا» دەپ چىقتى. ئاندىن
ئىشىكنى گۈپپىلا قىلىپ يېپىپ، توز قۇلۇپنى ئېتىۋەتتى. ئۇ «لادا»
غا چىققاندىمۇ «بىسمىللا»نى ئۇنتۇمىدى، ھەتتا قەدىردان ماشىنى-
نى ئوت ئالدۇرۇۋاتقاندا، «بىسمىللا» دەپ ھەيدە، دەپ تەنبىھ
بەردى. ماشىنا چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن، كالپۇكلىرى خېلى-
غىچە مىدىرلاپ نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلىدى. ماشىنا ھەيدەۋاتقان
قەدىردان ئىچىدە: «بەلكىم «سەپەر ئايىتى»نى ئوقۇۋاتسا كېرەك»

دەپ ئويلىدى .

قەدىردان ياقۇپ ھاجىمنى خۇالىك توپ سىتىش بازىرىدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ خوشلاشتى . ئۇ «لادا»غا چىقىۋالسا رادىلا چۈشكۈسى كەلمەيتتى ، شۇڭا «قىزىلتاغ» باغرىدىكى ساي يوللىرى- نى ، ئاسما كۆۋرۈك ئايلانمىلىرىنى چۆرگىلەپ ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا يېتىپ كەلگەندە ، مېھمانخانىنىڭ كوللىكتىپ ئاشخانىسىنى تاقىۋەتكەنىدى . كەچلىك تاماق يېيىش ئۈچۈن «دوستلۇق» تەرەپكە بېرىشقا ئېرىنگەن قەدىردان يولنىڭ ئۇ قاند- ىدىكى «ھۆسنارخان جەتنەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا كىرمەكچى بولدى - يۇ ، بىراق ھۆسنارخان ، ئاپاق توختى ، كازىملارنىڭ سۆرۈن تەلەتى كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن ، ئاستا ئارقىغا ياندى . ئەمما ، ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى . يەنە كېلىپ زۇلئاي ئەتكەن گۆشنان بۇرنىغا پۇراپلا تۇراتتى . ئاخىر قەدىردانىنىڭ ئىرادىسىدىن قورساقىنىڭ ھۆكمى غالىب كەلدى بولغاي ، ئۇ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى .

قەدىردان ئاشخانىغا كىرىشى بىلەن ھۆسنارخان ھېچ كۆرۈل- مىگەن خۇش چىراي ئېچىپ ، ئورنىدىن تۇرغانچە ھال - ئەھۋال سوراپ كەتتى :

ۋايىيەي ئۆرگىلىپ كېتەي ، قەدىردان بايۋەچچىغۇ بۇ ! ئاڭلىسام ، خوتەنلەرگە بېرىپ كەپسىز ، ئاتا - ئانىڭىز ، ئۇرۇق- تۇغقانلار تىنچلىقمىكەن ؟

— تىنچلىقكەن ، — قەدىردان مەڭدەپ قالغاندەكلا بولۇپ قالغانىدى ، — ھەرقايسىلىرىغا سالام ئېيتتى...

— ۋاي جېنىمەي ، سالامەت بولسۇن ، ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ، يۇرتىنىڭ نۇرغىنىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ . دەپ ، يۇرتىنىڭ تۇزى ، سۈيى ، ھاۋاسى دېگەن باشقا بىر گەپكەن . مانا چىرايىڭىزدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ ، — ھۆسنارخان بىرەر كىمگە شەپە بەرمەكچى بولغاندەك ، ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى ، — ھاي زۇلئاي ، زۇل- ئاي قىزىم . بۇياققا بىر چىققىنا ، شاپ بول .

يەڭلىرى تورۇلگەن زۇلئاي ئاماق ئېتىش بۆلۈمىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، قەدىردانىنى كۆرۈپ قىزارغىنىچە جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇ قەدىردانىنىڭ ياتىقىدىن ئۈمىدلىرى بەربات بولغان ھالدا قايتىپ چىققاندىن بېرى ئۇنىڭ يۈزىگە قارىيالمىغانىدى. ئۇ قەدىرداننىڭ خوتەنگە كەتكەن كۈنلەردە ھەر كۈنى «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نى قاراپ يوشۇرۇن ئاھ ئۇرۇپ. ئۈنسىز ياش تۆكۈپ. قانچىلىغان كېچىلەرنى خىيال تورلىرىغا چىرمىلىپ ئۆتكۈزمىدى دەيسىز؟ ئەمما قەدىردان خوتەندىن قايتىپ كېلىپ، بۇ ئاشخانىغا بىرقانچە قېتىم كىرگەن بولسىمۇ، زۇلئاينى كۆرەلمىگەنىدى. چۈنكى، ئۇ كۆڭۈل ئارزۇلىرىغا تونجى قېتىم قارشى ھالدا ئارقا ھويلىغا يوشۇرۇنغانىدى. مانا ھازىر ئۇنىڭدىكى نازۇك سىيماسى سۈس تىترەۋاتاتتى.

— نېمە دەيسەن، ئانا؟

شۇنىمۇ سوراش كېرەكمىدۇ، قىزىم، — ھۆسنارخان خىيالىي ئولتۇرغان قەدىردانغا دۈشمەنلىك كۆزلىرىنى تىكتى. — قەدىردان ئاكىڭىزنىڭ ئامراق ئامىقى گۆشنان قىلىپ بېرىڭ. بالام، قاراڭ، گۆشنى كۆپرەك توغراڭ.

— ماقۇل، ئانا.

زۇلئاي ئىچكىرى بۆلۈمگە كىرىپ كەتتى. ئۇ بىر چاغدىكىدەك ئانىسىغا ئارقىسىنى قىلىۋېلىپ پىياز چاناپ، گۆش توغرىغاچ، قەدىردان بىلەن كۆز سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغان ئىشنىمۇ قىلمىدى، ئاماق سۇنۇش تۆشۈكىدىن پات ـ پات مارايدىغان ئىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئەلۋەتتە ئاسانغا چۈشمەيتتى. تونجى قېتىم قەلب كۆلىگە تاش ئېتىپ، تىپتىنچ سۇ بېتىنى تەۋرەتكەن يىگىتنى ئۇنتۇماق ئۇنچىۋالا ئاسان بولمىسا كېرەك. ھۆسنارخاننىڭ ھەشقىپىچەك گۈلىدەك ئېچىلىپ، كەكلىكتەك سايراپ كېتىشىمۇ ئېھتىمال قىزى زۇلئاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، بۇ قىز ھەسرىتىنى ئانىسىغا تۆككەن بولسا، بۇ ئازازۇل خوتۇن: «قېنى بۇ گەدىنى قاتتىق بۇقا-

چاقنى بىر سىناپ باقاي، ئۇندەككە كېلەمدۇ ـ كەلمەمدۇ» دەپ ئويناۋاتقان ئويۇنلىرى بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا خوتەندىن قايتىپ كەلگىلى ئىككى ئاي بولغان ئادەمدىن، ھېلىلا كەلگەندەك ھال سوراپ كېتەمتى؟! تېخى ئارىلىقلاردا ئاشخانىغا كىرمىسىكەن كاشكى، ئۇ چاغلاردا نەدە قاپتىكىنە؟ خوددى تويدىن كېيىن ناغرا، ئاشتىن كېيىن زاغرا دېگەندەكلا بىر ئىشتە بۇ!

زۇلئاي ئۈچ بۇرجەك قىلىپ توغرالغان بىر لېگەن گۆشنانىنى سىپايىلىق بىلەن شىرەگە قويدى ھەم: «ئالدىراپلا قىلدىم، ئوخشىمىدىمىكىن» دەپ پىچىرلىغاندى، قەدىردانمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن: «سىزنىڭ قولىڭىز تەگكەن گۆشنان ئوخشىماي قالامدۇ!» دەپ قويدى. بۇ گەپ زۇلئاينىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىنى جىمىرلىتىۋەتتى، شۇڭا ئۇ دەرھال گەپنى باشقا ياققا ئېپقاچتى:

— قەدىردان ئاكا، مەكتەپكە كېچىكىپ قالمىدىڭىزمۇ؟

— ئىككى قارار ئوقۇشنى پۈتكۈزدۈم، ئەمدى بارمايمەن.

— چاينى قېنىق دەملەپ ئەكېلەيمۇ ياكى سۈسراقمۇ؟

— سۈسراق بولسۇن، بولمىسا ئادەم ئۇخلىيالمايدىكەن.

— مەنلا ئۇخلىيالمايدىغان ئوخشايمەن دېسەم... سىزمۇ...

كۆزلىرى لىممۇلىپ ياشقا تولغان زۇلئاي قايرىلىپلا ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. بۇ پىچىرلىشىش ھەم ئىككى ياشنىڭ چىرايىدىكى سوغۇق ئىلەڭگۈلەر تەجرىبىلىك ھوسنارخاننىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى. ئۇ ئىچىدە: «خەپ مۇناپىق، بۇ نوچىلىقلىرىڭنى بۇرنۇڭدىن بۇلاق، قوڭۇڭدىن بۇمىلاق قىلمايدىغان بولسام ھوسنارخان بولماي كېتەي» دەپ شىۋىرلىدى. پەشتاختا ئىچىدە چىرايى سۈپسۈر، كۆزلىرى ئالايغان ھوسنارخاننىڭ ئاغزىنى مىتىلدىتىپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۈشۈپ قالغان قەدىردان سەل تېگىرقاپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە «ھېلىلا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاتلىق گەپلەر ئانارنىڭ دانىسىدەك تۆكۈلۈۋاتاتتى، ئەمدى نېمە بولغاندۇ، سەل ئىسسەرى بارمۇ بۇ خوتۇننىڭ» دەپ ئويلىدى. ئاڭغىچە زۇلئاي بىر پىيالە بىلەن چەينەكنى پەتنۇسقا سېلىپ كۆتۈ-

رۇپ كەلدى. ئۇ چاينى ئىككى قېتىم سورۇپ شاملىرىنى چۆكتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، قەدىردانغا چاي قۇيدى. بىراق، ئولتۇرماي ئۆرە تۇراتتى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، گۆشنان بەلەن ئوخشاپتۇ، سىزمۇ تېتىپ بېقىڭ.

ھەيتاڭەي، ئۆزۈم «بەلەن» بولمىغاچقا. ئەتكەن گۆشنىمۇ بەلەن بولمىدىمىكى دەيمەن...

— كىمكەن ئۇ سىزنى «بەلەن ئەمەس» دېگەن. ماڭا دەڭە، ئۇنىڭ بۇرنىنى ئېلىۋېتەي.

— يۈزسىز! دەۋاتقان گېپىنى... — زۇلئاي تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى. — بوپتۇ، مەن ھازىر تەقدىرگە تەن بەردىم. ماڭىمۇ يەكپاي كەپىشتىن بىرى چىقىپ قالار...

زۇلئاينىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرىدە شەبنەم تامچىسىدەك ياش كۆرۈندى. ئۇ گەرچە قىزلىق غۇرۇرىنىڭ دەۋىتى بىلەن: «ماڭىمۇ يەكپاي كەپىشتىن بىرى چىقىپ قالار» دەۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما چىرايىدىكى دىل خەستىلىكتىن ئۇنىڭ تېشىدا ھېيت ئويناپ، ئىچىدە روزا تۇتۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، قەدىردان زۇلئاينىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويماقچى بولدى.

— يەكپاي كەپىش ئەمەس... — قەدىردان گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە، ئەسەت ئەرۋاھ سىرتتىن ۋارقىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى. زۇلئاي ئوماققىنا دومسىيىپ ئىچكىرىگە ئۆزىنى ئالدى.

— ياھۇي، بۇ قەدىردان ئىنىمىزغۇ، قەدەم مۇبارەك، قەدەم مۇبارەك...

— كېلىڭ، ئەسەتكا، تاماققا ئېغىز تېگىڭ.

— بولدى، قورسىقىم توق، ئۆزۈڭ ئېلىۋەر، — ئەسەت ئەرۋاھ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى، — ھە، ئىش - ئوقەتىڭ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟

— قەدىر ئەھۋال، ئىشقىلىپ، بوپقالىدۇ.

— تولا كەمتەرلىك قىلىپ كەتمە، — ئەسەت شىرەگە ئۆرۈپ

قويدى ، — ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز ، بىر غۇلاچ يەر ئېگىدىكى پىلانىنىڭ شىۋىرلىغىنىنى تۇيىدىغان سەگەك يىگىتلەر بىز .

— چوڭ ئىش يوق ، ئەسەتكا ، ئۆسەك گەپلەرگە ئىشەنمە .

— ھە راست ، ئۆتكەندە مەن دوختۇرخانىدا بىھوش ياتقاندا يوقلاپ كىرىپسەن ھەم بىرمۇنچە جوۋاپ كېتىپسەن ، — دېدى ئەسەت ئەرۋاھ ، — رەھمەت ساڭا . سەندىن خۇدا ھەققى بەك خوش بولدۇم جۇمۇ .

يېقىن - يورۇقلار ئۇنتۇرىسىدا كېسەل يوقلاش دېگەن بارغۇ .

— «يېقىن - يورۇق» دەۋاتامسەن ؟ ئەكەل قولۇڭنى ، مۇشۇ گېپىڭ ئۇچۇنلا بىر كۆرۈشۈپ قوياي ، — ئەسەت ئەرۋاھ قەدىرداننىڭ قولىنى بىر ھازا سىلكىدى ، — لېكىنزە ، سەن بىزنى كۆزگە ئىلمايسەن . ئويلاپ باقە ، بىز دېگەن بىر يۇرتلۇق ئەمەسمۇ !

قەدىردان ئىختىيارسىز زۇلئاي بىر چاغدا سۆزلەپ بەرگەن ئېچىنىشلىق پاجىئەنى ئەسلەپ قالدى . ئەسەت بىلەن ھۆسنارخان ئۇنتۇرىسىدىكى جېدەلمۇ يەنىلا قەدىردان توغرۇلۇق بولغانىدى . «قەدىردانني نېمىگە تىللايسەن ؟ ئۇنىڭدەك پەزىلەتلىك ، ئەخلاقلىق بىر بالىنى يەتتە ئىقلىمدىنمۇ تاپالمايسەن . ئۇ يا چەكمىسە ، يا ئىچمىسە ، يا ئوينىمىسا ، ئۆز ئوقىتى بىلەن ھۆرمىتى كۈندىن - كۈنگە كۆتۈرۈلۈۋاتسا . زۇلئاي ئۇنىڭغا نېمە قىلسا ئەرزىيدۇ ، ئىككىسى قاملىشىپ قالسا دوپپاڭنى ئاسمانغا ئاتە…»

ئەسەت ئەرۋاھنىڭ بۇ سۆزلىرىنى قەدىردان ھازىرغىچە ئۇنتۇغىنى يوق . ئۇ پەقەت مۇشۇ مەدھىيەسى ئۇچۇنلا بېشى يېرىلىپ ، ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى . مانا شۇندىن بېرى قەدىردان ئۇنىڭغا يامان كۆزدە قارىمىدى . ئۇ خوتەندىن كېلىپ بۇ ئاشخانىغا بىر - ئىككى قېتىم كىرگەن بولسىمۇ ، ئۇنى ئۇچرىتالمىدى ، بولمىسا بىرنەچچە ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇشنىمۇ ئويلىغانىدى . شۇڭا ، ئەسەتنىڭ : «بىزنى كۆزگە ئىلمايسەن» دېگەن سۆزىگە ئەستايىدىل جاۋاب قايتۇرۇشنى

توغرا تاپتى .

— ئەسەتكا ، بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ — دېدى قەدىردان چىچىدىپ تەلەپپۇزدا ، — سېنى كۆزگە ئىلمىغۇدەك نېمە قىلىپ قويۇپتىمەن ؟ بىرەرگە چاقىرساڭ بارمىدىممۇ ؟ دوستلىرىڭنىڭ ئالدىدا سۆيۈندۈرمىدىممۇ ؟ ياكى بىرەر گېپىڭنى ئىلىك ئالماي يىرىۋەتتىممۇ ؟

قەدىردان ئەترايقا بويۇنداپ قارىدى . ئاشخانىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . كېچە بىر ۋاخ بولۇپ قالغاچقىمۇ ، ھۆسنارخان ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندى . يەقەت زۇلئايلا تاماق ئېتىش بۆلۇمىدە نېمىلەرنىدۇر تاراقلىتىپ ، قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋاتاتتى .

بۇ دېگىنىڭ توغرا ، — ئەسەت قەدىردانغا تاماكا تۇتقۇزدى ، قەدىردان ئالغىلى ئۇنىمىدى ، — مانا مۇشۇنداق ئادەمنىڭ سۆيىنى قاچۇرىسەن ئەمەسمۇ ! ھەي ، بۇچۇ قارا ، ئوغۇل بالىنىڭ قىلمىدىغان كەيپى جۇمۇ .

قەدىردان نائىلاج تاماكىنى قولىغا ئېلىشى ، ئەسەت ئۇنىڭغا چاقماق چېقىپ بەردى .

راست دەيسەن ، بۇ چاغقىچە سېنى بىر ئوينىتىپ قويغۇم بار ئىدى ، — دېدى ئەسەت تاماكىنى شوراۋېتىپ ، — چۈنكى ئامانى زامانغا بەرمەي قاتتىق ئىشلەۋاتىسەن . ھارىسەن ، چارچايسەن ، ئىچىڭ پۇشىدۇ ، ئەمما بىرەر كېچە كۆڭلۈڭ ياپىرىغۇدەك ئويناپ قويساڭ ، لېپپىدە ھاردۇقۇڭ چىقىپ ، يېنىكلەپلا قالىسەن .

— شۇنداقمۇ ؟

قەدىردانىڭ كۆز ئالدىغا ساز چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ ، تانسا ئويناپدىغان قىز - يىگىتلەرنىڭ «رەڭلىك» ئولتۇرۇشى كەلگەندى . غەيرەت چاڭدۇ ، ئەيسا خېنەنجىر ، ئەبەي گىتارلار بىيجىڭغا كەتمەسىنىڭ ئالدىدا ئۆيى بىر قېتىم ئاشۇنداق رەڭلىك ئولتۇرۇشقا ئاپارغانىدى . لېكىن ، قەدىردان ھاراق ئەمەس . ئادەتتىكى سوغۇق ئىچىملىكمۇ ئىچمەي ، سورۇندىن چىقىپ كەتكەن...

ئەمىسە قارا ، ئەنە «ئېسىلزادىلەر مېھمانخانىسى»دىن ياتاق ئالايلى ، مېنىڭ بىر - ئىككى دوستۇم كېلىدۇ ، — دېدى ئەسەت

ئەرۋاھ پىچىرلاپ ، — سىبىنىڭ كۆڭلۈڭنى بىر ئىچىپ قوياي… قانداق دەيسەن ؟ يا بۇنىڭغىمۇ قىسرىق چىقىرامسەن ؟

— ياق… ياق ، — قەدىردان بىر ئاز ئىككىلىنىشتىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى ، — ئەتە سائەت نەچچىلەردە بارىمىز ؟

— نەق ئالتىدە ، لېكىن ئىككىمىز چۈشلەر بىلەن بېرىپ ، ياتاق ھەم ئاش - تاماقنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كېلىمىز .

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەن «غەربىي دىيار مېۋە - چىۋە شىركىتى»نىڭ توپ سېتىش بازىرىغا كېلىپ ، ئىككى قاپچىنىڭ 13 تونىنا مېلىنى تەكشۈرۈپ ئالدى ، ئاندىن «قوڭغۇرتاش» قا كېلىپ ، بىر بىسىمدارنىڭ توققۇز تونىنا گۈلە - قاق ، مونىكىنى ئالدى . گەرچە بۈگۈنكى 22 تونىنا مال ئادەتتىكىدىن قىممەت بولسىمۇ سوپىتى يۇقىرى ، سەرخىل ئىدى . بۇ ماللارنى «غەربىي دىيار» نىڭ خوجايىنى جالڭ كاللدك ، «قوڭغۇرتاش»نىڭ پوچىسى لۇك داتۇ ياكى «داخىيەن»نىڭ تاقىربېشى ياڭ مىڭسەنلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ بولغۇچە چۈش بولۇپ قالغاسدى . شۇڭا ، قەدىردان مال ئىگىلىرىگە زاكالەت پۇلى بېرىپ ، ئەتە ئەتىگەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى .

قەدىردان «لادا» بىلەن «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ، ئەسەت ئەرۋاھ جىددىيلىشىپ ئۇياق - بۇياققا بويۇنداپ قاراۋاتاتتى . ئۇ ئالدىدا چىپپىدە توختىغان ماشىنىغا قاراپلا ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك چوڭقۇر تىنىپ قويدى .

— سىنى ئەمدى كەلمەيدىغان بولدى دەپ تۇراتتىم ، — ئەسەت كابىنكىغا كىرىپ ئولتۇردى ، — نېمىلا بولسا كەلگىنىڭ ياخشى بولدى .

— ۋەدە قىلغان تۇرسام…

ئۇلار تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ «ئىسىلزادىلەر مېھمانخانىسى»غا يېتىپ كەلدى . قەدىردان 800 يۈەن پۇل تۆلەپ ، ئىككى

كىشىلىك ئالىي ياتاققا تالون كەستۈردى . ئاندىن «ئېسىلزادىلەر مېھمانخانىسى»نىڭ رېستورانىغا كىرىپ تاماق ، ھەر خىل قورۇما ، پىۋا ، قىزىل ئۈزۈم ھارىقى بۇيرۇتۇپ ، سائەت ئالتىدە ياتاققا يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمەت ھەققى تۆلىدى .

— قەدىردان ، ئاق ھارافتىنمۇ ئىككى بوتۇلكا قوشۇۋەت ، — دېدى ئەسەت ئاستا شىۋىرلاپ . — نېمىگە قارايسەن ، سەن ئىچمىگەن بىلەن ئىچىدىغانلار بار - دە....

قەدىردان «ئېسىلزادىلەر مېھمانخانىسى»غا 1600 يۈەندەك پۇل خەجلەپ قايتىپ چىقتى . ئۇ ئەسەت ئەرۋاھنى «جەننەت نېمەتلىرى» ئاشخانىسى ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى .

ھەي قەدىردان ، سائەت بەشلەر بىلەن مەشەگە مېنى ئالغىلى كەل ، بىللە كېتىمىز ، — ئەسەت ماشىنا دېرىزىسىگە ئېڭىشتى ، — ئېسىڭدە بولسۇن ، يەنە ئۇنتۇپ قېلىپ يۈرمە ...

خاتىرجەم بول ، مەن ئۇنچىۋالا ئۇنتۇغاقلاردىن ئەمەس .

— ھەي توختا ، — ئۇ ئاستا شىۋىرلىدى ، — ئېسىلرەك جابدۇنۇپ كېلەرسەن .

— شۇنىڭغا قارىغاندا ، ئېسىلزادە قىزلار كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ .

قەدىردان ماشىنىنى ئايلاندۇرۇپ كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ قارىسى كۆزدىن يوقالغاندىن كېيىنلا ئەسەت ئاشخانىغا يېنىپ كىردى . باياتىن بېرى ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان ھۆسنارخان ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ پەشتاختىغا جەينەكلىدى ھەم بېشىنى ئوغلىغا يېقىن ئەكەلدى :

— ھەي ، قانداق بولدى ؟

— بىلىق قارماققا ئىلىندى ! ئەمىسە بىلىقنىڭ يېمىدىن بەرمەمسەن ؟

— تۇتە مانا . — ھۆسنارخان پايپىقىدىن تىرناقتەك ئىككى بولاق «يەم» ئېلىپ ئوغلىنىڭ ئالىقىنىغا يۇمدۇرۇپ قويدى ، —

بېتەر مۇشۇ؟

— پەخسەقلىق قىلما، ھەرقانداق ئوغۇل بالا قىز بالىنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالغان ھامان زەھەر بولسىمۇ يۇتىدۇ، — دېدى ئەسەت ئانىسىغا قولىنى سۇنۇپ. — ئۇنىڭغا بىر كېچىدە كەم بولغاندا ئىككى قېتىم چەكتۇرىمەن، قېنى يەنە بەر.

ئەستاغپۇرۇللا، — ھۆسنارخانىنىڭ قول - كاللىپۇكلىرى تىترىدى، — يول كۆرسەتكىنىمگە تويغۇزامسەن نىمە؟

— ھەرقانداق قۇش بالىسىنى كۆندۈرگەندىمۇ، ئۇنىڭغا كۇندە دان چېچىپ بېرىدۇ، — ئەسەت ھىجايدى. — ھېلىتىن ۋايسىغىلى تۇرساڭ، ئۇنى قانداق كۆندۈرەلەيمەن؟

ھۆسنارخان ئېغىزلىرى مىتىلدىغاچ، تىترىگەن قوللىرىدا پايپىقىدىن تىرناقتەك بولاقتىن يەنە ئىككىنى ئېلىپ بەردى - دە، «كەم دېگەندە 1200 يۈەن توزۇپ كەتتى» دەپ غودۇڭشىدى، ئەمما ھېجىيىشتىن ئاغزى كالاچتەك بولغان ئەسەت ئەرۋاھ بىر گىرام-لىق تۆت بولاق خروئىننى قويۇن يانچۇقىغا سالدى.

— ھەي، ھېلىقى جالاپلىرىڭغا دەپ قوي، — ھۆسنارخان ئەتراپىغا كۆز تاشلىدى، — ھەممە ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سالسۇن، ئاۋۇ بايۇەچچە ئوغرىنى ئىزا تارتقۇزۇپ، ئەرلىك غۇرۇرىغا پايلى-ماي خروئىننى ئۆزى تەلەپ قىلىدىغان بولسۇن.

چاتاق يوق...

دەرۋەقە، شۇ كۈنى سائەت ئالتىلەردىن ئاشقاندا «ئېسىلزادى-لەر مېھمانخانىسى»نىڭ 209 - نومۇرلۇق ئالىي ياتىقىغا 17 - 18 ياشلار چامىسىدا، ئوخشاش كىيىنگەن ئىككى قىز كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ پوررەڭ خۇرۇم يوپكىلىرى شۇنچىلىك قىسقا ئىدىكى، قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان دەرەخ غولىدەك ئاپپاق، توم، سىلىق، پارقىراپ تۇرغان چوڭ يوتىلىرى خېلى بىر «يەرلەر» گىچە ئوچۇق، ھەرقانداق ئەر زاتىنىڭ ھەۋەس - ئىشتىياقىنى قوزغايتتى.

ئەسەت ئەرۋاھ ئورنىدىن تۇرغىنىچە كونا قەدىناسلاردەك غۇلا-

چىلىرىنى كىرىپ، ۋار - ۋۇر ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— ھەي... ھە! مانا شەھىرىمىزنىڭ گۈللىرى رەشىدە بىلەن ئايبىلىقنىڭ سورۇنىمىزغا داخىل بولۇشى بىز ئۈچۈن بىر ئامەت - دە، — ئەسەت قىزلارنى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدى، قىنى دىۋانغا كېلىڭلار، ئارام ئېلىڭلار. قاراڭلار تەرلەپ كەتكەنىڭلارنى، مەن سىلەرگە شامالدۇرغۇچنى ئۇدۇللاپ قوياي.

ئەسەت شامالدۇرغۇچنى ئۇلارغا قارىتىۋېتىپ، قەدىرداننى تونۇشتۇردى:

— مەن سىلەرگە بىرنەچچە قېتىم گېپىنى قىلىپ بەرگەن دوستىمىز قەدىردان بايۋەچچە بولىدۇ...

— ياخشىمۇسىز؟ — قىزلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام قىلىشتى، قەدىردانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا سۆس ئەزىم قىلدى:

— ياخشىمۇ سىلەر...

— سىلەر پاراڭلىشىڭلار، — دېدى ئەسەت تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، — مەن رېستورانغا تېلېفون بېرىۋېتەي، ئەمدى تاماقلىرىنى ئەكىرسۇن.

قەدىردان ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئىككى قىزغا چاندۇرماي نەزەر تاشلىدى. رەشىدە توخۇم يۈزلۈك، بادام قاپاق، چېقىر كۆز، سارغۇچ بۇدۇر چاچلىرى مۈرىلىرىدە يېيىلىپ تۇرغان ئۆزگىچە گۈزەللىككە ئىگە قىز ئىدى. ئايبىلىق بولسا ئاي يۈزلۈك، قاڭشارلىق بۇرۇنلىرى ناۋات سۈيىدەك پارقىراپ تۇرغان، كىرپىكلىرى قويۇق ھەم ئۇزۇن بولغاچقىمۇ، چوڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كۆرۈنىدىغان، دولقۇن - دولقۇن قارا چاچلىرى بەللىرىگە چۈشكەن، گۈزەللىكتە ئوقسانسىز بولۇپ، رەشىدەگە قارىغاندا زىلۋا ۋە سەل ئېگىزرەك كۆرۈنەتتى.

— ئەسەتكامدىن ئاڭلىشىمىزچە، تىجارەتنىڭ مېغىزىنى چاققان «بالا سەيگويۇەن» كەنسىز، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنچىۋالا ئەمەس، ئەسەتكام سەل ئاشۇرۇۋېتىپتۇ.

— 17 ياشقا كىرەر - كىرمەيلا ئاستىڭىزدا سوۋېتنىڭ «لادا»

ماشىنىسى، نەچچە يۈز تونىلاپ ماللار قولىڭىزدىن ئۆتۈۋاتسا، ئەسەتكام يەنە ئاشۇرۇۋېتەكەن بولامدا؟ راستلا كەمتەركەنسىز جۇمۇڭ...

رەشىدە تارتىنىشنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئاغزىغا نېمە كەلسە ياندۇرماي دەۋېرەتتى. بۇنداق تورگونلۇك ئايىپلىقتا يوق، ئۇ قىزارغىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ بۇنداق ئويۇن - تاماشىلارغا كىرىشكىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغاندەك قىلاتتى.

— ناھايىتى شۇ قاقچىلىق قىلىشقۇ، — قەدىردان قىزىرىپ كەتتى، — بۇ ... بۇ قانچىلىك چوڭ ئىشتى؟

— تىجارەت دېگەندە ئۇنىڭ تۈرىنىڭ قانداق بولۇشى بەرىبىر، — دېدى رەشىدە گېپىنى يورغىلىتىپ، — مۇھىمى شۇنىڭدا غەلىبە قىلىپ، يول تېپىپ كېتىشتە! مانا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكىرىدىكى جوڭ - چوڭ خوجايىنلارمۇ سىزگە «ۋاي» دەپ تۇرىدىكەنغۇ.

— ئەمدى ئۇلار مالنى مەندىن ئېلىۋاتقاچقا، ئانچە - مۇنچە ۋاي دەپ قويۇشۇش قانچىلىك ئىشتى، — قەدىردان كۈلۈپ قويدى، — مەن ئۇنى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيمەن.

بۇ جاھىل «بالا سەيگۈيۈەن»گە گەپ يېگۈزمەك تەس، — ئەسەت گەپكە ئارىلاشتى، — ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىپ تۇرىدۇ.

— بىكىسى دىبار ئادەم نېمىلا دېسە، نېمىلا قىلسا يارىشىدۇ، — ئايىپلىقنىڭ سۆزى ھەممىنى كولدۇرۇۋەتتى، — 14 ياشتىن باشلاپ كۆزگە كۆرۈنۈش ئاسان ئەمەس - دە...

ۋىيەي ما ساراڭنى، — دېدى رەشىدە دوستىنىڭ بىقىنىنى چىمداپ قويۇپ، — باياتىن بېرى ئاغزىغا نالغان سىلىۋالغاندەك ئۈندىمەي ئولتۇرىدۇ، ئەمدى قەدىردانغا يان بېسىپ كەتكىنىنى كۆرەمدۇ. ھېلىتىنلا يۈرەك پا ... پا، ئۆپكە گىز - گىز بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟

رەشىدەنىڭ گېپىدىن ھەممىسى قاتتىق كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

www.uyghurkitap.com

ئاشخانىچە رېستوران مۇلازىملىرى ئارقا - ئارقىدىن قورداق ، توخۇ قوردىقى ، توخۇ كاۋىپى ، زىخ كاۋاپ ، پەرمۇدە ، پېتىر مانتا ھەم ھەرخىل قورۇمىلار بىلەن سوغۇق سەيلەرنى ئەكىرىشكە باشلىدى . ئۇلار ئالدىلىرىغا قىزىل شالدامىلارنى تارتىپ تاماققا تۇتۇش قىلىشتى ، ئەسەت ئەرۋاھ بىلەن رەشىدە ئىككىسى شاپۇر - شۇپۇر مالاچ - مۇلۇچ ئاۋازلارنى نېمىلەرگىدۇر ئوخشىتىپ ، چاقچاقنى باشلىۋەتتى ، تاماق يېيىلىپ ، قوللارنى سۈرتكەنگە قەدەر كولكە - چاقچاق داۋاملىشىپ تۇردى . ئەسەت ئاق ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ رومكىلارغا تەڭلەپ تۇرۇشى ، قەدىردان ئۆزىنىڭ ئاق ھاراق ئىچىپ باقمىغانلىقىنى ، شۇڭا قىزىل ئۈزۈم ھارىقىدىن قويۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەنىدى ، ئەسەت قەتئىي رەت قىلدى :

— سورۇنىمىزنىڭ كەيپىياتىنى بۇزما ، مۇشۇنداق يىغىلىشىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن دەسلەپتە قىزلارمۇ ئاقتىن بىر رومكىدىن ئىچىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن تەلەپلەر بويىچە بولىدۇ...

بۇنداق سورۇنلارنىڭ رەسىم - قائىدىلىرىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان قەدىردان ئەسەت بىلەن رەشىدەنىڭ تولدۇرۇپ قويۇلغان ئىككى رومكا ئاق ھاراقنى گۈپپىدە ئىچىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئامالسىز رومكىنى قولىغا ئالدى . ئايىپلىقمۇ ھال ئېيتىپ قاقشاپ ئولتۇرمايلا رومكىنى ئالدى - دە ، قەدىرداننىڭ قولىدىكى رومكىغا ئۇرۇپلا كۆتۈرۈۋەتتى . بۇنىڭدىن باشقىلار چۇرقىرىشىپ كېتىشتى . بىر رومكا ئاق ھاراقنى قانداق ئىچىش ئازابى بىلەن ئەرلىك غۇرۇرى ئوتتۇرىسىدا خېلىلا ئىلىشىش بولغاندىن كېيىن ، قەدىردان ئەرلىك غۇرۇرىنى شەرمەندىلىككە قويماسلىق ئۈچۈن ، بىر رومكا ئاق ھاراقنى كۆزىنى يۇمۇپلا كانىيىغا ئۇردى . لېكىن قاتتىق سەسكىنىپ ، چوڭ كۆزلىرى لىپمۇلىق ياشقا تولدى ، ئىچىگە بىر كەپكۈر قوقاس تۆكۈۋەتكەندەك تولغىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى .

ئەسەت ئاق ھاراقنى رومكىدا ، قىزىلنى بوكالدا ماڭدۇرماقتا ئىدى . سورۇن كەيپىياتى بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ ، كۆزلەردە

يالقۇن، يۈزلەردە ئاتەش قىزىللىق يېلىنجىماقتا ئىدى. ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىۋاتقان هاراق زورىدىن تومۇرلاردىكى قان ئاساۋ ئاتتەك تېپچەكلەپ، ئارىدىكى پەردىشەپ، ئارتىنىش، قورۇنۇش بارا - بارا تاڭدىكى تۇماندەك كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. قىزلارنىڭ كۈلكىسى كۆپىيىپ، گەپ - سۆزى ئازىيىپ، كۆز قارىچۇقلىرىدىن سىرلىق بىر تەشنالىق يېلىنجاپ تۇراتتى.

— ئەسەت ئاكا، — دېدى ئايپىلىق كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، — ئاقتىن تولدۇرۇپ ئىككى رومكا قۇيسىڭىز، مېنىڭ قەدىردان بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۆرۈشتۇرغۇم بار. بۇ بالىغا قارىسام - قارىسام هېچ تويمايمەنغۇ...

ئايپىلىقنىڭ سۆزىدىن يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئەسەت ئەرۋاھ ئىككى رومكىغا هاراق قۇيۇۋېتىپ: «مەن باشتىلا تەلەپلەر بويىچە بولىدۇ» دېمىگەنمىدىم دەپ قويدى.

قەدىردان رومكىنى قولىغا ئېلىپ، بىر هازا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئەسەت ئەرۋاھ: «ماڭا قارىما، ئايپىلىقنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويىمەن دېسەڭ، بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى» دەپ قويۇشى، رەشىدە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا: «سەت تۇرا، ئايپىلىق ئىچكەن يەردە...» دەپ ئالدىغا تۇغان سېلىپ قويدى. دېمىسىمۇ، قىز بالا ئىچىۋاتقان يەردە، ئوغۇل بالا «يىلىم چىقىپ كەتتى» دېسە سەت تۇرىدۇ - دە.

ئاق هاراق بىلەن قىزىل هاراق ئارىلىشىپ قالغاچقىمۇ، قەدىردان ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالدى. كېيىنكى قېتىملاردا ئاق كېلەمدۇ، قىزىلمۇ، تېزىقماي ئىچىۋەردى. بۇ ئەسنادا رەشىدە ئۈنئالغۇغا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن لېنتىنى سېلىشى، ساكىستا ئورۇنلانغان يىغلاڭغۇ مۇزىكا ياڭراشقا باشلىدى. رەشىدە يەڭسىز قىزىل كوپتىسىنى سېلىۋېتىپ، ئاپپاق تور باغىردىقى بىلەنلا مەيدانغا چۈشۈپ، ئەسەتنى تانسىغا تارتتى. ئەسەت مەيدانغا دەلدەڭشىپ چۈشۈشى، رەشىدە ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ چىڭ قۇچاقلىدى؛ ئەسەت بولسا نازۇك بەللەرنى قاماللىدى. ئۇلارنىڭ ئويناۋاتقىنىنى

تانسا دېگەندىن كۆرە . «قاتتىق قۇچاقلىشىپ بىر ئۇرۇۋېلىلا مى-
دىرلاش» دېسە توغرا بولاتتى . دېمىسىمۇ ، ئۇلار بىر - بىرىگە
شۇنداق چىرمىشىپ كەتكەنكى ، قەدەم ئېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئە-
مەس ئىدى . ئاڭغىچە ئايىبىلىق قەدىردانىنى تانسىغا تارتقانىدى .
قەدىردان بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ : «مەن ئۇيناپ باقمىغان» دەپ
ئۆزرە سورىدى . لېكىن ، ئايىبىلىق : «ھېچنېمە بولمايدۇ ، قاراڭە ،
مىدىرلاپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ» دەپ ئۇنى رىغبەتلەندۈردى . ئۇلارمۇ
بىر - بىرىگە يۆگىمەچتەك چىرمىشىپ ئاستا مىدىرلاشقا باشلىدى .

— ئايىبىلىق ، كوپتاڭنى سېلىۋېتە ، — دېدى رەشىدە بېشىنى
ئەسەتنىڭ مۈرىسىگە قويغان ھالدا ، — بولمىسا ئۆزۈم سالدۇرۇۋې-
تىمەن ...

ئايىبىلىق قەدىردانىغا تەتۈر قاراپ تۇرۇپ ، كوپتىسىنى بېشى-
دىن سۇغۇرۇپ چىقىرىۋەتتى ، ئاندىن دەرھاللا قەدىردانىنى قۇچاق-
لىۋالدى . يالىڭاچ ، سىلىق ، يۇمران ، نازۇك بەللەرنى قامالىۋال-
غان قەدىردان : «بىھوش بولۇپ ، يىقىلىپ چۈشمىسەمكەن» دەپ
ئىچىدە نالە قىلدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ يۈرەك قۇشى كۆكرەك
قەپىسىنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ھەر تەرەپكە سوقۇلاتتى ،
تېپىرلايتتى ، رەئىس ئىگرايتتى ، ۋۇجۇدى بولسا قانداقتۇر سىرلىق
بىر ھارارەتتە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى . قەدىردانىڭ كۆزى
بىردىنلا غەلىتە بىر ئىشقا چۈشۈپ قالدى : ئەسەت ئەرۋاھ رەشىدە-
نىڭ بىر غېرىچ يوپكىسىنى ئارقىسىغا قايرىۋېلىپ ، ئاپپاق كالتە
ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە قوللىرىنى تىققانچە قىزنىڭ ئىككى ساغرىسى-
نى بۈركۈتتەك قامالاپ ئويناۋاتاتتى...

كېچە سائەت بىردىن ئاشقانىدى . قىزلار تازىلىق ئۆيىگە كى-
رىپ چىققاندىن كېيىن ياپپاق ، يوپكىلىرىنى سېلىپ يېتىشقا تە-
رەددۇتلەنگەنىدى . ئەسەتمۇ قەدىردانغا ئىشارەت قىلىپ ، تازىلىق
ئۆيىگە بىللە كىرىپ كېتىشتى . ئەسەت يانچۇقىدىن پال - پال
قەغەز بىلەن نەيچە ۋە سەرەڭگىنى ئېلىپ ، پال - پال قەغەز
ئۈستىگە تىرناقتەك سولياۋ خالتىدىكى ئاپپاق ئۇندەك بىر نەرسىنى

قويدى . قەدىردان ئۇنىڭ خىروئىن ئىككەنلىكىنى «مۇسابىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ بەشىنچى قەۋىتىدە بىرىنچىچە قېتىم كۆرگەنىدى . شۇڭا ، ئەسەت ئۇنىڭغا سەرەڭگىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشى ، ئۇ تەمتىرمەيلا پال ـ پال قەغەز ئاستىغا سەرەڭگە چاقتى .

— بولدىمۇ؟ — دېدى قەدىردان پال ـ پال ئۇستىدىكى خىروئىن كۆيۈپ تۈگىگەندە ، — بولا ئەمدى ، مۇشۇ ئىشنى قىلمىساڭ نېمە ...

— نېمىگە بولىدۇ ، بۇ قېتىم بەنە بىر سەرەڭگىلىك چەكسەم خۇماردىن چىقىمەن ، — ئەسەت بايىقى بولاقتا قېلىپ قالغان خىروئىننى پال ـ پال قەغەز ئۈستىگە قويدى . قەدىردان قايتىدىن سەرەڭگە چاقتى .

— قانداق ، سەنمۇ قىلىپ قويامسەن؟ — ئەسەت قەدىردانغا قارىدى ، — پەيزىنى بىردەم تۇرۇپ كۆرسەن .

— ئۆلسەممۇ قىلماسمەنا ، — قەدىردان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — بۈگۈن مانا ئاق ھاراقمۇ ، قىزىل ھاراقمۇ ئىچتىم ، تاماكىمۇ چەكتىم . ئەمدى بۇنى قىلسام ، مەن ئۆزۈمگە ئوخشىماي قالارمەن .

ئۇلار ئىككىسى ياتاققا چىققاندا ، ئىككىلا قىز يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغانىدى . ئەسەت رەشىدەنىڭ ، قەدىردان ئايبىبلىقنىڭ يوتقىنىنى قايرىپ ئاستىلا كىردى . ئىككىلا قىز يوتقان ئىچىدە ئانىدىن تۇغما ئىدى . كەڭ دېرىزىلەرگە تارتىلغان دوخاۋا پەردىلەر قېلىن ھەم ھىم كەلگەچكىمۇ ، ياتاق ئىچى تىغ ئۆتمىگۈدەك قاراڭغۇ ئىدى . پەقەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن پىچىرلاش ، نازۇك كۇلۇش ، زەئىپ ئىڭراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى…

دۇرۇس ، قەدىردان بۇنداق ئىشنى 14 يېشىدا بىلىپ ـ بىلمەي بىر ئۆتكۈزگەنىدى . ئۇ چاغدا تۈركىيەگە مەڭگۈلۈك كېتىش ئالدىدا تۇرغان مەدىنە جۇدالىق ھەسرىتى ، بالىلىق چېغىدىن بىللە چوڭ بولغان دوستلۇق رىشتى ، 13 ـ 14 ياشلارغا قەدەم ئېلىش بىلەنلا يۈرەككە تەئەللۇق بۈيۈك رىجىلەرگە قەلب سىردىشىدىن

ئەبەدىلئەبەد ئايرىلىش رىئاللىقىنى قوبۇل قىلالماي ، بۇتۇن ئىختىـ
يارىنى قەدىردانغا تاپشۇرغانىدى ... قەدىردان ئۇنىڭ ئۇچۇشقا تەلـ
پۈنگەن بىر جۈپ ئاق كەپتەردەك يالىڭاچ كۆكسىنى سىلىغانىدـ
ـرى ، مەدىنە زەئىپ ئىڭراپ ، ئۇنىڭغا چىڭ چاپلاشقانىدى . ئەمما
مەدىنەنىڭ يۈتىسىدىن يول - يول ساقىغان قاندىن قورقۇپ كەتكەن
قەدىردان بىر كىچە ئۇخلىماي ، تىترەپ ھەم جۆيلۈپ چىققانىدى .
لېكىن ، بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭغا ھەرگىز ئوخشىمايتتى . قەدىردان
17 ياشنى تولغۇتىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ . بۇنداق چاغلاردا ئەرلىك
ھورمونلىرىنىڭ راسا يېتىلگەن ساپ ۋاقتى ، ئەلۋەتتە . شۇڭا .
باغرىدا ھۆسن كامالىغا يەتكەن بىر قىز ياتسا ، ئۇنى شەيتىنى
ۋەسۋەسىگە سالماي قالارمۇ ؟ ! ئەمما ئۇ ئەسەت ئەرۋاھتەك بۇنداق
زىناخورلۇقنىڭ پىر - كامىلى ئەمەس ! شۇڭا بىرەر سائەت ئىچىدە
ئىككى قېتىمدەك بىھوش بولۇپ ، ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالدى !
لېكىن ياندىكى كارىۋاتتىن كېلىۋاتقان كۇلۇش ، چىرقىراش ، ئىڭـ
ـراش ، ۋارقىراشلار تون نىسپىدىن ئۆتكۈچە داۋاملاشتى . بۇنداق
شېرىن ئاۋازلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئايپىلىق قەدىردانىنى نو-
قۇغىلى ، تۇرتكىلى تۇردى :
— بولىڭە ، يېتىۋېرەمسىز ؟ قاراڭە ئاۋۇلارغا...
بۇنداق بىسىم تونىنى ئالغان مەجبۇرلاشلار قەدىردانىنى تېخىـ
مۇ تولگەشتۈرۈۋەتتى . ئۇنىڭ ئەرلىك غورۇرى يەر بىلەن يەكسان
بولدى . قىز بالىنىڭ بۇنداق مەجبۇرلىشى ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئېيتـ
قۇسىز نومۇس ھەم ئەلەم ئىدى .
— ئەمىسە تۇرۇڭە ، ئەسەتكامدا دورا بار . — ئايپىلىق قەدىر-
داننى يەنە تۇرتتى ، — سورىسىڭىز بېرىدۇ ، ئۇلارنىڭ نەغمىسىنى
ئاڭلاپ ياتامدۇق .
قەدىردان ئىچ كىيىمىنى كىيىپ ئورنىدىن سەكرەپ
تۇردى - دە ، ئاچچىقىدا ۋارقىرىۋەتتى :
ئەسەت ، تۇرە ئورنۇڭدىن ، — قەدىردان چىراغنى يېقىـ
شى ، ئىككىلا قىز يوتقان ئىچىگە شۇڭغۇدى ، — تازىلىق

ئۆيىگە كىرە ...

— ئەمسە چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتمەمسەن، — دېدى ئەسەت يوتقان ئىچىدە تۇرۇپ، — كىيىمىمنى كىيىۋالامدىم.

قەدىردان ياتاق چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان ئەسەتمۇ ھايال بولمايلا تازىلىق ئۆيىگە كىردى. قەدىردان ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن ھۆرپەيدى:

— ھەي، نېمانداق كېچىچە ئۇخلىمايدىكىن دېسەم، سېنىڭ دوراڭ باركەنغۇ، — قەدىردانىنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — قېنى چىقار! تووا، بۇ نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق! ئايىپلىقنىڭ ئالدىدا ئۆلدۈمغۇ...

ئەسەت چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن پال-پال قەغەز، نەيچە ۋە سەرەڭگىنى چىقىرىشى، قەدىردانىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— ھەي، دورىنى چىقار دېسەم، نېمىلەرنى ئېلىپ يۈرىسەن؟

— نەدىكى دورىكەن ئۇ؟ دورا دېگەن مۇشۇ، — ئەسەت ئاستا غودۇڭشىدى، — بايا «بىر قېتىم قىلىپ قوي، پەيزىنى ھېلى كۆرىسەن» دېسە ئۇنىمايسەن، ئەمدى ئوتتۇرا كېچىدە ئويغىتىپ ...

— ھەي، مۇشۇنىڭ خاسىيىتىما ئۇ؟ — قەدىردان ئەسەتنىڭ قولىدىكى تىرناقتەك خىروئىن بولىقىغا قارىدى، — بۇ ... بۇ راستىما؟

ئاۋۋال بىرەر قېتىم چېكىپ باقمامسەن، ئاندىن مېنى تۇت، — ئەسەت مەيدىسىگە ئۇردى، — بۇنى ئارىلاپ-ئارىلاپ بىرەر قېتىم چەككەنگە خۇمار بولۇپ قالمايدۇ. مانا مەن ئون يىل بولدى چېكىۋاتىمەنغۇ.

قەدىردان ئەمدى بۇنى قىلمىسا، يوتقانغىمۇ كىرمەي، ئايىپلىقنىڭ يۈزىگىمۇ قارىماي، مۇشۇ ئوتتۇرا كېچىدە كەتسە بولىدۇ، كەتسىغۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئەمما مۇنۇ قىزلار جەمئىيەتتە ئۇنى سېسىتىپ يۈرگۈسىز قىلىۋېتىدۇ. بولۇپتۇلا، بىرەر يىلغىچە ئارىلاپ-ئارىلاپ قىلسا خۇمار قىلماسمىش...

www.uyghurkitap.com

قەدىردان بىرىنچى قېتىم ، شۇنداق ، تۇنجى قېتىم پال ـ پال قەغەز بىلەن نەيچىنى قولىغا ئالدى .

ئاھ خۇدا ! ماۋۇ لەنىتى نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ! قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ بىر ئۆمۈر ئازاب ھەم گۇناھ ئۇچىقى بولغان ۋەيلۇن دوزاخ ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ ؟ ھەي نادان ، قولۇڭدىكىنى تاشلا ! سەن ھازىر چېكىملىك ئەمەس ، ئاپەت ھەم قىيامەتنى قولۇڭغا ئالدىڭ ! ئۇ ئامەت جەننىتىڭنى كۆل قىلىپ ، ئۆزۈڭنى ئەبەدىلئەبەد خار ۋە زەبۇن قىلغۇسى ! قانداقتۇر بوزۇق لەنىتىلەرنىڭ قەستەن قۇرغان قىلتاق ـ قاپقانلىرىغا بوينۇڭنى سوزما ، كولىغان ئورىلىرىغا پۇتۇڭنى سەپمە ! سەن دەۋرىنىڭ ئەخلەت ـ چاۋارلىرى بولغان ئايىپلىق ھەم گۇلبىلىقلارنىڭ ئازمىسىنى تولدۇرالمايسەن ! نەپسى ھام ـ ھاملىرىنى قاندۇرالمايسەن ! ئۇلار سېنىڭ ئامەت ھومايۇنلىرىڭغا كۆز ئالايتقۇچىلار ، بەخت شەربەتلىرىڭگە ئوغا سەپكۈچىلەر ، ماڭار يوللىرىڭغا ئوغرى تىكەن ئۈندۈرگۈچىلەر ! قولۇڭدىكىنى دەرھال تاشلا ، بۇ سېنىڭ ئاپەت دەشتلىرىگە ئالغان خاتا قەدىمىڭ ! بۇ بىر قەدەم ئۆمرۈڭگە يېتىپ ئاشقۇدەك ئازاب ـ ئوقۇبەت ، بەختسىزلىك ، دەردۇ ئەلەم ، ھەسرەت ـ نادامەت زەھەر ـ زۇقۇملىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ ! بۇ دىشۋارچىلىقلار ۋاقتى كەلگەندە ساڭا ئۆكۈنۈش ، پۇشايمان ، توۋا قىلىش پۇرسەتلىرىنىمۇ بەرمەيدۇ . ئەي قەلىمىمنىڭ ئابىزەمزەم شەربەتلىرىدىن قۇدرەت كامال تاپقان قەدىردان ، قولۇڭدىكىنى تاشلا ، دەرھال تاشلا ! تاشلىۋەت !

ئەمما ، قەدىردان پېقىرنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىمىدى ! ئۇ ئايىپلىقتەك بولغانغان ئەۋرەز پاقىسىنىڭ ئالدىدا ئەرلىك غورۇرىنى ، يىگىتلىك نومۇسىنى ئاقلاش ئۇچۇن پۇتۇن ـ سورۇك بىر دوزاخنى قولىغا ئالدى… بۇ پۇتۇن بەدىنىدە خىلمۇ خىل ئەرلەرنىڭ تۇرلۇك ـ تۇمەن ئىزنالىرى قالغان بىر قىز ئۇچۇن زىنهار ئەرزىمەيتتى…

ئۇ ئاقۇچ كۈمۈش رەڭ چاڭنى سۈمۈردى ! ئۇ گويا كۆكتە

ئۆچۈۋاتقاندەك، نۇرغۇنلىغان يالىڭاچ پەرىزاتلار ئىچىدە يۈرگەندەك. ئۇلارنىڭ پۈتۈن جىسمىنى سىلاۋاتقاندەك، ئۆزى شىردەك كۈچلۈك، يىلاندەك چاققان ... قىسقىسى، ئىلىم - پەن دەۋرىنىڭ تەتۇر كەشپىياتى بولغان بۇ سېھىرلىك توتۇننىڭ جەننەت ھۇزۇرىدا مەستۇ مۇستەغرەك بولدى. ئەمما، بۇ «جەننەت ھۇزۇرى» قىلتاق ھىيلىسى بولۇپ، ئۆمرى ئىنتايىن قىسقا! ئۇ ئۆز ئۆۋىسىنى يىلان - چايانلار، ئوتلۇق زەنجىرلەر بىلەن تولغان دوزاخقا تاپشۇرۇپ بېرىپلا، دەرەخ ئۇچىدىكى ئاپتاپ شولىسىدەك تېزلا يوقايدۇ. قەدىردان پال - پال قەغەز، نەيچە، سەرەڭگىلەرنى قولىغا ئالمىدى، ئۆزىنىڭ ئۆمۈر مەنزىلىدە كۆرىدىغان تارتقۇلۇقىنى، بەختسىزلىكىنى، ئاپەتلىك قىسمەت تاغلىرىنى قولىغا ئالدى! ئۇ نەيچە بىلەن ئاقۇچ كۈمۈش رەڭ چاڭنى سۈمۈرمىدى، بەلكى ئازاب دېڭىزىنى، ھەسرەت، پۇشايمان، نالە - پىغان، جۇدالىق قان - زەردابلىرىنى سۈمۈردى!

قاباھەتلىك چۈش پاتقاقلىرىغا قەدەم ئالغان قەدىردان شۇ كۈندىن باشلاپ «دۇنيادا پۇلدىن باشقا مۇنداقمۇ شېرىن چۈشلەر بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ يۈردى. بولۇپمۇ ئايپىلىقنىڭ ناز - كەرەشمىلىرى ئۇنتۇلغۇسىز شېرىن خاتىرىلەرنى قالدۇردى... ئۇنىڭ ئاشۇ سىرلىق چۈشنى سېغىنىپ قالغانلىقىنى بىلگەندەك، ھەپتە ئۆتكەندە ئەسەت ئەرۋاھ يەنە پەيدا بولدى:

— قەدىردان بايۋەچچە. مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدىلا 100 مىڭ يۈەندەك پۇل تاپتى دەپ ئاڭلايمىنا؟

ياقەي، ئۇنچىۋالا ئەمەس.

— قانداق، ئويۇنغا مەيلىڭ تارتامدۇ - يوق؟

— ھېلىقى ئايپىلىقنى چاقىرىپ كېلەمسەن؟

— ئەخمەق، ھالۋىنى كۆپ يېسەڭ مار تېتىيدۇ. دېگەن گەپنىڭ تەكتىنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن! ئۇنىڭ بىر قېتىم تۇز - تەمىنى تېتىپ بولدۇڭ، بولدى!

— ئەمىسە...

— بۈگۈن يەنە ئاشۇ «ئىسىلزادىلەر مېھمانخانىسى»دىن ياتاق ئېلىپ، تاماق بۇيرۇتايلى، قانداق دېدىم؟

— ئەمىسە يەنە شۇ...

— ھەي سارالىك، زامان نەدە، سەن نەدە؟ ئايىپلىق، ئايىلىقلا دەيدىكەنسەن. ھازىرقى ۋاقىتتا تاماقنىڭ تۈرى كۆپ دەيمەن، — دېدى ئەسەت ئەرۋاھ بىلەرمەنلەردەك گىدىيىپ، — پۇل تاپقان ئادەم خىلمۇخىل تاماقلارنى تالالاپ يەيدۇ.

ئەسەت ئەرۋاھ دەرۋەقە قەدىردانىنى ئالدىماپتۇ... ئۇ شۇ كۈنى جامالىغا قاراپ ئولتۇرغۇدەك سوزۇك، بەرنا خەنزۇ قىزىدىن ئىككىنى ياتاققا باشلاپ كەلگەنىدى...

# ئون تۆتىنچى باب

«دوستلۇق» بازىرىدىكى «ئەمەتھاجىم تېز تاماقخانىسى»نىڭ
خاس خانىسىدا «ياشلار بىناسى»نىڭ دىرېكتورى ئوبۇلھەسەن،
«كارۋان» يوك توشۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ياقۇپ ھاجىم، ناھە-
يەلىك سودا كوپېراتىپىنىڭ سەيگۇيۇەنى ماخمۇت، «بالا سەيگۇ-
يۇەن» قەدىردان ھەم ئۇنىڭ بىر مەھەللىلىك بۇرادەرلىرى ھېلىمە-
جان ئاۋاق، تۇرمەت پاكارلار ئاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرات-
تى. بۇ مېھماندارچىلىقنى خوتەندىن كەلگەن ئوبۇلھەسەن قەدىردان-
نى رەسمىيلەشتۇرۇپ، مائاش بەلگىلەپ، رەسمىي «سەيگۇيۇەن»
دېگەن كىنىشكىنى بەرگەنلىك شەرىپى ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرغانىدى.
ئەمما. قەدىردان «بۇنداق قىلىش ماڭا زۆرۈر ئەمەس ئىدى» دېگەن
ئوي بىلەن ئانچە سىنەكىمەي ئولتۇراتتى. ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن
خىيالى ئون نەچچە ئۇستام زىننەتلەۋاتقان يېڭى ئالغان ئۆيدە
قالغانىدى. «دوستلۇق» بازىرىنىڭ جەنۇبىغا بىر يۈرۈش تاۋار
بىنالار سېلىنغان بولۇپ، قەدىردان بىلەن ياقۇپ ھاجىم خىللاپ
يۈرۈپ، ئىككىنچى قەۋەتتىن 140 كىۋادرات مېتىرلىق بىر يۈرۈش
ئۆينى 280 مىڭ يۈەنگە سېتىۋېلىپ، ئالىي دەرىجىلىك زىننەتلەپ
بېرىشنى بىر ئۇستامغا 40 مىڭ يۈەنگە ھۆددىگە بەرگەنىدى. ھازىر
ئۇستامىلارنىڭ ئىشلەۋاتقىنىغا 15 كۈن بولۇپ قالغانىدى. بىراق،
بۇ ئۆي توغرىسىدا ياقۇپ ھاجىمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ھېچكىمگە،
ھەتتا ئوبۇلھەسەنگىمۇ ئۇقتۇرمىدى. ئۇستامىلار گەرچە «بىر ئايدا
پۈتىدۇ» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆيگە كۈندىن - كۈنگە ئىسكەت
كىرىپ، ئادەمنىڭ زوق - ئىشتىياقىنى قوزغىماقتا ئىدى. شۇڭا،
قەدىردان بازاردىن بىكار بولدىمۇ، ئۆينى كۆرگىلى يۈگۈرۈيتتى.
ئوبۇلھەسەننىڭ گېپى تۈگىمىگەنىدى. قەدىردان جىلە بولۇپ:

«ۋاي - ۋۇي ، بۇ ئادەمنىڭ گېپى يوق يېرى ، ئۇنىڭ بوقىدەك نىمانداق ئۈزۈلمەي چىقىۋېرىدۇ» دەپ غودۇڭشىيتتى .

— ئەمدى بۇ يەردە ، يەنى ئۈرۈمچىدە ياقۇپ ھاجىم ، مەخمۇت سەيگۇيۇەن ۋە باشقا جان كۆيەر بۇرادەرلەر بولغاچقا ، بىز خوتەندە قەدىردانىدىن خاتىرجەم ، — دېدى ئوبۇلھەسەن كەسىپى ئاتىقلاردەك گېپىگە ئىسكەت بېرىپ ، — ئاڭلىسام . مەتنۇرغۇن شىلىم . ئۇرا-دىل ياناق ، تۇرسۇن كاللا قاتارلىقلار گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ ، قەدىر-داننى قاتتىق ئۇرۇپتۇمىش . ئەگەر ئابباس بوجاڭ ئاڭلىسا ، ساقچى ئەۋەتىپ ئۇ لۈكچەكلەرنىڭ ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرىۋېتىدۇ .

— ھارىر ئۇلار ، — دېدى ھېلىمجان تەمكىن ھالدا ، — ئۈرۈمچىدىكى تۆت توپ سېتىش بازىرىدا يوق ، ئاڭلىساق ، ئا بۇ-جاڭدىن قورقۇپ خوتەنگىمۇ ئاياغ باسالمىغان ئوخشايدۇ .

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، — دېدى دۆرمەت پاكار ، ئىچكىرىدىكى قارا گۇرۇھلاردا چاپارمەن بولۇپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئوخشايدۇ .

— ئەسلىدە بىز قەدىردانىنى بۇرۇنلا سەيگۇيۇەن قىلىشقا يۇقىرىغا دوكلات يازغان بولساقمۇ ، لېكىن يۇقىرى...

— ئوبۇلھەسەنكا ، بۇ گەپلەرنى بايا دېدىڭىز ، — قەدىردان تاقەت قىلالمىدى ، — مەن «قوڭغۇرتاش» شىركىتىدە بىر كىم بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم . ئۇ كىشى مېنى ساقلاپ قالدى .

— ئۇنداقتا مەيلى ، بايىلا دېمەكچىدۇ ، — ئوبۇلھەسەن ئالمان - تالمان گېپىنى يىغىشتۇردى . — ئەمىسە مەن سىلەر بىلەن مەشەدە خوشلىشاي ، بىر-ئىر سائەت سودىلىق قىلىۋالسام يولغا چىقىمەن .

ئوبۇلھەسەن ھەممىسى بىلەن قول ئېلىشىپ چىققاندىن كېيىن ئاشخانا ئالدىدا ئايرىلىشتى . قەدىردان : «ئۆيدىكىلەرگە سالام ئېيتىپ قويۇڭ» دەپلا بىكى ئالغان ئۆيىگە كەلدى . چۈنكى ، ماشىنىسىنى ئوبۇلھەسەندىن يوشۇرۇپ بىنا قورۇسىغا قويۇپ قويغانىدى .

قەدىردان تاڭ - تۇڭ، غاز - غۇژ، ۋىڭىلدىغان، گىژىلدىغان ئاۋازلار ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرغان ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىگە چىقتى. بۇ 140 كىۋادرات مېتىرلىق چوڭ ئۆي بىر قەدەر قۇلايلىق لايىھەلەنگەن، ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن ئىككى تەرەپتە كارىدور بار ئىدى. ئوڭ تەرەپتە ئۈچ ھۇجرا، سول تەرەپتە بىر ھۇجرا، ئاشخانا، تازىلىق ئۆيلىرى ئورۇنلىشىپ، ئوتتۇرىدىكى ئەينەكلىك يۆتكەلمە جازا 38 كىۋادرات مېتىرلىق مېھمانخانىنىڭ ئىشكى رولىنى ئۆتەيتتى. مېھمانخانىنىڭ كۈنگەيگە قارىغان سەككىز مېتىرلىق ئۇزۇنلۇقتىكى پاسىل تېمى بىر يۈرۈش ئەينەكلىك دېرىزىلەر بولۇپ، بۇ دېرىزىلەر ئالدىدا ئۈچ تەرىپى ئەينەك بىلەن توسۇلغان بالكون بار ئىدى. بۇ يەردىن «دوستلۇق» بازىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

قەدىردان ئۆيگە كىرگەندە، بىرنەچچە ئۇستام تورۇسقا نېپىز رەڭلىك تاختاي قېقىپ، دولقۇنسىمان شەكىل چىقىرىۋاتاتتى. بەزىلىرى تام ئىشكاپلىرىنىڭ ئەتراپىغا مىللىيچە نەقىش ئورنىتىپ، ئىشىك قىرلىرىغا ئىنچىكە زىغزىق قاقماقتا ئىدى. كۈندىن - كۈنگە ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك ئىسكەتكە كىرىۋاتقان ئۆيدىن جېنى سۆيۈنگەن قەدىردان خۇشال ھالدا قايتىپ چىقىپ ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ: «ھېلىتىن شۇنچە چىرايلىق، پۈتكەندە قانچىلىك بولۇپ كېتەر؟» دەپ شىۋىرلىدى.

قەدىردان «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا كېلىپ بىناغا قەدەم ئېلىشى، ۋىجىك قارا پاتەم: «ھەي قەدى ئاۋاق» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ بېشى پەشتاختىدىن بىر غېرىچلا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ قەدىردانىنى ئۆز ئىنىسىدەك كۆرگەچكە، ھەرخىل چاقىرىپ، تىللاپ، ئامراقلىقىنى ئىپادە قىلاتتى.

— ھەي قەدى شىپتىراڭغۇ[1]، ساڭچۇ قارا، ئايروپىلان راكىتا خەت كەپتۇ، — ۋىجىك قارا پاتەم خەتنى پەشتاختىغا

---

1 شىپتىراڭغۇ — ئورۇق، ئېگىز مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com

تاشلىدى . — تېخى كۆلىدىن دېگىنە . ھەي ساقال تارغىقى ، ئىچىپ باقە قېنى ، ئىچىدە نېمە باركىن ؟

— نېمە بولاتتى ئۇنىڭ ئىچىدە ، — دېدى قەدىردان خەتنى قولىغا ئېلىپ ، — ساڭا ئوخشاش قارا خوتۇندىن بىرى بار .

— ھۆ بېشىڭنى يەيدىغان مەدەك ! مېنى تېخى قارا خوتۇن دەيدا ، مەنچۇ ئۆزۈمنى تى - تى چوكانلارغا تەڭ قىلمايمەن .

ۋىجىك قارا پاتەم راسا ۋاتىلداۋاتقاندا ، قەدىردان ياتىقىغا چىقىپ بولدى . ئۇ خەتنى ئالدىراپ ئاچقانىدى ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئايروپىلان بېلىتى بىلەن بىر پارچە خەت چىقتى . ئادەتتىكى ئۆزىنىڭ كەسپىگە ئائىت تىل ۋە خەتنى «پۇختا ئۆگەندىم» دەپ نوچىلىق قىلىدىغان قەدىردان بىر پارچە سوۋاشما خەتنى تاتىلاشتۇرۇپ ، بىر نەچچە خەتلەرنى تونۇيالىغان بولسىمۇ ، ئاساسىي جەھەتتىن ئوقۇيالمىدى . بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە ۋىجىك قارا پاتەم كەلدى . بۇ خوتۇن كۆرۈمسىز ، ۋات - ۋات بولغىنى بىلەن ، كىچىكىدىن تارتىپ خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغاچقا ، خەنزۇ تىلىغا ئۇستا ئىدى . قەدىردان خەتنى كۆتۈرۈپ بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ ، پەشتاختا ئالدىغا كېلەر - كەلمەي ، پاتەمخان ۋارقىراپلا كەتتى :

— ھە نوچام ! خەت ئىچىدىكى قارا خوتۇن ئەسقاتمىدىما ؟ ئەجەبمۇ سەت ھىجىيىپ كېلىپ قاپتۇقا ؟

— جېنىم ئاچا ، يەنىلا سەن ياخشىكەنسەن ، بۇنى ئوقۇپ بەر ، — قەدىردان خەتنى تەڭلىدى ، — ئويلاپ باقسام ، بۇ جاھاندا سېنىڭدىن دانا تەرجىمان يوقكەن .

— ھە ، ئاچاڭنى تونۇدۇڭما ، رەپرەپ ! مېنىڭ ئالدىمدا تولا يوغان پوقلۇق قىلما ، بولامدا ؟

— چوقۇم ... چوقۇم ... جېنىم ئاچا ، تېزرەك ئوقە...

ۋىجىك قارا پاتەم خەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، كالپۇكلىرىنى قورۇپ ھۇشقىرتىۋەتتى :

— ئوھوي ! قەدى دوراخ شوتىسى ، ساڭا ئامەت كەپتۇ ، ئامەت ! سۆيۈنچە بەرمىسەڭ دېمەيمەن .

— ئاۋۋال دېمەمسەن، نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئاندىن بەرمەمدىم.
— ياق، ئاۋۋال سۆيۈنچىنى بەر، بولمىسا دېمەيمەن.
قەدىردان يانچۇقىغا قولىنى تىقىپلا 100 يۈەننى پەشتاختىغا تاشلىدى:
— ئەمدىغۇ دەرسەن؟
— قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، ماتائىچىنىڭ كەكىسى، — پاتەمخان خەتكە سىنچىلاپ قارىدى، — سېنى سۆڭ جىجۇڭ دېگەن بىر ئەپەندى فۇجيەن ئەنبو شەھىرىگە تەكلىپ قىپتۇ! تېخى ئايروپىلان بېلىتىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ!
— ئايروپىلان بېلىتى قاچانىڭكىكەن؟
— قېنى قاراپ باقاي، — ۋىجىك قارا پاتەم ئايروپىلان بېلىتىنى قولىغا ئالدى، — ئۆگۈنلۈككە چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تىن 53 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇچىدىكەن.
— رەھمەت، پاتەمخان ئاچا، — قەدىردان ھاياجانلانغىنىدى، — سەن بەك ياخشى جۇمۇ، — قەدىردان خەت ھەم بېلەتنى ئېلىپ مېڭىشى، پاتەمخان 100 يۈەننى ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.
— ھەي غاز بويۇن، ئىچكىرىدىن ماڭا ئوبدانراق بىر نەرسە ئالغاچ كەل.
— كىيىم - كېچەككە تەئەللۇقما؟
— ياق، ئەتىر، ئەتىرسوپۇن، يۇزماي دېگەندەك بىر نېمىلەر...
— ئۇلارنى قانچە ئىشلەتسەڭمۇ بەرىبىر ئاقارمايسەن!
قەدىردان پاتەمخاننىڭ سەت تىللىرىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن قۇلىقىنى ئىككى بارمىقىدا ئېتىۋېلىپ، يوگۇرگەنچە ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ كاستۇمىنى ئالدى - دە، سىرتقا يوگۇردى. سائەت تېخى بەش بولمىغانىدى. ئۇ بۇ خۇش خەۋەرنى ياقۇپ ھاجىمغا يەتكۈزمىسە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

قەدىردان پەلەمپەيدىن ئېغىشىپ پەسكە قارىۋىدى، نۆۋەتچى خانىسىنىڭ پەشتاختىسىدا پاتەمخان كۆرۈنمىدى. ئۇ تېز - تېز مېڭىپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

«لادا» شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىغا چىققۇچە ئېغىر - بېسىق ماڭغان بولسىمۇ، شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىن قايرىلىپ داجەيگۇ يولىغا چۈشۈش بىلەن قۇيۇندەك ئۇچتى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە داجەيگۇ ئاپتوبۇس بېكىتىدىن ئوڭغا قايرىلىپ، ئاھالىلەر كوچىلىرى بىلەن تۇڭگاننىڭ قورۇسىغا يېتىپ باردى. ياقۇپ ھاجىم ئىشىكنى گۆپلا قىلىپ يېپىپ، توز قۇلۇپنى ئېتىۋېتىپ تۇرۇشى، قەدىردان كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشىككە قايتىدىن ئاچقۇ سېلىپ ئاچتى.

— ھەي تېخى بايىلا ئاشخانىدا بىللە بولمىدۇقمۇ، يەنە نېمە قاساۋاسادەك يېتىپ كەلدىڭ؟ — ياقۇپ ھاجىم ياسىما ئاچچىقلاشقا ئۇستا ئىدى، — ماڭە ئۆيگە كىر.

— ھاجىمكا، بىر مىنۇت ئاۋارە قىلىمەن.

قەدىردان سۇڭ جىجۇڭ خوجايىندىن كەلگەن خەت بىلەن ئايروپىلان بېلىتىنى كۆرسىتىپ، ئۆگۈنلۈككە چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تىن 53 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇچىدىغانلىقىنى ۋە بېرىش - بارماسلىقىنى سورىۋىدى، ياقۇپ ھاجىم سەل تېگىرقاپ قالدى.

— سۇڭ خوجايىن ئەجەب سىنى ئويناتقۇسى كەپقاپتۇ، بۇنىڭدا باشقا ئويۇن يوقتۇ؟ — دېدى ياقۇپ ھاجىم پېشانىسىنى چەمەك قولىدا تاتىلاپ، — بۇ توغرۇلۇق سېنىڭ خەۋىرىڭدە بارمۇ - يوق؟

— بار، — قەدىردان كېسىپلا جاۋاب بەردى، — ئۇ ماڭا بىر قانچە قېتىم: «ساڭا قاق پىششىقلاپ چىقىرىدىغان زاۋۇت، شىركەتلەرنى بىر كۆرسەتمىسەم بولمايدۇ» دەپ ئېيتقان.

— ئۇنىڭ مەقسىتى بۇلا ئەمەستۇ، سودىگەر دېگەننىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى، كۆزىنىڭ ئارقىسىدا كۆزى بار خەق.

— سۇڭ خوجايىن ئۇنداق ئەمەس، كۆڭلى ئوبدان ئادەم، — دېدى قەدىردان، — مېنىڭ ئايدا 240 تونىنا مال يەتكۈزۈپ بېرىش

ۋەزىيەم ئاخىرلاشتى . چۈنكى ، ئۇ بىرىم يىللىق توختام ئىدى .

ئۇنداقتا بۇ قېتىم سىنى ئويىتىشنىڭ بەدىلىگە يېڭى توختام تۈزمەكچى ئىكەن ـ دە ؟

— توغرا ، مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم شۇ .

— ئۇنداقتا بارساڭ بارغىن ، — ياقۇپ ھاجىم ئۇنىڭ بىرسىنى تۇتۇۋېلىپ قويدى ، — ئەمما بۇ يەردىكى ئىشلارغا توقۇنۇشۇپ قالماس ـ ھە ؟

— يېڭى قاقىنىڭ بازارغا كىرىشىگە 15 — 20 كۈن بار ، — قەدىردان بارماقلىرىنى سانىدى ، — مەن ئون كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلىپ ، قىيالىق بوز يەر مەيدانى ۋە بۇزاق ، لايقا ، باغچە يېزىلىرىغا بارمىسام بولمايدۇ .

— نېمىشقا ؟

— ئۇلاردىن خەۋەر كەلدى . ماللىرىنى يۆتكەشكە قاتناش ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينىلىدىكەن ، شۇڭا يۆتكەشنى بىرەر ـ ئىككى كالونغا ھۆددىگە بېرىمەن .

— ئالدىڭغا كەلگىنىڭدىن ، ئالدىغا بېرىپ ئالغىنىڭ كۆپ ئەرزان بولىدىغاندۇ ؟

— ئەلۋەتتە ، شۇڭا سۇڭ لوبەن بىلەن تۈزگەن بىرىم يىللىق مالدىن ماڭا 820 مىڭ يۈەن قالدى ئەمەسمۇ !

— پاھ ، ئۇنداقتا ماڭا 200 مىڭ يۈەن بېرىپ تۇر ، يەنە ماشىنا ئالىمەن .

— ھازىرلىما ؟

— ياق . سەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن .

— ھاجىكا ، ئەمىسە ئۆي سىزگە قالدى .

قانداق ماتېرىيال ئىشلىتىش توختامدا بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرى بىلىپ ئىشلەۋېرىدۇ . مەن ئەتە تۇرپانغا مال ئارتىمەن . لېكىن ، خاتىرجەم بول ، بىكارلا بولسام بېرىپ تۇرىمەن .

ھاجىم قەدىردانىنى ئۇزىتىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە «ئاقىۋول بولسۇن» دەپ ۋارقىراشتى . «لادا»

ئاڭغىچە كوچا دوقمۇشىدىن ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئە-
سەت ئەرۋاھىنىڭ سايىسىدا «ئوۋ ئوۋلاش»نىڭ ئەمىنى ئوبدانلا تې-
تىپ قالغان قەدىردان ماشىنىسىنى «ھۆسنارخان جەمەت ئىشلەن-
رى ئاشخانىسى»نىڭ ئالدىدا توختاتتى. ئوچۇق ئىشىكتىن
«لادا»نى كۆرۈپ قالغان ھۆسنارخان پەشتاختا ئىچىدە دىككىدە
ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئۇنىڭ بىر پۇتى مېنىڭ بوسۇغامنىڭ ئىچىگە
كىرىپ بولدى» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشى، قەدىردان
كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆسنارخان ئاچا، ئىش - ئوقەتلىرى
بەرىكەت تاپقاي!

— ۋاي ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن، — ھۆسنارخان ئىچكىرىگە
قاراپ ۋارقىرىدى، — زۇلئاي، ھاي زۇلئاي قىزىم! شاپ بولۇڭ،
قىممەتلىك مېھمان كېلىپ قالدى!

نېمە دەيسىز، ئانا؟ — ئالدىغا پەشتاما تارتقان زۇلئاي
پەيدا بولدى. ئۇ قەدىردانىنى كۆرۈپلا قىزىرىپ كەتتى، يەنە شۇ
گۆشنانىنىڭ گېپىدۇ تايىنلىق.

— ئەلۋەتتە، بالام، ئەلۋەتتە...

ئىچكىرىگە زىيارەتكە مېڭىشنىڭ ئالدىدا گۆشناندىن بىر
يەۋالاي دەپسىز - دە، قەدىردان ئاكا! — دېدى زۇلئاي چىرايلىق
كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — بولىدۇ، مەن ئاغزىڭىزدا قالغۇدەك
قىلىپ بېرەي.

— سىز نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دىن تاماق يېگىلى كەلگەنلەر
شۇنداق دەيدۇ.

قەدىردان ئىچىدە: «پاتەمخان ئاچام ھەممىگە بەتكۈزۈپ
بوپتۇ - دە» دەپ تۇرۇشى، سىرتتىن 60 ياشلاردىكى قورساقلىق،
قوش ئېڭەك، قاشلىرى سارغۇچ، چېقىر كۆز، يۈزلىرى گىردە
ناندەك قىزارغان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى - دە، پەشتاختىغا
يۆلەندى. ئۇ ئاستا پىچىرلاپ، بىر سىقىم پۇل تەڭلىگەنىدى،

ھۆسنارخان ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق قارىغىنىچە ، پەشتاختا ئاستىدىن بىر نىمىنى ئېلىپ بەردى . ھېلىقى ئادەم ئالىقىنىدىكى نەرسىنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ ، ئـۆزىگە تىكىلىپ تـۇرغان قـەدىردانىنى كـۆرۈپ قالدى ـ دە ، ئوچۇق چىراي بىلەن يېتىپ كەلدى . بۇ ئادەم «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى »نىڭ بەشىنچى قەۋەت ئوپچە ياتىـقىدىكى خروئىن ، نەشە چېكىدىغانلار ۋە ھاراقكەش ، قىمارۋازلارنىڭ ئولپەتلىرىدىن بولۇپ ، قەدىردانىغا بىرىنچى قېتىم ھاراق ئىـچۈرگەن ئابىخان لومپا ئىدى . ئۇ ئۇرۇمچىدىكى كاتتا باي ئابدۇلباقى تۆمۈرقولنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىنىلىرى زاھىر لومپا ، بارى لومپىلار گىلەمچىلىك بىلەن بېيىغان مىليونېر بايلاردىن ھېسابلىناتتى .

— ھوي ، بۇ ئابىخان ئاكامغۇ ، قېنى ئولتا ، — قەدىردان ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى ، — زۇلئاي ، ھاي زۇلئاي قىز !

— نېمىش ، قەدىردان ئاكا ؟ — ئىچكەكى بۆلۈمدىكى تاماق سۇنۇش تۆشۈكىدە زۇلئاي كۆرۈندى . — گۆشنان تەييار بولاي دېدى .

— تەييار بولغىنىنى ئەكىلىڭ ، مېھمىنىم كېلىپ قالدى . گۆشناندىن يەنە تەييارلاڭ .

— بولىدۇ ، ھېلىلا تەييار بولىدۇ .

— بـەك جـوۋاپ كەتمىگىنى ، ئـۇكا ، — دېدى ئابىخان لـومپا . — قايتا بۇيرۇتمىساڭمۇ بولاتتى .

— ئۇزاق بولدى كۆرۈشمىگىلى ، بىردەم ـ يېرىمدەم پاراڭلىـشمىز ، — قەدىردان ئابىخاننىڭ ھۆسنارخاندىن نېمە ئالغانلىقىغا قىزىقىپ قالغانىدى ، — بۇ يەرگە كېلىپ قاپسەنغۇ ، ھۆسنارخان ئاچىمىزدا بىرەر ئىشىڭ بارمىدى ؟

— مانا مۇشۇ ئىش ، — ئابىخان شىرە ئاستىدا ئالىقىنىنى ئېچىۋىدى ، تىرناقتەك ئۈچ بولاق خروئىن كۆرۈندى . — بىر چوكان بىلەن دېيىشىپ قويغان ، بوگۈن كېچە كەلمەكچى . مۇشۇ بولمىسا ئىشىمىز چاتاق ...

— بۇنىڭغا قاچانلاردا كۆنۈۋالدىڭ ؟

— ۋاي ، مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن . — ئايخان چىرايىدا تۇتۇپ قويدى ، — ماڭا قارىغاندا زاھىر . بارى ئۆكسىلىرىم سەل كۆتىرىلگەن ، ئاممىزە بۇ كاساپەتكە كۈنىگە نەچچە يۈز يۈەن يەتمەيدىكەن ئەمەسمۇ .

— بۇ نەرسىنى چېكىپ ، قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن خۇمار تۇتىدىغان بولىدىكەن ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم ، مانا بىر ئايدىن بېرى ئۈچ قېتىم چەكتىم ، خۇمارى تۇتمىدىغۇ .

— شۇنداقمۇ ؟ — قەدىردان يېنىك تىندى ، — ئۇنداقتا خەقلەرنىڭ ، بىرەر يىل ئارىلاپ - ئارىلاپ چەكسە خۇمار قىلمايدۇ ، دېگىنى راستكەن - دە .

— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ ، ئۇكا ، — پىچىرلىدى ئايخان ، — بەزىلەرنىڭ بەش - ئالتە قېتىم قىلىپلا خۇمار بولۇپ قالغىنىنى كۆردۇق .

ئۇلارنىڭ ئالدىغا توغرالغان گۆشنان ، ئارقىدىن قىزىق چاي كەلدى . ئۇلار : «قېتى ئال» ، «ئالمامسەن» دېگەندەك تەكەللۇپلار بىلەن تاماققا تۇتۇش قىلىشتى . دەل بۇ چاغدا بوي - تۇرقى ئېگىز ھەم غوللۇق ، مەيدىسىدىن تارتىپ كىندىكىگىچە قورسىقى تەكشى بوغنىنىغان ، قارىمۇتۇق ، سېمىز يۈزىدە سەپكۈنى بار ، 45 ياشلاردىكى ساقچى فورمىسى كىيگەن بىر ئادەم ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى . ئۇنى كۆرگەن ھۆسنارخان ھېچ كۆرۈلمىگەن ھاياجان بىلەن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىۋەتتى :

— ۋاي خۇدايىم ، بۇ ئابلىپىز جوجاڭغۇ ، قاياقتىن كۈن چىقتى ! كۆزلىرىمگە ئىشىنەلمەيلا قالدىمغۇ ، — ھۆسنارخان يېرىنىش - يېنىشلاپ تەزىم قىلماقتا ئىدى ، — قاچان كەلدىلە ، بىرەر يىغىنغا كەلگەن ئوخشىمامدىلا ؟

— شۇنداق ، بۇگۈن ئۆزلىرىنى يوقلاشقا ئاتايىتەن ۋاقىت چىقاردىم ...

— ۋاي ، ۋاي ··· خويمۇ بەلەن جۇجاڭغۇ سىلى ، يۇرسىلە ، مەن سىلىنى پىنھان بىر خانىغا باشلاپ ، شۇ يەردە كۆتۈۋالاي ، — ھۆسنارخان ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى ، — ھاي زۆلئاي ، زۆلئاي دەيمەن !

— نېمە دەيسەن ، ئانا ، — زۆلئاي ئىچكىرىدە تۇرۇپ ۋارقىرىدى ، — بىر ئىشىڭ بارمىدى ؟

— قولۇڭدىكى ئىشىڭنى داداڭغا بېرىپ ، كاسسىدا بىردەم ئولتۇرۇپ بەر .

— ماقۇل .

ھۆسنارخان ئابلىپىزنى ئايرىم خانىغا ئەكىرىپ كەتتى . زۆلئاي ئاشخانا زالىغا چىققانچە قەدىردانغا : «گۆشنان پىشىپ قالدى . ھېلى ئاچىقىپ بېرىمەن» دەپ قويۇپ ، پەشتاختا ئىچىدىكى كاسسىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— قەدىردان ، — دېدى ئابىخان ھۆسنارخانلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ، — بايىقى قارا چوشقىنى تونۇمسەن ؟

— ياق ، تونۇمايمەن .

— ئۇچۇ قارا ، خوتەندە جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابلىپىز دېگەن شۇ . ئۇچىغا چىققان پارىخور ، خىيانەتچى ، — ئابىخان يەنە چىرتتىدە تۈكۈرۈپ قويدى ، — ئەگەر پۇلنى جىق بېرىدىغان بولساڭ ، ئاقنى قاپقارا ، قارىنى ئاپپاق قىلالايدۇ ···

— ئۇنداقتا ھۆسنارخان بىلەن قانداق تونۇشلۇقى باردۇ ؟

— خوتەندە بۇ قارا چوشقىنى ھۆسنارخاندەك دەزى بار ، سىبىسىق تۇخۇم تىجارەتچىلەر سەمرىتىۋەتكەن .

ناماق ئېتىش بۆلۈمىدىن ئاباق توختىنىڭ «زۆلئاي» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى كېلىش بىلەن ، كاسسىدا ئولتۇرغان قىز ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى - دە ، بىر لېگەن توغرالغان گۆشناننى قەدىردان بىلەن ئابىخاننىڭ ئالدىغا قويۇپ ، ئاندىن سىركايىلىرىنى ئېلىپ قويدى .

ئابىخان جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابلىمىزنىڭ خونەندە قىلغان ناھەقچىلىك ئىشلىرىنى سۆزلەپ بولغۇچە، ئىككىنچى قېتىملىق گۆشنانىمۇ يېيىلىپ بولدى . ئۇلار جايلىرىنى ئېچىپ بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . قەدىردان ئابىخاننىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ماشىنىسىغا سېلىپ ئەكەتتى . ئۇلار «دۆڭكۆۋرۈك»كە كېلىشى بىلەن ، ئابىخان قەدىردانىنى : «دۇكانلارنى كۆرۈۋال ، بىرەر ئىشىڭ چىقىپ قالسا ئۇتتۇرلا كېلىسەن» دەپ تۇرۇۋېلىپ ، قەدىردانىنى يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى گىلەم دۇكانلىرىغا ئەكىردى . تۇرۇش بىلەن تەڭ بېسىلىپ كەتكەن ، يەرلەردە دەستىلەنگەن ، تۈرمەلىلەپ تاملارغا يۆلەۋەتكەن خوتەن گىلىمى ، ئىمپورت - ئېكسپورت گىلەملىرى ، يىپەك گىلەم ۋە تۈركىيەنىڭ ئارىلاشما تالالىق گىلەملىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن شۇنچە چوڭ يەر ئاستى بۆلۈمدە پۇت پاتقۇدەك يەر قالمىغانىدى .

— يەر ئۈستىدە يەنە ئىككى دۇكىنىم بار ، كۆرۈپ باقامسەن ؟

— بولدى ، ئابىخان ئاكا ، بۇ نىمىدېگەن كۆپ گىلەم ! — قەدىردان يەر ئۈستى بۆلۈمىنىڭ يىراق بۇلۇڭلىرىغا قارىدى ، — ئاڭلىسام ، چەت ئەلدىمۇ دۇكانلىرىڭلار بارمىش .

— تۈركىيەدە ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاشكەنت ، بىشكەك ، دۇشەنبە ، ئالماتالاردا بار . شۇڭا ، دادام بىر يەردە جىم تۇرماي قاتناپ يۈرۈپلا ھاردۇق يەتكەنمۇ ، تۈگەپ كەتتى .

قەدىردان ئابىخان لومپا بىلەن خوشلىشىپ ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى . ئۇ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ياتاق ئالدىغا كېلىشى ، بىر قارا كۆلەڭگە تامغا يۆلەنگىنىچە يەردە ئولتۇرۇپلا ئۇخلاپ قالغانىدى . قەدىردان ئۇنىڭغا ئېگىلىپ قاراپ ، ئەسەت ئەرۋاھ ئىكەنلىكىنى تونۇدى . لېكىن ، ئەتراپقا تارىلىۋاتقان بەتبۇي پۇراقتىن ئۇنىڭ ئېغىر مەستلىكى بىلىنىپ تۇراتتى .

— ئەسەتكا ، ھەي ئەسەتكا ، كۆزۈڭنى ئاچ دەيمەن . تۇرە ئورنۇڭدىن .

— ۋاي - ۋۇي ، كىم ئۇ مېنى تارتىشتۇرۇپ يۈرگەن ، — ئەسەت كۆزىنى لەپپىدە ئېچىپ ، قەدىردانغا چەكچىيىپ قارىدى ، — ھوي ، بۇ قەدىردان بايۋەچچىغۇ ! بۇ ... بۇ ئالا كېچىدە نەگە باردىڭ ؟ ئايىپلىق قوينىنى ئېچىپ تۇرۇۋېتىكەنمۇ ؟

— تۇرە ئورنۇڭدىن ، قارا ، كىيىملىرىڭنىڭ مەينەت بولۇپ كەتكىنىنى ، — قەدىردان ئەسەتنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى ، — بۇ يەردە كىمنى ساقلاپ تۇرغان ؟

— سېنى ساقلىماي ، ئانام دېگەن مادا ئېشەكنى ساقلىمىتىم ، — ئەسەت شالاقىدە تۇكوردى ، — ئۇ قېرى پاقا پۇل دېسەم بەرمىسە ، چېكىندىغىنىمنى بەر دېسەم ئۇنىڭغىمۇ پىخسىقلىق قىلسا ! گۆرىگە ئېلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ ، شاۋچى !

— خەجلەيدىغان پۇلۇڭ قالمىغانمىدى ؟ — قەدىردان يانچۇقىدا قالغان ھەممە پۇلنى چىقىرىپ بەردى ، — 400 يۈەن چىقارمىكىن ، يېنىمدا بارى شۇكەن .

— ھەي ، ھەي ، بايۋەچچە ، بىرەر مىڭ يۈەنمۇ چىقىرىپ بېرەمسىڭىز ، — ئەسەت سەنتۇرۇلۇپ كەتتى ، — بۇنداق قىلساڭ ، ئاق چەككىنىڭنى ياقۇپ ھاجىمغا دەپ قويىمەن جۇما ! بولمىسا ئايباس بۇجاڭغا خەۋەر قىلىمەن ...

— سەن مېنى قورقاتماقچىما ؟ ئەكە پۇلنى ، نەگە بېرىپ دېسەڭ دېگىن ، — قەدىردان ئاچچىقىدا قولىنى سۇنۇشى ، ئەسەت قولىنى شارتلا تارتىۋېلىپ ئارقىغا داجىدى :

— چاقچاق قىلدىم ، ھەي ، چاقچاق قىلدىم . چاقچاق قىلغاننىمۇ بىلمەمسەن .

قەدىردان ئەسەت ئەرۋاھنى كوچىغىچە ئاچىقىپ ، يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئاشخانىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇپ يېنىپ كەلدى . ئۇ ياتاقتا ئۇستىدىكى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ، ئاسما مايكا ، كالتە ئىشتان بىلەنلا كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ پۇتلىرىنى يۇدى . ئاندىن يۈز - بويۇن ، چاچلىرىنى يۇيۇپ يۇندىلىرىنى تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن يېپ - يېنىك بولۇپ قالدى . ئۇ كارىۋات يۆلەنچۈكىگە ياستۇقنى تىرەپ

ئولتۇرغاندىن كېيىن تىڭشىغۇچنى قۇلىقىغا تىقىپ، يانچۇق ئۈن-ئالغۇسىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى - دە، خەنزۇ تىلى سۆزلىشىش مەشىق دەرسىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۆگىنىشكە شۇنچە بېرىلىپ كەتتىكى، بىردەمدىلا سائەتنىڭ 12 بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. شۇڭا، ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرۇشى ئىشىك چېكىلدى. قەدىردانىنىڭ كۆڭلىگە دەرھاللا ئەسەت ئەرۋاھ كەلدى. ئۇ مەستلىكتە يېنىپ كەلگەن بولسا ھېچنېمە دېگىلى بولمايتتى. بۇ ئەسنادا ئىشىك يېقىمدەك يەنە بوش ۋە رىتىملىك چېكىلدى. ئەگەر ئەسەت ئەرۋاھ بولسا مەستلىكتە قانداق ئۇرغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ شۇنداقتىمۇ قەدىردان بوش ئاۋازدا: «كىم» دېيىشى، ئىنتايىن نازۇك ۋە تونۇشلا ئاۋاز: «مەن» دەپ جاۋاب بەردى. يۈرىكى بىردىنلا ئويناپ كەتكەن قەدىردان ئىشىكنى ئېچىپلا: «ئايبىلىق» دەپ توۋلىۋەتتى.

قەدىردان قىزنى ياتىقىغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭغا چايداندىن قىزىق چاي قۇيۇپ، پېچىنە - بولكىلارنى ئېلىپ قويدى. لېكىن، قىز چاينى ئىچكەن بولسىمۇ، باشقا نەرسىلەرگە قول ئۇزاتمىدى.

— بۇ كېچىدە قانداق كەلدىڭىز؟

— ئاپام بىلەن دادام يۇرتىغا تۇغقانلارنى كۆرگىلى كەتتى، ئىككى ئاچامنىڭ بولسا ئۆيى بار، — دېدى ئايبىلىق يەر بېقىپ ئولتۇرۇپ. — شۇڭا زېرىكىپ سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم.

ئايبىلىقنىڭ كېپىنىك ئورنىدىن قونغىلى كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەمدى بۇ چاغقىچە كېچىلىرى ياتاقلارنى تەكشۈرىدىغان ئىشلار بولۇپ باقمىدى. بىراق، ساقچىلار قارارى يوقلا گۈلدۈرلەپ «قارا باستى» قىلىدىغان ئىشلار بەزىدە بولۇپ قالاتتى. لېكىن، بۇ قىزنى ئوتتۇرا كېچىدە قانداقمۇ «كەت» دېگىلى بولسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەدىردانىڭمۇ كەتكۈزگۈسى بولمىسا... قورقۇش، ئەندىشە، ۋەھىمىدىن كۆڭۈل ھۆكمى ئۈستۈن كەلدى. ئۇلار كىيىملىرىنى سېلىپ يېتىشقا تەرەددۇتلەنگەندە، ئايبىلىق قول سومكىسى ئىچىدىن پال - پال قەغەز، سولياۋ نەيچە، سەرەڭگە ئالدى.

بۇنىڭدىن قەدىردانىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى. بىراق، قىز ھېچنېمىدىن ئەندىشىمۇ قىلماي كۈلۈپ تۇراتتى:

— ماۋۇ پال - پال قەغەزنى «قىزىل مۇنار» تاماكا قېپىدىن ئېلىۋالدىم، ماۋۇ بولسا سوغۇق ئىچىملىك نەيچىسى، سەرەڭگىنى دۇكاندىن ئالدىم، — ئايپىلىق گىرىم قاپچۇقىدىن ئىككى بولاق خروئىننى ئېلىپ كارىۋات ئۈستىگە تاشلىدى، — بۇنى بولسا ھېلىقى كېچىسى ئەسەتكامنىڭ يانچۇقىدىن ئوغرىلىۋالغان.

قىلامدۇق؟! — قەدىردان قىزنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— قىلىلى! — قىزمۇ يالتىيىپ قارىدى، — قېنى سەرەڭگىنى ياندۇرۇڭ... ئۇ نېمىدېگەن پەيزى! سىز جىقراق شورالڭ، بەك جىددىيلىشىپ كېتىدىكەنسىز. ئۆتكەندە جىددىيلەشكەنلىكىڭىزدىن تەرگە چىلىشىپ قالدىڭىز...

قەدىردان بىلەن ئايپىلىق ئەنە شۇنداق كۆڭۈل باغلىرىنى سەبىر ئېتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان مۇشۇ تۈن نىسپىدە، ھۆسنارخان بىلەن ئەسەت ئەرۋاھ ئارقا ھويلىدىن ئاشخانىغا، ئاندىن چوڭ يولغا چىقىپ، ئۇستى قىرقىلغان قارىياغاچلىق قاتىرىنىڭ دالدىسىدا ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تۆۋش چىقارماي ماراپ كەلگەن كىچىككىنە بىر سايە ئېستولبىنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇندى.

— ھازىر ئۇ قىز راستىنىلا قەدىردانىنىڭ يانىقىدىما؟

شۇنداق! قارىسام، بۇ گۆينىڭ بالىسى قويرۇق تۇتقۇزىدىغاندەك ئەمەس. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن جايلىمىسا ئۇندەككە كەلمىگۈدەك...

ئۇ قىز ساقچىدا تىلىنى چاينىماي يۈرسە، ئۆزوڭنى تۇتۇپ بېرەرسەنمىكىن.

— ۋاي ئانا، ئىشەن دېيمەن، ئايپىلىق ماڭا بەش قولدەك ئايان. پال - پال قەغەز، سولياۋ نەيچە، سەرەڭگە ھەم ئىككى قاپ خروئىننى ئاپىرىپ چەكتۈرۈش شۇ قىزنىڭ پىلانى.

بۇ كېچىدە ساقچىخانىغا بېرىپ دېسەڭ، ئۇلارنى تۇتۇپ

www.uyghurkitap.com

كېتىدۇ. ئاندىن قانداق قىلماقچىسەن؟

— ئۇلارغا ئازراق پۇل خەجلەپ «قۇتقۇزۇپ» چىققان بولدۇم، — دېدى ئەسەت ئەرۋاھ جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئاندىن قەدىردان بۇ سەتچىلىكنىڭ تالا – تۈزلەرگە يېيىلىپ كېتىشىدىن، ئاتا – ئانىسىنىڭ خەۋەر تېپىشىدىن قورقۇپ، مېنىڭ سىزغان سىزىقىمدىن چىقمايدىغان بولىدۇ. قاراپ تۇر، ئۇنىڭ بانكىدىكى پۇللىرىغىمۇ مەن ئىگىدارچىلىق قىلىمەن، ئۇقتۇڭما؟

ئىستولبا ئارقىسىدىكى كۆلەڭگە ئاستىلا داجىپ، ئېرىق ئىچى بىلەن غايىب بولدى.

— ھەي قاپاق باش، خروئىن سېنىڭ كاللاڭنى يەپ كېتىپتۇ، — ھۆسنارخان ئەسەتنىڭ بېشىنى نوقۇدى، — ساقچى دېگەن ئوغرى موشۈك ئەمەس، تۆۋش چىقارماي كەينەر ئوغرىلايدىغان! «ئىشىكنى ئاچ! تۆت باغلا! ماڭ ... ياۋاش بول ...» دەپ مىلتىق – تاپانچىلىرىنى شاراقلىتىپ مېھمانخانىنى بېشىغا كىيىدۇ، ئەتىسىگە بۇ خەۋەر ھەممە يەرگە پۇر كېتىدۇ. ياقۇپ ھاجىم، ماخمۇت سەيگۈيۈەن، ھېلىمجان ئاۋاقلار تېلېفون، خەتلەردە خەۋەر قىلماي قالارما؟ ئاباس بۇجاڭ تۆت ساقچىنى ئەۋەتىپ بالىسىنىڭ پۇت – قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كېتىدۇ. سەن ئۇ چاغدا چوققاڭنى چىشلىسەڭ قاتتىق، قوڭاڭنى چىشلىسەڭ سېسىق، ئۇلتۇرىسەن شۇ!

— راست، بۇ تەرىپىنى ئەجەب ئويلىماپتىمەنا ...

— تېخى ساقچىلار ئايىپلىقنى بىرلا قىيىنسا، تاياق – توقماقنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان ئۇ كۆتەك مەدىكى پال – پال قەغەز، نەيچە، سەرەڭگە، ئاق بولاقلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى دېمەي قالارما؟ سېنىڭ بۇ كاللاڭ نېمانداق ئىشلىمەيدىغاندۇ؟!

— نەچچە كۈن ئويلىنىپ قىلغان پىلانىممۇ سۇغا چىلاشتى، — ئەسەتنىڭ كاللىسى پەسكە ساڭگىلىدى، — تېخى بۈگۈن بىر رومكا هاراق ئىچىپ ئاغزىمنى پۇرىتىپ يالغان مەست بولۇۋالغىنىمچۇ تېخى! ئۇنداقتا پەيزىنى يەنە ئاشۇ قەدىردان سۈرىدىغان

بولدى ـ دە .

— ئەگەر ئايىپلىق ئاشۇ ئىككى بولاق خىروئىننى بوگۇن كېچە ئۇنىڭغا چەكتۇرەلمىسە ، مانا بۇ سېنىڭ غەلىبەڭ بولىدۇ ، — ھۆسنارخان شالاقىدە تۇكۇردى ، — سەن قويغا بۇياقتىن چىگىت يېگۇزۇپ ، ئۇياقتىن قۇيرۇقىنى تۇتىدىغان ئەخمەقلىقنى قىلما . بۇ ئىشتا سەۋرچانلىق كېرەك ! ھازىرغىچە ئۇنىڭ گېلىدىن ئاق تۇتۇن ئۈچ قېتىم ئۆتكەنىكەن . بۈگۈندىن كېيىنكىسى غولدۇر ـ غوپ ...

— قەدىردان ئۆگۈنلۈككە ئىچكىرىگە ساياھەتكە ماڭىدىكەن ، — ئەسەت ئەرۋاھنىڭ تاقىتى تاق بولماقتا ئىدى ، — ئۇ قاچانمۇ قايتىپ كېلەر ؟

— ئۇزۇن تۇرالمايدۇ ، بېگى قاقىنىڭ بازارغا كىرىشىگە كۆپ قالمىدى . ئۇ چوقۇم بالدۇر يېنىپ كېلىدۇ . كەلگەن ھامان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم يوندا ئەۋرىشىگە چىللا !

— ئەمىسە سەنمۇ ئاق بولاقنى ئايىما...

— ۋاقتى كەلسۇن ! — ھۆسنارخاننىڭ كۆزلىرى قىسىلدى ، — ئەگەر يەنىلا ئوندەككە كەلمىسە بىرلا ئۇسۇل بار... زۇلئاي ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، نەق شۇنىڭغا يۇتلاشتۇرۇپ يېقىتىش كېرەك !

ھۆسنارخان بىلەن ئەسەت ئەرۋاھ ئانا ـ بالا ئىككىسى تىنچ ۋە بېشىل ھاياتقا زەھەرلىك قوللىرىنى سوزۇپ ، قورۇتۇش ، ئۆلتۈرۈش ، زەھەرلەش پىلانلىرىنى تۈزۈۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ، بىر بولاقنى ئىككىگە بۆلۈپ چېكىپ بولغان قەدىردان بىلەن ئايىپلىق كىيىملىرىنى ئەمدىلا سېلىپ تۇرۇشى ، ئىشىك ئەنسىز ئۇرۇلدى ، خۇددى ئاغزىغا ياڭاق سېلىۋالغاندەك غارالڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا :

— دەرھال قېچىڭلار ! ياتاقتىكى قىز ، تېز قېچىڭ ! ساقچىلار كېلىۋاتىدۇ ! تېز ... بەك تېز ... — دېگەن گەپلەر ئاڭلىنىپلا ، كارىدوردىكى ئاۋاز ئۆچتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ياتاقتا ئۆرتىنۆپە باشلاندى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون بەشىنچى باب

يەنە بىر ئاي ئۆتتى، ئاۋغۇست ئايلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. يېڭى قاقنىڭ بازارغا كىرگىنىگە ئىككى ھەپتىدەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، شالتاق، مىيانە گۆلە- قاقلار بىلەن چەكلىنىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ قەدىرداننىڭ كۈنلىرى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تاماق يېگۈدەك ئالدىراشلىقتا ئۆتمەكتە ئىدى. قەدىرداننى 12 كۈن ئەتراپىدا شىنجېن، دالىيەن، خاڭجۇ، خەينەنداۋلاردا ئويناتقان سۇڭ جىجۇڭ خوجايىنمۇ قەدىردان بىلەن بىللە شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەنىدى. ھازىر ئۇ يۇرۇقنى «ماكانى» «مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ مەخسۇس بىر ياتىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ قېتىم قەدىردان فۇجيەن ئەنبوغا بېرىپ سودا دۇنياسىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ۋە چەكسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەنبو شەھىرى قۇرۇق مېۋە- چىۋە پىششىقلاپ ئىشلەپ، مەملىكەت ئىچىگە قارىغاندا چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىشى 50 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى. قەدىرداننىڭ ھەيران بولغان ئىشلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئەدناسى سەككىز- توققۇز تال پىششىقلاپ ئىشلەنگەن گۆلە- قاقنى ئالقاندەك سولىياۋ خالتىغا سېلىپ ئاغزىنى چاپلايتتى- دە، توققۇز- ئون يۈەندىن ساتاتتى. ئۇلارنىڭ قاق بىلەنلا ئىشلىنىدىغان قاق قىيامى بولكىسى، قاق بەلىش، شاكىلات، قاتقان، قاقلىق پېچىنە، ھەرخىل قاق كونسېرۋىلىرى قاتارلىق 40 نەچچە خىل مەھسۇلاتى دۇنيا بازارلىرىدا ئالقىشقا ئېرىشكەنىدى. بۇنداق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار ئۆز يېرىمىزدە، بولۇپمۇ قاق چىقىدىغان ناھىيە، يېزىلىرىمىزدا بولغان بولسا دېھقانلىرىمىز قانچىلىك بېيىپ كېتەر ئىدى؟ كەلگۈسىدە، ياق، يېقىن كەلگۈسىدە، بەلكىم، يات ئارىدا، ئۆز يۇرتىدا چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىشنى

كۆڭلىگە پۈككەن قەدىردان بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلار يۈكىنى يۈكلەپ قايتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا قاق سېتىۋېلىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئىككى ناھىيە ھەم بىر بوز يەر مەيدانىنىڭ قۇرۇق مېۋە ـ چىۋىسىنى ھۆددىگە ئېلىپ بەش ئايغىچە توشۇپ تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ناھىيەلىك يۈك توشۇش كالونلىرىغا ھۆددىگە بېرىۋەتتى، ئۇلار بىلەن «مال قولغا تەگكەندىن كېيىن ھەق بېرىش» شەرتى ئاساسىدا توختاملىشىپ، ئالدىن زاكالەت پۇللىرىنىمۇ تاپشۇردى. ئۇ خوتەن شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، ھاجەتمەنلەردىن بىر قورۇ ـ جاي، يەنە بىر يۈرۈش ئۈچ ئېغىزلىق بىنا ئۆي سېتىۋالدى. قەدىردان كۆڭلىدە: «ئالتۇننىڭ باھاسى چۈشسە چۈشىدۇكى، ئۆي ـ زېمىننىڭ باھاسى چۈشمەيدۇ، چۈنكى ئادەم كۆپىيىدۇ، يەر كۆپەيمەيدۇ. خوتەندە زاۋۇت قۇرۇپ قالسام شۇ چاغلاردا ئەسقاتىدۇ» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ھازىر ئۇنىڭ خوتەندە ئۈچ ئورۇندا ئۆي ـ زېمىنى بولۇپ، ئىمارەت شەھەر كەمبەغەللىرى ۋە قولى قىسقا كادىرلار ئولتۇرۇۋاتىدۇ. قەدىردان ئۈرۈمچىگە كېلىپلا «غەربىي دىيار مېۋە ـ چىۋە شىركىتى»نىڭ كاللەك خوجايىنى جاڭ يۈچىڭ، «قوغۇرتاش مېۋە ـ چىۋە شىركىتى»نىڭ پوچى باشلىقى لۆك داتۇ، «داخېيەن مېۋە ـ چىۋە شىركىتى»دىكى تاقىرباش ياڭ مىڭسەنلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم توختام تۈزۈشتى. ئۇلارنى بەش ئايغىچە پاكىز مال بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

قەدىردان جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كېلىپلا ياقۇپ ھاجىم ماخمۇت سەيگۇيۇەن ئۈچى بىرلىكتە «دوستلۇق»تىكى 140 كىۋادرات مېتىرلىق ئۆيگە 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق مال ـ مۈلۈك ئالدى. ھازىر بۇ ئۆيگە كىرگەن ئادەمنىڭ چىققۇسى كەلمەيدۇ. سەككىز مېتىرلىق مېھمانخانىغا تولدۇرۇپ سېلىنغان خاڭجۇنىڭ قاپارتما گۈللۈك يېشىل گىلىمى، 35 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، قوش ياڭراتقۇلۇق ئۈنئالغۇ، سوغۇق ھەم ئىسسىق ھاۋا تەڭشىگۈچ، مېھمانخانىنىڭ تۆرىگە ئىشكاپتەك تىكلەنگەن زەنجىر-

لىك سائەتلەر ئۆيىنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇرغانىدى ، بالكونغا قارايدىغان پۈتۈن بىر تام ئەينەك ۋە ئۇنىڭغا تارتىلغان سۇس ھاۋارەڭ يىپەك پەردىلەر ، مىللىي نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن تام ئىشكاپ ، ئىشىك-لەر ، ئىشىك ئۈتتۈرلىرىغا بېكىتىلگەن گۈللۈك قاپارتما ئەينەك-لەر ، قاتمۇقات چامادان ، شۇنداقلا پەي ياستۇقلار ئۈستىگە يېپىل-غان ئۈچ بۇرجەك ئاۋات رەڭ تورلار ، تورۇسقا قېقىلغان سۈت رەڭ دولقۇنسىمان ئاختىلار ، خۇددى چېچەكتەك ئېچىلىپ تۇرغان چىر-اغلار گوياكى خان سارىيىنى ئەسكە سالاتتى . قەدىردان سۈڭ جىجۇڭ ، ياڭ مىڭسەن ، لۇڭ داتۇ ، جاڭ يۇڭچىڭلار ۋە ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر قانچە قاق سودىگەرلىرى بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ھەپتە ئالدىدا توختام تۈزۈشۈپ ، بىر كېچە ئويۇن - تاماشا قىلدى . بۇ ئارىلىقلاردا ئەسەت ئەرۋاھ ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم رەڭلىك ئولتۇرۇشقا چاقىرىپ ، ھەر مىللەت قىزلىرى بىلەن ئۇچ-راشتۇردى .

ھازىر خروئىن قەدىرداننىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر كۆڭۈل خۇشى بولۇپ قالدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ رەسۋاچىلىق-نىڭ سىرتقا يېيىلىپ كەتمەسلىكىنى ، باشقىلارنىڭ بىلمەسلىكىنى تىلەيتتى . ئەمما ، ئەسەت ئۇنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىنى چىڭ تۇتۇۋې-لىپ ، ھە دېسە پۇل سورايتتى ، پات - پات رەڭلىك ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى ، ئۆزى تېپىپ كەلگەن قىزلارنىڭ ھەققىنى كۆپرەك بېرىشكە زورلايتتى ، خروئىن ئېلىش ئۈچۈن بەرگەن پۇللارنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى . قىسقىسى ، قەدىردان ئۇنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى .

ئەسەت ئەرۋاھ خروئىننى دەسلەپتە ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ چەكتۈرگەن بولسا ، كېيىن قەدىردان ئۇبدانلا كىرىشىپ قالغاندىن كېيىن : «پۇلۇڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭ ئال» دەيدىغان بولدى . شۇڭا ، ئۇ سەنشىخاڭزىدىكى پولۇ ساتىدىغان ئىسخار ئىسىملىك تۇڭگاننى تونۇشتۇرۇپ قويدى . قەدىردان ھەر قېتىم «ئاق بولاق» ئالغاندا ، ئەسەتكىمۇ قوشۇپ ئالىدىغان بولدى . ئەگەر ئۇنداق قىل-

مىغاندا . ئۇ : «قانداق گىرى ئېمىسەن ، ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭكىنى چەكمىگەنمىدىڭ ؟» دەپ گۇركىرەيتتى . تېخى تۆت كۈننىڭ ئالدىدا بىر رەڭلىك ئولتۇرۇش قىلماقچى بولۇپ ، ئۇلار ئىككىسى ئىسخار - نىڭ پۇلۇخانىسىغا باردى . قەدىردان بىر بولىقىنى (بىر گىرام ) 300 يۈەندىن بەش بولاق ئالدى - دە ، 1500 يۈەن تاشلاپ بېرىشى ، ئەسەتمۇ ئىسخارغا ۋارقىرىدى :

— ماڭىمۇ بەش بولاق بەر !

ئىسخار ئۇنىڭ دېگىنىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشى ، ئۇ بەش بولاقنى يانچۇقىغا سېلىپ تالا تەرەپكە ماڭدى . ئىسخار كاپلا قىلىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ، ئەسەت ئەرۋاھ :

— پۇلىنى ماۋۇ بېرىدۇ ، — دەپ قەدىردانىنى كۆرسىتىپ قويدى ، ھەتتا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ : «بەر دېگەندىن كېيىن بەرمەمسەن» دېدى - دە ، تالاغا قاراپ ماڭدى . قەدىردان غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولدى - يۇ ، شۇنداقتىمۇ يەنە 1500 يۈەننى ئىسخارغا بەردى . ئەمما ، ئەتىسى ئەتىگەن مېھمانخانىدىن ئۇزايدىغان چاغدا ، ئەسەت قەدىردانىنى تازىلىق ئۆيىگە ئەكىرىپ : «قىزلارنىڭ ھەققىنى بېرىۋەت» دېدى . قەدىردان ئىككى قىزغا 500 يۈەندىن 1000 يۈەن بېرىۋىدى ، ئەسەت چىچاڭشىپ كەتتى :

— نېمانداق گىرىلىق قىلىسەن . ھەر بىرىنى 1000 يۈەندىن سۆزلەشكەن تۇرسام ...

— ئۆتكەنكىلەرگىمۇ 500 يۈەندىن بەرگەنغۇ ؟

— ھەي گالۋاڭ ، مال مالغا ئوخشامدۇ ؟ — ئەسەتنىڭ تۇكۇ - رۇكلىرى قەدىردانىنىڭ يۈزىگە چاچرىدى ، — بۇلار سېنىڭ شالتاق ، مىيانە گولە - قاقلىرىڭ ئەمەس ، خوۋەينى ئۆزۈكنىڭ خورمىلىرى - دەك تۇرسا ...

قەدىردان ئامالسىز 2000 يۈەننى چىقىرىپ بەردى . بىراق ، قىزلار مېھمانخانىنىڭ كارىدورىغا چىقىپلا قولىغا قاتلاپ تۇتقۇزۇپ قويغان پۇلنى ساناپ كۆرگەنمۇ نېمە ، شۇ يەردىلا ۋارقىراپ كەتتى :

— ئەسەتكا ، بۇ ... بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ — دېدى سايىسېرىق

بۇدۇر چاچلىق قىز، — سىز ئەركىشىمۇ نېمە نېمىگە لەۋزىڭىزدە تۇرمايسىز؟ 400 يۈەندىن كېلىشىپ، ئەمدى 370 يۈەندىن توختۇ-رۇپ قويسىڭىز قاملىشامدا؟

توقسۇنى تولغان قەدىردان ئەسەتنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ بىر نەقتىمغانىدى، ئۇنىڭ رەندە سالغان تاختىدەك ئورۇق دۈمبىسى تامغا گۆپپىدە چاپلاشتى. قەدىردان ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن قالغان پۇل-نى سۇغۇرۇۋېلىپ قىزلارنىڭ ھەر بىرىگە 100 يۈەندىن تۇتقۇزۇپ، قالغىنىنى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سالدى:

— ھەي رەسۋا سولامچى، ئاق بولاق ئېلىشتىغۇ قاقتى-سوقتى قىل، ئەمدى مۇشۇ ئىشتىمۇ مېنى قويماقچى بولدۇڭ-ما؟ — قەدىردان غەزەپ ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئەمدى ياقۇپ ھاجىمغا دەمسەن، خوتەنگە بېرىپ ئاتا-ئانامغا چاقامسەن، نېمە قىلساڭ قىل. پەرۋايىم پەلەك! بۇنداق دەككە-دۈككىدە ياشاپ مەنمۇ تويدۇم!

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئەسەت ئەرۋاھ ئۆزىنى تىڭشاپ قالدى. ياقۇپ ھاجىم، ماخمۇت سەيگۈيۈەنلەرگە دەپ، ھەتتا ئاتا-ئانىسىغا خەت يېزىپ، قەدىردانىنى باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋېتىش كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭدا ئەسەتكە نېمە پايدىسى تېگەر؟ ئابباس بوجاڭ بالىسىنى ئۆرۈمچىدە تۇرغۇزمايدۇ شۇ! ئۇنى خۇددى توپاقنى ساپالغا كۆندۈر-گەندەك، تەستە ئۆز كېچىكىگە كىرگۈزگەن تۇرسا... مۇشۇنداقلا بولدى قىلسا، بۇ چاغقىچە كۆرسەتكەن «تىرىشچانلىقلىرى» خۇددى مازارغا باشاق ئاتقاندەك يوقلا بولمامدۇ؟ دۇرۇس، ئەسەت باشتىلا چوتنى خاتا سوققان! «ھەرقانداق ئىسكەنجىگە ئالسامۇ غىڭ قىلال-مايدۇ» دەپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى! ئەمدى قارام، قورقۇمسىز بۇ تەۋەككۇلچى «ئۇچىدا كەلسە بىر چارەك» دەپ، مۇرىسىنى چىقىرىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۇ بولمىسا، بۇندىن كېيىنكى رەڭلىك ئولتۇرۇش، قىزلارنىڭ ھاراق-شاراب، ئاق بولاقنىڭ پۇلىنى كىم كۆتۈرىدۇ؟ ئەمدى ئۇنى كېچىككە كىرگۈزگۈدەك يەنە باشقا بىرەر ئامال-چارە بارمىدۇ؟!

«بىرلا ئۇسۇل بار، ئۇ بولسىمۇ زۇلئايغا پۈتلاشتۇرۇش»! توغرا، بۇ ھۆسنارخاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ نازۇك چارىسى ئىدى. ئۇنداقتا قەدىردانىنى زادى قانداق ئۇسۇلدا پۈتلاشتۇرۇپ يىقىتىش كېرەك؟ بۇ ئەسەت ئەرۋاھنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرغان بىردىنبىر دوقال بولۇپ قالدى.

بۈگۈن چۈشتە ئاشخانا خېرىدارلار بىلەن ۋاڭ - ۋاڭلا بولۇپ كەتتى. ئەسەت ئەرۋاھ مۇلازىم يالا بىلەن پۇت - قولى يەرگە تەگمەي تاماق توشۇدى، شىرەلەرنى سۈرتتى، چىنە - قاچىلارنى يىغدى، ئەمما ئۇنىڭ خىيالى قەدىرداندىن نېرى كەتمىدى. ئاشخانىدا خېرىدارلار سەل سىيرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ھۆسنارخان ئەسەتنى خاس بۆلۈمگە باشلاپ كىردى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى چىشى ئاغرىق ئادەمدەك چىرايىنىڭ ئېچىلمىغىنى نېمە ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرەتتى. شۇڭا، ئۇ كوچىلاۋەرگەندىن كېيىن، ئەسەت بولغان ئىشنىڭ بارىنى ئۇ- جۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. ھۆسنارخاننىڭ دىڭگىل قاش- لىرى لىڭ - لىڭ سەكرەپ، ئاق سېرىق چىرايى داغ - داغ بولۇپ كەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئورا كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى.

— مېنىڭ ئۆتكەندە دېگەن سۆزلىرىم ئېسىڭدە بارمۇ؟

— بار!

ياخشى، ئەڭ ئاخىرقى چارىنى قوللانماي بولمىدى.

قايسى ئۇسۇلدا قىلغىلى بولا؟

بىرنەچچە ئاغىنەڭنى بىرەر ئاشخانىغا جەم قىل، يەنە قەدىردانىڭ ئاغىنىلىرىنىمۇ چاقىر، شۇ يەردە ئۇنى ... — ھۆسنارخان كۆزلىرىنى ئويناتتى، — شۇ يەردە ئۇنى قىينى قىرىغۇ- دەك ئىچۈر. بىراق مەست بولۇپ قالمىسۇن، بولمىسا زۇلئاي بىر ياقتا، ئاۋۇ پۈپۈك باش بىر ياقتا ئوخلىمىسۇن يەنە.

لەۋلىرى ئەتلىك شاپتۇلدەك بۇ سېرىق خوتۇن مەنپە- ئەت، يۈز - ئابرۇي، شۆھرەت ئۈچۈن ھەرقانداق ئويانسىزلىق ۋە

مۇناپىقلىقتىن قايتمايتتى.

— ما ئىشنىڭ ئىپىدە كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان، ئەسەت ئانىسىغا قارىدى، — خوتەندىكى ھېلىقى ئەھەت ئاكا، ئىمىر ئۈچ بارماق، ئۆمەر غالتەكلەر كېلىپ قاپتىكەن، شۇلارنى بىر چاقىرىۋېلىش خىيالىم بار ئىدى.

— ھە، ھېلىقى داڭلىق قىمارۋازلارمۇ؟

— توغرا، شۇلار!

— ئۇلارنى نېمىگە چاقىرغۇڭ كېلىپ قالدى؟

— قىزىقكەنسەن، ھەر قېتىم خوتەنگە بارغىنىمدا بىر ـ ئىككى كۈن ئۆيىنىپ مېھمان قىلىدۇ، — ئەسەت ئانىسىغا ئالايدى، — ئەمدى ئۇلار كەلسە، قىيامەتنىڭ موشۇكىدەك كۆزۈمنى يۇمۇۋالسام سەت تۇرار.

— قاچانغا چاقىرىسەن؟

— ئەتە كەچكە چاقىرايمىكىن دەيمەن.

— ئەتە چۈشتىن كېيىن داداڭ ئىككىمىز قاراماپغا مېڭىپ بولىمىز.

چوڭ ئانامنىڭ قىزىنىڭ تويىغىما؟

— شۇنداق، ئەمدى بىرنەچچە كۈن سىڭلىڭ زۇلئاي كاسىمدا ئولتۇرىدۇ. ئاشخانىنىڭ ئومۇمىي ئىشىغا سەن مەسئۇل.

— كاسىمدا مېنى ئولتۇرغۇزۇشقا كۆڭلۈڭ ئۇنىماپتۇ ـ دە!

— ھەي بىر زەمبىل پوق، نېمانداق ئەقلىڭ ئىشلىمەيدۇ سېنىڭ، شۇنچە چوڭ ئاشخانىنىڭ خوجايىنلىقىنى كىچىككىنە قىزغا تاشلاپ قويۇپ كۆڭۈل تىنامدا؟!

ئۇلارنىڭ يىپىرلىشىپ قىلىۋاتقان سۆھبىتى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى، ئاشخانىغا قەدىردان كىرىپ كەلگەنىدى. ھۆسنارخان بىلەن ئەسەت ئەرۋاھ چاندۇرماي ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ چوڭقۇر سالام بەجا كەلتۈردى.

— قىزىم زۇلئاي، ھاي زۇلئاي، شاپ بول، قىزىم، — ھۆسنارخان كاسىدا تۇرۇپ ۋارقىرىشى، ئالدىغا پەشتاما تارتقان

زۇلئاي يوگۇرۇپ چىقىپ . قەدىردانىنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى ، ئەمما شۇ هامان قاپىقى تۈرۈلدى .

— ئانا ، بىر ئىش بارمىدى ؟ — زۇلئاي قەستەن گېپىنى ئەپقاچتى . — مەن بەك ئالدىراش .

— ۋاي جېنىم قىزىم ، ھەرقانچە ئالدىراش بولساڭمۇ قەدىردان ئاكاڭغا گۆشنان قىلىپ بەرمىسەڭ بولامدۇ . — ھۆسنارخان قەدىردانىنى ئىشارە قىلدى ، — قېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن كارامىتىڭنى بىر كۆرسەتكىنە .

— بولىدۇ ، ئانا ، — زۇلئاي ئىچكىرىگە تېزلا كىرىپ كەتتى . ئەمەدىلىكتە قەدىردانغا ئۆزى چاي قۇيغان ھۆسنارخان قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى :

ۋاي جېنىم قەدىردان ، سىز دېگەن ئۆز ئوغلۇمدەك بولۇپ قالغان بالا . مەن ئەتە دادىسى بىلەن قارامايدىكى تۇغقانلارنىڭ تويىغا ماڭماقچى . بىز كېلىپ بولغۇچە زۇلئاينىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قويارسىز ، بولامدۇ ؟

— چاتاق يوق ، ھۆسنارخان ئاچا ، زۇلئايمۇ ئۆز سىڭلىمدەك تۇرسا …

— شۇ … شۇ ئەمەسمۇ ، ئەمىسە پات - پات كېلىپ ، ھالىنى ئېچۇق دەپ قويارسىز .

— ئەلۋەتتە ، ئەلۋەتتە …

بۇ ئارىلىقتا ئەسەت ئەرۋاھ دومچەك بوۋايدەك ئېڭىشىپ كەلدى - دە ، قەدىردانىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ھىجايغىنىچە قەدىردانىنىڭ چىنىسىگە چاي قۇيدى .

— ھەي ، ئۆتكەنكى ئىشتىن تېخىچىلا باتناپ يۈرەمسەن ؟ — دېدى ئەسەت ئەرۋاھ . — ھېچ قارارغا كۆرۈك بوقا سېنىڭ .

— نەدىكىنى ، ئۆزۈڭ ماي تارتىپ يۈرسەڭ ، — قەدىردان چىنىنى بىر ئوتلاپ قويۇپ چىنىنى جاقلا قويدى ، — مەن ئۆنچىۋالا ئاداۋەتخور ئەمەس .

— مۇنداق دېمىشتى ، ئۇكا ، — ئەسەت چىرتىمدە تۈكۈر-

www.uyghurkitap.com

دى ، — خوتەندىن ئۈچ ئاغىنەم مېنى يوقلاپ كەپتىكەن ، ئۇلارنى چاقىرىۋالماقچىدىم . قاتنىشىپ بېرەرسەن ؟

— بولىدۇ ، قاچان ؟

— ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە .

— نەدە ئۆتكۈزىسەن ؟

— يېقىن ئارىدىكى ئاشخانىلاردا ئىچىمىلىك ، چېكىمىلىكنى قىلدۇرمايدۇ ، — دېدى ئەسەت ئەرۋاھ ، — شۇڭا شياۋشىمېندىكى ئۆڭگانىنىڭ تېز تاماقخانىسى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ . ھە راست ، سەن تونۇيدىغان ئابىخان لومپىنىمۇ چاقىرىپ قوياي دەيمەن .

— ئوبدان قىپسەن .

قەدىردان ئەتىسى سائەت بەشلەردە «دۆڭكۆۋرۈك»كە تاكسىدا كەتتى . چۈنكى ، سورۇندا تەڭشىلىپ قالغۇدەك بولسا «لادا»نى ئېلىپ كەتمەك تەس ئىدى . تېخى شياۋشىمېندىكى ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ماشىنا قويىدىغان يەر بولمىغاچقا ، خەلق كىنوخانىسىنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا ئايرىۋېتىشكە توغرا كېلەتتى .

قەدىردان ئابىخان لومپىنىڭ گىلەم دۇكىنىدا بىر دەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنى تاكسىدا ئېلىپ كەتتى . يولدا بارغۇچە ئابىخان لومپا بۈگۈنكى سورۇننىڭ مېھمانلىرىنىڭ نام - ئەمەلىنى سۆزلەپ بەردى .

— تۈنۈگۈن ئەسەت ئەرۋاھ قېشىمغا كەپتىكەن ، — دېدى ئابىخان لومپا ، — «مېھمانلىرىڭ كىملەر ؟» دېسەم ، «ئەھەت تاۋكا ، ئىمىر ئۈچ بارماق ، ئۆمەر غالتەكلەر» دېيىشىدى ، ئەرۋاھىم ئۇچتى . بىراق سىېنىڭ ئىسمىڭنى چىقىرىۋىدى ، بوپتۇ بارای ، دېدىم .

— ئۇلار نېمە ئادەملەر ؟

— داڭلىق قىمارۋازلار ، پۇلنى چامادان ، سومكىلاردا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ، شەھەر ئاتلاپ قىمار ئوينايدىغان ئالىقاناتلار .

— لەقەملىرىمۇ قالتىسكىنا ئۇلارنىڭ .

— ئەھەت تاۋكا دېگىنى باللىق ۋاقتىدىن باشلاپ قىمار

تاۋكالىرىدا ئۆمرى ئۆتكەن نەرسە، شۇڭا لەقىمى «تاۋكا». ئىمىرنىڭ «ئۈچ بارماق» دەپ ئاتىلىپ قېلىشى، ئىككىلا قولىدا ئۈچتىن ئالتە بارمىقى بار، قالغان تۆتىنى قىمارۋازلار چانىۋەتكەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، قەرز تۆلىيەلمىسە، 10 مىڭ يۈەنگە بىر بارماق كېسىلىدۇ.

— مۇنداق دېگىن، ئەمدى ئۆمەر غالتەك دېگىنىچۇ؟

— ئۇنىڭ رىۋايىتى بىرئاز ئۆزگىچە. ئۆمەر بىر قىماردا ئەھەت تاۋكاغا 35 مىڭ يۈەن ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ سىرتتىمۇ نۇرغۇن قەرزى بارلىقىنى بىلگەن ئەھەت تاۋكا پۇلنى تۆلىتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆمەر بىلەن بەسلىشىپتۇ. ئەھەت تاۋكا بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ كۆمۈرىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنى يەلپۈگەندىن كېيىن قىپقىزىل يالىلداپ چوغقا ئايلىنىپتۇ. ئۆمەر ھەممە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، قىپيالىڭاچ ھالدا چوغ ئۈستىدە غالتەكتەك يۇمىلىنىپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپتۇ، بىراق ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چاۋۇرۇپ، سۇ كۆتۈرۈپ، تېرىلىرى شىلىنىپ كۆيۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ لەقىمى «غالتەك» بولۇپ قالغانىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئەھەت تاۋكا 35 مىڭ يۈەننى ئالماپتۇما؟

— ئەلۋەتتە ئالمايدۇ-دە. ئۇتتا يۇمىلانسۇن، ئۆگزىدىن سەكرەپ بەرسۇن ياكى بارمىقىنى كەسسۇن، ئاشۇ پۇل تۆلىگەنگە ھېساب بولىدۇ. قەرز ئىگىسىنىڭمۇ ھاردۇقى چىقىدۇ.

پاھ، قالتىس ياۋايىلىقتۇ بۇ...

ئايىخان بىلەن قەدىردان ئاشخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى خاس بۆلۈمگە كىرگەندە، ئەسەت ئەرۋاھ، مېھمانلاردىن ئەھەت تاۋكا، ئىمىر ئۈچ بارماق، ئۆمەر غالتەكلەر كېلىپ بولغانىدى. ئۇلار بىر-بىرىدىن ھال-ئەھۋال سوراپ، قول ئېلىشىپ بولغاندىن كېيىن جايلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. قەدىردان ئۈچ قىمارۋازنىڭ تۇرقىغا چاندۇرماي كۆز تاشلىدى.

ئەھەت تاۋكاغا كىچىك چاغلىرىدا شاپاق يارىسى چىققانمۇ ، ئىشقىلىپ ، قاپقارا ھۆررەك قاپلاپ كەتكەن بېشىدا تەڭگىدەك ـ تەڭگىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان ئاق چاچلار خۇددى قارا سۇدىكى ئاق ئۆردەكلەرگە ئوخشايتتى . بۇرنى ئامۇتتەك يوغان ، لېكىن كۆزى تولىمۇ كىچىك 40 ياشلاردىكى بۇ ئادەمنىڭ دۇپدۇگىلەك سېمىز يۈزى قىزدۇرغان مىس تەلەڭگىدەك قىزغۇچ ئىدى . مانا بۇ دىقماق- قىنا ئەھەت تاۋكانىڭ سۈرىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ھېسابلىناتتى .

ئىمىر ئۈچ بارماقنىڭ ئۆپكىدەك ھال رەڭ يۈزى بەكمۇ ئورۇق بولۇپ ، ئىنچىكە ئەگرى بۇرنى ئۈچلۇق ئېڭىكىدىكى ساپسېرىق تولغىشىپ تۇرغان بىرنەچچە تال ساقالغا قاراپ تۇرغاچقا ، ئېغىزى بۇرۇن ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . قېشىنىڭ تايىنى يوق ، دۈڭ قاپاقلىرى ئالدىغا ئۆسۈپ چىققاچقىمۇ ، كۆل رەڭ قارىچۇقلۇق كۆزلىرى جەھەننەمدە پىلدىرلاپ تۇرىدىغان 46 ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق ، ۋىجىك ئادەم ئىدى .

ئۆمەر غالتەكنىڭ چوڭ كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى راستلا غال- تەكتەك غىلدىرلاپ زادىلا جىم تۇرمايتتى . ھېلى ئۈستۈن ، ھېلى ئاستىن ۋە ئەتراپلارغا زەن سېلىپ ، خۇددى بىر كىمدىن ئېۋەن ئىزدەۋاتقاندەكلا قىلاتتى . ئۇنىڭ قوقاسقا يۇمىلانغان ۋاقتىدىكى «باتۇرلۇق» ئىزنالىرى بولسا كېرەك ، ساپسېرىق يۈزىدىكى چوڭ ـ چوڭ داغلار پېشانىلىرىگىچە قاپلاپ كەتكەنىدى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېگىز ـ پەس ، تۈشۈكلىرىدىن قاپقارا تۈكلەر دىرىدىيىپ تۇرغان بۇرنى ئېزىلىپ كەتكەن شاپتۇلدەك يۈزىنىڭ بېرىمىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ ، ئەتلىك كالپۇكلىرى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغان 38 ياشلاردىكى ئېگىز بويى ئادەم ئىدى .

قەدىردان پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى :

— «ئادەم ئەپتىدىن بىلىنۇر» دېگەن راست ئىكەن ـ دە ...

كېچە سائەت 11 دىن ئۆتكەندە «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلى- رى ئاشخانىسى»نىڭ ئالدىغا بىر تاكسى كېلىپ توختىدى . ماشىنە-

نىڭ ئالدىدىن ئالدىراپ چۈشكەن ئەسەت ئەرۋاھ ئارقا ئىشىكنى ئېچىپ ، مۈگدەپ قالغان قەدىردانىنى يۆلىدى . بۇ ئارىلىقتا ساقلاپ تۇرغاندەكلا زۇلئاي پەيدا بولۇپ قالدى .

— قەدىردان ، هاي قەدىردان ! ئۇخلاپ قالدىڭما ؟ تۇرە ئۇر- نۇڭدىن ، كەلدۇق ...

— ۋاي ، ۋاي ، ئادەمنى تارتىشتۇرمىساڭچۇ ! مەن يا مەست بولمىسام ، ئۆزۈم تۇرىمەن دېدىمغۇ .

قەدىردان ماشىنىدىن چۈشۈپلا يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالغا- نىدى ، زۇلئاي كەلگەنچە ئۇنىڭ بەللىرىدىن قامالىلىۋالدى . قەدىر- دان قىزنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ تۇرۇۋشى ، ئەسەت ئەرۋاھ يەنە بىر تەرەپتىن يۆلىدى .

— ئىا ... مېنى قىويىۋېتىڭلار ! مەن ... مەن مەست بولمىسام ... ماڭا نېمانداق چاپلىشىۋالىسىلەر !

— قەدىردان ئاكا ، يول ياخشى ئەمەس ، — دېدى زۇلئاي يېلىنىپ ، — يىقىلىپ چۈشىسىز ...

— هۇي ، سىز زۇلئايغۇ ؟ بۇ ... بۇ يەردە نېمىش قىلىسىز ؟

— مەن ئۆيدە يالغۇز قالغاچقا قورقۇپ ، ئاكامنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان .

— هەي ... هەي ... مېنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىلەر ، مەن ... مەن ياتىقىمغا كېتىمەن ...

— قەدىردان ، ئىولا كىوشۇكلۇق قىلما ، — ۋارقىرىدى ئەسەت ، — يولدا نەچچە قېتىم قۇسۇپ ، بىئارام بولۇپ كەتكىنىڭ- نى ئۇنتۇپ قالدىڭما ؟

— شۇنداقتىمۇ كەتمىسەم بولمايدۇ .

— ياتىقىڭدا كىچىچە سېنىڭ هالىڭدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولمىسا ... بىزنى ئەنسىرىتىپ ئۆلتۈرەي دەمسەن .

— مېنىڭ قورسىقىم ... قورسىقىم ئاچقاندەك قىلىۋاتىدىيا .

— شۇ ئەمەسمۇ ، يولدا نەچچە قېتىم ياندۇرۇپ ئالمىغان - بەرمىگەنلا بىولدۇڭ ، — ئەسەت ئەرۋاھ تەرلەپ كەتكەنىدى ،

زۇلئاي ئاغزىڭغا تېتىغۇدەك ئاچچىق - چۇچۇك بىر نېمە قىلىپ بەرسۇن . كېچىچە يېنىڭدا خەۋەر ئالمىسا بولامسۇ؟

ئاكا - سىڭىل ئىككىسى قەدىردانىنى يۆلەپ ، ئارقا ھويلىسىنىڭ ئەڭ چەتتىكى زۇلئاينىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزدى . ئاڭغىچە زۇلئاي گىلەم ئۈستىگە كۆرپە سېلىپ ، پەي ياستۇقنى قويۇشى ، ئەسەت قەدىردانىنى ئاستا ياتقۇزدى - دە ، كاستۇمىنى سالدۇرۇپ ، ئايغىنى پەستىكى نارغا ئاشلىدى .

— زۇلئاي ، سەن تەييار چۆپنى سېلىپلا ، خورۇچلىرىنى تەڭشەپ ئەكىرگىن ، بولامدۇ؟

— ماقۇل ، ئاكا ، — زۇلئاي يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

— قەدىردان ، ئاچ قورساق ئۇخلاپ قالما جۇمۇ ، — دېدى ئەسەت ئۈنلۈك ۋارقىراپ ، — مەنمۇ زۇلئايغا قارىشىپ بېرەي .

ئەسەت ئاشخانىغا چىققاندا ، زۇلئاي تەييار كەسمە چۆپنى قازانغا ئەمدىلا سالغانىدى ، ئەتراپىدىكى كىچىك تەخسىلەردە توغرالغان گۆش ، سامساق ، ئاشكۆكى ، ياڭيۇ قاتارلىقلار تۇراتتى .

— زۇلئاي ، مەن بەك چارچاپ كەتتىم ، كىرىپ ئۇخلايمەن . ئەمىسە قەدىردان ساڭا قالدى . بەختىڭنى تۇتۇپ قېلىش - قالالماسلىق ئۆزۈڭگە باغلىق ...

— ۋىيەي ، ئاكا ، نېمە دەۋاتىسەن؟

— ھازىر ئۇنى ئايىپلىق دېگەن بىر قىز ئايلاندۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ ، بۇمۇ ئايلاندۇرسا ئايلىنىۋاتىدۇ . گېپىمنى چۈشەندىڭما؟ بۈگۈن ئۆزۈڭ تورگۈن بول ...

— ئاكا ، نېمانداق سەت گەپ قىلىسەن ، مەست بولۇپ قاپسەن ...

— ھەي دۆت ! — ۋارقىرىدى ئەسەت ، — مەن سېنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىمەن ! بىرەر ئاي ئۆتمەي ئۇلار توي قىلسا ، بېشىڭنى تاشقا ئۇرغىنىڭ بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ . شۇڭا ، بۈگۈنكى پۇرسەتنى سەن ئۇچۇنلا ئويلاپ تاپتىم .

— لېكىن ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ . بۇنى ئۇ ...

ئۇچۇق دېگەن ...

— ھەببەللى، ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلمىۋاتىمىز. ياخشى كۆرگەن تەقدىردە بۇنداق ئاۋارىچىلىكنىڭ نېمە ھاجىتى ...

— سەن بىلمەيسەن، ئاكا، — قىز يىغلىۋەتتى، — ئۇ ... ئۇ ياخشى كۆرمىگەن قىزنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتمايدۇ ...

— تۇتمايمىش، — ئەسەت بوغۇزىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى، — لېكىن ئۇ ھازىر مەست، ياخشىمۇ - يامانمۇ، ئۆزىمۇ - سەتمۇ، ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

ماڭا ... ماڭا ... قاراپمۇ قويمىسىچۇ؟

ھەي، قىز بالا دېگەننىڭ نى شېرىن - تاتلىق گەپلىرى، ئالامەت لەزىز خولق - ئازلىرى بولىدۇ، شۇلارنى ئىشلەتمەمسەن! شۇ چاغدا بۆرىدەك ئېتىلمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي.

— مەن ... مەن ئىشەنمەيمەن، — زۇلئاي بىر چاغدىكى كۆزىنى يۇمۇپ، ئۇنىڭ سۆيۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكىنىنى ئەسلىدى، — ئۇ ... ئۇ بۇنداق ئىشتا بەكمۇ چوڭقۇر ئويلايدۇ.

— شۇ چاغدىمۇ «ئىلمان» بولسا، شەيتىنىنى قورغىغۇدەك ئىشلارنى قىلمامسەن ...

بۇ ... بۇ ... نېمە سەتچىلىك ... مەن ... مەن ئۇنداق قىلالمايمەن ...

زۇلئاي يىغلىۋەتتى. ئەمما، ئۇ «جاڭ ...» قىلغان قاتتىق ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. ئاكىسى چوڭ تۆمۈر سايمىقىنى يەرگە ئاتقانىدى.

— ھەي دېۋەڭ، بوگۈن كېچە قەدىردانىنى ئۆزۈڭگە باغلىيالمىساڭ، ئانام سېنى خوتەندىكى ئاچىسىنىڭ ئوغلى تۇردى گاچىغا بېرىۋەتمەكچى ...

— ئانام بىلەمدۇ؟

ئىشەنمىسەڭ كەلگەندە سورا، بولە تېز، — ئەسەت قازاندىكى سۇيۇقئاشنى چوڭ كورىغا ئۇسنى، — ئەگەر قەدىردان ئۇخ-

لاپ قالغان بولسا ئويغاتقىن ، مەن ئۆزۈم ئويغىتىپ بېرەيمۇيا ؟

— يا بولدى ، ئاكا . سەن ... سەن ئارام ئال ، — زۆلئاينىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ئىدى ، قولاق - بويۇنلىرىغىچە ئوتقاشتەك قىزىرىپ ، كورا تۇتقان قوللىرى سوس تىترەۋاتاتتى .

— ماڭمامسەن ! — ئەسەت ئەرۋاھنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، — ئەگەر بۈگۈن مۇشۇ ئەپلەك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساڭ ، بۇندىن كېيىن مەندىن رەنجىمە . سەن ئۈچۈن ھايانىمنى دوغا تىكىپ ، بېشىمنى يېرىۋەرمەيمەن .

زۆلئاي ئاكىسىنىڭ چىچى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قىزغۇچ تاتۇقتا لەپپىدە قاراپ قويۇپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇ ھۇجرىسىغا كىرگەندە قەدىردان ئوغدىسىغا ياتقىنىچە بوش پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى . زۆلئاي پادىچىلار ئىشتىنىنى ، كويتىسىنى سېلىۋېتىپ ، تامدىكى ئەينەككە قاراپ ، يۈزىنى ئالىقىنىغا ئېلىۋالدى . چۈنكى ، يەڭسىز ئاق مايكا ، تىزىغىمۇ كەلمەيدىغان قىزىل چىت كالتە ئىشتان ... قىسقىسى ، ئاپپاق يۇمران بەدىنى ، مەرمەردىن ئويۇلغان مەبۇدىدەك چىرايلىق تېنى ئۆزىنى ناھايىتى قىلىپ يارقىراپ تۇراتتى . ئۇ خۇددى بىراۋلار ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغاندەك دەرھاللا پادىچىلار ئىشتىنىنى كىيدى . ئاندىن ئەينەككە بىرلا قاراپ ، قىزارغىنىدىن كويتىسىنىمۇ كىيىۋالدى . لېكىن ، زۆلئاي كورىدىكى ئاشنى چىنىگە ئەمدىلا ئۇساي دەپ تۇرۇشى ، ئاكىسىنىڭ ھېلىلا غەزەپتىن تىترەپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى قولاق تۈۋىدە ياڭرىدى :

«بۈگۈن كېچە قەدىردانىنى ئۆزۈڭگە باغلىيالمىساڭ ، ئانام سېنى تۇردى گاچىغا بېرىۋەتمەكچى ... »

«ھەي دۆت ! ئۇ توي قىلسا ، بېشىڭنى تاشقا ئۇرغىنىڭ بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ ... »

زۆلئاي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشتىنىنى ، كويتىسىنى سالدى . ئاندىن يەنە قولىغا ئالدى ... يەنە تاشلىدى ... ئۇ بۇ ھەرىكىتىنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلاپ ، ئاخىر چىنىگە تاماق ئۇستى ۋە كۆزلە-

رىدىن تارامىلاپ ياش تۆككەن ھالدا قەدىردانىنى ئويغاتتى:

— قەدىردان! قەدىردان، كۆزىڭىزنى ئېچىڭا. مەن ... مەن زۇلئاي ...

— ۋاي - ۋۇي، ئادەمنى ئۇخلاتماي ...

— سىزگە ئاماق پىشۇرۇپ ئېلىپ كىردىم ...

— بولدى قىلىڭە، — قەدىردان قولىنى كۆتۈرۈشى، چىنىگە تېگىپ كېتىپ، ئاش داۋالغۇپ، ئاززاق تۆكۈلۈپ كەتتى.

— ۋاي جېنىم! — زۇلئاينىڭ ئەنسىز ۋارقىرىۋېتىشى بىلەن چۆچۈپ كەتكەن قەدىردان كۆزىنى لەپپىدە ئاچتى.

— سىز ... سىزگە نېمە بولدى؟ ئەجەب قورقۇتۇۋەتتىڭىز ...

— ئاشنى ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قالدىڭىز ...

مەستلىكتىن كۆزلىرى ئېلىشىپ تۇرغان قەدىردان زۇلئايغا قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئانچە دىققەت قىلمايلا كۆزلىرىنى يۇمدى، بىراق نېمىدۇر بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك بويىنىنى شارتلا قايرىپ، زۇلئايغا قايتا قارىدى. كۆرگەنلىرىگە ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ يەنە قارىدى. راستىنلا يېرىم يالىڭاچ زۇلئاي بېشىدا چىنە تۇتقان ھالدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى.

— سىز ... سىز نېمانداق يالىڭاچ بولۇۋالدىڭىز؟

— ئاشخانا بەك ئىسسىقكەن، ئاماق ئەتكۈچە ئىسسىپ كەتتىم ...

— ئەسەنكامچۇ؟

— ئۇخلاپ قالدى، — زۇلئاي قوشۇق بىلەن چىنىنى قولىغا ئالدى، — تۇرۇڭە، بايا قورسىقىم ئېچىپ كەتتى دەۋاتاتتىڭىز.

قەدىردان زۇلئاينىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېلىشىپ، بېشى قېيىپ تۇراتتى، ئۇ زۇلئاينىڭ قوشۇقتا ئىچۈرۈپ قويۇشى بىلەن خۇرۇچلىرى تەڭشىلىپ، ئاشكۆكلىرى گويۇلدەپ پۇراپ تۇرغان سۇيۇقئاشتىن بىر چىنە ئىچىۋېتىپ، ئارقىدىن يەنە يېرىم چىنىگە تۇتۇش قىلدى. ئۆرىمۇ سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. زۇلئاي ھەر قېتىم

قوشۇقنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭلىگەندە، ئاپپاق مايكىسى ئۈستىدىن دۈپدۈگىلەك ئىككى كۆكسى كۆرۈنۈپ قالاتتى. بۇ هال ئەسسەت قەدىردانتى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى ... زۇلئاي بىكارلىغان چىنىنى گىلەم ئۈستىگە قويۇشى، قەدىردان ئۇنىڭ قولىدىن ئاستا تارتتى. قىزمۇ ئېلىقىپقىنا سىلجىپ يېقىن كەلدى ... ئۇ ئىختىيارسىز يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇشى، قىرىق ئالىقانلار زۇلئاينىڭ يالاڭ بەدەنلىرىنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى:

— سىز ... سىز ئىسسىپ كەتمەپسىز، قىزچاق ... توڭۇپ كېتىپسىز. قاراڭ. بىلەكلىرىڭىز كاچكۇلدىن چىققاندەك بولۇپ كېتىپتۇ ...

— راست توڭۇپ كەتتىم ... — زۇلئاي قەدىردانغا چىڭ يېپىشتى ... ئۇلار سىڭارىيان بولۇپ ياستۇققا تەڭ باش قويدى. قەدىردان ئەديىالنى بىرلا تارتقانىدى، ئىككىسىلا كۆرۈنمەي قالدى ... ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، زۇلئاي «ۋاي ...» قىلىپ ۋارقىرىۋەتتى ... ئەمما، شۇ هامان ئىشىك تاراقىدە ئېچىلىپ، ئەسەت غەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى - دە، گىلەم سېلىنغان سۇپىغا چىقتى. ئۇ ئەديىالنى بىرلا تارتقانىدى، ئۇلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ قالغان بېشى بىلەن يالىڭاچ مۈرىلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. چۈنكى، هەر ئىككىسى ئەديىالنى چىڭ قامالىۋالغانىدى.

— هەي قەدىردان، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟! هالىڭدىن خەۋەر ئالغان كىچىككىنە قىزغىمۇ باسقۇنچىلىق قىلدىڭما، نومۇسسىز! — ئەسەت قوللىرىنى شىلتىغىنىچە ۋارقىرىماقتا ئىدى، — سەن ياخشىلىققا مۇشۇنداق جاۋاب بېرەمسەن؟ ئاھ خۇدا، ئاھ خۇدا، ئانامغا نېمە دەپ جاۋاب قىلارمەن؟! خەپ، خەپ، تاڭ ئاتسۇن قېنى، ساقچىغا بارمىسام زادى ...

ئەسەت گۈس - گۈس دەسسىگىنىچە چىقىپ كەتتى. قورقۇش، پۇشايمان ئارىسىدا مەستلىكى نەلەرگىدۇر يوقالغان قەدىردان ئورنىدىن تۇرغانچە كىيىملىرىنى كىيدى. زۇلئايمۇ تەتۈر قارىغىنىچە ئىچ كىيىم ۋە ئىشتان، كوپتىلىرىنى ئالدىغا تارتتى، ئەمما

كۆرپىدىكى قىزىل داغقا كۆزى چۈشۈشى بىلەن ھەر ئىككىسى قىزىرىپ يەرگە قاراشتى. زۆلئاي دەرھاللا ئەدىيالنى تارتىپ كۆر-پىنى يېپىۋەتتى ...

— سىز ئاكامغا شەپە بەرمەي چىقىپ كېتىڭ، لېكىن قورقۇپ كەتمەڭ ...

— ماقۇل، — قەدىردان يۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ ئاشخانا ئىچى بىلەن چىقىپ كېتىشنى بىئەپ كۆرۈپ، قوش قاناتلىق كىچىك دەرۋازىنىڭ كىلىتانىنى ئەمدىلا چىقىرىپ تۇرۇشى، ئەسەت ئاسما مايكا بىلەنلا ھوجىرىسىدىن چىقىپ، ھويلا ئوتتۇرىسىدا يۈتلىرىنى كېرىپ تۇردى:

— ھەي قەدىردان! كېچىدە ئاستىلا چىقىپ كەتسەم ئىسىمنى تۇگەيدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ — ئەسەت يەرگە شالاقشىدە تۈكۈردى، — بۇ دېگەن بىر قىزنىڭ ئۆمۈرلۈك تەقدىر ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭمۇ؟ كىيىم - كېچەكلىرىنى تەييارلاپ قوي. بىز ئەتە ساقچىدا كۆرۈشەيلى.

— بولدى، ئەسەتكا، ساقچىغا بارما، مەن ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئاخىرغىچە ئىگە بولىمەن ... ياق، بارىمەن دېسەڭ، بۇنىڭغا-مۇ مەيلى، ئەمما زۆلئاي راستىنلا بەختسىز بولۇپ قالىدۇ!

قەدىردان دەرۋازىدىن چىقىپلا «ئوھ» دەپ چوڭقۇر تىندى. ئۇ يوگۇرگىنىچە يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى. «مۇساپىرلار مېھمان-خانىسى»نىڭ چوڭ دەرۋازىسى تاقالغان، قاراۋۇلخانىنىڭ ئالدىدى-كى كىچىك ئىشىك يېپىقلىق تۇراتتى. 40 ياشلاردىكى قاراۋۇل دېرىزىدىن قەدىردانىنى كۆرۈپ ئىشىكنى ئېچىپ بەرگىلى سىرتقا چىقتى.

— ئولتۇرۇشتىن كېلىشىڭىزمۇ؟ — دېدى قاراۋۇل ئىشىكنى ئېچىپ بېرىۋېتىپ، — تازا ئولتۇرۇپسىلەر - دە، تاڭمۇ سوزۇلۇپ قاپتۇ.

— بىز ئاغىنىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈن مەرىكىسىگە بار-غان، — قەدىردانىنىڭ كۆڭلىدىن بىر ئىش كەچتى بولغاي، قارا-

ۋۇلغا قارىدى ، — ئابلىزكا ، چوڭ دەرۋازىنى ئېچىۋەتسىڭىز .
— نېمىشقا ، بۇ كېچىدە يەنە بىر يەرگە بارامسىز ؟
— ساقوپ ھاجىم ئالماتاغا بىرگون سەھەردە يولغا چىقماق-
چى ، — دېدى قەدىردان ، — ئۇنىڭغا بېرىدىغان بىر نەرسە بار ئىدى . دەرھال ئاپىرىپ بەرمىسەم بولمايتتى .
— شۇڭا كېچىدە يېنىپ كەپتىكەنسىز - دە ، بولىدۇ ، دەرۋازىنى ئېچىۋېتەي ...

قەدىردان ياتىقىغىمۇ كىرمەي ، ھويلىدىكى «لادا»نى ئوت ئالدۇرۇپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇنى قورقۇنچلۇق چىگىش خىياللار رەھىمسىز پەنجىلىرىدە سىقماقتا ئىدى ، ئەسەتنىڭ زورلاپ ، يالۋۇرۇپ ، خۇشامەت قىلىپ ، ماختاپ يۈرۈپ ھاراق ئىچۈرۈشى كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى . ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن قەدىردانىنى ياتىقىغا ئەكىرىپ ئۇخلىتىپ قويماي ، زۇلئاينىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىدۇ ؟ تېخى بۇ قىزنىڭ كىيىملىرىنى سىلىۋېتىپ ئولتۇرغىنى نېمىسى ؟ زۇلئاي : «ئاكام ئۇخلاپ قالدى» دېگەندى . ئەمما ، ئۇ ماراپ تۇرغاندەكلا ئۇستىلەپ كىرىپ كەلدى . بۇ ئەسلى ئەسەت ئەرۋاھىنىڭ ئويۇنلىرى ئىكەن - دە ! نېمىشقىمۇ بالدۇرراق ئۇيقۇسى ئېچىلمىغاندۇ ! قاراپ تورۇپ ئۇنىڭ كولىغان ئورىسىغا پۇت ساڭگىلىتىپ بەرگىنىنى قارا . ئەمدى بۇ ئەرۋاھ قەدىردانىنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىشتىن يانمايدۇ ، ئۇنىڭ مەقسەت - نىشانىمۇ شۇ ئەمەسمىدى ! قورقۇنچ ، تەھدىت ۋە ۋەھىمە سېلىش ئارقىلىق يانچۇقىنى كولاش . سېغىپ ئىچىش ، يىلىكىنى شوراش ... مانا ئەمدى «ھالالىڭ قىسماققا دەسسەتتىم» دەپ قىن - قىنىغا پاتماي ئولتۇرىدىغاندۇ . بۇ قېتىم قەدىردانىنى قارا باستى ، قارا باسقاندىمۇ تەقدىر - ئىقبالىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكۈدەك قارا باستى !

ئاچچىق ھەم ئۆكۈنۈشلۈك خىياللار بىلەن «لادا» داچەيگۇغا يېتىپ كەلگىنىنى بىلمەيلا قالدى . قەدىردان ئاھالىلەر كوچىلىرىدىن ئايلاندۇرۇپ تار كوچىدا توختىدى . ئۇ كۆك سىرلانغان تۆمۈر

دەرۋازىنى قىقسقا باشلىدى .

— ياقۇپكا ! هاي ياقۇپ هاجىم ! دەرۋازىنى ئېچىڭە ...

بىر چاغلاردا پورلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە ياقۇپ هاجىم دەرۋازىنى ئاچتى . ئۇ قەدىردانىنى كىرگۈزۈۋېتىپ دەرۋازىغا قايتىدىن قۇلۇپ سالدى . ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كۆزىنى تېخىچىلا ئاچالمايۋاتقان هاجىم تامدىكى تورۋىنى ئېچىپ سوغۇق سۇدا يۈزىنى يۇدى .

— هەي ، سېنىڭ كىچىكلىكىڭ قاچان تۈگەيدۇ ؟ — دېدى هاجىم ئاچچىقىنى ئارانلا بېسىپ ، — هەرقانچە ئادەم ئۆلگەن ئىش بولسىمۇ كۈن چىققاندىراق كەلسەڭ بولمامدۇ ؟

— مەن ... مەن تۈگەشتىم ، هاجىكا ... — قەدىردان يىغلىۋەتتى ، — ئىچىمگە سىغدۇرالماي كېچىدە كېلىشىم ...

ياقۇپ هاجىم قەدىردانىنىڭ هالىنىڭ خاراب ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ سەگەكلەشتى . توختامدا بىرەر سەۋەنلىك يۈز بېرىپ ، بىر نەچچە يۈز مىڭ يۈەن قويۇلۇپ كەتكەنلىكى ياكى ئوغرى ـ بۇلاڭچىغا يولۇقۇپ پۇللىرىنى سىيرىپ سۈپۈرۈپ گاڭسا ـ جىسا بولۇپ قالغانلىقى دېگەندەك خىلمۇخىل ئەندىشىلىك خىياللار ئىلكىدە ئالەمنى بىر كېزىپ چىقتى . شۇڭا ، ئۇ ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ قەدىردانغا لۆڭگىنى تۇتقۇزدى ۋە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى . قەدىردان ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، ئۆزىنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن تۇنۇگۈنكى ئولتۇرۇشتىن باشلاپ . هۆسنارخان قورۇسىدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ، ھەتتا بۇ چاغقىچە زۇلغاي بىلەن بولغان «مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ »نىمۇ ئالا قويماي سۆزلەپ بەردى . ياقۇپ هاجىم ئاڭلىغانسېرى ، ئىڭىكىدىكى ئۆسمىگەن ساقالنى چىمدىپ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇ بىر چاغدىلا ئاچچىقىنا كۈلۈپ قەدىردانغا قارىدى .

— ئۇلار سېنى ئۇزاقتىن بېرى پىلانلاپ كەلگەن قىلتاققا دەسسىتىپتۇ ، — دېدى هاجىم تەئەددى بىلەن ، — ئەمدى زۇلئاينى ئالمىساڭ زادى بولمايدۇ ، قانۇنىي جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلالمايسەن .

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — قەدىردان ئاستا غودۇڭشىدى، — ئەگەر زۇلئايىنى ئالمىسام، ئەسەن ئۇرۇۋاھىنىڭ مېنى قاقسەنەم قىلىۋېتىشىدىن قۇتۇلالمايمەن.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھۆسنارخان ۋە ئەسەتلەرنىڭ سېنىڭ پۇلۇڭغا كۆزى چۈشكەن. شۇڭا، بانكا چەكلىرىڭنىڭ ھەممىسىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى يېزىۋېلىپ ماڭا ئەكىلىپ بەر. ئەگەر زۇلئاي بىلەن توي قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغىنىڭ، «دوستلۇق»تىكى ئۆينىڭ گېپىنى قىلما، ئۇقتۇڭما؟ مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان تۇرمۇش كۆل ئۈستىگە سېلىنغان ئۆيدەك ئۆمرى كوتا بولىدۇ...

— ئۇقتۇم!

— ئەگەر ھۆسنارخان چاقىرىپ قالسا، ئۇنىڭغا تولىمۇ مۇلايىم، سىلىق، ئەدەپلىك مۇئامىلە قىل. «ئۆزلىرىنى ئۆزۈمدىن بىرى ئۆز ئانامدەك كۆرۈپ كەلدىم» دېيىشنى ئۇنتۇپ قالما، ئەمما ئەسەت پۇل سورىسا بەرگىنىڭ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭما، مۇبادا بىر قەدەم ماڭدىڭمۇ بولدى، ئۆمۈرۋاقى ئازاب كىشەنلىرىگە بوغۇلۇپ، ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايسەن!

قەدىردان ياقۇپ ھاجىمغا يالتىمدە قارىدى ـ يۇ، دەرھاللا بېشىنى تۆۋەن سالدى. چۈنكى، ئۆزى ئەنسىرەپ تۇرغان گەپ ھاجىمنىڭ ئاغزىدىن چىققانىدى. ئەگەر بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچ ئاي ئىلگىرى سىگنال بەرگەن بولسا، قەدىردانىڭ پۇتلىرى ھازىرقىدەك پاتقاقتا پېتىپ قالمايتتى... خەيرىيەت، چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ ۋەقەدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن تۈنجى بولۇپ 32 ماشىنا مال كەلدى. قەدىردان ئۇنىڭ 24 ماشىنىسىنى سۇڭ جىجۇڭ خوجايىن بىلەن تۆت ۋاگونغا قاچىلاپ فۇجيەن ئەنبوغا يولغا سېلىۋەتتى. قالغان سەككىز ماشىنا گۆلە ـ قاقنى داخىيەن شىركىتىنىڭ خوجايىنى ياڭ مىڭسەن توختامدىكى مالغا ھېسابلاپ ئېلىۋالدى.

قەدىردان گەرچە «غەربىي دىيار» ، «قوڭغۇرتاش» ، «داخىيەن» ۋە «مۇسۇلمانلار» شىركەتلىرىنىڭ توپ سېتىش بازارلىرىدا قاق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولسىمۇ ، كۆڭلى دەككە ـ دۈككىدىن خالىي ئەمەس ئىدى . ھۆسنارخان قارامايدىن كەلدىمۇ ، 12 بال تەيفېڭ بورىنى چىقارمىغان ھالەتتىمۇ ، قارا بوران چىقىرىشى تۇرغانلا گەپ . ئەلۋەتتە ! بۈگۈن ئۇ «قوڭغۇرتاش» بازىرىدا قورسىقىنى تويغۇزۇپ ياتىقىغا قايتتى . «لادا» ئەمدىلا مۇساپىرلار مېھمانخانىسىغا كىرىپ كېلىشى . ئەسەت ئەرۋاھ ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى . ئۇ ماشىنىغا لەپپىدە قاراپ يېنىپ كەلدى .

— قەدىردان ، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى ، — دېدى ئەسەت ئەرۋاھ تەكەللۇپسىزلا ، — ئانامنىڭ ساڭا قىلمىدىغان گېپى باركەن …

— ھە ، ھۆسنارخان ئاچام قايتىپ كەپتۇ ـ دە ، — قەدىردان چاندۇرمىدى ، — ھە ، ساق ـ سالامەت كەلگەندۇ ـ ھە؟

ياخشى ، — ئەسەت سوغۇقلا جاۋاب قايتۇردى ، — يۇر ئەمىسە .

ئۇلار ئىككىسى ئاشخانىغا كىرىپ كەلگەندە ، كاسسىدا ئولتۇرغان ھۆسنارخان پەشتاختىدىن لەپپىدە قاراپ قويۇپ : «ئۆيگە كىرگەچ تۇرۇڭلار» دېگىنىچە ، ئالدىدىكى چوتنى شاراقلىتىپ نىمىلەرنىدۇر بىر قەغەزگە يازماقتا ئىدى . قەدىردان بىلەن ئەسەت چوڭ ئۆينىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ دىۋاندا ئولتۇرۇشتى ، ئەمما قىنىقماس كۆشەندىلەردەك بىر ـ بىرىگە قاراپمۇ قويماي . ئىككىلىسى نەلەرگىدۇر تىكىلىپ تۇراتتى . قاپىقىدىن قار ـ بوران يېغىۋاتقان ھۆسنارخان كىرىپ كەلگەندە ، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ ، يۈرىكى سىلىپ كەتكەن قەدىردان ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى . ھۆسنارخان قەدىردانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۆت كىشىلىك دىۋانغا زوككىدا ئولتۇرغىنىچە ، زەھەردەك چېقىن چىقىۋاتقان كۆزلىرىنى ئۇدۇلىدىكى كۆشەندىسىگە قادىدى . ئۇ ئاچچىقىدا خېلى بىر ۋاقىتچە گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى .

— ھەي ، «قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس ، بوغۇز يېسە تۇۋۇر

www.uyghurkitap.com

تېشەر» دەپ ، قىزىم زۇلئايىنى ئاخىر بۇلغاپسەن ، — دېدى هۆسنارخان گارتىندە كېكىرىپ قويۇپ ، — ئەمدى هالىڭغا ئېشەك ئەخمىيىگە ئىگە بولمىغىنىدەك . ئۇنىڭغا ئىگە بولامسەن — بولامسەن؟

— بۇ ئىشتا ئۆزلىرىنىڭ ئىغىزلىرىغا قارايمەن ، — قەدىردان يەردىن ئۇستۇن قارىماي ئولتۇراتتى ، — بۇ چاغقىچىمۇ ئۆزلىرىنى ئانا ئورنىدا كۆرۈپ كەلدىم .

قەدىردانىنىڭ ئاخىرقى سۆزى جۇدۇنى قاتتىق ، تەدبىرى سۇس هۆسنارخانىنى دەرهاللا ئېرىتىپ قويىدى بولغاي ، بىردىنلا بوشاپ يەسكويىغا چوشتى .

— ئەمىسە ئانا ـ ئاناڭ گۇل قويغىلى قاچان كېلىدۇ؟

— بۇگۈن تېلېفون بەرسەم بەش ـ ئالتە كۈنگە قالماي يېتىپ كېلىدۇ .

— بوپتۇ . شۇنداق قىل ، — هۆسنارخان پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويىدى ، — بۇندىن كېيىن سىرتتا تاماق يېيمەن دەپ يۈرمەي ، مەشەگە كەل ، زۇلئاي قىلىپ بەرسۇن .

— بولىدۇ ، ئانا …

— هەببەللى ، ئەمدى ئادەمگە ئوخشىدىڭ .

قەدىردان تەزىم بەجا كەلتۇرۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن هۆسنارخان ئەسەتكا قاراپ قويىدى . ئۇنىڭ زەهەردەك هومىيىشىدىن ئوغلىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇراتتى .

— هەي ، بۇندىن كېيىن هېلىقىنى قەدىردانغا چەكتۇرۇپ يۈرمە . بولامدا؟ بولمىسا زۇلئايىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويىمىز .

— كېچىكتۇق ، ئانا . ئۇ هازىر خېلىلا ئۆزاپ كەتتى …

— ئايلا ، بۇ تەرىپىنى ئەجەب ئويلاشماپتىمىز ـ دە ، — هۆسنارخان ئالىيىپ قويىدى ، — سەن ئۆز كۆمچىڭگە چوغ تارتىپ ، ئاخىر سىڭلىڭنى داغدا قويىدىغان بولدۇڭ! ئۇنىڭغا داخىل بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى بىمەهەل ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

— خاتىرەڭنى جەم قىلە ، تۆشۈك مونچاق يەردا قالغان نەدە

بار؟ پايتەمسىنى تەتۈر ئۆرايدىغاندىن يەنە بىرى چىقىدۇ .
— سىڭلىڭ ئەردىن - ئەرگە چىقىپ يۈرىدىغان «يوتقان يىغدى» بولۇپ قالسا ، سەن بىلەن ماڭا ياخشىما ؟
— ئا ... ئانا ، نىمىلەرنى دەيدىغانسەن ، قىز بالا دېگەن بىر كۆرپە ، كىملا ئاستىغا سالسا سالامدۇ .
چىقە تېتىقسىز شاۋچى ! «قىز بالا دېگەن كۆرپە» دەپ ئەتە - ئۆگۈن خوتۇنۇڭنىمۇ باشقىلارغا كۆرپە قىلىپ سېلىپ بېرەر-دىغان ئوخشايسەن !
ئۇلارنىڭ ھاياسىز سۆھبىتى داۋاملىشىپ يەنە قانداق پاسكىنا-چىلىقلار دېيىلەتتىكىن ، ئەمما زۇلئاي چىرايىنىڭ ئۆڭگىسولى يوق يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى :
— ئانا ، ئاكا ، ئىسمايىل ئاكام بىر قىسما بولۇپ قالدى ...
مېيىپ بولسىمۇ بالىدە . ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كېتىش-تى . كۆز قارىچۇقلىرى تورۇسقا قادىلىپ ، ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆر-لەپ دىر - دىر تىترەۋاتقان ئىسمايىلنىڭ ئەتراپىدا ھۆسنارخان ، ئەسەت ، زۇلئاي ، كارىملار پايپېتەك بولۇۋاتقاندا ، قەدىردان ياتىقى-دا ئىككى قىز ، ئىككى يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . ئۇلار يېڭىدىن توي قىلىپ ئورۇمچىگە ئىش ئىزدەپ چىققان بىر يۈرتلۇق ئەر - خوتۇنلار ئىدى . بىراق ، ھېچ يەردىن ئىش ئورنىغا ئىلىنشەلمەي ، ئوقەت قىلالىلى دېسە دەسمايىگە پۇل يوق ، تۇرمۇش سورۇقچىلىقى تارتىپ قالغانىدى . ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ناۋايچىلىق-تىن ، يەنە بىرىنىڭ باققالچىلىقتىن خەۋىرى بولغاچقا ، قەدىردان ئۇلارغا : «كونا كەسىپىڭلارنى قىلىڭلار» دەپ ، ھەر بىرىگە 3000 يۈەندىن پۇل بېرىپ يولغا سېلىپ قويدى . ئاندىن نۆۋەتچى خانىغا چۈشۈپ ئوبۇلھەسەنگە تېلېفون بەرمەكچى بولدى . ئەمما ، ئىچىدە گەپ ياتماس ۋىجىك قارا پاتەمنىڭ بەزى گەپلەرنى تالا - تۈزلەرگە يېيىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ پوچتىخانىغا كەتتى .
قەدىردان پوچتىخانىدىن قايتىپ كېلىپ ئەمدىلا ماشىنىدىن

چوشوشى . قارا يانەم يېتىپ كەلدى . ھەر دائىم قەدىردانىنى كۆرسە بىرنەچچە ئېغىز نىللاپ ئامراقلىقىنى ئىزھار قىلىدىغان ئۇ قىچىماك خوتۇن بوگۇن ئۆزىنى خىلىلا تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى .

— قەدىردان ، — دېدى ئۇ مەيۇس ھالدا . — زۇلئاي ھېرىپ ئىزدەپ كەپتىكەن . يىغلاپ تۆكولوپلا تۇرىدۇ . ھېلىقى مېيىپنىڭ ئاكىسى ئىسمايىل تۆگەپ كەتكەن ئوخشايدۇ .

قەدىردان ئالدىراپلا يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولدى . لېكىن ، يىراق - يېقىنلارغا خەۋەر يەتكۈزۈش ، ئاخۇنۇم - ئىماملارنى ئەكىلىش ، بەرلىكنى سۆزلىشىشتەك ئىشلاردا ماشىنا بولمىسا بولمايتتى . شۇڭا ، ئۇ «لادا»نى ئوت ئالدۇرۇپ دەرۋازىدىن چىقىپلا قۇيۇندەك يورۇپ كەتتى . دېگەندەك ، ئۇلار كېپەنلىك تىكىدىغان خوتۇنلارنى ، يۇغۇچىلارنى ، مېيىتنىڭ بېشىدا قۇرئان ئوقۇيدىغان ئاخۇنۇملارنى ئەكىلىش ئىشىدا راسا بېشى قېتىپ تۇراتتى . قەدىردان دەسلەپتە ئەسەت بىلەن سايىپرىق مەسچىتىگە بېرىپ جامائەتنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ، ئاخۇنۇم بىلەن ئىمامنى ماشىنىغا سېلىپ ئەكەلدى . ئاندىن يۇغۇچىلارنى ئالغىلى كەتتى . كېپەنلىك تىكىدىغان ئاياللارنى ئەكىلىشتە ياشانغان بىر ئايال بىلەن زۇلئاي ماشىنىغا چىقتى . ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا ، ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان زۇلئاي قىيا بېقىپ قارىغىنىچە ئۇھسىندى .

— قەدىردان ئاكا ، — دېدى زۇلئاي بوش ئاۋازدا ، — سىزگە ئاكام بىلەن ئانام بىسىم ئىشلەتتى - ھە ؟ مېنى كەچۈرۈڭ ...

— تىش ... — قەدىردان بارمىقىنى كالپۇكىغا قويۇپ ئارقىنى ئىشارە قىلىشى ، زۇلئاي : «ھېچقىسى يوق ، قۇلىقى بەك ئېغىر ، ئاڭلىمايدۇ» دەپ قويدى . شۇندىلا قەدىردان يېنىك تىن ئېلىپ زۇلئايغا قارىدى .

— چىرايىڭىز سارغىيىپ قاپتۇ ، ئۇلار سىزنى ئۇرمىغاندۇ ؟

— ياق ، ئۇلار ئۇرمىدى ، — زۇلئاي قىزىرىپ تەتۈر قارىۋال-

ـدى ، — بولدى ، سورىماڭ ...

— چوشەندىم ، — گەپنىڭ تېگىگە يەتكەن قەدىردانمۇ قىزى-رىپ كەتتى ، — مەن ئۆيدىكىلەرگە تېلېفون بېرىۋەتتىم . بىرەر ھەپتە ئىچىدە كېلىپ قالارمىكىن . ماۋۇ ئىش بولدى ، تېلېفوننى بەرمەي تۇرسام بوپتىكەن .

— ئىسمايىل ئاكام قازا قىلدى . ئەمدى يىل نەزىرىگىچە نوي قىلغىلى بولمايدۇ ، — دېدى زۇلئاي يەنە قىزىرىپ ، — گۈل قويغاندىكىن كېلىۋەرسۇن .

بۇ چاغدا ئارقا تەرەپتىن خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى ، زۇلئاي بىلەن قەدىردان چاندۇرماي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشتى .

— قەدىردان ئاكا ، سىز ئامالنىڭ يوقىدىن «ماقۇل» دېدى-ڭىزغۇ دەيمەن ؟ — دېدى زۇلئاي يۈزىنى قاچۇرۇپ ، — بۇ ماڭا ئايان .

— ئۇنداق ئەمەس ، ئۆزۈمنى خېلى دەڭسەپ بېقىپ ، — قەدىردان كۈلدى ، — ئاندىن سىزدىن ياخشى ۋە مېھرىبان قىزنى تاپالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى .

قەدىردان گېپىنى قىلىپ بولۇپلا چىرايى بىردىنلا مىسكىند-لەشتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن «مېھرىبان» دېگەن سۆز چىقىش بىلەن ھېلىقى مۇلايىم ، «مېھرىبان» ئاتلىق قىز كۆز ئالدىغا كەلگەنىدى . راست ، كۆڭۈل بېغىدىن تا ھازىرغىچە چىقىپ كەتمە-گەن ئاشۇ كەم سۆز ، ئوچۇق چىراي ، ياۋاش قىز بۇ دۇنيادا بارمىدۇ ؟ بولسا نەدىدۇ ؟ ئۇمۇ قەدىردانىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئەسكە ئالامدىغاندۇ ؟ !

— گېپىڭىز راستما ؟ — دېدى زۇلئاي ھېچ كۆرۈلمىگەن ھاياجان بىلەن ، — ئاشۇ گېپىڭىز ئۈچۈنلا بىر ئۆمۇر سىزنى كۈتۈپ ئۆتسەم ئارمىنىم يوق !

زۇلئاينىڭ كىرپىكلىرىدە ئالماستەك پارقىرىغان تامچىلار كۆ-رۈندى .

قەدىردان مېيىپ ئىسمايىلنىڭ ئۆلۈمىدە، نەزىرلىرىدە ماشە-
نىسى بىلەن يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا كۆڭۈلدىكىدەك ياردەملەش-
تى . تۇغقانلار ئارا ئۈچ نەزىرى بولغان كۈنى ۋە يەتتە نەزىرلىرىدە
قەبرە بېشىدا قۇرئان - تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن ھۆسنارخان ئاياق
تۇختى ، ئەسەت ، زۇلئايلارنى گۈلساي قەبرىستانلىقىغا ئاچىقتى .
ئادەملەر ئارىسىدىكى كىنا - كۈدۈرەتلەرنى ئۆلۈم ھەسرىتى ئېرىتىپ
يۇمشىتىدۇ ، توي شادلىقى يۇيۇۋېتىدۇ ، دېگەن گەپ راست ئوخشاي-
دۇ . ھۆسنارخاننىڭ مۇز چىرايى بارا - بارا ئېرىپ ، قەدىردانغا
قىرىچە - يېنىچە تەگمەيدىغان ھەم ئىللىق چىراي ئاچىدىغان بولۇپ
قالدى . مېيىپ ئىسمايىلنىڭ يەتتە نەزىرى بېرىلىپ ئىككى كۈندىن
كېيىن . قەدىردانىنىڭ ئانىسى خەيرىنگۈل ، ئاچىسى گۈلنۇرلار خو-
تەندىن كېلىپ ، قەدىردان ئۈچۈن زۇلئايغا گۈل قويدى . ھۆسنار-
خان يىغلاپ تۇرۇپ :

— 18 ياشقا كىرگەن قىرانىدەك ئوغلۇم قازا قىلدى . قارىلىق
تۇتمىسام يۈرىكىم پارە - پارە بولۇپ كەتمەمدۇ؟ شۇڭا تويىنى ئىلاج
بار كەينىگە سۈرسەك ، — دەپ ئىلتىجا قىلدى .

— قارىلىق تۇتمىسىلا بولامدۇ ، — خەيرىنگۈل تەسەللى بەر-
دى ، — سىلى ئەلۋەتتە يەرگە چامغۇر كۆمۈپ قويمىدىلا ، پۈتۈن-
سۆرۈك بىر ئوغۇللىرىنى ئۇزاتتىلا !

شۇ ، شۇ ، شۇ ئەمەسمۇ ، مەزلۇم قۇدام ، — ھۆسنارخان
قايتىدىنلا ھازا ئاچقاندى . باشقىلار : «ھاي ، سەۋر قىلسىلا ، خۇ-
دايىمغا يارىغانكەن ، ئېلىپ كېتىپتۇ» دېيىشتى .

— مېنىڭمۇ ئانام تۈگەپ كەتتى ، — خەيرىنگۈلمۇ كۆز ياش
قىلدى ، — شۇڭا بىر يىل قارىلىق تۇتمىسام ، خەق نېمە دەيدۇ؟
مەن بۇ توغرۇلۇق ئۆزلىرىدىن ئۆزرە سوراي ، دەپ تۇراتتىم .

خەيرىيەت ، گۈل قويۇشقا قاتناشقان تۇغقانلار ، يېقىن - يۇ-
رۇقلار ئۆزئارا بار مەسلىھەت قىلىشىپ ، قەدىردان بىلەن زۇلئاي-
نىڭ تويىنى ئارقىغا سۈرۈپ ، كېلەر يىلى ماي ئېيىنىڭ 12 -

كۆنگە بېكىتتى . ھۆسنارخان خەيرىگۈل بىلەن گۈلنۇرنى : «ئۆي-
لىرىمىز كەڭتاشا ، كەتكۈچە مەشەدە يېتىپ - قوپۇڭلار» دېگەنى-
دى ، قەدىردانىنىڭ يېڭى ئۆيدە تۇرۇۋاتقان خەيرىگۈل بىلەن گۈل-
نۇر ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە : «مېھمانخانىغا بىرنەچچە
كۈنلۈك بىلەت ئېلىپ قويۇپتىكەنمىز» دېيىشتى . قەدىردان ئانىسى
بىلەن ئاچىسىنى ماشىنىسىغا سېلىپ ئىككى كۈن ئوينىتقاندىن
كېيىن خوتەنگە يولغا سېلىپ قويدى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئالتىنچى باب

ئۇلانباي «تاللىق» ساياھەت رايونى، كۆپكۆك چىملىق ئۇستىدە توختىتىپ قويۇلغان مېغىز رەڭلىك «لادا» چاتقال، توقايلىقلار ئۇستىدىن قىيپاش چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىدا گويا يەرگە شەپەق ئۆزۈلۈپ چۈشكەندەك بىنەپشەرەڭ يالتىرايتتى. تاللار لەرزان يەلپۈنەتتى. مەخمەلدەك يايپېشىل ئوتلاق ئۇستىدە ئۈنگەن ئاق، سېرىق گۈللەر خۇددى چېچىلغان مارجانلاردەك كۆزنى چاقاتتى. ئارام - ئارام بۇلۇنۇپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلار ئورمان ئىچىگە تومۇردەك تارالغانىدى. قاراڭ! سۇ بويىدىكى يۇمشاق مىسىل ئۇستىدە بىر جۈپ قىز - يىگىت ئولتۇرۇشىدۇ. توۋا، ئۇلار نېمە قىلىشىۋاتاندۇ؟ توغرا، قىز يىگىت قولىدىكى پال - پال قەغەز ئاستىغا سەرەڭگە ئوتىنى تۇتۇۋاتىدۇ، يىگىت 100 يۈەنلىك پۇلنى نەيچە قىلىپ ئاقۇچ تۇماننى سۈمۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ تۇتۇن ئەمەس، گويا ئىككى ئالەم ھۆزۈرىنى سۈمۈرۈۋاتقاندەك، قويۇق كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرى ئاستا - ئاستا يۇمۇلماقتا ئىدى.

— كەچۈرۈڭ، زۇلئاي، مېنىڭ بىرىنچى مۇھەببىتىم مۇشۇ ئاق تۇتۇن! ئىككىنچىسى سىز ... ئەمما سىز بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇكى، بۇ بولمىسا زادى بولمايدۇ!

— سىزگە ئاكام زىيانكەشلىك قىلدى، مۇشۇنى ئويلىساملا ئۇ مۇناپىقنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ. — زۇلئاي ئولتۇرۇۋاتقان كۆنگە قارىدى، — قەدىردان، قايتايلى، خېلى كۆڭۈللۈك ئويىندۇق ...

— يۈرۈڭ ئەمىسە.

مېغىزرەڭ «لادا» زاۋال ۋاقتىدىكى شەپەق نۇرىدا خېلى قىزىرىپ، خېلى ساپسېرىق، تۇرۇپلا بىنەپشەرەڭ يالتىراپ، كۆپكۆك

دېگەننى بۇسۇپ كېلىۋاتقان ئالتۇنبېلىقتەك بوك ئورمانلار ئىچىـ
دىن قوپۇندەك ئۇچۇپ كەلمەكتە . قەدىردان زۇلئايىنى ئالدىنقى ھەپتە «سۇ ئۈستى باغچىسى»غا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلگەنىدى . مانا بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئۇلانىياي تاللىقىغا ئوينىغىلى كېلىپ ، كۈنمۇ ئۆلتۈرۈپ كەتتى .

«لادا» شەھەرگە كىرىپ كېلىشى بىلەن سورئىتى سەل ئاستىلىغان بولسىمۇ ، كەچلىك بازارلار راسا قىزىغان پەيتتە سەنشىخاڭزىغا يېتىپ كەلدى . قەدىردان ماشىنىسىنى توختىتىپ ئىسخار تۇغقانلىق پولۇخانىسىغا كىرىپ كېلىشى ، خوجايىن بىر كۆزىنى قىسىپ بەلگە بەردى ـ دە ، ئۆزى ئىچكەركى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى . قەدىردان ئىسخار تۇغقاندىن تىرناقتەك بولاقتىن ئۆننى ئېلىپ 3000 يۈەن تاشلاپ بەردى . لېكىن ، ئىسخار ، ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق تۇتۇۋاتقانلىقى ، 50 گىرامدىن ئارتۇق خىروئىن بىلەن تۇتۇلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن مالنىڭ قىس ئىكەنلىكى ، شۇڭا ، بىر گىرامىنىڭ 350 يۈەنگە چىققانلىقىنى ئېيتىپ ، قەدىرداندىن يەنە 500 يۈەن ئالدى . شۇڭا ، ئۇ ماشىنىسىغا چىقىش بىلەن ئىسخارنى تىللىدى :

ئىنساپسىز تۇغقان ، داۋاملىق گىرامىنى 300 يۈەندىن بېرىۋاتاتتى . قارا ، بۈگۈن ئۇن بولاققا 3500 يۈەن ئالدا …

— ئانامنۇ ھازىر مال قىس دەپ قاقشاۋاتاتتى ، — دېدى زۇلئاي قەدىرداننىڭ قولىدىكى بولاقلارغا قاراپ ، — تۇۋا ، ئالتۇندىنمۇ قىممەت بىر نېمىكەنتا بۇ !

ھىم … ئۇنداقتا راستكەن ـ دە .

قەدىردان زۇلئاينى «ھۆسنىخان بەنەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ ، ئۆزى ماشىنىسىنى قايتۇرۇپ «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا كىرىپ كەتتى . يولنىڭ بۇ چېتىدە تۇرۇپ ، مېغىزرەڭ «لادا»نى چىراغ يورۇقىدا ئېنىق كۆرۈپ تۇرغان زۇلئاي ئىچىدە : «ئۇ بۈگۈن بەشىنچى قەۋەتتىكى ئىپلاس داشقاللار بىلەن يەنە چېكىمدىغان بولدى …» دەپ پىچىرلىدى .

زۇلئاي غەزەپ ۋە ئېچىنىشتىن تىترەپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىدا «تاكسى!» دەپ چاقىرغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. زۇلئاي ماشىنىدا چىقىپلا، شوپۇر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندەك: «ھەيدا، جەيگو!» دەپ قاتتىق ۋارقىراۋېتىپ، ئارقىدىن «كەچۈرۈڭ...» دەپ ئۆزرە سورىدى.

زۇلئاينىڭ ئەنسىرىگىنى توغرا ئىدى. قەدىردان ياتىقىغا كىرىپ كاستۇمىنى سېلىۋېتىپ سائىتىگە قارىدى - دە، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ بەشىنچى قەۋىتىگە قاراپ ماڭدى. دەرۋەقە، بەشىنچى قەۋەتتىكى سەككىز كىشىلىك ئۈچچە ياتاق بەڭگىلەرنىڭ ئەرپىلگىنىدەك ئاشىق دەرۋىشلەر ماكانى ئىدى. بىر چاغدا قەدىردان ئۇچۇن «قوڭۇرتاش»نى قانغا بويىغان زوھۇرگاسىيا، يانچۇقچىلارنىڭ ئاتامانى ئىدرىس مودىلىق[1]، خىروئىن بەڭگىسى 60 ياشلىق ئابىخان لومپا، يالغان ئىسپاتنامىلەرنى ياساش پىرى ئەبەي گىتار، خىروئىن ئەتكەسچىسى ئەيسا خېنىنەنجىر قاتارلىق سەككىز - توققۇزدەك ئادەم چىلىم ۋە غاڭزىدا نەشە چەكسە، بەزىلىرى «دەتتىكام» دەپ قىمار ئويناۋاتقان ئىدى. قەدىردان كىرىپ كېلىش بىلەن زوھۇرگاسىيا ۋە ئابىخان لومپىلار ۋارقىرىشىپ كەتتى.

— ئوھوي، بالا سەيگۈيۈەن كەپقالدى مانا، — دېدى زوھۇرگاسىيا كېلەڭسىز تېنىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ، — بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى نەرسە چوقۇم بار...

— قەدى بايۋەچچىدە بولماي كىمدە بولاتتى، — خىرقىرىدى قېرى بەڭگى ئابىخان لومپا، — كېلە، قەدى بايۋەچچە، چىقىرە، جەننەت جان ئارامىنى!

— ھەي ئاكىلار، — قەدىردان كارىۋاتقا ئولتۇردى، — ھەرقايسىڭلارنىڭ مەندەكتىن ئۇننى سېتىۋالغۇدەك مادارىڭلار تۈگەپ، يەنە تېخى مېنىڭ قولۇمغا قاراپ قالدىڭلارما؟

---

[1] مودىلىق — كومېدىيە ئارتىسى چاپلىننى دېمەكچى. ئىدرىس چاقچاق، چەيدەس بىرەر يەردە جىم تۇرالمايدىغان بولغاچقا چاپلىنغا تەقلىد قىلىنغان.

— ئا ... قەدى ئىنى، — دېدى زوھورگاسىيا، — چوڭ لومپىدا ئىككى تىرناق باركەندۇق، خۇماردىن چىقمىدۇق.

— ھەي، ھەي ... غەيرەت جاڭدۇنىڭ قەدرى ئەجەب ئۆتۈلدى - دە، — ئابىخان لومپا بېشىنى چايقىدى، — ئىككى - ئۈچ بولاق ئالسا بىرەتى تاشلاپ بېرەتتى ئەمەسمۇ! بېيجىڭغا بىر بېرىۋالغانچە كەلمەيۋاتىدۇ ئۇ سەتەڭ ...

— خوجايىن كەلگىلى قويمىدى، — دېدى ئەيسا خېنەزجىر، — ھېلىقى چاغدا قەدىردان قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇرومچىگە كېلىشكە رۇخسەت قىلمايۋاتىدۇ.

— قەدى، قېنى چىقىرە ئەمىسە، — زوھورگاسىيا قولىنى تەڭلىدى، — بۇ يەردىكى گۆيلاردىن جان چىقسا چىقىدۇكى، «جان ھۇزۇرى» چىقمايدۇ ...

قەدىردان يانچۇقىدىن بىرنەچچە بولاقنى ئېلىپ كارىۋاتقا تاشلىشى، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ: «ھۇ !...» دېيىشىپ كېتىشتى. ئۇلار ياستۇق ئاستىدىن، كۆرپە تېگىدىن پال - پال قەغەز، سولياۋ نەيچە، سەرەڭگىلىرىنى ئېلىپ تەييار بولۇشتى. بىرى پال - پال قەغەزنى تۇتسا، بىرى سەرەڭگە چاقاتتى، قايسىدۇر بىرى: «توختا، يەنە بىر شورىۋالاي» دېسە، يەنە بىرى: «بولدىلا، بىر سەرەڭگىلىك چەككەندىن كېيىن...» دەپ گۆلدىيەتتى.

زوھور گاسىيا، ئابىخان لومپا، ئىدرىس مودىڭ، ئەيسا خېنەنجىر، ئەبەي گىتارلارنىڭ كاللىسى بىر يەرگە يىغىلىپ، خۇددى بىر تەڭنە سۈتنى كۆرگەن ئاچ مۈشۈكلەردەك كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاق توتونگە تىكىلگەن مۇشۇ پەيتلەردە، زۇلئاي مۆل - مۆل ياش تۆككەن ھالدا ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. غەزەپ - نەپرەت، ئېچىنىش چېقىنلىرى ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىلغان ھاجىم زاڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، يوتىسىغا جەينەكلىگەن ھالدا بىر چېكىتكە تىكىلگەنىدى.

— ھاجىم ئاكا، مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمنى قەدىردان

www.uygurkitap.com

بىلمىسۇن . بولمىسا ، مەن بەختىمدىن ئۆمۈرۋايى ئايرىلىمەن ، — دېدى زۇلئاي يىغلىنىپ ، — ئۇنى قۇتقۇزۇشنىڭ ھېچ چارىسىنى قىلالماي ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىشىم .

— سىز بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭىز ؟

— قەدىردانىمنىڭ ئانىسى ، ئاچىسى گۈل قويغانىمنىڭ ئەتىسى ئۇچىمىز قەدىردانىمنىڭ ماشىنىسىدا كەلگەنىدۇق . لېكىن ، ئۆزلىرى يېڭىلا سەپەرگە چىقىپ كېتىپتىكەنلا ، بىز قايتىپ كەتكەن .

— ھىم ، مۇنداق دەڭ . — ھاجىمنىڭ جىددىيلىشىپ قالغانلىقى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى ، — قەدىردان ھازىر ياتىقىدىمۇ ؟

— ئەگەر ياتىقىدا بولمىسا ، بەشىنچى قەۋەتتە .

— يورۇڭ .

— ياق ، مەن بارمايمەن ...

— مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي ، ئاندىن سۆزلىشىمەن ، — ھاجىم قىزنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە قارىدى ، — سىز مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ . ئەگەر سىزدىن گۇمانلانسا ، «يوزلىشىمەن» دەپ تۇرۇۋېلىڭ .

— رەھمەت ، ھاجىم ئاكا .

ئۇلار چوڭ يولغا چىقىپلا تاكسى توسۇپ ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا يۈرۈپ كەتتى . يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ساپ ئۈزۈم شەكىللىك كوچا چىراغلىرى ۋە ئېگىز - پەس بىنالارنىڭ يورۇپ تۇرغان دېرىزىلىرى كۆكتىكى يۇلتۇزلار تۈپىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . كېچىنىڭ ھەيۋەتلىك بۇ مەنزىرىسى سېنتەبىرنىڭ سالقىن ، جانغا راھەت شامىلى ياقۇپ ھاجىمنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان غەزەپ ئوتىنى باسالمىدى . ئۇنىڭ ئەكسىچە ، خۇددى بارغانسېرى ئۆرلەپ ، مۇشتۇملىرى تۈرۈلەتتى ، ماشىنا دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ كۆزلىرىنى غەلىتىلا قىلاتتى ، بويۇنلىرىنى تولغاپ : «ئاھ خۇدا !» دەپ شىۋىرلايتتى . مانا ئاقىۋەت ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك پاجىئە يۈز بەردى . زادى يۈل تاپقان ، يول تاپقان ،

ھۆرمەت تاپقان ئادەمنىڭ دۇنيادا ئۈچ چوڭ ئاپىتى بولىدىكەن: «بۇزۇق قىز - چوكانلار ئاپىتى»، «قىمارۋازلار ئاپىتى»، «خىروئىن ئاپىتى». بۇ ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەقسىتى بىرلا! ئۇ بولسىمۇ، پۇل تاپقان ئادەمنى پىلە قۇرتى غازاڭ يېگەندەك يەپ تۈگىتىش، سويغان پىيازدەك يالىڭاچلاپ قويۇش، ئاخىر ئۆلۈم گىرۋىكىگە ئاپىرىش! ئەسەت ئەرۋاھ ئايىبىلىقنى قەدىردانغا سولاپ بىرىپ، ئارقىدىن ساقچىلارغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان، تېخى يەنە ئۆزى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىققان بولۇپ، قەدىردانىنى ئۆز كېچىكىگە كىرگۈزۈپ، بانكىدىكى ھەممە پۇللىرىغا ئىگە بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن! ئەگەر شۇ كېچىسى زۇلئاي ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ قاچۇرۇۋەتمىگەن بولسا، يەنە قانداق ئاقىۋەتلەر يۈز بېرەتتى؟

— ھاجىم ئاكا، — دېدى زۇلئاي ياقۇپ ھاجىمغا قايرىلىپ، — قەدىردان ئەگەر ياتىقىدا بولماي، بەشىنچى قەۋەتتە بولسا، ئەڭ ياخشىسى كىرمەي، سىرتتا تۇرۇپ چاقىرسىلا.

نېمىشقا؟

— ئاچچىقلىرىدا قوپاللىق قىلىپ سالسىلا، «بۇرادەرلىرىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى تۆكتى» دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ، — زۇلئاي ئاستا غودۇڭشىدى، — قەدىردان ئەرلىك غۇرۇرىنى بەك قەدىرلەيدىغان بالا.

ياقۇپ ھاجىم زۇلئايى «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» ھويلىسىغا ئۇتتۇرلا كىرىپ كەتتى. پەشتاختا ئارقىسىغا جۆكۈپ نېمىنىدۇر يېزىۋاتقان ۋىجىك قارا ياتەم ياقۇپ ھاجىمنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەچكىمۇ، سۇس سالام قىلىپ قويدى. لېكىن، ھاجىم ياتەمخانىنىڭ سالىمىغىمۇ ئانچە ئېتىبار قىلماي، ئىككى پەلەمپەينى بىر ئاتلاپ ئىككىنچى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىراق، قەدىردان ياتاقتا يوق ئىدى. ئۇنىڭ چوقۇم بەشىنچى قەۋەتتىكى ئوغرى، قىمارۋاز، ياڭچۇقچى، بەڭگىلەرنىڭ ئۇۋىسى بولغان ئويچە ياتاقتا ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ھاجىم ئالدىراپ

يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى . دېگەندەك ، ئۈپچە ياتاقتىن ۋارقىرىغان ، قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازلار كېلىۋاتاتتى . ياقۇپ ھاجىم پىسسىلا كې- رىپ ، قەدىردانىنى ئەچچە كاچات سېلىۋەتكۈسى كەلدى ، لېكىن زۇلئايىنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ئويلاپ بوختاپ قالدى . شۇڭا ، ئىشىكنى دەسلەپ بوشراق چەكتى ، كېيىن خېلىلا قاتتىق ئۇرۇشى ، ئۇزۇن چاچ ئەبەي گىتتار چىقتى :

— نېمە ئىشىڭ بارتى ، ئاكا ؟

— نېمە ئىشىم بولاتتى ، قەدىردانىنى چاقىرىۋەت ، مەن ئۇنىڭ ئاكىسى !

ئەبەي گىتتار كىرىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ، كۆزلىرى قى- زارغان ، ئاغزىدىن ھاراق پۇراپ تۇرغان قەدىردان چىقىپلا ، كەيند- گە بىر قەدەم داجىغانلىقىنى ئۆزى سەزمەي قالدى . ئەمما ، ياقۇپ ھاجىم ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قامالىلىغانچە سۆرەپ ، پەلەمپەيلەردىن پەسكە ئەچۈشۈپ كەتتى . قورقۇپ كەتكەن قەدىردانمۇ ھېچقانداق قارشىلىق قىلالمىدى . ئۇ ياتاق ئالدىغا كەلگەندە ياۋاشلىق بىلەن ئىشىكنى ئاچتى . ياقۇپ ھاجىم ياتاققا كىرەر - كىرمەي ، ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ ئەچچە كاچات سېلىۋەتتى . ئۇ غەزەپ ئاچچىقىدا ئۇرغاچقىمۇ ، ئۆزىنىڭ ئالىقانلىرى ئېچىشىپ كەتتى .

— ھەي ھايۋان ! مەندىن يوشۇرۇن نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىد- سەن ! ئادەم بالىسى قىلىدىغان ئىشما ئۇ ؟ بولۇپمۇ مۇسۇلمان بالىسىغا راۋان نەرسىما ئۇ ؟ ! — ياقۇپ ھاجىمنىڭ چىرايى سۇپسۇر ئاقىرىپ كەتكەنىدى ، — مەن سېنىڭ ئاتا - ئاناڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن ؟ دېگىنە قېنى ، مۇناپىق !

— مەن ... مەن ... قانداق قىلىمەن ؟ — قەدىردان يىغلىۋەت- تى ، — بۇ ... بۇ لەنەت تەگكۈرگە قانداق سېپىلىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ...

— ھەي كاپىر جوھۇت ! — ياقۇپ ھاجىمنىڭ يۈز - بويۇنلى- رى قىپقىزىل ئېسىلىپ كەتكەنىدى ، — ئاشۇ نىجىسنى قولۇڭغا ئالغاندا ، سېنى بىر ئۆمۈر جاپا بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا -

ئاناڭنى ، ئۆرۈق ـ تۇغقان ، قېرىنداشلىرىڭنى ، يارۇ بۇرادەرلىرىڭنى ، ئۆزۈڭنىڭ مۇسۇلمان پەرزەنتى ئىكەنلىكىڭنى ، پاك دىنىڭنى ، مىللىتىڭنى ئويلىمىدىڭما؟ كۆز ئالدىڭغا كەلمىدىما؟!

— ياق ! ... ياق ! ... ياق ! هو ... هو ... هو ... — قەدىردان ئۆزىنى كاچاتلاپ هۆڭگىرەپ يىغلىماقتا ئىدى ، — هېچ ... هېچنېمىنى ئويلا ـ ئويلىمايلا سېپىلىپ قالدىم . ئۇ ... ئۇ دېگەن بىر سىرلىق تۇمانكەن ! قاچانلاردا سېنى ئورىۋالغىنىنى... يىلاندەك چىرمىۋالغانلىقىنى بىلمەيلا قالىسەنكەن .

— تاشلامسەن ـ يوق ، هەي گۆي ؟ ! — ياقۇپ هاجىم قەدىردانىڭ پاتىڭغا قارسلا قىلىپ بىرنى سالدى ، — مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن !

— بىۇ ... بىۇ ... تاشلايمەن دەپلا تاشلايدىغان نەرسە بولمىسا ...

— سېنى ... سېنى ... زەھەر تاشلاش ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ بېرىمەن .

— هارىرچە بولمايدۇ ...

— نېمىشقا ؟ !

— مەن ئىككى ناهىيە ، بىر بوز يەر مەيدانى بىلەن توختام تۈزۈپ ، 500 مىڭ يۈەن زاكالەت بېرىپ بولدۇم . بىرىنچى قېتىم 32 ماشىنا مال كەلدى . بۇ يەردە بولسا ئۈچ شىركەت ، بىر قاق سودىگىرى بىلەن توختاملاشتىم . 2 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە توختامدىكى مالنى تاپشۇرۇپ بولمىسام ، توختام بەلگىلىمىسى بويىچە نۇرغۇن تۆلەم تۆلەيمەن ...

— تۆلەم تۆلەيمەن دەپ ، كۆل بەڭگى بولماقچىمۇسەن ؟

— تۆلەم ئاز پۇل ئەمەس . بىر يېرىم مىليوندىن ئاشىدۇ . بۇ دېگەن تۆت خوجايىن ...

— مالنىڭ مەنبەسى ئىشەنچلىكمۇ ؟

— جەنۇبىي شىنجاڭدىن كېلىدىغان مالنىڭ ئۆزى يېتەرلىك مەنبە ! ئىككى ناهىيە ، بىر بوز يەر مەيدانى توختام بويىچە 2 ـ

ئايىمىك بېشىغىچە ، يەنى بەش يېرىم ئايدا تۆلىنىپ بولىدۇ .

نەچچە يۈز مىليون پۇل تاپقىنىڭ بىلەن [illegible] ئۆلگەندە ئۇ پۇللار ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ ، خالاس ...

— مەن ... مەن يېڭى چەككەن بولغاچقا ، خۇمارىم ئانچە قاتتىق ئەمەس ، — قەدىردان ھاجىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا يالغان ئېيتتى ، — شۇڭا پەيدىنپەي ئازايتىپ ، تاشلىيالايمەن .

— ھەي ، ئاغزىڭدا گەپ قىلىۋاتامسەن ياكى كۆتۈڭدىمۇ ؟

— ۋاي - ۋۇي ، خۇدا ھەققى راست گەپ قىلىۋاتىمەن ، — قەدىردان بىردىنلا ياۋاشلاپ كەتكەندەك قىلاتتى ، — مەن ئۆزۈممۇ تىت - تىت بولۇۋاتسام ...

— چېكىدىغىنىڭنى زۇلئاي بىلەمدۇ - يوق ؟

— بىلىدۇ ...

— ئەمىسە مەن ئۇنىڭغا تاپىلاپ قوياي ، ئۇ ساڭا كۆز - قۇلاق بولمىسا بولمىغۇدەك .

— سىز ... سىز كىمدىن ئاڭلىدىڭىز ؟

— بىر ئەمەس ، بىر نەچچىسىدىن . بىگىز قاپتا ياتامدا ، پاختىدا چوغ ساقلىغىلى بولامدا ؟ — ياقۇپ ھاجىم قولىنى شىلتىدى ، — ئەگەر سەن تاشلىمىساڭ ، ساقچىغا ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ بېرىمەن !

ياقۇپ ھاجىم ئېغىر ، تەمكىن ، كەم سۆز ئادەم بولغاچقىمىكىن ، ئۆمرىدە بۇنداق ئاچچىقلاپ باقمىغانىدى . شۇڭا ، بۈگۈن ھەددىدىن زىيادە ئاچچىقلاپ ئۆزىنى ئۇپرىتىپ قويغاچقىمۇ ، پۇت - قوللىرى بوشاپ ، لاسىدە بولۇپ قالدى . ئۇ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇن ماشىنىغا زىخچا تۆمۈر بېسىپ خوتەنگە يوروپ كەتتى . ھاجىمنى يولغا سېلىۋېتىپ يېنىك تىن ئالغان قەدىردان «لادا»نى قۇيۇندەك ھەيدەپ «دۆڭكۆۋرۈك»كە كەلدى . ئۇ ئابىخان لومپىنىڭ يەر ئاستىدىكى گىلەم دۇكىنىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىردەم ئەھۋاللىشىپ ئولتۇردى .

— ئابىخان ئاكا ، — دېدى قەدىردان ئەتراپىغا قاراپ



www.uyghurkitap.com

قويۇپ، — قەۋزىيەت بولۇپ قالدىم قاراڭ، ئۈچ - تۆت كۈندىمۇ تەرەت كەلمەيۋاتىدۇ ... كەلگەن نەقدىردىمۇ بەك ئازابلىنىپ كېتىمەن. بۇنىڭ بىرەر ئامالى يوقمىدۇ؟

بۇ خىروئىنغا كۆنگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كۆرۈلىدىغان ئالامەت، — دېدى ئابىخان لومپا، — بۇنىڭ ئالدىنى ئالمىساڭ خەتەرلىك جۇمۇ.

— قانداق قىلارمەن؟

خوتەندە ئوبۇل ئاخۇنۇم دەيدىغان بىر تېۋىپ بار، مەنمۇ دەسلەپتە ئىچىم كەلمەي، شۇ ئادەمنىڭ دورىسىنى يەپ ئوڭلانغان.

— ۋاي - ۋۇي، ئەمدى خوتەنگە بارىمەنما؟

قىزىقكەنسەن، كەچلىك ئايروپىلاندا بېرىپ ئەتىسى ئەتىگەن قايتىپ كەلمەمسەن.

— راست، شۇنداق قىلىپ باقايچۇ.

قەدىردان ئابىخان لومپىنىڭ دۇكىنىدىن چىقىپ «لادا» بىلەن ئۆدۈل ياتىقىغا كەلدى - دە، پۇل چېكى بىلەن چوڭ سومكىنى ئېلىپ بانكىغا كەتتى. ئۇ بانكىدىن قايتىپ كېلىپ 200 مىڭ يۈەننى مەخپىي سېپىرلىق چامادانغا قاچىلىدى. چۈنكى، ئۇ ھەر قېتىم خوتەنگە سەپەر قىلغىنىدا ھەر ئېھتىمالغا يارىشا پۇل ئېلىۋالاتتى. ئەرزان ئۆي - زېمىن ياكى قۇرۇق مېۋە - چىۋىنىڭ ئورنى بولۇپ قالسا، ئىككى يېنىغا قاراپ قالمايتتى. قەدىردان ئىشلىرىنى بىر قۇر سەرەمجانلاشتۇرۇپ، ئايروپىلان ئىستانسىسىغا تېلېفون بېرىش ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. قەدىردان ئايروپىلاننىڭ قاچان ئۇچىدىغانلىقى ۋە بېلەت ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ ياتاققا ئەمدىلا كىرىشى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەسەت ئەرۋاھ كىرىپ كەلدى. ئۇ سەپەر چامادانلىرىنى كۆرۈپ، قەدىرداننىڭ بىرەر يەرگە ئىزادە قىلغانلىقىنى پەرەز قىلىپ سورىغانىدى، قەدىردان خوتەنگە سودا ئىشى توغرۇلۇق ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بىرەر كۈننىڭ يېنىشى يوق، — دېدى ئەسەت ئەرۋاھ سەللا ھىجىيىپ، — ئەتىلەتىن ماڭساڭ بولمامدۇ؟

www.uyghurkitap.com

— نېمە، بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟

— پەرىزاتتەك ئىككى قىز بىلەن سۆزلىشىپ قويغانتىم، — ئەسەت تامىقىنى تامشىپ قويدى، — بۈگۈن كېچە راسا پەيزى قىلايلى دېگەنتىم.

— ئەسەتكا، ئەمدى ئۇنداق ئىشلارنى ماڭا سايە قىلما، قەدىردانىمىڭ تەلەپپۇزى تەئەددى بىلەن چىقتى، — مەن سىڭلىمنىڭ رولىغا بىلەن توي قىلىمەن دەۋاتىمەن، ئۇنداق قىلساق ئەقىلگە سىغماسمىكىن ...

— نېمىسى ئەقىلگە سىغمايدۇ، — ئەسەت ئەرۋاھىنىڭ دىردىيىپ تۇرغان كۆزلىرى چەكچەيدى، — توي قىلىش دېگەن باشقا گەپ، ئۇيۇن دېگەن ئايدا - يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ئىش، ھەر ئىككىسى ئۆز يولىدا كېتىۋەرمەمدۇ.

— ئۇنداقتا سىڭلىڭنىڭ يۈزىگە نىجاسەت سۈۋاپ يۈرسەم سەن ئۇچۇن ياخشىما؟

— خوتۇن كىشى دېگەن يارىلىشىدىن ئاشۇنداق شورپېشانە بولىدۇ، ئۇقتۇڭما؟ شۇڭا كونىلاردا، ئەرلەرنى ئۆيدە بىرنىڭ، تالدا مىڭنىڭ، دەپ بىكار ئېيتىمىغان، قانداق، بولامدۇ - بولمامدۇ؟

ئۆزۈڭ بارغىن، مەن بارمايمەن.

— ھەي ئىسىت، بىر قوشۇق سۇ بىلەن يۇتۇۋالغۇدەك نازىنىن باللارتى، — ئەسەت ئورنىدىن تۇردى، — خەپ، بىر ئامەتتىن قۇرۇق قالدىڭ - دە ...

قەدىردان ئۇنى كارىدورغا ئۇزىتىپ چىقتى. يېيىش، ئىچىش، چېكىش، ئويناش بىكارلىقتىن بولۇپ، «مۇت» [1] قا دەندەپ قالغان ئەسەت ئەرۋاھ قەدىردانىنى يەنە بىر قېتىم يىقىتىشقا كىرگەنىدى. لېكىن، قەدىردان ئۇنىڭ قۇرغان قىلتىقىغا چۈشمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ، خىرۇئىن ئادەمنى جەھەننەمگە ئەكىتىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى، ئىمانىنى، ئادىمىيلىك پەزى-

---

[1] مۇت — بىكار، ھەقسىز.

لىتىنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋېتىپ، قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغاندا، «يۇر ئەمدى» دەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بولمىسا سىڭلىسىنى ئالماقچى بولۇۋاتقان كۈيئوغلىنى زىندانخورلۇققا باشلامدۇ؟!

— قاچان ماڭىسەن؟ — ئەسەتنىڭ ئورۇق گەۋدىسى ئالدىغا سەل ئېگىلگەنىدى، — ماشىنىدىمۇ ياكى ...

بۈگۈن كەچلىك ئايروپىلاندا.

— ھېلىقى ئاغىنىلەرنى يوقلاپ قويارسەن.

— كىمنى دەيسەن؟

— ئەھەت تاۋكا، ئىمىر ئۈچ بارماق، ئۆمەر غالتەكلەرنىچۇ.

— ۋايجان، بىر قېتىملىق سورۇندا ئەسرا بولۇپ قالغانلارنى يوقلىغىلى تۇرسام ئادەم تۇشامدۇ، تۇۋا دېگىنە، ئەسەتكا.

ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكى بار باللار جۇمۇ. ئاممىزە، سېنىڭ كەلگىنىڭنى بىلىپلا قالسا، نەدە بولسائىمۇ ئىزدەپ كېلىدۇ.

ئەسەت ئەرۋاھ چىقىپ كېتىپ ئارىدىن بىر سائەتمۇ ئۆتمەي، زۇلئاي داستىخانغا ئورالغان بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرغىنىچە دومسىيىپ گەپ قىلمىدى، ئەدناسى قەدىردانغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ نېمىگە بۇنداق خاپا بولۇپ قالغىنىنى بىلگەن قەدىردان چاندۇرماي ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈۋالدى:

— مەن تېخى سىز ئۆز قولىڭىزدا قىلغان گۆشناننى يەپ ماڭىمەن، دەپ تۇرسام، ئۆزىڭىز كىرىپ كەلدىڭىزغۇ! — قەدىردان ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى، — يۈرۈڭ، ئەمدى ئاشخانىڭىزغا بارايلى.

— بولدىلا، داستىخاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ بولۇپ، دەپ كەتكەن گېپىنى كۆرەيمۇ چىرايلىقىنىڭ، — زۇلئاي كولۇۋەتتى. — ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئەجەبمۇ ئۇستىغۇ سىز.

— ھۇي، راستىنلا گۈشنان پىشۇرۇپ ئەكەلدىڭىزما؟ — قەدىردان قىزنىڭ مۈرىسىدە دولقۇنلىنىپ تۇرغان چېچىنى سىلىدى، — مېنىڭ ئەجەب ئەقىللىق، ئاتلىق، ئوماق خوتۇنۇمغۇ بۇ ...

ئادەمنى ھېلىتىن خوتۇنۇم دەۋاتقىنىنى، — زۇلئاي لەۋلىرىنى ئىتتۇالدى، ئادەمنىڭ ئۇيانغۇسىنى كەلتۈرۈپ ...

خەيرىيەت، ھازىر ئۇلارنى «ئەر – خوتۇن» دېيىشكە بالدۇرلۇق قىلاتتى. قەدىردان 17 ياشنى تۈگىتىپ، 18گە كىرىش ئالدىدا تۇراتتى. زۇلئاي بولسا 15 ياشنى تۈگىتىپ، 16گە قەدەم ئالغانىدى. زامانەنىڭ ئۆزگىرىپ كېتەي، دۇنيا تەرەققىي قىلىپ، ئادەم ئەقلى يەتمىگۈدەك بىلىملەر، ئۆزگىچىلىكلەر، ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلارغا ئېرىشىپ، ئادەم بالىسىمۇ بالاغەت، ياش چەكلىمىسى دېگەنلەرگە قاراپ تۇرمايدىغان ئوخشايدۇ، بولۇپمۇ كىنو – تېلېۋىزورلاردىكى ئاجايىپ – غارايىپ ۋەقەلەر بالىلارنى «بالا قىرى»لاردىن قىلىپ قويىدىكەن. ئۇلار ئەقىل جەھەتتىنلا ئۆسۈپ قالماي، جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىشىمۇ شۇنچە تېز بولىدىكەن. مانا زۇلئاينىڭ ئارقىسىدىن قاراڭ، ياكى ئالدىدىن زەن سېلىڭ، بولمىسا چىرايىغا زوق بىلەن تىكىلىڭ، بەرىبىر بەنىلا كىچىككىنە قىز. ئۇ قەدىردانىنىڭ گۈشنانىنى بۆرىلەردەك يەپ، قىيمىلىرىنى يۈزلىرىگە سۈۋۈۋەتكىنىنى كۆرۈپ، تېخى ئۇنى: «كىچىك بالىدەك تاماق يەيدىكەنسىز» دەۋاتىدۇ.

بولدىلا. بۇلارنى زېمىرلاپ نېمە كېرەك، دۇنيانىڭ پەرگابى شۇ! ھەممە مەۋجۇدات ئوخشاشقۇ چوڭ، پىششىقۇ تولۇق بولامدۇ، شاخلىرىدىن چىقماي تۇرۇپ جۈپتىنى چىللامدۇ، قوڭغۇز تۇرۇپ توڭگۇزنى قوغلامدۇ، ئىششىقلىپ، سۇ يوغۇرمىسا، دەرەخ كۆكلىرىپ يوپۇرماق چىقارمايدۇ، گۈل شىرنىلىرى يېتىلمىسە، غۇنچە ئېچىلمايدۇ، باھار ئاپتىپىنىڭ تەپتى قىزىتمىسا، چېچەك پەسلى قانداقمۇ يېتىپ كەلسۇن؟! بۇنىڭغا شۇنچىلىكلا تەبىر بەرسەك بولۇپ قالار ... نۇۋا، ماۋۇ ئىككىسىنى ھازىرلا تېخى كىچىك،

بالاغەتكە يەتمىگەن. دەپ بىر مۇنچە كايىلدىساق، قاراڭە، بىر-بىرىگە ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ كەتكىنىنى! بۇلارنى كىچىك دېگەننىڭ ئۆزى ئەخمەق!

— ئەگەر سىزگە ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىتىپ قويغان بولسام، — دېدى قەدىردان قىزنىڭ يۈز - بويۇنلىرىدىغا سۆيۈپ، — بۈگۈن مېنى ئايرودۇرۇمغا ئاپىرىپ قويۇپ كەلگەن بولاتتىڭىز.

— سىزنى كۆرگۈم كەلسە، — زۇلئايمۇ سۆيۈشتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى، — ماشىنىڭىزنى كوندە يۈيۈپ پارقىرىتىپ قويىمەن. راست. قاچان كېلىسىز؟

— خوتەن شىپاخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈپلا كېلىمەن.

— نېمە بولغانتىڭىز؟

— ۋاي - ۋۇي، سوراۋەردىڭىزا، قەۋزىيەت بولۇپ قالدىم شۇ.

— ئەمىسە تۆت - بەش كۈندە كەلگۈدەكسىز.

— بۈگۈن كەچتە بارسام، ئەتە ئەتىگەن دورىنى ئېلىپلا كەچلىك ئايروپىلاندا قايتىپ كېلىمەن، — دېدى قەدىردان، — ئەگەر بىرەر ئوقەتنىڭ ئورنى بولۇپ قالسا، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

— شۇنچە ئالدىراپ نېمە كەپتۇ؟

— بۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرغان نۇرغۇن ئىش تۇرسا...

— شۇڭا «بىلىپ بولغۇچە كېلىپ بولىمەن» دەپ ماڭا ئۇقتۇرمايلا ماڭماقچى بوپتىكەنسىز - دە.

— دېدىمغۇ، گۆشنان يېگىلى كىرەتتىم، دەپ...

قوزا قىزچاق، موزاي يىگىتچاقلار چوجە - خورازلاردەك بىردەم دانغا چىللىشىپ، تۇرۇپلا كىرىشىپ قېلىپ، ۋاقىت خېلىلا بولۇپ قالغانىدى. قەدىردان سائىتىگە قاراپلا چۆچۈپ كەتتى.

قەدىردان بىلەن زۇلئاي كوچىغا چىقىپلا تاكسى توختاتتى. ئۇلار بىردەم بولسىمۇ مۇڭدىشىۋالايلى دېدى بولغاي، ماشىنىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ، ئايرودۇرۇمغا يارغۇچە مۈگدىشىپ كەلدى .

— قاراڭ ، زۇلئاي ، ياقۇپكام مىنى ياتىقىمغا سولاپ قاتتىق ئۇردى .

— ۋييەي ، نېمە دەيدىغانسىز ، نېمىشقا ئەمدى ؟

— بىر كىم مىنىڭ چېكىدىغىنىمنى چېقىپ قويۇپتۇ .

— ۋايتوۋا ، كىممۇ شۇنداق قىلغاندۇ ؟

— ئاكىڭىز ئەسەتمىكىن دەيمەن .

— ھەيناڭەي ... ئاكامنىڭ سىرتقا چىقمىغىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى ، — زۇلئاي ئاكىسىنى يامان قىلىشنى خالىمىدى ، — ھاجىم ئاڭلاپلا غەزەپلىنىپ پايلىماي يېتىپ كەپتۇ - دە !

— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا ، ئەسەتكام بايا ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا كەپتىكەن .

— نېمىشقا كەپتۇ ؟

— ھېچ ... ھېچنېمىگە ...

— دەڭە ، — زۇلئاي تورۇپلا خۇيلاندى ، — سىز ... سىزنى يەنە بىرەر جالاپنىڭ قېشىغا ئاپارماقچىمىكەن ؟

— بۇ ... بۇ ... نېمە دېگىنىڭىز ؟

— ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان بوزۇقلار ئازما ؟ — زۇلئاي ئايپىلىقنىڭ ئىسمىنى چىقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى ، ئۇنداقتا ئاكىسى بىلەن ئانىسىنىڭ سۇيىقەستى ئاشكارىلىنىپ قالاتتى - دە ، قەدىردانىنىڭ ھۆسنارخان ئائىلىسىگە بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى .

— كەچتە ئاغىنىلەر بىلەن بىر ئولتۇرۇشىمىز بار ئىدى ، قاتنىشىپ بەرگەن بولساڭ ، دەپ كەپتىكەن ، لېكىن مەن ئۆزرە ئېيتىپ ئۇنىمىدىم .

— مەن ... مەن ... ۋاي بولدىلا ...

زۇلئاي : «مەن ئىشەنمەيمەن» دېمەكچىدى ، لېكىن گېپىنىڭ

ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى . ئەسەت ئەرۋاھ ھەق ـ ناھەق ، مۇھەببەت ـ نەپرەت ، پاكلىق ۋە رەزىللىك كۆز قارىشى بولمىغان ئىپلاس ئادەم ئىدى . ئۇنى خىروئىن شۇنچىلىك غورۇرسىز ئەبلەخكە ئايلاندۇرۇۋەتتىكىن ، ئۇ چىۋىننىڭ قانىتىدەك مەنپەئەت ئالدىدا ، ئاتا ـ ئانا ، قېرىنداشلىرىنىڭ يۈزىگە تىجاسەت سۈۋاشتىن يانمايتتى . قەدىردانىنى خىروئىنغا ئۆگەتكەن ۋە ئۇنىڭ پۇلى ئارقىلىق بۇزۇقچىلىققا باشلاۋاتقىنىمۇ ئاكىسى ئەسەت ئىكەنلىكى زۇلئايغا بەش قولدەك ئايان ئىدى !

— بۇندىن كېيىن ئاكامنىڭ ئارقىسىدىن ماڭماڭ ، بولمىسا مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن .

— بۇ ... بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ — قەدىردان قىزنىڭ ئۇياقىرىپ كەتكەن چىرايىغا قارىدى . — ئۇ ... ئۇ سىزنىڭ ئاكىڭىز تۇرسا ...

— توغرا ، ئۇ مېنىڭ ئاكام ... بىراق ئۇ ئادەم ئەمەس ، ھايۋان ! ئۇنىڭ بىلەن بىر قورساقتا ياتقىنىمنى ئويلىسام يىرگىنىپ كېتىمەن .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، گەپ ئۆزۈمدە ، قاشا مۇستەھكەم بولسا ھويلىغا ئىت كىرەلمەيدۇ .

زۇلئاي : «ئەمىسە ئايىبلىق دېگەن قانجۇق قاشادىن ئاتلاپ كىرەلەپتۇغۇ» دېمەكچى بولۇپ ، يەنىلا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى .

— بوپتۇ ، — دېدى زۇلئاي ياش تۆككىنىچە قەدىرداننىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ ، — بۇندىن كېيىن قاشارىڭىز مۇستەھكەم بولسىلا ، مەن سىزدىن خاتىرجەم ...

ماشىنىدىكى بۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك قىلىشقان سۆھبەت قەدىرداننى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك كۆڭلىنى خىرە قىلىپ قويدى . ئۇ ھېلىقى كېچىدىكى : «ياتاقتىكى قىزنى چىقىرىۋېتىڭ ! ساقچىلار تۇتقىلى كېلىۋاتىدۇ ... تېز ... تېز قېچىڭ ...» دېگەن ئاۋازنى ئەسكە ئالدى . مانا ئەمدى بولسا : «بۇندىن كېيىن قاشايىڭىز مۇستەھكەم بولسىلا ، مەن خاتىرجەم ...» دېيىش ئارقىلىق ، بۇرۇنقى-

لىرىنى ئۇنتۇدۇم دېمەكچىمۇ؟

ماشىنا ئايرودۇرۇمغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشتى. قەدىردان زۇلئاينىڭ ياشلىق كۆزلىرىنى كۆرۈپ، ئەڭلىك ئىسكەنجىسىدە باشقا ياقلارغا قارىۋالدى. ئۇ ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولۇپ زۇلئايغا خوش دېدى ـ يۇ، لېكىن يەنىلا چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمىدى. ياشلىرى مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈۋاتقان زۇلئايمۇ يەردىن ئۇستۇن قارىمىدى. پەقەت قەدىردان ئايروپىلان خادىملىرىنىڭ باشلىشى بىلەن ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى، ھەتتا كۈتۈش زالىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپمۇ ئىسەدىگىنىچە ياشلىرىنى توختىتالمىدى...

كەچلەپ خوتەن ئايرودۇرۇمىغا چۈشكەن قەدىردان قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، ھېلىقى بىر چاغدىكى سۇغۇقچىلىقنى ئۇنتۇمىغاچقا، قەدىردان ھېچقايسىسىغا سوۋغاتمۇ ئەكەلمىگەنىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپلا ئەتىسى چامادانىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى. ئانىسى خەيرىگۈل نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، كېرىيە ناھىيەسىدە بىر سودا توختامىنىڭ يارلىقىنى ئېيتىپلا چىقىپ كەتتى. خەيرىگۈل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن: «كېلەمسەن ـ يوق؟» دەپ ۋارقىرىغانىدى. ئۇ: «بىلمەيمەن» دەپ ئىتتىكلا جاۋاب بەردى.

قەدىردان ئوبۇلھەسەن بىلەنمۇ كۆرۈشمەي، ۋىلايەتلىك پارتكوم مېھمانخانىسىدىن يالغۇز كىشىلىك ياتاق ئالدى. ئۇ چامادانىنى بىخەتەرلىك ئىشكاپىغا تىقىپ قويۇپ، مىللىي شىپاخانىغا كەتتى. قەدىردان ئوبۇل ئاخۇنوم تېۋىپقا كۆرۈنۈپ، ئۇ يېزىپ بەرگەن رېتسىپتىكى دورىلارنى دورىخانىدىن ئېلىپ بولغۇچە چۈش بولۇپ كەتتى. ئۇ خوتەن قەغىزىگە ئورالغان بولاق ـ بولاق دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ ياتىقىغا كەلگەندە، قورسىقى خېلىلا ئاچقانىدى. بۇ چاغدا مېھمانخانا ئاشخانىسىدا تاماق قالمايتتى. شۇڭا، ئۇ تاماق يېيىش ئۈچۈن بازارغا مېڭىشى، ئەھەت تاۋۇكا، ئىمىر



www.uyghurkitap.com

ئۈچ بارماق، ئۆمەر غالىتەكلەر يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار خۇددى ئالتۇنتوشقان تېپىۋالغاندەك ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپلا كېتىشتى.

— بەللى، بالا سەيگۈيۈەن، بىزنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايسىز ـ دە، — دېدى ئەھەت تاۋكا مىس تەلەڭگىدەك قىزغۇچ سېمىز يۈزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ، — خەۋەر قىلىۋەتكەن بولسىڭىز، ئالدىڭىزغا چىقمايتتۇقمۇ.

— قەدى بايۋەچچە چوڭ سورۇن كۆرگەن بالا بولغاچقا، — ئىمىر ئۈچ بارماق ئۇرا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، ئۇچلۇق ئېڭەكىنى سىلاپ قويدى، — بىزگە كۆڭۈل تۇختىتالمىغان گەپ، بولمىسا...

— بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئۆيۈنلىرىمىز بار، — ئۆمەر غالىتەك يالغان ـ راستلاردىن يۆتىلىپ قويدى، — قېنى بۇگۈن قەدى بايۋەچچىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتەلەمدۇق ـ يوق، ئۆزىمىزنى بىر سىناپ باقىلى.

— ئاكىلار، مەن دورا ئالغىلى كەلگەن، بۇگۈن كەچ ياكى ئەتە ماڭىمەن.

— مېھمان دېگەن قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاش بولغۇلۇق، قانداق دېدىم؟ — ئەھەت تاۋكا ئىككى بۇرادىرىگە قارىدى، — ھەي بارماق، غالىتەك، گەپ قىلمايسىلەرغۇ؟

— ياسۇي. باست... چىمپىشىق، — «ئۈچ بارماق» بىلەن «غالىتەك» باشلىرىنى گىلدىڭلىتىپ بىر ـ بىرىنىڭ خۇنۇك تەلەتلىرىگە قاراشتى.

مېھمانىنىڭ كېلىشى ئۆزىدىن، كېتىشى ساھىبخانىدىن، دېگەن گەپ بار، — ئەھەت تاۋكا ئامۇتەك بۇرنىنى يول چېتىگە قاقتى، — كەلدىڭىزمۇ بولدى، ئەمدى بىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا بويسۇنۇشىڭىز كېرەك.

— لېكىن مەن... — قەدىردان ئالدىن تېلېفون بېرىۋەتكەن ئەسەت ئەرۋاھنى ئىچىدە تىللىۋەتتى: «ھۇ لەنىتى ئەرۋاھ، ئۆزۈڭ-

www.uyghurkitap.com

نى كۆرسەتمەكچى بوپسەن ــ دە !»
بۇ يەردە «لېكىن ــ پېكىن» دېگەن گەپ ئاقمايدۇ!
دېدى ئەھەت ئاۋكا ئالىپاساق بېشىنى سىلاپ قويۇپ، سىرتتا
سىزنى تاكسى ساقلاپ تۇرىدۇ، قېنى بۇرۇڭ... ئا... ئۇنداق كىرىد-
لىق قىلماڭ دەيمەن. ئىززەت ــ ھۆرمەت، تۆسپىنى قىلمىغانغىمۇ
ئادەم كىرەك.
قەدىردانىنى تاكسىنىڭ ئالدىغا ئۇلتۇرغۇزۇۋاتقان ئەھەت ئاۋ-
كا : «يورۇۋڭقاش بۇلبۇل ئارامگاھ» دەپ ۋارقىرىدى ــ دە، ئۆزىمۇ
ئارقىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغانلارنى قىستاپ يوغان ساغرىسىنى ئا-
رانلا پاتۇردى. تاكسىمۇ «ۋايجان ...» دېگەندەك لاسسىدە بېسىلىپ
يەنە ئورنىدىن تۇردى! خوتەن شەھەر ئىچى ئۇنچىۋالامۇ چوڭ بول-
مىغاچقا، تاكسى بىر دەمدىلا كەڭ، ئازادە، سىلىق يوللارنى ئارقىدا
قالدۇرۇپ، يورۇۋڭقاش دەرياسىنىڭ ئۇزۇن كۆۋرۈكىگە يېتىپ
كەلدى. كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپى لوپ ناھىيە يورۇۋڭقاش يېزىسى
ئىدى. تاكسى ساپسېرىق كۆز غازاڭلىرى بىلەن قاپلانغان كۆكتې-
رەك، سەگۇ، توغراق، تۇخۇمەك دەرەخلىرى قەد كۆتۈرگەن كو-
چىلار، ئەتراپلىرىنى يارلىق، ئورمان قورشاپ تۇرغان شال ئېتىز-
لىقلىرى، ئۆردەك، غازلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ غاقىلداپ يۈرگەن
ئارام ــ ئارام قارا سۇلار، زەپىراندەك سارغايغان قومۇشلۇق ۋە
يېكەنلىكلەر ھەم يېكەن توخۇلىرىنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى ئاڭ-
لىنىپ تۇرغان ھادىس گۈزەل كەچ كۈز مەنزىرىلىرىنى بېسىپ
ئۆتتى. ئاندىن يورۇۋڭقاش بازىرىغا يېتىپ كەلدى ــ دە، سولغا
بۇرۇلۇپ، شېغىلمۇ تۆكۈلمىگەن يولدا توپىلارنى پۇرقىرى-
تىپ 10 ـ 15 مىنۇت ماڭغاندىن كېيىنلا «بۇلبۇل ئارامگاھ»
نىڭ قارىسى كۆرۈندى. «بۇلبۇل ئارامگاھ» ئەسلىدە يورۇۋڭقاش
يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل،
ئۈزۈم، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن تولغان باغ بولۇپ، ئىسلا-
ھات باشلانغاندىن كېيىن شەخسلەر ھۆددىگە ئېلىپ ساياھەت باغچە-
سىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەنىدى. ئۇنىڭدا مېۋىلەر ئارىلىقلىرىغا را-

ۋاق، شىپاڭ ۋە ياغاچ سۈيلىق دەم ئېلىش خاس بۆلۈملىرى سېلىنغان، بىر خىل فورما كىيگەن رېستوران مۇلازىملىرى مۇردىسىگە ئالغان چوڭ فارفور پەتنۇسلاردا ئاش - تاماق، ھەر خىل قورۇمىلارنى باغنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا توشۇيتتى. باغدا يەنە تانسا، ئۇسسۇل ئوينايدىغان مەيدانلاردىن باشقا، ئەر - ئاياللارنىڭ ئايرىم - ئايرىم سۇغا چۆمۈلۈش كۆللىرى بار ئىدى. ھازىر كەچ كۈز بولۇپ، بەزى سوغۇققا چىدامسىز دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن باغ ئىچى قىزىل، سېرىق، ئاق، قوڭۇر رەڭلەر بىلەن ئۆزگىچە ماتانەتلىك كۆرۈنەتتى.

كەچكىچە قانغۇدەك ئويناپ كەيپى خېلىلا كۆتۈرۈلگەن قەدىردان زاۋال ۋاقتى بولۇش بىلەن قىمارۋازلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەرگە قايتىپ كىردى. تاكسى ئۇلارنى قۇرۇلۇش شەكلى ئۆزگىچە لايىھەلەنگەن، زامانغا لايىق گۈزەللىككە ئىگە بىر مېھمانخانىنىڭ گۈللىرى قۇرۇشقا ئۈلگۈرگەن ھويلىسىغا ئېلىپ كىردى. قەدىردان ئەتراپقا زەن سېلىپ، بۇ يەرنىڭ ئەسلىدە كىچىك چاغلىرىدا بالىلار بىلەن كېلىپ ئوينايدىغان كۆكتاتلىق مەيدانى ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— ھەي ئاكىلار، — دېدى قەدىردان ماشىنىدىن چۈشۈپ، مېنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم مېھمانخانىسىدا ئېلىپ قويغان ياتىقىم تۇرسا، بۇ يەرگە ئەكەلگىنىڭلار نېمىسى؟

قەدى بايۋەچچە، ھەر كەلگىنىڭىزدە ھۆكۈمەت مېھمانخانىلىرىدا ياتىدۇ، دەپ ئاڭلىدۇق، — ئەھەت تاۋكا قەدىرداننىڭ دولىسىغا ئۇردى، — ئەمدى شەخسلەرنىڭ مېھمانخانىلىرىدىمۇ يېتىپ بېقىڭ. بۇمۇ بىزنىڭ ياخشى كۆڭلىمىز.

— ئۇنداقتا چاتاق... چاتاق يوق، — تەڭشىلىپ قالغان قەدىردان قولىنى سىلكىدى، — ئەمىسە قېنى باشلاڭلار...

قەدىرداننى ئوتتۇرىغا ئالغان داڭلىق ئۈچ قىمارۋاز ئۈچىنچى قەۋەتتىكى «306» ياتاق ئالدىغا كېلىپ ئىشىك ئېچىش كارتىسىنى قۇلۇپقا سېلىشى، چاشقان كۆزىدەك بىر قىزىل چىراغ پىللىدە

ياندى ، ئارقىدىن زىل چىرقىراش ئاۋازى ئىلىنىش بىلەن ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى . ئەھەت تاۋكا كارتىنى قەدىردانىنىڭ يانچۇقىغا سالدى . ئاندىن ئۇنى ياتاقىغا كىرگۈزۈۋېتىپ ئىشىكنى گۈپۇلا يېپىۋەتتى .

قەدىردان ئۈچ مېتىر كەلمەيدىغان ياتاق كارىدورىدىن دەلدەڭشىپ ئۆتۈپ ، ئاپپاق كىرلىك يېپىلغان ئالىي كارىۋات ئۈستىدە ئېگىز بويلۇق ، ئاق يۈزلۈك ، لەۋلىرى كىچىك بىر قىز يەڭسىز تېپىز روباشكىسى بىلەنلا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇنىڭ روباشكىسى بەك قىسقا بولغاچقا ، خۇددى شاكىلى سويۇۋېتىلگەن تۇخۇمدەك ئاپپاق تولغان يوتىلىرى پارقىراپ تۇراتتى . ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قەدىردانىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى . تېخى كونا قەدىناستەك يۈزىنى يېقىپ ئەركىلىدى :

— ۋاي خۇدايىم ، خېلى جىق ئىچىپ قويۇپسىز - ھە ؟ ئەكەلىڭ ، ئايىغىڭىزنى سالدۇرۇۋېتەي ، — قىز قەدىردانىنىڭ ئايىغىنى ، سىرتىدىكى كىيىملىرىنى سالدۇرغۇچە ئۇنىڭ ئۇچىسىدا روباشكىسىدىن باشقا ھېچقانداق ئىچ كىيىمى يوق ئىكەنلىكى ئايان بولدى…

— سىز كىم بولىسىز ؟ بۇ… يا… ياتاقتا نېمە قىلىسىز ؟

— مېنىڭ ئىسمىم روقىيە . بۇ ياتاقتا نېمە قىلاتتىم ، سىزنى كۈتىمەن…

— كۈتىمەن ؟ مېنىما ؟ — قەدىردان بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرسەتتى ، — مېنى ؟

— ھەئە ، سىزنى ! — روقىيە لەپپىدە قاردى ، — ئەھەتكام ، ئىمىركام ، ئۆمەركاملار شۇنداق دېگەن…

ئەھەت تاۋكا ، ئىمىر ئۈچ بارماق ، ئۆمەر غالتەكلەر ئەتىسى قەدىردانىنى «ئۆزۈمزار شەربەت باغچىسى»دا تونۇگۇنكىدىنمۇ ئارتۇق مېھمان قىلدى . كېچىلىك نېمىتى ئۈچۈن ھېلىقى لەۋلىرى ئويماقتەك روقىيە ئۇنىڭ بىر كېچە خىزمىتىدە بولدى . ئەمما ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئەھەت تاۋكا قەدىردانىنى قىمارغا تەكلىپ

قىلدى . ئەمدى بارماي بولامدۇ ؟ ! ئېغىز يېسە ، يۈز ئۆيۈلىدۇ ،
دېگەن گەپ بار . يەنە تېخى ئالماقنىڭ بەرمىكى ، يېمەكنىڭ قۇسمىـ
قى بەرھەقتۇر . بۇ ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان ئەقەللىي مىزان !
تېخى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇنداق مېھنەتسىز ، جاپا ـ ئەجىرسىز
كەلگەن بايلىق ۋە نازۇنېمەتنىڭ زەرەرسىز ، ئازابسىز بولمايدىغانـ
لىقىغا بېشارەت بېرىپ : «بىر بالاسى بولمىسا ، چۆلدە قۇيرۇق
نە قىلۇر » دېگەنىكەن . بىر پۇلنىڭ كۆزىدىن نەچچە ئۆتىدىغان ئاشۇ
قارا كۆڭۈل ، تاش بېغىر قىمارۋازلارنىڭ قەدىردانىنى بىكاردىن ـ
بىكار يېگۈزۈپ ، ئويىنىتىشقا بېشى ئىششىپ قاپتۇمۇ ؟ ياكى كاللىـ
سىنى ئېشەك غاجىلىۋاپتۇمۇ ؟ سار يوقى يەپ ئېلىشىپىقۇ
قالمىغاندۇ ؟ !

خەيرىيەت ، بىرىنچى كۈنى قەدىردان 30 مىڭ يۈەن ئۇتتۇۋېـ
لىپ ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى . لېكىن ، بۇ بالا سەيگۈيۈەن
يەنە بالىلىقىنى قىلدى . «كۇرمىڭ ـ كۇرمىڭ قىمار سورۇنلىرىنى
ئاق توپىلاڭغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ، ئۇتۇپ ـ ئۇتتۇرۇپ ، چوغلاردا
يۇمىلىنىپ ، بارماقلىرى كېسىلىپ ، تاۋكالاردا پىشىپ ، قىمارنىڭ
مېغىزىنى چاققان ئاشۇ قاغدالمىلار ، تاۋكاغا ئەمدىلا قەدەم ئالغان
بىر موزايغا نېمىشقا ئۇتتۇرۇپ قويغاندۇ ؟ ! بۇ ئەلۋەتتە كۆلكىلىك
ئەمەسمۇ » دەپ ئويلىمىغان قەدىردان ئەتىسى مەخپىي سىپىرلىق
چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ 170 مىڭ يۈەن ئۇتتۇردى . ئۇ سەھەرـ
لىكتە قۇرۇقدىلىپ قالغان مەخپىي سىپىرلىق ، مەخسۇس پۇل
قاچىلاش چامادانىنى كۆتۈرۈپ ، سالپىيىپ يېنىپ كەلدى . ئۇ شۇ
كۈنى كەچتە ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا چىقتى . خۇددى
كىملەردۇر يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك جانسىز ، ماغدۇرسىز ،
روھسىز بولۇپ قالغان قەدىردان ئۈرۈمچىگە ماڭغان كۈنىنىڭ ئەتىـ
سى ئاببار ، خەيرىگۈل ، گۈلنۇر ، ئابدۇراخمانلار ناھىيەلىك ۋە
ۋىلايەتلىك مېھمانخانا ، قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە شىركەتلىرى ، بوڭ
توشۇش كالونلىرىدا قەدىردانىنى ئىزدەپ يۈرەتتى . ئۇلار «قەدىردان
خوتەندە بار ئىكەن ، تېخى كەتمەپتۇ » دېگەن گەپنى ئاڭلاپ .

ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى بارمىغان - كەرمىگەن بېرى قالمىغاندى .

ئابباس ناھىيەلىك يوك توشۇش - يۆتكەش ئەترىتىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ، بىرەر ئادەمدىن ئوغلىنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سوراي دەپ تۇرۇشى ، سۇخانا تەرەپتىن بىر چېلەك سۇ كۆتۈرۈپ ماشىنىلار تەرەپكە كېتىۋاتقان ياقۇپ ھاجىمنى كۆرۈپ قالدى . ئاباس بۇجاڭ ئالدىنقى قېتىم قەدىردان توغرۇلۇق بېنىكلىك قىلىپ بۇرنىغا يېگەندىن كېيىن سەل ئېھتىياتچان بولۇپ قالغانىدى .

— ياقۇپ ھاجىم ، قاچان كېلىپ قالدۇقا ؟

— ھوي ، ئابباس بۇجاڭكەنغۇ ؟ — ياقۇپ ھاجىم قايقارا قوللىرىنى كۆرسەتتى ، — كەچۇرسىلە ، بۇجاڭ ، قوللىرىم ماي ...ماشىنىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى كوچىلاپ تۇرمىسا ، ئاسانلا تۇمۇقاپ قالىدۇ . بۇ جانىۋارنىڭ...

— ئورۇمچىدىن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى يۆتكىگەن ئوخشىمامسەن ؟ ئابباس رەتلىك تىزىلغان ماشىنىلاردىكى تۆمۈر زىخچىلارغا قاراپ قويدى ، — ھەممىسى تۆمۈر ئوخشىمامدۇ ؟

— خوش ، بېتون جازىسىغا ئىشلىتىدىغان ھەرخىل ھەجىملىك زىخچا تۆمۈرلەر ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ، — ھە راست ، گەپ بىلەن بولۇپ ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن ، قەدىردان ھەرقايسىلىرىغا سالام ئېيتتى .

— ھەي ، نېمە دەۋاتىسەن ؟ — ئابباسنىڭ چىرايى تۇرۇلدى ، — قەدىردان خوتەندە تۇرسا ، بۇ... بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟

— نېمە ؟ — ياقۇپ ھاجىم دەمال بىر نېمە دېيەلمىدى ، — ئۇ... ئۇ... ئالتە كۈننىڭ ئالدىدا مېنى ئۇزىتىپ قويغان تۇرسا...

— ئالتە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆيدە بىر كېچە قونۇپ چىقىپ كەتكەنچە يوقاپ كەتتى ، — ئابباس قوللىرىنى شىلتىدى ، — ئاڭلىساق ، خوتەندە بارمىش . شۇڭا ، مەن باللار بىلەن ئىزدەپ يۈرىمەن .

— ئۇنداقتا ئۇ ، — ياقۇپ ھاجىم ئاچچىققىنا كۈلدى ، — مېنى يولغا سېلىۋېتىپلا ئايروپىلان بىلەن مېڭىپتۇ - دە .

— ئۇ كۆڭلىدىكىنى سەندىنمۇ يوشۇرسا ، بىزگە ئەسلا دېمەسە ، ئۇ زادى قانداق ئادەم بولۇپ قالدى ؟ باشلىقى ئوبۇلھەسەن بىلەنمۇ كۆرۈشمەپتۇ . ئۇمۇ ئىزدەپ يۈرىدۇ .

— ئابباس بۇجاڭ ، ماۋۇ ئون ماشىنا تۆمۈرنى چۈشۈرۈۋېتىپ ، كەچتە سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە باراي ، ئاندىن سۆزلەشسەك قانداق ؟ سىلى بىلەن سۆزلەشمىسەم زادى بولمايدۇ...

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، سىرتتا سۆزلىشىشمۇ ئەپسىز...

شۇ كۈنى كەچكىچە ئابباسنىڭ كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمىدى ، قولىمۇ ئىشقا بارمىدى . قانداقتۇر ۋەھىمىلىك بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى قامالللىۋالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۆيگە بالدۇرراق قايتىپ كەلدى . لەگمەن پىلتىلاۋاتقان خەيرىگۈل تامدىكى سائەتكە قاراپ : «كۈن قاياقتىن چىقتى...» دېۋىدى ، ئابباس قايىقنىمۇ ئاچماي : «تاماقنى جىقراق قىل ، ياقۇپ ھاجى كەلمەكچى» دەپ قويۇپلا ، گېزىتنى قولىغا ئالدى .

ياقۇپ ھاجىم تاماقنىڭ پىشىشىغا ئۇلگۇرۇپ كىرىپ كەلدى . ئۇلار ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن بىللە تاماق يېيىشتى ، ئاش سۈيى ئىچىشتى . ئاندىن مېھمانخانىغا كىرىپ ، دىۋانغا چۆككىنىچە بىر - بىرىگە ھومىيىشىپ ، ئۆيىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى . ئاندىن ياقۇپ ھاجىم گېلىنى قىرىپ ، كانىيىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ، ئابباس بىلەن خەيرىگۈلگە قەدىردانىنىڭ قانداق پاجىئەگە يولۇققانلىقىنى بىرمۇ بىر بايان قىلدى...

www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى باب

خوتەندىن كەچلەپ قايتىپ كەلگەن قەدىردان «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى «لادا»نى يوقلاش بولدى. ھەر ھالدا «لادا» زاۋۇتتىن ئەمدىلا چىققاندەك پارقىراپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن زۇلئاي ئۇنى ھەر كۈنى يوقلاپ تۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى. قەدىرداننىڭ لاپپىدە ئېچىلغان كۆڭلى نەپەس ئۆتمەي خىرەلىشىپ، چىرايىنى غەم تۇمانى قاپلىدى. بۇ تۇمان ماشىنىسىغا يۆلىنىپ ئەلەم بىلەن كۆككە باققان قەدىرداننى بىئاراملىق ئىچىدە ئىسكەنجىگە ئالدى! دېمىسىمۇ 170 مىڭ يۈەننى قۇمغا سۇ چاچقاندەك قەدىرسىز يوق قىلىۋەتتى! ئۇ خېلى - خېلى پۇللارنى ئەرەختەن - پەرەختەن قىلىۋېتىپ، تۈيۈقسىز قىسراپمۇ قويمىغانىدى. بۇ قېتىم ئەجەب يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئېچىشقىنى ئېچىشقان! بولمىسا، شاپائەت ئىزدەپ كەلگەن شۇنچە كۆپ يېتىمچىلەرگە، ئوقۇغۇچىلارغا ئالدىغا 10 مىڭ، كەينىگە 2000 — 3000 يۈەن بېرىپ: «يولۇڭنى تېپىۋال» دەپ ساخاۋەتلىك قوللىرىنى سوزدى. ئۇ چاغلاردا قەدىردان: «ھوي، تېگى - تەكتىنىڭ تايىنى يوق ساياقلارغا شۇنچە پۇلنى قۇشقاچقا تېرىق چاچقاندەك چېچىۋەتمە...» دېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كۆڭلى يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك پاللىدە ئېچىلىپ قالغانىدى، ھەتتا ياقۇپ ھاجىم، خالمەت قارىملارغىمۇ شۇنچە پۇللارنى: «بوپتۇ، يۇمىلىتىۋال» دەپ بەردى. مانا ھازىرغىچە ئىز - دېرىكىنى قىلىپ باقتىمۇ؟ ياق!

قەدىردان يۈز - بويۇنلىرىغا مۇزدەك بىر نېمە چۈشكەندەك بولۇپ ئاسمانغا قارىدى. يامالىق تېغىدىن ھالقىپ ئۆتكەن قار بۇلۇتلىرى شەھەر ئاسمىنىغا توپلانماقتا ئىدى. كېلىش ئالدىدا

تۇرغان جۇدۇننىڭ تۈنجى خەۋەرچىسى — ئۇششاق قار قۇقانلىرى تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇشماقتا ئىدى . بۇ يىل قىش ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتكەچكىمۇ ، 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بۇ جۇدۇن ئۈرۈمچىنىڭ تۈنجى قارى ھېسابلىناتتى .

قەدىردان ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ ياتقىغا كىردى . ئۇ مۇلازىملارنىڭ ئايرىۋېلان ئىچىدە تارقاتقان ئاچچىقمۇ ، تاتلىقمۇ ئەمەس ، بەتتام تاماقنى يېگەنىدى . ھازىر قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى بىلىپ تۇرۇپ : «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا چىقىشقا ئېرىنىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، زۇلئاينىڭ ياتىقىغا كىرىۋېلىپ ، ئوتتۇرا كېچىگىچە گەپ سوراپ ئاۋارە قىلىشىدىن ئەنسىرىدى . شۇڭا ، پۇتلىرىنى يۇيۇشقىمۇ تاۋى يارماي ، ئورۇن سېلىپ يېتىپ قالدى . ئۇ ياستۇققا بېشىنى قويۇشى ، 170 مىڭ يۈەن — بىر چامادان پۇل كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى . قەدىردان ئۇياققا تولغاندى ، بۇياققا يۇملاندى . ئاخىر ئاچچىقىدا ۋارقىرىۋەتتى :

— خەپ ئىلاھىم ، ئۇ مۇناپىقلار بىلەن يەنە بىر قېتىم ئويناپ 170 مىڭ يۈەننى چوقۇم قايتۇرۇۋالمىسام !

قەدىردان خېلىلا سەھەر ئويغىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ، سوغۇقتا ئېرىنىپ ئورنىدىن تۇرمىغانىدى . ئۇ تورۇسقا تىكىلگىنىچە : «170 مىڭ يۈەننى تۆت ئوشۇق بىلەن ياكى شەشخال ئارقىلىق ، بولمىسا دۇدۇرە[1] ئويناپ قايتۇرۇۋالايمۇ...» دەپ بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلىپ يېتىشى ، دېرىزە تۈۋىدىلا ۋىجىك قارا پاتەم ۋارقىرىغىلى تۇردى :

— ھەي قەدى ھورۇن ئېشەك ، جاھاننى قار بېسىۋالسا بەخىرامان يېتىۋېرەمسەن ؟ تۇرە ئورنۇڭدىن ، كېچىدىن بېرى «بالا سەيگۈيۈەن»نىڭ ماللىرى بىز ، دەپ ، مېھمانخانا ھويلىسىغا ماشىنىلار پاتماي قالدى . بولمىسا ھويلا پارتلاپ كېتىدۇ جۇما ، شاپ بول...

1 دۇدۇزە — قارتا بىلەن ئوينىلىدىغان قىمارنىڭ بىر تۈرى .

قەدىردان ھاپىلا - شاپىلا كىيىملىرىنى كىيىپ ھويلىغا چىقە-شى ، كۆزلىرىنى ئاچالمايلا قالدى . چۈنكى ، پۈتۈن ئەتراپ ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغانىدى . تېخى توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىرلا تۇتتى دېگەندەك . ئەسلىي تۇختامدىكى 32 ماشىنا 45 بولۇپ ، ئاندىن ئوبۇلھەسەننىڭ 22 ماشىنا . جەمئىي 67 ماشىنا گولە - قاق ھويلىغا پاتماي كوچىلارغا تىزىلىپ كەتكەنىدى . بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئوبۇلھەسەننىڭ 22 ماشىنا مىلىنىڭ پۇلى ئۇرۇمچى بانكىسىغا قويۇلۇپ ، كېيىنچە ئۇنىڭ دۇكانلىرىغا مال ئەۋەتىپ بەرسە بولىدۇ . لېكىن ، باشقىلىرىنىڭ پۇلىنى نەق بېرىپ ، ئۈچ بىرلەشمە ئالوندىن باشقا ، يەنە قوللىرىدىن ئىسپات ئالمىسا بولمايتتى . شۇڭا ، قەدىردان ئەتىگەندە ناشتىمۇ قىلماي ، 24 ماشىنا مالنى پويىز ئىستانسىسى مال چۈشۈرۈش سۇپىسىغا چۈشۈرۈپ ، سوڭ جىجۇڭ خوجايىنغا ئۆتكۈزۈۋەتتى . بۇ قەدىرداننىڭ بىر ئايدا تۆت ۋاگون ، يەنى 240 توننا مال ماڭدۇرۇش ۋەزىپىسى ئىدى . ئەمدى 43 ماشىنىنىڭ 22 ماشىنىسى لۇڭ داتۇنىڭ «قوڭغۇرتاش» شىركىتىگە ، قالغان 21 ماشىنا مال «غەربىي دىيار» شىركىتىنىڭ كاللەك خوجايىنى جاڭ يۈچىڭغا ماڭدۇرۇلدى .

قەدىردان «لادا» بىلەن چېپىپ يۈرۈپ ، ھەممىنى ئۆز يولى بويىچە يولغا سالغۇچە كەچ قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى . ئوبۇلھەسەن ئالدىنقى قېتىملاردا شوپۇرلارغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەن شوپۇر مىجىت قادىر بۇ قېتىممۇ دۇكانلارغا ئالدىغان مالنىڭ تىزىملىكىنى ئالغاچ كەلگەنىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئەتىدىن باشلاپ توپ سېتىش بازارلىرىغا بىللە بېرىشنى دېيىشىۋالدى .

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن قەدىردان كېچىلەپ «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا قايتىپ كەلدى . ئۇ ياتاق بىناسىغا كىرىشى ، قارا پاتەم ئالدىراش ئىشلەۋاتقانلىقى ئوچۇنمۇ ، تىللىمايلا گېپىنى تېزلا قىلدى :

— ھەي ، داداڭ ئابباس بوجاڭدىن تېلېفون كەلدى . ساڭا دەيدىغان مۇھىم گەپ باركەن ، شۇڭا كېچە سائەت 10 لاردا مەشەدە

تېلېفون ساقلىغىن .

قەدىردان ياتىقىغا كىرىپ كىيىملىرى بىلەنلا كارىۋىتىغا ئۆزد-
نى تاشلىدى . ئۇ تورۇسقا ئالايغىنىچە : «بۇجاڭ چوڭامنىڭ يىغد-
لىپ قالغان يەنە قانداق تەنبىھ ، نەسىھەتلىرى بار ئىكىن···» دەپ
پىچىرلىدى . ئۇنىڭ شىۋىرلاشلىرى ئاياغلاشمايلا ، ياتاققا ئەسەت
ئەرۋاھ ئالدىراپ كىرىپ كەلدى :

— قەدىردان ، تېز بول ، ماشىناڭنى ئوت ئالدۇر ، زۇلئاينىڭ
ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ هوشىدىن كەتتى .

— نېمە ، نېمە بوپتۇ ؟

قەدىردان ئەسەت ئەرۋاھ بىلەن «هۆسنارخان جەننەت نېمەتلە-
رى ئاشخانىسى»نىڭ ئالدىغا كېلىپلا ماشىنىدىن چۈشتى . ئۇلار
زۇلئاينىڭ هوجرىسىغا كىرىپ كەلگەندە هۆسنارخان قىزىنىڭ پې-
شانىسىگە لۆڭگىنى هۆل قىلىپ قويۇۋەتكەنىدى . ئۇلار زۇلئاينىڭ
قىلىن كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ ، بويۇنلىرىنى شارپىدا ئوراپ ما-
شىنىغا سېلىشتى . ئەتراپنىڭ هەممىسى ئاپپاق قار بولسىمۇ ، يول-
لار ئېرىپ مۇز توڭلاپ كەتكەنىدى . قەدىردان ماشىنىسىنى ئاۋايلاپ
هەيدەپ ماڭغانسېرى ، ئارقا ئورۇندۇقتا قىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇر-
غان هۆسنارخان : «تېز··· تېزرەك هەيدە···» دەپ ئالدىرىتاتتى .
ئەمما ، قەدىرداننىڭ قېشىدىكى ئەسەت : «يوللار غىلتاڭ مۇز تۇر-
سا ، ماشىنا سوقۇلۇپ كەتمەمدۇ» دەپ گۈركىرەيتتى .

زۇلئاينى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن تەكشۈرۈپ ، «ئۆپ-
كىگە سوغۇق تېگىپ ئىششىغان» دېگەن دىئاگنوزنى قويۇپ . جىد-
دىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇردى هەم دەرهاللا
ئاسما ئوكۇل سېلىندى .

— ئانا ، ئەسەتكا ، سىلەر بىر كۈن كەچكىچە ئاشخانىدا ئىش-
لەپ چارچاپ كەتتىڭلار ، بېرىپ ئارام ئېلىڭلار ، — دېدى قەدىر-
دان ، — بۈگۈن كېچە مەن قارايمەن .

— جاپا چېكىپ قالالىمۇ ، قەدىردان بالام ، — هۆسنارخان
يالغان يۆتىلىپ قويدى ، — سىلىمۇ تېخى ئاخشام كەپلا .

— ھېچقىسى يوق ، ئانا . كېتىۋەرسىلە .

— ئەمىسە مەن ئەتە ئەتىگەن ئىككىلىرىڭلا تاماق ئىچىلىپ كېلەي .

— ئەتە ، ئۆگۈن ئىككى كۈن كۈندۈزى مال ئالىدىغان ئىشىم بار ، — دېدى قەدىردان ، — بولمىسا خوتەنگە ماڭىدىغان ماشىنىلا ساقلاپ قالسا . ئوشۇق چىقىم تۆلەيدىغان گەپ .

— بولدى ، بولىدى ، ئەتە — ئۆگۈن ئەسەت ئىككىمىز قارايمىز .

— ئۇنداقتا كېچىسى مەن قاراي .

— بىر كىم قارىغۇدەك كېسەلىم ئېغىر بولمىسا ، — زۇلئاي ئېغىر تىندى ، — شۇڭا ئاش - تامىقىمنى ئەكىلىپ بەرسەڭلارلا بولدى ، بىر - ئىككى كۈن ئوكۇل سالدۇرۇپ چىقىپ كېتىمەن .

دادىسىدىن سائەت ئوندا تېلېفون كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان قەدىردان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، كارىۋاتقا جەينەكلىگىنىچە زۇلئاي بىلەن پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىپ مۇڭداشماقتا ئىدى . زۇلئاينىڭ تويۇقسىزلا ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ ، قىزىپ ، يۆتىلىپ يېتىپ قېلىشىنىڭ تېگىگە يەتكەن قەدىردان قىزلارنى نېخى چۈشەنمەيدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ نەقەدەر مۇرەككەپ ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى . ئەسلىدە زۇلئاي ئالتە كۈندىن بېرى ھەر كۈنى كەچتە «لادا»نى سۈرتكەچ ، شېرىن خىياللار ئىلكىدە قەدىردانىڭ يولىغا قارىغانىدى . «ئۇ مېنى چىن سۆيەمدۇ ياكى...» دېگەن ئەنسىز بىر سوئال ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەينەك ئۇستىدىكى سىمابتەك تەۋرىتىپ ، بىردە تاتلىق ، بىردە قاباھەتلىك ئاقىۋەتلەر قوينىغا غەرق قىلاتتى . دېمىسىمۇ ، قەدىردان ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى قىزنىڭ كۆڭلىنى ئايىغان ھالدا ئىزھار قىلغانىدى . «سىز 15 ياشقا كىرىپسىز . مەن بولسام 17 ياشتا... بۇنداق ئىشلارنى ئويلاشقا تېخى بالدۇر...» ، «ئەمما مەندە ئۇنداق ھېسسىيات كۆرۈلمىدى...» قاراڭ ! جاۋاب ئېنىق تۇرمامدۇ ، بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمىلەرنى دېيىسە بولاتتى ! ؟ «يوقال نې-



www.uyghurkitap.com

رى !» ، «كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما» «مەن سىنى ياخشى كۆر-
مەيمەن» دېسە كۆڭلى قانائەت تېپىپ ، يۈرىكىدىن بىراۋلارنى سىد-
قىپ چىقىرىۋېتەرمىدى؟ ! بىراق قەدىردان ئۇنداق دەيدىغان تاش
بېغىر بالىلاردىن ئەمەس ! نېمىلا دېگەن بىلەن كىچىككىنە بىر
قىزنىڭ كۆڭلىگە ئاللا سالغان ئۇلۇغ تۇيغۇ ـ مۇھەببەتنى ئۇلۇغلى-
غان هالدا ، شاخمۇ يىرىلمايدىغان ، چېچەكمۇ تۆكۈلمەيدىغان بەكمۇ
ئەپچىل رەت قىلدى ، هەتتا ئۇنىڭ سۆزىدىن قارشى تەرەپ : «مېنى
ياراتمىدى ئەمەس ، يارىتاتتى ، بىراق راستىتىنلا ياشلىرىدىمىز
كىچىك...» «توغرا ، هەممىلا ئادەمدە بۇنداق شىرىن تۇيغۇ تەڭلا
يېتىلىۋەرمەيدۇ...» دەپ ئۆزىنى ئۆزى بەزلەشكىمۇ ئىمكان بار
ئىدىغۇ ! هەتتا تەسەللى تاپالايتتى ! شۇنداقتىمۇ قەدىردان هەرقانچە
شىرىن ـ سۇخەن سۆزلىسۇن ، رەت قىلغانلىقى بۇ بىر رېئاللىق
بولۇپ ، دەهشەتلىك هەقىقەت ئىدى ! ئەمما زۇلئاي ئاكىسىنىڭ
زورى بىلەن ، ياق ، ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى كىملەرگىدۇر تارتتۇ-
رۇپ قويماسلىق ، باشقىلارنىڭ قوينىدا كۆرمەسلىك ئۈچۈن ، قىس-
قىسى ، مۇھەببەت يولىدا شەپقەتسىزلىك بىلەن بىراۋلارنى ئۆزىنىڭ
قىلىۋالدى ، ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ، يېرىم يالىڭاچ بەدىنىنى
كۆرسەتتى ، سۆۋاندى ، شەيتىنىنى قوزغاپ قۇچاقلىدى ، هەتتا يوت-
قان ئىچىگە كىرىپ هەممىنى سېلىۋەتتى ، خۇددى سۇدىن قىرغاققا
تاشلانغان بېلىقجانىدەك پىلتىڭلاپ ، يىگىتچاقنى بىردىنلا ياۋايىلاشتۇ-
رۇپ قويدى... دەرۋەقە ، تەڭرى قۇدرەت كارامىتىنى نامايەندە قىل-
غان ئۇز بەدەن سېھرىي كۈچىنى كۆرسەتتى ! خۇلاسە كالام نېمە
بولدى؟ قەدىردان ئەمدى زۇلئاينى ئالمىسا بولمايدىغان يېرىگە
كېلىپ قالدى . هۆسنارخان ئائىلىسى بولسۇن ، رەهىمسىز قانۇن
بولسۇن ، ئەقەللىيسى قىزنىڭ تەقدىر ـ ئىقبالى بولسۇن ، ئەدناسى
جەمئىيەتتىكى كۆزلەر بولسۇن ، ئۇنىڭغا خەنجەردەك قادىلىپ تۇ-
راتتى . مۇشۇنداق شارائىت ، مۇشۇنداق بېسىم ، مۇشۇنداق ۋىجدا-
نىي خىتاب ئىسكەنجىسىدە : «سىزدىن چىرايلىق ، مېهرىبان قىزنى
تاپالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى...» دېيىشكە مەجبۇر بولدى !

شۇنداق ئىكەن ، قەدىردان زۇلئاي سېغىنغاندەك سېغىنىدىغانمۇ ؟ زۇل-ئاي سۆيگەندەك قەلبىدىن سۆيەرمۇ ؟ ! زۇلئاي بىناقەت بولغاندەك تاقەتسىزلىنەرمۇ ؟ !

ئەي قىزلار... سىلەر كەلگۈسىنىڭ ئانىلىرى ئەڭ ئۇلۇغلىنىدىغان بىر قوۋم . ھەتتا رەسۇلۇللامۇ سىلەرنى ئۇلۇغلاپ «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەنىكەن ! شۇنداق . راستىنلا شۇنداق ! بىراق سىلەرنى چۈشەنمەك بەسى مۈشكۈل ! بىر قارىسا ، سىلەر جەننەتتىن چىققان پەرىشتىگە ئوخشاپ قالىسىلەر ، گاھىدا شەپقەتسىز كۆشەندىگە ، كۈنداشقا ، رەقىبكە ئايلىنىپ ، يۈرەكلەرنى ئەندىشىگە سالىسىلەر ، ئۆرۈۋېلا غۇبارسىز ، سەبىي باللارغا ئايلىنىپ ، جىمى مەۋجۇداتنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىسى-لەر ، بەزىدە جەننەتنى رىزۋان ، گاھى بەزىدە شەپقەتسىز ۋە رەھىم-سىز خوتۇن ! شۇنداقتىمۇ ئەرلەر سىلەرگە يەنىلا ئامراق ، ھەتتا سىلەرسىز بۇ كونا رابات ئەددەسىز كۆڭۈلسىز ۋە مەنىسىز بولغان بولار ئىدى !

بولدى بەس ! ھېس - تۇيغۇ شامالللىرىغا ئەگىشىپ كېتىۋەر-مەي ، ئۆز سۆزىمىزگە كېلەيلى . زۇلئاي تۈنۈگۈن كەچ : «مەندەك سېغىنىدىغانمۇ ؟ مەن سۆيگەندەك قەلبىدىن سۆيەرمۇ ؟ مەن بىتاقەت بولغاندەك تاقەتسىزلىنەرمۇ ؟ !» دېگەندەك سوئاللار بىلەن «مۇسا-پىرلار مېھمانخانىسى»غا كېلىۋاتاتتى ، بىر تاكسى ئۇنىڭ يېنىدىن ئايلىنىپلا ھويلىغا كىرىپ كەتتى . يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالغان زۇلئاي ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ مارىغانىدى ، ماشىنىدىن راستىنلا ئېگىز بوي ، كۆكرەكلىرى كەڭ ، ئات يۈزلۈك ، قاشلىرى بىلەك-تەك ، چىرايىدىن بىر خىل تەمكىنلىك يېغىپ تۇرغان قەدىردان چۈشتى . زۇلئاي ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالغۇسى ، بويۇنلىرىغا گىرە سېلىپ يۈزىنى يۈزىگە ياققۇسى ، كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ ھىدلىرىنى ھىدلىغۇسى كېلىپ كەتتى ! بىراق بايىقى ئۆزىنى ساراسىمىگە سالغان سوئاللار پۇتلىرىنى سىرتماقتەك بوغۇپ ، قەدەملىرىگە چەك قويدى . توغرا ، قەدىردان زۇلئاينى

جاندىن ئەزىز كۆرسە، قەلبىدىن سۆيسە، بىتاقەت سىغىنسا، ماشى-
نىدىن چۈشۈپلا «جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا يۈگۈرىدۇ،
قوللىرىنى كۆتۈرۈپ: «مەن كەلدىم!» دەپ ۋارقىرايدۇ. چوڭ
يولدىكى ھاشار چۈمۈلىلەردەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارنىڭ شو-
پۇرلىرى: «ھۇي كالۋا، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟»، «جېنىڭدىن تويـ-
دۇڭمۇ!» دەپ تىللايدۇ. لېكىن قەدىردان پىسەنتىگە ئالمايدۇ...

زۇلئاي ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئوتتۇرا كېچىگىچە تالادا
قەدىرداننىڭ يولىغا قارىدى. كەچ تەرەپتىكى ئۇچقۇندىغان قار قۇ-
قانلىرى ئەمدىلىكتە قىيپاش ئۇرغان سوغۇق شامالدا قول، يۈز،
بويۇنلارنى ھەرىدەك چاقماقتا ئىدى. بوران كوچىسىپ، شىۋىرغان
ئۇشقىرتىپ كوچىلارنى، ئېرىق - ئازگاللارنى قارغا كۆمۈۋاتقان
ئاشۇ جان ئالىدىغان سوغۇقتىمۇ زۇلئاي كۆڭۈل سۇلتانىنىڭ يولىغا
قاراپ ئۆرە تۇراتتى! «قەدىردان چامادىنىنى ياتىقىغا ئەكىرىپ قو-
يۇپلا چىقىدۇ»، «ئۇ ھازىر ئىللىق، مەززىلىك پۇراپ چىققاي دەپ
يۈز - بويۇنلىرىنى يۇيۇۋاتىدۇ»، «ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن
قول - پۇتلىرىنى يۇيۇۋاتقان بولۇشى كېرەك»، «توغرا، ئۇ چار-
چاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، ئەمما بىردىنلا
زۇلئاي ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى!» «ئەنە ئۇ كارى-
دور بويلاپ يۈگۈرۈۋاتىدۇ...»

كۈندۈزدىكى ئىللىق ھاۋادا كىيىۋالغان يالاڭ كىيىمى ئوت-
تۇرا كېچىدىكى جۇدۇنلۇق شىۋىرغانغا بەرداشلىق بېرەلمىدى.
ئۇ ئىلەڭ - سىلەڭ بولۇپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى،
تۇيۇقسىزلا شۇنداق قاتتىق يۆتىلىپ كەتتىكى، خۇددى ئىككى چې-
كىسى پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىماقتا ئىدى. زۇلئاي
ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ تاڭ ئاتقۇچە ئوت - كاۋاپ
قىزىپ، يۆتىلىپ چىقتى...

قەدىردان زۇلئاينىڭ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن پىغانلىق
نىدالىرىنى ئاڭلاپ، نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.
ئۇ قىزلارغا قارىغاندا، ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشنىڭ، يۈرەككە تالىق

مۇھەببەتنىڭ، يىگىتلەر ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋاپادارلىق ئىتاپلىرى-نىڭ، چىن سۆيگۈ مىزانلىرىنىڭ قانداق ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدىكەن…

— كەچۈرۈڭ، زۇلئاي. تۈنۈگۈن كېچە كۆڭلۈم بەكمۇ پارا-كەندە بولغاچقا قېشىڭىزغا چىقالمىدىم…

— ئاشۇ پاراكەندىچىلىكنى ماڭا سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟ شۇن-داق قىلسىڭىز، ئۆزۈمنى ئالدىغۇدەك ۋە بەزلىگۇدەك تەسەللىگە ئېرىشكەن بولاتتىم…

قەدىردان ئەھەت تاۋكا، ئىمىر ئۈچ بارماق، ئۆمەر غالتەكلەر-نىڭ نەلەردىندۇر ئىزدەپ كېلىپ، ئىككى كۈن ئويناتتىپ، ئۇچىن-چى، تۆتىنچى كۈنلىرى قىمارغا تەكلىپ قىلىپ 170 مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇچى بىرلىشىپ ئۇتۇۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشى، زۇل-ئاي ئاچچىقىدا لەۋلىرىنى چىشلىدى.

— مەن سىزگە دېمىگەنمۇ، ئاكام ئاشۇنداق ئىپلاس ئادەم، ئۇ تېلېفون بېرىپتىمىسە، ئۇلار سىزنىڭ خوتەنگە بارغىنىڭىزنى نەدىن بىلىدۇ؟

— ئەسەتكام مەشەدىلا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشۈمنى دېگەنىدى، لېكىن مەن ئۇنىمىغان.

— بولدى، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، سالامەت بولسىڭىز پۇل دېگەننى تېپىۋالىسىز.

ئۇلار پىچىرلىشىپ ھاردى بولغاي، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قېلىشتى. ھۆسنارخان ئەتىگەنلىك تاماق ئېلىپ كەلگەندە، كارى-ۋاتنىڭ قىرىغا توغرىسىغا قويۇلغان ياستۇقنىڭ بىر تەرىپىگە ئو-رۇندۇقتا ئولتۇرغان قەدىردان، يەنە بىر تەرىپىگە زۇلئاي بېشىنى قويۇپ تاتلىق يۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى.

ياتاقتىكى تاراق - تۇرۇقتىن ئويغىنىپ كەتكەن قەدىردان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تازىلىق ئۆيىگە چىقىپ كەتتى، داستا ئىسسىق سۇ ئەكىرىپ، زۇلئاينىڭ يۈز - قوللىرىنى لۆڭگىدە يۈيۈپ قويدى. بۇنى كۆرگەن ھۆسنارخان بىر قىسمىلا بولۇپ تەتۈر قارىۋالدى.

قەدىردان زۆلئايغا ئاماق يېگۈزگەچ ، ئۆزىمۇ ناشتا قىلمىۋالغان-
دىن كېيىن ، ھۆسنىارخاندىن سوراپ سىرتقا ماڭدى . زۆلئاي فولد-
نى كۆتۈرۈپ گەپ قىلىپ بولغۇچە ، قەدىردان : «كەچتە ئۆزۈم
قارايمەن» دېگەنچە چىقىپ كەتتى . ئۇ «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»
غا يېتىپ كەلگەندە ، شوپۇر مىجىت قادىر ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى .
ئۇلار ئىككىسى «لادا»غا چۈشۈپ «خۇۋالىڭ توپ سېتىش
بازىرى» ، «چاڭچياڭ يولى كىيىم - كېچەك دۇنياسى» توپ سې-
تىش بازارلىرىغا بېرىپ ، دەسلەپتە ئېلېكتر سايمانلىرى ، ئىسار-
قىدىن كىيىم - كېچەك ئەۋرىشكىلىرىنى كۆرۈپ ، ھەر بىرىدىن
نەچچە يۈزدىن ، نەچچە توپتىن ئالىدىغانلىقى ھەققىدە تالون كەس-
تۈردى ۋە ئالغان ماللىرىنى يەنە شۇ توپ سېتىش بازارلىرىنىڭ
ئامبارلىرىغا بېسىپ قويۇپ قايتىپ كېتىشتى . قەدىردان «مۇسا-
پىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ بىناسىغا كىرىشى . قارا پانەم
ئاچچىقلاپلا كەتتى :
— ھەي بەز قولاق توڭكەي . تۈنۈگۈن كەچ سائەت 10 دا
تېلېفون كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نەگە يوقالدىڭ؟ ئابباس
بوجاڭ بىرمۇنچە ئاچچىقلاپ قالدى . بوگۈن كۈندۈزدە يەنە ئىككى
قېتىم كەلدى . سەن يوق . زادى داداڭ بىلەن كۆرۈشكۈڭ
بارمۇ - يوق؟
— جېنىم ئاچا . تېخىچە كۆرۈشكۈم بولمايدىكەن . لېكىن ،
تۈيۇقسىزلا بەزى ئىشلار يوز بېرىپ قالدى . مۇشۇ تۇرقۇمدا يەنە
دوختۇرخانىغا بارىمەن .
— تېخىچە ئەمدى؟
قەدىردان زۆلئاينىڭ قىرىنتىسى ئۆزلەپ ، ئۇنى دوختۇرخانىغا
ئاپىرىپ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە قۇتقۇزۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ
بېرىشى . قارا پانەمنىڭ ئىچى ئاغرىدى بولغاي ، ئاۋازى خېلىلا
مۇلايىملاشتى .
— بالدۇرراق دېسەڭ بولمامدۇ ، بەزگەك . مەن داداڭغا چۇ-
شەندۈرۈپ قويمامدىم .

كەچ بولۇپ قالغانىدى . دوختۇرخانىدا زۇلئاي ئۆيى ساقلاپ تۇراتتى . قەدىردان «دوستلۇق» ئالدىغا بېرىپ كاۋاپ يېدى، كاۋاپچى ئۇستام 40 ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، ئىسمى ئابابەكرى ئىدى . قەدىردان 140 كىۋادرات مېتىرلىق ئۆينى سېتىۋېلىپ، زىننەتلەشنى باشلىغاندىن بېرى ئۇنىڭ كاۋىپىغا كۆنۈپ قالدى. ھەتتا بىر نەچچە قېتىم قاق سودىگەرلىرى، شىركەت باشلىقلىرى بىلەن توختام تۈزۈپ ئولتۇرۇش قىلغاندا، ئابابەكرى ئۇستام كاۋاپ سۇنۇپ بەرگەنىدى . بىر كۈنى ئۇ چوڭ ئىككى بالىسىنىڭ ئارىسىغا ئېلىنغان 40 زىخ كاۋاپنى ئەكىرىپ بېرىپ، كىچىك، ئەمما دۇپ-دۇگىلەك كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە:

— بايۋەچچەم، ئۇيۋاتلىق مېھمانلىرى بار كۈنى ماڭا «ھايت»لا دەۋەتسىلە، ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن، — دېدى. قەدىردان ئۇنىڭ ئورۇق ۋە سەل دۈمچەكرەك سىياقىغا، «ماڭا مەن» دېگەندەك ئالدىغا ئۆسۈپ چىققان دوقا ماڭلىيى بىلەن ئېگىز، يوغان بۇرنىغا، قوشۇقتەك قىزغۇچ يۈزى، ئۈچلۈق قىسقا ئېڭىكى، شۇنداقلا كالپۇكلىرى ئېيىز كىچىك ئاغزىغا قاراپ، ئىچىدە: «غەلىتىلا يارىلىپ قالغان ئادەم ئىكەن...» دېگەنىدى.

قەدىردان ئەتىسى ماشىنىسىنى ھەيدەپ، كاۋاپچىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇ يېنىدىن 50 يۈەننى چىقىرىپ: «بولدى، قالغان 10 يۈەننى ياندۇرمىسىلىمۇ بولىدۇ» دېگەنىدى، ماشىنا دېرىزىسىدىن ئېگىشىپ قاراپ تۇرغان ئابابەكرى بىر خىل خىجالەتچىلىك ئىچىدە 50 يۈەننى تۇتقان پېتى ھىجىيىپ، قورۇلۇپ، دۇدۇقلاپ كەتتى:

— بايۋەچچەم... بۇ... بۇ پۇلنى يانلىرىغا سېلىپ قويغان بولسىلىرى... مەن... مەن...

— ئابابەكرىكا، نېمە گەپلىرى بولسا دېسىلە؟ — قەدىردان سەل ھەيران بولدى، — نېماداق گاچىلىشىپ گەپلىرىنى قىلالمايلا؟

— ئەمدى بايۋەچچەم... شۇ... ھېلىقى... ھېلىقىنىڭدىن... — ئابابەكرى تومشۇقىنى ئۈچلاپ ئالىقىنى ئۇستىدە

چۈرگىلەتتى ، — بولسا… بولسا شۇنىڭدىن بىر چىمدىم ئىلتىپات قىلغان بوسىلىرى…

— نېمە ، سىلى… — قەدىردان چۆچۈپ كەتتى ، — سىلى… نەدىن بىلدىلە؟

— بىر - ئىككى قېتىم كاۋاپ ئەكىرىپ بەرگەندە ، — دېدى ئابابەكرى تېخىمۇ ئېگىلىشىپ ، — دېرىزە تەكچىسىدە پال - پال قەغەز ، نەيچە ، سەرەڭگە ، ئاندىن… ئاندىن ھېلىقىنىڭ قېپىنى كۆرۈپ…

قەدىردان يېنىدىن 350 يوەنلىك بىر گىراملىق سولياۋ خالتىدىن بىرنى چىقىرىپ بېرىشى ، ئابابەكرى نەچچە يوكۇلوپ تەزىم قىلىپ ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ، قەدىردانىڭ قوللىرىنى سىلاپ ، ھەتتا سۆيۈپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇنداق خۇشامەت قىلىپ كۈچۈكلىنىپ كېتىشلىرىنى چۈشىنىشكە بولاتتى . بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان ئادەم بۇنىڭسىز ئازاب ئوچىقىدا ئۆرتىنەتتى . ئەمدى ئابابەكرى بىر كۈن كەچكىچە دومچىيىپ . ۋارقىراپ - جارقىراپ كاۋاپچىلىق قىلسا ، ئاشۇ «تىرناقتەك» نەرسە كېلەتتى ياكى كەلمەيتتى…

مانا شۇنىڭدىن بېرى ئابابەكرى قەدىردانىي كۆردىمۇ ، خۇددى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇچرىغاندەك ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتەتتى . قەدىردانمۇ بىرەر بولاق تاشلاپ بېرىپ ئۆتۈپ كېتەتتى . مانا ھازىرمۇ قەدىردان قىزىق چاي بىلەن 15 زىخ كاۋاپنى يەۋەتتى . ئابابەكرى يەنە 15 زىخ كاۋاپنى ئىككى ناننىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قاتمۇقات گېزىتلەردە ئوراپ ، سولياۋ خالتىغا سېلىپ بەردى .

— دوختۇرخانىدا بىر كىم كېسەلمىدى ، بايۋەچچەم؟ — دېدى ئابابەكرى بۆلەكچىلا مۇلايىم ئاۋازدا ، — ناۋادا ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتى يار بەرمىسە ، مېنىڭ 13 ياشلاردا بىر قىزىم بار . قاراپ بەرسۇنمۇ؟

— يا… ياق ! ئۇنچىلىك ئېغىر ئەمەس ، ئەتە - ئۆگۈن چىقىپ كېتىدۇ…

قەدىردان پۇل بەرگەن بولۇپ ئابابەكرىنىڭ ئالىقىنىغا بىر بولاق تۇتقۇزۇپ قويدى . ئابابەكرى ئەتراپىغا غىل - پال قارىغىنىد

چە ، ھاياجان ـ شادلىقتىن چىرايى بويۇنلىرىغىچە ھۆپپىدە قىزىـ رىپ كەتتى . ئەگەر ئەتراپتا غوچچىدە ئادەم بولمىغان بولسا ، ئاپابەكرى قەدىردانىنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ، تاپانلىرىنى سۆيۈشـ تىن يانمايتتى .

قەدىردان دوختۇرخانىغا بېرىپ ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىـ نىڭ بالنىستىغا كىرگەندە . ياتاقتا ھۆسنارخان بار ئىدى . ئۇ قانمۇقات گېزىتكە ئورالغان كاۋاپنى ئېچىپ قەۋەتلا خوشال بولۇپ كەتتى .

— ۋاي خۇدايىم ، ئېغى ئىسسىقكەن ئەمەسما . ئـاله ، قىزىم ، ئـاله ، خـوتۇن كىشىگە ئېرى ئېلىپ كـەلگەن داڭگالمۇ يايدا قىلىدۇ ، — ھۆسنارخانىنىڭ سۆزىدىن قەدىردان بىلەن زۇلئاي تەڭلا قىزىرىپ كەتتى ، — ھە ، خورازنىڭ تاجىدەك قىزىرىپ كەتتىڭغۇ ؟ قىزىرىدىغان ئىشلارغا قىزارماي… بىز…

— ئـانا ! — زۇلئاي قـەھرى بىلـەن ۋارقىرىدى ، — سەن ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپنى بىلەمسەن ـ يوق ! ئاغزىڭ نېمانداق بىزەپ سېنىڭ ؟

ھۆسنارخان گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىگەندى ، بىراق قاپىقىنى تۈرۈپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغان قەدىردانىنى كۆرۈپلا گېپىنى يۇتۇۋەتتى ، دەرھاللا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە ، قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ داستىخانغا ئورىدى .

— قەدىردان بالام ، بۈگۈنمۇ ئۆخلىيالماي جاپا تارتىدىغان بولدۇڭ ، — دېدى ھۆسنارخان داستىخاننى قولتۇقىغا قىـ سىپ ، — ئەمدى ئەتە كەلمىسەڭمۇ بولىدۇ . مەن ئۆزۈم قارايمەن جۇما .

— يائاللا ، تاس قالدى ـ دە . — قەدىردان ھۆسنارخان چىقىپ كەتكەن ئىشىككە قاراپ قويدى . — ھېلىقى ئىش ئاغزىدىن چىقىپ كەتكىلى…

— سارالڭ ، — زۇلئاي قىزىرىپ يۈزىنى قاچۇردى . — ئۇنىڭ خۇشلۇقى تۇتۇپ قالسا ، ئاغزىدىن نېمە چىقىپ ، نېمە كىرگىنىنى

بىلمەيلا قالىدۇ.

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەندىن چۈشكىچە شوپۇر مىجىت قادىر بىلەن مالنىڭ كېمىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ ماشىنىغا بېسىپ يولغا سالدى. قەدىردان ئۇلارنى ئۇزىتىۋېتىپ ياتاققا قايتقاندا، ئاپپاق قار ئاستىدا قالغان يامالىق تېغى ئولتۇرۇۋاتقان قۇياش نۇرىدا قىزغۇچ بىنەپشەرەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى. قەدىردان ماشىنىسىغا چىقىپ «ئۇھ ...» دەپ چوڭقۇر تىن ئالدى. ئۇ «لادا» نى سالقىن ھەيدەپ «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا كىرىپ كېلىشى، قارا پاتەم ئۇنىڭغا قوللىرىنى شىلتىپ كايىپلا كەتتى:

— ھەي بېشىمنىڭ دەردى يار گالدۇ - گۇلدۇڭ ساراڭ، — قارا پاتەم ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — ئابباس بۇجاڭنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېلىشۇەتتىڭغۇ! ئۈچ كۈندىن بېرى تېلېفوننى پارتلىتىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— دادامدىن يەنە تېلېفون كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— بايىلا بىرمۇنچە چالۋاقاپ كەتتى، — قارا پاتەم تامدىكى سائەتكە قارىدى، — بىر سائەتلەردىن كېيىن يەنە بەرمەكچى، ئەمدى جوپ يۇمىلاق قىسىپ، مەشەدە تېلېفون ساقلىساڭ بولارمىكىن.

قەدىردان «ياتاققا كىرىپ چىقاي» دېسە، قارا پاتەمنىڭ ئاغزىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ياۋاشلىق بىلەن تېلېفوننى ساقلاپ ئولتۇردى. ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى 67 ماشىنا گۈلە - قاقنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۈچ ماشىنا مالنى ئېلىپ ئۇنى خوتەنگە يولغا سالغانلىقى، كېچىلىرى بولسا زۇلئاينىڭ كېسىلىگە قاراپ، ئۇيقۇسىز قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، قارا پاتەمۇ ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق بىلەن قاراپ باش چايقىدى.

— زۇلئايغۇ ئوڭلاغ قىز، لېكىنزە، — دېدى قارا پاتەم دىمىقىدا چىكىلداپ، — ئاشۇ ھۆسنارخان دېگەن بىشەم خوتۇنغا كۈيۈ ئوغۇل بولۇشۇڭنى ئويلىساملا بېشىم پىرىرىدە قايىدۇ دېسە.

قېنى سۈنىڭ ئېقىشىغا، نۇكىنىڭ بېتىشىغا قاراپ باقمام.

دىيم ، — دېدى قەدىردان ، — يا قايىنامدىن ، يا سايرامدىن چىقارمەن .

— ئاراڭلاردا قىرتىڭ ـ سىرتىڭ گەپ چىقىپ قىلىشتىن خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ، — پاتەمخان باش چايقىدى . سەن ھەرگىز ئۇ خوتۇن بىلەن تەڭ بولالمايسەن ، سېنى ئىرىكلا يۇتىدۇ دېگىنە .

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئەمدىلا قىزىپ تۇرۇشى ، تېلېفون جىرىڭلىدى . پاتەم قولىقىغا تۇتۇپلا : «ھە ، بار··· بار··· ئۆزلىرىنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ··· » دەپلا تېلېفون تورۇپكىسىنى قەدىردانغا تۇتقۇزۇپ قويدى . دەسلەپتە ئۇنىڭ تېلېفون تورۇپكىسىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى تىترىدى ، كېيىن كۆزلىرى چەكچىيىپ ، كالپۇكلىرى ئومچەيدى··· تېلېفون تورۇپكىسىدىن ئىنتايىن تېز ۋە قاتتىق گىۋىڭلىغان ئاۋاز كەلگەنسېرى ، چىرايى ئاقىرىپ كەتتى···

— قاچان ؟ بولىدۇ··· بولىدۇ··· مەن ئەتىلا··· چوقۇم ئەتىلا···

قەدىردان تېلېفون تورۇپكىسىنى قويۇپ ، كۆزىدىن يۇمىلاپ چۈشكەن ياشنى بارماقلىرىدا سۈرتۈپ قويدى . بۇنىڭدىن نېمە دېيىشنى ، قانداق تەسەللىي بېرىشنى بىلەلمىگەن پاتەمخان تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى .

— ئانامنى ماشىنا سوقۇۋېتىپتۇ ، — دېدى قەدىردان بوش ئاۋازدا ، — ھازىر بالنىستتا ئوخشايدۇ .

— ۋاي خۇدايىم ، قانداق ، ئېغىرمىكەن ؟

— دادامنىڭ دېيىشىچە ئېغىر ئوخشايدۇ···

— ئەمىسە قانداق قىلىسەن ؟

— ئەتىلەتىن ماڭىمەن ـ دە··· بۇ كېچىدە نېمە ئامال ؟

قەدىردان ياتىقىغا كىرىپ پال ـ پال قەغەز ، سولياۋ نەيچە ، سەرەڭگىلەرنى ئېلىپ ئەمدىلا بىرنى چېكەي دەپ تۇرۇشى ، ئىشىك ئۇرۇلۇپ ياتاققا زوھۇرگاسىيا ، ئابىخان لومپىلار كىرىپ كەلدى .

ئۇلارنىڭ چىرايى، ھەرىكەتلىرى، شۇنداقلا گەپ - سۆزلىرىدىن ئازراق ئىچىۋالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— قەدى ئىنى، تۇرە ئورنىڭدىن، بەشىنچى قەۋەتكە ھەممىسى يىغىلىپ بولدى، — دېدى زوھۇرگاسىيا. — ئابىخان ئاكىمىز ساپ مالدىن تېپىپتۇ. شۇنىڭ تەمىنى تېتىپ، ھۇزۇرىنى سۈرۈپ باقايلى، تۇر، تۇر… تولا ئەزمەڭنى ئەزمە.

ئۇلار بەشىنچى قەۋەتكە چىققاندا! ياتاقتا ئەيسا خېنەنجىر، ئەبەي گىتار، يانچۇقچىلار ئاتامانى ئىدرىس مودىلىك، ئەسەت ئەرۋاھلار يىغىلىپ قالغانىدى. ئۇلار ئىككى پال - پال قەغەز، ئىككى دانە پۇل نەيچە تەييارلاپ، سورۇننى ئىككى ئورۇنغا تۈزۈپ راسا چەكمەكتە ئىدى. ئابىخان لومپا كەپكە شەپكىسى ئىچىگە يوشۇرغان ياڭاقتەك خىروئىننى ئېلىپ، ئۇنى پال - پال قەغەز ئۈستىگە ئۈۋۈتۈپ چۇشۇردى، بىر - ئىككىسى سەرەڭگە چاقتى، قالغانلىرى نۆۋەت بىلەن تالىشىپ نەيچە بىلەن شوراشقا باشلىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق راسا پەيزى قىلىپ، كەيپ سۈرۈۋاتقاندا، بىر قىز ئىشىكنى ئېچىپلا، ياتاق ئىچىگە بىر قۇر سەپسىلىپ، ئىشىكنى بەنە گۇپلا قىلىپ ياپتى. بۇنىڭدىن ياۋايىلىقى تۇتقان زوھۇرگاسىيا كارىدورغا ئېتىلىپ چىقتى - دە، قىزنىڭ قىرقىم چاچلىرىدىن قامالىلىغانچە ياتاققا سۆرەپ كىردى. قىز ئارقىغا تىرەجەپ چىرقىرىماقتا ئىدى.

— ئاۋازىڭنى ئۆچۈر، ھەي جالاپ! — ۋارقىرىدى زوھۇرگاسىيا. — ئىشىكنى ئېچىپ ھەممىمىزگە قاراپ قويۇپ، يەنە كېتىۋاتىسىنا؟ بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ساڭا يارىمىدىما؟ تۇتۇپ باقە…

زوھۇرگاسىيا قىزنىڭ بىر قولىنى تارتىپلا ئۆزىنىڭ ئالدىنى تۇتقۇزدى. باشقىلار قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. قىز بولسا چىرقىراپ يالۋۇرۇپ يىغلىغانچە بۇلجۇناتتى.

— قانداق، تەخەيىڭگىدەك بارمىكەن؟ — زوھۇر گاسىيا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، كۆزىنى يۇمغانچە خىرىلداپ كۈلدى، —

ئۇقۇپ قوي ، پاسكىنا ، ئۇنداق مارايدىغان ئىشنى ئايغاقچىلار قىلى-
دۇ ، جۇما !

— زۇھۇر ، قويـۇۋېتە بولـدى ، نۆۋەت ساڭا كەلدى ، — ۋارقىرىدى قەدىردان قىزغا ئىچى ئاغرىپ ، — نېمە قىلارسەن ئۇ قىزغا تۇتقۇزۇپ ، ئۇنىڭسىزمۇ نەچچە ئاشناڭ تۇرسا...

ياتاق ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى . زۇھۇر گاسپياننىڭ شىرنىڭ پەنجىسىدەك ئالمىقانلىرىدىن قۇتۇلغان قىز ئۆزىنى ئىشىك-كە ئاتتى . ئۇ كارىدورغا چىقىش بىلەنلا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى :

— خەپ لۈكچەك مۇناپىقلار ! «يېڭەنكۆل» ساقچىخانىسىدىكى يىگىتىمگە تېلېفون بەرمىسەم...

— «يېڭەنكۆل» ساقچىخانىسىغا تېلېفون بېرەرمىش ۋا ... — زۇھۇرگاسپيا يەنە قاتتىق كۈلدى ، — يىگىتىڭ بولامدۇ ، كالتەك-چىڭ بولامدۇ ، ئەكىلىۋەر ، ئېشەك قىلىپ مىنىپ ئوينايمەن !

قىز كارىدور بويلاپ يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى . ياتاقنىڭ ئىچى-دە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ، ئەبەي گىتار ۋارقىرىدى :

— ئاغىنىلەر ، ئۇ پاخپاق راستىنلا ساقچىخانىغا خەۋەر قى-لىپ قالسا چاتاق جۇمۇڭلار .

— بۇ رايوننى «ئايدىڭساي» ساقچىخانىسى باشقۇرىدۇ ، — دېدى ئىدرىس مودىنىڭ ، — شەھەرنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپكە بىزنى تۇتىمىز دەپ كېلىپ يۈرمەس .

— ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ ، — ئەيسا خېنەنجىر گەپكە ئارىلاشتى ، — «يۇقىرىدىن مۇكاپات ئالىمىز» دەپ كەلسىمۇ كې-لىدۇ ، ئۇ ئىتلار .

زۇھۇرگاسپياننىڭ : «ئۇلار كەلسە پالان نېمەمگە ھېساب» دې-گەن گېپىدىن كېيىن يەنە باشقىدىنلا «ئىش» قا كىرىشىپ كېتىش-تى . بىرى سەرەڭگە چاقسا ، يەنە بىرى پال - پال قەغەز تۇتاتتى . سولياۋ نەيچە پىتنىشمىگەنلىرى پۇل ، قەغەز نەيچىلەردە شورايتتى . ئايخان لومپا بايىقى ياڭاقتەك كاللەك خروئىننى قەلەمتىرىچىدا

پـال ـ پـال قەغەزگە قىرىپ چوشۇرەتتى ، باشقىلار : «مەن بىر شورىۋالاي» ، «بايىلا شورىدىڭغۇ» ، «سەنغۇ دوزاخنىڭ تۇتۇنىنىمۇ تويمايدىغان نېمە !» دېيىشىپ ، خۇددى كىم بالدۇر كۆپرەك شورىۋالسا ، جەننەتنىڭ تۆرىدىن شۇ ئورۇن ئالىدىغاندەك قىلىشاتتى . ئەمما ، قەدىردان زادىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ قۇلىقىدا دادىسىنىڭ : «ئاناڭنى ماشىنا سوقۇۋەتتى . ئىنتايىن خەتەرلىك ! ساڭا ئانا كېرەكمۇ ـ يوق؟» دېگەن سۆزلىرى ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئەكس سادا بېرىپ ، كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى ، ھەتتا ئانىسى بۇ دۇنيادا يوقتەك ، ئۆيىگە بارسا ھەممىسى يىغا ـ زار قىلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا بولاتتى .

— ھەي بالا سەيگۈيۈەن ، — ۋارقىرىدى زوھۇرگاسىيا ، — نېمە بىر چەتتە يېتىم بالىدەك بويۇنۇڭنى قىسىپ تۇرىسەن؟ تۇتە ، ماڭا بىر پەس شورا .

ياتاقتىكى سەككىز دەك ئادەم بىر قۇردىن چىكىشىپ ، بەزىلىرى تامغا يۆلىنىپ ، يەنە بەزىلىرى ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ موگدەشىپ ، ئاق تۇتۇننىڭ شېرىن كەيپىنى سورمەكتە ئىدى . زوھۇرگاسىيا كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ خورەك تارتسا ، ئابىخان لومپا بۇرنىدا يۇشتەك چالاتتى . يەنە كىمدۇر بىرى كالپۇكلىرىنى دىرىلدىتىپ ، ئۆزمەي پۇدەيتتى . ئۇلار ئەنە شۇنداق دۆت كەيپى بولۇپ جاھاندىن بىخەۋەر پەيزى سورۇۋاتقاندا ، ياتاققا سەككىز ـ توققۇز ساقچى ۋارقىراشقىنىچە كىرىپ كەلدى . ئۇلار ئورۇنلىرىدىن چاچراپ قوپۇپ قارشىلىق قىلغانلارنى توك كالتەكلىرىدە ئۇرۇپ يىقىتىپ ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ كويزا سېلىشتى . قەدىردان سەكرەپ ئورنىدىن تۇرغانچە ياتاقنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ تۇرۇۋالدى .

— ھەي ھاراملىق ! سەن بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟ — ئاق سېرىق ئورۇق ساقچى قەدىرداننى بىر كاچات سېلىۋەتتى ، — سەن گۆيىنىڭ بالىسىغا يوق بارمۇ بۇ يەردە؟

— مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن ، ئاناڭنى ھېچىقىز؟ — قەدىردان ئىڭىكىنى تۇتۇپ قەستەن ۋارقىراپ يىغلىدى . — مەن ئاكامنى

ئىزدەپ ئۆلۈشكۈن كەلسەم ، مۇشۇ ياتاقتا بىلەت كېسىپ بەرگەن تۇرسا ئەينا ، مەشەدە تۇرماي ئاناڭنىڭ قېشىدا تۇرسام بولامتى ، هېيىق ! چۈمپۈتمىسەڭ مانا ئايروپىلان بىلىتى...

قەدىردانىنىڭ خوتەن شىۋىسىدە قىلغان گېپىدىن ساقچىلار كۈلۈشۈپ كەتتى . ئۇلار ئايروپىلان بىلىتىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ قولىغا كويىزا سالمىدى . لېكىن ئورۇق ، سېرىق ساقچى : «كىچىك-كىنە شۇمدىن تىل ئىشىتەمدىم» دەپ هار ئالغان بولسا كېرەك ، قەدىردانىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن يەنە دېۋەيلەپ كېلىشى ، بايا قېچىپ كەتكەن قىز ۋارقىرىدى :

— ئەركىن ، مېنى بوزەك قىلغىنى ئۇ ئەمەس ، ئاۋۇ ، — قىز زوهۇرگاسىيانى كۆرسەتتى ، — ئاشۇ ئوغرى مېنى چىچىمدىن قامااللاپ ئۇردى .

ئورۇق سېرىق ساقچى ئەركىن يەيلىنى بۇزۇپ كەلگەنچە ، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ كويىزا سېلىپ قويغان زوهۇرگاسىيانى بىر كاچات سېلىشى ، زوهۇرگاسىيا بۇتتەك چەكچىيىپ هىجايدى . بۇنىڭدىن ئەركىن : «مېنى مەسخىرە قىلمۇاتىدۇ» دەپ چۈشەندى بولغاي ، يەنە بىر كاچات سالدى...

— هەي ساقچى ، مۇشۇ تايىقىڭ ئوشۇق كەتتى جۇمۇ ، — زوهۇرگاسىيا هېچنېمە بولمىغاندەك تەمكىن ئىدى ، — كېيىنكى تەقدىرىڭنى ئويلاپ قويۇپ قول كۆتۈرسەڭمۇ ئۈلگۈرەتتىڭ...

— هە ، نېمە دەيسەن ؟ يوغان سۆزلەيسەنغۇ تېخى...

ئەركىن ساقچى زوهۇرگاسىيانى يەنە بىر ئۇرۇشى ، ئۇنىڭ جاۋىغىيىدىن قان ساقىدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە :

— قولىغا كويىزا سېلىنغان ئادەمنى ئۇرماق شۇنداق ئاسانمىكەن ؟ بىراق بۇ كويزاڭ قولۇمدا مەڭگۈ تۇرماس...

باشقا ساقچىلار يەنە هۆرپىيىپ كەلگەن ئەركىننىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ مېڭىشى ، زوهۇرگاسىيا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شالاقىمدە قان تۈكۈردى :

— هەي گۆر - گۆرى بار ، ماغدۇرى يوق قاپاق نوچى ، مەن

ساڭا دەپ قويای ، زوھۇرگاسىيانىڭ بەدىنىگە تەگكەن ھەربىر تاياق
ئىنتىقامسىز بولمايدۇ . بۇنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا !

«زوھۇر گاسىيا» دېگەن ئىسىم چىقىش بىلەن ساقچىلارنىڭ
ھەممىسى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى ئەسكە ئالغاندەك ، بىر ـ بىرىگە
قارىشىپ تېگىرقاپ قېلىشتى . بۇ ھالدىن قىزنىڭمۇ چىرايى ئاقىـ
رىپ كەتتى ، شۇنداقتىمۇ بىرقانچە ساقچى ياتاقتىن خىروئىن ، نەشە
چەككەن نەيچە ، پال ـ پال ، چىلىم ، غاڭزىلارنى ، شۇنداقلا قىمار
ئوينايدىغان تۆت ئوشۇق ، شىشخال ، قارتىلارنى يىغىۋالغاندىن
كېيىن ھەممىنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىشتى . قەدىردانىنىمۇ دۈمبىـ
سىدىن ئىتتىرىپ ئېلىپ ماڭدى . ئۇ قارشىلىق قىلغانىدى ، بىر
ساقچى : «سېنى ئىنقىلاپ بولغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىمىز» دەپ
كۆڭلىنى ياساپ قويدى .

ئۇلار يەسكە چۈشكەندىن كېيىن ساقچىلارنىڭ مىنىبۇسىغا
كەپلەپ نىقىلدى . پاتمىغانلاردىن قەدىردان ، ئابىخان ، ئىدرىس
مودىڭ ، ئەيسا خېنەيجىرلەر بىر ساقچىنىڭ نازارەتچىلىكىدە ئىدـ
رىس مودىڭنىڭ شالى ماشىنىسىغا چىقىشتى .

مـاشىنىلار چـوڭ يـولغا چىقىش بىلـەن تۈن قاراڭغۇلۇقىـ
نى يالت ـ يۇلت يورۇتۇپ يۈرۈپ كەتتى . ئابىخان لومپا قەدىردانـ
نى پات ـ پاتلا بىقىنداپ ، كۆزىدە يۇقىرىنى ئىشارەت قىلاتتى .
ئۇ بۇ ھەرىكەتنى قايتا ـ قايتا قىلغاندىن كېيىنلا ، قەدىرداننىڭ
ئېسىگە شەپكە ئىچىدىكى خىروئىن كەلدى . ھەرقانداق ئادەم چېكەمـ
دۇ ياكى ساتامدۇ ، نەق خىروئىن بىلەن تۇتۇلۇپ قالدىمۇ ، ئېغىر
جازا كۆرىدۇ . شۇڭا ، قەدىردان ئابىخان لومپىنىڭ شەپكىسىـ
نىڭ ئىچىدىكى خىروئىننى چاققانلىق بىلەن ئالدى ـ دە ، ماشىنا
دېرىزىسىنى ئېچىپ سىرتقا تاشلىۋەتتى . ئابىخان «ئۇھ...» دەپ
يېنىك تىن ئالغىنىچە كۈلۈمسىرىدى . ئاندىن ئۇ ئاياغ تەرىپىنى
ئىشارە قىلغىلى تۇردى . قەدىردان چاندۇرماي سىلاپ بېقىۋىدى ،
ئابىخان لومپىنىڭ پايپىقى ئىچىدىكى كالالەك بىر نېمە قولىغا
ئۇرۇندى . قەدىردان تولىمۇ تەسلىكتە ئىشتان پۇچقىقىنى قايرىپ

www.uyghurkitap.com

كاللەك خروئىننى ئېلىپ ، ئالدىدا ئولتۇرغان ساقچىغا قاپقىنىچە پەيت كۈتۈپ بىردەم ئولتۇردى . ئاندىن دېرىزىنى ئېچىپ بىر ئېتىۋىدى ، بىر كاللەك خروئىن يول چېتىدىكى ئېچىلىپ قالغان چوڭ سېمونت تۇرۇبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى . ئەمما ، تۇۋرىدىزە ئەينىكىنى ھاپىلا ـ شاپىلا كۆتۈرۈۋاتقاندا ، ساقچى كۆرۈپ قالدى :

ھەي شۇم ، ماشىنا ئەينىكىنى نېمىگە ئاچتىڭ ؟ ياۋاش بول ، بولمىسا ھېلى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن…

— تۈكۈردۈم . ياكى خەقنىڭ يېشىغا تۈكۈرسەم بولامتى !

— ھەي ھاراملىق ، گېپىڭ نېمانداق يوغان سېنىڭ ؟

مىنىبۇس بىلەن شالى «يېكەنكۆل» ساقچىخانىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ توختىدى ، ھەممىسى يەرگە چۈشۈشتى . ساقچىلاردىن بىرى ماشىنا ھەيدەپ كەلگەن ئىدرىس مودىنىڭ قولىغا قايتىدىن كويزا سالدى . بۇ ئەسنادا ئىشخانىدىن ئوتتۇرا بوي ، بۇغداي ئۆڭ ، كۆزلىرى يوغان ساقچىخانا باشلىقى راخمان چىراغلار بىلەن ئايپاق يورۇپ تۇرغان ھويلىغا چىقتى . ئۇ قولىغا كويزا سېلىنغان بىر توپ ئادەمنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ئاچچىق بىلەن دىمىقىنى قاقتى :

— بۇ داشقاللارنىڭ بەزىلىرى بىزنىڭ دائىملىق مېھمىنىمىز ، ساقچىخانىمىزنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرمىسا يېگەن نېنى ئېنىگە سىڭمەيدۇ ، — راخمان باشلىق ئام تەرەپكە قارىغان ئابىخان لومپىغا قادالدى ، — ھەي ئابىخان ، چاچلىرىڭ ئاقىرىپ ، يېشىڭ ئاتمىشتىن ئاشتى ، نومۇس قىلىساڭ بولامدۇ ، ئاڭلىسام ، گىلەم دۇكىنىڭنى ئۇتتۇنگە تېگىشىپ چېكىپ بويسەن ، خوتۇن ـ باللىرىڭمۇ سېنى تاشلاپ كېتىپتۇ . ئۆتكەندە زەھەر تاشلاش ئورنىغا ئاتايەن ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەلسەم ، ئەتىسىلا قېچىپ كەپسەن . نېمانداق ئوڭشالمايدىغان ئادەمسەن !

— نەدە ، تاشلاپ چىقتىمغۇ ، باشلىق ، — ئابىخان ئاستا غودۇڭشىدى .

— يوق يەپسەن ، زەھەر تاشلاش ئورنىدىكىلەر بىكاردىن ـ بىكار يالغان ئىيتىشقا بېشىنى ھەرە چېقىۋاپتۇما ! ئەمسە بوگۈن نېمە بولدۇڭ ؟

— خو··· خوتەندىن ، — ئابىخان يالغاننى قاملاشتۇرالماي دۇدۇقلاپ كەتتى ، — بىر گىلەم سودىگىرى گىلەم ئېلىپ كەپتىكەن ، باھاسىنى ئۇقۇشقىلى . گىلەملەرنى كۆرگىلى بارغان ، ساقچىلىرىڭىز تۇتۇپ ئەكەلدى شۇ .

— بولدى ، سېنىڭ تاقىا ـ تۇقىا ، يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىڭنى ئاڭلىغۇم يوق ، — راخمان باشلىق ساقچىلارغا بۇيرۇق قىلدى ، — ئەكىرىپ سولىۋېتىڭلار بۇلارنى !

ساقچىلار ئۇلارنى ئېلىپ مېڭىشتى . ئەركىن ساقچى باشلىقنىڭ قولىقىغا نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى . راخمان قەدىردانغا لەپپىدە قارىدى ـ دە ، «ھەي بالا» دەپ چاقىرىۋالدى ، ئاندىن ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلاپ ئەكىرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى . « مېنى ئۇرارمۇ ، سولاقخانىدا قانچىلىك ياتارمەن ؟ » دەپ تىترەپ ئولتۇرغان قەدىردان باشلىققا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى . چۈنكى ، قەدىردان بىرىنچى قېتىم ساقچىخانىنىڭ سوراق ئورۇندۇقىدا ئولتۇراتتى . ئۇ بۇ يەرنىڭ بۇنچىلىك سۈرلۈك ، مېھرى سوغۇق ، قورقۇنچلۇق بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا «مۇشۇ يەرگە كىرىپ قالغىنىمنى تونۇش ـ بىلىشلەر كۆرۈپ قالمىسىكەن ، بولمىسا ئاتا ـ ئانامنىڭ قولىقىغا يېتىپ قېلىش خەۋپى بار» دېگەندەك ئەنسىزلىك بولغاچقىمۇ ، «بۇ يەردىن قانداقمۇ قۇتۇلۇپ كېتەرمەن ؟ » دېگەن ئەندىشە ئۇنى يىلاندەك چىرمىۋالغانىدى . ئاڭغىچە ساقچىخانا باشلىقى بېشىنى كۆتۈرۈپ قەدىردانغا قارىدى :

بالا سەيگۈيۈەن دېگەن سەن بولامسەن ، شوركا ؟

— مېنىڭ ئىسمىم شوركا ئەمەسىيا ، قەدىردان ئەينا···

— شۇنداقمۇ ؟ — باشلىق كۈلۈۋەتتى ، — بولتۇرمۇ ، ئالدىنقى يىلمۇ ، ئىشقىلىپ ، 10 مىڭ يۈەن تۆلەپ غەيرەت جاڭدۇنى

www.uyghurkitap.com

قۇتقۇزۇۋالغان سەنغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ئەمما ئۇ دېگەن «ئايدىڭساي» ساقچىخانىسى تۇرسا...

— ئۇ چاغدا مەن ئاشۇ ساقچىخانىدا ئىدىم. مېنى تونۇيالمىدىڭما؟

— ھوي راست، ئەجەب بىر كىمگە ئوخشايدۇ. دەيمەن تېخى. ئۆزلىرى راخمان باشلىقۇ!

— ھەببەللى، مانا ئەمدى ئېسىڭگە ئالدىڭ، — دېدى راخمان غەلىتىلا ھىجىيىپ قويۇپ، — مۇنداق بولسۇن، ماۋۇ تۇتۇلغان ئالتە ئادەمنىڭ ھەر بىرىگە 3000 يۈەندىن 18 مىڭ يۈەن ئەكىلىپ بەر، بىز ئۇلارنى زەھەر تاشلاش ئورنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز...

قەدىردان باشلىقتا: «ئۇلارغا 18 مىليون بەرسەڭمۇ ئۇ يەرگە بارمايدۇ» دېمەكچىدى، لېكىن مەشەدىن تېزەك قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن «ماقۇل» دېدى. ئۇ ساقچىخانىدىن چىقىپ كېتىدىغان ۋاقتىدا باشلىق ئۇنى توختىتىپ:

— ھەي بالا سەيگۈيۈەن، بىزنىڭ ساقچىلار سىنىڭ خوتەنچە گېپىڭنى بىر ئاڭلىغۇسى باركەن، قانداق قىلىسەن؟ — دېدى.

— بولىدۇ، مەن پۇلنى ئەكەلگەندىن كېيىن سىزنىڭ ساقچىلىرىڭىزغا خوتەنچە گەپ قىلىپ بېرەي، بولامدۇ؟

قەدىردان تالاغا چىقىپلا، «يېكەنكۆل» ساقچىخانىسىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ قولىنى شىلتىدى:

— ھۇ ساقچى تەلەتى يوق ئاچ كۆزلەر! ساقچىلارنىڭ شەنىنى بۇلغايدىغان نان قېپىلار! سەنلەرگە 18 مىڭ يۈەن ئەكىلىپ بەرسەم موككىدە سوقۇپ، ئەتىلا ئاۋۇلارنى «قېچىپ كەتتى» دەپ چىقىرىۋېتىسەن. مەن سەنلەرنى بىلمەمدىمەنا...

قەدىردان كەلگەن يولى بويىچە ئارقىغا قايرىلىپ تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ فوسفورلۇق سائىتىگە قاراپ قويدى ھەم ئىچىدە: «سائەت ئىككى بولۇپ قاپتۇ...» دەپ پىچىرلىدى. دېمىسىمۇ، تون نىسپىدىن ئېشىپ قالغاچقا، كوچا ئاپتوبۇسلىرى

ئاللىقاچان توختاپ كەتكەن، تاكسىلارمۇ بىرەر - يېرىم يىل - ياللا كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېلىقى تۇرۇبىغا كىرىپ كەتكەن بىر كاللەك خروئىن كىرىۋالغاچقا، تاكسىغا چۈشۈشنىمۇ خالىمىدى ھەم يولنىڭ يىراقلىقىنىمۇ بىلىنمىدى. قەدىرداننىڭ قەدەملىرى بارغانچە تېزلەپ، يۈگۈرگىنىچە كېتىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا - ماڭا يول چېتىدىكى ئېچىلىپ قالغان سېمونت تۇرۇبىغا يېتىپ كەلدى. ئەتراپ ئاپپاق قار بولغاچقىمۇ، تۇرۇبىنىڭ ئاغزى ئۆڭكۈردەك قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. قەدىردان تۇرۇبا ئىچىگە ئۆمىلەپ كىرىپ سەرەڭگە ياندۇرغانىدى، كۆپ ئىزدىمەيلا ھېلىقى بىر كاللەك خروئىننى تېپىۋالدى. لېكىن، بىرىنچى قېتىم تاشلىۋەتكەن خروئىننىڭ ئورنى ئېنىق بولمىغاچقا ئۇنى تاپالمىدى.

قەدىردان يەنە يۈگۈرە - يۈگۈرە، ئاخىر «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا تاڭغا يېقىن يېتىپ كەلدى. ئۇ قاراۋۇلغا دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپ، ھويلىدىكى «لادا»نى ھەيدەپ چىقتى - دە، ھايال بولماي «دوستلۇق»قا يېتىپ كەلدى. قەدىردان ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ قاپقارا تۆمۈر زىخچىلار بىلەن نەقىشلەنگەن دەرۋازىسىنى خېلى قاققاندىن كېيىن، نۆۋەتچى خادىم سوزۇپ ئەسنىگىنىچە قاراۋۇلخانىدىن چىقتى. قەدىردان ماشىنىسىنى ھويلىغا توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. بۇ ئۆينى ياڭ، جاڭ، لۇڭ قاتارلىق شىركەت باشلىقلىرى، سۇڭ جىجۇڭدەك ئىچكىرىدىن كەلگەن قاق سودىگەرلىرى بىلگەن بىلەن، باشقىلار كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئۆيدە راھەتلىنىپ يېتىپ قالدى. تاڭغا يېقىن ياتقاچقىمۇ، ئەتىسى سائەت ئونلاردا ئارانلا ئورنىدىن تۇرالىدى.

قەدىردان ماشىنىسى بىلەن «دوستلۇق»تىكى قازاق چايخانىسىغا بېرىپ بىر چوڭ چىنە قايماقلىق ئەتكەنچايغا نان چىلاپ يەۋالغاندىن كېيىن دوختۇرخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ خوتەنگە مېڭىش ئالدىدا زۇلئايغا خوش دەپ قويمىسا، ئۇلار ئەنسىرەپ قالاتتى. ئەڭ بولمىسا كۆڭلى نازۇك زۇلئاي: «راستلا مېنى

ياخشى كۆرمەيدىكەن» دەپ تېخىمۇ بىئاراملىق ئىچىدە قالاتتى. دېگەندەك، قەدىردان ئاخشام بىر كېچە كەلمىگەچكە، زۇلئاي بالنىست ئىشىكىگە قاراپ كۆز قارىچۇقلىرى تۆكۈلەي دېگەندى. قەدىردانىنىڭ ئاپىسىنىڭ ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ زۇلئايمۇ كۆز يېشى قىلدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قىيالماي تۇرغىنىدا، داستىخان قولتۇقلىغان ھۆسنارخان ھاسىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ سۇپسۇر ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— ۋاي خۇدايىم، قارىمىسامچۇ كاشكى، — دېدى ھۆسنارخان بېشىنى چايقاپ. — كۆكنات بازىرى مەيدانىدا ئەركىن دېگەن بىر ساقچىنى ئۇرۇپ، بىر پارچە يېغىرغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ! مىلىش ـ مىلىش قان، چىرايىنىغۇ كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ...

قەدىردانىنىڭ كۆز ئالدىدا تۈنۈگۈنكى كۆرۈنۈش ئايان بولدى. جاۋىغىيىدىن قان ساقىۋاتقان زوھۇرگاسىيا يەرگە شالاقىدە قان تۈكۈرۈپ: «زوھۇرگاسىيانىڭ بەدىنىگە تەگكەن ھەربىر تاياق ئىنتىقامسىز بولمايدۇ، بۇنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا...» دېگەنىدى. مانا ئۇ بىر كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئىنتىقام ھوزۇرىغا قانغانىدى. قىپقىزىل قاننى كۆرمىگۈچە ئىنتىقام ھوزۇرىدىن لەززەت ئالالمايدىغان قانخور زوھۇرگاسىيا ئەمدىلىكتە ئەركىن ساقچىنى سەكراتقا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

قەدىردان زۇلئاي، ھۆسنارخانلار بىلەن خوشلىشىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ كارىدورىغا چىقىشى، ھېلىقى: «خەپ، لۈكچەك مۇناپىقلار، «يىكەنكۆل» ساقچىخانىسىدىكى يىگىتىمگە تېلېفون بەرمىسەم...» دەپ ھاۋاغا مىخ قاققان قىز مىڭ يەردىن تۈكۈلۈپ يىغلاپ، ئورۇندۇقتا شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەمدى ھەرقانچە پۇشايمان قىلسىمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. قىز قەدىرداننى كۆرۈپ تېخىمۇ ئېسەدەپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىدىن، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن: «مەن ئەقىلسىز پوق ئىكەنمەن» دېگەن ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۆكۈنۈش نىداسى



www.uyghurkitap.com

ئەلەڭلەپ تۇراتتى . راست ، ئۇ ئىنتايىن دۇتلۇك قىلغان ، لۈكچەك-لەر ، خوتۇنسىز يويتاقلار ، قىسقىسى ، بۇرنىغا سويدۇك پۇراپ قالغان ئەرلەر قىز - چوكانلارنى كۆرسە چاقچاق قىلىپ ، ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا ئۆيەر - بۆيەرلىرىنى تۇتۇپ روھەن لەززەت ئالغۇسى كېلىدۇ . بۇنداق نازۇك ئىشلارنى ئەقىللىق ئاياللار ئۆز ئىچىگە سىڭدۇرۇۋېتىدۇ ، تۇرگۇنرەكلىرى بولسا تىللاپ ، توكۇ-رۇپ ، ھەيۋە قىلسا قېچىپ دېگەندەك ئىچىنى بوشىتىۋالىدۇ . بىراق ، ئەرلىرىگە ، يىگىتلىرىگە ھەرگىز ئىنمايدۇ . چۈنكى ، ئەرلەر بۇنداق ئىشلاردا قانلىق ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، ئاقىۋەت يىغىشتۇرۇۋالغۇسىز پاجىئەگە ئاشۇ قىز ياكى ئاشۇ چوكاننىڭ ئەقىلسىزلىكى سەۋەبكار بولۇپ قالىدۇ ، ھەتتا بەزىلىرى ئۇرمە ئازابىنى ، بەزىلىرى تۆللۈق ياكى يىنىملىك كوچىلىرىدا سەرسان بولۇش ئاقىۋەتلىرىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ…

— كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلماڭ ، ئاچا ، — دېدى قەدىردان قول ياغلىقىنى سۇنۇۋېتىپ ، — ئەمدى پۇشايمان قىلغىنىڭىز بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ .

— مەن… مەن… نېمىدېگەن كالۋا… دېسۋەڭ… ئەقىلسىز…

قەدىردان «لادا»غا چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ، غەلىتە خىياللار قاي-نىمىغا غەرق بولدى . راست ، ئادەم بالىسى بۇ دۇنياغا كېلىپ ، «ئەجەب توغرا قىپتىمەن …» دېگەنگە قارىغاندا ، پۇشايمان ، ئۆكۈ-نۈش ، ئەپسۇسلىنىشى كۆپ بولىدىكەن . شۇڭا ، كونىلارنىڭ : «خام سۈت ئەمگەن ئىنسان» دېگىنى شۇ ۋەجدىن ئىكەن . مانا قەدىردان : «نېمىشقىمۇ ئەسەت ئەرۋاھنىڭ كەينىگە كىرىپ ، ئىپسىلزادىلەر ، مېھمانخانىسىغا كىرگەندىمەن… ئەرلىك غۇرۇرۇمنى دەپ ئاقنى ئاغزىمغا ئالغاندىمەن» دېگەن گەپنى قانچە - قانچىلاپ تەكرارلىدى . لېكىن ، ئورنىغا كەلدىمۇ ؟

قەدىردان مېھمانخانىدىكى ياتىقىغا كېلىپ ئىككى مايكىسىد-

نىڭ ، ئىچىگە كىيىدىغان كالتە ئىشتانلىرىنىڭ ئىچىگە يانچۇق تىكىپ پال ـ پال قەغەز ، سەرەڭگە مونچىقى ، گۈڭگۈرتلۈك سە-رەڭگە قېپىنىڭ پارچىسى ، تىرناقتەك ئاق بولاقلارنى سېلىپ ، چاندۇرماي ئاغرىنى تىكىۋەتتى ، چۈنكى، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتى .

www.uyghurkitap.com

# ئون سەككىزىنچى باب

قەدىردان سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كەچلەپ كىرىپ
كەلگەندە، ئانىسى خەيرىنگۇل ئاشخانىدا خىيالچان خېمىر يېيىۋاتات-
تى. ئۇ دۇپدۇگىلەك يېيىلغان خېمىرنى ئۇزۇن نوغۇچتا يۆگەپ
ئاشخانىغا ئېسىپ يۇملىتاتتى. خەيرىنگۇل ئوغلى قەدىردانى
كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى
بولمايدىغان بىر خىل زەھەردەك ىغەملىك چىقىپ تۇراتتى. قەدىر-
دان كۆڭلىدە «مېنى خوتەنگە ئەكىلىش ئۈچۈن، ئاناڭنى ماشىنا
سوقۇۋەتتى، دەپ ئالدايتۇ ...» دېگەن غۇم بىلەن ئۇمۇ باتناپ
ئولتۇردى. بىر چاغدىلا خەيرىنگۇل خېمىرنى كېسىپ، چۆپنى سۇپ-
رىغا يېيىۋەتتى، ئاندىن نوغۇچ بىلەن ئاشخانىنى پاكىز سۈرتۈپ،
ئاشخانىنىڭ بولۇڭىغا تىكلەپ قويدى. ئۇ ھەممە ئىشلىرىنى سەرەم-
جانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا قەدىردانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. خەي-
رىنگۇلنىڭ چىرايى شۇنچىلىك سۇرلۇك بولۇپ كەتكەنىدىكى، قە-
دىردانىڭ يۈرىكى سىرقىراپ كەتتى.

— يۈر، مېھمانخانىغا كىرەيلى، — خەيرىنگۇلنىڭ كۆزلىرى-
دىن چېقىن چېقىۋاتاتتى، — تۈزە ئورنۇڭدىن!

— ئىش ئالدىراش ۋاقتىدا ئادەمنى ئالداپ، — غودۇڭشىدى
قەدىردان، — ئۇنداق ئالدىمىسىمۇ كېلىۋاتىمەنغۇ...

— تولا غودۇڭشىما!

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىپ دىۋاندا يانمۇيان ئولتۇرۇشتى.
خەيرىنگۇل قەدىردانىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، يۈزىنى يې-
قىن ئەكىلىپ چەكچەيدى. بۇ ئۆيدە قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ يۈز
بەرگەنلىكىنى كۆڭلى تۇيغان قەدىردان قورقىنىدىن بارغانسېرى
شۇمشىيىپ قالدى، ئەمما خەيرىنگۇلنىڭ ئىككى قولى شارتلا قە-

لىپ قەدىرداننىڭ ياقىسىدىن بوغدى . تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەن بۇ
ھۇجۇمدىن گاڭگىراپلا قالغان قەدىردان نېمە قىلارىنى بىلمەي قال-
دى . خەيرىنگۈل ئۇنىڭ گېلىدىن تېخىمۇ قاتتىق بوغۇپ چىرايى
تامدەك ئاقىرىپ كەتتى :
— ئىپتە گۆي ! ئىپتە مۇناپىق ! ئىپتە تۈزكور ! ئۈرۈمچىدە
نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ ؟ مەن سېنى شۇنداق ئىبلىس بولسۇن دەپ
باققانمىدىم ؟ پۈتۈن ئىنسانىيەت ، پۈتۈن دۇنيا نەپرەتلىنىۋاتقان
ئاشۇ قاباھەتنى قايسى دىلىڭ ، قايسى ئېتىقادىڭ ، قايسى ئىمانىڭ
بىلەن ئاغزىڭغا ئالدىڭ ؟
قەدىردان ئانىسىنىڭ ئاخىرقى خىتابلىرىدىن ھەممىنى چۈشەن-
گەندى . شۇنداق ، ئۇلار ئوغلىنىڭ قانداق تۇيۇق يولغا كىرىپ
قالغانلىقىنى بىلىپ بوپتۇ !
— ئانا ، مەن…
— گەپ قىلما ، نائەھلى ! ھۆي يۇرتىنىڭ دۈشمىنى ! مىللەت-
نىڭ ئاسىيسى ! ھۇ ، ئانا - ئانىنىڭ بەدىنىگە چىققان مەرەز ! چاپان
يۇلتۇزلىرى نەزەر سالغان دەقىقىدە ئاپىرىدە بولغان ئاپەت…
خەيرىنگۈل قەدىرداننىڭ كانىيىنى بوغقانچە ، بارغانسېرى دىۋاي-
غا نىقتىماقتا ئىدى . پودىگەن ئۆپكىدەك ئىشىلىپ كەتكەن قەدىر-
دان نە ئۆزىنى ئاقلىيالماي ، نە قارشىلىق قىلالماي بوغۇلۇپ ياتماق-
تا ئىدى . ئەمدىلىكتە خەيرىنگۈلنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى قىرغاق-
لارنى غۇلىتىپ كەلگەن قىيان سۇدەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار قەدىر-
داننىڭ يۈز ، كۆز ، بويۇن ، مەيدىلىرىگە غەلۋىردىكى سۇدەك تارام-
لاپ چۈشمەكتە ئىدى .
— ئانا ! جېنىم ئانا ! — دىۋاندا بوغۇلۇپ ياتقان قەدىردانمۇ
ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى ، — مەن ئازدىم… مەن مەلئۇن… مەن
قاباھەت ! لېكىن ئامالىم يوق…
— مەن… مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ! — ئۆچقاندەك چى-
قىپ كەتكەن خەيرىنگۈل توغۇچنى كۆتۈرۈپ كىرگەنچە بىرنەچچىنى
سىلىۋەتتى . ئەمما ، ئېتىلىپ كىرگەن گۈلنۇر ئۇنى ئارقىدىن

قۇچاقلىغانچە تۇتۇۋالدى. خەيرىگۈل: «مېنى قويۇۋېتىڭلار!» دەپ دەھشەتلىك چىرقىراپ بىردىنلا ھوشىدىن كەتتى. يۈز - باشلىرى قىپقىزىل قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن قەدىردان ئۆزىنى ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى:

— جېنىم ئانا! مېنى ئۇر... دەردىڭ، ئازابىڭ مىسقالچە يېنىكلەيدىغان ئىش بولسا، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت! مەن... مەن كۆز ئالايتسام ئىت بولاي... توڭگۇز بولاي...

قەدىردان ئانىسىنى قۇچاقلاپ زار - زار يىغلاۋاتقاندا، گۈلنۇر ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئانىسىنى ئۆزى يۆلەپ دىۋانغا ياتقۇزدى. خوتەن تېببىي مەكتىپىنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بۇ قىز ئائىلىدە يۈز بەرگەن كىچىك كېسەللەرنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقاتتى. ئۇ خەيرىگۈلنىڭ پېشانىلىرىنى ئۇۋۇلاپ، بۇرۇن ئاستىغا تىرنىقىنى پاتۇرۇپ، ئاخىر ئانىسىنى ھوشىغا كەلتۈردى. بۇ چاغدا ئابباس بۇجاڭمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ قەدىردانىنىڭ قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن يۈز، بويۇن، كۆڭلەكلىرى، شۇنداقلا يەردە ياتقان قان يۇقى توغۇچنى كۆرۈپ، يۈز بەرگەن پاجىئەنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى.

خەيرىگۈل «ئۇھ...» دېگىنىچە مەيدىسىگە ئالىقىنىنى قويدى. ئۇ گۈلنۇرنىڭ ياردىمىدە دىۋانغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. قەدىردان بولسا ئۈستىبېشىدىكى قاننىمۇ سۈرتمەي، ئۆي ئوتتۇرىسىدا تىزلانغىنىچە يىغلاۋاتاتتى.

— قىزىم گۈلنۇر، قەدىردانىنىڭ بېشىنى تېڭىپ قويۇڭ، — دېدى ئابباس، — جاراھىتىدىن قان كۆپ چىقىپ كەتسە خەتەرلىك...

— خەتەرلىك بولسا ئۆلەر، — گۈلنۇر تەتۈر قارىۋالدى، — ئۇنداق خىرويىن بەڭگىسى ئىنىم يوق!

— مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن! — خاپىلىقنى كۆتۈرەلمەي تۇرغان ئابباس ئاچچىقىدا قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، — ئاجاۋۇزچى دۈشمەن بولسىمۇ داۋالايدىغان گەپ...

www.uyghurkitap.com

گۈلنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ، دوختۇر ساندۇقىنى ئېلىپ كەلدى ـ دە ، جاراھەت ئەتراپىنى ئىسپىرتلىق پاختىدا تازىلاپ ، يەنە قانداقتۇر دورىلارنى سۈۋاپ تېڭىپ قويدى .

ئەتىسى شەنبە بولغاچقا ، ئائىلە بويىچە قەدىردانىنى سىرتقا چىقارغىلى قويمىدى . كەچ بولغۇچە ئۇنىڭ خۇمارى تۇتۇپ ، تىترىگىلى ، ئەسنىگىلى ، پۇت ـ قوللىرى كىرىشكىلى تۇردى . بۇ ئازابنىڭ دەھشەت ئاغرىقىنى بىر ئۆزى بىلدىكى ، بۇ دۇنياغا تۆرەلىپ قالغىنىغا مىڭبىر پۇشايمانلارنى قىلدى . ئەمما ، ئىككىنچى كۈنى يەكشەنبە خۇمارى تۇتۇش بىلەن ، ئائىلە بويىچە يېپىلىپ ئۇنى كارىۋاتقا داكا ـ ئارغامچىلاردا باغلىۋەتتى .

ئابباس ، خەيرىگۈل ، گۈلنۇرلار بۇرۇن مۇشۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەن ئائىلىلەردىن ، چېكىپ تاشلىغۇچىلاردىن ئەھۋال ئىگىلەپ ، خەشخەش (ئەپيۇن غوزىسى)نى قايناتىپ ، راسا ئاچچىق قىيام بولغاندا قەدىردانىغا ئىچۈردى . ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورى ۋە تەڭقىسلىقتا بۇ زەھەرنى ئىچتى . ئەسلىدە خەشخەشتىن تېۋىپلار بىرنەچچە خىل دورا ياساپ ، ئۇنىڭ بەزىسىنى ئەسەبىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن ساراڭلارغا ئىچۈرەتتى . بۇنى بىرنەچچە كۈن ئىچۈرگەندىن كېيىن دوختۇرلارنىڭ : «كېيىنچە خۇمار پەيدا قىلىپ قويىدۇ» دېگەن ھۆكمىگە ئاساسەن ، خەشخەش قىيامىنى ئىچىشنى توختىتىپ ، دوختۇرخانىدىن «دولىڭدىك» ، «چۇمادۇ» قاتارلىق خۇمارنى باسىدىغان ئوكۇللارنى ئەكىلىپ ، ھەركۈنى دېگۈدەك گۈلنۇر ئۇنى تەڭشەپ سېلىپ قويدى . «دولىڭدىك» ئەسلىدە ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى چىداپ بولماس ئاغرىقنى ، شۇنداقلا راك كېسەللىكىنىڭ تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن سېلىنىدىغان زەھەرلىك ئوكۇل ئىدى . ئادەتتە دوختۇرخانىدىكى دورىخانىلار بۇ خىل ئوكۇلنى بەرمەيتتى . لېكىن ، ئابباس ، خەيرىگۈل ، گۈلنۇرلار : «راك كېسىلىگە سالىمىز...» دەپ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ئېلىپ كېلەتتى . بۇنداق ئوكۇل شەخسىي دورىخانا ۋە دوختۇرخانىلاردا بار بولۇپ ، ئەسلىدە بىر ئامپۇلى 80 پۇڭ ئىدى ،

لېكىن ئۇلار 100 يۈەندىن ساتاتتى . گۈلنۇر ھەر كۈنى ئىنىسىغا دورا ئىچۈرۈش ، ئوكۇل سېلىش ئۈچۈن مەكتەپتىن بۇرۇن قايتىپ كېلەتتى . ئۇلار كېيىنچە «دولېڭدىڭ » ، «چۇمادۇ »لارنىڭ يېڭىلانغان تۈرلىرىدىن «فۇكاڭ » ، «كاڭ فۇ » ، «فۇجىڭكاڭ » قاتارلىق مەست قىلىش دورا ۋە ئوكۇللىرىنى ئىشلەتتى ، بىراق «دولېڭدىڭ » قاتارلىق بەزى ئوكۇللارنىڭمۇ خومار پەيدا قىلىدىغانلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن ، قەدىردانغا ئۇخلىتىش ، مەست قىلىش دورىلىرىنى يېگۈزدى . دېمىسىمۇ ، دەسلەپتە بىر - ئىككى كۈن خومار تۇتۇپ قاتتىق ئازابلانغان بولسىمۇ ، كېيىنچە خومار پەقەتلا تۇتمىدى . بۇنىڭدىن ئاق كۆڭۈل ئاتا - ئانا ، كۆيۈمچان گۈلنۇر تولىمۇ خۇشال بولۇشتى ، خروئىن دېگەن بۇ ئالۋاستىنىڭ ئاسانلا تەسلىم بولغانلىقىدىن ھەيرانمۇ بولۇشمىدى . ئاتا - ئانىسى ئىشقا ، ئاچىسى بىلەن ئىنىسى مەكتەپكە كەتكەندە ، خروئىننىڭ دەھشەتلىك ئازابىدىن خالىي بولالمىغان قەدىردانىنىڭ كالتە ئىشتان ، مايكىلىرىنىڭ ئىچىدىكى تولۇق قوراللانغان خروئىن يەنە ئۆز كۈچىنى نامايان قىلدى . ئوڭدىسىغا ياتقان قەدىردان پال - پال قەغەزنى ئېلىپ ، تىرناقتەك خالتىنى چىشىدا يىرتىپ ، سەرەڭگە مونچاقلىرىنى گۈڭگۈرتلۈك پارچىغا سۈركەپ ، خومارىدىن راسا چىقاتتى - دە ، ئۆيدىكىلەر كەلگەن ھامان : «دورا - ئوكۇللارنىڭ ئۈنۈمى بولغان چېغى ، خومارىم زادىلا تۇتمىدى » دەپ ئۇلارنى خۇشال قىلاتتى . بىر كۈنى دادىسى بىلەن ئانىسى قەدىردان ياتقان كارىۋاتنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى .

— ھۆم ، ئۆزۈڭنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسەن ؟ — دېدى ئابباس قەدىردانىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ ، — چىرايىڭغۇ خېلى ئوڭشىلىپ قالغاندەك قىلىدۇ .

— دادا ، ئۆزىڭىزگە ئايان ، مەن ياتقىلى 16 كۈن بولدى ، خومارىم تۇتمىدى ، — قەدىردانمۇ دادىسىنىڭ چىرايىغا قارىدى ، — ئەمدى ئورۇمچىگە كەتمىسەم بولماس . مېنى نۇرغۇن ئىشلار ساقلاپ تۇرىدۇ .

— سىنى ساقلاپ تۇرىدىغان قانداق ئىشلاركەن ئۇ؟ — ئابباس ئىشەنمىگەنىدى، — ناھايىتى شۇ ئوبۇلھەسەننىڭ قېقىنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا دۇكانلىرىغا مال ئالارسەن؟

— ئىشەنمىسىڭىز ياقۇپ ھاجىمغا تېلېفون بېرىڭ.

— نېمە ئىشلىقىنى ئېنىق دېمەمسەن؟ — دېدى خەيرىنگۈل سەل گۇمانسىراپ، — سەن دېمىسەڭ، بىز پال سالامدۇق.

قەدىردان «داخىيەن»، «قوڭغۇرتاش»، «غەربىي دىيار» شىركەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ياڭ مىڭسەن، جاڭ يۇڭچاڭ، لۇڭ داتۇلار بىلەن بولغان بەش ئايلىق توختام، فۇجيەن ئەنبو شەھىرىنىڭ قاق سودىگىرى سۇڭ جىجۇڭغا بىر ئايدا 240 توننىدىن ئالتە ئايغىچە قاق يەتكۈزۈپ بېرىش توختامى قاتارلىقلارنى سۆزلىگەندە، ئابباس بىلەن خەيرىنگۈل بىر - بىرىگە قارىشىپ، چاندۇرماي: «بولمايدۇ...» دېگەندەك باش چايقىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىككىنە بىر بالىنىڭ نەچچە شىركەت، نەچچە خوجايىنلار بىلەن نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ توننىلاپ توختام تۈزۈشىگە ئىشەنمىدى.

— ئانا، دادا، سىلەر ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسىلەر، — دېدى قەدىردان جىلە بولغان ھالدا، — تېخى ئىككى ناھىيە، بىر بوز يەر مەيدانى بىلەن نەچچە مىڭ توننىلىق توختام بار. ئۇلار بىر ئايدا ئىككى نۆۋەت ئورومچىگە قۇرۇق مېۋە - چىۋە يۆتكەيدۇ. مەن ئۇنى تاپشۇرۇۋېلىپ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىمىسام، ئۇلار نەچچە كۈن ساقلاپ قايتىپ كەلسە، مالنىڭ پۇلىنى، يەنە ماشىنىنىڭ كىراسىنى مەن تۆلىشىم كېرەك بولىدۇ... ئۇ دېگەن نەچچە مىليون يۈەن پۇل!

— بۇ توغرۇلۇق ياقۇپ ھاجىم ئېيتقان، ئۇنى قاچان توشۇپ تۈگىتىدۇ؟

— 2 - ئاينىڭ بېشىغىچە.

— بۇ چاغقىچە ھەر ئايدا قانچە ماشىنا توشۇۋاتىدۇ؟

— ئوخشاش ئەمەس، — كارىۋاتقا باغلاقلىق قەدىردان سەل يانتۇ بولدى، — مەن توختام تۈزگەن كالونلار ھەر قېتىمدا قانچە-

لىك ماشىنا چىقىرالىشىغا باغلىق . ئالدىنقى ئايلاردا بىر كالون 24 ماشىنا ، يەنە بىرى 18 ماشىنا ماڭدۇرغان . بۇ قېتىم ئىككى كالون 67 ماشىنا مالنى بىر يولىلا يۆتكەيتىكەن ، ھەممىنى ئۈچ شىركەت بىلەن ئەنبولۇق سۈك خوجايىنغا تەقسىم قىلىپ بەردىم .

— بالام ، — دېدى خەيرىگۈل قەدىردانىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، — بىزنىڭ سېنى مەيلىڭگە قويۇپ بەرگۈمىز بار ، بىراق ئاڭلىساق ، بۇ مەرەزگە داخىل بولغان ئادەم ئاسان تاشلىيالمايمىش… باشقىلارنىڭ چەككىنىنى كۆرسىلا يەنە ئۆگىنىۋالارمىش .

— ۋايتوۋا ، ماڭا ئىشىنىڭلار . بۇندىن كېيىن دىققەت قىلسام بولمىدىمۇ .

— بولىدۇ ، بالام ، — دېدى ئاباس ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئاچاڭ گۈلنۇر مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كېلەيلى .

ئەتىسى ئىدارىدىن بالدۇرراق قايتقان ئاباس خەيرىگۈلنى مېھمانخانىغا چاقىرىپ كىرىپ . ئاستا كۈسۈرلاپ گەپ قىلدى :

— قاراڭلا ئانىسى ، جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابلىمىز ئىشخانامغا كەپتىكەن ، — ئاباسنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى ئۆرلىدى ، — ئۇنىڭغا مەزلۇم قۇدىمىز ھۆسنارخان تېلېفون بېرىپ : «قەدىردان تېز قايتىپ كەلسۇن ، توپ سېتىش بازارلىرىدىكى قاقچىلار ئاشخانىمىزنىڭ بوسۇغىسىنى ئېشىۋېتەي دېدى…» دەپ گەپ تونۇپتۇ . قانداق قىلىمىز ؟

— قەدىردانىنىڭ توختام توغرۇلۇق گەپلىرى راست ئوخشىمامدۇ ؟

— راستلىقى راست . مەنمۇ ياقۇپ ھاجىمدىن ئاڭلىغان .

— ھۆسنارخان ساقچى ئابلىمىزنى قانداق تونۇيدىكەن ؟ ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ ئابلىمىز ئۇرۇمچىگە بارسىلا ھۆسنارخاننىڭ ئۆيىگە چۈشىدىكەن ، — ئاباس ئويلىنىپ قالدى ، — بۇ گەپنى قەدىردانغا دەيلىمۇ قانداق ؟

www.uyghurkitap.com

دەيلى ، — خەيرىگۈلمۇ سەل ئەنسىرىگەندى ، — بولمىسا هۆسنارخان دېگەن خوتۇن قەدىردانىنى «قاچتى» دەپ ئويلاپ ، ئىش-نىڭ سەتىنى چىقارمىسۇن .

ئۇلار قەدىردان ياتقان هۇجرىغا كىرىپ ، بىردەم جىم ئولتۇر-غاندىن كېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى : «قېنى سىلىدىن كەلسۇن» دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى . ئابباس خوتۇنىنىڭ بىر ئالىيە-شىدىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ ، هۆسنارخاندىن تېلېفون كەلگەنلىكى ، قاچقىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ سوروشتە قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشى ، قەدىردانىنىڭ تىت - تىت بول-غانلىقى چىرايىدىن بىلىندى .

— ئانا ، دادا ، هۆسنارخان قاچقىلارنىڭ مېنى ئىزدەپ قىلى-شىغا ئۇنچىۋالا ئەندىكىپ كېتىدىغان خوتۇن ئەمەس ، — دېدى قەدىردان جىددىي هالدا ، — زۇلئاي كېسەل بولۇپ بالنىستا يېتىپ قالغاندى . شۇڭا ، ئۇ خوتۇن : «زۇلئايغا قارىماي خوتەندە يېتىۋالامسەن» دەپ بەرگەن تېلېفون ئۇ . ئەگەر ۋاقتىدا بارمىسام قىزنى ئەكىلىشتىن بانايدۇ…

— جېنىم بالام ، هېلىقى مەرەزنى راست تاشلىدىڭمۇ زادى ؟ — خەيرىگۈل يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى ، — سېنى زادىلا قويۇپ بەرگۈم يوق .

— ئانا ، دادا ، مەن سىلەردىن خۇش بولۇپ قالاي ، مېنى يېشىۋېتىڭلار ، — قەدىردان خۇمارىنىڭ باشلانغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ تېزلا جىددىيلەشتى ، — مەن يېتىۋېرىپ بەك قىينىلىپ كەتتىم . تېزرەك بولۇڭلارچۇ .

ئابباس بىلەن خەيرىگۈل ئارغامچىنى چىشلەپ يېشىپ بولغۇ-چە ، قەدىردان ئارانلا چىدىدى . شۇڭا ، ئۇ بوشىنىپ كارىۋاتتىن چۈشكەن هامان : «هاجەتخانىغا كىرىپ چىقاي» دەپلا چىقىپ كەت-تى . 16 كۈندىن بېرى خۇمارنىڭ تۇتمىغانلىقى ياخشىلىقتىن بېشا-رەت . دەپ چۈشەنگەن ئابباس بىلەن خەيرىگۈل بىر - بىرىگە نەسەللى بېرىشىپ ، ئوغلىنى قويۇپ بېرىش قارارىغا كېلىشتى .

هاجەتخانىغا چىقىپ كەتكەن قەدىردانىنىڭ خۇشال، تېتىك قايتىپ كىرىشى ئۇلارنى تېخىمۇ ئىشەندۈرۈۋەتتى.

قەدىردان چۈشتىن كېيىن پوچتىخانىغا كەلدى. ئۇ ياتاقتىكىلەرگە تېلېفون بېرىپ، ئۆتكەنكى تۇتۇلغانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى، ئۆزىنى سورۈشتە قىلىشۋاتامدۇ - يوق، دېگەنلەرنى ئۇقۇپ بېقىپ، ئاندىن ئورۇمچىگە ماڭماقچى ئىدى. تېلېفوننى ئەبەي گىنتار ئالدى. قەدىردان ئۇنىڭدىن بىر قۇر ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن باللارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە. هازىر ياتاقتىكى باللار غەيرەت جاڭدۇنى بېيجىڭدىن كەلدى دەپ ئولتۇرۇش قىلىشۋاتىمىز.

— غەيرەتكام قايتىپ كەپتۇ - دە، — قەدىردان كىملەرنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى بىلىشكە ئالدىرىدى، — ياتاقتا راسا پەيزى قىلىشۋېتىپسىلەر - دە، سورۇڭدا كىم - كىملەر بار؟

كىم بولاتتى، غەيرەت جاڭدۇ، زوھۇرگاسىيا، ئابىخان لومپا، ئەيسا خېنەنجىر، ئىدرىس مودىلىق... ئىشقىلىپ، كونا ئۇلپەتلەرنىڭ ھەممىسى بار.

قەدىردان تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ «ئۇھ» دەپ يېنىك تىن ئالدى. چۈنكى، ئۆتكەندە سولانغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قويۇپ بېرىلگەنىدى. ئۇ پوچتىخانىدىن چىقىپ گۈلباغقا كېلىشى. قاياقتىندۇر ۋارقىرىشىپ ئەھەت تاۋكا بىلەن ئىمىر ئۇچ بارماق يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار قىلىدىغان قىلىق تاپالماي، بىرى قەدىردانىنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختىسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دولىسىغا قېقىپ: «زامانىمىزنىڭ يېڭى بايلىرى» دەپ خۇشامەت قىلىشاتتى. ئۇلار قەدىردانىنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ كۆپ ئىزدىگەنلىكىنى، لېكىن ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالمىغانلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمىگەن هالدا كاپىلدىماقتا ئىدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ بىرى قەدىردانىنىڭ يوتىغا ھۆل خىش قويۇپ، بىرى پۇدەپ يەل بېرىپ، رېستورانىنىڭ ئايرىم خانىسىغا باشلاپ كىردى. بۈگۈنكى ئولتۇرۇشتا ئەھەت تاۋكا، ئىمىر ئۇچ بارماق، ئۆمەر غالتەكلەردىن ئىبارەت داڭلىق

www.uyghurkitap.com

قىمارۋازلاردىن باشقا، يەنە ئۈچ سەتەڭمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىقى يەنىلا ئۆتكەنكى رۇقىيە ئىدى. قەدىردان بىلەن ئىككى كېچە بىللە بولۇپ، كۆڭلى تىنغۇدەك ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن بۇ قىز بۈگۈنكى سورۇندا يەنىلا ناز - كەرەشمىلىرى ئارقىلىق قەدىردانىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى.

ئۇلار دەلدەڭشىپ رېستوراندىن چىققاندا، كوچىلار ئادەمسىز چۆلسىرەپ قالغانىدى. زەڭگەر ئاسماندا بۇلتۇز تودىلىرىنىڭ نۇرلىنىشىپ، تېخىمۇ يارقىن چاقناپ كېتىشى ئەتىكى قاتتىق سوغۇقتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— قەدىردان دوستۇم، — دېدى ئېغىرلىشىپ قالغان ئەھەت تاۋكا، — ئاغزىڭ هاراق پۇراپ تۇرسا، ئاتا - ئاناڭنىڭ ئالدىدا تەركى هۆرمەت بولىدۇ. ئۇقتۇڭما؟ شۇڭا بىر ساڭا ياتاق ئېلىپ قويغان، مۇشۇ... مۇشۇ پەرىشتە سېنى ئاپىرىدۇ. قانداق دېدىم، مانتوك ئايىم؟

— چاتاق يوق، — دېدى تەڭشىلىپ قالغان رۇقىيە، — چاتاق بار يەردە بىز يوق!

بىر كېچىلىك سەتەڭ هىيلىسى ئىككى قورۇ - جاينىڭ بېشىغا سۇ قۇيدى. قەدىردان ئەتىسى تەكلىپ قىلىنغان قىمار سورۇنىدا ئىككى قورۇ - جاينى 250 مىڭ يۈەنگە تەۋە قىلىپ ئۇتتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئەسلىدە 170 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇۋالسام ئەجەب ئەمەس دەپ، چۈرۈق بىلەتلا خامىنغا سەكرىگەنىدى، بىراق ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، ئىككى قورۇ - جايىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۇرۇمچىگە يۆچىلانغان هالدا قايتىپ كەتتى...

ئايرودورۇمدىن قوزغالغان تاكسى ئون نەچچە كىلومېتىر يولنى بېسىپ كۈن پېتىشقا يېقىن «هۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» ئالدىدا توختىدى. سەيەر سومكىسىنى كۆتۈرگەن قەدىردان ئاشخانىغا كىرىپ كەلگەندە، پىياز چاناۋاتقان زۇلنای ئەتراپتا ئاباق توختىن، كارىم، هۆسنارخانلار يوقمەك، چەيدونى تاش-

لىۋېتىپ ئۇچقاندەك كېلىپ قەدىردانىنى قۇچاقلىۋالدى. ھۆسنار-
خان كۆرمەسكە سېلىپ پەشتاختىدىن باش كۆتۈرمىدى. ئاياق توخ-
تى بىلەن كارىم تاماق سۇنۇش تۆشۈكىدىن نېرى كەتتى.
— ھەممىسى قاراپ تۇرسا، — يۈرىكى سېلىپ كەتكەن قەدىر-
دان ئاستا پىچىرلىدى، — بولدى قىلىڭ...
— كارىم نېمە، — زۇلئايمۇ پىچىرلىدى، — ئىشىككە قاراپ
كۆزۈمنىڭ قارىسى ئېقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.
— بولدى، مېنى قويۇۋېتىڭ. باشقىلار بىلەن كۆرۈشۇ-
ۋالاي، — قەدىردان زۇلئايدىن ئارانلا بوشاندى - دە، پەشتاختا
ئالدىغا كەلدى، — ئانا، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟
— مۇنۇي، قەدىردان بالام كەپقاپتۇ ئەمەسمۇ، — ھۆسنارخان
چاندۇرماي ئورنىدىن تۇردى. — ئۆيئىچى تىنچلىقمىكەن، مەزلۇم
قۇدىمىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ؟
— ياخشى، ئانامنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىققاندىن كېيىن
بۇياققا ماڭدىم.
— يائاللا، توپ سېتىش بازارلىرىدىكى قاقچىلار ئاشخانى-
مىزنى ئۆتەڭ قىلىۋېتىپتى، — دېدى ھۆسنارخان قاپاقلىرىنى
سوزۇپ، — كاتتا قاق سودىگەرلىرى، شىركەت خوجايىنلىرى،
«بالا سەيگۇيۇەن» دەپ ئىزدەپ كەلدىيا...
— شۇ، شۇ، ئېتىمنى ئاتىماي «بالا سەيگۇيۇەن» دەيدىكەن
دېسە، — تاماق سۇنۇش تۆشۈكىدە ئاياق توختى كۆرۈندى، — ھە،
قەدىردان بالام، يۇرت - جامائەت، تۇغقانلار تىنچلىقمىكەن؟
— تىنچلىقكەن، ھەرقايسىلىرىغا دۇئايىسالام ئېيتتى.
— سالامەت بولسۇن، ئاللا ئامان قىلسۇن.
ئاشنا، دادا، — دېدى زۇلئاي ئەزۇمىشۇقدىنى ئۇچ-
لاپ، — ھەممىسى تىنچلىقكەن، بولدىما ئەمدى؟ قورسىقى ئېچىپ
كەتكەن ئادەمدىن گەپ سوراۋېرىدىكەنسىلەر...
زۇلئاي قەدىردانىنى باشلاپ خاس خانىغا ئەكىرىپ قويۇپ،
ئۆزى قايتىپ چىقتى، ھۆسنارخان پەشتاختا ئىچىدە تۇرۇپ ۋار-

قىرىدى :

— زۇلئاي قىزىم ، سەن قەدىردانغا ھەمراھ بولغىن ، گۆشنانى دادالڭ پىشۇرۇپ بېرىدۇ .

— ماقۇل ، ئانا .

زۇلئاي خاس خانىغا كىرگەنچە ، قەدىردانىنى قۇچاقلاپ چىرمىشىپلا كەتتى . ئۇ تويماي ـ تويماي سۆيەتتى ، ھىدلايتتى . ئەركەلەپ كۆكرەكلىرىگە يۈزلىرىنى ياقاتتى .

— كەچتە ياتقىنىڭىزغا بارسام بولامدۇ ؟ — ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن زۇلئاي ئاستا شىۋىرلىدى . — سىزنى شۇنداق كۆرگۈم كېلىپ كەتتى .

— كەچتە ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بارماقچىدىم…

— ئەمىسە مەنمۇ بىللە بارىمەن .

— ماقۇل ، بىللە بارايلى .

دەرۋەقە ، بۇ 18 كۈن زۇلئاي ئۈچۈن ئىنتىقۇسىز ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە يالغۇز ياتقان ئاشۇ ئۇزۇن كېچىلەردە قەدىردان كۆز چاناقلىرىدىن بىرەر دەقىقەمۇ نېرى كەتمىدى . ئەنە ، ئۇ ئىككى كېچە پىچىرلىشىپ ، پات ـ پات سۆيۈشكەندە ئولتۇرغان ئورۇندۇق ، مانا ئىككىسى باش قويغان ياستۇق… توغرا ، ماۋۇ يوتقان ئىچىدە ئىككىسىنىڭ قوللىرى ئۈچراشقان . راست ، ئۇلارنىڭ قوللىرى بىر ـ بىرىنى پات ـ پات سىقىشىپ قوياتتى . توۋا ، ئەرلەرنىڭ قوللىرى نېمانچە خاسىيەتلىك ، سىرلىق ، ھارارەتلىكتۇ ! ھەر ئۈچراشقاندا تارقىغان بىر قىزىق ئېقىن ئۇنى بىھوشلۇق بۆشۈكىدە ئەللەيلەيتتى ، قانلىرى تومۇرلىرىنى يېرىۋەتكۈدەك تېپچەكلەيتتى ، چىداپ بولماس بىر خىل تەرەددۇت پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى .

زۇلئاي قەدىردانغا قاراپ ئولتۇرۇپ ، ئاشۇ تەقەززالىق مىنۇتلارنى ئەسكە ئېلىۋاتقىنىدا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى گەپ قىلىۋاتاتتى ؛ قەدىردان بولسا ئۇنىڭ گەپ قىلىشنى بىلىدىغان كۆزلىرىگە قاراپ ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ ، كۆزلىرىنى ئەپقاچاتتى . شۇڭا ، ئۇ گۆش-

ناننمۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ يېيەلمىدى، زۇلئاي قويۇپ تۇرغان چاينىمۇ قانغۇدەك ئىچەلمىدى.

ئۇلار «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دا ھېلىھەم پارقىراپ تۇرغان «لادا»غا چىقىپ، ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. كوچا چىراغلىرى يوللارنى ئاپپاق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاسماننىڭ ئېگىز يېرىدە مۆئەللەق ئېسىلىپ تۇرغان ئاي ئورغىقى پۈتۈن كائىناتنى ئۆزىنىڭ سىرلىق كۆكۈچ نۇرىغا پۈركىگەنىدى. ئۇ قەدىردان، زۇلئاي چۈشكەن «لادا»نى ئەگىشىپ تا داجەيگۇغىچە بىللە كەلدى. لېكىن، ئۇلار تۆڭگاننىڭ قورۇسىغا كىرگەندە، ياقۇپ ھاجىم يوق بولۇپ چىقتى. تۆڭگان ئايال ئۇنىڭ ئىلى سەپەرىدىن تېخى كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

قەدىردان ماشىنىنى قايتۇرۇپ ئارقىغا قايتتى. لېكىن، زۇلئاينىڭ زادىلا قايتقۇسى يوق ئىدى. ئۇ بىناقەت سىغمىغان يىگىتىددىن تاڭ ئاتقۇچە، ياق، مەڭگۇ ئايرىلماي مۇشۇنداق يېنىدا ئولتۇرسا، مۇڭداشسا، يېقىندىن بىر ـ بىرىگە قاراشسا نېمىدېگەن پەيزى ـ ھە! توۋا، بىرىنىڭ قۇتۇلالماي قالغان مېيىپ بالىسى، يەنە بىرىنىڭ بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئانىسى قارا قىلغانغا «قارىلىق تۇتىمىز» دەپ تويىنى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگە بېكىتىپ قويغىنى نېمىسى! ھازىر تېخى 12 ـ ئايغا ئوتتۇرا بولغان تۇرسا! ۋاي ـ ۋۇي، قېرىلارنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرى نېمىدېگەن جىق! جاق تويدىغۇ كىشى...

زۇلئاي يول بويى تاققا ـ تۇققا خىياللار قاينىمىدىن چىقالماي، «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇ «ماشىنا دېگەنمۇ بولمايدىغان نېمە ئىكەن، نېمانچە تېز ماڭغان...» دەپ ئىچىدە خاپا بولدى.

— زۇلئاي، خوش ئەمىسە، — دېدى قەدىردان يېنىغا قايرىلىپ، — ئۆيىڭىزگە كەلدىڭىز.

— ئەجەب تېز ھەيدەيدىكەنسىز، — زۇلئاينىڭ چۈشكۈسى يوق ئىدى، — گاچىنى ئىت قوغلىغاندەك چېپىپ...

— بەللى، تېز ھەيدىگەنگىمۇ خاپا بولامسىز؟ ئەمىسە ئەتە كۆرۈشەيلى.

قەدىردانىڭ «ئەتە كۆرۈشەيلى» دېگەن سۆزى «ماشىنىدىن چۈشۈپ كېتىڭ» دېگىنى ئىدى. زۇلئاي بىردىنلا سولتىسىپ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ بىرنەچچە ئېغىز يورەك سۆزلىرىنى دەۋالغۇچە. قەدىردان «خوش» دەپلا كېتىپ قالدى. ئۇ ئەسلى «دوستلۇق»نىڭ ئۆيىگە كەتمەكچى ئىدى. لېكىن ماشىنا ئالدىغا مېڭىپ ئاسما كۆۋرۈك ئاستىدىن قايرىلىپ ئارقىغا ماڭغاندا، زۇلئاينىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتمەي، ئاشخانا ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، شۇڭا ئۇ ماشىنىنى ئىلاجىسىز «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا ھەيدەپ كىرىپ كەتتى. قەدىردان ئىچىدە «بوپتۇلا، مەن بارغۇچە دەرۋازىنى تاقايدۇ، يەنە ئىشىك قېقىپ يۈرەرمەنمۇ» دەپ ئويلىدى.

قەدىردان بىنا كارىدورىغا كىرىپلا، ۋىجىك قارا پانەمنىڭ ۋاتىلداپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۆۋەتچى خانىغا بويۇنداپ قاراپ، پەشتاختىنىڭ ئىچىدىكى دېرىزىدىن ئۇنىڭ ئىچكەركى بۆلۈمدە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. قەدىردان پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆتتى ـ دە، پەلەمپەيگە چىقىپ كەتتى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپلا ئىشىك، دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتى. چۈنكى، ياتاق ئىچى بىرخىل دىمىق، زەي پۇراپ كەتكەنىدى. ئۇ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، پۇت ـ قوللىرىنى يۇيۇپ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى قايتىدىن ئېتىۋېتىپ ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرۇشى، ئىشىك چېكىلدى. قەدىردانىڭ يۈرىكى جىغلا قىلىپ قالدى. بۇنداق كېچىدە تېلېفون كەلسۇن ياكى بىرەر خەۋەر بولسۇن، خۇش خەۋەر ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى.

— كىم؟

— مەن!

زىل ئاۋازدىن كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغان قەدىردان «ئاپلا» دەپ ئېغىكىنى قامالىدى. ئۇ ئىچىدە «بۇ قىز مېنى تويغۇزۇۋېتەمدۇ نېمە؟ توي قىلماي تۇرۇپ بۇنچىلىك، توي قىلىپ

بولغاندىن كېيىن ئىش بار ئىكەن !» دېگەنلەرنى ئويلىغاچ ئىشىكنى ئاچتى . زۆلئاي كىرگەنچە قەدىرداننى قۇچاقلىۋالدى .

— قانداق كىردىڭىز ، سىزنى بىر كىم كۆرمىدىمۇ ؟

دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكى ئوچۇقكەن ، دېرىزە ئاستىدىن ئېڭىشىپ كىرىۋېدىم ، قاراۋۇل كۆرمىدى ، دېدى زۆلئاي غەلىبىسىدىن شادلىنىپ . نۆۋەتچى خانىدىكى ۋات - ۋات خوتۇنمۇ ئىچكەركى بۆلۈمدە ئۇخلاپ قاپتۇ . قەدىردان ، مەن… مەن بەك مۇزلاپ كەتتىم…

زۆلئاي ھېچ تەكەللۇپسىزلا ئۇچىسىدىكى كۆزلۈك پەلتوسىنى ، پوپايكىسىنى ، ئايغىنى سېلىۋېتىپ ، سېلىقلىق يوتقانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ پۇركىنىپ يېتىۋالدى . ئەمدى بۇ قىزنى كەتكۈزمەك قىيىن ئىدى . بەلكىم : «سىز مېنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرۈپ باقمىغان ، يەقەت ئانام بىلەن ئاكامنىڭ بېسىمى ، يەنە ئۆتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكىڭىز ئۈچۈنلا ئۆزىڭىزنى قۇربان قىلغان» دەپ يىغلاپ - قاقشاپ ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشى تۇرغانلا گەپ . ئەجەب ئىش ، زۆلئاي ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، پەردىشەپ بىلەن مۇئامىلە قىلغان چاغلىرىدا قەدىردان ئۇنىڭغا قىزىققانىدى . لېكىن ، ئۇ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ياتقان ھېلىقى كېچىلەردە قىلغان سۆزلىرى ، بەزى «ئامراق»لىقلىرى ، مانا بۈگۈنكى ئاتا - ئانىلىرىنىمۇ كۆزىگە ئىلماي قىلغان تۇرگۇنلۇكلىرى قەدىرداننى سەسكەندۈرۈپ قويدى . كونىلارنىڭ : «قوغلىغاندىن قاچ ، قاچقاننى قوغلا» دېگىنى خېلى ۋەزنى بار گەپ ئىكەن ئەمەسمۇ . قىزىق ئىش ، ھېلىقى بۇزۇق قىز رۇقىيەگە بولغان ھېسسىياتچىلىقىمۇ ئىنتىلىش كۆرۈنمەيدۇ ياكى ئۇ چاغدا مەست بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تەلۋە ھېسسىيات ئۇرلىگەنمىدى ؟ !

— نىمانداق ياتمايسىز ، — زۆلئاي چىراغنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن تامدىكى يېپقا قول سوزغانىدى ، ئۇنىڭ قىپقىزىل ياغىرداق بىلەنلا ئىكەنلىكى بىلىندى ، بولۇڭە . يېتىڭ .

قەدىردان كىيىملىرىنى سېلىپ يوتقان ئىچىگە كىردى…

دىگەندەك، زۇلئاينىڭ بىلىقتەك يالتىراپ تۇرغان پۇتلىرى، يۇ-
مىلاق يۇمران كۆكسىلىرى خۇددى كاچكۇلدىن چىققاندەك مۇردەك
ئىدى.
— ئۇھ ۋايەي، بەدىنىڭىز نېمىدېگەن ئىسسىق؟ — زۇلئاي
مەھكەم چاپلاشتى، — بەك ھۆزۆركەن!
ئۇلار بىردىنلا سۆيۈشۈپ، يومىلاقلىشىپ كەتتى. لىغىرلاپ
تۇرغان پۇتلار ئوتتۇرىسىغا چوغدەك قىزىق، ئەمما قاتتىق بىر
نەرسە قادالغىنىدا، قىز بىردىنلا ئىڭراپ، قەدىرداننىڭ بىلەكلىرى-
نى چىڭ ئۇشلىدى...
— زۇلئاي، كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ، مەن سىزنى ئاچقىپ
قوياي، بولامدۇ؟ — قەدىرداى پىچىرلىدى. — تۇرۇڭ...
— بىر كېچە قونسام بولمامدۇ؟
— قونسىڭىز بولىدۇ، — قەدىرداى دەمال گەپ قىلالمى-
دى، — لېكىن بۇ مېھمانخانىغا يات - ياتلا ساقچىخانىنىڭ ئادەملى-
رى بېسىپ كىرىپ، ياتاقمۇ ياتاق تىنتىش ئېلىپ بارىدۇ...
ئۇنداقتا ئىككىلىمىز رەسۋا بولىمىز.
— بۇگۈنچە خۇدايىم ساقلايدۇ.
— بوپتۇ، خۇدايىم ساقلىغان تەقدىردىمۇ، ئەتە مەن ئانىڭىز
بىلەن دادىڭىزنىڭ چىرايىغا قانداق قارايمەن؟ ئۇلار ئىككىمىزنى
ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كەتتى، قايتىپ كېلىدۇ، دەپ بىلىدۇ،
لېكىن تاراق - تۇرۇق شەپە ئاڭلانمىسا، ھۇجرىڭىزنىڭ چىرىغى
يورۇمىسا، ئۇلار نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ بولۇپمۇ ھۆسنارخان
ئاچامنىڭ ئاچچىقىنى مەندىن ئوبدان بىلىسىز...
— بوپتۇ ئەمىسە، — زۇلئاي كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلى-
لىدى، — سىز... سىز... بەكمۇ چوڭقۇر ئويلاپ كېتىددى-
كەنسىز...
— بۇنداق چۈشەنسىڭىز، كەتمەڭ، — شىمىنى كىيىۋاتقان
قەدىرداى قىزغا قارىدى، — ساقچىخانىغا بېرىپ قالساق ياكى
ئانىڭىز كوچىلاپ سوراپ قالسا، ئۆزىڭىز بىرنېمە دەرسىز.

— بولدىلا، بولدىلا، تولا ئادەم قورقۇتماڭ.

قەدىردان زۇلئاينى كىيىندۈرۈپ، نۇۋەتچىخانا ئالدىدىن ۋە قاراۋۇلدىن تۇيدۇرماي ئۆتكۈزۈپ، يولنىڭ چېتىدىكى ئاشخانا ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى، زۇلئاي يىگىتنىگە پايلىماي چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— ئەنە نېمىش قىلىسىز؟ — زۇلئاي ئاستاغىنا سورىدى.

— بىرنەچچە كۈن ئالدىراش ئىشىم بار، — دېدى قەدىردان جىددىي تەلەپپۇزدا، — «داخىيەن»، «قوڭغۇرتاش»، «غەربىي دىيار» شىركەتلىرىگە بارىمەن، توپ سېتىش بازارلىرىنى ئارىلايمەن. ئاندىن خوتەندىن مال كېلىدىغان ۋاقىت بوپقالدى.

— ئەمىسە قاچان كېلىسىز؟

— كېلەر ھەپتىگىچە كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن.

— كەچتىغۇ ياتىقىڭىزدا بولارسىز؟

— بىلگىلى بولمايدۇ، بەزىدە باشقا مېھمانخانىلاردا يېتىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بوپقالىدۇ.

قەدىردان زۇلئاينى ئۆيىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ياتىقىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ كوللېكتىپ ئاشخانىسىدا ناشتا قىلغاندىن كېيىن «قوڭغۇرتاش» شىركىتىنىڭ قورۇق مېۋە ـ چېۋە توپ سېتىش بازىرىغا كەلدى. ئۇنىڭ كەلگىنى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، بىردەمدىلا: «بىسالا سەيگۇيۇەن كەپتۇ» دېگەن خەۋەر بازارغا تارقالدى. دېھقان قاقچىلار، قاق سودىگەرلىرى ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن توپلاندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى سايە قىلىشىپ، سولياۋ لەمپىلىك سەيناغا ئاپىرىشتى. قەدىردان خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭ قاقلىرىنى تەكشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىگە ياقىدىغان ئۈچ ئادەمنىڭ 210 توننا مېلىنى ئېلىپ «قوڭغۇرتاش»نىڭ خوجايىنى لۇڭ داتۇغا ئۆتكۈزدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن تۈزۈلگەن توختامدىكى مالدىن پەقەت 40 توننىلا قالغانىدى. ئۇ بوغالتىرىيە ئىشخانىسىدىن ئۆزىگە تەئەللۇق پۇلنى ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى ئۈچ قاقچىغا بېرىپ قايتقۇچە،

www.uyghurkitap.com

كۈن يامالىق تېغىغا قىڭغايغانىدى .

قەدىردان «لادا»نى سالقىن ھەيدەپ ، «دوستلۇق» تىكىر ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭغا ھاردۇق يېتىپ قالغانمۇ قانداق ، ھېچ ئىش خۇشياقمايتتى . شۇڭا ، ئۇ ھۇجرا ئۆيدىن ئىككى كۆرپە ، ئىككى پەي ياستۇق ئاچقىپ ، مېھمانخانىدىكى گىلەم ئۈستىگە سېلىپ ياتپاشلىدى . ئاندىن ئىزگىنەك بىلەن 35 دىيۇملۇق «سونى» ماركىلىق ياپونىيە تېلېۋىزورىنى ئېچىپ قويدى . ئۇنىڭغا راستىنلا ھاردۇق يېتىپ قالغانمىدۇ ؟ قاراڭ ، ئىزگىنەك ئارقىلىق قاناللارنى يۆتكەشمۇ ئېغىر كېلىۋاتقاندەك ، پات - پات بۇرنىنى تارتىپ ئەسنەيدۇ ، خۇددى كېسەك قويۇپ بىلىنى ئالالماي قالغان مەدىكاردەك ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ ، «ئۇھ» دېگەن بىر سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلايدۇ… ياق ، ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكىنى يوق ! ئۇ ئېغىر - ئېغىر تاغار ، يۈكلەرنى كۆتۈرىدىغان ھامبال ياكى كەتمەننى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپىدىغان دېھقان بولمىسا ! ئەڭ بولمىسا بىر كۈن كەچكىچە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ، كويا جەملەرگە سۇ پۇرەكۈپ ئاياغ چەملەيدىغان ياماقچى ئۇستامىدى ؟ ! ئۇنىڭ بۇنداق ئىش خۇشياقماس بولۇپ قالغىنىغا بىرەر ئايدىن ئېشىپ قالدى . خۇمار تۇتۇش ئالدىدا بۇرنىدىن سۇ ، كۆزىدىن ياش ئاقىدىغان ، تولا ئەسنەيدىغان ، پۇت - قوللىرى پالتىدا چانىۋەتكەندەك ئاغرىيدىغان بولۇۋالدى . ھەتتا پۈتۈن بەدەنلىرى ۋە ئۆگە - سۆڭەكلىرى ئىچىدە مىليونلىغان چۈمۈلىلەر قىمىشىپ مېڭىپ ، زەھەردەك چېقىۋاتقاندەك ئازابلىناتتى . قىسقىسى ، ئۇنىڭ ئاغرىشى ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل دەھشەتلىك قىيناشقا ئوخشايتتى . خۇمار تۇتۇش ئالدىدا ۋە خۇمار بېسىققاندىن كېيىن ئادەم بىر خىل لەۋقا ، ئېزىلەڭگۈ ، ئىش خۇشياقمايدىغان ھورۇن بولۇپ كېتەتتى .

بۇ ئالامەتلەر كۆرۈلگەندىن بېرى قەدىردان بازارغا ئانچە چىقمايدىغان بولدى . چىققان تەقدىردىمۇ تىزىۋېلىپ قويغان توختام مەجبۇرىيىتىدىن بولاتتى… ئەگەر چىقمىسا ، توختامدىكى ماددىلار مەزمۇنى بويىچە يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن تۆلەم تۆلەيتتى . مانا بۈگۈن

«قوڭغۇرتاش»نىڭ توختامدىكى ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تو-
گىتىپ، تۆت ماشىنا مىلى قالدى. بۇنى مۇشۇ بىر نەچچە كۈن
ئىچىدە خوتەندىن كېلىدىغان مالدىن بېرىۋەتسە، قالغان 2 - ئاينىڭ
بېشىغىچە توشۇلىدىغان مال ياڭ مىگسەن بىلەن سۆك جىجۇڭ
خوجايىنلارغا تەۋە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەدىردان ئۇلار بىلەنمۇ
ئادا - جۇدا بولۇپ، ئىككىنچىلەپ توختام، قاق دېگەنلەرگە يېقىن
بولمايدۇ. ھازىر ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى شۇ، 1 - ئاي قاچان
ئاخىرلىشىپ، 2 - ئاينىڭ بېشى كېلەر، ئۇ چاغدا توختام،
ۋەزىپە، قاق، سودا دېگەنلەردىن خالىي، ئۇچىدا يېتىپ، ئاق تۆتۈن
ئېلىپ كەلگەن شېرىن خىياللار قاينىمىدا يەھۇزۇر ئۇزەتتى، باز-
كىدىكى پۇلى قانچە يىل چەكسە يېتىدۇ. ئېخى خوتەندە بىرىنچى
قېتىم 170 مىڭ يۈەن، ئىككىنچى قېتىم ئىككى قورۇ - جايىنى
پۇلغا سۇندۇرۇپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن 250 مىڭ يۈەننى ئامىتى ئوڭدىن
كېلىپ قايتا ئۇتۇۋالسا، بىھېسابلا بىر دۇنيا بولمامدۇ. ئۇ چاغدا
خۇمار ئازابىنىڭ غېمىنى يەپ، ئەلىمىنى تارتىپ ئولتۇرۇش بىھا-
جەت!

كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، زىيىنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىم! مېنىڭ
«يالا سەيگۈيۈەن»ىم ماڭا ئاشۇنداق ۋاپاسىز چىقىپ قالدى. مەن
ئۇنى يورەك قانلىرىمنى سىياھ قىلىپ يېزىمىگەنمىدىم! ئۇنىڭ
ئۈچۈن قانچىلىك ئاق قەغەزلەرنى قارا قىلىۋەتتىم! ئۇيغۇرۇمنىڭ
مۇشتۇمدەك بالىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلمىغانمى-
دىم، ئۇلاردىن بېشىغا بەخت - ئامەت ھومايۇنلىرى قونغاندا قېرىن-
داشلىرىغا ھىممەت قوللىرىنى سوزىدىغان مەرد ھاتەم دەپ پەخىر-
لەنمىگەنمىدىم! مانا ئاچچىق - ئاچچىق ياشلارنى تۆكۈۋاتىمەن،
مەن بىلەن تەڭ قەلىمىممۇ قان يىغلاۋاتىدۇ. كۈمۈش چاچلىق
پەرىشتە ئانىنىڭ: «ئامەتلىرىڭ چوش مەزگىلىدىكى دەرەخ سا-
يىسىدەك قىسقا بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئىمىشقىمۇ ئېگە-
گە يېتىپراق قەلەمگە مەسلىھەت سالمىغاندىمەن! «يالا سەيگۈيۈەن»
مېنىڭ بۇنچىلىك يۈزسىزلىك قىلىپ مېنى ئوسال قىلىشىنى بىل-

گەن بولسام، سەھنىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرىدىـ غان «چولپان»لاردىن بولۇشقا تىرىشماسمىدىم! نېمە قىلىمەن تالىق سورۇلمەستىن تا ئالەمنى زۇلمەت باسقانغا قەدەر دۈمچىيىپ ئولتۇ ـ رۇپ! نېمە قىلاي قەلەمنى بېشى بىلەن ماڭدۇرۇپ، ئۇنى قان ـ قان يىغلىتىپ، ئاپپاق قەغەزلەر باغرىلىرىغا قانچىلاپ داغلارنى سىلىپ…

خەيرىيەت، قەلىمىم ماڭا تەسەللىي قىلدى:

— بولدى قوي، نېمانچە ئاھ ئۇرسەن! رېئاللىقتىكى ئادەملەر ئەمەس، ھەتتا سەن يۈرەك شەربەتلىرىڭنى سىقىپ، تامچە ـ تامچە تامدۇرۇپ ياراتقان قەھرىمانلىرىڭمۇ ئاق تۇتۇنگە مەھلىيا بولۇپ قالسا، ئۇمۇ ناچار، ناباب، پەزىلەتسىز، ئىقتىدارسىز، ياۋۇز مەخلۇقلارغا ئايلىنىدۇ…

— بولدى بەس! — مەن قەلىمىمگە خىتاب قىلدىم، — ئەمدى ئۇ ھارامزادىنى كۆرەر كۆزۈم يوق! ئۇ ئاق تۇتۇندە دوزاخ كۆلىگە ئايلىنامدۇ، چىلىم بىلەن نەشىنى ئاشنا تۇتۇپ مەينەت بەڭگى بولامدۇ، پەزىلىتىنى دەپسەندە قىلىپ زىنا يولىغا ماڭامدۇ، ئاۋكا توپىلىرىغا پۇچىلىنىپ، قىمارۋازلار پىچىقىدا ئۆلەمدۇ، مېنىڭ ئىلانەتورۇم يوق!

— بىلىمەن، سەن بۇ گەپلەرنى ئاچچىقىڭدا دەۋاتىسەن، — دېدى قەلىمىم ماڭا تەنبىھ بېرىپ، — ئىچىڭدە قان ـ قان يىغلاۋاتـ قانلىقىڭ ناتىۋان كۆزلىرىڭدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بىر يازغۇچى يۈرەك قانلىرىدىن، ئەقىل شەربەتلىرىدىن ئايرىپ قىلغان قەھرىـ مانىنى، ھەتتا ئاددىي پېرسوناژنى ئۇنداق ئاسان تاشلىۋەتمەيدۇ…

— زۇۋانىڭنى ئۈچۈر! — يۈرىكىم ئېچىشىپ تۇرۇپ قەلەـ مىمنى تىللىدىم، — جاراھىتىمگە تۇز سەپمىگەن سەن قالدىڭمۇ؟ ئاڭلىغانسەن، ئۇ نائەھلىنىڭ: «قانچە يىل چەكسەم يېتىدۇ»، «ئامىتىم كېلىپ ھېلىقىلارنى ئۇتۇۋالسام» دەۋاتقىنىنى! بۇنداق تۈزكور، ئاسىي بەدەن قانداقمۇ مەن ياراتقان قەھرىمانغا ئوخشىـ سۇن! بۇندىن كېيىن نېمە قىلساڭ قىل، بەتبەخت! لېكىن:

«مەن پالاننىڭ قەلىمىدىن يارالغان!» دېگۈچى بولما...

ئەقىللىق ئوقۇرمەن! كۆرگەنسىلەر، ئاڭلىغانسىلەر؟ مۇئەللىپ ياراتقان قەھرىماننى تاشلىۋەتتى، ئىتنى قوغلىغاندەك قوغلىۋەتتى! ئەمدى ئۇ ھايتاق يوگەنسىز ئاساۋ ئاتتەك، چولۋۇكسىز بۇقىدەك، زەنجىرسىز ئىتتەك نېمە ئىشلارنى قىلار؟! ئەنە قاراڭ، ئۇ ھېلىھەم مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان كۆرپىدە ئېغىناپ، خۇشياقمىغاندەك تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىدۇ، پات - پات كۆزىدىن ئاققان ياشنى، بۇرنىدىن ساقىغان سۇنى، جاۋغىيىدىن سىرغىغان شۆلگىيىنى سۈرتۈپ قويىدۇ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سوزۇپ ئەسنەيدۇ، پۇت - قوللىرىنى تاشلاپ كېرىلىدۇ، «ئۇھ... ئۇھ...» دېگىنىچە، ھېلىلا ساپاندىن بوشىغان ئۇيدەك ئېغىر ھاسىرايدۇ...

قەدىردانىنىڭ كۆزى تېلېۋىزوردا بولغىنى بىلەن، كۆڭلى زۇلئاي بىلەن بولىدىغان توي ھەققىدە چېگىش خىياللارغا تولغانىدى. توي 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگە بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قەدىردان يېرىم يىل بۇرۇن ئەنسىزلىك ئىلكىدە تىترەيتتى. زۇلئاي بۇ ئىشلارنى بۇرۇنلا ئۇنىڭغا ئېيتقان، لېكىن قەدىردان قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ياخشى كۆرگەن قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. شۇنداق قىلمايمۇ ئامالى يوق - دە! شۇنداقتىمۇ، قەدىردان ھېلىغىچە ھېلىقى مۇلايىم، ياۋاش، چېھرىدىن مىسكىن بىر ئەلەم كۆرۈنۈپ تۇرغان مېھرىباننى زادىلا ئۇنتالمىدى! راست، ئۇ تۇركىيەگە كەتكەن مەدىنەنىڭ سۈرىتى ئىدى. ئوخشمايدىغان بىرلا يېرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە يەكدىللىق روھى كەمدەك قىلاتتى. قەدىردان قانچىلاپ: «مېھرىبان قىز مەدىنەگە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرەمدىم ياكى مەدىنە مېھرىبانغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟» دەپ ئۆزىدىن ئۆزى سورىغانىدى. پاھ، كۆڭۈل دېگەن ئەجەب سەزگۈر، تاۋى نازۇك بىر نېمىكەنە! بولمىسا قەدىردان مېھرىباننى ئارانلا ئىككى قېتىم كۆردى، ئىككى قېتىم سۆزلىشىشكە مۇيەسسەر بولالىدى. شۇنداقتىمۇ قەدىردان ئۇنى قۇم

ئىچىدىن كىيىپەك ئالتۇن ئىزدىگەندەك ئىزدىدى. بارمىغان، سورۇ-
مىغان، ئوقۇشمىغان بىرى قالمىدى. ھە راست، ھېلىقى «مۇ-
شۈكنىڭ يولى يوق، بەزگە ئامراق» دېگەندەك. «ئاقۇ»قا دوم-
جۇشكەن كاۋاپچىنىڭ ئىسمى نېمىدى؟ توغرا، توغرا، ئابابەكرى
دومچەك. شۇنىڭدىن ئوقۇشۇپ باقسا بولامدۇ؟ قەدىردان سىڭارنى
كۆزنى قىسىپ قويسىمۇ، ئۇ بېشى بىلەن ماقىدۇ. چۈنكى، ئۇ
«بالا سەيگۈيوەن»نى ئۆزىنىڭ شاپائەتچىسى دەپ بىلىدۇ!

خىيال دېگەن شۇنداق ئۇچقۇر نېمە ئىكەن، قەدىردان بىردەم-
نىڭ ئىچىدە جاھاننى ئاسقاپ چىقتى. چىگىش خىياللار باشلىغان
كوچىلاردا قاتراپ يۈرۈپ كۆزىمۇ ئۇيقۇغا كەتتى. ئەمما، ئۇ شۇ
ھامان چۆچۈپ ئويغاندى. چۈنكى، كىمدۇر بىرى ئىشىكنى بىر
خىلدا چېكىۋاتاتتى. قەدىردان ئىرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇ-
رۇپ ئىشىكنى ئاچتى. توۋا، ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ، ئاخىر
زامان بولۇپ قالغانمۇ نېمە. ھېلىلا خىيال ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزگەن
ئابابەكرى كاۋاپچى ئىككى نان ئارىسىغا ئېلىنغان كاۋاپنى تۇتۇپ،
دومچەيگىنىچە ھىجىيىپ تۇراتتى:

— قەدىردان بايۋەچچە، ئۆزلىرىگە كاۋاپ ئەكىلىۋىدىم. بەك
سىڭىپ پىشتى. ئىسسىقىدا يەۋالغان بوسىلىرى...

— مېنىڭ بارلىقىمنى قانداق بىلدىلە؟

— مېنىڭ قارىسىلا، بايۋەچچەم، بىر كۆزۈم كاۋاپدىندا، يەنە
بىر كۆزۈم سىلىنىڭ مۇشۇ تار كوچىدا، — ئابابەكرى بوينىنى
قىسىپ تۇراتتى، — بايا ماشىنىلىرىنىڭ يالتىنىدە پارقىراپ ئۆتۈپ
كەتكەنلىكىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى دېسىلە.

«بىر كۆزۈم سىلىنىڭ مۇشۇ تار كوچىدا» دېگەن سۆز قەدىر-
داننى ئويلاندۇرۇپ قويدى. راست، خروئىنغا ئۆگىنىپ قالغان
ئادەمنىڭ بېشىدا قىلىچ تەڭلەپ تۇرساڭمۇ، يەنىلا چېكىمدىغىنىنى
چېكىۋېرىدۇ. بىر كۈنلۈك كاۋاپ تىجارىتىدىن كىرگەن پۇل بىر
قېتىملىق چېكىشكە يەتمىسە، تار كوچىغا تەلمۈرمەي قانداق قىلا-
تتى؟ قەدىردان ئۇنىڭ قولىدىن كاۋاپنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆيگە تەك-

لىپ قىلغانىدى، ئۇ قورقۇپ، ھەجىيىپ، ئالىقانلىرىنى ئىشقىلاپ، كىرىشكە پېتىنالمىدى. كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ نېمىنى تەمە قىلىۋاتقانلىقى ئېنىقلا ئىدى.

— ئابابەكرى ئاكا، كارىدوردا بۇنداق تۇرۇۋالسىلا، مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن، ئۆيگە كىرسىلە، تۇغقىنىمۇ كېتىپتىلا.

— بولدى… بولدى، بېگىم… بولدى، خانزادەم… مەن… مەن پۇل ئالمايمەن…

— پۇل ئالمايدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن، قېنى ئۆيگە كىرسىلە.

ئابابەكرى ئۆيگە كىرىپ، تېلېۋىزور، گۈللۈك يېشىل گىلەم، سوغۇق - ئىسسىق ھاۋا تەڭشىگۈچ، قىسقىسى، ئۆيدىكى پۇللۇق ۋە ھەشەمەتلىك مۈلۈكلەرنى بۇرۇن بىرنەچچە قېتىم كۆرگەچكە، ئۇلارغا ئانچە سىنچىلاپ كەتمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئاشۇ نىرىاقتىكى سولياۋ خالتىدا قالغانىدى. قەدىرداننىڭ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ئىشكاپ ئىچىدىن قول ياغلىقىغا ئورالغان ياڭاقتەك چوڭلۇقتا خروئىننى ئالدى. بۇ «بېكەنكۆل» سافچىخانىسىدىكىلەر تۇتۇپ ماڭغاندا تۇرۇۋا ئىچىگە تاشلىۋەتكەن ئالخان لومېيىنىڭ بىرىسلانغان خروئىن پارچىسى ئىدى.

— تۇتسىلا، ئابابەكرى ئاكا، — قەدىردان قول ياغلىقتا تۈگۈلگەن نەرسىنى بەردى، — بۇ سىلىگە خېلى ئۇزاق ۋاقىت يېتىدۇ.

— ئاھ بېگىم! ئاھ خانزادەم! — ئابابەكرى دوككىدا تىزلىنىپ قەدىرداننىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىدى، — خۇدايىم سىلىنىڭ ھۆرمەت - ئۆسىيلىرىنى، مەرتىۋىلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلغاي، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي! ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، ئامەتلىرى بىھېساب بولغاي!

— ئاھ… تۇرسىلا، تۇرسىلا، بىزدە يوقلا بىر ئادەتنى قىلىۋاتىدىلىغۇ! تىزلانغانلىرىنى ئار دەپ، پۇتىنىمۇ سۆيەمدۇ!

قەدىرداننىڭ راستىلا ئاچچىقى كەلگەنىدى. خۇدانىڭ بىر لەنەت-

گەردى بەندىسى تىلەك تىلىسە، بىزنىڭ ئاخۇنۇم، دادىلىرىمىز ئىپ-
شەك باقامدۇ! تۇۋا. ماۋۇ كۆل بەگنىڭ خۇداسى تىلغا ئېلىپ
سورىمىغىنى قالمىدا! قەدىردانغا تىلىگەن ئاشۇ ئامەت، ئىپلاسلارنى
ئۆزۈڭگە تىلىسەڭچۇ! سەندەك «ئاق»قا دوم چۈشۈپ، ئىنسانىيلىقى
بولغان ئاسىينىڭ تىلەكلىرىگە خۇدايىم ئېرىپ قالارمىدى!

— خوش... خوش، شاھزادەم! مەن... مەن قايتاي، — ئابابەكرى قەدىردان خىرويىنىنى تارتىۋالمىغاندەك، شارتلا قوپۇپ يانچۇقىغا سالدى، — ئۆزلىرىگە رەھمەت! رەھمەت... قىزىم كاۋاپ-دانغا قاراپ قالغان...

— ئابابەكرىكا، سىلىدە بۆرەك كاۋىپى يوقمۇ؟

— بار... ئىمىشقا بولمايدىكەن، بېگىم...

— ئابابەكرىكا، مېنى بېگىم، خانزادەم، شاھزادەم دېمىسىلە، مەن خىجىل بولىدىكەنمەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، غوجام... ئالتۇن غوجام... يامبۇ غوجام... بۆرەك كاۋىپى پىگۈلىرى بولسا، مەن ھازىرلا پىشۇرۇپ قىزىمدىن ئەۋەتەي... قىزىم قارىسىلا، ئەدەپسىز ئۇز، — ئابابەكرى قوللارچە ئېگىلىپ، ھىجىيىپ تۇراتتى، — بىر كۆرسىلە ئاندىن گېپىمگە ئىشىنىدىلا... مېنىڭ قىزىم يەتتە ئىقلىمدا كەم تېپىلىدۇ. ئۇ تېخى ئەمدىلا 14 ياشقا...

— ۋاي - ۋۇي، لاۋزا قوغۇننىڭ ئۇرۇقى كۆپ، دەپ، ئىماندىق قومدەك گەپ قىلىدىلا! بولدى، بولدى... ماڭسىلا...

قەدىردان بۇ ئادەمنىڭ ھەددىدىن زىيادە خۇشامەتلىرىدىن بىزار بولدى، شۇڭا مېھرىبانلىق سۇرۇشتە قىلىشنى خالىمىدى. ئەمما: «خىرويىن ئادەمنى شۇنچىۋالا تەزرى پەس، غورۇرسىز، ۋىجدان-سىز، قۇل قىلىۋېتەمدىغاندۇ؟ ئەگەر پۇلۇم بولمىسا مەنمۇ شۇنداق بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگىنىدە، ۋۇ-جۇدىنى تىترەك بېسىپ كەتتى.

ئەمدى قەدىردانىنىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئابابەكرى ياكى ئۇ-نىڭ قىزى بۆرەك كاۋىپىنى ئېلىپ كەلسە، ئەلۋەتتە ئۇنى تاپشۇرۇ-

ۋېلىپ پۇلنى بېرىش كېرەك . يەنە بىر تەرەپتىن، تېلېۋىزوردا تارىخىي خاراكتېرلىك بىر جىددىي ۋەقە قويۇلۇۋاتاتتى . ياپونىيەنىڭ ئاۋىياماتكىسىدىن ئۇچقان ئايروپىلانلار ئامېرىكىنىڭ پېئارل خاربور ئارىلىدىكى پاراخوتلىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، سۇ ئۈستى ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ . كېيىن ياپونىيەنى تەسلىم قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ خىروشىما ۋە ناگاساكى ئارىلىغا ئاتوم بومبىسى تاشلاپ، نەچچە يۈز مىڭلىغان بىگۇناھ پۇقرا ۋە شەھەرلەر كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ...

قەدىردان تارىخ ئوقۇتقۇچىسى سۆزلەپ بەرگەن بۇ تارىخنى تېلېۋىزوردا كۆرۈپ، ئۆزى خۇددى ئاشۇ ئۇرۇشلارغا قاتناشقاندەك ھاياجانلاندى . ۋەقەلىكنىڭ جىددىيلىكى، ئاتوم نۇرىدا كۆيۈۋاتقان، ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەملەر، چىرقىراپ - يىغلاپ باشپاناھسىز تەمتىرەپ يۈرگەن يېتىم بالىلار، ئۆرۈلۈۋاتقان بىنالار، قىپقىزىل يالقۇن ئىچىدە قالغان پۇقرالارنىڭ ئۆي - ماكانلىرى قەدىرداننى جىددىيلەشتۈرۈپ، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى . شۇڭا، ئۇ ئىشىك قوڭغۇرىقى مۇزىكىلىق سادا بەرگەندە چۆچۈپ كەتتى . قەدىردان تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى تىزگىنەك بىلەن سەل پەسەيتىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا كۆزلىرى چەكچىيىپ، نەپەسلىرى ئۈزۈلۈپ، يۈرىكىنىڭ ئۇرۇشى ئۆزگە ئاڭلانغۇدەك گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ قالدى . ئۇ ھەقىقەتەن ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالغانىدى .

مېھرىبان...

قەدىردان ئاكا...

— ئۆيگە كىرىڭ...

— ياق، بولدى . دادام بۇ بۆرەك كاۋىپىنى ئەۋەتكەنىدى .

مېھرىبان بۇرۇنقىدەكلا قەدىردانغا تىكىلىپ قارىمىدى، پەقەت يەرگە باقىنىچە نازۇك سىماسى يايدەك ئېگىلىپ تۇراتتى، بۇ پەزىلەت بابىدا يەكتا بىر قىزنىڭ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشى ئىدى . ئەلۋەتتە . نەچچە يىلدىن بېرى بۇ كەم سۆز، كەم دىدارغا غايىبانە

كۆيۈپ ، ئوتىدا كۇل بولغان ، سۆيمەدە ئاققان ئۇزۇن قارا تۈنلەردە ئۇيقۇدىن بىدار قىلغان ، خىيالىنى توزانغا ئايلاندۇرغان بۇ ياغرى تاش كىچىككىنەم مانا ئالدىدا تۇرۇپتۇ . توۋا ، ئۆزى غورۇلاي¹ نىڭ بالىسىدەك بىر سىقىم ، لېكىن ئۇنىڭ مېھرى ئوتى نېمانداق ئالەمـچىدۇر !؟ يەنە كېلىپ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزمىسا ، مېھرىنىڭ قاچۇرۇپ پىنھان تۇتسا ، دوپدۇگىلەك قارا كۆزلىرىنى ئۇزۇن كىرپىكلىك چومپەردىلەر ئارىسىغا يوشۇرسا... بۇ... بۇ قوزغۇنىنىڭ ئۇۋىسىدا ئاپىرىدە بولغان جەننەت قۇشىمۇ نېمە ؟ ! ئۇ قاچانغىچە قەدىردانىنى قىينايدۇ ؟ قىيا بولسىمۇ بىر قارىسىچۇ كاشكى !

قەدىردان ماگىماقچى بولۇپ ئارقىسىغا داجىغان مېھرىبانىنىڭ بىلىكىدىن بىرلا تارتىپ ئۆي ئىچىگە ئەكىردى ، شۇ هامان ئىشىكـنى گوپلا قىلىپ ياپتى . ئۇ قىزنى بىتاقەت هالدا باغرىغا باستىـدە ، لەۋلىرىگە سۆيمەكچى بولدى ، ئەمما قىزنىڭ يىغلىنىش ۋە بىچارىلىك بىلەن تولغان كۆزلىرىنىڭ نەملىك يالقۇنىنى كۆرۈپ قالدى . قەدىردان قىزنى ئاستا قويۇۋەتتى . مېھرىبانمۇ ئىنتايىن مەيۇس هەم ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى قەدىردانغا تىكتى...

توۋا ، سىز... سىز ئابابەكرى ئاكامنىڭ قىزىكەنسىزـ دە ، - قەدىردانىنىڭ ئاغزى تۇنجى قېتىم زۇۋانغا كەلدى ، — مەن مۇشۇ ئۆيىنى ئالغاندىن بېرى دادىڭىز بىلەن تونۇش !

مۇشۇ ئۆيىنى ئېلىپ زىننەتلىگەن ، ئۆي جابدۇقلىرى ئېلىپ كەلگەن چاغلىرىڭىزدىن تارتىپلا سىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەتتىم...

ئەمىسە نېمە ئۈچۈن مەندىن قېچىپ يۈردىڭىز ؟

- مەن سىزدىن نېمىشقا قاچقۇدەكمەن . پەقەت زۆرۈرىيىتى يوق دەپ بىلدىم شۇ...

سىزچە زۆرۈرىيىتى يوقمىدۇ ؟ - قەدىردان بىردىنلا سولـشىيىپ قالدى ، — ھېلىقى يىلى بۇنىڭا دالدىسىدا نېمە دېيىشكەنىدۇق ؟

---

1 غورۇلاي - كىچىك ، ئەمما ئوماق قۇش .

— شۇ چاغدىمۇ «زۆرۈرىيىتى يوق» دېگىنىم ئېسىمدە...

— ۋاي خۇدايىم ، بۇسۇغىدا ئۆرە تۇرۇۋالغىنىمىزنى قاراڭ . قېنى كۆرپىگە كېلىڭ ، بولمىسا دېۋانغا...

باياق ، مەن كەتمىسەم دادام ئەنسىرەپ قالىدۇ ، خاپا بولماڭ .

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دادىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىپ يۈرۈپمۇ ، ئەجەب سىزنى ئۇچراتمايتىمەن .

ئۇ چاغلاردا دادامنىڭ شاگىرتى بار ئىدى ، — دېدى مېھرىبان مۇلايىملىق بىلەن ، — ئۇ بالا يۇرتىغا كەتكەندىن كېيىن مەن ياردەملىشىۋاتىمەن . خوش ، قەدىردان ئاكا ، مەن ماڭاي .

— ۋاي خۇدايىم ، ئاران تېپىشقاندا ، يەنە بىردەم ئولتۇرسىڭىز بولمامدۇ .

— پۇرسەت بويىقالار .

قەدىردان مېھرىباننى ئۇزىتىپ خالتا كوچىغىچە بىللە چىقتى . ئاسمان سورتولگەن چىنىدەك پاكىز ، يۇلتۇزلار جىلۋىلىنىپ تۇراتتى . تىنىق زەڭگەر ئاسماندىكى ئاي تىمتاس كوچىلارنى ئاپپاق يورۇقلۇققا چۆمدۈرگەندى . مېھرىباننىڭ ئايدىڭدىكى سەرۋى بويىغا ، گۈلسىمان چېھرىگە ، ساغرىسىدا سويلاپ تۇرغان بىر ئۆرۈمە توم چېچىغا قاراپ پايلىمىغان قەدىردان تۇيۇقسىز لا قىزنىڭ ئالدىنى توستى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى . قىز بۇلجۇنۇپ ، مورلاپ ، ئىتتىرىپ بىشەملىك قىلمىغان بولسىمۇ ، تومۇس ئاچچىقىنى كۆزىدىن ئالدى . ئاي نۇرىدا ئۇنىڭ ياشلىرى ھال رەڭ نۇر بولۇپ يۈزلىرىگە تۆكۈلدى...

— كەچۈرۈڭ ، — دېدى قەدىردان ھاسىراپ ، — ئۆزۈمنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدىم...

مېھرىبان خوشمۇ دېمەي ، بېشىنى سالغىنىچە كېتىپ قالدى . ئۇ كاۋاپچىلار قاتارىغا كەلگەندە ، دادىسى ئىشتىن چۈشۈپ نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى . ئۇلار ئىككىسى كاۋاپدان ، ئورۇندۇق ، شىرە قاتارلىقلارنى دۇكان ئىچىگە توشۇپ ،

www.uyghurkitap.com

قولۇپ سالغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئابابەكرىنىڭ چىرا-يىدىن بىر خىل خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— قىزىم مېھرىبان، ھايال بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ — ئابابەكرى قىزىنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، — قەدىردان بايۇەچچە بىلەن مۇڭدى-شىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— ياقەي، دادا. مۇڭداشقىلى مەن ئۇ ئادەمنى تونۇمى-سام، — مېھرىبان دەرھاللا بىر باھانىنى تاپتى، — كوچا دوقمۇ-شىدا ئىككى ماشىنا سوقۇلۇپ كېتىپتىكەن، ئادەملەر توپلىنىپ كېتىپتۇ. شۇڭا، ھايال بولۇپ قالدىم.

— قانداق، قەدىردان بايۇەچچە بولامدىكەن؟

— نېمىگە بولامدىكەن دەيسىز؟

— ئۇنداق بىلمەس، ئۇقماس بولۇۋالمىسىڭىزچۇ، قانداق، ياردىمۇ؟

— دادا، نېمىلەرنى دەيدىغانسىز؟ مەن 14 ياش تۇرسام...

— بالام، قىز بالا دېگەن 11 يېشىدىلا بالاغەتكە يېتىدۇ...

ئاتا ـ بالا ئىككىسى قەدىردان ھەققىدە تالىشىپ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى. ئىچكەركى ـ تاشقارقى بولۇپ ئىككى ئېغىزلىق كىچىك-كىنە بۇ قورۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر بايلىقى ئىدى. ئەگەر بۇ يەرلەر-گە «ئېچىۋېتىش» سىياسىتى كېلىپ قالسا، ئالمىقاندەك قورۇ ـ جايلارمۇ پالانچى پۇل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ قورۇنى سېتىپ، بىرەر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، قالغىنىغا ئۆيلىنە-ۋالسام دەيدىغان خىيال ئابابەكرىنى دائىم ۋەسۋەسىگە سالاتتى. ئەمما، ئۆيۈڭدە چوپچوڭ بولۇپ قالغان بىر قىز يۈرسە، ھەرقانچە ئەرسىرەپ قالغان چوكانمۇ ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ، ئىككىلىنىپ بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، ئابابەكرىنىڭ ئولتۇرسا ـ قوپسا پىكىر ـ خىيالى مېھرىبانىنى ئۇزىتىۋېتىش ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ياۋاش، مۇلايىم قىزىنىڭ ئۆگەي ئانا ئازابىنى تارتىشىنى خالىمايت-تى. شۇڭا، ئابابەكرى قەدىردان «دوستلۇق»تىكى ئۆينى ئېلىپ زىننەتلەشنى باشلىغاندىن بېرى قىزىغا ئۇنىڭ بايلىقىنى، ئىقتىدا-

رىنى ، ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىنى ماختاپ ، كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ كەلـ-
دى ، ھەتتا : «ئەڭ بولمىسا بىر كۆرۈپ بېقىڭ» دەپمۇ يالۋۇردى ،
لېكىن مېھرىبان «دادا ، مېنى قىستىماڭ» دېگەن بىر ئېغىز گەپ
بىلەنلا چەكلەندى...

ماما ھازىرمۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ يەنە
بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىغا قاراشتى ، ئىچىدىكىلىرىنى بىلىشمۇ ،
بىلمەسكە سېلىپ جىم بولۇۋېلىشتى . شۇڭا ، ئابابەكرى قويۇن
يانچۇقىدىن قول ياغلىققا ئورالغان ياغاقتەك خروئىننى چىقىرىپ
ئېچىپ قايتا كۆردى ۋە : «مۇشۇ ئۇچ ـ تۆت مىڭ يوەنلىك نەرسىنى
قەدىردان بەردى» دەپ ماختاندى . مېھرىبانىنىڭ نەزىرىدە ئۇ ماختاـ
غۇدەك نەرسە ئەمەس ئىدى . بىراق ، بەزىلەردە دادىسى خۇمارى
تۇتۇپ ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ تولغىنىپ ، ئۆزىنى ئۇيان ـ بۇيانغا
ئۇرۇپ ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، يالۋۇرغىلى تۇرسا ، تەڭقىسلىقـ
تا قالغان مېھرىبان نېمە قىلارىنى بىلمەي بارماق ، لەۋلىرىنى
چىشلەپ قانىتىۋېتەتتى . شۇڭا ، ئۇ پىرىسلانغان خـروئىننى كـۆ-
رۈپ ، بىرنـەچچە ۋاقىت تەڭلىك ئازابىنى تارتمايدىغانلىقىدىن
خۇش بولدى .

— قەدىردان بايۋەچچە ، — دېدى ئابابەكرى مەغرۇرلانغان
ھالدا ، — پاھ ، پاھ ، ئەجەب مەرد ھاتەمدەك بالىدە ! ئادەمنىڭ
قەدرىگە يېتىدۇ .

— ئۆزىمۇ چەككەچكە بەرگەندۇ ، — مېھرىبان قاپىقىنى تۈر-
دى ، — كىچىك تۇرۇپ ئۇنىڭغا چېكىشنى كىم قويىدى .

— ئۇقمايسىز ، قىزىم ، ھەرقانداق پۇل تاپقان بەگزادە ـ
خېنىملار بۇنى قىلىدۇ . چۈنكى ، توقلۇقتىن شوخلۇق كېلىپ
چىقىدۇ ئەمەسمۇ !

— ئەمىسە سىزمۇ پۇل تاپقان بايمۇ ؟ — مېھرىبان مىختەك
قادالدى ، — سىز نېمىشقا چېكىسىز ؟

— ئەمدى ، قىزىم... بېقىن ـ يورۇقلارنىڭ كەينىگە كىرىپ
ئۆگىنىپ قـاپتىمەن ، — ئـابابەكرى ئىچىدىكىنى دېيەلمەي تۇ-

www.uyghurkitap.com

راتتى ، — قانداق ، قىزىم ، مەن قەدىردان بىلەن سۆزلىشىپ باقايمۇ ؟

— نېمىنى سۆزلىشىپ باقىسىز ، دادا ؟

— ئىككىڭلارنىڭ توي ئىشىنىچۇ ، قىزىم !

— ۋاي خۇدايىم ، تويى دېگەندە ئەر تەرەپ سۆز ئاچىدىغان ، — مېھرىبان قىزىرىپ كەتتى . — سىز ئالجىپسىز دادا… قىزىنى ئەرزان قىلىپ ، يۈزىنى تۆكۈپ ، ئەر كىشىنىڭ ئالدىغا بارغان دادىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن…

ئابابەكرى گەپتە تۇتۇلۇپ قېلىپ ، كۆزلىرى غىل - پاللىدى . يەنە «قىزىم چوڭ بوپتۇ» دەپ كۆڭلى ئېچىلىپمۇ قالدى . ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئەر تېپىشى مېھرىباننى تالالىق قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئۆيلىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىشقا قارىغاندا ، ئىتىنىڭ كۆزى سۆڭەكتە بولغاندەك ، خرونىن چىكىندىغان مىليونېر بايغا ئاتا بولۇشتىن ئىبارەت بايلىق خەزىنىسىگە ئىگە بولۇش ئىدى . بۇ يامان غەرەز مېھرىبان ئۈچۈنمۇ سىر ئەمەس ، ئەلۋەتتە ! ئەمما ، ئابابەكرى تۇنجى قەدەمدىلا ، سەۋزىدىن خەۋەر يوق ، گورۇچ دەم يەپ قالغاندەك ، «قەدىردانغا تېگەمسىز ؟» دېگىنى نېمىسى ؟ بۇنداق ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق ئىشقا قىزىنى سايە قىلسا ساراڭلارمۇ كۈلۈپ كېتەر ! شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئابابەكرى خاتا ئالغان قەدىمىنى رۇسلاپ ، باشقا كوچىدىن ئايلىنىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى . ئۇنىڭدا «قىزىمنى ماقۇللا دېگۈزۈۋالسام ، كۆڭلى يۇمشاق قەدىردانىنى يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ ، بىچارە ھالەتكە كىرىۋېلىپ ، ئاخىر ئېرىتىمەن» دېگەن ئىشەنچ بار ئىدى . شۇڭا ، ئۇ قورقمايلا يالغاندىن بىرنى توقۇدى :

— قىزىم ، قەدىردان بايۋەچچە : «ئۆيگە مېھمان باشلاپ كەلسەم ياكى توختام تۈزۈشمىدىغان سودىگەر ، خوجايىنلار تەرەپبال كېلىپ قالسا ، ئالدىغا لەپپىدە چىقىدىغان ، چاي - پاي قىلىپ ھاردۇق سورايدىغان ئادىمىم يوق ، شۇڭا قولى ئەپلىك بىر خىزمەتچى قىز لازىم ئىدى» دېگەنىدى . ئەمىسە بۇنىڭغا رايىڭىز قانداق ؟

— يالغان ئېيتماڭ، سىز بۇ گەپنى كاسسىڭىزغا ئۇرۇپىلا تاپتىڭىز، — دېدى مېھرىبان دادىسىنىڭ چىرايىغا گۇمان بىلەن قاراپ، — ئۇنداق بايۋەچچىلەرگە قىز - چوكان كەممۇ؟

— راست دەيمەن، قىزىم، — ئابابەكرىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى مۇلايىملاشتى، — تېخى ئۇ، ئۆي دېگەننى ۋاقتى - ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرمىسا، تويا بېسىپ كېتىدىكەن، دەيدۇ.

— ئۇ دېگىنىڭىز توغرا، ئۆي دېگەننى بىر ھەپتىلا تازىلىمىسا ئېغىلغا ئايلىنىدۇ.

— ھەببەللى، مانا بىلىدىكەنسىزغۇ، قەدىردان بايۋەچچە مېنى ئۇقۇشۇپ باققان بوسىلىرى، دېگەنىدى.

ئاندىن كېيىن قالغان بىر قىز ئۇچۇن دادىنىڭ قولىغا قاراپ ياشاش نولىمۇ خىجالەتچىلىك تۇرمۇشتۇر. قىز بالا تۇرغۇن سۆزلىرىنى، تۇرمۇشتىكى ئەڭ نازۇك ئىشلىرىنى دادىغا دېيەلمەيدۇ… ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەر ئۇچۇن خوتۇنسىز تۇرمۇش تۇزسىز تائامدەك تەمى بولمايدۇ. ئۇ خوتۇنىنى، خوتۇن ئېلىشنى ئويلىغانسېرى، قىسقىسى، خوتۇن ئاتلىق جىن چاپلاشقانسېرى، قىزى كۆزىگە سەت كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئەڭ بولمىغاندىمۇ قىزىدىن يوشۇرۇن بەزى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئاقىۋەت بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قىزنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالىدۇ، ھەر ئىككىسى ئازاب ئوچىقىدا ئۆرتىنىدۇ… ئەقىللىق مېھرىبان ئاخىر دادىسىغا يالغۇزلۇق شارائىتى يارىتىپ بېرىشنى ئويلىدى.

— ئەمىسە، دادا، ئىش ھەققىي توغرۇلۇق ھەرگىز گەپ ئاچماڭ، — مېھرىبان ئەمكىن سۆزلەۋاتاتتى، — ئۆزى سورىغان تەقدىردىمۇ، «ئۆزلىرى بىلىپ بەرسىلىمۇ، بەرمىسىلىمۇ مەيلى» دەپ تۇرۇڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز، مەن ئەرىمىز ئۇقۇپ قالىمەن، ئۇ چاغدا ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ قالىمىز.

— ئۇقتۇم، ئۇقتۇم…

مېھرىبان ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ يېتىپ قالدى. ئۇ بايىلا قەدىردان سۆيگەن لەۋلىرىنى ئاستا سىلىدى، سىلىغانسېرى تال

چوغتەك نازۇك تېنىنى قىزىق بىر ئېقىن كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. مېھرىبان قەدىرداننى ياخشى كۆرەمدۇ؟ بۇنىڭغا شەك كەلتۈرۈش نەھاجەت! ئۇلار بۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا كېتىدىغان تار كوچا ئېغىزىدا ئۇچرىشىپ تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغانىدى، قەدىردان 14 ياش، مېھرىبان 11 ياشتا ئىدى. بۇ مۇلايىم قىز كۆڭلىدە «ئەجەب چىرايلىق بالا ئىكەن» دېگەن ئوقۇم بىلەن چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر نەچچە يىللارغىچە ئېسىدىن زادىلا كۆتۈرۈلمىدى، ۋاقىتمۇ ئۇنتۇلدۇرالمىدى! شۇنداقتىمۇ، قىسمەت بىر سىناپ باقماقچى بولغاندەك، بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلار ئاپتوبۇستا يەنە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. قەدىرداننىڭ سىن - سىپاتى قەلبىگە مۆھۈر باسقاندەك ئويۇلۇپ قالغاچقىمۇ، مېھرىبان بىرلا قاراپ تونۇۋالدى. قەدىردانمۇ: «سىز مېھرىبانغۇ دەيمەن؟» دەپ سورىدى. مانا بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىش قەدىردان بىلەن مېھرىباننىڭ يۈرىكىدە شېرىن تۇيغۇلارنى ئويغاتتى. ئۇنداقتا مېھرىبان زادى نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرۇپلا كەلدى؟ ئاللا كۆڭلىگە سالغان ئۇلۇغ ۋە شېرىن تۇيغۇنى تەرك ئېتىپ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى قىينايدۇ؟ قەدىرداننىڭ ئۆي ئالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ ئۇنى كۆرگىلى، مۇبارەكلىگىلى بارمىدى؟ ھەتتا قەدىرداننىڭ ئاھالىلەر رايونىغا نەچچە قېتىم ئىزدەپ بارغانلىقىدىن خەۋىرى بار، تېخى بىر قېتىم قەدىردان ئوچۇق تۇرغان قوش قانات دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى يولدا كېتىۋاتقان بىر ئادەمدىن مېھرىباننى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ سورىغاندا، مېھرىبان دېرىزىدىن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى، قەدىردان بويۇن قىسىپ كەتكەندىن كېيىن مېھرىبان نەچچە كۈنلەرگىچە يىغلاپ يۈردى.

مېھرىباننىڭ بۇنداق كۆزگە كۆرۈنمەس سىرلىق زەنجىرلەردە باغلىنىپ، ئۆز بەختىدىن كېچىشكە سەۋەب بولۇۋاتقان بىرلا ئامىل دادىسى ئابابەكرى ئىدى! خروئىن چېكىدىغان بىر مەلئۇننىڭ قىزىنى كىممۇ قورقماي، ئەنسىرىمەي قانات ئاستىغا ئالسۇن؟ ھەم-

مىنىڭ كۆزى كۆرۈپ، قۇلىقى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتسا! خىروئىن چەك-كۈچى بىر ياۋۇز نەچچە ئون يىللىق ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ، كۆلىنى كۆككە تورۇتۇۋاتامدۇ! ھەتتا ئۆزىنى تۇغۇپ، ئاق سوت بېرىپ چوڭ قىلغان ئانىسىنى، يوقتىن ئاپىرىدە قىلىپ دۇنياغا تۆرەلدۈرگەن دادىسىنى ئۆلتۈرگەنلەر يەنىلا شۇ ئاق تۇتۇن شەيدال-رىغۇ! مۇشۇنداق ئىكەن، بىگۇناھ، غۇبارسىز قىز ئۆز بەختىنى قۇربان قىلماي مۇمكىنمۇ؟!

ئەسلىدە مېھرىبان قەدىردانىنىڭ ئۆي خىزمەتچىسى بولۇشقىمۇ رازى يوق ئىدى. لېكىن، قەدىردانىنىڭ خىروئىن چېكىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن كۆڭلى تەسكىن تاپتى. ئەلۋەتتە، «قارا ئادەم» قارا ئادەمنى «سەن قارا» دەپ ئەيىبكە بۇيرۇشى ئەسلا ئەقىلگە سىغمايدۇ — دە!

ئابابەكرى «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەن تەمسىلنى بەكرەك بىلەمدۇ، ئەتىسى دۇكاننى بالدۇرراق يىغىشتۇرۇپ قەدىردانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىش خۇشياقماس بولۇپ قېلىشىۋاتقان قەدىردان بۇ-گۈن بىر كۈن ھېچ يەرگە بارمىغانىدى. ئۇ ئابابەكرىنى دىۋانغا تەكلىپ قىلدى، چايداندىن ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ، تاتلىق — تۈرۈملارنى چاي شىرەسىگە ئېلىپ قويدى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇ خىروئىن چېكىدىغان قېرى بەڭگىنى ئەمەس، بەلكى مېھرىباننىڭ دادىسىنى كۈتۈۋالدى.

— ئابابەكرىكا، چاي ئىچسىلە، ئۆيدە ئايال كىشى بولمىغان-دىن كېيىن شىرەمۇ قاتتىق — قۇرۇق بولۇپ قالىدىكەن.

— ھەيبەللى، مەن ئاشۇ تەكلىكلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كىردىم.

— شۇنداقمۇ؟ بۇ بىر خۇش خەۋەركەن ئەمەسمۇ.

ئابابەكرى قىزى مېھرىباننى ئۆي خىزمەتچىسى قىلىپ بې-رىپ، قەدىردانىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، قەدىردان ئاڭلىغانلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ مېھرىباننىڭ بۇن-داق ئىشقا ئاسانلىقچە «ماقۇل» دېمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمدى

ماۋۇ كول بەگگى بىر كاللەك خروئىننىڭ خۇشلۇقىدا قىزىغا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغانلىقىدىن سەل گوڭغىلىشىپ قالدى.

ئابابەكرىكا، مېھرىبان ئۆزى قوشۇلدىمۇ ياكى سىلىنىڭ مەجبۇرلاشلىرى بارمۇ؟

— دەسلەپتە قەتئىي ئۇنىمىغانىدى، — ئابابەكرى قىسقا يۆتىلىپ قويدى، — كېيىن سىلىنىڭ ھۆرمەت - ئىناۋەتلىرىنى. سېخىي - ساخاۋەتلىرىنى سۆزلىدىم، ئاندىن ئۆرمۇشلىرىدىكى قەيىنچىلىقلارنىمۇ بىر - بىرلەپ ئۆتتۇرىغا قويدۇم.

— مەجبۇرلىمىغانلا بولسىلىرى بوپتۇ...

— ئىشەنمىسىلە ئۆزى كەلگەندىن كېيىن سوراپ باقسىلا.

— بۇنداق دېيىشىم، مەن مېھرىبانىنى ئوبدان چۈشىنىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ ئەجەبا...

— مەن مېھرىبان بىلەن ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا تونۇشقان. لېكىن كېيىن ئۇچرىشىپ تۇرالمىغان...

ئابابەكرىنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، پات - پات بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ، قېتىپلا قالغانىدى. ئابابەكرى «قەدىردان بايۋەچچە»نىڭ ئىسىل پەزىلىتى، مەردلىكى ھەققىدە قانچە - قانچىلاپ سۆزلىمىدى؟! لېكىن مېھرىبان گويا ئۇنى تونۇمايدىغاندەك پەرۋاسىزلا ئاڭلايتتى. بەزىدە ئاڭلاپ - ئاڭلاپ بولۇپ، دادىسىغا تەتۈر قارىغىنىچە: «دادا، مەن كىرىپ ياتاي» دەپلا كىرىپ كېتەتتى. ئەمما، ئابابەكرى تون نىسپىلىرىدە ئويغىنىپ قېلىپ، ئىچكەركى ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان چوڭقۇر تىنىشلارنى ئاڭلاپ قالاتتى. ھە راست، مەھەللىدىكىلەردىن كېيىنچە بىر يىگىتنىڭ مېھرىبانىنى ئىزدەپ نەچچە قېتىم كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قىزىدىن سورىغىنىدا، مېھرىبان: «مەن نەدىن بىلەي، بەلكىم مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىم بولسا كېرەك» دەپ موجمەل جاۋابلار بىلەن چەكلەنگەنىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلار كونا تونۇش. كونا ئاشىقلاردىن ئىكەن - دە! بارىكاللا. بۇ پىشىپلا قالغان ئاش ئىكەنغۇ! بوپتۇ، بىرنەچچە كۈن ئۆي خىزمەتچىسى

بولۇپ تۇرسۇن . كىم بىلىدۇ ، ئويلىمىغان يەردىن قورسىقىدا قالامدۇ ! ئۇ چاغدا نىكاھ قىلىپ قويۇشنى ئۆزلىرى تەلەپ قىلىشى تۇرغانلا گەپ . پاھ ، پاھ ، پاھ ! خۇدايىم بەردى… قەدىردان بايۋەچچە دېگەن ئېغىنىسا تەڭگە تۆكۈلىدىغان دەرەخ ! ئۇنىڭدەك كۈيئوغلۇم تۇرغاندا چېكىملىكتىن نېمە غەم ؟ !

— ئابابەكرىكا ، قېنى چاي ئىچسىلە ، — قەدىردانىنىڭ ئاۋازىدىن قېرى بەڭگى چۆچۈپ كەتتى ، — ئۇنداقتا مېھرىبانىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى توغرۇلۇق بىرنېمە دەپ باقماملا ؟

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، قىزىم سىلىدەك بىر سېخىي ساخاۋەتچىنىڭ خىزمىتىنى قىلسىلا بولدى ، — ئابابەكرى بېشىنى چايقىدى ، — ئىش ھەققى ئېلىشنى ئاتا - بالا ئىككىمىز ئەسلا ئويلىشىپ باقمىدۇق ، پەقەت ئەتىسى - ئاخشىمى سىلىگە ھەمراھ بولۇپ ، سىلىنى زېرىكتۈرمەي ، ئۆيىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسىلا بولدى…

قەدىردان بىردىنلا تېڭىرقاپ قالدى . «ئەتىسى - ئاخشىمى ھەمراھ بولۇپ ، سىلىنى زېرىكتۈرمەي …» دېگىنى نېمىسى ؟ بويىغا يېتىپ قالغان قىزنىڭ خوتۇنى يوق بىر بويتاق بىلەن كېچە - كۈندۈز بىللە بولۇشىغا كۆڭلى چىدايدىغان قانداق ئاتا ئۇ ؟ مېھرىبان بۇنىڭغا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ .

قەدىردان چاندۇرماي چېكىپ باقتى :

— مېھرىبان ئىككى ئۆي ئوتتۇرىسىدا قاتناپ ، جاپا چېكىپ قالىدىغان بولدى - دە…

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ؟ — ئابابەكرىنىڭ ئورا كۆزلىرى چىمچىقلىدى ، — ئەتىگەن - سەھەردە ناشتا تەييارلايدىغان ئىش ، كەچ تەرەپلەردە ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلسىلە يۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ قويىمىسا بولماس . مېھرىبان يېتىپ - قوپقۇدەك ئۆيغۇ باردۇ ؟

— بار ، بار… بىر مېھمانخانا ، تۆت ھوجرا بار ، كۆڭلى خالىغىنىدا ياتسۇن .

www.uyghurkitap.com

— مانا بولمىدىمۇ، — ئابابەكرى ئورنىدىن تۇردى، — كېچە بىر ۋاق بولۇپ قاپتۇ. مەن ئەمدى قايتاي.

قەدىردان ئابابەكرىنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ: «ئەگەر بىرەر كىم خروئىنغا پۇل ئاپالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالسام، مەنمۇ ئاشۇنداق نومۇسسىز ئاتا بولۇپ قالارمەنمۇ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىردىنلا مۇزلاپ كەتتى...

# ئون توققۇزىنچى باب

سولغۇن چىراي، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، خېلى بەك جۇدەپ كەتكەنلىكتىن ئېڭەكلىرى ئۈچلىنىپ، زاڭاق سۆڭەكلىرى ئۆسۈپ چىققان قەدىردان «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا ئىلەڭ - سىلەڭ كىرىپ كەلگەندە، زۇلئاي ئۈچقاندەك كېلىپ ئۇنى بۆلىۋالدى ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ بولغۇچە، قول- تۇقىدىن يۆلەپ ئارقا ھويلىدىكى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كەتتى. زۇلئاي ئۇنى كۆرپىگە ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ سوغۇق چاي ئىچۈردى، لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ يۈزلىرىنى سۈرتتى. قەدىردان شۇندىلا سەل ئەسلىگە كېلىپ، زۇلئاينىڭ قولىنى تۇتقىنىچە: «رەھمەت» دەپ قويدى.

— قەدىردان، ماشىنىڭىز قېنى؟ — سورىدى زۇلئاي. سىز خوتەنگە ماشىنا بىلەن كەتكەنىدىڭىزغۇ؟

— خوتەندىكى قورۇبۇم بىلەن ماشىنىنى 300 مىڭ يۈەنگە تەۋە قىلىپ ئۆتتۈرۈۋەتتىم. ئەمدى خوتەندە ھېچقانداق زېمىن - ئۆيلىرىم قالمىدى.

مەن سىزنى بارماڭ دېسەم: «بۇ قېتىم دورۇم كەلدى. بۇرۇن ئۆتتۈرۈۋەتكەن ئىككى قورۇ - جاينىڭ پۇلى بىلەن 170 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇۋالىمەن» دەپ ئۇنىمىدىڭىز، — دېدى زۇلئاي خاپا بولغان ھالدا. — ئۇلار سىزگە 60 مىڭ يۈەننى بىكار ئۆتتۈ- رۈپ بەرمىدى. ئۇ دېگەن دان تاشلاش چارىسى...

سىز... سىز راست دەيسىز، ئۇ... ئۇلار قىلتاققا دەسسىد- نىش ئۈچۈن دان تاشلىسا، مەن گول بولۇپ كېتىۋېرىپتىمەن...

— مەيەردە ئۇتۇۋالغان 60 مىڭ يۈەنچۇ؟

— ئۇنى ئۆتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، دوغا تىكىدىغان پۇلۇم

يوق ، ئاۋۋال قورۇ - جايىنى ، كېيىن ماشىنىنى تىكتىم...
— 60 مىڭ يوەننى ئۇتتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن توختاپ قالسى-
ڭىز بولمامدۇ؟
— سىز ئۇقمايسىز ، زۇلئاي ، قىمارنىڭ خۇمارىمۇ خۇرىتىد-
نىڭ خۇمارىدىن قېلىشمايدۇ .
— ھەممىنى قىلغان ئاشۇ ئاكام... بېشىڭنى يەيدىغان
ئەرۋاھ...

ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى ، ئەسەت ئەرۋاھ خوتەندىن كەلگەن قىمارۋازلاردىن ئەھەت تاۋكا ، ئىمىر ئۈچ بارماق ، ئۆمەر غالتەك-لەرنى باشلاپ كېلىپ ئۆز ئۆيىدە قىمار ئويۇشتۇردى . بۇ قاغداللىما قىمارۋازلارنىڭ ھەر قېتىم ئالقان تۈت ئوشۇقى «چۇ» چوشۇپ ئۇتتۇرۇۋەردى ، قەدىردانىڭ ئالدىغا بىر مىڭ ، ئىككى مىڭ ، بەش مىڭلاپ پۇل يىغىلىۋەردى . بىر چاغدا ئۇلار يانلىرىنى ئاختۇرغان بولۇپ توختاپ قالدى .

— قەدىردان ئۇكا ، — دېدى ئەھەت تاۋكا . — بۇ قېتىم ئامەت بىزدىن يۈز ئۆرۈپتۇ ، يېنىمىزدىكى دەسمايىنىڭ ھەممىسى غالتەككە چىقتى . ئەگەر ماقۇل دېسەڭ ، بۇگۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن يولغا چىقمىز ، داۋامىنى خوتەندە ئوينايمىز . قانداق ، رايىڭ بارمۇ؟
— ئامەت دېگەن ئوغۇل بالىغا بىر كېلىدۇ ، — ئەسەت ئەرۋاھ كۈسۈرلىدى ، — ماقۇل دېگىن .
— 60 مىڭ يوەننى ئۇتتۇۋالغان ئادەم ، — ئىمىر ئۈچ بارماق خىرقىرىدى ، — ماشىناڭ بىلەن ئاپىرىپ قويارسەن؟
ھەي ئىمىر ، گېپىم بار دەپلا قىلىدىكەنسەن ، — دېدى ئۆمەر غالتەك ، — قەدىردان سورۇن كۆرگەن بالا ، ئۇنچىلىك ئىشلارغا گىرىلىق قىلىپ كەتمەيدۇ...

قەدىردان 360 مىڭ يوەننى ئۇتتۇرۇۋېتىپ ، ئورۇمچىگە قايتىش ئۈچۈن قاتناش بېكىتىگە كەلگەندە ، ئەسەت ئەرۋاھ ئۇنى ئۇزىتىپ قويمىدى . چۈنكى ، ئۇ ئۈچ قىمارۋاز بىلەن نەگىدۇر

ئوينىغىلى كەتكەندى .

— قەدىردان ، بۈگۈن كەيپىياتىڭىز بەك بوش . — دېدى زۇلئاي روھسىز ھالدا . — مېنىڭ ھۇجرامدا قونۇپ قىلىڭ .

— ئانىڭىز بىلىپ قالسىچۇ ؟

— ھېچنېمە دېمەيدۇ ، ھازىر ماڭا بەكمۇ ئامراق .

ھازىر قەدىردان بازارلارغا ئانچە چىقمايتتى . ئۇ 2 - ئاينىڭ بېشىدا ھەرقايسى شىركەت ۋە شەخسىي سودىگەرلەر بىلەن بولغان توختامدىكى ماللارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، پېشىنى قاققانچە قاق بازارلاردىن ئايغىنى تارتتى . ئۇنىڭغا ھازىر ئىش - ئوقەت خۇشياقمايدۇ ، قىمار ئويناش ، خروئىن چېكىش ، قىز - چوكانلارنىڭ پەيزىنى سۈرۈش بولسىلا بولدى ! ئۇ بىكار بولۇپ قالغاندىن بېرى «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ بەشىنچى قەۋىتىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەيسا خېنەنجىر ، ئەبەي گىتار ، ئابىخان لومپا ، زوھۇرگاسىيا ، ئىدرىس مودىڭ قاتارلىق ئۈلپەتلىرى بىلەن ئىچىشىدۇ ، چېكىشىدۇ ، ئۇستەللەرگە پۇلنى دۆۋىلەپ قويۇپ ، ماجاڭ ، شىشىخال ، دۇدوزە ئوينايدۇ . شۇڭا ، ئۇ ھەر كۈنلۈكىگە 60 يۈەن تۆلەۋاتقان ئىككى كىشىلىك ياتىقىنى قايتۇرۇۋەتمىدى . بەزىدە قىمار قىزىپ ئۇتتۇرا كېچىدىن ئېشىپ كەتسە ، ئاشۇ يەردە يېتىپ قالاتتى . ئۇنىڭسىزمۇ پات - پات قونۇپ تۇرمىسا ، ھۆسنارخان ، زۇلئايلار ئۇنىڭ نەدە يېتىپ - قوپقانلىقىنى سۈرۈشتە قىلاتتى . ھازىر قەدىرداندا چىقىم بار ، كىرىم يوق بولسىمۇ ، ھەر كۈنلۈكى 600 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە چېكىدۇ ، تېخى تۆرتەكلەپ - تۆرتەكلەپ ئۇتتۇرىدۇ . ھازىر ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىككى ئائىلە بولۇپ قالدى . بىرى ، ئوچۇق - ئاشكارا گۈل قويغان زۇلئاي ، يەنە بىرى ، يوشۇرۇن نىكاھ ئوقۇپ ئۆيگە ئەكىرىۋالغان ئايالى مېھرىبان ئىدى .

مېھرىبان ئۆي خىزمەتچىسى بولغان كۈنلەردە ، گەرچە قەدىرداننىڭ ئۆيىدە ياتقان بولسىمۇ ، ئۆزىنى ھەقىقەتەن پاك تۇتتى . چىرايلىق سۆزلىرى ، ئاچچىق ئىستىھزالىرى بىلەن قەدىرداننى

ئىزا تارتقۇزۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. بىراق، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئابابەكرى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئەدەپ-سالايەتلىك بىلەن بۆتىلىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

قەدىردان بايۋەچچە، سۆز - چۆچەك دېگەن يامان نېمە-كەن، ھازىر خەقنىڭ ئاغزىدا: «قەدىردان نىكاھسىز بىر قىزنى ئۆيىگە ئەكىرىۋالدى» دېگەندەك بىرمۇنچە مىش - مىش، قۇلاق يافتى گەپلەر كوچا - كويلاردا ئېقىپ يۈرىدۇ. بۇنىڭ ئامالىنى قىلمىساق ئاقىۋىتى يامان بولارمىكىن!

— بۇنىڭ قانداق ئامالى بار؟ — قەدىردان ئابابەكرىنىڭ كۆزىگە قارىدى، — مەنمۇ مۇشۇنداق بولارىنى بۇرۇنلا سەزگەن.

— ئاخۇنۇمىنى چاقىرىپ نىكاھ قىلدۇرۇۋېتەيلى، قانداق دېدىم؟

قەدىردان ئىككى تاش ئارىلىقىدا قىسىلىپ قالدى. ئۇ زۇلئاي بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇش ئالدىدا، مېھرىبان ئىككىسى يوشۇرۇن نىكاھ قىلىۋالسا، بۇ ئەلۋەتتە قانۇنسىزلىق بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆسنارخان بىلىپ قالدىمۇ، بالايىئاپەتنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. تېخى بارلىق ئۈمىد - ئارزۇسىنى قەدىردانغا ئاتىغان زۇلئاي نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئۇ ئىچى كۆچلۈك قىز، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن يانمايدۇ. بولمىسا، قەدىردان چىن ئەقىدىلىك قىز مېھرىبان بىلەن بىر ياستۇققا باش قويسا، ئىككى ئالەم ھۆزۈرىغا بەرگۈسىز بەختىنى تاپقان بولمامدۇ؟! بىراق، مېھرىبانغا راست گەپنى قىلماي ئۇنى ئالداشقا يۈرىكى چىدىمايدۇ.

— ئابابەكرىكا، — قەدىردان ئېغىر تىندى، — سىلىنىڭ دېگەنلىرى يۈرىكىمگە ئالەمچە شادلىق ئاتا قىلدى. لېكىن مېنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ گۈل قويغان لايىقىم بار... 5 - ئايدا تويىمىز بولماقچى.

— بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بار، — ئابابەكرى قېتىغىمۇ ئالمىدى، — ئەر كىشى دېگەنگە تۆت خوتۇن راۋا، پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇ



www.uyghurkitap.com

تۆت خوتۇنى بولغان ئەمەسمىدى! ھەر ئىككىلىسى ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ، مېھرىبانغا ئۇقتۇرمىساقلا بولىدۇ.

— مەن مېھرىبانىنى ئۇنداق ئالدىيالمايمەن، — دېدى قەدىردان راست گەپنى قىلىپ، — ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالمىسام بولمايدۇ.

مانا شۇنىڭ بىلەن 18 ياشلىق قەدىردان ئىككى خوتۇنلۇق ئەر بولۇپ قالدى.

... يەي ياستۇقلار ئېگىز قويۇلۇپ سېلىنغان قوش كىشىلىك ئورۇندا قەدىردان بىلەن زۇلئاي ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا ياتاتتى. زۇلئاي ئوڭدىسىغا ياتقان، قەدىرداننىڭ بىلىكىگە بېشىنى قويۇۋالغانىدى. ئۇ بولغۇسى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا بوش ئاۋازدا پىچىرلاپ نېمىلەرنىدۇر دەيتتى:

— قەدىردان، ئۇخلاپ قالمىغانسىز؟

— ياق!

— بىر گېپىم بار ئىدى، ھازىرغىچە ئىچىمدىن چىقىرالمىدىم.

— قېنى دەڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— ئېيتىڭا، سىز... سىز بىرەر قىز بىلەن بىللە يېتىپ باققانمۇ؟

— يېتىشقا تەييار بولغان، لېكىن يېتىپ باقمىغان...

قەدىردان زۇلئاينىڭ سورىغان سوئالىدىن. كۈزدىكى ھېلىقى كېچىسى ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇپ: «ياتقىنىڭىزدىكى قىزنى چىقىرىۋېتىڭ، ساقچى كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئەنسىز توۋلىغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ، بىر كېچىسى ئايىپلىق دېگەن قىزنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلگەنلىكى، ئىككىسى خىروئىن چېكىۋاتقاندا، قانداقتۇر خىرقىرىغان بىر ئاۋاز: «ساقچى كېلىۋاتىدۇ...» دەپ ۋارقىراپ، ئۇلارنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— سىز ئايىپلىقنى قانداق تونۇيسىز؟ — سورىدى زۇلئاي.

— بىر ئولتۇرۇشتا ئەسەتكام تونۇشتۇرۇپ قويغان، — قەدىردان ھەقىقىي ئەھۋالنى ھەرگىز دېيەلمەيتتى، — مېنىڭ گۇمانىمچە، ئايىپلىقنى ئەسەتكام ئەۋەتكەنمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— شۇ كۈنى ئەسەتكام مەندىن پۇل سورىغانىدى. مەن يېنىمدا بارنى بەردىم. ئۇ: «ئاران 400 يۈەنما، بىرەر - ئىككى مىڭنى بېرەلمەمسەن، مۇنداق قىلساڭ خىروئىن چېكىدىغىنىڭنى ئاتا - ئاناڭغا دەپ قويىمەن» دېگەندەك گەپلەر بىلەن قوقاق سالغانىدى.

ئاتايىن، سىزدىن پۇل سورىغان ئادەم سىزگە خىروئىن بىلەن بىر قىزنى ئەۋەتىپ نېمە كەپتۇ.

— مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران، تېخى ھېلىقى غەلىتىلا تۇۋلىغان زادى كىمدۇ؟ خۇددى ئاغزىغا بارمىقىنى سېلىۋالغاندەك غاراڭ - غۇرۇڭ ۋارقىرىدى.

— بىر قىزنىڭ يانفىغىمىزغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن پاتەمخان ئاچام شۇنداق قىلغاندۇ.

— پاتەمخان ئاچام بولسا، قەستەن ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ يورمەيدۇ...

قەدىردانىڭ قولتۇقىغا بېشىنى تىقىپ ياتقان زۇلئاي بىردەم جىمىپ قالدى، ئاشۇ كېچىدە ئانىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ قەدىردانىنى قەستلەش ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىدى:

— ئۇ قىز ساقچىدا تىلىنى چايناپ يۈرسە، ئۆزۈڭنى تۇتۇپ بېرەرسەنمىكىن.

ۋاي ئانا، ئىشەن دەيمەن، ئايىپلىق ماڭا بەش قولدەك ئايان. پال - پال قەغەز، سولياۋ نەيچە، سەرەڭگە ۋە خىروئىن بىلەن تۇتۇپ بېرىش شۇ قىزنىڭ پىلانى...

بۇ كېچىدە ساقچىغا خەۋەر قىلساڭ، ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىدۇ. ئاندىن قانداق قىلىسەن؟

— پۇل خەجلەپ قۇتقۇزۇپ چىقىمەن ، قەدىردان بۇ سەنچە-
لىكنىڭ تالا - تۈزلەرگە يېيىلىپ كېتىشىدىن . ئاتا - ئانىسىنىڭ
خەۋەر تېپىشىدىن قورقۇپ مېنىڭ سىزغان سىزىقىمدىن چىقمايدى-
غان بولىدۇ ، ھەتتا بانكىدىكى پۇللىرىغىمۇ مەن ئىگىدارچىلىق
قىلىمەن...

زۇلئاي بولغۇسى ئېرىگە لەپپىدە قارىشى ، قەدىردانىنىڭمۇ ئۇ-
نىڭغا كۆز تاشلىشى توغرا كېلىپ قېلىپ ، ھەر ئىككىسى ئىپادى-
سىزلا جىلمىيىپ قويۇشتى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى
ئالداۋاتقانلىقى كۆڭۈللىرىگە ئايان ئىدى . قاراڭلار ، بۇ پات ئارىدا
ئەر - خوتۇن بولۇشىدىغان ئاشىق - مەشۇقلارغا ! قەدىردان ئۆزىگە
ئايان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يوشۇردى ، ھەتتا كېچىسى ئىشىكنى
ئۇرۇپ ئاگاھلاندۇرغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ
دېمىدى . ئېھتىمال ئۇ : «مۇشۇنداق قىلسام تېخىمۇ ئىشەنچلىك
بولىمەن» دەپ قارىغان بولسا كېرەك . قەدىردانغا قىلىنغان سۇيى-
قەست زۇلئاي ئۈچۈنمۇ سىر ئەمەس ! بىراق ئۇمۇ ھەممىنى بىلىپ
تۇرۇپ بىلمەسكە سالدى . توۋا ، ئۇلار ھېلىتىن بىر - بىرىنى
ئالداپ ، بىر - بىرىنى كولدۇرلىتىپ ، ئىچكى سىرىنى بەرمىسە ،
ئەر - خوتۇن بولۇپ بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىن بىر ئۆمۈر
ئالدامچىلىق قىلىپ ئۆتۈشەرمۇ ؟ !

قەدىردان ، ئايىپلىق خىرۇئىن چېكەمدىكەن ؟ رۇلئاي
قەدىردانغا قايرىلىپ قارىدى ، — ئاشۇ بىرنېمىنى چەكسە قانداق
بولىدىغاندۇ ؟

— قانداق ، سىزنىڭمۇ چەككۈڭىز كېلىۋاتامدۇ ؟

ياق . ئۆلسەممۇ چەكمەيمەن . لېكىن...

— ھە ، «لېكىن» دەيسىزغۇ ؟

— لېكىن ، سىز ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ۋاقتىڭىزدا ياكى
مېنى تاشلىۋەتسىڭىز ، شۇ چاغدا چېكىمەن ، چەككەندىمۇ ئۆلۈۋې-
لىش ئۈچۈن چېكىمەن...

مەن سىزنى تاشلىۋېتەرمەنمۇ ؟

— ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ ، چۈنكى «بىرىنچى مۇھەببەت-ىم ، ئۈنجى خوتۇنۇم ھۈرىئىم ، ئىككىنچىسى ئىسىز...» دەپ ئۇ-چوق ئېيتقان ئورسىڭىز .

— ئىككىسى باشقا - باشقا گەپ - دە .

قىسقىسى ، ھۈرىئىن چەككەن ئادەمدە ۋىجدان ، غورۇر ، ئەقىدە ، ئىمان دېگەن نەرسە بولمايدۇ . خۇمارى تۇتقاندا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ ، خوتۇن ، قىزلىرىنى سولاپ بېرىپ ، بېشىدا قاراپ تۇرۇشتىن ، ھەتتا ئاتا - ئانىسىنىمۇ چاناپ قىيما قىلىشتىن يانمايدۇ .

— مەنمۇ شۇنداق قىلارمەنمۇ ؟

— يۇلدىن ئايرىلىسىڭىز...

زۇلئاي بىلەن بولغان بۇ سۆھبەت قەدىردانىنى نومۇس ئوتىدا ئۆرتەپ ، ئېغىر ئويلار خۇددى يەلكىسىگە ئارتىلغان توگمەن تېشىدەك باستى . راست ، ھۈرىئىن خۇمارىنىڭ ئازابىنى ھېچنېمىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ ، ئوخشىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ! ئېھتىمال ئەڭ يۇقىرى مۇبالىغە «دوزاخ ئازابى» بولۇشى مۇمكىن . ئەمما «دوزاخ ئازابى»نى كىم كۆرۈپتۇ ؟ ياكى باقىيغا رەھلەت قىلغانلار-دىن بىرەرى ئۇ دۇنيا خەۋىرىنى قىلدىمۇ ؟ ياق ! كەتكەنلەر كەتتى ، خەۋىرى بولمىدى ، يەرمۇ ئادەم يەپ زادى تويمىدى ! راست ، قەدىر-دان ھۈرىئىن خۇمارىنىڭ دەھشەتلىكلىكىنى بىرلا قېتىم ھېس قىلدى ، تېخى ئۇمۇ ھەقدادىغا يەتمىگەن خۇمار ئىدى ! ئاتا - ئانىسى ، ئاچا - ئىنىسى ئۇز ئىشلىرىغا مېڭىش بىلەنلا ، ھاپىلا - شاپىلا ئىچ كىيىملىرىدىكى ھېلىقى «دورا»لارنى ئېلىپ خۇمار ئازابىنىڭ ئالدىنى ئالدى . بولمىسا ، ئۆي ئىچىدە قىيقاس - چۇقان كۆتۈ-رۈپ ، ئىڭراپ - چىرقىراپ ، ئۆزىنى ئەرەپ - تەرەپكە ئېتىپ ، تۆمۈر كارىۋات ، تاملارغا ئۇسۇپ ، ئاغزىدىن يۇژۇلداپ كۆپۈك قايناتتىپ ، ئۆلمەي تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتقان بولاتتى . بۇ ھەقتە ئاتا - ئانىسىنى بوغۇزلىۋەتكەن ، ئائىلىدىكى نەرسىلەرنى سېتىپ روزغارىنى تۇزۇتۇۋەتكەن ، خوتۇن ، قىزلىرىنىڭ ئىپپىتىد-

نى سېتىشقا مەجبۇرلىغان مەسىلىلەر ئازمۇ؟ راست، قەدىردان پۇلى بولغاچقا بۇنداق رەسۋايىئالەم بولۇپ باقمىدى!

قەدىردانىنىڭ خىيالى پۇلغا كېلىپ تاقالغاندا، دەھشەت ئىزتىراپ بىلەن چۆچۈپ كەتتى! چۆچۈمەي، قورقماي مۇمكىنمۇ؟! هازىر كىرىم يوق، چىقىم بولسا خۇددى ئازمىدىن كوركىراپ چۈشۈپ، نەلەرگىدۇر غايىب بولۇۋاتقان ئېرىق سۈيىدەك دەقىقە - مىنۇتسېرى ئېقىپ تۈگىمەكتە. بانكىدىكى پۇللار ساناقلىقلا قالدى، خوتەندىكى ئۈچ قورۇ - جاي، ماشىنا، نەچچە يۈز مىڭلاپ پۇل «تاۋكا»، «ئۈچ بارماق»، «غالتەك» لەقەملىك قىمارۋازلارنىڭ تويماس «داخور كالۋاسى»غا چۈشۈپ غايىب بولدى. هازىر خروئىننىڭ باهاسى ئۆرلەپ بىر گىرامى 500 يۈەنگە چىقتى. قەدىردانغا كۈنىگە 1000 يۈەنلىك چەكسە كۇپايە ئىدى. لېكىن، كۈنىگە 2000 يۈەنلىك خروئىن ئالمىسا، قىزنى زورمۇ زور تېپىپ، خروئىن تەمەسىدە بولغان ئاباكرى: «قىزىمنىڭ قىزلىقىنى قايتۇرۇپ بەر...» دېيىشتىن يانمايتتى. بۇ خروئىن چەككۈچىلەرنىڭ ئورتاق نومۇسسىز خاراكتېرى، ئەلۋەتتە! هازىر قەدىردانغا ئىش - ئوقەت «زىيان» قىلغىنى بىلەن، ئويۇن - تاماشا تولىمۇ خىل كېلەتتى. ئۇ هەر كۈنى «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ بەشىنچى قەۋىتىدە هەر خىل قىمار تۈرىدە ئۇتتۇرۇۋاتقان پۇلىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. تېخى ئىككى خوتۇنىدىن خۇپىيانە تۇتىدىغان ئويۇنلار ئۈچۈن ئېلىپ قويغان ياتىقىغا هەر كۈنى ئادەم ياتمىسىمۇ ئايدا 1800 يۈەن تۆلەپ تۇراتتى. قەدىردانىنىڭ بانكىدىكى پۇللىرىنى هېسابلاپ كۆرۈپ، قورقۇپ، ئەندىشە ئىچىدە قالغىنى شۇ ۋەجىدىن ئىدى.

ۋەھىمە ئىچىدە قالغان قەدىردان تۈۋسىز خىيال، تىزگىنسىز غەم ئىلكىدە قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى. لېكىن، ھۇجرىنىڭ دېرىزە تۈۋىدىلا ئاڭلانغان ھۇسنارخانىنىڭ خىرقىرىغان ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى.

— زۇلئاي قىزىم، هاي زۇلئاي قىزىم! ئويغاندىڭما؟

— ھە، ئانا، بىر ئىش بارمىدى؟

— قەدىردان پاكىز يۇيۇنۇپ مېھمانخانىغا كىرسۇن، گەپ بار...

— ماقۇل، ئانا...

قەدىردان بىلەن زۇلئاي تىللىرىنى چىقىرىپ ئورنىدىن تۇردى. زۇلئاي چايداندىن چۆگۈنگە سۇ تەگشەپ، ئىچكەركى قازناققا ئەكىرىپ قويدى. قەدىردان يۇيۇنۇپ بولۇشى بىلەن، زۇلئاي ئۇنىڭغا بىر قۇر يېڭى ئىچ كىيىم سۇنۇپ بەردى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىقىشى، زۇلئاي ئۇنىڭغا ئېسىلىپ تۇرۇپ سۆيدى، بەنە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— ئانامنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماڭ، بولمىسا بۇنداق يۇرسەتلەرگە ئېرىشەلمەيمىز تەس، — دېدى. قەدىردانمۇ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، جېنىمدىن باشقىسىغا «ماقۇل» لا دەپ تۇرىمەن، — دەپ زۇلئاينى خاتىرجەم قىلىپ ھوجرىدىن چىقىپ كەتتى.

قەدىردان مېھمانخانىغا كىرگەندە، ھۆسنارخاندىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. «كانديدات» كۆيۈ ئوغۇل خۇددى ئورنىغا سىيىپ قويغان بالىدەك خۇدۇكسىنىپ، غىل - پال قارىغىنىچە، سىپايىگەرلىك بىلەن دېۋانغا كېلىپ ئولتۇردى. بولغۇسى قېيىنئانا ئۇنىڭغا قارچىغىدەك تىكىلدى. ئۇ: «تۇۋا، خۇدايىم كورمۇ نېمە، مۇشۇنداق سويما قوڭلارغا ئامەت ئاچقۇچىنى تۇتقۇزۇپ قويغىنىنى كۆرمەمدىغان... بۇ دېۋەك قەدرىگە يەتسىچۇ كاشكى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ھۆسنارخاننىڭ يۈزىگە سوقۇلغان بۇلۇتنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنسىز ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلگەن قەدىردان ئۇنىڭ ئىششىپ قالغاندەك ساپسېرىق يالپا يۈزىنىڭ بارغانسېرى سۈرلۈك تۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېنى ئەيمەندى، ئولتۇرغان يېرىدە تۇگۇلۇپلا قالدى. لېكىن، بۇلۇتلار تارقىلىپ، كۈن ھۆسن - رۇخسارىنى كۆرسەتكىنىدەك، ھۆسنارخاننىڭ چىرايىمۇ بارا - بارا قىش قۇياشىدەك ئىللانلاشتى.

— مۇنداق ئىشتى . بالام ، — ھۆسنارخان ئالدىن تىزىۋالغان گەپلىرىنى ئېھتىيات بىلەن دېدى ، — گۇاڭجۇدىكى قىزىم ئەختەر-نىسا سىنگاپوردىن كىر گۈزۈلگەن سايلىقى 99 دا 99 بولغان ئاق ئالتۇننى سۆزلىشىپ قويۇپتۇ ، دەسمايە قانچە كۆپ بولسا ، پايدىسى-مۇ نەچچە ئون ھەسسە قېتىلىدىكەن… شۇڭا ، بالام ، بولسا 500 مىڭ يۈەن ، بولمىغاندىمۇ 300 - 400 مىڭ يۈەن پاي قاتساڭ ، بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا ئون نەچچە باراۋەر پايدىسىنى كۆرەتتىڭ .

— بۇ… بۇ بەك ئېغىر كەلگەن ئوقەتكەن ، ئانا ، — دېدى قەدىردان ، — بولسىغۇ 500 مىڭ يۈەن ئەمەس ، 1 مىلليون يۈەن بەرسەممۇ ئەرزىيدۇ . ھازىر ياقۇپ ھاجىم ، خالمەت قارىم ۋە باشقى-لاردا 300 مىڭ يۈەندەك پۇلۇم بار . ئۇلارنىڭ قاچان بېرىشى نائايىن . ھازىر بانكىدا 200 مىڭ يۈەندىن سەللا ئاشقۇدەك پۇلۇم بار . شۇڭا ، پارچىسىنى خىراجەتكە ئېلىپ قېلىپ 200 مىڭ يۈەننى بەرسەم ئازلىق قىلىپ قالارمۇ ؟

ھۆسنارخان قەدىرداننىڭ چىرايىغا قاراپ ، ئۇنىڭ يالغان ئېيتمىغانلىقىغا ئىشەندى . دېمىسىمۇ ، ئۇ ھازىر ئىش - ئوقەتنى تاشلاپ ، بارنى يونۇپ يەۋاتىدۇ ، بىكار يېتىپ يېسە ئەلۋەتتە تاغمۇ توشۇمايدۇ ، ھەتتا ئوغلى ئەسەت چېغىدا ئۇنى سولۇكتەك شوراۋاتىدۇ .

— بوپتۇ . بالام ، 200 مىڭ يۈەننى بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە تەييارلاپ قويغىن ، — دېدى ھۆسنارخان ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئەمما گۇاڭجۇغا ئىككىمىز بىللە ماڭىمىز . سەن ئەختەرنىساغا يار دەملەشمىسەڭ بولمايدۇ .

قەدىردان مېھمانخانىدىن چىقىپ ، زۆلئايغا . خوجايىن ياڭ مىڭسەندە توختامدىكى پۇلدىن ئازراق قالغانلىقى ، شۇنى ئالغىلى داخىيەنگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى . قەدىرداندىن گۇمان قىلىپلا يۈرىدىغان زۆلئاي ئۇنىڭ چىرايىغا گۇمان بىلەن ئۇزاق قاراپ كەتتى . ئۇ ئىشەنمىگەندەك تەلەپپۇزدا :

— كەچتە قايتىپ كېلەرسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— قىزىقكەنسىز ، — دېدى قەدىردان ئەمكىن قىيابەتتە ، — بۇرۇنقىدەك تەييار ماشىنام بولمىسا . ئەگەر كەچ قالسام ياك خوجا بىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىمەن .

قەدىردان مېھرىبانىڭ قېشىدا قونۇپ قالغۇدەك بولسا بالانى شىركەت باشلىقى ، ئىچكىرىدىن كەلگەن قاق سودىگىرى ياكى يوسانى سەيگۈيۈەن ئاغىمەمنىڭكىگە بارىمەن ، دەپ ، زۇلئاي بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىنى دەيتتى ، چۈنكى بىر - ئىككى قېتىم ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەندە . زۇلئاي شۇ كۈنىلا داجەيگۈغا بېرىپ ئىنقىلاپ كەلدى - دە : قەدىردانى بەكمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى . مانا بۈگۈنمۇ داخىيەنگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ «دوستلۇق »تىكى ئۆيىگە كەلدى . قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن مېھرىبان دەرھال ئۇنىڭ بېشىدىكى كۆرپە قۇلاقچا ، پەلتولىرىنى سالدۇرۇپ ، ئاسقۇغا ئاستى ، قەدىردان نازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئابدەستىدە يۇزلىرىنى يۇيۇپ بولغۇچە ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا لۆڭگىنى تۇتۇپ تۇردى . ئاندىن تەييار قورۇپ قويغان ئۇندا بىردەمدىلا بىر تەخسە ھالۋا قىلىپ ، قېتىق دەملەنگەن چاي بىلەن يۇمشاق نان ئەكىلىپ قويدى .

— ھالۋا بىلەن چايدا قورسىقىڭىزنى ئالداپ تۇرۇڭ ، يېڭى پىلتە بار ، سىزگە ئاش سېلىپ بېرەي . كەچ بولۇپ قالدى ، بىر نىمە يېمىگەنسىز ؟

— مەن كەلسەملا سىزنى ئۇلنا - قوپ قىلىۋېتىمەن .

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟ مەن يات ئادەم بولمىسام...

— قاراڭ سىزنى ، — قەدىردان خىجىللىق ئىلكىدە كۈلۈمسىرىدى ، — گېپىمنى نەلەرگە ئېلىپ قېچىۋاتىسىز ؟

— گېپىڭىزدىن چىقىپلا تۇرماىدۇ ، — مېھرىبان مىچچىدە يىغلىسۇەتتى ، — راست دەيسىز ، زۇلئاي ئۆز ، مەن بولسام يات...

مېھرىبانىڭ نۇرانە كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلار قىزنى گويا ئېچىلىۋاتقان گۈلگە ئوخشىتىپ قويغانىدى . بىر خىل ئىچ ئاغرى-

تىشتىن كىلىپ چىققان ئامراقلىق قەدىردانىنىڭ يۈرىكىنى ئىچىش-
تۇرۇۋەتتى . ئۇ دەرھاللا مېھرىبانىنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىغا
ئولتۇرغۇزدى :

— شۇنچىغىمۇ يىغلاش كېتەمدۇ . — قەدىردان قىزنىڭ يۈزى-
دىكى مارجاندەك ياشلارنى سۈرتتى . — سىززە ، داۋاملىق زۇلئاي-
نىڭ ئىسمىنى ئۆزىڭىز چىقىرىپ ، ئۆزىڭىز يىغلايسىز . مەن سىز-
گە قانچىلاپ دېگەندىمەن ، ئۇ دېگەن مەجبۇرىيەت ، سىز بولسىڭىز
كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرگەن ئايالىم .

— داۋاملىق ئاشۇنداق دەپ مېنى بەزلەيسىز ، ئەمما كىم
بىلىدۇ…

— سىزمۇ گۇمانخور بولۇپ قاپسىز - ھە ؟ — قەدىردان
قوچىقىدىكى مېھرىبانىنىڭ بۇرنىنى چىمداپ قويدى . — ئەگەر
مېنىڭ نىيىتىم دۇرۇس بولمىسا ، سىز بىلەن نىكاھ قىلمۇالغۇچە ،
زۇلئاي بىلەن بولغان ئىشنى دېمىگەن بولاتتىم . سىزنى ئالداشقا
يۈرىكىم چىدىماي سىزگە دېدىمغۇ . ئەگەر شۇ چاغدا قوشۇلمىغان
بولسىڭىز ، سىزگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمنى يۈرىكىمگە دەپنە
قىلىۋەتكەن بولاتتىم .

— بولدى قىلىڭ ، ئۇلارنى بىلىمەن . — مېھرىبان ۋىللىدە
ئېچىلدى . — راست ، خوتەندىن قاچان كەلدىڭىز ؟
— قاشناش بېكىتىدىن ئۇدۇللا كېلىشىم .
— ئالدىماڭ ، كۆزلىرىڭىزدىن چىقىپ تۇرىدۇ .
— راست دەۋاتىمەن .
— ئەمىسە بوگۇن ماشىنىڭىزنىڭ گۈركىرىشىنى ئاڭ-
لىمىدىمغۇ ؟
— ماشىنىنى ئوغرى ئالدى…
— نېمە ؟ — مېھرىبان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى ،
مېنى قورقۇتماڭ .

خوتەندە قويىدىغان يەر يوق ، كوچىغا توختىتىپ قويغان-
دىم . — قەدىردان مېھرىبانغا قارىيالمىدى ، — ئەتىگەندە چىقسام

يوق تۇرىدۇ ...

قەدىردان مېھرىبانغا ئىككى كۈن ھەمراھ بولۇپ ، ئۈچىنچى كۈنى «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا كەتتى . ئەمما ، شۇ كۈنى ئۇ زۆلئاينىڭ يىغلاپ - قاقشىغىنىغا ئاقماي ، قانداقتۇر باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ، «دوستلۇق»تىكى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . ئۇ ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ھۆسنارخان بىلەن ئاق ئالتۇن سودىسى قىلىش ئۈچۈن گۇاڭجۇغا ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، مېھرىبانغا تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن بېرىپ چىقىپ كەتتى . ئاق كۆڭۈل مېھرىبان ئۇنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى :

— ئاقيول بولسۇن ! خۇدايىم ئامانلىقنى يار قىلسۇن .

مېھرىبان ئېرىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئۈنسىز ياش تۆكتى .

# يىگىرمىنچى باب

— زادى سەن قاچاندىن بېرى بۇ ئىشنى قىلىۋاتىسەن؟ — ئەختەرنىسا قولىنى شىلتىدى، — تۇتۇلۇپ قالساڭ، ئاقىۋىتىڭنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

— ئاق ئالتۇن تاموژنىدىن ئەتە ئۆتىدۇ، بۈگۈن ئۆتىدۇ، دەپ ساقلاپ زېرىكىپ ئۆلەي دېدىم، — دېدى قەدىردان جىلە بولۇپ. — «مال بار، سېتىپ بېرەمسەن؟» دەپتى. ماقۇل دېدىم شۇ.

— ئۇ گۈينىڭ ئېتى نېمىكەن؟ — ھۆسنارخان قوللىرىنى شىلتىدى، — نېمانداق ئۆزۈڭنى چاغلىمايدىغان بالا سەن؟!

— ئۇنىڭ ئېتى ماجەن ئىكەن.

— ماجەن؟ — ئەختەرنىسانىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — تۇڭگانمىكەن؟

— ياق، ئۇيغۇركەن.

— ھەي، ئۇيغۇرنىڭمۇ ئىسمى ماجەن بولامدا؟ ھۆسنارخاننىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — شۇنىڭدىنمۇ ئۇنىڭ ساختىپەز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرمامدۇ!

— ئۇيغۇرچە ئىسمى... — قەدىردان دەرھال ئېسىگە ئالالمىدى، — ھوشۇر پالتىكەن.

— ماجەنمۇ، ھوشۇر پالتىمۇ، ھەممىسى يالغان. — ئەختەرنىسانىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — ئۆتكەندە كېلەر-كەلمەي تۇتۇلۇپ قېلىپ بەش كۈن بولغاندا ئاران ئاچىقتىم. ھېلىمۇ ياخشى تونۇش باشلىق بولۇپ قالدى.

— ئۇ چاغدا ئۆزگىچە ئىشقا بۇيرۇغان تۇرسىڭىز، — قەدىردانمۇ ئالايدى.

www.uyghurkitap.com

كىم سىنى كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرسۇن دەيتتۇ ··· ئىرىدىغاننى ئىرىدىپ تاكسى بىلەن تېز يانمامسەن ياكى ئادەم قايتمى- غا شۇڭغۇساڭمۇ بولىدۇغۇ !

ئەختەرنىسا ئۆچى ئېلمەك بولات سىمنى قەدىردانىنىڭ قولىغا سېلىنغان كويزىنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ ئۇياق - بۇياققا تولغايتتى قايرىيتتى ۋە سىگىردەك بىر تىمىنى تۆشۈكنىڭ بىر يېرىگە تاقاپ ، ئارقىدىن سۇيۇق مايدەك بىرتىمىنى تىمىتىپ كويزىنى سىلكىيد- تى . ئەختەرنىسا 40 مىنۇتتەك ھەپىلىشىپ ئاخىر كويزىنى ئېچى- ۋەتتى . قەدىردان قول بېغىشىدىكى قىپقىزىل قاپارتما ئىزلارنى سىلاپ ، ئەختەرنىساغا قاراپ كۈلۈپ قويدى .

— ئەمدى بىر مەزگىل زىماگاڭغا بارما ، — دېدى ئەختەرنىسا قولىدىكى كويزىنى ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلاپ . — يەنە سەنيۇەنلى- نىڭ بازىرىغىمۇ كىرمە .

— ئانا . سىلى كەتمىسىلە . مەن كېتىمەن ، — قەدىردان ھۆسنارخانغا قارىدى ، — مانا بىر ئاي ئىچىدە ئىككى قېتىم ساقچى- لارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم . ئاق ئالتۇننىڭ ئون ھەسسە پايدى- سىنى كۆرۈپ بولغۇچە ، ئاق كېپىنەكلىككە يۆگىلىپ ئۇ دۇنياغا كېتىپمۇ قالماي . 200 مىڭ يۈەننى بېرىۋەتسىلە . ئۆزۈمچىگە بېرىپ ئۇقىتىمنى قىلاي .

— ھەي بايقۇش ، دەسلەپتە ئۆزۈڭنى چاغلاپ يەرمەمسەن ، — ئەختەرنىسانىڭ ئاپىسىنىڭكىدەك ساپسېرىق چىرايى ئۆپكىدەك قى- زىرىپ كەتتى ، — سودا دېگەندە ئۇياقتىن پاي قېتىپ ، بۇياقتىن پايدىسىنى كۆرىدىغان گەپ يوق ! بىر - ئىككى ئاي ، ھەتتا يىللاپ ساقلايدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ . ھازىر ھەممە پۇلنى سىنگاپورلۇق خوجايىننىڭ بانكا ھېساباتىغا يوللىۋەتتۇق . ساڭا بېرىدىغانغا نەدىكى پۇلكەن ئۇ···

— بولدى ، كىرىپ ئۇخلا ، — ھۆسنارخان قىزىغا كۆزىنى قىسىپ قويدى ، — بىرنەچچە كۈن ساقلاپ باقسىلى . تاموژنا سەللا بوشاپ قالسا ماللىرىمىز يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ، بولمىسا بىز

كېتىۋېرەيلى ، ئەختەرنىسا ئارقىمىزدىن ئەۋەتىپ بەرسۇن .

ئەختەرنىسانىڭ ئىجارىگە ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى بىر قېرى ئەر - خوتۇنلارنىڭ شەخسىي قورۇسى بولۇپ ، ئىچكەركى قازنىقى كىچىك ، تاشقارقىسى چوڭراق مېھمانخانا ئىدى . سەنيۇەنلىدە بۇنداق ئاددىي ، كۆرۈمسىز ئۆيلەرنىڭ ئايلىق ئىجارە ھەققىمۇ نەچچە مىڭ يۈەنگە توختايتتى . قەدىردان ئالتە كىۋادرات مېتىرمۇ كەلمەيدىغان قازناق ئۆيدىكى يىغما كارىۋاتتا ياتاتتى . ھۆسنارخان قىزى ئەختەرنىسا بىلەن تاشقارقى مېھمانخانىدا يېتىپ - قوپاتتى .

قەدىردان ھۆسنارخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن كىرىپ ياتقان بولسىمۇ ، لېكىن بوگۈنكى قورقۇنچلۇق پاجىئە ۋە گۇاڭجوۋغا كەلگەن بىر ئايدىن بېرى كۆرگەن ، ئاڭلىغانلىرى كۆز ئالدىدىن كەتمەي ، ۋەھىمە ئىچىدە رادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى .

ھۆسنارخان بىلەن قەدىردان گۇاڭجوۋغا كېلىپ ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ، ئەختەرنىسا قىزىل تور ئىچىگە سېلىنغان بىر تاۋۇزنى قەدىردانغا بېرىپ :

— بۇ يەردە شىنجاڭ تاۋۇزى بەك ئەتىۋار ، بۇنى بىر تونۇشۇم دوستىغا ئەۋەتىپتىكەن ، مەن بەك ئالدىراش . شۇڭا سەن ئاپىرىپ بەرسەڭ . — دېدى .

بولىدۇ ، ئادرېسىنى ئېيتىڭ دەپ بەرسىڭىز يەتكۈزۈپ بېرەي .

سەنيۈەنلىنىڭ قىزىق بازىرىدىكى «يالقۇنتاغ» تېز تاماقخانىسىنىڭ ئالدىدا بىر ماشىنا توختىتىش مەيدانى بار . — دېدى ئەختەرنىسا قوللىرىنى شىلتىپ . — ماشىنىلارنىڭ ئارىسىدا ئارقا ئىشىكىنىڭ دېرىزىسى ئوچۇق ، رەڭگى قارا ، «سانتانا 2000» ماركىلىق بىر ماشىنا بار . ئۇنىڭ موتور قاپقىقى ئۇستىگە كرېست شەكلىدە سېرىق چاپلىغۇچ چاپلانغان . سەن ئەتراپنى ئوبدان كۆزدىتىپ ، ھېلىقى ئوچۇق دېرىزىدىن تاۋۇزنى ئىچىگە تاشلاپ قوي ۋە دەرھال قايت...

— ۋاي - ۋۇي ، بىر تاۋۇزنى ئاپىرىپ بېرىدىغان گەپكەنغۇ

شۇ ، — قەدىردان قەستەن بىلمەسكە سالدى ، نېمانچە سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىسىز ؟

— ھەي ، ساڭا ئەختەر ئاچاڭ گەپ قىلىۋاتىمىز ، ھۇسنارخان بوشقىنا : «تازىمۇ بىر» دەپ قويدى : — شۇڭلا تولا ئالىكارچىلىق قىلماي دېگىنىنى قىل .

— ھەي گالۋاڭ ، كرېست دېگەننى بىلەمسەن ، — ئەختەرنىسا سەل ئەنسىرەپ قالغاندى ، — ئەگەر بىلمىسەڭ قارا...

— بولدى ، بولدى ، بىلىمەن ، دوختۇرلارنىڭ قوشۇش بەلگىسىغۇ ، — قەدىردان يەرگە سىزىپ كۆرسەتتى ، — مانا مۇشۇنداق .

قەدىردان شىنجاڭدىن كەلگەن «تۇتىيا» تاۋۇزنى ئىككى قېتىم ئىگىسى يوق ماشىنىنىڭ ئوچۇق دېرىزىسىدىن كىرگۈزۈۋەتتى ، ئەمما قىزىقارلىقى ، تاۋۇز ئىچىگە كىرگەن ھامان ، ھېلىقى ماشىنا جان كىرىپ ، ئۇچقاندەك غايىب بولدى . لېكىن ، «تۇتىيا» تاۋۇزنى ئۈچىنچى قېتىم يەتكۈزۈپ بەرگەندە ، ماشىنا قويۇندەك غايىب بولۇشى ، ئۈچىسىدا ساقچى فورمىسىمۇ يوق بىرنەچچە ئادەم يوپۇرۇلۇپ كەلگەنچە قەدىرداننىڭ قوللىرىنى قايرىپ يەرگە يىقىتىشتى ، ئۇنىڭ بېشى قاتتىق يەرگە گوسسىدە تەگدى ـ دە ، پىررىدە ئايلانغاندەك بولدى . ئۇنى دېرىزىلىرىگە تۆمۈر چىۋىقلار ئورنىتىلغان ماشىنىغا سېلىپ ئەكىتىشتى . ئەتىسى پۇقراچە كىيىنگەن ئۈچ ئادەم : «ماشىنىنىڭ ئىچىگە نېمە تاشلىدىڭ ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار ؟» دەپ ، ئىككى سائەتتەك سوراق قىلدى ، شۇنداقتىمۇ قەدىردان :

— بىر ئادەم ، مۇشۇ تاۋۇزنى ئاشۇ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن ئىچىگە سېلىپ قويساڭ 100 يۈەن بېرىمەن ، دېسە ، قىلىپ سالپىدىمەن ، دەپلا تۇرۇۋالدى .

قەدىردان سولانغان بەشىنچى كۈنى ، قاتمۇ قات تۆمۈر ئىشىكلەر داراڭ ـ دۇرۇڭ ئېچىلىپ ، بىر ساقچى قەدىرداننى يالاپ ساقچىخانىنىڭ كۈتۈش زالىغا ئاچىقىشى . ئەختەرنىسا ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ، ئۇنى ماشىنىغا سالدى ـ دە ، ئۆيىگە ئەكەتتى . ھۇس-

نارخان ئانا ـ بالا ئىككىسى قەدىردانىنىڭ : «بىر ئادەم . مۇشۇ تاۋۇزنى ئاشۇ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن ئىچىگە سېلىپ قويساڭ 100 يۈەن بېرىمەن ، دېسە ، قىلىپ ساپتىمەن» دېيىش ئارقىلىق بارلىق جاۋابكارلىقنى ناتونۇش بىر ئادەمگە ئارتىپ قويغانلىقىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولغان بولسىمۇ ، ئەمما قەدىردانغا سەل قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى . ئۇنىڭ ساقچىغا بەرگەن جاۋابىدىن ، ئەختەرنىسانىڭ ئۆزىنى قانداق خەۋپلىك ئىشقا سېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى بارلىقىنى چۈشەنگىلى بولاتتى . شۇڭا ، ئۇلار قەدىردانىنىڭ تۇتۇلۇش سەۋەبىنى ياكى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىنى دېيىشمىدى ، خۇددى ئاغزىغا ئالقان سېلىۋالغاندەك زۇۋانىنى ئاچمىدى ، شۇنداقتىمۇ قەدىردان ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇتۇلۇپ ، نېمە ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنىڭ ئازراق شەپىسىنى بىلىۋالىدى . ئۇ قويۇپ بېرىلگەن كۈنى كېچىسى خىيال بىلەن خېلى بىر ۋاقلارغىچە ئۇخلىيالمىدى . بۇ چاغدا مېھمانخانىدىكى قوش كىشىلىك چوڭ كارىۋاتتا ياتقان ئانا ـ بالا ئىككىسى ئاستا كۇسۇرلاشماقتا ئىدى :

— بۇ گالۋاڭ چاندۇرماي كېتىۋېتىپ شارتلا تاشلاپ قويماي ، ئۇ ـ بۇ ماشىنىلارغا ھاڭۋېقىپ قاراپ يۈرۈپ ، مەخپىي ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويغان گەپ ، — ئەختەرنىسانىڭ چوڭقۇر تىنغىنى ئاڭلاندى ، — ھېلىمۇ ياخشى ، تاياق يېيىشمۇ بىزنى چېتىۋالماپتۇ ، ئەگەر باشقا باللار بولسا بىرىنچى قىستاقتىلا ھەممىنى دەۋېتىشتىن يانمايدۇ .

— دېگەنبىلەن بىر يۈك پۇل خەجلىمەي ، باشلىقنى ئېپىدە جايلاپسەنغۇ .

— جېنىم ئانا ، شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن ، — ئەختەرنىسا دېمىقىنى قاقتى ، — ئاز خورلۇق تارتمىدىم…

— ئۇنىڭغا پۇل بېرىپلا قۇتۇلساڭچۇ…

— نېمە دەيدىغانسەن ، ھازىر گال يوغىناپ كەتتى . 5000 ،

10 مىڭ دېگەنلەر چىشىنىڭ كامىرىدا يوقاپ كېتىدۇ، تېخى 100 مىڭلاپ تەلەپ قىلىشقانغا خۇش بولىمىز .

— ھەي بالام، قەدىردانىنى ئەمدى نېمە ئىشقا سالىدۇ دەيسەن؟

قەدىردان ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، مېھمانخانا تەرەپكە قۇلاق ياققان بولسىمۇ، ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى. چۈنكى، ئە- تەرنىسا تولىمۇ پەس ئاۋازدا شىۋىرلاشماقتا ئىدى.

قەدىردان ئەختەرنىسانىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قۇ- تۇلۇپ چىقىپ ئۈچ كۈنمۇ ئۆتمىدى بولغاي، ئىشىك ئالدىدىكى تاشتۆستەك بويىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى، چاچلىرىنى گەدىنىگە چۇشۇرۇۋالغان 26 ـ 27 ياشلاردىكى بىر ئويغۇر بالا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قىرغا زوڭزايدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى كۆرسىتىپ: «تۇتاشتۇرۇۋالاي» دېيىشى، قەدىردان چاقمىقىنى ئېلىپ چاقتى. ھېلىقى يىگىت تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىغاندىن كېيىن يوغان ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلدى:

— تونۇشۇپ قالايلى، — يىگىت قولىنى سوندى، — مېنىڭ ئىسمىم ماجەن، سىزنىڭچۇ؟

— مېنىڭ ئىسمىم قەدىردان، — ئۇ يىگىتنىڭ چىرايىغا زەن سالدى، — سىز تونۇشقانما؟

— ياقەي، مەن ئۇرغىي.

— ئەمىسە ئىسمىڭىز نېمانداق غەلىتە.

— ئۇرغىيچە ئىسمىم ھوشۇر پالتا.

قەدىردان ئىچىدە: «پاھ، ئىسىملىرىڭمۇ ئۆزۈڭدەك غەلىتە- كىنا» دەپ ئويلىدى. بۇ ئەسنادا ماجەن ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، يانچۇقىدىن ئىككى ئىلىك چوڭلۇقتا سولياۋ خالتىلىق خرونىنى چىقىرىپ قەدىردانغا كۆرسەتتى:

— بۇنى قىلىپ باققانمۇ؟

— قىلىپ باققان، — خرونىنى كۆرۈپ قەدىرداننىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، — ئۇ قانچىلىك ئىشتى؟

— ئوغۇل بالا، — ماجەن قەدىرداننىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ

قويدى . — ئەگەر ئۇ ۋاقىت قىلمىسام دېسەك ، بۇنىڭ پايدىسى ئالامەت كۆپ بولىدۇ .

— زادى مەقسىتىڭ نېمە ؟ ئوچۇق دېمىدىڭ .

— مۇشۇ خالىتىڭدىن بەشنى ساتساڭ ، بىرى سىبىڭنىڭ ھەققىڭ بولىدۇ .

ماڭە بىرى . كىمنى ئەخمەق قىلاي دەيسەن ، مەن بۇ ئىشنى قىلغاندا سەن نەدىدىڭ ؟ — قەدىردان خىروئىنچى بالىلاردىن ئاڭلىۋالغان گەپلىرىنى قورقمايلا دېدى . — بۇچۇ قارا ، جانىنى ئالىدىغا ئېلىپ قويۇپ قىلىدىغان ئىش ئۇ ۋاقىت . ئىخى بەشىنىڭ بىرى سىبىنىڭ دەيدا…

— ئەمىسە ، سەن قانداقتىن قىلغان ؟

ئالتىدە ئىككى بولسا . قېنى سىناپ باقاي ، لېكىن گۇاڭجۇنىڭ قائىدە – نىزاملىرىنى ئانچە بىلمەيمەن .

— سەن نەدە قىلغان ؟

— بېيجىڭدا .

توغرا . بېيجىڭدىكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ . بىرەر يول قىرىدا ئولتۇرغىنىمىزدا ، تىزىڭنى جوپلەيسەن ، ئىككى پۇتۇڭنىڭ ئۇچىنى توختىماي ئۇرۇپ تۇرىسەن . يەنە بىرى ، ئەخلەت ساندۇقلىرى ، گۈللۈك ، چىملىقلارغا خىروئىن خالتىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ، خېرىدار بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ ، ئورنىنى كۆرسىتىپ قويساڭلا بولىدۇ . ھەرگىز خىروئىن بىلەن تۇتۇلۇپ قالغۇچى بولما . ئۇقتۇڭما ؟

ئۇقتۇم . لېكىن سۇيەتسىز . ئاچار . ئارىلاشمىسى كۆپ مالنى بېرىپ ، مېنى ئوسال قىلىدىغان بولساڭ ، بېيجىڭدىكىدەك ئىش يوز بېرىپ قالمىسۇن .

— بېيجىڭدا نېمە ئىش يوز بېرىپتىكەن ؟

بولدى سورىما ، ئاڭلىساڭ چوقۇم بېشىڭ ئاغرىيدۇ .

— قېنى دېمەمسەن…

— جا مال بېرىپ ، مېنى ئالدىغان بىرىنى بوغۇزلىۋەتكەن .

لېكىن ئۇ ساختىپەز ئۆلمەپتۇ ...

— نېمە؟! — ماجەن ئاتىرىپ كەتتى، — شۇ... شۇڭا... گۇاڭجۇغا كە... كەپسەن ـ دە؟

— سەن ئۇنداق قىلمايدىغانسەن؟

— يا... ياق، ھەر... ھەرگىز ئۇ... ئۇنداق قىلمايمەن... سېنى ئالدىغىلى بولمىغۇدەك... مې ... مېنىڭ ئۆلگۈم يوق!

ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق، — قەدىردان ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇۋېلىپ، ماجەن ئۇنىڭ ئېگىز، قامەتلىك بويىغا قاتتىق قارىدى.

قەدىردانىڭ ماجەنگە ماقۇل دەپ جاۋاب بېرىشى، ئەختەرنىسا ۋەزىيە ئارتىشتىن بۇرۇن بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئۆز ئالدىغا پۇل تېپىش ئىدى. ئەلۋەتتە، ھەر كۈنى خروئىنغا كېتىۋاتقان پۇلنى ھۆسنارخان بىلەن ئەختەرنىسا بەرمەيتتى. 200 مىڭ يۈەن ئالا ـ بالا ئەجدىھانىڭ تۆۋىسىر غارىغا كىرىپ كەتتى، ئەمدى ئۇنى ئالماق بەسى مۈشكۈل! قاتتىغراق گەپ قىلىشقا قەدىردانىڭ تىلى باغلانغان، پەقەت زۇلئاي بىلەن توي قىلىپ قانۇنىي جازادىن قۇتۇلغاندىن كېيىنلا، ئۇ پۇل ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ. قەدىردانىڭ يۈرىكىنى تۇم قىلىپ تۇرغان بانكىدىكى پۇللارمۇ تۈگەشكە ئاز قالغانىدى. ئەڭ ئاخىرقى 50 مىڭ يۈەندەك پۇل نېمىگە دال بولاتتى؟ شۇڭا ماجەننىڭ مېلىدىن تۆت خالتا ساتسا، ئىككى خالتا ئۆزىگە قالاتتى، بۇمۇ ئاز پۇل ئەمەس ـ دە.

گۇاڭجۇنىڭ سەنيۈەنلى ۋە زىماگاڭ دېگەن يەرلىرىدە پۈتۈنلەي دېگۈدەك شىنجاڭدىن بارغان ئۇيغۇرلار بار بولۇپ، خروئىن ئەتكەسچىلىرى، پارچە ساتقۇچىلار، توپ ھەم پارچە ئالغۇچىلار ھەممىلا يەردە تىمىسقىلاپ يۈرۈشەتتى. قەدىردان بىر كۈنى زىماگاڭ بازىرىدا، ئەتىسى سەنيۈەنلىدە «ئوقەت» قىلاتتى. ئۇ بەزىلەرگە: «ساپ مال بار...» دەپ پىچىرلاپ ئۆتۈپ كەتسە، بەزى خەنزۇلا-

رغا : «ياۋ - بۇياۋ خو »① دەپ قويالتتى . هەرھالدا هەر كۈنى جاپاغا تۆشلۈق كىرىم بـار ئىدى . تېـخى تـەلەي ئوڭدىن كەلگەندە بىر قېتىمدىلا 10 20 خالتا ، هەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق سېتىلاتتى . قەدىردان سەنيوەنلى ، زىماگالىڭ قاتارلىق بىرنەچچە بازارلارنى نۆۋەت بىلەن ئايلىناتتى . بىر كۈنى ئۇ گۇاڭجۇنىڭ ئەڭ ئاۋات بازىرى «بېيجىڭ يولى»غا باردى . چۈنكى ، بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا گۇل- لۈك ، چىملىق ۋە ئەخلەت ساندۇقلىرىنىڭ «هەمكارلىشىشى» ئار- قىلىق بىرنەچچە قېتىم كۆكۈلدىكىدەك سودا قىلىنۋالغانىدى . قە- دىردان تۆت كوچا ئۇستىدىكى ئاسما كۆۋرۈكتە كېلىۋېتىپ پەسكە كۆزى چۈشۈپ قالدى . يول دوقمۇشىدا بىر ساقچى مۇنبۇسى توختىتىپ قويۇلغان ، بىرقانچىلىغان خەنزۇ ، ئۇيغۇر ساقچىلار ئۇچ بالىنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ دوڭغايتقىنىچە ماشىنىغا ئىت- تىرىپ كىرگۈزدى . ئاندىن ساقچى ماشىنىسى ئەنسىز چىرقى- راپ كېتىپ قالدى ··· قەدىردانىنىڭ كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئىش كېلىشى بىلەن . پەلەمپەيلەردىن تاقىلداپ چۈشۈپ ، چىملىق ئەترا- پىنى ئايلاندى . ئۇ چىم ئىچىدىن ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان سولياۋ خالتىلارنى چاندۇرماي بىر - بىرلەپ تېرىپ سومكىسىغا سالدى . يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چىملىقتىنمۇ بىرمۇنچە «سولياۋ خالتا» لارنى تاپتى . خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمايۋاتقان قەدىردانىنىڭ يۈرىكى- نىڭ دۈپۈلدىشى ئۆزىگە ئاڭلىنىۋاتاتتى . ئۇ ئاسما كۆۋرۈك پەلەم- پىيىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ، چوڭ يولنىڭ ئۇ چېتىدە قاتىرىسىغا تىزىلىپ تۇرغان ئەخلەت ساندۇقلىرىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى . ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، يېقىن ئارىدا ساقچى كۆرۈنمەيتتى . قەدىردان پەسكە چۈشۈپ ، يولغا تاشلىۋېتىلگەن ئاپېلسىن ، بانان شۆپەكلىرى ، شاكىلات ، مۇز كال- تەك قاپلىرىنى بىر سولياۋ خالتىغا سېلىپ ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى ، ئاندىن قولىدىكى ئەخلەتنى تاشلىۋەتمەكچى بولغان ئادەم قىياپىتىدە ، ساندۇقلارنىڭ قاپقاقلىرىنى بىر - بىردىن ئېچىپ ،

① ياۋ - بۇياۋ خو — مال لازىممۇ - ئەمەسمۇ؟

ئىمىلەرنىدۇر ئېرىپ سومكىسىغا سالدى . ئۇنىڭ قولىغا ھەر قېتىم سىرىق قەغەزگە ئۇرالغان مونەك - موندەك ئىمىلەر ئۇرۇلغاندا، يۈرىكى خۇددى كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ چىقىپ ئېتىلىدىغاندەك ئېپچەكلەيتتى...

قەدىردان شۇ كۈنى بىر گىراملىق ، ئىككى گىراملىق 11 خالىنا خروئىمىدىن باشقا ، 10 گىراملىقتىن ئالتە دانە ، 20 گىراملىقتىن ئۈچ دانە خروئىن كىيسەكچىسى يىغىۋالدى . بۇ شۇ چاغدىكى گۇاڭجۇ باھاسى بويىچە 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خروئىن ئىدى . ئۇندىن باشقا ، ماجەننىڭ مىلىنى سېتىش ئارقىلىق 40 بولاقتەك خروئىن ئۆزىگە قېلىپ قالدى . ھازىر قەدىردان خروئىمىدىن ئانچە غەم يېمەيدىغان بولدى ، شۇنداقتىمۇ ئېخىمۇ كۆپرەك توپلىۋالسا يۈرىكى پۈتۈن تۈرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان قەدىردان بىر كۈنى ماجەن بەرگەن 12 بولاق خروئىننى بازارغا ئاچىقماقچى بولدى . ئۇنىڭ زىماگاھدا يېتىۋاتقان باتىقى يامبۇكزارلىق بىر يېزىدىكى دېھقانىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيى بولۇپ ، پۈتۈنلەي يامبۇك ۋە ئىرغايدىن سېلىنغان ياغاچ ئۆيلەر ئىدى . ئۇنىڭ شەكلىمۇ خۇددى يۇننەندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆيلىرىدەك . غىچىرلاپ تۇرىدىغان كارىدور ، ئىككىنچى قەۋەتكە بىۋاسىتە تۇتاشقان پەلەمپەي ، كونگورىلىك دېرىزىلىرى ، ئۇششاق ياغاچلاردىن نەقىشلەنگەن دەۋەززۇنلۇق ئىدى . قەدىردان يامبۇك قوۋزاقلىرىدىن توقۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ياتىقى ئالدىدا چاي ئىچىۋاتاتتى . ئۇ كالتە يەڭ ئاق كۆڭلەك كىيگەن بىر خەنزۇنىڭ پەلەمپەي ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتكە ئېگىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . بۇنداق ياقا يەرلەرگە كېلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى «مال» ئىزدەپ كېلىدىغانلار ئىدى . شۇڭا ، قەدىردان ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى :

ھەي ، ياۋ - بۇياۋ خو؟

ھېلىقى ئاق كۆڭلەكلىك خەنزۇ لەپپىدە قارىدى - دە : «ياۋ» دەپ بىر قولىنى كۆتۈردى . لېكىن ، ئۇ قولىنى كۆتۈرۈشى ، كۆڭلەك ئېتىكى ئاستىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان كويزا بىلەن تاپانچە-

نىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ قالدى . قەدىردان قولىدىكى چىنىنى تاشلىۋې-
تىپ بالكون بويلاپ قاچتى . ئۇ بالكون سالاسۇنىدىن پەسكە ساڭگى-
لاپ تۇۋرۇكنى قۇچاقلىۋالدى ، ئاندىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ
قېچىشى ، يەنە ئىككى يۇقىراچە كېيىنكەن ساقچى ئۇنىڭ ئالدىنى
توسۇپ ، ئاپانچىسىنى ئەگىلەپ كەلدى ـ دە ، قولىغا كويزا سالدى .
بۇ ئەسنادا ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتاقلاردىن قالايمىقان ۋارقىراش-
چىرقىراشلار ئاڭلىنىش بىلەن ، ئوتتۇرا ياشلىق ساقچى ياشراق
ھەمراھىغا نېمىلەرنىدۇر دېگەچ ئالدىراپ ئىككىنچى قەۋەتكە چى-
قىپ كەتتى . ياش ساقچى قەدىردانىنى يالاپ چوڭ يولغا ئاچىقىشى ،
كىچىك ماشىنا ھەيدەپ كەلگەن ماجەن ئۇنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ
ماشىنىسىنى ئاستا ھەيدىگەچ قەدىردانغا كۆزىنى قىسىپ ، قانداقتۇر
ئىشارىلەرنى قىلدى ـ دە ، رىماگاڭ بازىرىغا ئۇچقاندەك كىرىپ
كەتتى .

قەدىردانىنى ئېلىپ ماڭغان ساقچى زىماگاڭ بازىرىغا ئەمدىلا
كىرىشى . بىرى تاقىرباش . يەنە بىرى چېچىنى مۇرىلىرىگىچە ئۆس-
تۈرۈۋالغان ئىككى ئۇيغۇر يىگىت بىلەن قوڭۇر چاچلىق ، چېقىر
كۆز ، بىر قۇلىقىنىڭ ئۇچ يېرىدە ئاق ئالتۇن چەمبەر پىلدىرلاپ
تۇرغان ، ئۇزۇن ئۇچلانغان تىرناقلىرىغا كوموش رەڭ لاك سۇۋال-
غان بىر سەتەڭ ئۇيغۇر قىزى ياش ساقچىنىڭ ئالدىنى توستى :

— ۋىيەي ، شياۋ ۋۇ ، يوقاپلا كەتتىڭىزغۇ ؟ — يېرىم يالىڭاچ
سەتەڭ بەللىرىنى تولغىدى . — ئۆتكەنكى ئولتۇرۇش سىزگە سو-
غۇق كەلدىمۇ نېمە ؟ قارىڭىزنى كۆرسەتمەيدىغانلا بولۇپ كەتتىڭىز .

سەتەڭ ياش ساقچىنى راسا گەپكە سېلىۋاتقاندا ، قەدىردانغا
ئارقىسىنى قىلىۋالغان تاقىرباش ساغرىسى ئۈستىدىكى قوللىرىنى
ئوينىتىپ «قاچ» ئىشارىتىنى قىلماقتا ئىدى . ئاخىر ئۇ ئىشارىتە-
نى ئۇقتۇرالماي ، يېنىدىكى ئۇزۇن چاچ بۇرادىرىگە گەپ قىلغان
بولۇپ : «قاچمامسەن ، ھەي لامزەللە» دەپ تىللىدى . شۇ چاغدىلا
قەدىردان يارتلا قىلىپ قاچتى . ئۇنىڭ قولىدا كويزا بولغاچقىمۇ ،
جان ـ جەھلى بىلەن يوگورۇشكە كاشىلا بولاتتى . ياش ساقچى راسا

ئادەم قايىنىمىغا كەلگەندە ، قەدىردانغا يېتىشىۋالغىلى تاس ـ تاسلا قالدى ، ئەمما ئادەملەر ئارىسىدىن كىمدۇر بىرى ئۇنى يۆتىلىۋەتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشى ، بىرمۇنچە ئادەم ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇۋالدى . بۇ چاغدا ماشىنا ئىشىكىنى ئېچىپ قاراپ تۇرغان ماجەن قەدىردانني ماشىنىغا سالدى ـ دە ، بىردەمدىلا غايىب بولدى…

قارناق ئۆيدە تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئۆگدىسىغا ياتقان قەدىردان كويزىنى بۇزۇپ ئالغۇچە قىزىرىپ ، ئىششىپ قالغان قول بىغىشىنى سىلاپ يەنە خىيالغا كەتتى . ھېلىمۇ ياخشى ، ئەختەرنىسا كويزىنى بۇزۇپ ـ ئېچىشنى بىلىدىكەن ، بولمىسا قانداقمۇ قىلارئىدى ؟ ! بىرەر رېمونتچىنىڭ قېشىغا ئاپارسا ، ئۇلارمۇ جاۋابكارلىقتىن قورقۇپ ئېچىشقا پېتىنالمايتتى . بۇ ياپون كويزىسى قول بىغىشى مىدىرلىغانسېرى چىڭىپ ، قان ئايلىنىشنى بوغۇپ قوياتتى . توۋا ، ئەختەرنىسا دېگەن بۇ خوتۇن بوش ئەمەس ئىكەن . بولدى ، ئەمدى كېتىش كېرەك ! بىر ئاي ئىچىدە ئىككى قېتىم ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ! ئەمدى ئاق ئالتۇن بولامدۇ ، 200 مىڭ يۈەن پۇل بولامدۇ ، ئانىسىنىڭ غېرى ! ھېلىمۇ ياخشى ، بۇ قېتىم ماجەننىڭ ئادەملىرى پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ قېچىپ قۇتۇلدى . ئەگەر ئەختەرنىسا بولغان بولسا ، بۇ ئىككىنچى قېتىملىقىغا يول ماڭامدۇ ـ ماڭمامدۇ . بىرنېمە دېمەك تەس ، ئەلۋەتتە . قەدىردان ئۆچۈن ئۆزىنى خار قىلىدىغان ئۇنداق پىداكار خوتۇنلار بولىۋەرمەيدۇ ـ دە !

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتا قىلىۋېتىپ ، شىنجاڭغا قايتىدىغانلىقىنى دېگەنىدى ، ئەختەرنىسا ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قويۇپ :

— بىر ـ ئىككى كۈن چىدا ، سىنگاپورلۇق خوجايىنىدىن خەۋەر كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس . لېكىن ، بۈگۈندىن باشلاپ ھېلىقى ئىسمى غەلىتە ئادىمىڭ بىلەن ئالاقە قىلما ، — دەپ گەپنى ئۆزۈۋەتتى . ئۇ ناشتىدىن كېيىن ئانىسى ھۆسنارخان بىلەن چىقىپ

كېتىپ نەگىدۇر يوقالدى .

قەدىردان ئادەمسىز قالغان ئۆيدە ، توپلىشۋالغان چاقماق قەنت-
نەك خىروئىن كېسەكچىلىرىنى ، ئۇنىسىمان خىروئىنلارنى ئىچ كى-
يىملىرىنىڭ ئىچىدىكى ئۆزى چاپلاپ تىكىۋالغان يانچۇقلىرىغا سى-
لىپ ئاغزىنى تىكىۋەتتى . ھەممىنى بىر قۇر سەرەمجانلاشتۇرۇپ
بولغاندىن كېيىن ، سەپەر سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىغا قوشلاپ
قۇلۇپ سالدى .

كەچ بولۇپ قالغانىدى ، قەدىردان ئارقا - ئارقىدىن ئەسنەپ ،
كۆزىدىن ياش ، بۇرنىدىن سۇ ، ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىپ ، پۇت -
قوللىرى تارتىشىپ ، خۇمارىنىڭ ئالدىنقى بەلگىلىرى كېلىشكە باش-
لىغانىدى . ئۇ ئەمدىلا پال - پال قەغەز ، نەيچە ، سەرەڭگىلەرنى
ئېلىپ تۇرۇشى ، ئۆيگە ھۆسنارخان كىرىپ كەلدى . ئۇ خۇشال
ھالدا :

— قەدىردان بالام ، كۆڭلۈڭنى توق تۇت ، ئەختەر ئاچاڭ
تاموژنىدىكىلەرنى كاتتا مېھمان قىلىپ قالدى . ئەمدى ئومىد چوڭ
جۇما ، — دەپ كۆڭۈل ياسىدى .

— ئانا ، مەن ئەتىگەندىن بېرى سىرتقا چىقمىدىم ، — دېدى
قەدىردان ، — كەچ سالقىندا بىرئاز ھاۋالىنىپ كېلەي .

— يىراققا كەتمە ، بالام ، سەندىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ
قالدىم جۇما ، — ھۆسنارخان راست - يالغانلاردىن «ئۇھ»
دەپ قويدى ، — ئىككى قېتىملىق بالا - قازادىن خۇدا ساقلىدى .
ئاممىزە ، بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا ، زۇلئايىمدىن ئايرى-
لىپ قالىمەن دېگىنە .

قەدىردان ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ، چوڭ بولىنىڭ ئۇ تەرىپىگە
ئۆتتى . بۇ يەرگە تاشئۆستەڭنى بويلاپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئورماننى
ئاسراش ئۈچۈن تۆمۈر سالاسۇن بېكىتىلگەن بولۇپ ، سالاسۇن
تۈۋىدە ئۆگزە بويى ئېگىزلىكتە ئۆسۈپ كەتكەن ئۈجمە يويۇرماقلىق
مودەنگۈل بار ئىدى . ئۇنىڭ ئارىلىقلىرىغا ئورنىتىلغان شادا ئورۇن-
دۇقلار شۇنچىلىك پىنھان ئىدىكى ، ئالدىدىكى ئورمان ۋە ئارقىدى-

كى چوڭ يولدا كېتىۋاتقانلارنىڭ ھېچقايسىسىنى پەرق ئېتەلمەيد-
تى. قەدىردان ئۆچمە يوپۇرماقلىق مودەنگول تۈۋىدىكى بىر شادا
ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن پال - پال قىلغان سولغاق
نەيچە، سەرەڭگىلەرنى ئېلىپ يېنىغا قويدى. بۇ يەر قاپقاراڭغۇ
كۆرۈنگىنى بىلەن، كوچا چىراغلىرى يېنىپ كەتكەن چوڭ يول
ئاپپاق يورۇپ تۇراتتى. ئەختەرنىسانىڭ ئۆيى يولنىڭ ئۇ تەرىپىد-
كى خالتا كوچىدا ئىدى.

قەدىردان خۇماردىن چىقىپ بىيېنىك بولۇپ قالدى. ھېلىقى كۆڭۈلسىزلىكلەر، ھەتتا 200 مىڭ يۇەنمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىر نېمىگە ئايلاندى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كەچكىسىدىن بېسىپ تۇر-غان بىر تاغ زۆلئاي بىلەن بولۇش ئالدىدا تۇرغان توي ئىشى ئىدى. قەدىردان شۇنچىلىك پۇشايمان ئىلكىدە قالغانىدىكى، ھېچ چىقىش يولى تاپالمايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاپقاراڭغۇ ۋە تۇيۇق، خۇددى تەۋەككۇل دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ، تەلىيى بولسا قىرغاققا چىقىش، بولمىسا غەرق بولۇشتەك ئاقىۋەت كۈتۈپ تۇراتتى. زۆل-ئاينىڭ زەيپانە دادىسى ئاباق توختى، بىشەم، ئازازۇل ئانىسى ھۆسنارخان، كۆل بەڭگى ئەسەت ئەرۋاھ، ئاچىسى ئەتكەسچى ئەختەرنىسالار قەدىردانىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن، ئۆزىنى يىلان - چايانلار ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئاشۇ لەنىتى چارشەنبە كۈنىدىكى ئەسەت ئەرۋاھنىڭ زورلاپ ھاراق ئىچۈ-رۈشى، قەستەن ئۆيىگە ئەكىلىپ قوندۇرۇشى، يېرىم يالىڭاچ زۆلئاينىڭ قوينىغا كىرىشى... مانا بۇ خاتا ئېلىنغان بىر قەدەم ئىدى! لېكىن، بۇ بىر قەدەم ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇ-مۇرلۇك پۇشايمانغا قالدۇردى! ھازىر قەدىردان ئۆزى سۆيگەن ئايالى مېھرىبانىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمايدۇ، چۈنكى بۇ پاك قىزنىڭ كۆزلىرى: «بىر يورەككە ئىككى ئادەمنى سىغدۇر-غىنىڭىزغا ھەيرانمەن»، «سىزدە ھەقىقىي سۆيۈلگەن قەلب ئۇيۇلمىغان يورەكمۇ بارمۇ؟»، «چىن مۇھەببەت، پاك سۆيگۈ-نىڭ مەنىسى نېمە؟!» دەپ سوراۋاتقاندەك قىلاتتى! ياق! قەدىردان

ئاشۇ ئۇلۇغ مەنىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك بالا ئىدى . لېكىن
ئۇ ئاشۇ «ئاق» بالاسىغا گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئوخشىـ
ماي قالدى . باشقىچىلا بىر مەخلۇققا ئايلاندى ! ئۇنى ئادىمىيلىكتىن
ئادىمىي ھايۋانلىقىقا ئۆزگــەرتىپ قويغىنى ئاق تۇتۇن ! ئاق...
ئاق... ئاق...

قەدىردان شادا ئورۇندۇقتا يۆلەنگىنىچە ئاسماندىكى ئايغا ، پىـ
لىلداپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىدى . لېكىن ئۇلار سۇۋارى يېپىـ
لىپ كەتكەن نۇر پارچىسىغا ئوخشاپ قالغاندى . چۈنكى ، ئۇنىڭ
يۇزلىرىنى يۇيۇپ چۈشۈۋاتقان ياش قىيانلىرى كۆزلىرىنى لىپمۇ-
لىپ سوزۇك مانانلارغا تولدۇرۇپ ئېقىۋاتاتتى . راست ، ئۇ چىقىش
يولىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تاپالمىدى . بۇ لەنىتى «ئاق»نى «تاشلىـ
ۋېتەيا» دەپلا تاشلىۋەتكىلى بولمىسا ! ئۇنداق قىلسا ئۆلۈم ئازابى ،
مۇنداق قىلسا ئۆلۈم يولى ! ھازىر ئاتا - ئانىسى ، ئاچا - ئىنىلىرى
ئۇنى «تاشلىۋەتتى» دەپ كۆڭلى ئەمىن يۇرىدىغاندۇ ؟ لېكىن قەـ
دىردان ئۇلارنى ئالدىدى . زۇلئايىنىڭ ئاچىسى ئەختەرنىساغا بەرگەن
تېلېفوندا ، «ياشلار بىناسى»نىڭ دىرېكتورى ئوبۇلھەسەن ئورۇمچىـ
گە كېلىپ قەدىردانىنى تاپالماي ، ئاشخانىغا ھەپتە قاتراپ ئاخىر
خوتەنگە قايتىپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭغا قىلىپ قالغان ئازراق پۇلى
بانكىدا بار ، ئۇنى بېرىۋەتسە ئىش تۈگەيدۇ . بىراق ، ئۇ ئاتا -
ئانىسىغا خىروئىننى تاشلىيالمىغانلىقىنى ئېيتسا ، ئۇلار نېمە بولۇپ
كېتەر ! تېخى پاخنا ئىچىدە چوغ ساقلىغىلى بولمىغىنىدەك ، ھۆسـ
نارخان ، زۇلئايلار «دوستلۇق»تا ئۆيى ، شۇنداقلا ئايالى بارلىقىنى
ئۇقۇپ قالسا ، قانداق پاجىئەلەر قارار تاپار ؟ مېھرىبانىدەك نازۇك
قىز بۇنداق ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ ؟ ئاھ خۇدا !
چۈشۈمگە ئايان بولغان كۇموش چاچلىق پەرىشتە ئانا راست دەپتىـ
كەن . مېنىڭ ئامىتىم راستلا چۈش ۋاقتىدىكى دەرەخ سايىسىدەك
قىسقا بولدى ! لېكىن ئازابلىرىم قاچانغىچە داۋام ئېتەر...

قەدىردان بۇ تىزگىنسىز غەم . چىگىش سوئالغا جاۋاب تاپالمىـ
دى . ئۇ چوڭقۇر ئۇھسىنىپ تۇرۇشى ، بىر كىچىك ماشىنا قاتتىق

تورمۇز بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىلا توختىدى. قەدىردان ئۈجمە يو-
پۇرماقلىق مودەنگولنىڭ قويۇق شاخلىرى ئارىسىدىن، ماشىنىدىن
ئەمدىلا چۈشكەن ئەختەرنىسا بىلەن ماجەننى كۆرۈپ قالدى. كۆر-
گەندىمۇ ئىنتايىن ئېنىق كۆردى! چۈنكى ئۇلارنىڭ بېشىدىلا كوچا
چىرىغى ئاپپاق يورۇپ تۇراتتى.

— شاۋكەت، زىماگاھدىكى ھەرىكىتىڭ ئالامەت تېز بولدى
جۇمۇ، — دېدى ئەختەرنىسا مەمنۇن بولغان ئاھاڭدا، — بولمىسا
قەدىردان قۇتۇلالمايتتى.

— بالىلارغا چاقماق تېزلىكىدە خەۋەر قىلدىم ئەمەسمۇ، تەلە-
يىمگە ئۇلارمۇ يول ئۈستىدىكى بىر ئاشخانىدا ئولتۇرۇپتىكەن.
دېرىزىدىن كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى.

— شاۋكەت، قەدىردان ھېلىقىلارنى پۇل قىلالىدىمۇ؟

— ئەختەر ئاچا، ئۇ سودىغا پىششىق نېمىكەن جۇمۇڭ. سىز
ماڭا بەرگەن مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئاشۇ سېتىپ تۈگەتتى، —
دېدى ماجەن، — ئەتىدىن باشلاپ يەنە بېرەيمۇ؟

— ياق، ئەمدى بەرمە، — ئەختەرنىسا ئېغىر تىندى، —
ئۇ شىنجاڭغا ساق - سالامەت كېتىۋالسۇن.

— ۋاي - ۋۇي، ئۇنىڭغا ئەجەب قانات يېيىپ كەتتىڭىز، —
ماجەن تاماكا تۇتاشتۇردى، — سىز ئىشقا سالغان قىز - يىگىتلەر-
دىن نەچچىسى تۇتۇلۇپ، قانچىسى كېسىلىپ كەتتى. بىر پاي
كارىڭىز بولمىغان، بۇ سولتەككە ئەجەب ئۆچكە ياغلىرىڭىز ئېرىپ
كەتتى.

— نېمە، كۈنداشلىقىڭ كېلىۋاتامدا؟

— ئادەمنىڭ كۈنداشلىقى كەلگۈدەك ئىشنى قىلىۋاتسىڭىز...

— شاۋكەت، سەن ئۇقمايسەن، ئۇ دېگەن مېنىڭ سىڭلىمنىڭ
لايىقى!

— سىڭلىڭىزنىڭ لايىقى بولسا نېمە بوپتۇ؟ خۇددى سىڭلىڭىز
ئەرسىز قالىدىغاندەك...

— ساڭا نېمە دېسەم بولا، سىڭلىم بىر پەرۋانە، قەدىردان

بولسا شام، ئەمدى چوشەنگەنسەن؟

— ھەم، ماقۇلە، سىڭلىڭىز بۇ سولتەككە كۆيۈپ قاپتىكەن - دە! ئۆزىمىزنىڭ قىزلار كۆيسۇك ئوتسى تارتىقۇدەك گۆيكەن ئۇ...

— ئۇ ئىككىسىنى باغلاش ئۈچۈن ئانام بىلەن ئىنىم ئەسەت جىق ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئەگەر ئانام يىغلاپ تۇرۇۋالمىغان بولسا، دەسلەپتە تۇتۇلغاندىلا بىرنەچچە كاللەك پۇلنىڭ مەرىدىن كېچىپ ئۇنى تۈرمىدىن چىقالماس قىلىۋېتەتتىم.

— ئۇنداقتا سىز ئۇنىڭغا ئۆچ ئىكەنسىز - دە؟

— مەن ئۇنى تونۇمىسام نېمىشقا ئۆچ بولاي! بىراق ئۇنىڭ 200 مىڭ يۈەن پۇلىنى بۇ قېتىمقى مالغا ئىشلەتتۇق.

— پاھ، پۇلى جىق گۆيكىنا ئۇ! كېيىنچە 200 مىڭ يۈەن پۇل ئۈچۈن ئەرز قىلارمۇ؟

— «خىروئىنغا پاي قاتقانىدىم» دەپ ئەرز قىلسا، ئۆزىنى تۇتۇپ بەرمەمدۇ. بولدى، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى. ماشىنىنى ئەتە سائەت 10 لاردا ئىشىك ئالدىغا ئەكىلىپ قوي. مەن ئۇلارنى يوپىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىمەن...

«ئۇنىڭ ئىسمى شاۋكەت ئىكەن - دە، — قەدىردان ئاستا شىۋىرلىدى، — ئەسلىدە ئۇلار بىر گورۇھكەن ئەمەسمۇ... زىماگاھدا مېنى قاچۇرۇۋەتكەن ھېلىقى سەتەڭ ۋە تاقىرباش، ئۇزۇن چاچلار، ساقچىنى پۇتلاپ قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇلارنىڭ ئادەملىرى ئىكەن! شاۋكەتنىڭ ماڭا ساتقۇزغان مېلىمۇ ئەختەرنىسانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەن! بۇ ھېلىگەر خوتۇن ھەممىلا ئىشتا شاۋكەتنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى ئارقىدا تۇرۇپ تىزگىن تۇتىدىكەن - دە! ئەگەر يالغان ئىسمىلىك ماجەن قېچىپ كەتسىلا، تۇتۇلۇپ قالغۇچىلار تۈرمىدە ئېغىر قانۇن جازاسى ياكى ئۆلۈمگە ئەلھۆكمىلىلا دېمەي ئىلاجى يوق - دە!» بۇ ۋەھىمىلىك خىياللار كۆڭلىدىن ئۆتكەندە، قەدىرداننىڭ تېنى مۇزدەك تەرلەپ كەتتى.

هۆسنارخان بىلەن قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەندە پويىز بىلەن شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى.

— قەدىردان! — مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان مېھرىبانىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ مىسكىن ئىدى، — سىز... سىزنى ماڭا بۇنچىۋالا جىق پۇلنى بەرگىنىڭىزگە قارىغاندا! ئەمدى... ئەمدى كەلمەيدىغان ئوخشايسىز...

— مېھرىبان، ماڭا ئىشىنىڭ، تويدىن كېيىن ئاتا - ئانام بىردەمچە ئاي، ھەتتا يېرىم يىلدەك قويۇپ بەرمەي تۇتۇۋال- سا، — دېدى قەدىردان دىۋاندا ئېگىشىپ ئولتۇرغىنىچە، — سىز... سىزنىڭ بۇ يەردە قىيىنلىپ قېلىشىڭىزنى خالىمايمەن! 30 مىڭ يۈەن دېگەن ھېچقانچە جىق پۇل ئەمەس!

— ئاھ خۇدا، قارارى يوق شۇ كۈنلەردە كىملەرنىڭ يولىغا نەلمۇرەرمەن، — مېھرىبانىنىڭ يۈزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئۈزۈل- مەي تۆكۈلۈپ تۇراتتى، — تاڭ ئاتماس ئۇزۇن تۈنلەردە كىملەر بىلەنمۇ مۇڭدىشارمەن، كىمگە ئەركىلەپ، كىمگە قىيىداپ ئاچچى- قىمنى چىقىرارمەن... ئاھ قەدىردان... مېنىڭ قەدىردانىم! سىزنى يەنە كۆرەر كۈنلىرىم بولارمۇ؟ زادى قاچان... زادى قاچان؟!

گىلەم ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان مېھرىبانىنىڭ ئاۋازىدىن روھسىزلىق ۋە بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى. قەدىردان ئايالىنىڭ چىرايىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد - ئەلەمنى، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئۆتۈنۈشنى كۆردى. قەدىردانىنىڭ يۈرىكى ئاچايىپ ئېچىشىپ كەتتى. راست، مېھرىبانىنىڭ كۆز ياشلىرىغا كۈنداشلىق زەھەر - زوقۇملىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ھەرقانچە ۋاپادار، سۆيگۈسى ئەقىدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بىر ئايال ئېرىنى قان ھىدى پۇقسىغان ئۇرۇش مەيدانىغا، ئۇزۇن سەپەرگە، قاچقۇنلۇق ھاياتقا ئۇزاتسىمۇ، ھەر ھالدا يۈرىكىدىكى غۇرۇر، ئادىمىيلىك، ۋىجدان ئۇنى بەزلەيدۇ، مەدەت بېرىدۇ. لېكىن ئېرىنى ئۆيلىنىشكە، ياق،

بوزىگە نىجاسەت سوۋاشقا ئۆزلەنگەن ئايالنى كىملەر كۆرۈپ باققان؟ يەنە كېلىپ، يۈرەكتىن سۆيگەن جۈپتى ھەمراھىنى! بۇ نازۇك ھېس - تۇيغۇلار، شېرىن خىياللار، تاتلىق ئۈمىدلەر، ئىزگۈ - تىلەكلەر ماكانى بولغان مۇشتۇمدەك يۈرەكنى زىخقا سانجىپ، ئاتەش ئىچىگە تاشلىغانلىقىڭ!

مېھرىبان بۇلاقتەك دۇپدۇگىلەك قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلى-تىپ ياش تۆكۈپ ئولتۇراتتى. قەدىردان ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى، ئۇمۇ ئاپپاق نازۇك قوللىرىنى بەردى. ئۇلار بىر - بىرىگە سىڭىپ كەتتى. ئايالىنى باغرىغا بېسىپ تۇرغان قەدىردان ئىچىگە قوقاس تۆكۈلۈپ كەتكەندەك ئازابلىق تولغاندى، كۆزلىرىدىن يوغان - يوغان ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشتى. قەدىردان كۆكرىكىگە باش قويۇپ ئۇنسىز ئېسەدەۋاتقان مەسۇم سەنەمگە قارىدى، قىزنىڭ چېھرى باھار يامغۇرى سۆيۈپ تامچىلاۋاتقان غۇنچىغا ئوخشاپ قالغا-نىدى.

— قەدىردان، سىزنىڭ ماڭا يالغۇز تەئەللۇق ئەمەسلىكىڭىزنى بىلىمەن، — دېدى مېھرىبان ياشلىرىنى سۈرتمەي، — شۇنداقتىمۇ تۆت ئايلىق بولغان بالىڭىزنى ئويلاڭ، تېزرەك قايتىپ كېلىڭ،

— مەن ئۆزۈمنى يالغۇز سىزگە تەئەللۇق دەپ بىلىمەن، قەدىردان ئالىقىنىدا ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى، — قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى شەيتان ئازدۇرغان ئىشلار.

— رەھمەت سىزگە، — مېھرىبان كۆزلىرىنى يۇمدى، — مېنى... مېنى سۆيۈپ قويۇڭ...

قەدىردان ئاستا ئېگىلدى.

— ئاھ تەڭرىم، بۇنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلا!

— مېھرىبان، مەن ماڭاي. ئۇلار بىتاقەت بولۇپ قالمىسۇن، بولۇپمۇ ھۆسنارخاننىڭ سېسىق تىللىرىدىن بىزارمەن.

— ئائىلە بويىچە ماڭامسىلەر؟

— ياق، زۇلئاي، ئەسەت ئۈچىمىز ئالدىن بېرىپ تەيياتنا تەييارلىق قىلىمىز. ھۆسنارخان ئېرى ئاياق تۇختىنى بىلەن

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى توىغا ئۈلگۈرۈپ بارماقچى .

— ئۇھ ، ۋاي يۈرىكىم نېمانداق ئەنسىز سالىدىغاندۇ؟!

— مەن قالدۇرغان 30 مىڭ يۈەننى دادىڭىز ھەرگىز ئۇقۇپ قالمىسۇن ، ئۇقۇپلا قالسا سىزگە ھەرگىز ئاراملىق يوق .

— ئۇقتۇم !

— بولدى ، مېنى ئۇزاتماڭ . ئارقامدىن بىللە چىقسىڭىز كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالىدىكەن .

قەدىردان مېھرىبانىنى باغرىغا بېسىپ سۆيگەندىن كېيىن ئارقىسىغا قارىمايلا چىقىپ كەتتى . ئۇ خالتا كوچىغا چىققاندىمۇ ئارقىسىغا قارىماسلىققا تىرىشتى ، بىراق يەنىلا چىدىيالمىدى ، بالكوندىكى ئامغا يۆلەنگىنىچە يىغلاۋاتقان ئايالىنى كۆرۈپ ، يۈرىكىگە غاچچىدە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى ـ دە ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى…

# ئامەت ۋە ئاپەت (1)


**ئاپتورى:** جالالىدىن بەھرام
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇنارجان تۇختاخۇن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مىرزات ئابدۇللا ناجى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۈنجيېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 16.125
**قىستۇرما ۋارىقى:** 1
**نەشرى:** 2006 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
**بېسىلىشى:** 2015 - يىلى 5 - ئاي 9 - بېسىلىشى
**تىراژى:** 38001 - 41000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 09910 - 8
**باھاسى:** 33.00 يۈەن